

ئانتونى سامپسون (ئەنگلىيە)

# ماندېلانىڭ تەرجىمىھالى

MANDELA

2

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ماندېلانىڭ تەرجىمىھالى

2

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقى «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى»نىڭ
مىللىي تىل - يېزىق تەرجىمە تۈرىنىڭ مەبلىغى بىلەن نەشر قىلىندى

◎ تارىخنىڭ ئىس - تۈتەكلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇلۇغ
كىشلەرنىڭ ئىزىغا ئەگىشىڭ؛ قالتىس ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىڭ.

◎ ئامېرىكا ئامازون توردا بازارلىق كىتاب تىزىملىكىگ
كىرگۈزۈلگەن كىتاب.

◎ بۇ كىتابتا ماندېلانىڭ چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن
قالايمىقانچىلىق قاپلىغان، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ئاسارىتىگە غەر
بولغان بىر دۆلەتنى يارىشىش ۋە تىنچلىق يولىغا قانداق باشلىغانلىق
بايان قىلىنغان. سامپسوننىڭ بۇ مەشھۇر ئەسىرى ئۇلۇغ شەخس ماندې
توغرىسىدىكى ئابىدە خاراكتېرلىك شاھانە ئەسەر بولۇپ قالغۇسى.
—— *جون كارلىن «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ كىتابقا بەرگەن باھاسى*

◎ «ماندېلانىڭ تەرجىمىھالى»نى ئانتونى سامپسوندىنمۇ ياخشىر
يازالايدىغان ئادەم چىقمايدۇ. يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ تۈرۈ
يېزىلغان بۇ شاھانە ئەسەر ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ گۈل تاج
ھېسابلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيىتىدى
ھالقىمىقى بەسىي مۇشكۈل.
—— *جونىس «كەچلىك ستاندارد گېزىتى»*

MANDELA

ISBN 978-7-228-18339-5
9 787228 183395
总定价:90.00 元

www.uyghurkitap.com



1965 ـ يىلى روببېن ئارىلىدىكى تۈرمە ھويلىسىدا ماندېلا باشقا مەھبۇسلار بىلەن بىللە



ماندېلا روببېن ئارىلىدا سىسۇلۇ بىلەن بىللە



ماندېلا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى تايمۇبى. 1969 ـ يىلى ماندېلا روببېن ئارىلى تۈرمىسىدە جازا ئۆتەۋاتقاندا تايمۇبى قاتناش ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كەتتى






روببېن ئارىلى تۈرمىسىدە ماندېلانىڭ مەھبۇسلۇق نومۇرى 46664. بۇ يەنە ئۇ يەر شارى بويىچە قوزغىغان ئەيدىز كېسەللىگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ نامى. ئوڭ تەرەپتىكى سۈرەتتىكىسى ماندېلانىڭ ئىككىنچى ئوغلى ماكجاتو. 2005 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ماكجاتو 54 يېشىدا ئەيدىز كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



ماندېلانىڭ جىيەنى كەيسار ماتانزىما سوۋېتودا ۋىنىننى يوقلىدى



1977 ـ يىلى ماندېلا زامبىيە رەھبىرى تويۋو زاتويۋوم ۋە گارتس مۇپانزا بىلەن روببېن ئارىلىدىكى باغچىدا



ماندېلانىڭ ساقال قويۇۋالغان ۋاقتى



1985 ـ يىلى ماندېلانىڭ يېرىم بەدەنلىك ھەيكىلى لوندوندىكى تايمس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا تىكلەندى، ئولىۋېر تامبو ھەيكەلنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى

www.uyghurkitap.com



ماندېلا بىلەن ۋىننى قول تۇتۇشقىنىچە تۈرمە دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەلدى



1990 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ھۆكۈمەت تۇنجى قېتىم سۆھبەتلەشتى



1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يوھاننىسبۇرگ دۆلەت تىنچلىق يىغىنىدا ماندېلا بىلەن كلېرك كۈلۈمسىرىمەكتە




1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يوھاننىسبۇرگ دۆلەت تىنچلىق يىغىنىدا ماندېلا بىلەن كلېرك ھومىيىشماقتا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يوھاننېسبۇرگ دۆلەت تىنچلىق يىغىنى ئاخىرلاشقاندا، زۇلۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى بۇتراچ ماندېلا ۋە دى كلېرك بىلەن قول ئېلىشىشنى رەت قىلدى




ماندېلا ۋېرۋورد- نىڭ ھەيكىلىنى كۆرمەكتە



ماندېلا دېرىك ۋېرۋوردىنىڭ 94
ياشلىق رەپىقىسى بىلەن بىللە



ماندېلا ئىلگىرى ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان، ئۆزىنى 27 يىل تۈرمىگە
تاشلىغان بوش يۈتتار بىلەن بىللە



ماندېلا ۋە بوتا



1991 ـ يىلى ستومپېي ساپپىنى تۇتقۇن قىلىش دېلوسىغا ئېچىلغان سوتتا ماندېلا ۋە ۋىننى ئادۋوكات ئىسمىر ئايۇپ، جورجى بىزۇسلار بىلەن بىللە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ماندېلا داڭلىق ناخشا چولپىنى مايكول جېكسون بىلەن كۆرۈشتى



تارىختىكى بۇ ئىككى گىگانت شەخس ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدىكى ئۈچىنچى دۇنيا بالىلىرى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ماندېلا ئامېرىكا پرېزىدېنتى كېلىنتوننى باشلاپ ئۆزىنىڭ روببېن ئارىلى تۈرمىسىدىكى كامېرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى



1996 ـ يىلى ماندېلا ئەنگلىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى. سۈرەتتە ماندېلا ئايال پادىشاھ بىلەن بىللە



ماندېلا خانىش دىئاننا بىلەن بىللە



ماندېلا ئەنگلىيە پارلامېنتىدا ماندېلا ھەيكىلىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى

www.uyghurkitap.com



1997 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تابو مېبكى ماندېلانىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى



ماندېلا ۋە ئۇنىڭ نەۋرىلىرى



1998 ـ يىلى 7 ـ ئايدا
ماندېلانىڭ 80 ياشلىق تۇغۇلغان
كۈن زىياپىتى ۋە گىراسا بىلەن
ئۆتكۈزگەن توي مۇراسىمى



ماندېلا 90 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈننى ئائىلىسىدىكىلەر بىللە بىللە
ئۆتكۈزدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 22. قەپەس ئىچىدىكى قەپەس

(1978 ـ يىلىدىن 1982 ـ يىلىغىچە)

روببېن ئارىلىدىكى تۆت چاسا تۆمۈر رېشاتكىلىق كامېرغا سولانغان ماندېلانىڭ جەنۇبىي ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئەھۋاللارغا بولغان چۈشەنچىسى بەكلا چەكلىك ئىدى. بىراق، ماندېلا كەلگۈسىگە نىسبەتەن يەنىلا شۇنداق ئۈمىدۋار، ھەتتا بىر ئاز جاھىل ئىدى. 1978 ـ يىلى ماندېلا قەدىناس دوستى ھىلا ۋېنىبۇرگقا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاگاھلاندۇرۇش تاملىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاجىز نۇرنى كۆردۈم. دەل مۇشۇ نۇر مېنى كۈچىمىزنىڭ زورىيىۋاتقانلىقىغا، سەپداشلىرىمىزنىڭ تېزدىن باتۇرلارچە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشەندۈردى. شۇڭا، مەن دائىم بىزنىڭ قاتارىمىزدىكى مەھبۇسلار ۋە سىرتتىكى سەپداشلىرىمىزدىن زادى كىمنىڭ ھەممىدىن بەك ئازابلىنىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق ئويلىنىمەن. 1979 ـ يىلى ماندېلا دۇرباندىكى كوممۇنىست دوستى سىنگېرنىڭ ئايالى لاتتىغا مۇنداق دەيدۇ: «ئارالغا يېڭى ئادەملەر كەلسىلا بىز دائىم ئۇنى ئاۋارە قىلىپ، ئۇنىڭدىن جەمئىيەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى سۈرۈشتە قىلىمىز. تەشكىلىمىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولغان جەڭچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە تىرىشىمىز.»

ماندېلانىڭ يېشى 60 تىن ئېشىپ كەتتى. سوۋېتو توپىلىڭى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىدىن كېيىن، ماندېلا ئۆزىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد ياشلار بىلەن مۇرەسسە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ

يەتتى. ئۇ تاشقى دۇنيادىكى سىياسىيونلار بىلەن، بولۇپمۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسى ئولىۋېر تامبو بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. تامبو بۇ چاغلاردا ئاساسلىقى لۇساكا بىلەن لوندوندا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئايالى ئادىرىد ۋە ئوغۇللىرى ماسۋى تېغىدا تۇرۇۋاتاتتى. ماندېلا بەزىدە ھەر خىل ئاماللار بىلەن زىيارەتچىلەر، قويۇپ بېرىلىش ئالدىدا تۇرغان تۇرمىداشلىرى ياكى تېخىچە سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىمىغان ۋاستىچىلەر ئارقىلىق سىياسىي خەت ـ چەكلىرىنى سىرتقا چىقارتاتتى. كىشىلەرگە ئاشكارىلىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ماندېلا بىلەن تامبو ئارىسىدىكى خەت ـ چەكلەر ئادىرىدنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈلەتتى. خەتتە ماندېلانىڭ ئىسمى ماترارا دەپ تىلغا ئېلىناتتى. تامبو بولسا «لېگنارد» دەپ ئاتىلاتتى. تەكشۈرگۈچى خادىملار تېزدىنلا بۇلارنىڭ ئويۇنىنى سېزىۋالدى. 1980 ـ يىلى ماندېلا ئادىرىدقا ئېيتقىنىدەك: «تۈرمە دائىرىلىرى مەن بىلەن لېگ ئارىسىدىكى بارلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتمەكچى بولغانىدى.» بىراق، خەت ـ چەكلەر يەنىلا ئۆز پېتى ئەۋەتىلىۋەردى.

تامبونىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا، ماندېلا ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. 1980 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ماندېلا ئادىرىدقا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئارام ئالدۇرۇشىنى، ھېچبولمىسا ئىككى ھەپتە بولسىمۇ ئارام ئېلىشىنى تىلەيمەن.» ماندېلا ئادىرىدقا «بالايىئاپەت ئالدىدا ھودۇقمايدۇ، ئىرادىسى مۇستەھكەم ئەمەس. بەلكىم مۇستەھكەم ئىرادىلىك بولالماسلىقى مۇمكىن» دەپ باھا بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماندېلانىڭ نەزىرىدە ئىلگىرىكى كۆپلىگەن مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىدىن ئىبارەت ئالغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بۈگۈنكىدەك جىددىي پەيتتە ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەھشەتلىك ئىچكى ئۇرۇش پارتلىشىدىن ساقلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىشى، تامبو ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. 1978 ـ يىلى ھەرقايسى جايلارغا سۈرگۈن قىلىنغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى روببېن گۈرۈھىدىكىلەرنى كۆرەشنىڭ تەرەققىياتىدىن دېگەندەك رازى ئەمەس، كۆرەشكە ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىك قىلغۇسى بار، دەپ جاكارلىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ماندېلا ۋە لېرموند ماخلابا تامبوغا خەت يېزىپ، بۇ يالغان گەپنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار خېتىدە تۈرمىدىكى بەزى مەھبۇسلارنىڭ سىرتتىكى تىنچ مۇھىتتىن رەنجىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بىراق، ئۇلار ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ مۇرەككەپ ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. شۇنداقلا سۈرگۈندىكى رەھبەرلەرنىڭ «ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، سىستېمىلىق ھەرىكەت كۆرۈشى» نىمۇ چۈشىنەتتى. ئۇلار شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنەتتىكى، «ئافرىقىلىقلار تارىختىن بۇيان ئەزەلدىن بۇ دەرىجىدە كۈچىيىپ باقمىغانىدى.» كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغىنى، «تۈرمىدىكى سەپداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلەر تېخى ئەمدىلا 20 ياشتىن ئاشقانىدى.»

ماندېلا پرېتورىيە دائىرىلىرىنىڭ بارلىق كۈچى بىلەن ئافرىقىلىقلارنى بۆلۈۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئافرىقىلىق رەھبەرلەرنى ئىرقىي ئايرىمىچى ھاكىمىيەتنىڭ يېنىغا تارتىشقا كۈچەۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنى ئەڭ ئەنسىرىتىدىغىنى يېڭىدىن قۇرۇلغان «قەبىلە ئائىلىسى» ئىدى. بۇ «بانتۇستان» دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈلمىسىنىڭ تەجرىبە ئېتىزى ئىدى. بانتۇستان پرېتورىيە دائىرىلىرىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا «مۇستەقىل» بولدى. ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى كاتتا مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. تۈرمىدىكى ماندېلا ۋە باشقىلار غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا شاھىت

بولدى.

1976 - يىلى 10 - ئايدا سوۋېتو قوزغىلىڭى پارتلاپ تۆت ئايدىن كېيىن، ماندېلانىڭ يۇرتى ترانسكېي ئاتالمىش مۇستەقىللىق جاكارلىدى، بۇ ھال ماندېلانى بەكلا بىئارام قىلدى. ماندېلانىڭ جىيەنى كايسار ماتانزىما يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك رەئىسى بولدى. پرېتورىيە دائىرىلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا ماتانزىما ئىنىسى جورج بىلەن بىرلىكتە بۇ جاينىڭ ھەقىقىي مىلىتارىستلىرى بولۇۋالدى. ماتانزىما ئۆزىنى ئاق تەنلىكلەرنىڭ دوستى دەپ قارايتتى، بىراق ئۇنىڭ تاغىسى ماندېلا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ تۈرمىگە تاشلانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنىلا ئىنچىل ھالدا ماندېلاغا بېسىم ئىشلىتىپ، ماندېلانىڭ پرېتورىيە دائىرىلىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشىنى، بۇ ئارقىلىق ترانسكېيغا قايتىپ تۈرمىدىن ئازاد قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلدى. ماندېلا بۈگۈنكى كۈندە ئۆز جىيەنىدىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. 1977 - يىلى 9 - ئايدا ماتانزىما روببېن ئارىلىغا ماندېلانى يوقلاپ بارىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پرېتورىيە دائىرىلىرى ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ماندېلا بۇنىڭدىن تەسىرلەندى. ماندېلا پەقەت ماتانزىما بىلەن يۈزمۇيۈز سۆھبەتلىشىشكە پۇرسەت بولسىلا، ئۇنىڭ دېموكراتىك لاگېرنى قايىل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ بەكلا گۆدەكلەرچە ئويدا بولغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ دوستلىرىنىڭ پىكرىنى ئالدى. بىراق، سىسۇلۇ بىلەن كاترادا ماندېلانىڭ پىكرىگە قارشى تۇردى، مىبېكى بىلەن ماخلابامۇ ماندېلانىڭ پىكرىدىن خۇشال بولمىدى، باشقا تۈرمىداشلار قارشىلىقىنى ئىپادىلىدى.

1980 - يىلى ماتانزىما تېمبۇ پادىشاھى ساپاتانى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ماتانزىمانىڭ رەھىمسىزلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا ئۇنىڭ ئىزباسارسىز قېلىشىنى ئاشكارىلىدى. ماندېلا ياش چاغلىرىدا ساپاتتا ئۇنى ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ساپاتتا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى بارغانسېرى قوللىدى. ساپاتتا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، تېمبۇدىكى بىر توپ قەبىلە باشلىقلىرى روببېن ئارىلىغا كېلىپ ماندېلانىڭ پىكرىنى ئالدى. ماندېلا ئۇلارغا بىرلىشىپ ساپاتتانى قوللاش، ماتانزىماغا قارشى تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي، ساپاتتا غەلىبىلىك قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇ زامبىيەنىڭ پايتەختى لۇساكاغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردە رەسمىي ھالدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىپ، كۆپچىلىكنىڭ «پادىشاھ سەپدىشى»غا ئايلاندى.

ماندېلا بىلەن ماتانزىما تېخىچە ئالاقىسىنى ئۈزمىگەنىدى. ئۇ ھەتتا ماتانزىمانىڭ قىزىنىڭ ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشىشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغانىدى. ماتانزىمانىڭ قىزى ئىلگىرى تۈرمىدىكى ماندېلاغا قىزغىن خەت يازغانىدى. ماندېلا بانتۇستاننىڭ مەڭگۈ خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ بۇ ھەقتە 1980 ـ يىلى مۇنداق خەت يازغانىدى:

> بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ئاتالمىش «بانتۇستان ئاپتونوم رايونى» بىر تۈركۈم ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. بۇ زېمىننىڭ نوپۇسى كۆپ، تۇپرىقى قاقاس، ئاھالىسى نامرات. بانتۇستان ھۆكۈمىتى خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان ساختا ھۆكۈمەت. بۇ يەرنىڭ ھېچقانداق تەرەققىيات ئىستىقبالى يوق. بۇ دەل بۈگۈنكى كۈندىكى بانتۇستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەقىللىق جاكارلىشىدىكى سەۋەب.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماندېلانىڭ مانگاستو بۇتراچقا تۇتقان پوزىتسىيەسىمۇ ناھايىتى زىددىيەتلىك ئىدى. 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، زۇلۇنىڭ بۇ قەبىلە باشلىقى ئاللىقاچان

جەنۇبىي ئافرىقا دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك قارا تەنلىك رەھبەر بولۇپ قالغانىدى. ماتانزىما كاسار قەبىلىسىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت پۈتكۈزگەن تۇنجى قەبىلە باشلىقى بولغىنىدەك، بۇتراچ ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەن تۇنجى قەبىلە باشلىقى ئىدى. بۇتراچ كېيىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىدىن قوغلانغانىدى. بۇ سەۋەبلىك ماندېلانىڭ ماختىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇتراچ ناھايىتى ماھىر سىياسىيونغا ئايلاندى. ئۇنىڭدا پەننىي سەزگۈرلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن قەبىلىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە بەكرەك ماھىر ئىدى. 1970 ـ يىلى بۇتراچ يېڭى قۇرۇلغان زۇلۇ زېمىنىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى بولدى. بۇ ھال ئۇنىڭ بانتۇستان ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىقىدىن دېرەك بېرىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە بولغان پوزىتسىيەسىنى تېخىمۇ بەك مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. بىراق، بۇتراچ ئىزچىل ھالدا تامبو بىلەن بولغان ئالاقىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. 1973 ـ يىلى بۇتراچ «ساغلام سۆھبەت ئاتموسفېراسىنى بەرپا قىلىش» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھۆكۈمەتتىن ماندېلانى تېزدىن قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى سوكۇتكە چۆمگەن مەزگىللەردە، بۇتراچ پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتكە تايىنىپ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلدى. بۇتراچ 1975 ـ يىلى تامبونىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ئاستىدا تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن زۇلۇ كوللېكتىپىنى ئىنكاتاغا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش بىلەن بىللە، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بايرىقى ۋە فورمىسىنى ئىنكاتانىڭ بايرىقى ۋە فورمىسى قىلىپ بېكىتتى. بىراق، تامبونىڭ ئىچىنى ئۆرتەيدىغىنى، بۇتراچ «ئىنكاتانى ئۆز تىرىشچانلىقىنى يېتىشتۈرۈشتىكى بازا قىلىپ يېتىشتۈردى. بۇ بىزنىڭ دەسلەپكى پەرىزىمىزدىكىدىن بەكلا پەرقلىق بولدى.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇتۇراچ كۈزلىنىدىغان رايوننىڭ ئۆزىگە سۇيۇرغال زېمىن قىلىشقا قارشى چىقىپ، چەت ئەللەردە ئۆزىنى قارا تەنلىكلەرنىڭ رەھبىرى ھېسابلىدى. بارغان جايلىرىدا ئامېرىكا پىرېزىدېنتى جىمى كارتېر قاتارلىق ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. 1978 ـ يىلىدىكى غەربىي گېرمانىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرسىتىشىچە، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاساسلىق ئۈچ چوڭ شەھەر ئىچىدە، 44 پىرسەنت شەھەر خەلقى بۇتۇراچىنىڭ ئابرۇيى ئەڭ يۇقىرى، دەپ قارايدىكەن. ماندېلانى قوللاش نىسبىتى ئارانلا 19 پىرسەنت ئىكەن. 1980 ـ يىلى ئاخىرلاشقاندا ئىنكاتا ئالىلىقاچان 1000دىن ئارتۇق تارماقتىن تەشكىل تاپقان، 350 مىڭ ئەزاسى بولغان چوڭ تەشكىلگە ئايلاندى. بىراق، رادىكال قارا تەنلىك ياشلار بارغانسېرى بۇتۇراچىنى ۋەتەن ساتقۇچى خائىن دەپ ھېس قىلىشقا باشلىدى. 1978 ـ يىلى روبېرت سۇبۇكۇېنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا بۇتۇراچ غەزەپلەنگەن ياشلارنىڭ «قورچاق» ۋە «خائىن» دەپ تۇۋلاشلىرىدىن رەسۋا بولغان ھالدا قېچىپ كەتتى.

بۇتۇراچ روبېن ئارىلىدىن ياردەم ئىزدەشنى داۋاملاشتۇردى. 1979 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى بۇتۇراچ سوۋېتودا مۇنداق دېدى: «مەن نېلسون ماندېلا بىلەن سىسۇلۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇلار ماڭا مىليونلىغان قارا تەنلىكلەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بەختى ئۈچۈن ھازىرقى كەسپىمنى داۋاملاشتۇرۇشۇمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.» بىراق، بۇنىڭدىن دەل ئون كۈن كېيىن ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا زىددىيەتلەشتى. ئۇ لوندونغا بېرىپ تامبو بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. گەرچە بۇتۇراچ قورال‌لىق ئۇرۇش ۋە جازالاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تۈپ نېگىزىدىن قارشى بولسىمۇ، لېكىن سۆھبەتنىڭ كەيپىياتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا يەنىلا ناھايىتى دوستانە بولدى. لېكىن، بۇتۇراچ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سۆھبەتنىڭ

تەپسىلاتىنى يوھاننېسبۇرگتا چىقىدىغان «يەكشەنبىلىك ۋاقىت گېزىتى» گە ئاشكارىلىدى. «يەكشەنبىلىك ۋاقىت گېزىتى» كېيىن ماقالە يېزىپ: «بۇتراچ قارا تەنلىكلەرنىڭ ئالدىنقى سەپ فىرونتى قۇرۇشنى پىلانلاپ، ئۆزىنىڭ قارا تەنلىكلەرگە رەھبەر بولۇش ئورنىنى تىكلىمەكچى بولۇۋېتىپتۇ» دېدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، بۇتراچ تىغ ئۇچىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە قاراتتى. 1980 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تامبو بۇتراچىنىڭ خەلق بىلەن قارشىلىشىۋاتقان دۈشمەن لاگېرى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى جاكارلىدى. لېكىن، ھەر ئىككىيلەن قەبىلە باشلىقى جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، ماندېلا بۇتراچ بىلەن بولغان ئالاقىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۈزۈپ قويمىدى. كەلگۈسىدىكى 16 يىلدا يىنكاتا بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ناھايىتى ئۇزاق تىركەشتى ھەمدە قارا تەنلىكلەر ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق يولىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇغا بىللە قارشى تۇردى.

ماندېلا يەنە باشقا لاگېرلار، بولۇپمۇ دىنىي جەمئىيەتنىڭ مەدىتىگە ئېرىشتى. ماندېلا يېڭىلا تۈرمىگە كىرگەن چاغدا دىنىي جەمئىيەت ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىگە ناھايىتى ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتقانىدى. خىرىستىيان دىنى پوپى سىمانكارىسو ماكخاشۋانىڭ 1968 ـ يىلى ئېيتقىنىدەك، مانا بۇگۈن ئۆزگەرتىش شاملى پۈتكۈل دىنىي جەمئىيەتنى قاپلىدى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ بىر تۈتاش ھۆكۈمرانلىقىدىكى ۋەزىيەت قارا تەنلىك باستېرلار تەرىپىدىن بىتچىت قىلىپ تاشلاندى. كاتولىك دىنى جەمئىيىتى دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىرقچىلىقنى تەنقىدلەشنى مەقسەت قىلغان «قارا تەنلىك باستېرلار خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلدى، ئۇلار ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇش جەھەتتىمۇ گەپنى ناھايىتى ئۇدۇل دېيەلەيدىغان بولۇپ كەتتى.

ئەنگلىيە دۆلەت دىنى تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان قارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەنلىك باستېر سىموند تۇتۇنى يوھاننىسبۇرگ دىنىي رايونىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. تۇتۇ كېيىن جەنۇبىي ئافرىقا دىنىي جەمئىيىتى كومىتېتى (SACC)غا كاتىپ بولدى. تۇتۇ ماندېلا ئەر ـ خوتۇنىنىڭ سوۋىتودىكى قوشنىسى ئىدى. ئۇ: «ھاكىمىيەت كەلگۈسىدە قارا تەنلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ» دېگەن گەپنى قورقماي دەۋېرەتتى. 1980 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇتۇ: «بىز نېلسون ماندېلاغا موھتاج، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تۇنجى قارا تەنلىك دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ» دېگەنىدى. تۇتۇنىڭ ئۆزىنى قوللىغانلىقىغا نىسبەتەن ماندېلا خەت يېزىپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. خېتىدە يەنە دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھەربىكتىنىڭ ھۆكۈمەتنى كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش باھانىسىدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەركىنلىك جەڭچىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلالماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېدى: «دىنىي جەمئىيەتتە ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي زۇلۇمغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتى تەدرىجىي يۇقىرى پەللىگە چىقتى. بۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈرلۈك تەشۋىقات قورالىنىمۇ يوققا چىقاردى.»

ماندېلا كۆزى ناھايىتى ئۆتكۈر سىياسىيون بولغاچقا، ھەرقايسى ئاساسلىق دىنىي مەزھەپلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىتتىپاقداشلىرىغا ئايلىنىشى مۇمكىن ئىدى. دوكتور گىكۋايبۇل مېتودىستلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغاندىن كېيىن، ماندېلا خەت يېزىپ تەبرىكلىدى ھەمدە روببېن ئارىلىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن كاتىپى ستانلى موخوبانى بىر زەبەردەس جەڭچى قىلىپ تاۋلاپ چىققانلىقىنى ئېيتتى.

ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ئەڭ دەسلەپتە گوللاندىيە پروتېستانت دىنىدىن باشلانغانىدى. شۇڭا، گوللاندىيە پروتېستانت دىنىنىڭ

ئىچكى قىسمىدا ئەۋج ئالغان ئۆزگەرتىش شامىلىنى ماندېلا تازا قوللايتتى. دوكتور بەرس نود ناھايىتى موېدا باستېر ئىدى، ئۇنىڭ دادىسى قېرىنداشلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. بەرس ئۆزىنىڭ دىنىي جەمئىيىتىگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى ھەمدە سىتېۋ بىكو قاتارلىق قارا تەنلىك رەھبەرلەر بىلەن دوست بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ جاسارىتىگە ماندېلا تولىمۇ قايىل ئىدى. ماندېلانى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، گوللاندىيە پىروتېستانت دىنى جەمئىيىتى سوت مەھكىمىسى بىر پارچە دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا بارلىق شەكىلدىكى ئىرقىي زۇلۇم ئەيىبلەنگەنىدى. قارا تەنلىك باستېر سام بۇتى گوللاندىيە پىروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى ماندېلا بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. سام بۇتې جەنۇبىي ئافرىقا دىنىي جەمئىيىتى كومىتېتىغا ئەزا بولغاندىن كېيىن، ماندېلا ئۇنىڭغا ئالايىتەن خەت يېزىپ تەبرىكلىدى. ماندېلا مانا مۇشۇنداق شەكىلدە تەبرىك خەتلىرىنى يېزىپ دىپلوماتىيە ئالاقىسىنى قانات يايدۇراتتى.

1980 - يىلى بوتسىۋانانىڭ تۇنجى پىرېزىدېنتى سەيلىس كاما ۋەزىپىدە ئولتۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ۋاپات بولدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ماندېلا سەيلىسنىڭ ۋارىسىغا دەرھال تېلېگرامما يوللىدى. ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ سەيلىس ئەپەندى بىلەن بولغان دوستلۇقىنى ئەسلەپ ئۆتتى ھەمدە بوتسىۋانانىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت قۇرغانلىقىنى تەبرىكلىدى. ماندېلا يەنە ئافرىقىدا قىلچىلىك زامانىۋى ھۆكۈمەتنى يۈرۈشتۈرۈش تەجرىبىسى يوق كىشىلەرنىڭ ھالا بۇگۈن بۇ زامانىۋى دۆلەتنى شۇ قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك باشقۇرالىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ كىشىنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. شۇنداقلا ئۇ يەنە بوتسىۋانانىڭ جەنۇبىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئافرىقا مۇساپىرلىرىنى سىياسىي پاناھلىق بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

خەلقئارا جەمئىيەت ماندېلانى بارغانسېرى ئېتىراپ قىلىشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ماندېلا تېخىمۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولدى. 1979 - يىلى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان نېھرۇ خەلقئارا چۈشىنىش مۇكاپاتى ماندېلاغا بېرىلدى. بۇ مۇكاپاتقا بۇرۇن ئېرىشكەن مەشھۇر شەخسلەردىن مۇناخ تېرىسا ئانا، مارتىن لۇتىر كىڭ ۋە گېنېرال تىتو قاتارلىقلار بار ئىدى. تامبو دېھلىغا ماندېلانىڭ ئورنىدا مۇكاپاتنى قوبۇل قىلغىلى باردى ھەمدە ماندېلاغا ۋاكالىتەن مۇكاپات تاپشۇرۇۋېلىش تەسىراتىنى سۆزلىدى. مۇكاپات تاپشۇرۇۋېلىش تەسىراتىدا ماندېلا نېھرۇنىڭ ئۆزىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتكەن ھەمدە نېھرۇنىڭ تۈرمىدە بىر ئىزىدىلا توختاپ قالمىغانلىقى، ئۆرپ - ئادەتنىڭ مۇشەققىتىگە باش ئەگمەسلىكىدەك قەيسەر روھىنى تەرىپلەپ: «ھالقىماق ئەڭ تەس بولغىنى، كىشىلەرنىڭ ئۆز قەلبىگە سوقۇۋالغان ئېگىز سېپىلىدۇر» دېگەنىدى. تۈرمە دائىرىلىرى ھەتتا ماندېلانىڭ مۇشۇ قېتىملىق مۇكاپات تارقىتىش تەبرىك پائالىيىتىنىڭ ئالبومىنى كۆرۈشىگىمۇ يول قويمىغانىدى. ھەممە ئادەم ئۇيقۇغا كەتكەندە بىر گۇندىپاي سۈرەتلەرنى ئوغرىلىقچە كامېرغا ئەكىرىپ ماندېلاغا كۆرسىتىپ قويغانىدى. ماندېلا تامبوغا يازغان خېتىدە: «سىز بۇ يەرنىڭ تۈرمۇشىنى بەش قولدەك چۈشىنىشىڭىز كېرەك. بولمىسا سۈرەتنىڭ مەھبۇسلار ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيسىز. كۆڭلىمىزنى ئاچىدىغان، غېرىبلىق باسقان كەيپىياتىمىزغا مەلھەم بولىدىغان بىرقانچە نەرسىلەر بار. سۈرەت دەل شۇ نەرسىلەرنىڭ ئېچىدىكى بىرى» دېگەنىدى.

1980 - يىلى 12 - ئايدا گلاسگوۋ شەھىرىدىكى ئىرېلاندىيەلىكلەر ماندېلانى قويۇپ بېرىش توغرۇلۇق كەسكىن مۇنازىرىلەشتى. گلاسگوۋ شەھىرىنىڭ باشلىقى جەنۇبىي ئافرىقا

پىرېزىدېنتىغا خەت يېزىپ، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ ماندېلانىڭ شوتلاندىيەگە مۇكاپات ئالغىلى كېلىشكە يول قويۇشىنى ھەمدە بۇ خەتنى ئاخبارات ۋاستىلىرىدە ئاشكارا ئېلان قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ گلاسگوۋ شەھىرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال پرېتورىيە دائىرىلىرىگە دوكلات قىلدى. كونسۇل دوكلاتتا: «ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىشقا نىسبەتەن بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتۇۋاتىدۇ» دېدى. ماندېلا شەھەر باشلىقى، دوكتور مايكول كەررىيگە سەمىمىي رەھمىتىنى بىلدۈردى، شوتلاندىيە خەلقىنى مەدھىيەلىدى ھەمدە باللىق دەۋرىدە ئاڭلىغان ۋىلىيام ۋاللاسسىي، روبېرت برۇس (روبېرت I ) ۋە كىنەز ئاگېل قاتارلىق شوتلاندىيەلىك ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى تىلغا ئالدى. شۇنداقلا يەنە ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشىنى تۆۋەندىكىدەك جانلىق تەسۋىرلەپ بەردى:

مەن ياشاۋاتقان دۆلەتتە خەلق ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئىرقىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن قىينالماقتا. بۇ ئىرقىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ كاللىسىدا ئىرق ۋە دىنىدىن باشقا نەرسە يوق. ئۇلار ئىرقىي جەھەتتىن يان بېسىشنى دىنىي ئەقىدە قاتارىدا كۆرۈۋالىدۇ. مەن مۇشۇنداق بىر دۆلەتتە ياشاپلا قالماي، يەنە سېسىق نامى جاھانغا پۇر كەتكەن روببېن ئارىلىغا قامالدىم. بۇنى «قەپەس ئىچىدىكى قەپەس» دېمەي يەنە نېمە دېگۈلۈك؟ بۇ دۆلەتتە تېرەمنىڭ رەڭگى تۇپەيلى كوچىلاردا ئەركىن مېڭىپ يۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايمەن. بۇ شەھەردىكى ئاددىي پۇقرالار بەھرىمەن بولۇۋاتقان پۈتۈن نەرسىلەر بىز ئۈچۈن تۇتىيا بىلىنىدۇ.

خەتتە ماندېلا ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بىر مەھبۇسقا ئەمەس، بەلكى ياقا - يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىنغان، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەن ھامان بىرلىككە كەلگەن، يېڭى بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرىدىغان بىر سىياسىي رەھبەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە ماندېلا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ كۆپ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشقا ھەقلىق ئىدى. 1977 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى ستېۋ كوبى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەھشىيلىكى تېخىمۇ ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. بۇ قېتىملىق ھەرىكەت غەربتىكى لىبېرالىزمچى زاتلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئىككى ئايدىن كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى جەنۇبىي ئافرىقىغا مەجبۇرىي قورال يۆتكەشنى مەنئى قىلىش قارارىنى ماقۇللاپ، جەنۇبىي ئافرىقىغا قورال سېتىشنى چەكلىدى. بۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تارىخىدىكى تۇنجى ئىش ئىدى. ئامېرىكىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئەلچىسى، قارا تەنلىك پارلامېنت ئەزاسى ئاندىرو يان پرېتورىيە دائىرىلىرىنى «قانۇنسىز ھۆكۈمەت» دەپ ئەيىبلىدى. ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى ۋالتېر موندالې پرېتورىيە دائىرىلىرىنى «ئامېرىكا ئارىلىشىپ جەنۇبىي ئافرىقىنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ» دەيدىغان ھەرقانداق خام خىيالدا بولماسلىقنى ئاگاھلاندۇردى. لوندوندا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرى داۋىد ئوۋېننىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىگە بولغان نارازىلىقى بارغانسېرى كۆچەيدى. لېكىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ «ھەرقانداق شەكىلدىكى جازالاشقا قەتئىي قارشى تۇرۇش» پوزىتسىيەسى بىلەن ئەنگلىيەنىڭ پرېتورىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى داۋىد سكوتنىڭ پوزىتسىيەسى ئوۋېننىڭ بەكلا نارازىلىقىنى قوزغىدى.

جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىچىدىمۇ سەتچىلىك، شەرمەندىچىلىك ئىچىگە پېتىپ قالغانىدى. ئۇچۇر مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى كانىنى مۇد ئۇچۇر

مىنىستىرلىقىنىڭ خادىمى ئەيسىل رۇد ۋە ئاخبارات مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋان دېن بېرگ بىلەن بىرلىشىپ، ئومۇمنىڭ غايەت زور پۇلىنى مەخپىي ھالدا يۆتكەپ ئىشلىتىۋالغان ھەمدە چىرىكلىك تورىنى قۇرۇۋالغانىدى. 1978 - يىلىدىكى «ئۇچۇر ئىشىكى» سەتچىلىكىگە باش مىنىستىر فوستىمۇ چېتىلىپ قالغاچقا، خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ پىرېزىدېنتلىق ئورنىغا چىقىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ ئەمىلىمۇ ئېلىپ تاشلاندى.

ماندېلا ئىزچىل ئاق تەنلىكلەر لاگېرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ كېلىۋاتاتتى، مانا ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلىنىدىغاندەك قىلاتتى، ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنىڭ مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيەسى ئاق تەنلىك لىبېرالىزمچىلار تەرىپىدىن يىمىرىلىپ تاشلاندى. 1978 - يىلى ماندېلا مۇنداق يازغانىدى: «پىلان ياخشى تۈزۈلسىلا، ئاق تەنلىكلەرگە ئوبدانىراق چۈشەندۈرۈلسىلا بىز ئۇلار بىلەن تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە بىۋاستە سۆزلىشەلەيمىز؛ بىرام فىشىرىس، جېك سىمونسەيس، برايتون برايتونباخقا ئوخشاش كىشىلەرنى ئۆز لاگېرىمىزغا سۆرەپ كىرەلەيمىز.»

فوست ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بوتا فوستنىڭ ئورنىغا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ باش مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بوتاغا تاقابىل تۇرماق فوستقا تاقابىل تۇرۇشتىنمۇ قىيىن ئىدى. بوتا خەلقنىڭ قەلبىدە نەيرەڭگى تولا، شەپقەتسىز كىشى ئىدى. تولىمۇ سادىق ئارمىيە ئۇنىڭ كەينىدە قالقان بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بوتا ئۆزىنى بىر جەڭچى، توغرىراق قىلىپ ئېيتساق، بىر ئىسلاھاتچى، دەپ قارايتتى. بوتا ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يەرلىك سودىگەرلەر ۋە دۇنيانىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان جامائەت پىكرى قوزغىدى، قارا تەنلىك بۇرژۇئازىيە سىنىپىنى تېخىمۇ رايىش، گەپ ئاڭلايدىغان قىلىش ئۈچۈن بىر يۈرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. شەھەرلەردە تۇرۇۋاتقان قارا تەنلىكلەر ئەمدى ئىجارە كېلىشىمىنىڭ مۇددىتىنى ئۆزگەرتسە بولاتتى، قارا تەنلىكلەر جەمئىيىتىمۇ قانۇنلۇق بولالايتتى. ھالبۇكى، ھۆكۈمەت شەھەرلەردە ئاشۇ بىر يۈرۈش ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئۆزىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «ئافرىقا تەقرىزى» ناملىق ژۇرنالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ھۆكۈمەت قارا تەنلىك ئىشچىلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايدۇ، ئۇلارنىڭ خىزمەتتە ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىن ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشاش بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. بۇ، كەلگۈسى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە سىياسىي مۇقىملىققا مۇقەررەر خىرىس ئېلىپ كېلىدۇ.»

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بوتا يەنە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن دىپلوماتىيە مىنىستىرى ماگنۇس مالەن گېنېرالنىڭ رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت ھەربىي ئىشلار ئەسلىھەلىرىنى زور كۈچ بىلەن مۇستەھكەملىدى، كوممۇنىزمغا زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ھەتتا سودا رەھبەرلىرىنىمۇ دۆلەت بىخەتەرلىك سىستېمىسى ۋە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ھەربىي تەمىنات كەسپىگە تارتىپ كىردى.

بوتانىڭ ئىسلاھاتىغا ماندېلا تازا ئىشەنچ قىلالمىدى. ماندېلا گلاسگوۋ شەھىرىنىڭ باشلىقى كەررىيگە يازغان خېتىدە: «تولا ئىسلاھات قىلىندى، ئەمما ھوقۇقنى كۆپ سانلىقنىڭ كونترول قىلغىنىنى ياكى قارا تەنلىكلەر ئارىسىدىن بىۋاسىتە ۋەكىل تاللاپ، ھەرقانداق شەكىلدىكى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرغىنىنىڭ ئىزناسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدۇق» دەپ يازغانىدى. ماندېلا خېتىدە يەنە ئۆتۈپ كەتكەن 20 يىلدا ھۆكۈمەتنىڭ قارا تەنلىكلەرگە بولغان تۈرلۈك چەكلىمىسى، قىرغىنچىلىقى ۋە قىيىن ـ قىستاقلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈپ مۇنداق دېدى: «مەكتەپلەردىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە كۈچ

كۆرستىش ھەرىكەتلىرىمۇ رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇۋېتىلدى ھەمدە ئەڭ ئاخىردا قانلىق ۋەقەلەرگە ئايلاندى.»

مانا ئەمدىلىكتە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سەرگەردانلىقتا تۇرۇۋاتقان ئەزالىرى سەرخىل قوراللار بىلەن قوراللانغان دۈشمەنگە دۇچ كەلگەنىدى. لېكىن، سوۋېتتو قوزغىلىڭىدىن كېيىن، تامبونىڭ كۆچى خېلى كۈچىيىپ قالغانىدى. ياشلارنىڭ ۋەقە پەيدا قىلغىنىغا كەلسەك، تامبو ماندېلاغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ قورساق ئىدى. 1977 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تامبو ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى ژۇرنىلى «دۆلەت» ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە ئۆزىنىڭ ئەينى يىللىدىكى ياشلار ئىتتىپاقىدىكى سەرگۈزەشتىسىنى ئەسلەپ ئۆتۈپ مۇنداق يازدى: «مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىز ئەينى چاغدا ئىشنى قارا تەنلىكلەرنىڭ ئۆيغىنىش ھەرىكىتىدىن باشلىغانىدۇق.» شۇنداقلا نۇرغۇن ياش مۇساپىرلارنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىن قېچىشىغا ئەگىشىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى مۇشۇنداق كىشىلەرنى زور تۈركۈمدە ئۆز لاگېرىغا قوبۇل قىلدى. لېكىن، دۆلەت ئىچىدىكى ھەربىي هازىرلىقلارنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەممىلا يەرنى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغۇچىلار ۋە زوراۋانلىق ۋەقەلىرى قاپلاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر قاتمۇقات قاماللاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جەنۇبىي ئافرىقىغا غەلىبىلىك ھالدا قايتىپ كەلدى. سوۋېتتو ۋەقەسىدىن كېيىن، قوراللىق ئۇرۇشنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى مۇھىم نۇقتىنى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي سەپەرۋەرلىككە كۆپرەك قاراتتى. 1978 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تامبو ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى ۋېيېتنامغا زىيارەتكە كەلدى، ئۇلار بىلەن بىللە بارغانلاردىن يەنە جوئى مۇدەيس، جوئى سىلوۋ ۋە تابو

www.uyghurkitap.com

مىسكىنلارمۇ بار ئىدى. دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار كەلگۈسىدىكى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا مۇناسىۋەتلىك «يېشىل تاشلىق كىتاب» نى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىجرائىيە كومىتېتىدىكى كۆپ سانلىق ئەزالارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. «يېشىل تاشلىق كىتاب»تا ئۇلار كەلگۈسىدە كۆپچىلىكنىڭ «مەملىكەت خاراكتېرلىك توپىلاڭ» ئەمەس، بەلكى بىر مەيدان «ئۇزاققا سوزۇلغان خەلق ئۇرۇشى» غا دۇچ كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەنىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئاساسلىق زېھنىنى «سىياسىي سەپەرۋەرلىك ۋە سىياسىي تەشكىلات قۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا سىياسىي ئىنقىلاب تايانچ بازىسى قۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىش» قا قاراتتى.

1980 - يىلى 3 - ئايدا يوھاننىسبۇرگتا چىقىدىغان «يەكشەنبىلىك پوچتا گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى بوش گىبوزا ماندېلانى قويۇپ بېرىش مۇراجىئەتنامىسىنى قوزغىدى، بۇ ماندېلاغا يېڭىدىن ئۈمىد ئاتا قىلدى. مۇراجىئەت ھەرىكىتى جەنۇبىي ئافرىقا دۆلەت ئىچىدە بارغانسېرى كەسكىن تۈس ئېلىشقا باشلىدى. شارپۋېل چوڭ قىرغىنچىلىقى يۈز بېرىپ 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋىتۋاتېرسراند ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يىغىندا، ماندېلانىڭ قىزى جىندىز بۇ قېتىملىق مۇراجىئەتنىڭ بىردىنبىر مۇددىئاسىنىڭ «قانلىق قىرغىنچىلىقتىن باشقا يەنە بىر يولنى تاللاشقا بولىدىغانلىقىنى كۆپچىلىككە ئۇقتۇرۇپ قويۇش» ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتتى. بۇ مۇراجىئەتنى قوللاش سادالىرى كىشى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدىغان لاگېرلاردىن كېلەتتى. نۇرغۇن ئاق تەنلىكلەر «ماندېلا قويۇپ بېرىلسۇن» دەپ خەت يېزىلغان قەغەزلەرنى ئۆزىنىڭ ماشىنىلىرىغا چاپلىۋېلىشتى. ھەتتا «ئۇچۇر ئىشكى» سەتچىلىكىدىن كېيىن ئالاھىدە ئورگاندىن قوغلاپ چىقىرىلغان گېنېرال ۋان دېن بېرگمۇ تىغ ئۇچىنى ماندېلانى قوللاش تەرەپكە

قاراتقانىدى. ئۇ «ماندېلا قويۇپ بېرىلىشى كېرەك» دەپ قارايتتى. ئاق تەنلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسكىن سوئاللىرى ۋە ئەيىبلەشلىرىدىن كېيىن بوتا ئۆز مەيدانىنى قايتا بايان قىلىپ، ماندېلادىن ئىبارەت بۇ «بىرىنچى نومۇرلۇق ماركسىزمچى ئۇنسۇر»نى قەتئىي قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ داۋراڭ سالدى.

مۇراجىئەت ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، يەنە بىر كىشى كونا ئىشلارنى سۆرەپ چىقتى. ئۇلار ھەقىقەتنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بىلەن ھېسابلاشماي، ماندېلانىڭ كوممۇنىزمچى ئىكەنلىكىنى كۆچەپ جار سالدى. 1982 ـ يىلى 5 ـ ئايدا دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ بىر پارچە مۇتلەق مەخپىي دوكلاتىدا: «كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ماندېلانى كوممۇنىزمچى دەپ قارايدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەنىدى. لېكىن، ماندېلانى ئەيىبلەشتىكى ئاساسلارنىڭ ھەممىسى تولا دېيىلىپ مەززىسى قالمىغان دەلىل ـ ئىسپاتلار ئىدى. ئالايلۇق، بۇ دەلىل ـ ئىسپاتلار ئۇنىڭ 1962 ـ يىلى كوممۇنىستىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقانلىقى، رىۋونىيە سوتىدا سۆرەپ چىقىلغان «قانداق قىلغاندا بىر ياخشى كوممۇنىزمچى بولغىلى بولىدۇ» دېگەن قول يازمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

«ماندېلانى ئازاد قىلىش ھەرىكىتى» دۇنيا مىقياسىدا غايەت زور ئەكس تەسىر پەيدا قىلدى. نيۇيوركتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر خەۋپسىزلىك كېڭىشىمۇ بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىپ، ماندېلانى قويۇپ بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدى. ئۇلار ماندېلا قويۇپ بېرىلگەندىلا ئاندىن بۇ دۆلەت كەلگۈسىدە ئەھمىيەتلىك سۆھبەتلەرنى قانات يايدۇرالايدۇ، دەپ قارايتتى. لوندوندا بوتا 1980 ـ يىلىنى «ئامما ئىتتىپاقلىشىپ قارشى كۆرەش قىلىش يىلى» دەپ بېكىتتى ھەمدە ماندېلا سوۋېتو قوزغىلىڭىدىن كېيىن يازغان چاقىرىق كۆچى ۋە تەسىر قىلىش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ھېلىقى باياناتنى قايتىدىن ئېلان قىلدى. بۇ باياناتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «مىلتىقا تايىنىپ

ياشايدىغان كىشىلەر ئەڭ ئاخىردا ئاشۇ مىلىتىقنىڭ ئوقىدا ئۆلىدۇ. ئىنتىپاقلىشايلى! روھىمىزنى كۆتۈرەيلى! كۈرەش قىلايلى!»

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى «قوراللىق تەشۋىقات»تىن ئىبارەت يېڭى سىياسەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا ھەمدە غەيرىي ھەربىي نىشان ۋە تېررورىزم ھەرىكىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا بەكرەك دىققىتىنى ئاغدۇرۇشقا باشلىدى. 1980 - يىلى 6 - ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ پارتىزانلىرى كۆمۈردىن ماي چىقىرىدىغان ئۈچ دانە قۇرۇلمىغا بومبا ئاتتى. ئوت يالقۇنى بىردەمدىلا پەلەككە تاقىشىپ، 50 ئىنگلىز مىلى نېرىدىكى ئاسمان كۆندۈزدەك يورۇپ كەتتى. «راند كۈندىلىك پوچتا گېزىتى» دە: «جەنۇبىي ئافرىقا ئىنقىلابىي ئۇرۇش ھالىتىگە كىردى» دەپ خەۋەر قىلىندى. ماندېلا تامبوغا يازغان خېتىدە: «بۇ ھۇجۇم قىلىش ھەرىكەتلىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئوبرازىنى يۇكسەك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى، بىزمۇ مەيدىمىزنى كېرىپ ماڭالايدىغان بولدۇق. شەك - شۈبھىسىزكى، ھازىر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر كۈچكە ئايلاندى» دېگەنىدى.

لېكىن، بوتا ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ چەت ئەللەردىكى بازىلىرىنى بىر - بىرلەپ يوقىتىۋەتتى. 1981 - يىلى 1 - ئايدا بوتانىڭ ئارمىيەسى موزامبىكقا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ئۇلار موزامبىكنىڭ پايتەختى ماپۇتوغا جايلاشقان ئۈچ يۇرۇش بىناغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ 13 ئەزاسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ماندېلا: «ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ قېتىملىق ھۇجۇم 4 - ئايدا جەنۇبىي ئافرىقىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان چوڭ سايلام بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دەپ قارىدى. ماندېلا تامبوغا يازغان خېتىدە: «بوتا سايلامدا غەلىبە قىلىپ داۋاملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش

مەقسىتىدە ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق بىر دۆلەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە تاجاۋۇز قىلىپ، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق ئاھالىلەرنى ئۆلتۈردى» دېدى. ماندېلا بوتانىڭ كوممۇنىزم ھەرىكەتلىرىگە جازا يۈرۈش قىلىشى رىگان ھۆكۈمىتىگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، دەپ قارايتتى. لېكىن، ماندېلا يەنىلا ناھايىتى ئۈمىدۋاردەك قىلاتتى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «بىزنىڭ كېلەر قېتىملىق قايتۇرما ھۇجۇمىمىز تېخىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل بولىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ھۆكۈمەتنىڭ تېخىمۇ كۆپ قوللىغۇچىلىرى مىللىي پارتىيەنىڭ بۇ دۆلەتنى ئۇزۇل ـ كېسىل گۇمران بولۇش گىردابىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ.»

1981 ـ يىلى ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۆچ ئېلىش ھەرىكەتلىرى يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ئاۋۋال سابىق مىللەت نەيزىسى جەڭچىلىرى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ زىمبابۋېدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى جوئى كوگابى ھارارېدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىلزابېت پورتىدىكى بىر مال سېتىۋېلىش مەركىزىدە پارتلىتىش ۋەقەسى يۈز بەردى. تامبو: «جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇش ھازىرلىقى ھالىتىگە پېتىپ قېلىشى، ۋاقتى كەلگەندە ھەتتا گۇناھسىز پۇقرالارمۇ ئامان قالماسلىقى مۇمكىن» دەپ قارىدى. تۆت يېرىم يىل ۋاقىتتا جەمئىي 112 قېتىم ھۇجۇم قىلىش ۋە پارتلىتىش ۋەقەسى يۈز بەردى. 1981 ـ يىلى تارىخشۇناس تام روچ مۇنداق دەپ يازدى: «بۇ ـــ جەنۇبىي ئافرىقا تارىخىدىكى ئەڭ ئۇزاق داۋاملاشقان زوراۋانلىق خاراكتېرىنى ئالغان توپىلاڭ. بارلىق بېشارەتلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، زوراۋانلىق ۋەقەلىرى ئەڭ ئاخىردا ئومۇمىيۈزلۈك ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.»

قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندىكى توپىلاڭ تەدرىجىي ھالدا مەلۇم شەكىلدىكى قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ كەتتى. لېكىن، پۈتۈن يەر شارىنى قاپلىغان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر

ئۇرۇشى ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا غەرب كۈچلىرى قىزىل دۇربۇن بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتىنى كۆزەتمەكتە ئىدى. بوتانىڭ كوممۇنىزمغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان جازا يۈرۈشى ئەنگلىيە ـ ئامېرىكىدىكى يېڭى كونسېرۋاتىپ ھۆكۈمەت، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ئوڭ قانات تەشكىلاتلار ۋە شىركەتلەرنىڭ تېخىمۇ زور قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار ماندېلانى ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى قاتارىدا كۆردى، ئەمما بۇتراچ بىلەن بوتا بولسا ئەركىن كارخانىلارنىڭ ھىمايىچىلىرى ئىدى.

1979 ـ يىلى مارگارىت ساچېر خانىم تەختكە چىقتى. ساچېر خانىمنىڭ يولدىشى دانىنىسىنىڭ ناتال رايونىدا بىر يېقىن دوستى بار ئىدى. دانىنىسىنىڭ تەسىرىدە ساچېر خانىم دەسلەپتىلا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرگە ناھايىتى ھېسداشلىق قىلاتتى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە بولسا بارغانسېرى دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسى تۇتۇۋاتاتتى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى بىر ئوچۇم كوممۇنىزم تېررورچىلىرى، ئۇلار كاپىتالىزم لاگېرىنىڭ ئۇل ئاساسىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى. جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك لاۋرىنس ۋاند پوست ساچېر خانىمنىڭ دوستى ئىدى. ئۇ ساچېر خانىمغا: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىر توپ كوممۇنىزمچى ئۇنسۇرلار. زۇلۇلارنىڭ دۆلىتى بولسا بۇتراچىنىڭ دانا رەھبەرلىكى ئاستىدىكى تولىمۇ مەغرۇر، مۇستەقىل بىر دۆلەت» دېدى.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى ئالېكساندىر ھېيگىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، رونالد ۋىلسون رىگان جەنۇبىي ئافرىقا مەسىلىسىگە ئانچە ئېتىبار بەرمىگەندى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ئافرىقا ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىمى چېستىر كروگ جەنۇبىي ئافرىقىلىق بىر مۇخبىرغا: «جەنۇبىي ئافرىقا مەسىلىسىدە رىگان پەقەت ئاق

تەنلىكلەر تەرەپتىلا تۇرىدۇ» دېگەنىدى. ھالبۇكى، كرۇگ قارا نىيەتلىك بىلەن «قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئۇچرىشىش» دەيدىغان بىر سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ سىياسەتنىڭ باش مۇددىئاسى كۇبالىقلارنى ئانگولادىن، جەنۇبىي ئافرىقىلىقلارنى نامىبىيەدىن قوغلاپ چىقىرىشتىن ئىبارەت ئىدى. سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش جەريانىدا ئامېرىكا تەرەپ بوتا ۋە ئۇنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پىك بوتا بىلەن كۆپلەپ ئالاقە قىلىشقا ئېھتىياجلىق ئىدى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بولسا تامامەن بىر چەتكە قايرىپ قويۇلغانىدى. 1986 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن كرۇگ تامبو بىلەن رەسمىي كۆرۈشتى. ھالبۇكى، كرۇگنىڭ شۇنچە جاپالىق سۆھبەت ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ قاتتىق قول باشلىقى ۋىليام كەيس ھەمدە رىگاننىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى پات بۇكانان تەرىپىدىن بىتچىت قىلىۋېتىلدى. كەيس ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى يەر ئاستى كوممۇنىزم مەخپىي پىلانىنى ئىزچىل تۈردە ئاستىرتىن قوللاپ كېلىۋاتاتتى. جەنۇبىي ئافرىقا دۆلىتى ئىچىدە ئۇ پرېتورىيە دائىرىلىرىنىڭ ئاخبارات باشلىقى بىلەن يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى ھەمدە ئىزچىل بوتانى قوللاپ كېلىۋاتاتتى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەسلىدە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغان قارا تەنلىكلەر دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئۇ دۆلەتلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى، شۇنداقلا كەينىدىن يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە شۇ سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگە قارشى ۋەقەلەر ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى كۆپۈككە ئايلاندۇردى. 20 يىلدىن بېرى جەمئىي 28 ئافرىقا دۆلىتى سىياسىي ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلدى، 50 نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت ئاغدۇرۇپ تاشلاندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە بەزى دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئۇگاندادىكى ئامىنغا ئوخشاش كىشىلىك ھوقۇققا تامامەن پىسەنت قىلمايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇستەبىتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا نۇرغۇن ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئىچىدە پەقەت غايەت زور سوممىلىق نېفىت كىرىمىگە ئىگە نىگېرىيەدە ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. غەربلىك كارخانىچىلار زور كۆپ ساندىكى ئافرىقا دۆلەتلىرىدىن ۋاز كەچتى، ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەنۇبىي ئافرىقىنى بولسا پۈتكۈل ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى مەبلەغ سېلىشقا ۋە ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان بىردىنبىر دۆلەت، دەپ قاراشقا باشلىدى. روبىين ئارىلى گۇرۇھىدىكىلەر خېلى بەكلا پىشىپ يېتىلگەن بولۇپ، شىمالىي قىسىمدىكى قوشنا دۆلەتلەردىكى سىياسىي ئۆزگىرىش، ئۇرۇش ھەمدە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئېچىنىشلىق ئاسارىتىگە ئۇچرىغان ئېغىر ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىشقا باشلىدى، دېموكراتىيە تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، ئۇلار ماڭغان خاتا يولغا ھەرگىز ماڭمىدى.

مانا بۇگۇن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى پۈتكۈل ئافرىقا سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى: سوۋېت ئىتتىپاقى ماركسىزم ھاكىمىيىتىنى قوللايتتى، ئامېرىكا بولسا زايىردىكى موبۇتۇغا ئوخشاش كوممۇنىزمغا قارشى رەھبەرلەرگە مالىيە جەھەتتىن ياردەم بېرەتتى. روبىين ئارىلىدىكى ماركسىزمچىلار: «ئامېرىكا ئارىلاشقاندىكىن، ئافرىقا ئەمدى كەينىگە چېكىنىپ كېتىدۇ» دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە سومالىدىكى كوممۇنىزم ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇتوپىيەنى تەقلىد قىلىشى ئەرزىيدىغان ئىش ئىدى. شۇ ۋەجىدىن 1977 ـ يىلى سومالىلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلارنى تاشلاپ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. بۇنىڭدىن ئۇلار ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەيلا قالدى (ھاررىي گىۋارا بۇ ھەقتە: «ماركسىزم ـ لېنىنىزم سومالىلىقلارنىڭ ئارىسىدا تازا ئىزچىللاشماپتۇ، بۇ ھال بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيەسىگە ياخشى

پۇرسەت يارىتىپ بېرىپتۇ» دەپ چۈشەنچە بەردى).

ماندېلانىڭ قارىشىچە، ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بۇ ئىككى چوڭ لاگېرنىڭ ماكان جەھەتتىكى ئىزدىنىش ۋە باشقا ساھەلەردە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشىغا ئەگىشىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى كىرىزىسىنىڭ ھەل بولۇشىدىمۇ ئۇمىد تۇغۇلۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ 1978 ـ يىلىلا جىنىدىزغا: «ھازىر سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى تەدرىجىي يوقىلىۋاتىدۇ» دېگەنىدى. ماركسىزم ھاكىمىيىتىنىڭ ئانگولا ۋە موزامبىكتا تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئەتراپىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى كەيپىياتى ئەكسىچە كۈچىيىپ كەتتى. ساموراا مارشال رەھبەرلىكىدىكى موزامبىك ئىلگىرى بىر مەزگىل سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگىسىگە ئايلانغانىدى. لېكىن، ناھايىتى تېزلا زور تۈركۈمدىكى ئاق تەنلىك تېخنىك خادىملار بىلەن دىرېكتورلار موزامبىكتىن بىر ـ بىرلەپ كېتىشكە باشلىدى، توپىلاڭچى ئارمىيە قوزغىغان ھۇجۇم نۇرغۇن رايونلارنى قالايمىقانچىلىققا پاتۇرۇپ قويدى. ئانگولا دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت ئۇرۇشىدىغان جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى: مەركىزىي ھۆكۈمەت كۇبا ئارمىيەسىنى كۆچۈرۈپ كەلدى. ئامېرىكا بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا بولسا جوناس ساۋىنبى رەھبەرلىكىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش تەشكىلاتى «ئانگولانىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل مۇستەقىل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەملىكەتلىك ئىتتىپاقى» (قىسقارتىلىپ «ئانگولا ئىتتىپاقى» دەپ ئاتىلىدۇ)نى قوللىدى. ئانگولا چاك ـ چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتتى. ئانگولانى تالىشىش ئۇرۇشىدا ئىككى چوڭ لاگېر بىر ـ بىرىدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كەتتى.

روببېن ئارىلىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى گۇرۇھتىكىلەرنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى جىمى بالا ـ قازانىڭ مەنبەسى ئىدى. ماندېلا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنى

«ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى، ئۇنىڭ مەقسىتى بارلىق دۆلەتلەردىكى ئۆلىڭ قانات كۈچلەرنى قوللاپ، زوراۋانلىق، سۇيىقەست پىلانلاش ۋە پۇل ئارقىلىق قانۇنلۇق ھۆكۈمەتنى ئىگىلەش ۋە ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت» دەپ قارايتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ رىۋونىيە سوتىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، ماندېلا ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيە سىستېمىسىغا قايىل ئىدى ھەم ئۇنى يەنىلا ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇ يەنە ئامېرىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە ئۇچ ھوقۇقنى ئايرىۋېتىش تۈزۈلمىسى ئارقىلىق ياشلارنى تەربىيىلەش كېرەك، دەپ قارايتتى. لېكىن، روببېن ئارىلىنى يەنىلا ئامېرىكىغا قارشى كەيپىيات قاپلىغانىدى.

1983 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ماندېلانىڭ تۈرمىگە كىرگىنىگە 20 يىل بولاي دەپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇ غەرب دۇنياسىنىڭ ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا ئاغقانلىقىنى، مانا ئەمدىلىكتە رىگان بىلەن ساچېر خانىمنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇردى. ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىگە قارىتا غەرب ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەيىبلەش پوزىتسىيەسى تۇتاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھېچقايسىسى روببېن ئارىلىغا قاماقلىق سىياسىي مەھبۇسلار ياكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سۈرگۈندە تۇرۇۋاتقان ئەزالىرىغا ياردەم قولىنى سۇنمايتتى. شۇنداقلا ۋيېتنام ۋە كۇبادىكى كوممۇنىزم جەڭچىلىرى كىشىلەرگە ئىنقىلابىي غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. رۇسىيە، شەرقىي گېرمانىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى ماركسىزمچىلارمۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۇچۇن پارتىزانلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلەپ بېرىۋاتاتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى شەرق لاگېرىدىن داۋاملىق ياردەم تەلەپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ دوكلاتىدا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىك رەھبەرلەرنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى

بىرگە ياردەم قىلالايدىغان بىر دىنىبىر چوڭ دۆلەت» دەپ قارايدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى.

20 يىلدىن بۇيان، كونا ئىمپېرىيەلەرنىڭ ئومۇمىي لىنىيەلىك چېكىنىشىگە ئەگىشىپ، ئافرىقىنىڭ زېمىن تېررىتورىيەسىدە بىرنەچچە قېتىم ئۆزگىرىش بولدى. 1976 ـ يىلى سىسۇلۇ مۇنداق دەپ يازدى: «ئافرىقا قىتئەسىنى قاپلىغان ئىنقىلاب جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى. لېكىن، بۇ دەرۋازا تولىمۇ ھىم ئېتىۋېتىلگەندەك قىلاتتى.» 1980 ـ يىلى زىمبابۋې مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى، ئەنە شۇنداق قىلىپ يەنە بىر دەرۋازا ئېچىۋېتىلدى. ئەسلىدە «ئاق تەنلىكلەر قورغىنى» ئىچىدىكى قالدۇق شايكىلاردىن جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى نامىبىيەلا قالغانىدى. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق ھۆكۈمىتى كېيىنكى قارارلىق ھۆكۈمىتىدىنمۇ ۋەھشىي ئىدى، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرىمۇ كۈنسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. ئۇلار خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تىلغا ئېلىشىغىمۇ ئەرزىمەيدىغان باشقا دۆلەتلەر ۋە غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرىدىكى ئوڭ قانات كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈۋېلىشقانىدى. جەنۇبىي ئافرىقا ئىرقىي ئايرىمچى ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يەر شارى مىقياسىدىكى ئىرقىي ئايرىمچىلىققا قارشى تۇرۇش سادالىرى ئىچىدە تۇرۇپمۇ يەنىلا شۇ قەدەر مۇستەھكەم ئىدى. قەلبىدىكى ئۇمىد شامى تۇپەيلى روبېن ئارىلىنى چىڭ ساقلاپ يېتىۋاتقان روبېن ئارىلى گۇرۇھىدىكىلەر كەلگۈسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىدىن تېخىچە تاما كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 23. تۈرمە

## (1982 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە)

1982 ـ يىلى 4 ـ ئايدا روببېن ئارىلىنىڭ روتا كوماندىرى مانلو ماندېلا ياتقان كامېرغا كېلىپ، ئۇنىڭغا تېزدىن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشنى، بۇ ئارالدىن يۆتكىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ماندېلا باشقىلار بىلەن خوشلىشىشقا ئۈلگۈرمەستىنلا، سىسۇلۇ، رايموند ماخلابا ۋە ئاندرېۋ مارگېنى قاتارلىق ئۈچ كىشى بىلەن بىرلىكتە كېيىپتاۋنىغا بارىدىغان كېمىگە ئاچىقىلدى. ئۇلار گۈگۈم قاراڭغۇسىدا كېمىدە تۇرۇپ ئۆزلىرى 18 يىل تۇرغان روببېن ئارىلىغا نەزەر سالدى. بۇ جاي ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆيىدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار كېيىپتاۋنىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، مىلتىقىنى بەتلەپ تەخ قىلىپ تۇرغان مۇھاپىزەتچىلەر ئۇلارنى قەپەسلىك يۈك ماشىنىسىغا چىقاردى. ئۇلار هايۋانلارغا ئوخشاش قەپەسكە سولاندى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر سائەت يول يۈرۈپ، بولسمۇر تۈرمىسىگە ئەكېلىندى. بۇ 6000 مەھبۇس سىغىدىغان چوڭ تۈرمە ئىدى. سىرتىدىن قارىغاندا بۇ تۈرمە كىشىگە قۇياشتەك نۇرلىنىپ تۇرىدىغان، شارائىتى ياخشىدەك بىلىنەتتى. ئەمەلىيەتتە، تۈرمىنىڭ ئىچى دوزاخنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇلار ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى بىر چوڭ كامېرغا سولاندى. كامېرغا تۆت دانە كارىۋات قويۇلغان، كىرلىكتىن تارتىپ لۆڭگىچە تولۇق سەپلەنگەن، يەنە تېخى ئايرىم هاجەتخانىسى بار ئىدى. ماندېلا سىرتقى دۇنيادىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن بۇ كامېردا ئۆز دۆلىتىدە يۈز بېرىدىغان بىر مەيدان

شىددەتلىك توپىلاڭغا شاھىت بولۇش ئالدىدا ئىدى، ئەمما ئۇ، بۇ توپىلاڭغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى.

بولسمۇر تۈرمىسىنىڭ شارائىتى روببېن ئارىلىدىكى تۈرمىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ ياخشى ئىدى. مەھبۇسلار ھەر قېتىملىق تاماقتا بۇزۇلۇپ قالمىغان گۆش ۋە كۆكتاتلارنى يېيەلەيتتى. بۇ تۈرمىدە يەنە تېخى «دەۋر ھەپتىلىك ژۇرنىلى»، «قوغدىغۇچى ھەپتىلىك گېزىتى» قاتارلىق كۆپلىگەن گېزىت — ژۇرناللارنى كۆرۈشكە يول قويۇلاتتى. كامېرنىڭ ئۆگزىسىدە ئۇزۇن كارىدور بولۇپ، مەھبۇسلار كۈندۈزلىرى شۇ يەردە ھاۋا يەپ، ئارام ئالاتتى. ئۇلار يەنە ئىلگىرىكى مەھبۇسلۇق ھاياتىدا كۆرۈپ باقمىغان تېلېۋىزور، سىنئالغۇ ۋە رادىيو قاتارلىقلاردىن بەھرىلىنەلەيتتى. ماندېلا ھەتتا يالغۇز كىشىلىك كامېردا تۇراتتى، خەت ـ چەك يېزىشقا بولاتتى. ماندېلاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ يەر روببېن ئارىلىغا سېلىشتۇرغاندا، بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانسارايغا ئوخشايتتى. ھالبۇكى، ئۇ ئۆزىنى نىشانىدىن ئادىشىپ قالغاندەك، دۇنيادىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ روببېن ئارىلىدىكى تۈرمىداشلارنىڭ دوستانىلىقىنى، يوللۇق سۆزلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىپتىدائىي ھالەتتىكى ياۋايىلىقىنى ئەسلىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردىكى پولات چىۋىق ۋە سېمونت قۇرۇلمىلىق كامېرلاردىن خېلىلا ئىللىق بىلىنەتتى.

ماندېلا بولسمۇر تۈرمىسىگە يۆتكەپ كېلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي ۋىننى ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ماندېلا قارىماققا «ناھايىتى ياخشى» كۆرۈنەتتى. ئۇ، بۇ تۈرمە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بەئەينى بىر زامانىۋى پەن تەتقىقات ئورگىنىدەك ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىنىدىن ھەيران قالغانىدى. ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، روببېن ئارىلىدىكى بىلىملىك ۋە مەدەنىي مۇھاپىزەتچى جامېسىنىڭ بۇ يەردىمۇ ماندېلاغا مۇھاپىزەتچىلىك قىلىۋاتقانلىقى بولدى. ئۇ يەنە بۇ تۈرمىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكنى چىقىش قىلغان ھالدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەھبۇسلارنى يوقلاش شارائىتىدىن بەكمۇ رازى بولدى. ماندېلا بىلەن ۋىننى ئەينەك بىلەن توسۇلغان ئۆينىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر ـ بىرىنى ئۇپىئوچۇق كۆرۈپ پاراڭلاشتى. ئۇلار ياڭراتقۇ ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىيالايتتى. بىراق، ۋىننى ماندېلانىڭ روھىي ھالىتىنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ ناچارلىشىپ كەتكەنلىكىنى، يېنىدا دوستلىرى بولمىغاچقا، «روھىي ئازاب» تارتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

تۆتەيلەن بىردەك ھالدا دوستلىرىدىن قەستەن ئايرىۋېتىلىپ بۇ يەرگە پالىنىشنى ئۆزلىرىنىڭ مەھبۇسلارنىڭ كاتتىبېشى دەپ قارالغانلىقى سەۋەبىدىن، دەپ بىلەتتى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، دۆلەت تىزىملىكىدە بولمىغان «يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ» بىر ئەزاسى ھېسابلانغان كاترادانىگمۇ بۇ يەرگە سولىنىشى (مالگېنى بۇ ئورگاننىڭ ئەزاسى ئەمەس ئىدى)، ئۇلارنىڭ ئويىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ھالبۇكى، بۇ يەرگە تېخىچە كەلمەيۋاتقىنى گېۋىن مىبېكى ئىدى. مىل خاردىنىنىڭ قارىشىچە، بۇ مەھبۇسلار روبېن ئارىلىدىكى چاغدا ھۆكۈمەت بۇ مەھبۇسلارنىڭ باشقا مەھبۇسلار ئارىسىدىكى تەسىرىنىڭ بەك چوڭلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بۇ مەھبۇسلارنى باشقا مەھبۇسلاردىن دەرھال ئايرىۋېتىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭچە، ھۆكۈمەت بۇ قارارنى بەكلا كېچىكىپ چىقارغانىدى.

ماندېلا، سىسۇلۇ، كاترادادىن ئىبارەت ئۈچ نەپەر كونا سەپداش 40 يىلدىن كېيىنمۇ تېخىچە مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلماقتا ئىدى. بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەممىسى «كەمسىتىلىش ھەرىكىتى» نى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بولۇپ، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش سوتى ۋە رىۋونىيە سوتى بۇ ئىشتىن ناھايىتى ياخشى خەۋەردار ئىدى. كاترادا 1985 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مۇنداق دەپ يازدى: «ئىختىلاپ ۋە تالاش ـ تارتىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەسىلىنى ھامىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلالايمىز.

تۈرمە ھاياتى قېرىشنى تۇسۇيالمىغىنى بىلەن، ھەقىقەتەن قېرىشنى كېچىكتۈرەلەيدۇ.»

ماندېلا ھەمىشە تۈرمىدىكى مۇدھىش مۇھىتتىن شىكايەت قىلاتتى. ئالتە ئادەم بىر كامېردا تۇراتتى، سېمونت يەرنى سۇ باسقاندى. بىراق، ماندېلا ئاقىۋەتتە بۇ يېڭى مۇھىت بىلەن مۇرەسسە قىلدى. 1983 ـ يىلى 6 ـ ئايدا فاتىمە مىلغا يازغان خېتىدە ماندېلا مۇنداق دېدى: «كەيپىياتىم بەك ياخشى، ئون ياش ياشىرىپ قالغاندەكلا تۇرىمەن. بىردىنبىر ئوخشىمايدىغان يېرى، روبېبېن ئارىلىدىكى چېغىمدىكىدەك روھلۇق ئەمەسمەن.» ماندېلانىڭ روتا كوماندىرى مانلو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. مانلو ماندېلانىڭ ئۆگزىدە كۆكتات ئۆستۈرۈشىگە يول قويغانىدى. ماندېلا ھەر كۈنى ئىككى سائەت ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، چىغ شىلەپىسى بىلەن پەلىيىنى كىيىپ ئۆگزىدە ئەمگەك قىلدى. ئۇ ئاخىر ئۆگزىنى كىچىك كۆلەملىك دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭغا سەۋزە قاتارلىق ھەر خىل كۆكتاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 900 تۈپتىن ئارتۇق ئۆسۈملۈك تېرىلغانىدى.

ماندېلا بولسىمۇ تۈرمىسىدە يىلىغا 52 پارچە خەت ـ چەك ئالالايتتى. ئۇ بارلىق دوستلىرىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى ئەسلىيەلەيتتى. ئۇلارغا ئەۋەتكەن خېتىدە ئۆتمۈشتىكى ئەسلىمىلەرنى كۆپ تىلغا ئالاتتى. ئۇ ئۆتمۈشنى ئەسلەش بىلەن بىللە يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىشقا تىرىشاتتى. ئۇ گەرچە تۈرمىگە قامالغان بولسىمۇ، تۈرمىگە قامىلىش سەۋەبىلىك قوللىغۇچىلىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، دەپ قارىمايتتى. ماندېلا ئىرقىي تەتقىقات ئورگىنىنىڭ سابىق ئەزالىرىغا خەت يېزىپ ئەھۋال سورايتتى. مەسىلەن، ئۇلاردىن سوۋېتونىڭ دوستى، قوشنىسى بان ئېنكانا؛ خىلدتوۋندا ئۆزىگە لاتىن تىلىدىن دەرس بەرگەن كۈندىن خايت خانىم؛ ۋەتەنگە ساتقۇنلۇق قىلىش سوتىدا ئۆزىگە پۇل غەملەپ بەرگەن ئېللىن ھېرمان قاتارلىقلار بار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماندېلا بارغانسېرى سىياسىيلىشىپ كېتىۋاتقان دىنىي زاتلارغا تېخىمۇ بەك ئەھمىيەت بەردى. ئۇ دېسموند تۇتۇنىڭ يوھاننىسبۇرگ باش ئېپىسكوپى بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى. كاتولىك دىنى مۇرىتى، ئايال موناخ بوننارد كۇبقا يازغان خېتىدە، قويۇلۇش ئالدىدا تۇرغان «پادىشاھ داۋىد» ناملىق كىنونى بەكمۇ ئىنتىزارلىق بىلەن ساقلاۋاتقىنىنى ئېيتتى. چارد ئاتتېنبولنىڭ گەندىگە ئائىت كىنو ئىشلەۋاتقىنىدىن ناھايىتى خۇش بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

20 يىللىق تۈرمە ھاياتىدا ماندېلا نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، قەھرىمان بولۇپ پىشىپ يېتىلدى. گەرچە تۈرمە گۈندىپايلىرىنىڭ خەت ـ چەكلىرىنى تەكشۈرىدىغىنىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ كېيىن مۇكىمىنتانغا مۇنداق خەت يازىدۇ: «ناۋادا مەن تۈرمىدە يەنە 20 يىل ياتسامىمۇ، بۇنىڭدىن قىلچە ئۆكۈنمەيمەن. روھىم ھەرگىزمۇ بۇ بەھەيۋەت تاملار ئىچىگە سولىنىپ قالغىنى يوق. مېنىڭ ئارزۇيۇم ھەرگىزمۇ تۈرمىدە مەھبۇس بولۇپ ياشاش ئەمەس.» ئۇ بان كائىنانىغا مۇنداق خەت يازىدۇ: «22 يىل تۈرمىدە يېتىپ، ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىپادىلىگىلى بولماسلىق قانداقلا مەيداندا تۇرۇپ قاراشتىن قەتئىينەزەر بەربىر بىر پاجىئە ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، كىشىنىڭ پەقەتلا ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالىشىنى ئارزۇ قىلىشى ئەڭ مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ... بىراق، سىز بىلىسىز، ئادەمدە بىر خىل خاسىيەتلىك ماسلىشىش ئىقتىدارى بولىدۇ. ئىنسان بەزى ۋاقىتلاردا ھەرقانداق مۇھىتقا كۆنەلەيدۇ.» ئۇ باشقا بىر دوستىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئەينى چاغدا بۈگۈنكىدەك ئاقىۋەتكە قالىدىغىنىمنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئىلگىرىكى قارارىم بويىچە ئىش قىلغان بولاتتىم. بىراق، بۇنداق قارار كىشىنى قورقۇنچاق قىلىپ قويىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا يۈز بەرگەن پاجىئەلەر مەندىكى مۇستەھكەم ئىرادىنى نابۇت قىلدى.»

ۋىننىنىڭ ماندېلانى يوقلاپ ۋە خەت يېزىپ تۇرۇشى ماندېلا ئۈچۈن غايەت زور روھىي تۈۋرۈك ھېسابلىناتتى. 1983 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇ ۋىننىغا مۇنداق دېگەنىدى: «سىزنىڭ خېتىڭىز مەن ئۈچۈن روھىي ئوزۇق ھېسابلىنىدۇ. ھەر قېتىم خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالغىنىمدا روھلىنىپ كەتكەنلىكىمنى بايقايمەن.» ماندېلا ۋىننىنىڭ ئىلھاملاندۇرغان سۆزلىرىدىن ھوزۇر ئالاتتى، «ئۇ ئاللىقاچان بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئايلىنىپ كەتكەن، مۇھەببىتىمىز ۋە بەختىمىزنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغانىدى.» ئىككى يىلدىن كېيىن ماندېلا ۋىننىغا مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادا جېنىنى قۇربان قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەر بار، ماڭا نىسبەتەن قىزغىن سۆيىدىغان ۋەتىنىم، بالىلىرىم ۋە قەدىرلىك ئانام ئەنە شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر.»

ھالبۇكى، ئۇمۇ دوستقا موھتاج ئىدى. روھىي قۇۋۋەت ۋە دوستلىرىنىڭ قوللىشى زىنداندىكى مەھبۇسلارنىڭ ئىشەنچىنى يوقاتماسلىقىدىكى مۇھىم ئامىللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكىنىڭ مېيىن ئىشتاتىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن بىرىدە ماندېلانىڭ ئېيىسىن گېرىكمان ئىسىملىك بىر دوستى بار ئىدى. ماندېلا ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە: «مەن دېھقانچىلىق مەيدانىدا قايتىدىن ياشاشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن» دەيدۇ. ئۇ ھەمىشە بالىلىق چاغلىرىدىكى سەھرا تۇرمۇشىنى ئەسلەيتتى. ماندېلا 1986 ـ يىلى ئەيفى شۇتسقا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «گەرچە شەھەردە شۇنچە ئۇزاق ياشىغان بولساممۇ، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا سەھرادىكى بالىلىق ھاياتىم مەھكەم ئورناقلىق. بىپايان يايلاق، گىرىمسەن چاتقاللىق، ياپيېشىل ئوت ـ چۆپ، غەمسىز تۇرمۇش قاتارلىقلار ماڭا ھاياتنىڭ تولىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.»

ماندېلانىڭ كىتاب ئوقۇش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيدى. ئۇنىڭدا بونناردىنىڭ «پەن ـ تېخنىكا تارىخى»، شاپېرانىڭ «ھۆكۈمەت ۋە سىياسەت»، ھېرمان ۋە ھېلىنىڭ «جۇمھۇرىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۆلىتى»، سامىر ئامىنىنىڭ «غەربىي ئافرىقىدىكى يېڭى مۇستەملىكىزم» قاتارلىق ئەسەرلەر بار ئىدى. بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كاترادا تۈرمىگە ئوغرىلىقچە ئەكىرگەنىدى. ماندېلا مارى بېنسېنىنىڭ ئافرىقا تارىخىنى يېزىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە: «بىزنىڭ قەدىمكى رىم ئەدەبىياتىغا بولغان مۇھەببىتىمىز ھازىرمۇ شۇنچىلىك چوڭقۇر. بىراق، لۇتو ۋە كامانىڭ ئەسەرلىرىمۇ بىزنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزىقىشىمىزنى ئاشۇرىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ ئادلاد يوسېفقا مۇنداق خەت يازغان: «مېنىڭ راھەتلىنىش ئۇسۇلۇم رومان ۋە تەرجىمىھال ئوقۇش.» ھالبۇكى، ماندېلا سىياسىي خاراكتېرلىك رومانلارنى ئوقۇشنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ نادىن گودمېرنىڭ 1979 ـ يىلىدىكى «بېرگېرنىڭ قىزى» ناملىق ئەسىرىدىن بەكمۇ زوق ئالاتتى. بۇ رومانىنىڭ پروتوتىپى ماندېلانىڭ دوستى بىرام فىشىرىس ئىدى.

ماندېلا جەمئىيەتتىكى ئىشلاردىن قانچە بەك خەۋەردار بولغانسېرى، جەمئىيەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرىكەتلەرگە قاتنىشالمىغىنىدىن شۇنچە تىت ـ تىت بولاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ دۆلىتى ئېچكى ئۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

1980 ـ يىلى 3 ـ ئايدا باشلانغان «ماندېلانى قاماقتىن بوشىتىش» ھەرىكىتى غەيرىي دۆلەت قارمىقىدىكى چوڭ تەشكىلاتلار ئارىسىدا ياخشى تەشۋىق قىلىندى. كېيىنكى كۈنلەردە گېۋېن مېبېكىنىڭ ئېيتقىنىدەك، شۇ قېتىملىق جەڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سىياسىي سەھنىنىڭ يادرو قىسمىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى بولغانىدى. تابو 1980 ـ يىلى «ئەركىنلىك نىزامنامىسى»نى يېكىتكەن بولسىمۇ، بۇ نىزامنامە 25 يىل بۇرۇن ئېلان قىلىنغانىدى. ئافرىقىدىكى ئىرقىي دېموكراتىيە نىزامنامىلىرىنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بۇ نىزامنامە ئۈچۈن يەنە بىر قېتىملىق كۆرەشكە تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. كېيىنكى يىلى، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20

يىللىقى مەزگىلىدە «جۇمھۇرىيەتكە قارشى» ھەرىكەت پارتلىدى. روببېن ئارىلىدىن قويۇپ بېرىلگەن سىياسىي جىنايەتچىلەر بۇ كۈنلەردە جەنۇبىي ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا مۇھىم رول ئويناۋاتاتتى. 1981 ـ يىلى ھاراركىدىكى قەستلەش ۋەقەسىدىن ئىلگىرى، جو گوگابى سوۋېتتا بىر «ئۆگىنىش ئەترىتى» قۇردى. بۇ ئەترەتتە روببېن ئارىلىدىكى قارا تەنلىكلەر ئۆيگىنىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان بوپ مېلىق، ئېكىل موربى ۋە مورفى مولوب قاتارلىق سابىق ئەزالار كۆپ ئىدى. دۇربانىدا ھىندىستانلىق ۋە ئافرىقىلىق ياشلار بىر مەيدان چوڭ كۆلەملىك ھەرىكەت پىلانلاۋاتاتتى. بۇ ھەرىكەت مارك ماخراجنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. 1980 ـ يىلىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش روھى قارا تەنلىكلەر ئۆيگىنىش ھەرىكىتى، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە دىنىي زاتلار قاتارلىق تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ قاتنىشىشىدىن شەكىللەنگەنىدى. بىراق، لۇساكادا تۇرغان تابو «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى چوقۇم كەڭ كۆلەملىك بىرلىككە كەلگەن ئۇرۇش فىرونتى قۇرۇشى كېرەك، ھازىر بار بولغان ئىتتىپاقداشلارنى ۋە يوشۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىتتىپاقداشلارنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىنقىلابىنى قوغداشقا، ئىلھاملاندۇرۇشقا، يېتەكلەشكە، كۆرسەتمە بېرىشكە، رەھبەرلىك قىلىشقا قاتناشتۇرۇپ، بىردەك ھالدا دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش كېرەك» دەپ قارىدى.

1982 ـ يىلى بولسىمۇ تۇرمىسىگە بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بوتا بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ يۆنىلىشىنى خاتا تەرەققىيات يولىغا يېتەكلىدى. بوتا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى ئۆزگەرتمەكچى، ھىندىستانلىقلارنىڭ ۋە رەڭلىك ئىرقلىقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا پارلامېنت ۋەكىلى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى ئىدى. ھالبۇكى، بۇ ئىسلاھات ئافرىقا خەلقىنى سىرتتا قالدۇرغان بولۇپ، خەلقنىڭ تاللاش ھوقۇقى يوق ئىدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر توپىنى پارچىلاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدى. ھالبۇكى، ئاقىۋەتتە ئەكس تەسىر كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھەرقايسى ئىرقچىلارنى ۋە سىياسىي پارتىيەلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپ، جەڭ سېپىنى روياپقا چىقىرىش سادالىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. تابو 1983 ـ يىلىنى «بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش يىلى» دەپ ئاتاپ، «دۆلەتنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىش» نى مۇراجىئەت قىلدى.

كېيپتاۋندىكى رەڭلىك ئىرقلار توپى يەنە بىر قېتىم كىشىنى چۆچۈتىدىغان قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار بىر قەدەر مۇتەئەسسىپ بولۇپ، قارا تەنلىكلەرگە قارىغاندا ئاق تەنلىكلەرگە بەكرەك مايىل ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپىنچە كىشىلەر ئاساسىي قانۇن تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇۋېتىلگەنىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يىراقنى كۆرەر بىر دانا رەھبەر ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قوللاش قارارىغا كېلىپ، ئافرىقا خەلقى بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنگە قەتئىي قارشى تۇرغانىدى. ئۇلار بىر تۈركۈم باتۇر ئەسكەرلەرنى تەشكىللىدى، ماندېلا ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمىدى.

گوللاندىيە كالۋىن دىنىي جەمئىيىتىدىكى رەڭلىك ئىرقتىكى كىشىلەرنى تارقاقلاشتۇرۇش تەشەببۇسچىلىرىنىڭ بىرسى — پوپ ئېلىن بوساك يېقىندا دۇنيا كالۋىن دىنى جەمئىيىتى ئىتتىپاقىنىڭ باش رەئىسى بولدى. ئەمدىلا 37 ياشقا كىرگەن، ئىنتوناتسىيەسى جانلىق ئىلاھىيەتچى بوساك ئۇزاق ئۆتمەيلا كىشىنى غەش قىلىدىغان ھەشەمەتكە خۇشتار مىجەزىنى ئاشكارىلىدى. ھالبۇكى، ئۇ بىر داڭدار ناتىق بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى دائىم مارتىن لۇتېر كىڭغا سېلىشتۇراتتى. ئۇ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشتا بەكلا ئاۋانگارت ئىدى. 1983 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يوھاننىسبۇرگتىكى بىر قېتىملىق يىغىندا، ئۇ ئاۋۋال ئورتاق جەڭ سېپى قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ

بۇ تەشەببۇسى دەسلىپىدە بىر تەرەپكە بەكلا ئېغىپ كەتكەندەك بىلىنگەن بولسىمۇ، كېيىن ئاۋانگارت زاتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، تۈرلۈك ئىرقلار ۋە ھەر خىل توپلاردىن تەشكىل تاپقان يېتەكلەش كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ كومىتېت ماندېلانى قاماقتىن بوشىتىش كومىتېتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بوتا ھۆكۈمىتى ئەمدىلا ئۈچ كابىنېتلىق تۈزۈم لايىھەسىنى ئېلان قىلىشىغا، ئۇلار قارشىلىق كۆرسىتىشنى باشلىدى. 1983 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، يەنى ئاق تەنلىكلەر پارلامېنتى مۇشۇ لايىھەنى ئېلان قىلىشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇلار كېيپتاۋىننىڭ سىرتىدىكى رەڭلىك ئىرقلار توپى ئولتۇراقلاشقان مىچېل پايلىقىدا چوڭ كۆلەملىك يىغىن چاقىرىپ، بىرلەشمە دېموكراتىيە سېپىدىن ئىبارەت يېڭى بىر تەشكىلنى قۇرۇپ چىقتى. يىغىندا ئوچۇق - ئاشكارا نۇتۇق سۆزلىگىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ پېشقەدەم ئايال ئەزاسى فرانسىس بارد ئىدى. ئۇنىڭ نۇتقى كىشىگە مارك مىلۇننىڭ 20 يىل ئىلگىرى سۆزلىگەن «ئۆزگىرىش شامىلى» ناملىق نۇتقىنى ئەسلەتتى. يىغىندا فرانسىس ئۆزىنىڭ «ئەركىن ئاتموسفېرا» نىڭ پۈتكۈل ئافرىقىغا تارقالغان ھىدىنى پۇرىغانلىقىنى ئېيتتى، «رەھبىرىمىزنى قويۇپ بېرىڭلار» دەپ مۇراجىئەت قىلدى. ئۇ ماندېلانىڭ تۈرمىدىن ئەۋەتكەن خېتىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇدى ۋە ماندېلانىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى قوللىغۇچىلارنىڭ بىرسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىرلەشمە دېموكراتىك سەپ ئۈچۈن چىقارغان تۆھپىلىرى توغرۇلۇق ھەر خىل گەپ - سۆزلەر بولۇندى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىرلەشمە دېموكراتىك سەپنىڭ رەھبەرلىكىگە كۆرسەتكەن تەسىرى بەك زور بولغانىدى. بىرلەشمىنىڭ ئۈچ رەئىسىنىڭ ھەممىسى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇلار يوھاننىسبۇرگتىن كەلگەن ئاربوندا سىسۇلۇ (ۋالتېر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىسۇلۇنىڭ ئايالى)، ئوسكار مۇبېت ۋە ناتالدىن كەلگەن ئاچ كومېند قاتارلىقلار ئىدى. 1982 ـ يىلى روببېن ئارىلىدىن قويۇپ بېرىلگەن بوپ مولېف ۋە تېللا لىكتا قايتا قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى «قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتى» دىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەن، ئايرىم ھالدا باش سېكرېتار ۋە تەشۋىقات كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغانىدى.

1983 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ھۆكۈمەت «ئۈچ كابىنېتلىق تۈزۈم» ئاساسىي قانۇنىنى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قويدى. بۇ ئىش سودا ساھەسىدىكى بىر تۈركۈم كاتتىباشلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. قارشى تۇرغۇچىلار ئارىسىدا ھېنرى ئوبېنهام، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى ياقىلايدىغان بىر قىسىم سىياسىيونلار ۋە بۇ ئىشنىڭ ئافرىقا خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتكەن، يەنى تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ ئەربابى ـــ فانسېر سىلەيبورت قاتارلىقلار بار ئىدى. بىراق، بۇ ئىش كۆپ قىسىم سودىگەرلەر، زور تەسىر كۈچكە ئىگە ئىنگلىز تىلىدىكى «ھەپتىلىك ۋاقىت گېزىتى» ۋە «پۇل مۇئامىلە پوچتا گېزىتى» نىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. تاشلانغان بېلەتنىڭ 76 پىرسەنتى بۇ يېڭى قانۇنىنى قوللىدى. بوتا غەلىبە قىلدى. ئۇ دۆلەت پىرېزىدېنتلىقىدىن ئىبارەت يېڭى نامغا ئېرىشكەن، ئاق تەنلىكلەرگە، ھىندىستانلىقلارغا ۋە رەڭلىك ئىرقتىكىلەرگە رەھبەرلىك قىلغان بولسىمۇ، ئافرىقىدىكى يەرلىك تىلغا بولغان ھوقۇقى ئىلگىرىكىدىن ئاجىزلاپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، بوتا بىلەن موزامبىك پىرېزىدېنتى سامالا ماسىر ئوتتۇرىسىدا «ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. (بوتا) بۇ ئارقىلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى چەتكە قېقىش جەھەتتە دىپلوماتىك غەلىبىگە ئېرىشتى. رەسمىدە جۇغى كىچىك ماسىر بەستلىك

كەلگەن بوتانىڭ يېنىدا تۇراتتى. بۇ ھالەت بەئەينى پرېتورىيە زوراۋانلىقىنىڭ غەلىبىسى ۋە قورال ـ ياراغ كۆرشىگە ئېغىر زەربە بەرگەندەك تۇراتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ «تەرەققىيات ئىچىدىكى دۇنيانى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتكەن» ئىدى. بىراق، بۇ كېلىشىم ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئىچكى قوزغىلاڭغا ئېلىپ باردى.

ماندېلا ئىنقىلابىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتە ھېچ ئىش قىلالمىغىنىدىن تولىمۇ ھەسرەتلەندى. ئۇ بوتانىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمى ئىسلاھاتى دەپ قارىغان ئىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە ھىندىستانلىقلارنى، رەڭلىك ئىرقتىكىلەرنى ۋە ئافرىقىلىقلارنى تۈرگە ئايرىش ئارقىلىق، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىنى تېخىمۇ بەك ئەۋجگە ئاچقۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇنداقتىمۇ غەيرىي ئاق تەنلىكلەر ئۈچ كابىنېتلىق تۈزۈمنىڭ 1984 ـ يىللىق سايلام نەتىجىسى ماندېلاغا ئاز ـ تولا تەسەللىي بولدى. قانۇنىي سايلام ھوقۇقىغا ئىگە خەلقتىن پەقەت 31 پىرسەنت رەڭلىك ئىرقتىكىلەر ۋە 20 پىرسەنت ھىندىستانلىقلار سايلامغا قاتناشقانىدى. ئۇزاققا قالماي ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېڭى پارلامېنت ئىنقىلابىي شەخسلەرنى بۆلۈۋېتىپلا قالماي، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئۇيۇل تاشتەك ئىتتىپاقلىشىشىغا سەۋەب بولدى. بىرلىك سەپ رەھبەرلىرىنىڭ قولغا ئېلىنىشى، تەقىبكە ئۇچرىشى ۋە قەستكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئۇلار يەنىلا بىر نىيەتتە ھەمكارلاشتى. ئۇلارنىڭ تارقاق تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى. پەقەت ئەڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەر يۆتكەلسىلا، شۇ يەردىكى كىچىك تەشكىلاتلار شۇنىڭغا ئەگىشىپ يۆتكىلەتتى. كېيىن ۋولت سىسۇلۇ بىرلىك سەپكە «بوتا سىستېمىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى يامان ۋەزىيەتكە دۇچار قىلىشتا ھەل قىلغۇچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خاراكتېرلىك رول ئوينىدى» دەپ باھا بەردى.
بولسىمۇردا ماندېلانى يوقلاش ۋاقتى يەنىمۇ ئۇزارتىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. ماندېلانىڭ ئويىچە ئۆزىنى يوقلاپ كەلگۈچىلەر بوتا ۋە ئىچكى كابىنېتىنىڭ «رېژىمسورلۇقى» ئاستىدا كەلگەنىدى. ماندېلا بولسا يوقلاپ كەلگۈچىلەرگە ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكىنى ۋە ئوخشاش بولمىغان مۇھىتلارغا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق تاشقى دۇنيادىن خەۋەردار بولۇپ، دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشىۋالماقتا ئىدى.
دەسلەپتە ماندېلانىڭ بىر تۈركۈم مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىشىغا يول قويۇلدى. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «لاندوندىلىك پوچتا گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى بېنجامىن بوگلىن ماندېلانى زىيارەت قىلدى، ئەمما بۇ زىيارەتنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. ماندېلانى كۆرمىگىنىگە 20 يىل بولغان بوگلىن ماندېلانىڭ چېچىنىڭ پۈتۈنلەي بوز رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى، يۈزىگە قورۇق چۈشۈپ، كۆزلىرى خۇنۇكلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بەكلا چۆچۈپ كەتكەنىدى. بىراق، ماندېلانىڭ تەپەككۇرى تېخىچە شۇنداق ئۆتكۈر بولۇپ، روبوت سۈبۈكۈلىنىڭ تۇل خوتۇنىدىن تارتىپ گېزىتنىڭ كومپيۇتېرلىشىپ ئىشلىتىلىشىگىچە بولغان ھەرقانداق ئىشقا ناھايىتى قىزىقسىناتتى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ گېزىت نەشردىن توختىدى، بىراق، ماندېلا گېزىتنىڭ ئەنئەنىۋىلىكىنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.
خىرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭمۇ ماندېلانى زىيارەت قىلىشىغا يول قويۇلغانىدى. 1984 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كېيپتاۋن ئۇنىۋېرسىتېتى دوستلۇق گۇرۇھىنىڭ پىروفېسسورى مۇرىتى فاندېر مارۋىي ماندېلانى زىيارەت قىلدى. مارۋىي سىياسىي مۇرەسسەچىلىككە كۆچەپ، باشتىن ـ ئاخىر ۋىنىنىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەنىدى. پىروفېسسور مۇرىتى زامبىيە پىرېزىدېنتى

كېنىس كاۋېنداننىڭ ئىخلاسمەن خرىستىيان دىنى مۇرىتى ئىكەنلىكىنى ماختىدى. ئاندىن ماندېلادىن ئۇدۇللا «سىز خرىستىيان دىنى مۇرىتىمۇ؟» دەپ سورىدى. «ئەلۋەتتە شۇنداق» دېدى ماندېلا. تۈرمىدىكى قاراۋۇل ماندېلانىڭ ئەزەلدىن بىرەر قېتىملىق ئىبادەتنىمۇ قولدىن بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. فاندېر مارۋېي تۈرمىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ: «بۇ كىشى پات يېقىندا تۈرمىدىن چىقىپ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ، شۇنداقلا ھۆكۈمەت خادىمىغا ئايلىنىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئۇچۇن ياخشى تىلەك تىلەيمىز» دېدى.

1985 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ماندېلانى زىيارەت قىلدى. زىيارەتكە كەلگۈچى بوي ـ بەستى گەۋدىلىك سېر بېيچىنىر ئەنگلىيەلىك ئاقسۆڭەك ئىدى. «بوي ـ بەستى يوغان، ئۇچىسىغا پاك ـ پاكىز زەيتۇن رەڭ كۆڭلەك ۋە قىر چىقىرىپ دەزماللانغان كۆك رەڭلىك دېڭىز ئارمىيەسى ئىشتىنى كىيىۋالغان، چېچى كۈمۈش رەڭ ئەرخانىغا كىرىپ بېيچىنىر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكىنىدە ۋە ئۆلچەملىك ئىنگلىز تىلىدا ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغىنىدا» بېيچىنىر ناھايىتى ھاياجانلانغانىدى. گەرچە ماندېلانىڭ جىسمى تۈرمىگە قامالغان بولسىمۇ، يەنىلا بىر گېنېرالغا ئوخشايتتى. ئىككى سائەتلىك سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق بېيچىنىر «كىشىنى ھاياجانلاندۇرۇۋېتىدىغان بۇ كىشىدىن ئايرىلىشقا قىيمايۋاتقىنىنى» ھېس قىلغانىدى. بېيچىنىر ئەنگلىيەگە قايتىپ، ساچىر خانىمغا ماندېلانىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان بولسىمۇ، ساچىر خانىم ماندېلانىڭ دەۋا تەلىپىنى قوللىمىدى. 4 ـ ئايدا ماندېلا بېيچىنىرغا خەت يېزىپ ساچىر خانىمنىڭ گورباچېف ۋە رىگان بىلەن مۇناسىۋىتى بار ياكى يوقلۇقىنى سورىدى. ئەمما، بۇ خەت بېيچىنىرغا يەتكۈزۈلۈپ بېرىلمىدى. بېيچىنىرغا «ماندېلا ئەپەندىنىڭ جاۋاب خېتىنىڭ كەينىگە سۈرۈلۈش ئېھتىماللىقى» ئۇقتۇرۇلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۇزاق ئۆتمەي، ئامېرىكا جورجىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى سام داش ماندېلا بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. داشمۇ ئوخشاشلا ماندېلانىڭ ئىپسىل مىجەزىگە قايىل بولغانىدى: «مەن ئۆزۈمنى بىرەر پارتىزانلىق ئەترىتىنىڭ ئاۋانگارت ئەزاسىنىڭ ئالدىدا ئەمەس، بەلكى بىر دۆلەت مارشالىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدىم.» ماندېلا ئۆلچەملىك ئەنگلىيە تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ، ھۆكۈمەت ۋەدە قىلغان ئىسلاھاتنى ۋە نىكاھ قانۇنىنى ئوچۇق - ئاشكارا سۆكۈپ مۇنداق دېدى: «بەلكىم سىز بۇ ئىشلارنى زورلۇق دەپ قارىمايدىغانسىز. سەممىيلىك بىلەن ئېيتقاندا، مېنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانىم ئاق تەنلىك ئايال بىلەن توي قىلىشقا بولامدۇ، يوق ياكى ئاق تەنلىكلەر بىلەن بىر سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىدە سۇ ئۈزۈشكە بولامدۇ، يوق، دېگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئەمەس.» ئۇ داشقا ئاق تەنلىكلەرنىمۇ جەنۇبىي ئافرىقىغا تەۋە دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى: «بىز بۇ دۆلەتتە ئۇلار بىلەن بىللە ياشاشنى، ھوقۇقتىن بىز بىلەن ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئۈمىد قىلىمىز.» ئۇ ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىدى. شۇنداقلا كەلگۈسى تۇرمۇشتىكى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان قىيىنچىلىقلاردىن قايغۇردى: «مەن دۆلەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە، شۇنداقلا ھوقۇقنى پۈتكۈل ئافرىقا خەلقىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويغان.»

بىر قېتىملىق يېڭى قارشىلىق كەيپىياتى نارازىلىقنى ۋە زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى بارغانسېرى ئەۋجگە چىقىرىۋەتتى. قارا تەنلىكلەرنى ئۈچ كابىنېتلىق تۇزۇم سايلىمىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ قويۇش ھادىسىسى قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ، بولۇپمۇ بانتۇنستاننىڭ مائارىپى ۋە يەر ئىجارىسى جەھەتتىكى نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. پۇقرالارنىڭ ئۆزلىرى ئۇيۇشتۇرغان قارشىلىق كۆرسىتىش

ھەربىكتى پۇتكۇل دۆلەتنى قاپلىدى. بىرلەشمە دېموكراتىك سەپ بۇ جەھەتتە بەلگىلىك قوزغاتقۇچلۇق رول ئوينىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۇزاقتىن بېرى سىياسەتتىكى جانلىنىشقا دىققەت قىلىش بىلەن بىللە، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ يوھاننىسبۇرگنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۈچ بۇرجەك رايوندا تېخىمۇ شۇنداق بولدى. ھۆكۈمەتنىڭ قارا تەنلىكلەرنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم قېلىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالدى. شۇ ۋەجىدىن، ئارمىيەنى كونترول قىلىش ئۈچۈن قارشى تۇرۇش ھەربىكتىنى رەتكە سالماي بولمايتتى. «ۋەزىيەت چاك ـ چېكىدىن بۆسۇلۇپ كەتتى، پۈتۈنلەي كونترول قىلغۇسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى» دېدى ۋىننى. ھالبۇكى، ۋىننى كېيىنكى كۈنلەردە كونترول قىلىش ئەڭ قىيىن بولغان ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ لۇساكادا تۇرۇشلۇق رەھبەرلىرى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش باشقىلارغا باش ئېگىپ تۇرسا بولمايتتى. ئۇلار ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلدى. 1985 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تابو «جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىكنى قوللايدىغان»لىقىدىن ئىبارەت كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر يېڭى يىللىق سۆزنى ئېلان قىلدى. شۇنداقلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللانغان»لىقىنى جاكارلىدى. بولسىمۇردىكى سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ سۆزنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قوللىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ خىل سىياسەتنىڭ بىر سىياسىي پارتىيەگە بولغان خەتىرى ناھايىتى زور ئىدى. چۈنكى، بۇ سىياسىي پارتىيەنىڭ پات يېقىندا ھوقۇقنى قولغا ئېلىش مۇمكىنچىلىكى چوڭ ئىدى. سىسۇلۇ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھۆكۈمەتسىز ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتىنىڭ پاسسىپ تەسىرىدىن ناھايىتى ئەندىشە قىلغان. خەلق ئارىسىدا زەنجىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېسىش (لىق بېنزىن قۇيۇلغان بالوننى ئاراب چەككۈچىنىڭ بوينىغا ئېسىپ، ئۇنىڭغا ئوت قويۇشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئىرقىي زوراۋانلىق ئىچىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋال) تىپىدىكى تولىمۇ خەتەرلىك ئىش ـ ھەرىكەتلەر بار ئىدى... ماددىبامۇ ماڭا ئوخشاش كۆزقاراشتا دەپ ئويلايمەن.»

ھالبۇكى، شۇ چاغدا تۇرمىدىكى كىشىلەر ئۇچۇن «جەنۇبىي ئافرىقىنى ھۆكۈمەتسىز باشقۇرۇش» ئىستراتېگىيەسىدىن باشقا تاللاش يوق ئىدى. سىسۇلۇ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «خەلقئارادىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنى قوللاش مەيدانىدا بولدى. ئەگەر بۇ ئىستراتېگىيە مۇۋاپىق بولسىلا، بىزنىڭ غەلىبىگە ئېرىشەلىشىمىزگە ھېچقانداق سەۋەب قالمىغان بولاتتى.» ئاق تەنلىك لىبېراللىستلار پارتىيەسىدىكى شەخسلەر ۋە سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىستراتېگىيەگە قارشى تۇردى. ھېنرى ئابراھام بۇنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى، دەپ قارىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماندېلانى قويۇپ بېرىش چاقىرىقلىرىنىڭ داغدۇغىسى ھەممە ياقنى قاپلىدى. پرېزىدېنت بوتا ناھايىتى ئېغىر بېسىم ئاستىدا قالدى. ئۇ بۇنىڭ ئۇچۇن ئىنكاس قايتۇرۇشى، شۇنداقلا بۇ قېتىملىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزىنىڭ «تىنچلىق ھامىيسى»لىق ئوبرازىنى نامايان قىلىشى كېرەك ئىدى. بوتا ياۋروپانى زىيارەت قىلغان مەزگىللەردە، فرانس يوسېف ستراۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گېرمانىيەنىڭ ئوڭچى رەھبەرلىرى بوتاغا پەقەت ماندېلالا زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىدىن ۋاز كېچىشكە ۋەدە بەرسە، ئۇنى قويۇپ بېرىش تەكلىپىنى بەردى. بوتانىڭ نەزىرىدە بۇ ناھايىتى ئاقىلانە ھەل قىلىش چارىسى ئىدى. بوتا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئىچكى كابىنېتتا: «ئەگەر ماندېلا بۇ تەلەپنى رەت قىلسا، پۈتۈن دۇنيا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنى قويۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ» دېدى. ئەدلىيە مىنىستىرى

كوبى كوتزې ۋە قانۇن - تەرتىپ مىنىستىرى لۇئىس لېگرانىچ بوتاغا ماندېلانىڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانىدىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

1985 - يىلى 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بوتا پارلامېنتتىكىلەرگە، ماندېلا پەقەت قورال كۈچى ئىشلىتىشتىن ئىبارەت سىياسىي ۋاستىدىن شەرتسىز ۋاز كەچسە، ئۇنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلا بولسىمۇ ئىشخانىسىغا چاقىرتىلىپ، ئۇنىڭغا دۆلەتنىڭ بۇ قارارى ئۇقتۇرۇلدى. ماندېلا بۇ ئىشقا ئاشكارا ئىپادە بىلدۈرۈشنى نىيەت قىلىپ، شۇ كۈنى ئاخشىمى بىر مەيدان نۇتۇق ئارگىنالىغا ئىدىيە تەييارلىقى قىلىپ قويدى. نۇتۇقنىڭ مەزمۇنى بوتا ھۆكۈمىتىنىڭ شەرتىنى رەت قىلىدىغانلىقى، سۆھبەت ھوقۇقىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىگە قارشى تۇرىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ۋىننى ئۇنى يوقلاپ كەلگەندە، ئۇ ۋىننىغا نۇتۇق ئارگىنالىنى تاپشۇرۇپ بەردى. 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ماندېلانىڭ قىزى جىندىز نۇتۇق ئارگىنالىنى تەنتەربىيە مەيدانىدا «دادام مۇنداق دەيدۇ...» دېگەن كىرىش سۆز بىلەن ئوقۇدى. بۇ نۇتۇقتىن ماندېلانىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە سادىقلىقى ۋە «ئەڭ ئۇلۇغ دوستى» تابونىڭ مۇستەھكەم مەيدانىنى قوللايدىغانلىقى ئىپادىلەنگەنىدى. نۇتۇقتا يەنە زوراۋانلىق ھەرىكىتىدىن ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك بولغىنى دەل بوتانىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەنىدى. بوتا ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلسىلا، ماندېلا قويۇپ بېرىلىشنى قوبۇل قىلاتتى: «مېنىڭ ئافرىقىلىق خەلقىم، سىلەر تېخى ئەركىنلىككە ئېرىشمىدىڭلار، مەن مەڭگۈ ھەرقانداق ۋەدىنى بەرمەيمەن.»

بۇ 20 يىلدىن بېرى ماندېلانىڭ ئاۋازىنىڭ تۇنجى قېتىم ئاممىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇشى ئىدى، بۇ نۇتۇق ئۇنىڭ

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن بىرلەشمە دېموكراتىك فىرونتىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىش مەيدانىنى ئىپادىلىگەنىدى. كىشىلەر قاتتىق خۇشاللىققا چۆمدى. روببېن ئارىلىدىن ئاللىقاچان قويۇپ بېرىلگەن تىللا لىكتا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ، قىزىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «توپ – توپ ياشانغان كىشىلەرنىڭ ھاسىسىسىغا تايانغان ھالدا نۇتۇق مۇنبىرىگە قاراپ سىلجىۋاتقىنى ئېسىمدە.» جىنىدىزنىڭ نۇتقى ئاياغلاشقاندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر يۈز – كۆزى ياش يۇقى ھالدا مەيداندىن ئايرىلدى: «ئۇلار ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدى.» تابو بۇ نۇتۇقنىڭ نەتىجىسىدىن ناھايىتى رازى بولدى. ئۇ ئادرېد ئارقىلىق ماندېلاغا خەت يازدى. خېتىدە «دىنىي جەمئىيەت» ئارقىلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئىشارەت قىلدى، «ماددىبادەك مېھرىبان ئېپىسكوپ» ئارقىلىق ماندېلانى ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئېپىسكوپنىڭ «دانالىقىنى، كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان گەپ – سۆزلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغانلىقىنى... ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىش بۇرغىسىنى چالغىنىنى ماختىدى، شۇنداقلا دىنىي جەمئىيەت رەھبەرلىكى ئارىسىدا پات ئارىدا بىر مەيدان ئىسلاھات بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.»

ۋەزىيەت قاتمال ھالغا چۈشۈپ قالدى. بىراق، بوتا ئامىنىنىڭ ئالدىدا ھازىرقىدەك مۇرەسسەچىلىكنى ئىپادىلىمىدى. جىنىدىز نۇتقىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئەدلىيە مىنىستىرى كوبى كۇتزنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز، بىز بولۇڭغا قاپسىلىپ قالدۇق، ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا ئامالىڭىز بارمۇ؟»

بۇ چاغدا ماندېلا تېخىچە تۈرمىدە جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتاتتى. زوراۋانلىق بارغانسېرى ئەۋجگە چىقماقتا ئىدى. 1985 – يىلى 3 – ئايدا شارپۋېل چوڭ قىرغىنچىلىقىنىڭ 25 يىللىق خاتىرىسى

مەزگىلىدە، زوراۋانلىق ھەرىكىتى يېڭى بىر يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ساقچىلار ئايتېنخاگدا 19 نەپەر قارشىلىق كۆرسەتكۈچىنى ئۆلتۈردى. ئۈچ ئايدىن كېيىن، زامبىيەنىڭ كابۋېيدا ئۆتكۈزۈلگەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ چوڭ يىغىنىدا، تابو زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ئۇلغىيىدىغانلىقى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «يۇمشاق نىشان» بىلەن «قاتتىق نىشان» نى ئايرىشىنىڭ ناھايىتى تەسكە توختايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى. ئۇ ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭنى تەشەببۇس قىلمايتتى، چۈنكى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭنىڭ ئىشقا ئېشىشى بەك مۈشكۈل، دەپ قارايتتى. ئۇ قارا تەنلىك ساقچىلارغا مىلتىقنى ئۆزىنى ئىدارە قىلىۋاتقانلارغا تەڭلەشكە تەييارلىق قىلىش تەكلىپىنى بەردى.

جەنۇبىي ئافرىقىنى ھۆكۈمەتسىز ئىدارە قىلىش تېخىمۇ ئىشەنچلىكتەك تۇراتتى. شۇنداقلا ئىككىلا تەرەپ سىگنال چالغانىدى. ئاۋانگارت قاراتەنلىك ياشلار قاراتەنلىك ساقچىلارغا ۋە چېقىمچىلىق قىلىش مۇمكىنچىلىكى بارلارغا نىسبەتەن زوراۋانلىقتا قارشى سېسىق نامى پۇر كەتكەن «زەنجىر ئېسىش» شەكلىدىكى ھەرىكەتلەرنى قوزغىدى. بۇ ھالنى پرېتورىيە «قارىنىڭ قارىنى يېيىشى» دەپ تەسۋىرلىدى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى، ئەڭ ئېغىر زوراۋانلىقنى ھۆكۈمەت باشلىدى. مەسىلەن، 1985 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مېنگى كاسانا ئىسىملىك بىر قىز تاش بىلەن ئۇرۇلۇپ، تىرىك تۇختىتىپ كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۈرلۈك مەخپىي سۇيىقەستى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ سۇيىقەست نەچچە يۈز ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى.

ھۆكۈمەت تېخىچە كەيسار ماتانزىمانى ماندېلانىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، ئۇ ئارقىلىق ماندېلانى ترانسكېي ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىشقا قايىل قىلىش غەرىزىدە ئىدى. بىراق، ماندېلانىڭ بۇ

www.uyghurkitap.com

جىيەنىنىڭ بۇ ئىشتا بەك چىڭ تۇرۇشى ماندېلانى تولىمۇ ئاۋارە قىلدى. ماندېلا 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئەگەر ئۇ، بۇ ئىشنى يەنە تىلغا ئالسا، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى: «بىز ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ترانسكېي ياكى بانتۇستان قاتارلىق جايلارغا قويۇپ بېرىلىشنى قوبۇل قىلمايمىز.» ئىلگىرى ماندېلا قەھرىمان دەپ تونۇغان بۇ شەخس ماندېلانىڭ قەلبىنى چوڭقۇر جاراھەتلەندۈردى. «بىز ھازىرمۇ شۇنچىلىك يېقىن»، ئىككى ئايدىن كېيىن ماندېلا فاتىمە مىلغا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ھۆكۈمەتكە سېتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن قەلبىمىزدە ئۆچمەنلىك قوزغالدى. سىياسەت ئائىلىلەرنى، قەھرىمانلارنى ۋە چوقۇنغۇچىلارنى نابۇت قىلدى.» 1985 ـ يىلى ماندېلا ماتانزىمانىڭ يوقلاش تەلىپىنى رەت قىلدى. ئۇ بۇنىڭدىن خورلۇق ھېس قىلدى. ماندېلا ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سىياسەتكە سۆرەپ كىرمەسلىكنى ئېيتتى. «سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسا، بىر ئاممىۋى شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن — ئۇ قانچىلىك «خەتەرلىك ئىنقىلابچى» ھېسابلانسۇن ياكى پەقەتلا بانتۇستاننىڭ رەھبىرى ھېسابلانسۇن، ئۇنىڭ ئوبرازىنىڭ بۇنچىۋالا خۇنۇكلىشىپ كېتىشىنى قوبۇل قىلغىلى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئەمدى بىزنىڭ ئۈلگىمىز بولۇشقا ماس كەلمەيدۇ.» تۆت ئايدىن كېيىن، ماتانزىما «مۇقەددەس جاي» دىن ئۆز پوچېركىسى بىلەن يەنە بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

سىزگە خۇشاللىق بىلەن شۇنى ئۇقتۇرىمەنكى، سىز بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈش مېنى خۇشال قىلىدۇ. تۇرمىنىڭ سىرتىدا سىز بىلەن كۆرۈشۈش مېنى ئوخشاشلا خۇشال قىلىدۇ.

سىزنى سېغىنىپ: ماتانزىما

1985 ـ يىلى 7 ـ ئايدا كۆپلىگەن قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ

ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تابو ئېيتقاندەك ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى شەكىللەندى. يوھاننىسبۇرگ ئەتراپىدا قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. نۇرغۇن قارا تەنلىك ساقچىلار قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى تاشلاپ، شەھەر سىرتىدا چېدىر تىكىپ ئولتۇردى. ھۆكۈمەت ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «قوش قەدەملىك ئىنقىلاب» پىلانلاۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىردا سىياسىي ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزمەكچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. «قانۇن ـ تۈزۈملەر تامامەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.» ئەنگلىيە BBC رادىيو شىركىتىنىڭ مۇخبىرى گېللىئىم رىچ: «ئەگەر قورال‌لىق قىسىمنىڭ قوغدىشى بولمىسا، ساقچىلار ئەڭ ئادەتتىكى ئوغرىلىق دېلولىرىنىمۇ بىر تەرەپ قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ» دەپ خەۋەر بەردى.

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ھۆكۈمەت دۆلەتنىڭ جىددىي ھالەتكە كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى. ساقچىلارنىڭ ھەرقانداق چەكلىمىدىن خالىي ھالدا گۇماندارلارنى تۇتۇپ قېلىشىغا ۋە سوراق قىلىشىغا يول قويۇلدى. ئەمما، توپىلاڭچى ئامما بۇ سەۋەبلىك قىلچىمۇ بوشىشىپ قالمىدى. بىر ئايدىن كېيىن مەن سوۋېتو رادىكاللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى ھېس قىلىپ يەتتىم. مەيلى باللار بولسۇن ياكى چوڭلار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشقانىدى. دۈشمەنلەشكۈچى تەرەپ مەغلۇبىيەتتىن ئەنسىرەپ تۇرغانىدى. «جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈشنى جاكارلاش تېخىمۇ كەسكىن قارشىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، توپىلاڭ تېخىمۇ كۈچىيىدۇ» دېدى تابو.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تۈرمىگە قامالغان رەھبىرى گېۋىن مىبېكى ۋە بارلىق رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ قېتىملىق توپىلاڭنىڭ «ھەممە يەرنى قاپلىغان ئىنقىلاب» پەيدا قىلىپ، ھۆكۈمەتنى بويسۇندۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى-

www.uyghurkitap.com

بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پرېتورىيە دائىرىلىرىگە نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر زەربىنىڭ خەلقئارا بانكىرلار ۋە مەبلەغ سالغۇچىلاردىن كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. دۇنياۋى خاراكتېرلىك كاپىتال ھەرىكىتى ۋە ئەخلاق سوتىنىڭ بىرىكىشى ھەقىقەتەن بەكلا ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال بولۇپ، مالىيە ئىشلىرى ماگناتى جورج روسسونىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «بازار ئەقلىي بولاتتى». بىراق، ئۇ بۇ قېتىم بازارنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈلمىسىگە نىسبەتەن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىسا بولمايتتى.

ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا تاراتقۇلىرى قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى كۈرەش ئەھۋالى ھەققىدە خەۋەر بەردى. بۇ ئىش تابونىڭ دۆلەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ھەققىدىكى ۋەدىسىنى تارمار قىلدى. ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈلمىسىگە قارشى تۇرغۇچىلار خەلقئارالىق بانكىلاردا پۇل ئامانەت قويغۇچىلارغا ۋە خېرىدارلارغا بېسىمنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى بۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبىي ئافرىقىغا مەبلەغ سالماسلىققا ياكى قەرز بەرمەسلىككە مەجبۇرلىدى. بۇ ئۇسۇل ئاز كۆرۈلىدىغان يۈزلىنىشنى پەيدا قىلىپ، ئۇدا ئىككى يىلدا پرېتورىيە ھۆكۈمىتى چەت ئەلدىن قىسقا مۇددەتلىك قەرز سورايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئەڭ چوڭ قەرز بەرگۈچى نيۇيورك چاس - مانھاتتان بانكىسى بولدى. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بۇ بانكىدىن ئالغان قەرزى جەمئىي 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇ بانكا 25 يىل ئىلگىرى شارپۋىل چوڭ قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، ۋېرۋورد ھۆكۈمىتىنى كۆپ سوممىلىق قەرز بىلەن تەمىنلەپ، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈلمىسى تەرەپتارى دەپ قارالغانىدى. بىراق، 1985 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، يەنى تابو دۆلەتنىڭ جىددىي ئەھۋالغا كىرگەنلىكىنى جاكارلاپ 11 كۈندىن كېيىن، چاس - مانھاتتان بانكىسى قەرز سوممىسىنى

ئاشۇرماسلىقنى، بەرگەن قىسقا مۇددەتلىك قەرزلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشنى مەخپىي قارار قىلدى. بۇ قارارنىڭ سىياسەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. بانكا لىدىرى ۋېراد بۇچ جەنۇبىي ئامېرىكىغا قىلچىمۇ قىزىقمىدى. ئۇ پەقەت نيۇيوركلىق بانكىرلار ۋە پۇل قويغۇچىلارنىڭ نارازىلىقىنى تىنچىتىشنى ئويلىغانىدى. بىراق، بۇ قاراش پرېتورىيە دائىرىلىرىگە نىسبەتەن چوڭ بەختسىزلىك ھېسابلىناتتى. باشقا بانكىلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن تارقىتىلغان قەرزنى قايتۇرۇۋېلىشقا كىرىشتى، راندنىڭ قىممىتى چۈشۈشكە باشلىدى. جەنۇبىي ئافرىقا زاپاس ساقلاش بانكىسى ئامالسىزلىقتىن شىۋېيتسارىيە ۋە گېرمانىيە بانكىلىرىدىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

تۈرمىدىكى ماندېلا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. بۇ ئىش بولۇپ بەش يىلدىن كېيىن ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سەممىيلىك بىلەن ئېيتقاندا، مەن بانكىرلارنىڭ بۇنداق قوللىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. بۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە باشقا سىياسىي ئورگانلارنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى.» سىسۇلۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز بانكىرلارنىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويۇپتۇق. ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقىنى ئاگاھلاندۇرۇشتا ناھايىتى ئېھتىيات قىلىشى كېرەك ئىدى.» لۇساكا ۋە ئولىۋېر تامبو: «بانكىلارنىڭ قەرز بېرىپ تۇرۇشنى رەت قىلىشى بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى مۇھىم ئامىل» دەيدۇ.

پىرېزىدېنت تابونىڭ بانكىرلارنى بەزلەشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇلى مۇرەسسەچىلىك ئىدى. مۇرەسسەنىڭ كونكرېت مەزمۇنى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دۇرباندا ئېچىلغان مىللىي پارتىيەنىڭ يىغىنىدا ئېلان قىلىندى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پىك بوتا بىر قېتىملىق نۇتۇق تەييارلاپ، ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ماندېلانى ئازاد قىلىش توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. ئۇ نۇتقىدا: «بۇ قېتىم بىز جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ،

www.uyghurkitap.com

ھايات ـ ماماتلىق جېڭىگە قاتناشماقچىمىز» دەيدۇ. ئۇ ئۆز نامىدىن ئامېرىكا تاشقى ئىشلار ئەمەلدارى چېكوت كروگ قاتارلىقلارغا پىرېزىدېنتنىڭ پات ئارىدا كەڭ كۆلەملىك ئىستراتېگىيەنى ئېلان قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق كاپالەت بەردى. بولسمۇر تۇرمىسىدىكى بەش نەپەر سىياسىي جىنايەتچى بوتانىڭ سۆزىنى كۈتمەكتە ئىدى.

بوتانىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئۈمىدى يەردە قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «تەختتىن چۈشۈش ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولى»نى رەت قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقنى «ياۋايى كوممۇنىست ئۈتقۈيرۇقلار»غا دۆڭگەپ قويدى. شۇنداقلا «بىزنى مەجبۇرلىماڭلار» دەپ تەھدىت سالدى. ئۇ ماندېلانىڭ كوممۇنىست ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، شۇنداقلا قويۇپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى ماندېلانىڭ ھەرقانداق زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى پىلانلىماسلىق، تەشەببۇس قىلماسلىق ۋە ئورۇنلىماسلىققا ۋەدە بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بوتانىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، كۈتۈش ئىلكىدىكى دۇنياغا نىسبەتەن بوتانىڭ نۇتقى خۇددى «ئۇلارنىڭ بېشىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك» بولدى.

بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى خالىغان ۋاقىتتا كىرىزىس يۈز بېرىدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىدى. خەلقئارا بازارنى تەتقىق قىلىش شىركىتى (MORI) نىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى 70 پىرسەنت قارا تەنلىك ۋە 30 پىرسەنت ئاق تەنلىك ئىچكى ئۇرۇشنىڭ پارتلايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. كۆپچىلىك قارا تەنلىكلەر ۋە بىر قىسىم ئاق تەنلىكلەر دۆلەتنى قارا تەنلىكلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەردىن ئورتاق تەشكىللەنگەن ھۆكۈمەت ئارقىلىق بىرلىكتە ئىدارە قىلىنغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. قارا تەنلىكلەرنىڭ 90 پىرسەنتى ماندېلانىڭ شەرتسىز قويۇۋېتىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. 57 پىرسەنت ئاق تەنلىك ماندېلانىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى خالىمايتتى، ھەتتا

بەزىلەر ماندېلانىڭ ھوقۇقنى بوتا بىلەن تەڭ ئىگىلىشىنى پەرەز قىلغانىدى. 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يوھاننىسبۇرگتىكى كونسېرۋاتىپلارغا قارايدىغان «يۇلتۇز گېزىتى» دە 1990 ـ يىلىغا تەۋە قىلىنىپ، «ماندېلا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىن چېكىنىپ چىقىشقا تەھدىت سالماقتا» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى.

ھۆكۈمەت تاراتقۇلارنى كونترول قىلىش ئارقىلىق ماندېلانى زوراۋان تېررورچى قىلىپ كۆرسىتىشكە پۈتۈن كۈچىنى ئاتىدى. بوتا نۇتۇق ئېلان قىلغاندىن كېيىن، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئوڭ قانات مۇخبىرلىرىدىن جون روفتون ۋە كارل توماسلار ماندېلانى ئىككى قېتىم يوقلاپ كەلدى. بۇ ئىككىيلەن بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىغا بىللە كەلگەنلەردىن يەنە ئەسلىيەتچىلەر سېپىدىكى خىرىستىيان پوپى سېرگېي خورۋېرمۇ بار ئىدى. ماندېلا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئامالسىزلىقتىن قورال كۈچى ئىشلىتىش سەۋەبىنى ۋە خىرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ «قورال كۈچى ئارقىلىق رەزىللىككە قارشى تۇرۇش ھوقۇقى» بارلىقىنى بايان قىلدى. ماندېلا: «ئامېرىكا دېموكراتىيە يولىنى تۇتقان مۇكەممەل دۆلەت، ھالبۇكى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ سايلام ھوقۇقى يوق. ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىردىن مىراس قالغان مۇستەملىكىچى كۈچلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىنماقتا» دېدى. نەتىجىدە «ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى» دە: «ماندېلا زوراۋانلىق ئىنقىلابىنى كۈچەيتمەكتە» ناملىق ئوبزور ئېلان قىلىندى. ئوبزور مۇنداق باشلانغانىدى: «نېلسون ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقا تېررورچىلىرىنىڭ ئىسلاھاتچىلىرىدىن بىرسى. ئۇ ‹ئامالسىز قالغاندا زوراۋانلىق ئىنقىلابى قىلىش كېرەك› دەپ قارايدۇ.»

بۈگۈنكى كۈندە، غەرب مەبلەغ سالغۇچىلىرى بوتادىن ئۈمىدسىزلەندى. بوتا نۇتۇق ئېلان قىلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۇلار يەنە يېڭى زەربىگە ئۇچرىدى. ئېلىن بورساك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە بولسمۇر تۈرمىسىدە ماندېلانى قويۇپ بېرىش ئۈچۈن بىر قېتىملىق نامايىش ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىغان ۋە ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتەلەيدۇ دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. نامايىشتىن ئىلگىرى بورساك قولغا ئېلىندى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆپلىگەن قالايمىقانچىلىقلار يۈز بەردى. شۇ «قارا ئىككى ھەپتە» دە، مەن يوھاننېسبۇرگ پاي چېكى سودا مەركىزىنى زىيارەت قىلدىم. چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا بولغان ئىشەنچى ناھايىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن، راندنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتكەن، سودا پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. راندنىڭ فوندستېرلىڭغا بولغان نىسبىتى ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسە تۆۋەنلەپ كەتتى. كۆپلىگەن پايچى ۋاستىچىلىرى، جۈملىدىن جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ماندېلانى قويۇپ بېرىش مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى، دەپ قارىدى. خەلقئارا كاپىتال مۇمكىن بولمايدىغان شەخس بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ماندېلادىن ئىبارەت بۇ قېرى كوممۇنىست تەرەپكە ئۆتتى.

چەت ئەلنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ۋە چەت ئەلدىن قەرز ئېلىشقا ھەددىدىن زىيادە يۆلىنىۋالغان جەنۇبىي ئافرىقا ئىقتىسادى بۇ كۈنلەردە پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. گېۋىن لىلىي باشچىلىقىدىكى بىر كىچىك كۆلەملىك سودا ساھەسىدىكى رەھبەرلەر دەل ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ، تابو بىلەن بىرلىكتە زامبىيەگە بېرىپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى. ھېنرى ئوبېنھام لىلىينىڭ بۇ ئىشىدىن خاتىرجەمسىزلەندى. بىراق، ئۇلار تامامەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ سەزگۈرلۈكى ۋە ئەقىل - پاراستى ئارقىلىق قايىل قىلدۇرۇلدى. بىرىنچى كۆرۈشتىكى تونىي برۇم مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ناھايىتى يۇقىرى، چىقىشقاق بىر كوللېكتىپ ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى تەس ئىدى.» تابو ئۆزىنىڭ زورلۇق

كۆچ ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداقلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ چوقۇم دۆلەت ئىچىدىكى زوراۋان كۈچلەر بىلەن كۆرەش قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ماندېلانى قويۇپ بېرىش ئىككى تەرەپ سۆھبىتىنىڭ روياپقا چىقىشىدىكى بىردىنبىر يول ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق بومبا پارتلىتىش ۋەقەسى لېيلىنى بوشاشتۇرۇپ قويىدى. ئەھۋالنىڭ بۇنچە تېز ئۆزگىرىش ياسىشىدىن تابو ناھايىتى چۈشىنىكسىزلىك ھېس قىلدى. «لېيلىي زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى تىنچىتىش ئۈچۈن زامبىيەگە كەلگەنىدى.»

ئىقتىسادىي كىرىزىس تېخىمۇ ئۇلغايدى. زاپاس پېرېۋوت بانكىسىنىڭ باشلىقى گېھارد دېكاك ھەر ياقتىن ياردەم ئىزدەپ، بانكىرلارنىڭ كۆپلەپ قەرز بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ چاقىرىقىغا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بوتا شىۋېيتسارىيە دۆلەت بانكىسىنىڭ سابىق باشلىقى فرىس لۇتۋېلنى كېلىشتۇرۇش ئۈچۈن تەكلىپ قىلدى. لۇتۋېل قەرز چىقارغۇچى تەرەپ بىلەن سودا ھەمكارلىقى ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلدى. بىراق، ئۇ ماندېلا ۋە تابو بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى. ئۇ: «مەن ھەرگىزمۇ بىر كوممۇنىست بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن» دېدى. ئاخىردا بوتا لۇتۋېلغا ئۆزىنىڭ يېڭى ئىسلاھاتىنى روياپقا چىقىرىدىغانلىقىنى، لۇتۋېلنىڭ بانكىرلارنى قايىل قىلىپ، بانكىرلارنى ۋاقىتلىق قەرز بېرىش سوممىسىنى كۆپەيتىشكە كۆندۈرۈشكە ۋەدە بەردى. بىراق، چەت ئەللىك بانكىرلار ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈلمىسى سەۋەبلىك جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئىشەنچسىز ھالەتتە ئىدى. غەربنىڭ كونسېرۋاتىپلىرىنى جازالاش ھەرگىزمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلالمايدۇ، دەپ قارىدى. بىراق، بانكىرلار مەبلەغنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چېكىندۈرۈش پرېتورىيە دائىرىلىرىنىڭ ھەل قىلىش چارىلىرىنى قوللىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، دەپ قارىدى.

ئامېرىكىلىق ۋە ياۋروپالىق ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرغۇچى زاتلار تېخنىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق جەنۇبىي ئافرىقىنى جازالاش ۋە ماندېلانى قويۇپ بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا ھەرىكەت تەشكىللەپ جامائەت فوندىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى مەبلىغىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىچكى كابىنېتتىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ تەشكىلىي كۈچى سىياسىي تەسىرىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. بىراق، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئاممىنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇردى. پىرېزىدېنت رېگان ساچىر خانىمغا بۇ ئىشنى ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ساچىر خانىمنىڭ ئۆز ئالدىغا كۆزقارىشى بار ئىدى. ئۇ ئافرىقىدىكى قالايمىقانچىلىق ئىچىدىكى باشقا ماركسىزمچى قارا تەنلىكلەر دۆلەتلىرىگە قارىغاندا، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئەركىن ئىقتىسادى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ 1 مىليون ئەتراپىدىكى ئاق تەنلىكنىڭ ئەنگلىيە پاسپورتى ئىشلىتىدىغانلىقىنى، ناۋادا جەنۇبىي ئافرىقا دۆلىتى ھالاكەتكە يۈزلەنسە، بەئەينى پورتۇگالىيەلىكلەر ئانگولا ۋە موزامبىكتىن ئايرىلغانغا ئوخشاش جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەنگلىيە پاسپورتى ئىشلىتىۋاتقان 1 مىليون ئەتراپىدىكى ئاق تەنلىكنىڭ بۇ دۆلەتتىن چېكىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئوڭ قانات مەسلىھەتچىلىرى ساچىر خانىمغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن كەلگەن كوممۇنىستلار كۈچىنىڭ تەھدىتى ۋە قارا تەنلىكلەر قەبىلىلىرىنىڭ بۆلۈنۈشىدىن كېلىپ چىققان تەسىرلەرنى تۇختىماستىن تەكىتلەيتتى.

ساچىر خانىم جازالاش ۋاستىسى قوللىنىشنى رەت قىلدى. شۇنداقلا ئۆز ئالدىغا دوستلۇق سۆيىتى بىلەن تابوغا تەسىر

كۆرستىشتە چىڭ تۇردى. ساچىر خانىم بىلەن تابو 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەنىدى. ئۇ چاغدا ساچىر خانىم مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى سۈپىتىدە جەنۇبىي ئافرىقىنى زىيارەت قىلغانىدى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان بوتا ساچىر خانىمغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇمىد تۇمشۇقىنى زىيارەت قىلدۇرغانىدى. 1984 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۇ ئىككىيلەن يەنە بىر قېتىم ساچىر خانىمنىڭ يېزىدىكى باش ۋەزىر سارىيىدا كۆرۈشتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا تاشقى ئىشلار ۋەزىرى جېفرىي خاۋ ھەمراھ بولدى. ساچىر خانىمنىڭ پوزىتسىيەسى قىزغىن ئەمەس ئىدى. بىراق، ساچىر خانىم يەنىلا بوتاغا تەسىر كۆرسىتىشنى ئويلايتتى. ساچىر خانىم بوتانىڭ ئېيتقانلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ماندېلانى قويۇۋېتىش، شۇنداقلا قارا تەنلىكلەرنى ئۆي ـ ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى توختىتىش ۋە قوشنا دۆلەتلەرنى بوزەك قىلىشنى توختىتىش تەكلىپىنى بەردى. بىراق، بوتا ئايرىلىدىغان چاغدا قەسەم قىلغان ھالدا: «ساچىر خانىم ۋە ئۇنىڭ يولدىشى بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدىكى شۇ ھالەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار مېنى يەنىلا ناھايىتى بەك ھۆرمەتلىدى» دېدى. ساچىر خانىمنىڭ ماندېلانى كوممۇنىست دەپ كېسىپ ئېيتقىنىدىن ئۇ بەكلا ھەيران قالغانىدى.

1985 ـ يىلى، يەنى تابو دۆلەتنىڭ جىددىي ھالەتكە كىرگەنلىكىنى جاكارلاپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ساچىر خانىمنىڭ ئەنسىرىشى تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا، ساچىر خانىم جەنۇبىي ئافرىقىدا بىر قېتىملىق ئالاھىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ئالىملار، دىپلوماتلار ۋە سىياسىيونلار قاتناشتى. بىراق، بۇلاردىن ھېچقايسىسى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ھېسداشلىق تۇيغۇسىدا ئەمەس ئىدى. 10 ـ ئايدا تابو لوندوننى زىيارەت قىلىپ، تۇنجى قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سودىگەرلەر، بانكىرلار ۋە سىياسىيونلار بىلەن سودا سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. بۇ بىر بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىش ئىدى. بىراق، ساچىر خانىم ھۆكۈمەتتىكى زاتلارنىڭ تابۇ بىلەن ياكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھەرقانداق بىر رەھبىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشىگە يول قويمىدى. ساچىر خانىم تېخىچە ئۇلارنى كوممۇنىست تېرروررچىلىرى دەپ تەسۋىرلەشتە چىڭ تۇرۇۋاتاتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھۆكۈمەت قۇرسا بولىدۇ، دەپ قارىغۇچىلار ساچىر خانىمنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «خىيال ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەر» ئىدى. ساچىر خانىمنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەنى تېرروررچىلار دەپ قارىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ بىرتوندا ئىرېلاندىيە ئارمىيەسىنىڭ پارتىلىتىش ھۇجۇمىدا ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغانىدى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەزەلدىن بۇ خىل تېرروررلۇق ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ باقمىغانىدى. شۇنداقلا ئىرېلاندىيە ئارمىيەسىگە ئوخشىمايتتى. ئۇلار تىنچ ئۆزگىرىش ئارقىلىق سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى يولغا قويمىغانىدى.

10 ـ ئايدا جەنۇبىي ئافرىقىغا بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ساچىر خانىم تېخىمۇ قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلدى. ناسسائۇدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ يىغىنىدا ساچىر خانىم چوڭ كۆلەملىك جازالاشقا قارشى تۇرۇپ، غەلىبىلىك ھالدا ئۇنى كىچىك كۆلەمدە توختىتىپ قويدى. جېففىر خاۋنىڭ بۇ ئىشقا بەكلا قورسىقى كۆپتى. ئۇ: «ساچىر خانىمنىڭ بۇنداق قىلىشى ھۆكۈمەتتىكى باشقا رەھبەرلەر ئۈچۈن نومۇس، ئۇلارنىڭ تېخى ئەمدىلا يولغا قويغان يېڭى سىياسىتى بىلەن ماسلىشالمايدۇ ۋە ساچىر خانىمنىڭ نوپۇزىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ» دەيدۇ. بىراق، ساچىر خانىم «مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى»نى جەنۇبىي ئافرىقىغا ئەۋەتىپ ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئىزدەش كېرەكلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. پىرېزىدېنت بوتا پەقەتلا

خالىمىغان ئاساستا ئۇلارنىڭ چېگرادىن كىرىشىنى تەستىقلىدى.

بۇ ئۆمەك يەتتە كىشىدىن تەشكىل تاپقانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەنگلىيەنىڭ سابىق باش ۋەزىرى بابو، ئاۋستىرالىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى لىماركىم فىرىز، نىگېرىيەنىڭ سابىق پىرېزىدېنتى گېنېرال ئوباجوساڭ قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار تۈرمىگە بېرىپ ماندېلا بىلەن كۆرۈشۈشنى قارار قىلدى. مەيلى جەنۇبىي ئافرىقىدا بولسۇن ياكى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا بولسۇن، بولسىمۇ تۈرمىسىدىكى ماندېلادىن ئىبارەت بۇ جىنايەتچىنىڭ ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك داڭقى چىقىپ كەتتى. 1985 - يىلى 9 - ئايدا كاترادا: «سىلەرنىڭ چوقۇم نېلسون تاغىدەك داڭلىق كىشى بىلەن بىللە ياشىسا قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگۈڭلار بار. گېزىت ۋە رادىيودا ھەر كۈنى ئۇ توغرۇلۇق خەۋەر بېرىلمەكتە» دەپ يازدى. ماندېلانىڭ ئوبرازى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. كاترادا چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق يازغانىدى: «ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئارزۇ - ھەۋەسلىرى، ئۈمىد - ئىستەكلىرى ۋە خاھىشى بار.» پۈتۈن دۇنيا ئۈمىدىنى ماندېلاغا ھاۋالە قىلغانىدى. قارىماققا ماندېلا مەڭگۈ ئۆز كەيپىياتىنى ئىزچىل ياخشى كونترول قىلالايدىغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى تۇراقلىق كەيپىياتى باشقا تۈرمىداشلارنى غەزەپلەندۈرۈۋېتەتتى. ماندېلا مەيلى بىرەر ئىشتىن قانچىلىك تەسىرلەنسۇن ياكى ھاياجانلانسۇن ئۇ دائىم كىشى ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدىكى تەمكىنلىكىنى ساقلايتتى. 1986 - يىلى 2 - ئايدا كاترادا فاتىمە مىلىنىڭ قىزى چىنىزغا مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىمىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئەگەر بىر كۈنى ئۇ ئىشخانىغا چاقىرتىلىپ، ئەتىسى قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ ناھايىتى تەمكىن ھالدا كامېرغا قايتىپ كېلىپ، بۇ ئىشنى بىر سائەتتىن كېيىن ئاندىن بىزگە دېگەن بولاتتى. ئۇنىڭ گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى كىشىگە ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېسسىياتىنىڭ ناھايىتى تۇراقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى.»

نۆۋەتتە، ماندېلانى قانداق بىر تەرەپ قىلىش بارلىق ھەل قىلىش چارىلىرىنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولۇپ قالدى. ماندېلانىڭ بىخەتەرلىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىدى. ماندېلا بۇ كۈنلەردە 67 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ تېنى ناھايىتى ساغلام ئىدى. 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدا، فورك دوختۇرخانىسىدىكى سالامەتلىك تەكشۈرۈشىدە ئۇنىڭغا مەزى بېزى يوغىناپ كەتكەن دەپ دىياگنوز قويۇلدى. 60 تىن ئاشقان ئەرلەرگە نىسبەتەن بۇ ناھايىتى نورمال بىر كېسەل بولسىمۇ، سۈيدۈك بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى ۋېلىيام لابشېر ماندېلانى ئوپېراتسىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالدى. مىنىستىرلار ئەگەر ئوپېراتسىيەدە مەسىلە كۆرۈلسە، ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بولسمۇر تۈرمىسىنىڭ كوماندىرى مانلو ئۇلارغا ئەگەر ماندېلا ئۆلسە ئىچكى ئۇرۇش پارتلايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى. ماندېلانىڭ خۇسۇسىي دوختۇرى نىسادور موترانا، شىۋېيتسارىيەدىن ۋە يوھاننېسبۇرگتىن كەلگەن ئىككى نەپەر مۇتەخەسسىستىن ئىبارەت ئۈچەيلەن ماندېلانى بىرلىكتە تەكشۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق، مەسىلە كىمنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىشىدا ئىدى. ماندېلانىڭ ئۆزىنى كېيپتاۋندىكى ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك دوختۇر لابشېرنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىشىدا چىڭ تۇرۇشىدىن موترانا ھەيران قالدى.

ئوپېراتسىيەدىن بۇرۇن ۋىننى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ماندېلانى كۆرگىلى كەلدى. ۋىننى ئايروپىلاندا ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى كوبى كۈتز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. كۈتز بۆلاندفورتتىكى دوستى پىت دىۋاردىن ۋىننى توغرۇلۇق كۆپلىگەن مەلۇماتلارغا ئېرىشكەنىدى. كۈتزنىڭ ئولتۇرغىنى ئالىي دەرىجىلىك بۆلۈمچە ئىدى، بىراق ئۇ ۋىننىنى

تونۇۋالدى. ۋىنىنىڭغا ماندېلانىڭ سالامەتلىكىگە ھۆكۈمەتنىڭ بەكمۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ۋىنىنى بىر ئازدىن كېيىن ئالىي دەرىجىلىك بۆلۈمچىگە كېلىپ ئىككى سائەتلىك سەپەر جەريانىدا باشتىن ـ ئاخىر كۈتىز بىلەن پاراڭلاشتى. تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى ماندېلا كۈتىز بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. بىراق، كۈتىزنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدى. ئايروپىلان كېپتاۋنىغا قونغاندىن كېيىن، كۈتىز دوختۇرخانىغا بېرىپ ماندېلانى يوقلاشنى قارار قىلغانىدى.

ئالدىن خەۋەر قىلىنمىغان ئەھۋال ئاستىدا، كۈتىز ماندېلانىڭ كېسەل كارىۋىتى ئالدىدا پەيدا بولدى. ماندېلا بەئەينى غوجايىن كونا دوستىنى قارشى ئالغاندەك كۈتىزدىن ھال سورىدى. بۇ ھالدىن كۈتىز بەكلا ھەيران قالدى. «ماندېلا قەدىمكى دەۋردىكى ئالىملارغا ئوخشايتتى.» كېيىن كۈتىز شۇنداق دەيدۇ: «ماندېلا ئالىيجاناب، ئېسىل، سەمىمىي، ئاددىي ـ ساددا قەدىمكى رىم كىشىلىرىگە ئوخشايتتى.» ماندېلا ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرگىمۇ ناھايىتى قىزىقاتتى. بۇ ھالدىن كۈتىز بەكمۇ ھاياجانلاندى. ماندېلا كۈتىزنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ھوقۇق يۈرگۈزگەن جىم كرۈگىتىن كۆپ ئەدەپ ـ قائىدىلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇنداقلا كۈتىزنىڭ ئۆزىنى مەقسەتلىك يوقلاپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. ماندېلا ئۇنىڭ بىرەر مەقسىتى بار دەپ گۇمانلانغان بولسىمۇ، نېمە مەقسىتى بارلىقىنى بىلەلمىدى. ماندېلا كۈتىزدىن ۋىنىنىڭ يوھاننېسبۇرگقا قايتىپ كېلىشىگە ياردەم قىلىشىنى سورىدى. كۈتىز ۋىنىنىنى ئۆز قەسىرىگە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنداقلا ۋىنىنىڭ ھەرقانداق ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك كاشىلىلىرىنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە ۋەدە بەرسە ئۇنى يوھاننېسبۇرگقا قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق، ۋىنىنى ھېچقانداق ۋەدە بەرمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا يوھاننېسبۇرگقا قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ بەك ئىنقىلابخۇمارلىشىپ كەتتى.

مەزى بېزى ئوپېراتسىيەسى ماندېلانىڭ قاتتىق قىزىقىشىنى قوزغىدى. «دوختۇر قورسىقىمنى شەپقەتسىزلىك بىلەن ياردى» دېگەندى ماندېلا بىر دوستىغا يازغان خېتىدە: «ئۇلار مېنىڭ بىر ئەزايىمنى ئەكەتتى، قورسىقىمنىڭ ئاستىدىن تۆشۈك ئېچىپ، توم بىر شىلانكىنى تەشكەن جايدىن قورسىقىمغا كىرگۈزدى. ئالدىمدا يەنە بىر شىلانكا تۇراتتى. نەيزىدەك ئۇزۇنلۇقتىكى يىڭنىنى بىلىكىمگە سانجىدى. ئۇ يەردىكى سېستىرانى بەكمۇ هۆرمەتلىدىم. ئەگەر مەن بىر باي بولغان بولسام، چوقۇم ئۇلارنى بېقىۋالغان بولاتتىم.» ئېغىر كېسەللەرنى كۆزىتىش ئۆيىدىكى سېستىرا «هەربىر بىمارغا ئۇ بىمار بەئەينى شۇ يەردىكى بىردىنبىر بىماردەكىدەك مۇئامىلە قىلاتتى.» ماندېلا ئۆزىنىڭ بىپايان يايلاقتا دەل ـ دەرەخلەر ۋە ياۋا گۈل ـ گىياهلارنىڭ قوينىدا ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئەگەر ئۇ شەھەردە ئۆلسە، بۇ يەردىكى سېستىرالارنىڭ يېنىدىن كۆلۈمسىرىگىنىچە ئايرىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

ماندېلانىڭ بۇ قېتىملىق كېسىلى ۋە هۆكۈمەتنىڭ بەزىبىر هەرىكەتلىرى سەۋەبلىك، ماندېلانىڭ پات يېقىندا قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق كوچا پاراڭلىرى تارقالدى. كىشىلەر بەس ـ بەستە تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلدى. يوهاننىسبۇرگتىكى «هەپتىلىك ۋاقىت گېزىتى» پىرېزىدېنت بوتانى «نېلسون ماندېلا ئاغرىپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەنى ئۇ تېخى ئۆلمىگەن پۇرسەتتىن، بارلىق ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ ــ ماندېلانى چەت ئەلگە ئاچىقىپ داۋالاپ، ئۇنى بارسا كەلمەس يولغا ماڭدۇرۇۋېتىش»كە ئۈندىدى. ئۇچۇر مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بۇ هەقتىكى ئۆسەك سۆزنى بىراۋغا دۆڭگەپ «تۆمۈر پەردىگە مۇناسىۋەتلىك توقۇلما خەۋەر» دېدى. تۈرمىدىكىلەرنىڭ هەممىسى ئارزۇسىنىڭ يېتىپ كېلىپ، ئاندىن كېتىپ قالغىنىنى ئاللىقاچان كۆرۈپ يەتكەنىدى. 1986 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ماندېلا كاترادا غا يازغان خېتىدە «ئۈمىدىمىز بىر ـ

بىرلەپ يوقىا چىقماقتا. بىز قىينالغىنىمىزدىن سىزىمىمىزنى يوقاتقىلى تۇردۇق» دەپ يازدى. ماندېلا ئۆيىگە قايتىپ بارغان ۋە ۋىنىنىڭ مەززىلىك تاماقلارنى تەييارلىغان ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇ ۋىنىغا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر كۈنى مەن ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، ئاشۇ تاماقلارنى يېيەلمىسەم نەق مەيداندىلا يۈزۈمنى ئۆرۈيمەن.» ھالبۇكى، 1986 - يىلى 4 - ئايدا ۋىنىغا يازغان خېتىدە ماندېلا مۇنداق يازغانىدى: «بۇ يەردە تىرىك روھ يوق، نوپۇزلۇق كىشىلەر مۇشۇ ھالدا، بىزنىڭ قاچان قويۇپ بېرىلىدىغىنىمىزنى كىم بىلسۇن.»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 24. ھۆكۈمەتسىزلىك

(1986 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە)

ئوپېراتسىيەدىن كېيىن، ماندېلا بولسمۇر تۈرمىسىدىكى ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئاشۇ كامېرغا ئېلىپ بېرىلماستىن، بىرىنچى قەۋەتتىكى كامېرغا يالغۇز قامالدى. ئۇنىڭ بۇ يېڭى تۇرالغۇسىنى كەڭ ـ كۇشادە دېيىشكە بولاتتى. ئۇ تۇرغان كامېر ئۈچ كىچىك ئۆيدىن تەشكىل تاپقانىدى. ئۆيلەرنىڭ بىرى ئارام ئېلىش ئۈچۈن، يەنە بىرى تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى ئۈچۈن، ئۈچىنچىسى ئۆگىنىش ئۈچۈن تەييارلانغانىدى. بىراق، بۇ ئۆيلەر قاراڭغۇ، سوغۇق، زەي ئىدى. تەبىئەت مەنزىرىسىنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايتتى. مەھكەم تاقالغان 15 ئىشىك ئۇنى سىرتقى دۇنيادىن ئايرىپ تۇراتتى. ئەمدىلىكتە بەدەن چېنىقتۇرىدىغان ئۈستى ئوچۇق كارىدور كەلمەسكە كەتكەنىدى. پەقەت تۆت ئەتراپى كامېرلار بىلەن قورشالغان كىچىك مەيدان بار ئىدى. كامېردىكى ئادەتتىكى جىنايەتچىلەر بېشىغا چىغ شىلەپە كىيىۋالغان بوۋاينى سەت تىللار بىلەن: «ھەي، ئاناڭنى قارا زەڭگى، سەن نېمەڭگە بىزنى كۆزگە ئىلمايسەن؟» دەپ تىللايتتى. ئىلاجسىزلىقتىن تۈرمە باشلىقى قول ئاستىدىكىلەرنى كامېرلارنىڭ دېرىزىسىگە توسۇق تارتىۋېتىشنى بۇيرۇدى، بۇ ئىش ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن، ئەھۋالدا ياخشىلىنىش بولدى.

بۇ ماندېلانىڭ تۈرمىگە كىرگەندىن بۇيانقى 24 يىللىق ھاياتىدا تۇنجى قېتىم يالغۇز تۇرۇشى ئىدى. ئۇ سىرتتىن كېلىۋاتقان بېسىملارنى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى خەلقنىڭ سايلىشى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان رەھبەر دەپ ھېسابلىمايتتى. ئەمدىلىكتە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى يالغۇز قاماپ قويۇشى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش پۇرسىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى تونۇتتى. ماندېلانىڭ دوستى ئامىنە كاجالىيە تۈرمىگە ماندېلانى يوقلاپ كەلگەندە، ئۇ ماندېلانىڭ روھىي ھالىتىنىڭ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلدى: «مەندە بىر سېزىم پەيدا بولدى، ئۆزگىرىش شۇ چاغدىن باشلاندى. ئۇ چوقۇم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى، شۇنداقلا بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى سىناپ كۆرۈشى كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈرمىدىن چىقىپ، ئۆزى بىر قۇللۇق دېموكراتىيەنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنىڭ سەۋەبى.»

ماندېلا دۆلەت ئىچىدە توختىماستىن ئۇلغىيىۋاتقان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىدىن ئەنسىرىدى. ئۇ بۇنداق زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەش ـ پەش دېگۈچە ھېچقانداق بىرى كونترول قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىن بەكلا ئەندىشە قىلاتتى. ماندېلا شۇلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئىككى تەرەپ تېزدىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كۆچمىسە، ئىككىلا تەرەپنىڭ ھەش ـ پەش دېگۈچە بېسىم، زوراۋانلىق ۋە ئۇرۇش قاپلىغان ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قېلىشى مۇقەررەر ئىدى.» ماندېلا ھۆكۈمەتنىڭ قورال كۈچىگە سەل قارىمايتتى. ئەمما، كۆپلىگەن ياش سىياسىي جىنايەتچىلەرگە ئوخشىمايدىغىنى، ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەس ئىنقىلاب ياكى ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى سەۋەبلىك سىياسىي ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزەلىشىگە ئىشەنمەيتتى. ماندېلا دۈشمەنلەرنىڭ تارىخنىڭ خاتا تەرىپىدە تۇرۇپ قالغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. باللىق چېغىدا پادىچىلىق قىلغان ماندېلاغا شۇنىسى ئايان ئىدىكى: «بەزى چاغلاردا قوي پادىسى ئىچىدە قويلارنىڭ سەركىسى بولۇشى

www.uyghurkitap.com

كېرەك» ئىدى. بىراق، ئۇ سەپداشلىرىنىڭ پىكرىنى ئالماي يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئىش قىلىشى كېرەكمۇ؟ بۇ ھەقتە قارار چىقىرىشتا ئۇ بەكمۇ قىيىنچىلىق تارتتى. ئۇ ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالسام ‹ياق› دېگەن جاۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. ئەگەر ئۆز پىكرىمدە چىڭ تۇرسام ئۇلارنىڭ سېپىدىن چىقىرىۋېتىلەتتىم. بىراق، شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنەتتىمكى، دۈشمەن ئۆز ئىچىدە ئاللىقاچان چېكىنىشنى ئويلاپ قويغان بولۇپ، ئۇلارغا بىر باھانە كېرەك ئىدى.»

نەچچە كۈنلۈك يالغۇز ئويلىنىشتىن كېيىن، ماندېلانىڭ سىسۇلۇ باشچىلىقىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باشقا تۆت نەپەر سىياسىي جىنايەتچىسى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىندى. ماندېلا كامېرلارنى ئايرىۋېتىشتىن ئارتۇقچە نارازى بولۇپ يۈرمىدى. ئۇ مەقسەتلىك ھالدا دوستلىرىغا مۇجمەل ھالدا، ئەگەر ئۇ ئۆزىلا بولسا ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشالايمىز دەپ ئويلىغىنىنى ئېيتتى. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتكە يېقىنلاشماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدى. ئۇ سەپداشلىرىغا پەقەتلا: «بۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى بولىدۇ» دېدى.

ماندېلا ئاۋۋال تابونىڭ ئەنسىرىشىنى يوقىتىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئۇ جورج بىرزىستىن لۇساكاغا بىر بېرىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. بىرزىس ئاۋۋال كوبى كۇتزنى زىيارەت قىلدى. كۇتز ئۇنىڭدىن ماندېلانىڭ ئەھۋالىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سورىدى. بىرزىس تابونى ئىككى قېتىم زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ماندېلا ۋە كۇتزنىڭ سۆھبەت ئەھۋالىنى قىسقىچە چۈشەندۈردى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تەستىقى بولمىسا، ماندېلانىڭ ئىشلارغا خالىغانچە پوزىتسىيە بىلدۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. تابو خىزمەتداشلىرىنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن، دەسلەپكى قەدەملىك كېڭەشنى

روياپقا چىقىرىش تەشەببۇسىنى تەستىقلىدى. ئاندىن ماندېلانىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشى توغرۇلۇق خەۋەر بەردى. ئارقىدىن بېرزىس ماندېلا ۋە كۇتزغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئۇ تابو بىلەن ماندېلانىڭ ھېچبىر پەرقى يوقلۇقىنى ئېيتتى. بۇ ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن ھەرگىزمۇ ياخشى خەۋەر ئەمەس ئىدى. بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن ماندېلا كۇتزغا سۆھبەت توغرۇلۇق مۇزاكىرىلىشىش ھەققىدە خەت يازغان بولسىمۇ، جاۋاب خەت تاپشۇرۇۋالمىدى.

بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭى ئىلگىرىلەش مەيدانغا چىقتى. 1986 ـ يىلى 2 ـ ئايدا بېرزىس تابونى ئىككىنچى قېتىم زىيارەت قىلىشتىن ئىلگىرى، ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىدىكى يەتتە نەپەر «مۇھىم شەخس» ئىچىدىكى ئۇچەيلەن جەنۇبىي ئافرىقىغا كېلىپ، سىياسىي سۆھبەتكە يول ئېچىش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. بەستلىك قامىتىگە تون، پۇتىغا بارماقلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ساندال كىيىۋالغان نىگېرىيە پىرېزىدېنتى، گېنېرال ئاباجوسان پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى توختىماستىن مىدىرلىتىپ تۇراتتى. بىراق، ئاباجوسان تېزدىنلا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پىك بوتانىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشتى. ئاباجوسان بىر رېئالىزمچى ئىدى. پىك بوتا كېيىن مۇنداق يازغانىدى: ئاباجوسان بۇ بىر مەيدان توقۇنۇشنى «ئىككى مىللەتچى ئارىسىدىكى كۇرەش، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئۆز دۆلىتى ئۇچۇن ياخشى بولۇشنى ئويلىسىمۇ، ھوقۇق ئۇچۇن ئۆزئارا زەربە بەرمەكتە.» ئاباجوسان بولسىمۇ تۈرمىسىگە ماندېلانى يوقلاپ باردى. ماندېلا ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇ پىك بوتاغا كاپالەت بېرىپ، ماندېلانىڭ كوممۇنىزمچى ئەمەس ئىكەنلىكىنى، پەقەتلا ئافرىقا مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ رەھبىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئەمدىلىكتە پىرېزىدېنت بوتا ئۆزىنىڭ يارىشىش مۇددىئاسىنى تېخىمۇ بەك ئىپادىلىدى. قارىماققا ئۇمۇ ماندېلانى قويۇۋېتىشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چارىسىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. «مۇھىم ئەربابلار» يېتىپ كەلگەندە، بوتا ئالىلقاچان دۆلەتنىڭ جىددىي ھالىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ھۆكۈمەت يەنە كىشىنى ئازابلايدىغان «يول خېتى قانۇنى»نى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ ئىش ۋاشىنگتون تەرەپتىن «مۇھىم ئابىدە» دەپ ماختالدى.

3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، يەتتە نەپەر مۇھىم ئەرباب تۈرمىگە بېرىپ ماندېلانى زىيارەت قىلىش ئىجازىتىگە ئېرىشتى. ئۇلارغا كۈتىز ھەمراھ بولدى. ماندېلانىڭ ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى ياخشىلىقىنى كۆرگەن يەتتەيلەننىڭ ھەممىسى ھەيرانۇھەس قېلىشتى. بۇ ھال كۈتىزنى بەكمۇ خۇش قىلىۋەتتى: «ماڭا نىسبەتەن بۇ بىر شەرەپلىك پەيت ھېسابلىناتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۇلار ئەسلىدە ماندېلانى ئورۇقلاپ كەتكەن ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى. بىراق، ئۇ ۋەزىيەتنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالدى.» كۈتىز ماندېلانىڭ تەلىپىگە پەرۋا قىلماستىن ئەمەلدارلاردىن بىرىنى خاتىرە قالدۇرۇشقا قالدۇرۇپ قويۇپ ماندېلانىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ ماندېلانىڭ «يالغۇز ۋە غېرىب»لىقىنى بايقىغان بولسىمۇ، ماندېلانىڭ مۇكەممەل تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ۋە رەھبەرلىك ئىقتىدارىدىن بەكلا ھەيران قالدى. ماندېلا ئىنچىكە يوللۇق كۆل رەڭ كاستيۇم ـ بۇرۇلكىنى جىلىتكىسى بىلەن بىللە قوشۇپ كىيىۋالغانىدى. تىككۈچى ئۇستام بۇ كىيىمنى مەخسۇس ئۇنىڭغا ئاتاپ تىككەنىدى. ئۇ كاستيۇم ـ بۇرۇلكىسىغا ماسلاشتۇرۇپ پۈتىغا كۆل رەڭ ئاياغ كىيىۋالغانىدى. «سىز ھازىر بەئەينى بىر باش ۋەزىرگە ئوخشاپسىز» دېگەنىدى تۈرمە باشلىقى مانلو ئۇنىڭغا. مانلو كېيىنتىكە شۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئۇنىڭ ئۈستىبېشىدىن ئۇنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەتراپىدىكى ھەممەيلەننىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. گۇندىپايلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.» ۋەكىللەر ئۆمىكى

ئىچىدە ئەڭ مۇتەئەسسىپ ھېسابلانغان ئېسىل سۇپەت بابومۇ ماندېلانىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ۋە يۇمۇرلۇق خاراكتېرىدىن تەسىرلەنگەنىدى.

جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقان زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرى ۋەكىللەرنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇلار «ۋەزىيەت تەرەققىياتى بارغانسېرى ھۆكۈمەت كونترول قىلالمىغۇدەك ھالغا بېرىپ يەتمەكتە» دەپ قارىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنى ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇش نىشانى ئەمەلگە ئاشىدىغاندەك تۇراتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن كۆرەش قىلىدىغان ئاساسلىق قورالى ئىدى. ھالبۇكى، بۇ قورال سېپى ئۆزىدىن خەتەرلىك قوش بىسلىق شەمشەر ئىدى. ئاباسانجو ئىككى تەرەپكە ياردەم قىلىپ، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ھۆكۈمەت تەرەپ سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇۋەتكەن ھامان، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى توختىتىدىغان «سۆھبەت ئىدىيەسى»دىن بىرنى تەييارلىدى. ماندېلا ئىككى تەرەپ سۆھبىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن سەپداشلىرىنىڭ پىكرىنى ئالماستىن بۇ شەرتكە تېزلا قوشۇلدى. ماندېلا سەپداشلىرىنىڭ بۇنىڭغا چوقۇم قوشۇلىدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بەردى. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەكلىپى پىك بوتانى ئىلھاملاندۇرۇۋەتتى. كېيىن بوتا كېلىشىم تەكلىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئامىللارنى ھۆكۈمەتنىڭ تۆت يىلدىن كېيىن قوبۇل قىلىشقا تەييارلانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. بىراق، ئىچكى كابىنېتتىكى قاتتىق قوللار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئەمەس، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپ تۇرۇشقىلا قوشۇلغانلىقىدىن ئارسالدى بولۇشتى. ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى سودىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشىدىن قورقتى: «داۋاملىق سۆھبەتلىشىش كېرەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىسا...»

كونتروللۇقنى يوقاتقان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ خەتىرى ۋىننى ماندېلانىڭ جىسمىدا ئىپادىلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ۋىننى بىر ـ بىرىگە تۆپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ھالەتتە ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئۇ بىر جەھەتتىن ئايال قەھرىمان ئىدى، «دۆلەت ئانىسى» ئىدى، ــ بۇ 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر كىتابنىڭ ئىسمى ئىدى. ۋىننى ئۆزىنى ئەزەلدىن ئۇنداق ئاتاپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق، ئۇ ماندېلانىڭ باياناتچىسى بولۇشتەك بۇ ئالاھىدە رولىغا نىسبەتەن ئىشەنچى تولۇپ تاشقانىدى. «مەن ئېپتىخارلىق بىلەن شۇنداق جاكارلايمەنكى، مەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىمەن. چۈنكى، پەقەت مېنىڭلا مۇشۇنداق دېيىشكە سالاھىيىتىم توشىدۇ. ھالبۇكى، مېنىڭ خەلقىم مۇشۇ ئىسمنى ئېغىزىدىن چىقىرىشى بىلەنلا زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتىدۇ...»

ۋىننىنىڭ ئەمدىلىكتە تېخىمۇ بەك گېپى ئوچۇقلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان كىشىلەرگە بىر ئاز تەس كەلدى. ئۇ بەئەينى يەلكىنىنى تولۇق ئېچىپ دېڭىزدا يۈرۈۋاتقان، ھەمراھلىرى ۋە رەقىبىنى ئارقىغا تاشلاپ قويۇپ خەتەرلىك بوران ـ چاپقۇنغا يولۇققان يەلكەنلىك كېمىگە ئوخشايتتى. كۆز ئالدىدىكى خەتەرگە نىسبەتەن ۋىننىنىڭ ئالاھىدە كۆزقارىشى بار ئىدى. ئۇ بولاندفورتتا قامالغان مەزگىللەردە مەن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدىم. ئۇ قارشى تەرەپنىڭ تېيىد كىننىدىدىن تارتىپ ماركىم فرېزغىچە بولغان سىياسىيونلىرىنى قاتتىق تەنقىدلىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمەتنى تەنقىدلىشى ناھايىتى قاتتىق بولدى. 1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر قايتا ـ قايتا خاتالىق سادىر قىلدى. ئۆلارنىڭ بىزنى بىرلەشتۈرگەنلىكىگە رەھمەت. بوتا يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ ھەقىقىي كۆرەش قىلماقتىمىز.» ئالتە

ئايدىن كېيىن ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «ھۆكۈمەت مەھبۇس ئىدى، مەھبۇس ھازىر گۆندىپاي بولۇۋالدى.»

ۋىننى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى بارغانسېرى مۇھىم دەپ قارىدى. ساقچى تەرەپ دەل ئۇنىڭ مۇشۇ تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كەتتى. 1984 ـ يىلى بۇلاندفورتتىن قويۇۋېتىلىپ سوۋېتودىكى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن ۋىننى تېخىمۇ بەك ئەسەبىيلىشىپ كەتكەندەك تۇراتتى. ئۇ ئۇچىسىغا كاكى رەختىدىن تىكىلگەن ھەربىيچە كىيىم، پۇتىغا ئەسكەرلەر كىيىدىغان ئۆتۈك، بېشىغا بېيلېي شلەپىسى كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە سۇس قارىشى ئاخىر رېئاللىقتا ئايلانغانىدى. 1985 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يوھاننىسبۇرگ ئەتراپىدىكى مانسىۋېرادا ۋىننى تولىمۇ ئىغۋاگەرچىلىك بىلەن بايانات ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى: «بىزدە تاپانچا يوق، بىزدە پەقەت تاش، ئوتۇن، بېنزىن قاتارلىقلار بار، بىز بىر يەرگە يىغىلىپ ئوتۇن ۋە «زەنجىر»، ئارقىلىق بۇ دۆلەتنى ئازاد قىلىمىز.»

ناھايىتى ئېنىقكى، ۋىننى خەلقنى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلىشقا قۇتراتقانىدى. جىددىي ئەھۋال قانۇنىغا ئاساسەن، ۋىننىنىڭ بۇنداق سۆزلىرىنى خەۋەر قىلىشنىڭ ئۆزىلا ئېغىر جىنايەت ھېسابلانسىمۇ، بىراق چەت ئەل گېزىتلىرى ۋە رادىيولىرى ئۇنىڭ سۆزىنى خەۋەر قىلدى. ھۆكۈمەت تەرەپ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەزىللىكىنى تەشۋىق قىلىۋالغىنىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. جەنۇبىي ئافرىقا مەتبۇئاتلىرى بۇ قۇتراتقۇلۇقتىن دەرغەزەپكە كەلدى. يوھاننىسبۇرگ «يۇلتۇز گېزىتى» ۋىننىنى «ھەددىدىن زىيادە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلدى» دەپ ئەيىبلىدى. ھۆكۈمەت ئۆزى ئېلىپ بېرىۋاتقان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە دۇچار بولۇۋاتقان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بۇنىڭدىن زىددىيەت ھېس قىلدى. ئولىۋېر تامبو باشتىن ـ ئاخىر ۋىننىنى ئوچۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاشكارا تەنقىدلەشنى خالىمىدى. ھارارېيدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر رەھبەرلىرى يىغىنىدا، تابو: «بىز «زەنجىر تاقاش»نى قوللىمايمىز. بىراق، ئامالسىزلىقتىن مۇشۇنداق چەكتىن ئاشقان قىلمىشنى سادىر قىلىۋاتقان خەلقلەرگە نىسبەتەن كىممۇ نارازىلىقىنى ئىپادىلىيەلىسۇن؟» دېدى. ئۇ ئاستىرتىن ۋىنىنىنىڭ چاقىرىقىغا ناھايىتى غەزەپلەنگەنىدى. ئۇ ۋىنىنىنىڭ سوۋېتتودىكى دوستى ھەم قوشنىسى موترانانى ۋىنىنىغا ئەمدى ئۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ يۈرمەسلىكنى ئېيتىپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

ۋىنىنى ھەقىقەتەن بىر ئاز پەسكويغا چۈشتى. ئۇ ئۆز سۆزىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەردىن ئۈزۈپ ئېلىنىپ نەقىل كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئۇ سۆزىنى ئۆزگەرتىپ: «ئۇ ھەقتە ئېيتقانلىرىم ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئىشلارنى قوللايدىغانلىقىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى چەكتىن ئاشقان ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈلمىسى سەۋەبلىك بىزنىڭ مۇشۇنداق يۈزلىنىشكە دۇچار بولۇۋاتقانلىقىمىزنى ئىپادىلەيدۇ» دېدى. بىراق، ئۇ پارتىيەنىڭ ئىستراتېگىيەسىگە جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھازىر يارىشىش يولى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇۋېلىپ تىنچلىق جەريانىنى ئەمەلىي شارائىت ئارىسىغا تاشلاپ قويغۇچى ئاشۇ كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ماڭا ئوخشاش ئاشقۇنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۇلارنى پەقەت گاڭگىرىتىپ قويىدۇ.» ئەمدى يۈز بېرىدىغان ۋەقەمۇ ھەم ۋىنىنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسىنىڭ دەھشەتلىك زوراۋانلىق ھەرىكىتىگە تۇتۇش قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ماندېلا «زەنجىر تاقاش» ھەرىكىتىگە مەدەت بەرگەن ھەرقانداق قىلمىشتىن قاتتىق ھەيران قالاتتى. بولسمۇر تۈرمىسىدىكى باشقا جىنايەتچىلەرمۇ شۇنداق قارايتتى. كاترادا: «بىزنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنىمىز جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ باشقۇرغىلى بولمايدىغان

ھالەتكە كېلىشى. ھەرگىزمۇ «زەنجىر تاقاش، ئەمەس. جەڭ مەيدانىدا بۇ ئىككى ھالەتنى پەرقلەندۇرۇش قىيىن» دېگەنىدى.

5 ـ ئايدا «داڭلىق ئەربابلار» ۋەكىللەر ئۆمىكى جەنۇبىي ئافرىقىغا كەلدى. ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقىدا ئۇزۇنغىچە ئۆلگىچە ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئىلگىرى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىدىن، بولۇپمۇ ئامانلىق ساقلاش كومىسسىيەسىدىن بەكلا ھەيران قالدى. ئۇلار ساقچىلارنىڭ مەدىنى ئاستىدا كېيپتاۋننىڭ شەھەر سىرتىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەر رايونىدىكى تۆت كوچىدا جەنۇبىي ئافرىقا دېموكراتىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش فرونتىنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا زەربە بەردى. كېلىشىمنىڭ روياپقا چىقىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالغانىدى. پەك بوتا ناھايىتى ئۈمىدۋاردەك تۇراتتى. كېيىن ئۇ ئىپادە بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ۋەكىللەر ئۆمىكى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ بەك غەلىبىگە يېقىنلاشقانىدى.» ماندېلانىڭ پات يېقىندا قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق يېڭىدىن ئۆسەك سۆزلەر تارقالدى. 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ماندېلا بىر دوستىغا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھەممەيلەننىڭ ئاغزىدا مۇشۇ خەۋەر بار بولسىمۇ، پاكىت شۇكى، مەن تېخىچە تۈرمىدە.»

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنە بىر قېتىم ماندېلانى يوقلاپ تۈرمىگە كەلدى. ئۇچرىشىش ئورنى تۈرمىنىڭ ئازادە مېھمانخانىسى ئىدى. شۇنداقلا مەززىلىك تائاملار تەييارلانغانىدى. ماندېلا ئۇلاردىن پىرېزىدېنت بوتانىڭ «سۆھبەت ئىدىيەسى» نى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى سورىدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلا بۇنىڭدىن بوتانىڭ سۆھبەتنى كېچىكتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدى. ماندېلا ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ئۆزىنىڭ قويۇۋېتىلسە زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى كونترول قىلالايدىغانلىقى توغرۇلۇق كاپالەت بەردى. شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى رايونلاردىن

www.uyghurkitap.com

ئارمىيەسىنى چېكىندۈرۈشكە ۋە ئۆزىنىڭ ئەركىن سەپەر قىلىشىغا كاپالەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، تابو بىلەن «سۆھبەت ئىدىيەسى» توغرىلۇق مۇزاكىرىلىشىش ئۈچۈن لۇساكاغا قاراپ ئۇچتى. تابومۇ بوتانىڭ ئارقىغا سوزۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىشىدىن ھەمدە ئۇنىڭ سەممىيىتىدىن گۇمانلىناتتى. بىراق، تابو بۇ ئىدىيە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى خىزمەتداشلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ، دەپ قارايتتى. 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكى كېيپتاۋنغا قايتىپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى ئىچكى كابىنېت مىنىستىرلار كومىتېتىغا سۇندى. قاتتىق قوللار بۇرۇنقىدەكلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپلا قالماي، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىدىن تامامەن قول ئۈزۈشكە ۋەدە بېرىشى كېرەكلىكىدە چىڭ تۇردى. بىراق، ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «ھۆكۈمەت تېخى سۆھبەتلىشىشكە قوشۇلغىنى يوق، بۇ پەيتتە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن بىردىنبىر قورالىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ۋاز كېچىشىنى تەلەپ قىلىشى تازا مۇۋاپىق ئەمەستەك تۇرىدۇ.» سۆزلىشىش ئىلگىرىكى قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

بىراق، ماندېلا تىنچلىققا ئېرىشىشنىڭ ھەقىقىي پۇرسىتىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۇ شۇ تەكلىپنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن سەپداشلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. كېيىن ئۇ يەنە ئادۋوكات ئىسمىر ئايوب ۋە ۋىنىنى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ بۇ ئىشتا نېمە ئۈچۈن ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئايوب باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى توغرۇلۇق چۈشەنچە بەردى. پىكىر ئېلىنىدىغانلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە جەنۇبىي ئافرىقا دېموكراتىيەنى

بىرلىككە كەلتۈرۈش فىرونتىدىكىلەر ئىدى.
كوبى كوتز پىرېزىدېنت بوتا ئەمدىلىكتە قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ ماندېلانى چوقۇم تېزدىن قويۇپ بېرىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. بىراق، ئۇ ئاجىزلىقىنى ئىپادىلىگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا تەرەپ ئۇ ئوتتۇرىغا چىقارغان يول قويۇش ئۈچۈن مىننەتدار بولۇپ كەتمىدى. بۇ هال ئۇنىڭغا بەكلا زەربە بولدى. بىراق، شۇ چاغدا ئامېرىكا لىۋىيەنىڭ هاۋا هۇجۇمىغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ تاجاۋۇز قىلىش نىيىتىنى بىلدۈرگەنىدى. بوتا كېيىن ماڭا شۇنداق دېدى: «كرۇگ ئۆز دۆلىتىنىڭ چېگرا ئاتلاپ زەربە بېرىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى.» بوتا توساتتىن قەيسەرلىشىپ كەتتى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان ماگنۇس مارن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قوشنا ئەللەردىكى بازىلىرىغا ئارمىيە ئارقىلىق زەربە بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، بوتا بۇ تەكلىپنى ئىچكى كابىنېت ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ مۇهاكىمىسىگە قويماستىنلا تەكلىپنى تەستىقلىۋەتتى.
ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنىلا كېلىشتۈرۈش هالىتىدە ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقا ئارمىيەسى لۇساكا، هارارېي ۋە خابلو قاتارلىق جايلارغا زەربە بېرىشنى باشلىۋەتتى. بۇ جايلارنىڭ هەممىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەمدىلا زىيارەت قىلىپ تۈگەتكەن پايتەختلەر ئىدى. زەربە بېرىش هەرىكىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ هۆكۈمەتكە ئىشەنگىلى بولماسلىقتەك ئەڭ يامان پەرىزىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بوتا كېيىن «بۇ قېتىملىق ئىغۋاگەرچىلىك چەكتىن ئېشىپ كەتتى» دەپ ئېتىراپ قىلدى. ماندېلا زەربە بېرىش هەرىكىتى «سۆهبەتكە ئېغىر تەسىر ئەكېلىدۇ» دەپ قارىدى.
ۋەكىللەر ئۆمىكى تىرىشچانلىقىدىن ۋاز كەچتى. ئۇلار ۋىننى ماندېلا بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولۇپ، شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆز دۆلىتىگە قاراپ ئۇچۇشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۆت ئايلىق

تىرىشچانلىقىنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولمىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندى، ئون كۈندىن كېيىن ئۇلار پىك بوتا تەرەپتىن ھۆكۈمەتنىڭ «زوراۋانلىق تەھدىتىنى سودىلىشىشقا ئايلاندۇرۇۋېلىش»نى رەت قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا «ھوقۇققا تايشۇرۇپ بېرىلگەن سۆھبەتكە ھېچقانداق قىزىقىشى يوقلۇقى»نى بىلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەمدى ھەرقانچە مۇھاكىمە قىلغان بىلەنمۇ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

پىرېزىدېنت بوتا ھەر تەرەپلىمىلىك باستۇرۇشنى يولغا قويۇش قارارىغا كەلدى. 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۇ دۆلەتنىڭ جىددىي ھالەتكە كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇنداقلا ساقچى دائىرىلىرىگە تېخىمۇ چوڭ ھوقۇق بەردى. ئۇلار قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى قورشىدى، ئاساسىي كوچىلارنى قامال قىلدى، ئۆيلەرنى ئاختۇردى، ئۈچ ھەپتە ئىچىدە 4000 قارا تەنلىكنى تۇتقۇن قىلدى. بوتا ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ ئىشقا سالمىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق، مۇشۇ ھالىنىڭ ئۆزىلا ساراسىمە پەيدا قىلىشقا يېتىپ ئاشاتتى. شۇ چاغدا مەن يوھاننىسبۇرگقا بېرىپ شۇنى بايقىدىمكى، قارا تەنلىكلەرنىڭ بارلىق رەھبەرلىرى يوشۇرۇنۇۋالمىغانلا بولسا تۈرمىدە ئىدى. يىغىلىشقا رۇخسەت قىلىنىغان بىردىنبىر جاي چېركاۋ ئىدى. شۇ جايدا يوھاننىسبۇرگنىڭ باش ئېپىسكوپى دېسموند تۇتۇ ئەسەبىيلەرچە ۋەز ئېيتتى. ئۇ ئىككى بىلىكىنى ئېچىپ تۇرۇپ «بىز قانداقسىغا بۇ دۆلەتنىڭ ھالاك بولۇشىغا كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ تۇرالايمىز؟» دەپ سوئال قويدى. سۆھبەت ھەققىدىكى بارچە ئۈمىدلەر يوققا چىققاندەك تۇراتتى.

دەل شۇ چاغدا، ماندېلا يېڭى بىر تاكتىكىنى قوللىنىشنى قارار قىلدى. ئۇ بوتانىڭ ياۋايىلارچە زوراۋانلىقى سەۋەبلىك بۇ تاكتىكىدىن ۋاز كەچمىدى. ئۇ «كىشىنى ھەسرەتلەندۈرىدىغان پەيت دەل يېڭى بىر ھەرىكەتنى باشلايدىغان ئەڭ ياخشى پەيتتۇر»

دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇردى. «داڭلىق ئەربابلار» ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىككىلا تەرەپتە سۆھبەت ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئورتاق تەرەپلەر ھازىرلاندى، دەپ قارىدى. بۇ ماندېلاغا زور ئىلھام بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بانارد ئۆزىنىڭ سۆھبەت ئۈچۈن تەييار بولۇپ بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپلا دۆلەت ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ھۆكۈمەتكە «قورال كۈچى ئارقىلىق مەسىلە ھەل قىلىشنى كۆزلىگەن ھەرقانداق ئۇرۇنۇشنىڭ نەتىجىسى بولمايدىغانلىقى» ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. بىراق، ئەمدىلىكتە تۇنجى قەدەمنى ماندېلا باستى — بۇ ھەم ئۇنىڭ ھەر دائىم رەقىبىنى ئەسكەرتكەن ئىش ئىدى. ماندېلا تۈرمىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ھۆكۈمدارى گېنېرال ۋېلمىس بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن «دۆلەتنىڭ مۇھىم مەسىلىسى» توغرۇلۇق مۇزاكىرىلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تۆت كۈندىن كېيىن ۋېلمىس ئايروپىلان ئارقىلىق پرېتورىيەدىن بولسمۇرغا كەلدى. ماندېلا ۋېلمىسقا ئۆزىنىڭ بوتا بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە ھۆكۈمەت ئارىسىدىكى سۆھبەت مەسىلىسى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلانى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، ۋېلمىس نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا كۈتزىقا تېلېفون قىلدى، كۈتزى شۇ ھامان ئۆزىنىڭ ماندېلا بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

ماندېلا دەرھال ئەدلىيە مىنىستىرىنىڭ كېپىتاۋنىدىكى قەسرى سافناكقا ئېلىپ بېرىلدى. كۈتزى شۇ يەردە ماندېلانىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى. سۆھبەت ئۈچ سائەت داۋاملاشتى. كۈتزى ماندېلانىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىدى ۋە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم سوئاللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە ۋەكىللىك قىلالامدۇ؟ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى قانداق ئەھۋال ئاستىدا قوراللىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۈرەش قىلىشنى توختىتىشنى خالايدۇ؟ ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قانۇنىي كاپالەت بېرەلەمدۇ؟ ئەمەلىيەتتە قانداق پىلانى بار؟ ماندېلا بۇ نۇقتىغا نىسبەتەن قىلچە ئىككىلەنمىدى. ئۇ پىرېزىدېنت بوتانى چوقۇم كۆرۈشى كېرەك ئىدى. كۈتىز ماندېلانىڭ تەلىپىنى ئۇنىڭغا چوقۇم يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ماندېلا تۈرمىگە ياندۇرۇپ كېلىندى. بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشنى ئۇ ھېچكىمگە دېمىدى. ئۇ ئاللىقاچان تۇنجى قېتىملىق سۆھبەتكە تەييارلىق قىلىپ بولغانىدى. شۇنداقلا سەپداشلىرىنىڭ بولغان ئىشلارنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بىراق، ئۇدا بىرنەچچە ئاي ماندېلا ھېچقانداق خەت ـ خەۋەر تاپشۇرۇۋالمىدى.

ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىك بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلۈۋاتاتتى. مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى پودپولكوۋنىك جاۋى ماركس تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماندېلانى ماشىنىلىق كېيپتاۋنغا ئېلىپ باردى. ماندېلا ئۇ يەردە 24 يىلدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق نورمال تۇرمۇشقا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى ھېسسىياتى بىر سەيياھنىڭ ناتونۇش زېمىنغا قەدەم قويغان چاغدىكى ھېسسىياتىغا ئوخشايتتى. «تاشقى دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ئاددىي تۇرمۇشى كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى. قىرىلار قۇياش ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئاپتاپسىنىۋاتاتتى، ئايال لار نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىۋاتقانىدى، بەزىلەر ئىت يېتىلىۋالغانىدى.» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماندېلا يەنە چارەك ئەسىردىن كېيىنكى — شۇ كۈنلەردىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ تېخىمۇ باياشات، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا، ئەمما قارا تەنلىكلەر شەھەرلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەك نامراتلىقتا مەھكۇم بولغىنىغا دىققەت قىلدى.

تۈرمە خادىمى جامىس گىرگىلمۇ ئۇنى بىرنەچچە قېتىم كېيپتاۋن شەھەر سىرتىغا ئاچىقىپ قىسقا مۇساپىلىك ساياھەت

قىلدۇردى. ماندېلا ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ كەينىگە بىر ساقچى ماشىنىسى ئەگەشتى، ساقچى ماشىنىسىدا قولىلىرىدا قورال تۇتقان تۆت مۇھاپىزەتچى بار ئىدى. ئۇلار ماشىنىدا ئولتۇرۇپ يىراقتىكى كونستانتىنوپول ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىغا نەزەر سالدى، تۇز شەھىرى رانگوبېنىنى زىيارەت قىلدى. ئۇلار ھەتتا پاتىنوست دېڭىز ساھىلىدىكى كىچىك بازار ئەتراپىدا سەيلە قىلدى، بۇ چاغدا قاراۋۇللار يولدا ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇردى. ماندېلا قىسقا مۇساپىلىك ساياھەتنىڭ مەقسىتى ئۆزىنى سىرتقى مۇھىتقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن دەپ قارىدى — بىراق، ھۆكۈمەت تەرەپ ساياھەت سەۋەبلىك ئۇنى ئەركىنلىككە تەلپۈندۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا مۇرەسسەنى قوبۇل قىلغۇزۇش مۇمكىنچىلىكىمۇ بار ئىدى. ھالبۇكى، ماندېلا داۋاملىق كۈتۈشكە رازى ئىدى.

ئەمدىلىكتە ماندېلا تېخىمۇ كۆپ دوست - يارەن ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ يوقلىشىدىن، ھەتتا يوقلاپ كەلگەنلەر بىلەن يۈزمۇيۈز كۆرۈشۈشتىن بەھرىلىنەلەيتتى. ئۇ ۋىننىنى سۆيەلەيتتى، بالىلىرىنى قۇچاقلىيالايتتى. بىراق، ھازىر ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ بەك چۈشىنىشى ئۈچۈن ئازادە مۇھىت يوق ئىدى. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ھازىر بالىچاقىلىق بولغانىدى. 25 يىلدىن بۇيان ئۇلار بىلەن دادىسىنىڭ ئارىسى يىراقلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ماكزاتو 1983 - يىلدىن بۇيان ئۇنى يوقلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئوقۇشتىن چېكىنىشنى قارار قىلغانىدى. ماكزاتو لېينى بىلەن ئاجرىشىپ، قايتا توي قىلغان، ئاندىن كېيىس ماتانزىما تەرىپىدىن ترانسكېيغا ئېلىپ كېتىلگەن، ئاپىسى ئېفرىنىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، ئۇنىڭ تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا قارىشىپ بېرىۋاتقانىدى. ماندېلادا ماكزاتونىڭ چوڭ ئوغلى مانلاغا نىسبەتەن چوڭ ئۈمىد پەيدا بولدى. سىۋېزىلاندىكى مانلانىڭ ئوقۇشى ئالاھىدە ياخشى ئىدى. ماندېلا مانلانى يوھاننېسبۇرگقا كېلىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېرەك دەپ ئويلايتتى. مانىلا بۇ يەردە تېخىمۇ ياخشى تىل ئۆگىنىش شارائىتىغا ئېرىشەلەيتتى. شۇنداقلا «ئوچۇق تەپەككۇرنى چەكلەيدىغان ئاڭدىن قۇتۇلالايتتى. ئوچۇق بولغان تەپەككۇر ئىنساننىڭ تەرەققىياتىدا كەم بولسا بولمايتتى.»

ماندېلانىڭ چوڭ قىزى مىگ ترانسكېيدىكى بىر مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئەسكا ئامغا ياتلىق بولغانىدى. 1985 - يىلى 7 - ئايدا ئۇ يولدىشى بىلەن بىرلىكتە ماندېلانى يوقلاپ كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئىككىيلەن بىرلىكتە ئامېرىكىغا بېرىپ ماگىستىرلىقتا ئوقۇدى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» مىگنى زىيارەت قىلغاندا «مەن سىياسىيغا قىزىقىمەن، ئەمما مەن سىياسىي شەخس ئەمەس» دېگەنىدى. مىگ ماكزاتوغا قارىغاندا ئۆزىگە بەكرەك ئىشىنەتتى. شۇنداقلا دادامنىڭ تېگىشلىك ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشەلمىدىم، دەپ قارايتتى. 1987 - يىلى ئۇ ماندېلاغا يازغان بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دېدى: «گەرچە يېشىڭىز چوڭايغان، سالامەتلىكىڭىز ناچارلاشقان بولسىمۇ، ئامراق قىزىڭىزغا خەت يازمىسىڭىز بولمايدۇ - دە؟» مىگ ماندېلانىڭ قىزىغا دەخلى قىلىشىغا قوشۇلمىدى. شۇنداقلا ئاكىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا يان باستى. ئۇ 1988 - يىلى 2 - ئايدا ماندېلاغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېدى: «دادا بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، سىز چوقۇم ئاكامنى ئائالىدە ھوقۇقىنى يۈرگۈزگىلى قويۇشىڭىز كېرەك. مەن ئۇنىڭ ھېسسىيات جەھەتتە ئاتا - ئانامنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشەلمىدىم، دەپ ئويلايدىغانلىقىنى بىلىمەن.» ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋىنىنى سەۋەبلىك تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ۋىننى ئۆگەي قىزىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئاغرىندى. ماندېلا مىگقا مۇنداق دېدى: «ھۆرمەت يۈزىسىدىن ھەممىڭلار ئاناڭلار ۋىنىنى پۇل بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق مىننەتدار قىلىشىڭلار كېرەك.» بىراق، تۈرمىدىكى ماندېلانىڭ ۋىنىنىنىڭ چىقىشىش تەس بولغان ئۆگەي ئانا ئىكەنلىكىنى

بىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ماندېلا ۋىنىنىدىن تۇغۇلغان چوڭ قىزى زىنىنغا تېخىمۇ ئىشىنەتتى. زىنىنى سىۋىزلاند شاھزادىسىگە ياتلىق بولغان بولۇپ، ئۈچ بالىسى بار ئىدى. 1987 ـ يىلى يېڭى مۇتەئەسسىپلەر گورۇھىدىن چىققان پىرېزىدېنت سىربونىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن زىنىنى يولدىشى بىلەن بىرلىكتە بوستون ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا باردى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا نىسبەتەن ھېچ نەرسىنى بىلمەسلىكى زىنىنىنى بەكلا ھەيران قالدۇردى. ئۇ دادىسىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «بەزى ئادەملەر جەنۇبىي ئافرىقىنى كارپ دېڭىزىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە، دەپ بىلىدىكەن. يەنە بەزىلەر ئۇنى نېگىرىيەنىڭ مەلۇم بىر بۆلۈكىگە جايلاشقان، دەپ بىلىدىكەن. سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، بىزنىڭ ئامېرىكىغا بولغان كۆپ چۈشەنچىمىزدىن مەن بەكلا ئادالەتسىزلىك ھېس قىلدىم.» بەزىدە ئۇ دادىسىنىڭ داڭلىق شەخس بولماي قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ كېتەتتى: «ئەگەر مۇمكىن بولسا، مەن ئاددىي ئادەم بولۇشنى، خەقلەر بىلمەيدىغان بىر جايدا ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرۈشنى بەكرەك خالايتتىم. مەن باشتىن ـ ئاياغ كىيىم مودېلى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم... بىراق، شۇنداق بولۇپ قالسام سىزنى بەك خاپا بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايمەن.»

ماندېلا قىزى زىنىنىدىن سەل ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئاپىسى ۋىنىنغا ئوخشاشلا قەيسەر ۋە ئاجايىپ جاسارەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشنى خالىمايتتى. 1987 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ماندېلا زىنىنغا ئاچچىقلىنىپ مۇنداق خەت يازدى: «ئانىڭىز ماڭا سىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇمىغىنىڭىزنى ئېيتقاندا، مەن بەكلا ئۈمىدسىزلەندىم!» ئالتە ئايدىن كېيىن ئۇ زىنىنغا يەنە مۇنداق دېدى: «سىزنىڭ ئۆتكەن توققۇز ئايدا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭىز سىزنىڭ تۇغۇلغاندىن بۇيانقى خاتالىقلىرىڭىز ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ.»

www.uyghurkitap.com

يوقلاش قېتىم سانىنىڭ ئېشىشى، كۆپلەپ گېزىت - ژۇرنال ۋە تېلېۋىزور كۆرۈش سەۋەبلىك ماندېلانىڭ نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. 1986 - يىلى 11 - ئايدا ماندېلانىڭ ۋاپادار ئۇستازى ماسىيۇنىڭ 80 ياشتىن ئاشقان تۇل قالغان ئايالى فېلىدا ماسىيۇنىڭ ئۇنى يوقلاپ كېلىشى ئۇنى ناھايىتى خۇشال قىلدى. ماندېلا فېلىدانى «بىلىم دائىرىسى كەڭ، بىلمەيدىغان نەرسىسى يوق» دەپ تەرىپلەيتتى. ماسىيۇ بولسا ئۇنى ئاغرىنىشتىن خالىي، پۇشايمان قىلمايدىغان روھ يېتىلدۈرۈشكە ئىلھاملاندۇراتتى. ئۇ كېيىنكى چاغلاردا ماندېلاغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ئىختىيارسىز ھالدا شۇنداق ئويلايمەنكى، ئەيسا كىرېستقا مىخلانغاندا، چوقۇم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پوزىتسىيەدە بولغان بولۇشى ئېنىق.»

ئۇ ھەمىشە كىنو كۆرۈش ئارقىلىق تەسەللى ئىزدەيتتى. ئۇ غەربنىڭ كىنولىرىنى ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمىسمۇ، بىراق تۈرمىدە دائىم غەرب فىلىملىرى قويۇلاتتى. بىراق، ئەمدىلىكتە ئۇ تۈرمە سىرتىدىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىنولارنى ئىزدەپ تاپسا بولاتتى. ئۇ بېرناد بېتو ئىشلىگەن، جۇڭگونىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھىنىڭ ئاجايىپ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن «ئاخىرقى پادىشاھ»ناملىق فىلىمنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە، ئىتالىيەنىڭ باش ئەلچىسى ئۇنىڭغا بۇ فىلىمنىڭ 16 سانتىمېتىرلىق كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى سوۋغا قىلدى.

بىراق، كىنو بەرىبىر سىرتتىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى. سىرتتىكى قالايمىقانچىلىق تېخىچە داۋاملىشىۋاتاتتى. تۆت يىلدىن بېرى، پرېزىدېنت بوتا دۆلەتنىڭ جىددىي ھالىتىنى توختىماستىن يېڭىلاپ تۇردى. ئامانلىق ساقلاش دائىرىلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى تېخىمۇ مۇكەممەل ساقچى دۆلىتىنى بەرپا قىلغانىدى. ئەسكەرلەر ئۇزاق مۇددەت قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تۇردى، يېڭىدىن

تەسىس قىلىنغان شەھەر دەرىجىلىك قارا تەنلىكلەر ساقچى ئەترىتى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش جەمئىيىتى ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاشقا ياردەملەشتى. يېرىم يىل ئىچىدە 25 مىڭ كىشى قولغا ئېلىندى. 50 مىڭدىن ئارتۇق پائالىيەتچى ئەزالار يوشۇرۇنۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى، جەنۇبىي ئافرىقا دېموكراتىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش فىرونتى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. مەخپىي ساقچى ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى گېنېرال فاندېر مارۋېي ئەنگلىيە باش ئەلچىسى روببېن لۇنۋېكقا: «بۇ قېتىم بىز قولغا ئېلىنىشقا تېگىشلىك بارلىق ئۇنسۇرلارنى قولغان ئالدۇق» دېدى.

باستۇرۇشنىڭ بەكمۇ دەھشەتلىك بولۇشىغا قارىماي، باستۇرۇشقا قارشى تۇرىدىغانلار يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقا دېموكراتىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش فىرونتىنىڭ رەھبەرلىرى ماگىزىنلارنى بايقۇت قىلىش، ئىجارە پۇلى تۆلەشنى رەت قىلىش قاتارلىق كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىشنى پىلانلىدى. يېڭى قۇرۇلغان جەنۇبىي ئافرىقا ئىشچىلار باش ئۇيۇشمىسى(COSATU) مۇ ئۆز ئىقتىدارىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. 1987 - يىلى 8 - ئايدا شىلىر لامفۇسانىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈچ ھەپتىلىك ئىش تاشلاش ھەرىكىتى يۈز بەردى. گەرچە ئىش تاشلاش ئارزۇ قىلىغاندىكىدەك نەتىجە بەرمىگەن بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى كۆرسىتىپ قويۇشىدا پايدىلىق بولدى. لامفۇسا ۋەقەدىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «بىز ۋۇجۇدىمىزغا سىغماي قالغان كۈچىمىزنىڭ تومۇرلىرىمىزدا ئۆركەشلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق.» شۇ ئايدا، ئاكتىپ ياشلار تەشكىلاتى ھېسابلانغان «جەنۇبىي ئافرىقا ياشلار كېڭىشى» قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ باشچىسى ئاكتىپ ياش پېتىر موكابا ئىدى. ئۇمۇ ئىلگىرى روببېن ئارىلىدا مەھبۇسلۇق ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. 1986 - يىلى دېسموند تۇتۇ كېيپتاۋن شەھىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق قارا تەنلىك باش

ئېپىسكوپى بولدى. تۇتۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى دىنىي جەمئىيەتمۇ بارغانسېرى كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇشقا باشلىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پارتىزانلار ئەترىتى تېخىمۇ چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1986 - يىلى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا قوزغىغان ھۇجۇمى 231 قېتىم بولغان بولسا، 1987 - يىلى 235 قېتىم بولغانىدى.

ساقچى تەرەپنىڭ نەزەربەند قىلىش قىلمىشى جەنۇبىي ئافرىقا دېموكراتىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش فىرونتىنىڭ كۈچىنى بەكلا ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. 1987 - يىلى 8 - ئايدا بۇ فىرونتىنىڭ باش باياناتچىسى مورفىي موروب قېچىپ كېتىپ بىر يىلدىن كېيىن قولغا ئېلىندى. 1988 - يىلى 2 - ئايدا جەنۇبىي ئافرىقا دېموكراتىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش فىرونتى ۋە باشقا 17 تەشكىلات يوقىتىلدى. ھۆكۈمەت تەرەپ توختىماستىن «قارىنىڭ قارىنى يېيىشى»دەك زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى تەشكىللەپ، شۇ ئارقىلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمەتسىزلىك يۈزلىنىشىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشتىن دەككە - دۈككىدە قالغان ئاق تەنلىك سودىگەرلەر ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىيەتنى كونترول قىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى. داڭدار سىياسىيون تام روچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن كۆزەتچىلەرمۇ قارشىلىق ھەرىكىتى تىنچىتىلدى، دەپ قارىدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىمۇ ئاتامان بۇتراچىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىنكاتانىڭ ئېغىر خىرىسىغا دۇچ كەلدى. بۇ ئىككى تەشكىلات ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش ئىككى تەرەپنىڭ داۋاملىق تۇردە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋە زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىنى ئۇلغايتىۋەتتى. بۇتراچ تېخىچە ماندېلانى دوستۇم دەپ ئاتاپ، ئۇنى قويۇپ بېرىشنى ئوچۇق - ئاشكارا جاكارلىدى. بىراق، ئۇ «ماندېلانى قويۇپ» بېرىش

ھەرىكىتىنى ھىيلە ـ نەيرەڭ دەپ ئەيىبلەپ، «ماندېلانى قويۇپ بېرىش»نىڭ مەسئۇلىيەتسىز ھەرىكەت ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئارمىيەنى مەخپىي ئاگاھلاندۇردى. 1986 ـ يىلى بوتراچ بولسمۇر تۇرمىسىگە بېرىپ ماندېلانى يوقلاش ئىجازىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتتى. ماندېلا ئادۋوكاتى ئىسمىر ئايوب ئارقىلىق سىپايە، ئەمما قەتئىي ھالدا ئۆز پىكرىنى يەتكۈزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ بەكرەك ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى.

جەنۇبىي ئافرىقىدا بوتراچ بارا ـ بارا ماندېلانىڭ ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى بولۇپ قالدى. ئۇ تېلېۋىزىيە قاناللىرىنىڭ ۋە مەتبۇئاتلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلالايتتى، شۇنداقلا خالىغان چاغدا چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلالايتتى. ئۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت مەسلىھەتچىسىنى ياللاپ ئىشلىتىپ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ مۇخبىرىنى زۇلۇنىڭ پايتەختى ئۇراندا تەكلىپ قىلدى. يەنە تېخى باي چەت ئەللىك قوللىغۇچىغا ئېرىشتى. ئۇ «بۇرغا» ناملىق ئاممىباب ژۇرنالنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقاتتى. ژۇرنالدا ئۇنىڭ نۇتۇقلىرى كەڭ كۆلەمدە بېسىلغانىدى. ئۇنىڭ تەشۋىقات ئاپپاراتى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭكىدىن كۆپ كۈچلۈك ئىدى. لۇساكادا بەكمۇ ئېغىر ئەھۋالدا قالغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرى ھەتتا ئۆزلىرىگە بەكمۇ ھېسداشلىق قىلىدىغان چەت ئەللىك مۇخبىرلارنى غەزەپلەندۇرۇپ قويغانىدى. مۇخبىرلار ئۇلارغا يېقىنلىشىشنىڭ تولىمۇ قىيىن ئىكەنلىكىنى بايقىدى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ مۇخبىرىمۇ لۇساكادا ئۈچ كۈن ساقلىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «دۆلەت» ژۇرنىلى شەرقىي دېرىسىدا سۈپەتسىز قەغەزدە بېسىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قاناتلار پارتىيەسىگىلا تارقىتىلاتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئاندا ـ ساندا ئالاقىسى نۇرغۇن چەت ئەل مۇخبىرلىرى ۋە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ نەزىرىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ خەلقىنىڭ قوللاش نىسبىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلىشىگە سەۋەب بولدى.

بۇتراچ غەرب كونسېرۋاتىپلىرىنىڭ ئارزۇلۇق بالىسىغا ئايلاندى. ئامېرىكا بىلەن گېرمانىيە ئۇنى تابو بىلەن ماندېلانىڭ ئورنىنى ئالىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك شەخس دەپ قارىدى. 1985 - يىلى 2 - ئايدا پرېزىدېنت رىگان بۇتراچ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى لاۋرىنس فاند پۇستمۇ كۆرۈشۇشتە بىللە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ساچىر خانىم بۇتراچنى تەسىر كۈچى زور چەت ئەللىك ئىتتىپاقدىشى قاتارىدا كۆردى. ساچىر خانىم ئۇنى ئەركىن ئىگىلىكنىڭ ھامىيسى، دەپ ئاتىدى. سودىگەرلەرنى ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈشكە ئىلھاملاندۇردى. ساچىر خانىمنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى جېففىر خاۋ بۇتراچنى «زىيادە ئەقىللىك، ئەمما مۇستەقىللىقتا چىڭ تۇرىدۇ» دەپ قارىدى.

كۆپ يىللاردىن كېيىنلا ئىشنىڭ ماھىيىتى ئاشكارىلاندى. پرېتورىيە ھۆكۈمىتى زۇلۇ كۈچلىرىنى ئىزچىل سىستېمىلىق قوراللاندۇرۇپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە قارشى قويدى. بىراق، بۇتراچ بىلەن پرېزىدېنت بوتا ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ماگنۇس مارن «قانۇنسىز ھەربىي سەپ تەشكىللەپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە قارشى تۇرۇش»نى مەخپىي پىلانلىدى. بۇ قوشۇن 1986 - يىلى يىل بېشىدا تەشكىللەندى. بۇتراچ 200 نەپەر ئىنكاتالىق ئەسكەرنى تاللاپ، يىراق نامبىيەدىكى كاپلىۋى بەلبېغىدا مەخپىي مەشقلەندۇردى. ھەربىي سەپ ئۇ يەردە راكېتا بومبىسى، مىناميوت ۋە قول بومبىسىنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ، يەرلىك خەلققە قوراللىق تەھدىت سالدى. شۇ رايوندا ئولتۇراقلاشقۇچىلارنى نىشانلاپ ئۆيلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. گەرچە ھۆكۈمەت تەرەپ شەكىل ئۈچۈن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، بىراق ھۆكۈمەت ئۆزى تەشكىللىگەن مەخپىي ئارمىيە بىر ياقتا تۇرۇۋېلىپ زوراۋانلىققا قۇتراتقۇلۇق قىلدى. زۇلۇ دائىرىلىرىنى

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا زەربە بېرىشكە سەپەرۋەرلىك قىلدى ۋە ئۇلارنى قوراللىق قوللىدى.

بىراق، پەردە ئارقىسىدىكى غەرب ھۆكۈمەتلىرى ۋە پىرېزىدېنت بوتا ئەگەر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ماندېلانى قويۇۋەتمىسە، مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 25. قولدىن كەتكەن رەھبەرلىك

## (1983 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە)

جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كۈنسېرى ئىچكى ئۇرۇش قاينىمىغا پېتىپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، خەلقئارادا ماندېلانى قويۇپ بېرىش تەلەپلىرى بارغانسېرى ئۇلغىيىشقا باشلىدى. ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىگە قارشى ھەرىكەتلەر كۈنسېرى كۈچەيدى. مەبلەغ چېكىندۈرۈش ۋە جازالاش ھەرىكەتلىرى بارا ـ بارا ئەۋج ئالدى. جەنۇبىي ئافرىقا نېگىرلىرىنىڭ ئەركىنلىك مەسىلىسى بارغانسېرى كۆپ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بۇ مەسىلىگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرى، كىنولار ۋە سەھنە ئەسەرلىرى قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ھەر خىللاشتى. بۇ ھەقتە رىچارد ئاتتىبورو رول ئالغان ستىف بېك توغرۇلۇق ئىشلەنگەن «ئەركىنلىك ئۈچۈن نەرە تارتىش» (1987 ـ يىلى)، برودېۋېيدا زور غەلىبىگە ئېرىشكەن «قۇياشقا قاراپ يۈگۈرۈش» قاتارلىق كىنو ـ فىلىملار بار ئىدى.

ماندېلا دۇنيادىكى ھەممە كىشى كۆز تىكىدىغان مەھبۇس بولۇپ قالدى. چارەك ئەسىردىن بۇيان ئۇنى ئاساسەن دېگۈدەك ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇ سەۋەبلىك ئەڭ سىرلىق خۇسۇسىيەت ھازىرلانغان ـــ 1965 ـ يىلىدىن بۇيان ئۇنىڭ رەسىمى ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ماندېلانىڭ ئوبرازى ئىرقىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشتىكى جەنۇبىي ئافرىقا خەلق قەھرىمانى بولۇشتەك سىمۋولغا ئايلانغانىدى. ئۇ خەلقنىڭ

نەزىرىدە ئافرىقىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق دىنلاردىن ۋە دۆلەتلەر ئارا دۈشمەنلىشىشتىن ھالقىپ چىقىپ، پۈتكۈل ئىگىلارنىڭ رەھبىرى بولۇشقا تېگىشلىك نامزاتقا، ئاخىردا ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئۇلۇغ جەڭچىگە ئايلانغاندەك تۇراتتى. بىراق، كىشىلەر بولسىمۇ تۇرمىسىدە مۇرەككەپ رېئاللىق بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان بۇ كىشىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ماندېلا راستلا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولسا، كىشىلەرنىڭ ئاشۇ ئاجايىپ خىيالىغا ماس كېلەمدۇ، يوق؟

غەربتىكى ئىرقىي ئايرىمچىلىققا قارشى ھەرىكەتلەر، بولۇپمۇ بانكىلارنىڭ بايقۇت قىلىش ھەرىكەتلىرى ئۇزاققا سوزۇلغان جازالاش چارىلىرىگە نىسبەتەن ئۈنۈملۈك رول ئوينىدى. كونسېرۋاتىپ مەسلىھەتچىلەر گۇرۇھىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرى تېخىچە پرېتورىيە دائىرىلىرىگە ئۆز نىيىتىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدى. كونسېرۋاتىپ مەسلىھەتچىلەر گۇرۇھى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يەنىلا ئىزچىل ھالدا تېررورلۇق تەشكىلاتى ياكى كوممۇنىستىك تەشكىلات، دەپ ئەيىبلەشتە چىڭ تۇردى. بىراق، بارا ـ بارا ئىختىلاپ يۈز بېرىشكە باشلىدى.

ۋاشىنگتوندا ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى جورج شۇرز ۋە ئافرىقا مۇتەخەسسىسى چېست كرۇگنىڭ بارا ـ بارا پرېتورىيە دائىرىلىرىگە نىسبەتەن سەۋر قاچىسى توشقانىدى. بىراق، لونارد رېگان رەھبەرلىكىدىكى ئاقساراي تېخىچە پىرىزىدېنت بوتاغا نىسبەتەن دوستلۇق پوزىتسىيەسىدە ئىدى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋىليام كىسمۇ جەنۇبىي ئافرىقا دۆلەتلىك ئاخبارات ئىدارىسى بىلەن قويۇق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە ئىدى. بۇ ھال شۇرز قاتارلىقلارنى چوڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتتى. 1986 ـ يىلى 7 ـ ئايدا كرۇگ پىرېزىدېنت رېگان ئۈچۈن ئىرقىي ئايرىمچىلىققا قارشى مەزمۇندىكى كۈچلۈك

www.uyghurkitap.com

نۇتۇقتىن بىرنى تەييارلاپ بەردى. بۇ نۇتۇق ئارگىنالى كېيىن پىرېزىدېنتنىڭ ئوك قول ياردەمچىسى پات بۇكىنىن تەرىپىدىن ئۆزگەرتىپ يېزىلدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر بەرگەن قۇربانلىقلار سۆزلىنىپ «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى پۈتۈن زېھنى بىلەن پىلانلىغان تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى» كەلتۈرۈپ چىقارغان جىددىي ئەھۋال ئەيىبلەندى. ئامېرىكا گوۋۇيۇەنى ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى كونتروللۇقىنى ئېنىقلا قولدىن بېرىپ قويغاندى. كرۇگ «1986 ـ يىلى دىپلوماتىيە سىياسىتىدە زور ئۇتۇق ھاسىل قىلىنغان يىل بولدى» دېدى. شۇرز شۇ سەۋەبلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگىلى تاس قالدى.

بىراق، تېزدىنلا دۆلەت مەجلىسى ئاقسارايىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى بەلگىلىشىنىڭ ئورنىنى ئالدى. 1986 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كېڭەش پالاتاسى بىر قېتىملىق ھەر تەرەپلىمە جازالاش قانۇن لايىھەسى ئارقىلىق جەنۇبىي ئافرىقىغا مەبلەغ سېلىشىنى، قەرز بېرىشنى، ئايروپىلانلىرىنىڭ قونۇش ۋە ئۇچۇش ھوقۇقىنى ۋە نېفىت ئېكسپورت قىلىشنى چەكلەش قاتارلىق ئىشلارنى ئاۋازغا قويدى. بۇ پرېتورىيە دائىرىلىرىگە نىسبەتەن ئېنىقلا ئېغىر زەربە ھېسابلىناتتى. چۈنكى، بۇ بۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ خەلقئارا سودىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. 1987 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شۇرز ئاخىر بوتا بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ تابوغا ئۆزىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىغا ئوخشاش يېتىم قېلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ پرېتورىيە دائىرىلىرىنىڭ ھامان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە يۈزلىنىدىغانلىقى ھەققىدە قايتا ـ قايتا كاپالەت بەردى. شۇنداقلا تابوغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىلەرنىڭ «شەك ـ شۈبھىسىز مەغلۇپ بولىدىغانلىقى» توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. تابو شۇرزدىن ۋاشىنگتون ۋە موسكۋانىڭ ھەمكارلىق ھالىتىدە پرېتورىيە

دائىرىلىرىگە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن ماندېلا خەۋەر تاپتى. تۇرمىدىكى ماندېلا يېڭى بىر قېتىملىق جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتتى.

ۋاشىنگتوننىڭ ئېنىقسىز پوزىتسىيەسى كۆپچىلىكنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى ساچىر خانىمغا مەركەزلەشتۈردى. ساچىر خانىم رېگاندەك سىلىشتۇرغاندا بوتاغا تېخىمۇ بەك تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. بىراق، ساچىر خانىم ئىزچىل ھالدا جازا ئىجرا قىلىشقا قارشى تۇرۇپ كەلدى. گەرچە بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن ياراشتۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، 1986 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ساچىر خانىم تاشقى ئىشلار ۋەزىرى جېففىر خاۋنى، يەنى گەرچە ئۇنىڭ خالىمىغىنىغا قارىماي، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ۋاكالىتەن جەنۇبىي ئافرىقىغا يەنە بىر قېتىم ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىشتە چىڭ تۇردى. «بوتا ھۆكۈمىتى تېخىچە بىز كۈتكەن ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى، ماندېلا ۋە باشقا يولداشلار تېخىچە تۇرمىدە قامىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە شۇ قاتاردىكى تەشكىلاتلار تېخىچە چەكلىمىگە ئۇچراۋاتىدۇ» دەپ يازغانىدى جېففىر خاۋ كېيىنكى كۈنلەردە. ساچىر خانىم گەرچە جازالاش ۋاستىسى قوللىنىشنى يەنىلا رەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق ياۋروپا ئىتتىپاقى ئىمزا قويغان بىر قاتار جازالاش شەرتلىرىنى قوبۇل قىلماي ئامالى يوق ئىدى. شۇ شەرتلەرنىڭ قاتارىدا يېڭىدىن مەبلەغ سېلىشنى چەكلەش قارارىمۇ بار ئىدى.

ساچىر خانىم بوتانى ماندېلانى قويۇپ بېرىشكە داۋاملىق دەۋەت قىلدى. بىراق، ئۇ ماندېلانى قاماش ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ماندېلا ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، دېگەن قاراشتا ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ ئۆزىمۇ ئىزچىل ھالدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايتتى. 1986 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى جون جونسوننىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەجلىسىنىڭ ئۈچ نەپەر رەھبىرى بىلەن لۇساكادا كۆرۈشۈشكە مىڭ تەستە يول قويۇلدى. 1987 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جىففىر خاۋ بوتا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئىجازىتىگە ئېرىشتى. يىغىن تاشقى ئىشلار ۋەزىرى قەسىرىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئادۋوكاتلىرى ئۆزلىرىنىڭ زوراۋانلىق مەسىلىسىگە تۇتقان ئوخشىمىغان كۆزقارىشىدا قالىدىغانلىقىغا قوشۇلدى.

1987 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ساچىر خانىم پرېتورىيەگە تېخىمۇ ئاكتىپ ھېسابلانغان يەنە بىر ۋەزىر روببېن لۇنۇېكنى ئەۋەتتى. ئۇ كەلگۈسى تۆت يىل ئىچىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. روببېن لۇنۇېك زېرەك، ھەر جەھەتتىن جەلپكار كىشى ئىدى. قاچانلا قارىسىڭىز ئۇنىڭ يۈزىدە بىر خىل سىرلىق كۈلۈمسىرەش جىلۋىلىنەتتى. ئۇ ئافرىقىنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇ 1979 ـ يىلىدىكى زىمبابۋېنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسى سۆھبىتىگە ياردەملەشكەنىدى. لۇنۇېك ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ھالقىلىق ئامىل، دەپ قارايتتى. نوس مابزار قاتارلىق ۋاستىچى شەخسلەر ئارقىلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ئېھتىيات بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى. بىراق، ساچىر خانىمنىڭ كۆرسەتمىسى ئاستىدا ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى قوللايدىغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا جاكارلىيالمايتتى. ھالبۇكى، ساچىر خانىمنىڭ بۇتراچىنى قوللىغىنىغا رازىلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ساچىر خانىمنىڭ لۇنۇېكقا تاپشۇرغىنى پىرېزىدېنت بوتانى ئىسلاھاتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ پىرېزىدېنت بوتا بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈشى كىشىگە پەقەتلا ئۈمىد بېغىشلىيالمىدى. ئۇ ئاخىر پىرېزىدېنتنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. «ئۇنىڭ كىتابخانىسىدا پەقەتلا بىر دانە چىراغ يورۇپ تۇراتتى. بۇ ھال كىشىنىڭ كاللىسىغا پوتەيدە گېتلېرغا سالام بېرىدىغاندەك بىر خىيالنى سالاتتى» دەپ يازغانىدى ئۇ

كىتابىدا. قارىماققا بوتا جازالاشقا نىسبەتەن قىلچە ئەنسىرىمەيدىغاندەك تۇراتتى. بىراق، ئۇ دۆلەتنى كونترول قىلىش هوقۇقىدىن مەھرۇم قېلىشتىن ساراسىمىگە چۈشكەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالمىسىلا ماندېلانى قويۇپ بېرىش خىيالىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. لۇنۇېك بوتانىڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىز كېلىپ قالىدىغانلىقىنى هېس قىلدى.

ساچىر خانىم ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە قارشى تۇردى. 1987 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئەنگلىيە، فېدېراتسىيە كاتتىباشلىرى يىغىنىدا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىر رەھبىرى بىر مەسىلىنى توقۇپ چىقتى. ساچىر خانىم بۇ ۋەكىلنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «بىر كونا تېررورلۇق تەشكىلات» ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەنگلىيەنىڭ كۆپلىگەن دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى بۇ سۆزدىن بەكمۇ غەزەپلەندى. جېففىر خاۋ ساچىر خانىمدىن «سۆھبەت ئۆتكۈزۈش مۇمكىنچىلىكىنى يەنە بىر قېتىم كىچىكلىتىۋەتتى» دەپ ئاغرىندى. لۇنۇېك باش ۋەزىر ئىشخانىسىغا، ئۆزىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ئىزچىل هالدا تۈۋەن چەكتە مەخپىي مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لۇساكادىكى ئەنگلىيە ئاخبارات خادىملىرىمۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن دوستلۇق ئورناتقانىدى. يامايكا كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ زۇڭلىسى ئېدۋارد شىسكا ئوتتاۋادا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندىن كېيىن: «ئەگەر ساچىر خانىم ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئىزچىل هالدا كوممۇنىستىك تەشكىلات دەپ ئاتاۋەرسە، ئۇ هالدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى هامان بىر كۈنى كوممۇنىستىك تەشكىلاتقا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ» دېدى.

ئەمەلىيەتتە، ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئافرىقىغا تەھدىت سالغان تەقدىردىمۇ، بۇ خىل ئەھۋال بوگۇنكى كۈندە ئۆچقاندەك پەسىيىۋاتاتتى. مىخائىل گورباچېف 1985 ـ يىلى ھوقۇقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافرىقىدا كېڭەيمىچىلىك قىلىش پىلانىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايدىغانلىقىنى تېزدىن تونۇپ يەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، 1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا رېكياۋىكتا ئۆتكۈزۈلگەن باشلىقلار يىغىنىدا، ئۇ رېگانغا ئۆزىنىڭ دائىرىلىك ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقى ھەققىدىكى خىيالىنى ئېيتتى. موسكۋا ئەمدىلىكتە ئىلگىرى جەنۇبىي ئافرىقا ئىنقىلابىنى قوللاش ئۈچۈن بەرگەن ياردەملىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا چۈشتى. 1988 ـ يىلى، موسكۋا جەنۇبىي ئافرىقا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بورىس ئاسويا مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى بىز بىر مەيدان ئەنئەنىۋى ئىنقىلاب ئارقىلىق ئاز سانلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنى ئاغدۇرۇۋېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغانىدۇق. ئەمدىلىكتە سىياسىي يول ئارقىلىق ھەممىنى ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتۇق.»

1986 ـ يىلى موسكۋادا گورباچېف بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەت نەتىجىسىدە تابونىڭ ئۈمىدۋارلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇ گورباچېفنىڭ بىلىمى چوڭقۇر، ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى تىڭشاشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. تابو ماركسىزم ئىدىيەسى سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ قىلچىمۇ بېسىم ئەكەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. بىر يىل ئىلگىرى رۇسىيەنىڭ مۇھىم ئەمەلدارىدىن بىرسى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىگە تۈنجى بولۇپ باھا بېرىپ، ئۇنىڭغا دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئۇنچىۋالا مۇھىم دەپ قاراپ كەتمەسلىك تەكلىپىنى بەرگەنىدى. بۇ تەكلىپ تابونى ھەددىدىن زىيادە

چۈچۈتۈۋەتكەنىدى. تابو ئەزەلدىن جەنۇبىي ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەرنىڭ كوممۇنىزمنى قوبۇل قىلىشىغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. 1987 - يىلى 1 - ئايدا ئۇ نيۇيوركتا مەخپىي ھالدا شۇنداق دېدى: «بىزنىڭ خەلقىمىز شۇنداق قارار قىلىدۇ، بىراق ئۇلار سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرگە پەقەتلا قىزىقمايدۇ. كوممۇنىزمچىلارمۇ ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن تەشكىلاتلار ئىچىدىكى بىر تەشكىلات ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.»

پرېتورىيە دائىرىلىرى «سوتسىيالىزمنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلىش» خاھىشىغا بەكمۇ پۇچەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى. بىراق، رېگان بىلەن ساچېر خانىم تېخىچە كوممۇنىزمنىڭ كىشىگە قانداق ئۆزگىرىش بېغىشلايدىغانلىقىنى داۋاملىق كېڭەيتمەكتە ئىدى. بۇ ھال پىرېزىدېنت بوتانى تېخىمۇ بەك رەھىمسىزلەشتۈرۈۋېتىش بىلەن بىللە غەرب سودىگەرلىرى ۋە سىياسىيونلىرىنى جەنۇبىي ئافرىقىدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەزالىرى باشقۇرۇشنى ۋە كەسپىي قابىلىيىتىنى كونترول قىلىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى، بولۇپمۇ كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. شۇ سەۋەبلىك بۇ خىل ئېھتىياج تېخىمۇ زۆرۈر بولۇۋاتاتتى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئەينى چاغدىكى چەكلەش بۇيرۇقى تېخىمۇ بەك ئېچىنىشلىق ئىپادىلىنىپ كەتتى. تابو ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ياش ئەزالىرىنى تەربىيەلەش ۋە ئۇلارغا خىزمەت پۇرسىتى بېرىشنى ئۈمىد قىلدى. بۇ ھال ھۆكۈمەتنى ۋە سودا ساھەسىنى ياخشى تەييارلىق قىلىشقا ئۈندىدى. مانا بۇ 1986 - يىلى جەنۇبىي ئافرىقا ئالىي مائارىپ قۇرۇلۇشى(SAAEP) نىڭ باشلىنىش سەۋەبى ئىدى. بىر تۈركۈم يىراقنى كۆرەر ساخاۋەتچىلەر بۇ تۈر ئۈچۈن مەبلەغ توپلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە روك فىللىر قېرىنداشلار فوندى، داۋىد ئاستېر ۋە شېل شىركىتى قاتارلىقلار بار ئىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەمەلىيەتتە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەزالىرى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۇچرىشىشى قارىماققا ئانچە مۇتلەق ئىشتەك تۇرمايتتى. بوتا بىلەن ساچىر خانىم كوممۇنىستىك ئىنقىلابچىلارنى بولۇشىغا ساۋاۋاتقان پەيتتە، ئاز ساندىكى جاسارىتى بار جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى ئورگانلىرى بۇنىڭ ئۇچۇن مەخپىي كۆۋرۈك ياساپ، سىياسىي ئەندىزىنى ئۆزگەرتىشكە قەسەم ئىچكەندى. نيۇيوركقا جايلاشقان فورد فوند جەمئىيىتى قارا تەنلىك لىدىر فرانكلىن توماسنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ئىدى. فرانكلىن مەخسۇس چوڭ ـ چوڭ بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى. 1986 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، بۇ فوند جەمئىيىتى جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنى تەشكىللەپ —— بۇلارنىڭ ئىچىدە زور تەسىر كۈچكە ئىگە كوللېكتىپ مەخپىي قېرىنداشلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى پىتېر دې رانگ بار ئىدى —— ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇچرىشىشتا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تەرەپتىن تاب مىبېكى، مارك ماخلاچ ۋە قېنى قىزىق ئەركىنلىك قوغدىغۇچىسى سىرىز خۇئاب قاتارلىقلار قاتناشتى. خۇئاب دې رانگنى كۆرۈپلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن «ھەي ئاكا ـ ئىنىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى! سېنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ جار سالدى. ماخلاچ ئاق تەنلىكلەردىن خۇئابنىڭ غەزەپلىنىش سەۋەبىنى چۈشىنىشنى تەلەپ قىلدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ھاياجانلانغانىدى. خۇئاب دې رانگدىن كەچۈرۈم سورىدى ۋە ئۇنى باغرىغا باستى. ئاندىن تابو مىبېكى دې رانگ بىللە تاماق يېدى. شۇ قېتىملىق تاماق يېيىش ئۇزاقراق داۋاملاشتى. تابو مىبېكىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئۇچرىشىش جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنى «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەزالىرىغا نىسبەتەن توغرا تونۇشقا يېتەكلىدى.»

يەنە بىر كۆۋرۈكنى فېدرىخ فانزىر سلەيبوت ياسىغانىدى. ئۇ

ياۋا پارتىيە ئەركىنلىك پارتىيەسىنىڭ سابىق رەھبىرى ئىدى. ئۇ 1986 - يىلى مەسىلىنى كېڭىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىش مۇراجىئىتى سەۋەبلىك پارلامېنتتىن ئايرىلغانىدى. «ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ۋە ئاق تەنلىكلەر رەھبەرلىرىنىڭ ئىرقچىلىقنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى» دېدى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باش كاتىپى ئالفېرز ئېنز. 1987 - يىلى 8 - ئايدا سالابوت سانجارداكاردا بىر قېتىملىق يىغىن تەشكىللىدى. يىغىندا 50 نەپەر ئاق تەنلىك زىيالىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار بىر ئوپچە خىتابنامە ئېلان قىلىپ، كېلىشىم ئارقىلىق مەسىلە ھەل قىلىشنى، ھەمدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە بولغان چەكلەش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. پىرېزىدېنت بوتانىڭ بۇ ئىشقا قايتۇرغان ئىنكاسىدىن دەرغەزەپكە كەلگەنلىكى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە بۇ ھاماقەتلەرنىڭ گالۋاڭلىقىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلمەكتە» دېدى ئۇ. بىراق، ئەمەلىيەتتە دۆلەت ئاخبارات ئىدارىسى بۇ قېتىملىق يىغىنغا يەڭ ئىچىدە تۈرتكە بولغانىدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نىئولا بانارد مۇنداق چۈشەنچە بەردى: «شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بولمىسا مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.» بوتا ئۇلارنىڭ ئۆز گۇناھىنىڭ دەردىنى تارتقانلىقىدىن خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

بىر تۈركۈم چوڭ كارخانىلارمۇ يەنە بىر قېتىم كاپالەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغانىدى. رۇداف ئاگۋىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى سېشىر روزنىڭ كونا كانچىلىق شىركىتى ھېسابلانغان جەنۇبىي ئافرىقا ئالتۇن شىركىتى تېخىچە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە نىسبەتەن قارشى كۈچ ھېسابلىناتتى. 1987 - يىلى جەنۇبىي ئافرىقا ئالتۇن شىركىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا، ئوك قانات تارىخچى پائۇل جونسو بۇ شىركەتنىڭ تارىخىنى يېزىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى «سىستېمىلاشقان زوراۋانلىق ھەرىكىتى» دەپ ئوقۇقا تۇتقانىدى. بىراق، گەرچە سىرتقا نىسبەتەن مۇشۇنداق جاكارلىغىنى بىلەن، 1986 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاگۇيى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىسى مايكىل يان تەشكىللىگەن مەخپىي يىغىنىنى ئىقتىساد بىلەن قوللىدى. بۇ يىغىنىنىڭ مەقسىتى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ئاق تەنلىكلەرنى يۈز كۆرۈشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. 1987 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بىر تۈركۈم ئاق تەنلىك زىيالىيلار كامبرىج ۋىلايىتىدىكى ھېنرىينىڭ كامپۇرت ئانگول مېھمانسارىيىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىلدا ئىككى تەرەپنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇچرىشىشى ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇردى. تابۇ مىبېكىمۇ بۇ توپقا تېزلا قوشۇلدى. گەرچە ساچىر خانىم ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى تېررورىزم بىلەن قارىلىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى.

ھەتتا پىرېزىدېنت بوتانىڭ ماندېلاغا زەربە بېرىشىمۇ بىزنىڭ كۆرگىنىمىزدىن باشقىچە بولدى. 1987 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى كوبۇ كۆتىز ئاخىر ماندېلانىڭ سۆھبەتلىشىش تەلىپىگە ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ كېپىتاۋىندىكى قەسرىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ چاغلار كۆتىز پىرېزىدېنت بوتانىڭ ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قالغان چاغلار ئىدى. بۇتا كېيىن كۆتىز توغرۇلۇق «قىزىقارلىق پاكىنەك. مەن دائىم گاڭگىراپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بولغىنىمدىن كېيىن، ئىشنىڭ تېخىمۇ تەتۈرىگە مېڭىۋاتقانلىقىنى ھېس

قىلىمەن» دېدى. بىراق، پىرېزىدېنت كۇتزىنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئېھتىياجلىق ئىدى، شۇڭا ئۇلار يەنىلا ئىزچىل ھالدا بىر - بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشاتتى.

بۇ پەيتتە ماندېلا تەنھالىق ئىلكىدە قاتتىق ئازاب چېكىۋاتاتتى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي دائىرىلىرى كۆرۈنۈشتە دۇشمەنلىك ھالىتىدە، قەتئىي مۇرەسسە قىلماسلىق پوزىتسىيەسىدە تۇرغىنى بىلەن، بىراق يەڭ ئىچىدە مەخپىي يىغىنلارنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. نېكسوننىڭ ۋىيېتنامىلىقلارغا قىلغان - ئەتكەنلىرىگە ياكى جون مىنگنىڭ ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيىتىگە قوللانغان ھەربىي ۋاستىسىگە ئوخشاش بۇ ھال دۇنيا تارىخىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئىدى. بىراق، ماندېلا ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانىدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ھۆكۈمەتكە تاقابىل تۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزى بىلەن سەپداشلىرىنى ئايرىۋەتكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ئۇ بۈگۈنكى ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىن ئايرىلالمايتتى. ئۇ تۈرمىگە سولانغان بولسىمۇ، بىراق ناھايىتى مۇرەككەپ سۆھبەتلەرگە قاتناشتى. بۇ سۆھبەتلەر پرېتورىيە، لۇساكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل مەخپىي سۆھبەتلەر بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. بىراق، ماندېلا باشقا جايلاردىكى سۆھبەت مەزمۇنىدىن ئېنىق خەۋەردار ئەمەس ئىدى. سەللا ئېھتىيات قىلمىسا، ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئورنى ھالاكەتكە يۈزلىنەتتى.

ئېنىقكى، كۇتز ئەمدىلىكتە ماندېلانى قويۇۋېتىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەۋاتاتتى. 1987 - يىلىدىن باشلاپ 1990 - يىلىغىچە ئۇ ماندېلا بىلەن تۈرمىدە جەمئىي ئون ئىككى قېتىم كۆرۈشتى. ماندېلا كۇتزنىڭ ئاۋۋال ئۆز سەپداشلىرىنى قويۇۋېتىشىگە، يەنى ئەڭ ئاۋۋال 77 ياشقا كىرگەن، سالامەتلىك ئەھۋالى باشتىن - ئاخىر ناھايىتى ناچار بولغان گېۋىن مىبېكىنى قويۇۋېتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى. ھۆكۈمەت

مىبىكنىڭ تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئاخىر 1987 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مىبىكنىڭ «ئىنساپەرۋەرلىك» ئارقىلىق شەرتسىز قويۇپ بېرىلىشى ماقۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۆكۈمەت ئامىنىڭ ئىنكاسىنى سىناپ كۆردى. ماندېلا مىبىكىقا تۆۋەن چەكتە ئىش يۈرگۈزۈش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. بىراق، مىبىكى بىر تۈركۈم ھاياجان ئىلكىدىكى كىشىلەرنى قوبۇل قىلدى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبىرى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا جاكارلىدى. ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن، پۈتۈن كۈن نازارەت قىلغان ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئىلزابېت پورتىغا قامالدى. ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭ ياشلارنى قارشىلىق كۆرسىتىشتە چىڭ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھەرىكىتى ئۈچۈن مەيدان ھازىرلاپ بەرگەنلىكىنى ئەيىبلىدى. لۇساكادا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى «كۈتمىگەن ئەھۋال كېلىپ چىققانلىقى»نى تونۇپ يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت ساراسىمىگە چۈشۈپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقانىدى — بۇنداق بولغاندا ماندېلانى ۋاقتىنچە قويۇپ بەرمەسلىككە باھانە تاپقىلى بولاتتى. بىراق، تابو: «ئەگەر ماندېلا قويۇپ بېرىلسە، ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماي قالمايدۇ» دېدى.

ئېنىقكى، دائىرىلەر مىبىكىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى ماركسىزمچە گۇرۇھ بىلەن كونسېرۋاتىپلار گۇرۇھىنىڭ ئارىسىنى يىراقلاشتۇرۇشنى، ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ جىددىيلىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. مىبىكى روببېن ئارىلىدىن ئايرىلغاندا، ماندېلا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئېيتقان، ئەمما تەپسىلىي ئەھۋالدىن ئۇنى خەۋەردار قىلمىغانىدى. مىبىكى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، تېزدىنلا ھەر خىل ئۆسەك سۆزلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ماندېلانىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقى تارقالدى.

بۇ گەپ كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ھەرجايدا ئېقىپ يۈردى، ھەتتا لۇساكادىكى تابومۇ بۇنىڭدىن بەكلا ھەيران قالدى. بىراق، ماندېلا يەنىلا توختىماستىن ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. شۇنداقلا تابونىڭ ئىشىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەندى. كېيىن راستلا تابو پارتىيەنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنى ساقلاپ قالدى.

1987 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا، كۈتىز ماندېلا بىلەن تۆت ئەزادىن تەشكىل تاپقان گۇرۇپپا ئارقىلىق تېخىمۇ سوغۇققانلىق بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى كۈتىز ئىدى. گۇرۇپپا ئەزالىرى ئارىسىدا يەنە ئىككى نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك تۈرمە ئەمەلدارلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ رولى تۈرمە ھەققىدىكى ئىشلار ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشقاتقاندەك تەسىر بېرىش ئىدى. بىراق، سۆھبەتتىكى ئەڭ ھالقىلىق شەخس جەنۇبىي ئافرىقا دۆلەت ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى دوكتور نىئېلا بانارد ئىدى. ئەمدىلا 36 ياشقا كىرگەن باناردنىڭ پىرېزىدېنت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ئەمەس ئىدى. 1984 ـ يىلىدىن ئىلگىرىلا، بوتانىڭ سۈكۈت قىلىشى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا ئاخبارات ئىدارىسى جەنۇۋەدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ئۇچرىشىشنى سىناپ باققانىدى. بانارد «چېكىنىش يولىمىز قالماي قېلىشتىن ئىلگىرى» ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرغانىدى. ماندېلا باناردنىڭ سۆھبەتكە قاتنىشىشى سۆھبەتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ، دەپ قارايتتى. بىراق، ماندېلا پىرېزىدېنت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يىراقلاپ كېتىشىنى خالىمايتتى. چۈنكى، پىرېزىدېنت بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ئىدى. شۇنداق بولغانلىقتىن، ماندېلا ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «گۇرۇپپىسى» بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولدى. بىراق، ئاۋۋال ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى تۆت نەپەر تۈرمىدىشىنىڭ پىكرىنى

www.uyghurkitap.com

ئېلىشتا چىڭ تۇردى. ئۇ تۆت نەپەر سەپدىشى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن قانداق سۆھبەتلىشىش نۇقتىئىنەزەرى ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلدى. ھالبۇكى، بانارد بىلەن «گۇرۇپپا» نى تىلغا ئالمىدى. لىموند ماخبا ۋە ئاندرى مارگىنى سۆھبەت ئېلىپ بېرىلغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال بولدى. چۈنكى، ئۇلار مۇشۇ كۈننى ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كۈتكەنىدى. سىسۇلۇ ئاۋۋال ھۆكۈمەتنىڭ تۇنجى قەدەمنى بېسىشىنى كۈتۈش كېرەك دەپ قاراپ، بۇنى بۇتراچ ۋە باشقا كىشىلەردىن پايدىلىنىپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە قارشى تۇرىدىغان تۇزاق، دەپ گۇمان قىلدى. ئۇ ماندېلاغا ئۆزىنىڭ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشىنى ئۈمىد قىلىشىنى ئېيتتى. كاترادا بۇ ئىشتىن تېخىمۇ بەك ئەندىشىدە قالدى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بۇنداق قىلىشى قارشى تەرەپكە يول قويغانلىق، دەپ قارىدى. بىراق، ماندېلا ئەزەلدىن ئۆزىنى سۆھبەتتە ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم، دەپ قارىمايتتى. ئۇ ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇردى.

ماندېلانىڭ سۆھبەتكە بولغان ئۈمىدى بەزى جەھەتلەردە لۇساكادىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ يېڭىچە تەپەككۇرى بىلەن بىر يەردىن چىقمىدى. بەزى جەھەتلەردە ماندېلانىڭ تۇتقان يولى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ يېڭىچە تەپەككۇرى بىلەن بىردەك بولدى. جوئى سلوۋ 1987 - يىلى 3 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە مۇنداق دېگەنىدى: «شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بۇ ۋەزىيەت بىلەن خوشلىشىشى سۆھبەت ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئەگەر ئەتە مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكى ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇ ھالدا بىز تۇنجى بولۇپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ‹ئۇنداقتا ھەرىكەتكە ئۆتەيلى!› دەيمىز.» بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى غەرب كۈچلىرى ۋە

پرېتورىيە دائىرىلىرىنىڭ مەخپىي پىلانى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇلار كۆرۈپ يەتكەن بېشارەتلەر ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەتنىڭ ئۆز لايىھەسىنى تۈزۈۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا شۇ لايىھەلەرنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى مەجبۇرلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. ئۇلار يەنە ئىلگىرى ئۆزلىرى بىلەن تونۇشلۇقى بولمىغان ۋاستىچىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە باشقا زىيارەتچىلەرنى تونۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بوستون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كونسېرۋاتىپچى پروفېسسور ئېلىن ۋېينىستېيىن بار بولۇپ، ئۇ بوتا ئىچكى كابىنېتى بىلەن رەسمىي يوسۇندا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. 1987 - يىلى 10 - ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۆزىنىڭ «سۆھبەت ئۈچۈن تەكلىپ سادالىرى» ھۆججىتىنى تۈزۈپ چىقتى. ھۆججەتتە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈلمىسىدىكى سىياسىي كۈچلەرنى گۇمران قىلىپ، ھوقۇقنى خەلققە ئۆتكۈزۈپ بېرىش»تەك ئاخىرقى نىشانى تەكىتلەنگەنىدى.

قېچىپ يۈرگەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەزالىرى بىلەن چېگرا ئىچىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا بىرلەشمە دېموكراتىيە فرونتىنىڭ مۇناسىۋىتى كۈنسايىن يېقىنلاشتى. 1987 - يىلى 9 - ئايدا، زىمبابۋېنىڭ پايتەختى خاللابىدا ئۆتكۈزۈلگەن «باللار يىغىنى» تابو ۋە جوئى سلوۋ قاتارلىق لۇساكا رەھبەرلىرىگە ئۇلارنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىن كەلگەن رادىكالىزمچىلار بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىش ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ھازىرلاپ بەردى. بۇ يىغىن يەنە چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى رەھبەرلەر ئۈچۈن تەستە قولغا كېلىدىغان ئۇچرىشىش پۇرسىتى ھازىرلاپ بەردى. بۇ ھال داكار ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئىلھام بولغىنى ئۈچۈن، تابو ناھايىتى ئۈمىدۋار سۆزلەرنى قىلدى. بىراق، ئۇ پرېزىدېنت بوتانىڭ بىرەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىپادىسىنى كۆرمىدى. چۈنكى، بۇ چاغدىمۇ پىرېزىدېنت بوتا ئېخىچە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ماركسىزمچە قاتىللار سېپىغا تىزاتتى.

تابو تۈنجى قېتىم ماندېلانىڭ ھەرىكىتىدىن ئەندىشە ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ماندېلانىڭ زىيادە ئىشەنچىگە ئېرىشكەنلىكىنى بىلەتتى. بىراق، ماندېلاغا مۇناسىۋەتلىك مەخپىي سۆھبەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تابو ئەندىشىسىنى ئىپادىلىدى. شۇنداقلا تۈرمىگە ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ زادى قانداقلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن گەپ يەتكۈزدى. «قارىماققا ئىنتوناتسىيەسى ئادەمنى بەك قورقۇتاتتى، شۇ سەۋەبتىن مەن بەكمۇ چىڭ تۇرۇشنى قارار قىلدىم... مەن پەقەت ‹ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى تۈنجى قېتىملىق يىغىن›، دېگەن بىر ئېغىزلا سۆز قوشۇپ قويدۇم» دېدى ماندېلا بۇ ئىشنى ئەسلەپ.

1988 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ماندېلا تۆت كىشىلىك گۇرۇپپا بىلەن تۈنجى قېتىم بولسمۇر تۈرمىسىدىكى ئەمەلدارلار كۇلۇبىدىن بىرىدە يۈز كۆرۈشتى. بۇ يەرنىڭ مۇھىتى سۆھبەتكە ناھايىتى ماس كېلەتتى. كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئۇلار ئاساسەن ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ تۇردى. بەزى چاغلاردا يىغىن يەتتە سائەت داۋاملىشاتتى. ماندېلا ھەر قېتىملىق يىغىن ئۈچۈن ئەستايىدىل تەييارلىق قىلدى. ئۇ كامېرىنى ۋاقىتلىق ئىشخانىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. نىئولا بانارد ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن يېتەكچى ئىدى. ئۇ باشقا ئۈچەيلەنگە سېلىشتۇرغاندا قەيسەر، پاراسەتلىك، سوغۇققان ۋە گەپكە ئۇستا ئىدى. بىراق، ئۇنىڭدا ئۆز رەقىبىگە نىسبەتەن قايىللىق ھېسسىياتى قوزغالدى. ماندېلا باناردقا «زېرەكلىك ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەش» جەھەتتە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. شۇنداقلا بانارد ئۆزىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچىلىرىدىن ھەيرانۇھەس قالدى. چۈنكى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار

ساقچى تەرەپ ۋە ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ بىر تەرەپلىمە كۆزقارىشى كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللاردىن كەلگەنىدى. ئۇ يەنە ماندېلانىڭ روھىي ھالىتى ھەققىدە سەلبىي مەلۇماتلارغا ئېرىشكەنىدى. 1988 - يىلى 5 - ئايدا پولكوۋنىڭ لاۋرىنىستىن كەلگەن دوكلاتتا، ماندېلانىڭ روھىي ھالىتىنىڭ تۇراقلىق ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭدا ھېچقانداق روھىي كېسەل ئەھۋالى كۆرۈلمىگەنلىكى بايان قىلىنغانىدى. بىراق، «ئۇنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى بۇرۇنقىدەكلا مۇرەسسە قىلماسلىق ھالىتىدە بولۇپ، زوراۋانلىق ۋاسىتىلىرىدىن قول ئۈزۈشكە تەييارلىق كۆرمىگەنىدى.»

ماندېلا بىلەن بانارد ئىلگىرىكى مۇھاكىمىلەردىن بىرىنى ئەسلىدى. بانارد يەنە بىر قېتىم ماندېلانىڭ زوراۋانلىق ۋاسىتىلىرىدىن قول ئۈزسىلا، پىرېزىدېنت بوتانىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش مۇمكىنچىلىكىنى ئېيتتى. ماندېلامۇ يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ، زوراۋانلىق ۋاسىتىلىرىنى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ قوللىنىۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ تىنچلىق ۋاسىتىلىرىنى قوللانسا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بۇنىڭغا تىنچلىق ئارقىلىق جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بانارد ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ كونتروللۇقىدا دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى كوممۇنىستىك پارتىيەدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەندىن كېيىنلا، ھۆكۈمەتنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن سۆھبەتلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماندېلا چۈشەنچە بېرىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى كوممۇنىستىك ئەزالارنىڭ ھەرگىزمۇ «قەبىھ ئىمپېرىيە» ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ سىرتتىكى كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلا بانارد باشچىلىقىدىكى تۆت كىشىلىك گۇرۇپپا بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى نىيىتىدىن

ياندۇرالمايدىغانلىقىنى، ئۇنداق بولغانىكەن «زادى قانداق نەرسە سىلەرنى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ سىلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىڭلار سەۋەبلىك غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىدەك ھېسسىياتقا كەلتۈرگەنلىكىنى» تونۇپ يېتىشى كېرەكلىكىنى ئىشارەت قىلدى.

ماندېلا باناردنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تېخچە باشقا ئەزالىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى بىلدى. «ئاڭلىشىمىزچە، تابو مېنىڭكى سۆھبەتلىشىشنى خالايدىكەن. ئەگەر بىز ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشسەك، سىز بۇنىڭغا قارشى تۇرامسىز؟» دېدى بانارد ماندېلاغا. بانارد بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى ئېيتتى: «ئۇ ياش، قابىلىيەتلىك، ئۇنىڭ تالانتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، سادىقلىقى چەكسىز؛ بىراق، ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزسەڭلار، ئۇ بۇ ئىشنى پارتىيەگە دوكلات قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ، بۇ خەۋەر ھەممە يەرگە تارقىلىپ كېتىدۇ، بۇنداق قىلساڭلار سىلەر ئۇنى ھالاك قىلىسىلەر.» ماندېلا باناردنىڭ تابو بىلەن ئۆزى سۆھبەتلىشىشكە مايىللىقىنى ئېيتتى. بىراق، بانارد يەنىلا تابو بىلەن مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇردى.

شۇ سەۋەبتىن، تابو بۇ مۇرەككەپ ۋەزىيەتتىكى ھالقىلىق شەخس بولۇپ قالدى. ماندېلا ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم 1961 ـ يىلى ئۇچراشقانىدى. ئەينى چاغدا تابو جۇمھۇرىيەتكە قارشى ئىش تاشلاشتا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى تەشكىللىگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ماندېلا ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشەنسە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. تابو جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئۇستا ئىدى. ئۇ قارشى تەرەپنىڭ مەسىلىسىنى چۈشىنىدىغانلىقىغا كاپالەت بەردى. خۇددى ئۇنىڭ دېگىنىدەك، ئۇ «ئۇلارنىڭ تارىختىكى مەنبەلىرىگە نەزىرىنى ئاغدۇرۇشنى» ئۆگىنىۋاتاتتى. ئۇ دائىم ئاق تەنلىكلەر بىلەن بىللە ھاراق ئىچەتتى، تاماكا چېكەتتى، نەغمە ئاڭلايتتى،

ئۇلارنىڭ يۇمۇرلىرىدىن بەھرىلىنەتتى، ئۇلارنىڭ تارىخىنى چۈشىنەتتى. بۇ ھال ئاستا ـ ئاستا ئۇلاردىن قارا تەنلىك ئاكتىپ ئۇنسۇرلاردىن خەۋپسىرەشنى يوقاتقانىدى. بىراق، ئۇ ئەزەلدىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ نىشانىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. تابو باناردىنىڭ دوستى بىلەن سۆزلىشىشنى باشلىغىنىدا، ماندېلا ئۇنىڭ «تەشكىلگە دوكلات بېرىپ، ئۆزىنىڭ ناھايىتى زېرەكلىكىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى توغرا ئىكەنلىكىنى» تونۇپ يەتتى.

ئىككى تەرەپ ئىككىنچى قېتىم كېيىپتاۋنىدا يۈز كۆرۈشكەندە، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى كوللېكتىپىغا تابو يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانىدى. ئاق تەنلىكلەر بىر قانۇن مۇتەخەسسىسىنى ۋە بىر نەپەر سودىگەرنى كۆپەيتكەنىدى. تابو مىبىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئەقىلسىزلىكىدىن ھەيران قالغانىدى. ئۇ كۇرمىڭ قېتىم ئاق تەنلىكلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئۆز ئادىمىنى سېتىۋەتمەيدىغانلىقى توغرۇلۇق كاپالەت بەرگەنىدى. ماندېلانىڭ قويۇپ بېرىلىشى تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچاتتى. مايكول يان ئەسلىمىسىدە «تابو ھەرقانداق بىرسىدىن كۆپ كۈچلۈك ئىدى. كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغىنى ئاق تەنلىكلەر ئۇنىڭدەك بىرسىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ خەلقئارا دائىرىسىدە خالىغانچە ھەرىكەت قىلالايتتى. ھالبۇكى، ئاق تەنلىكلەر بۇنداق بولۇشقا ئىنتىزار ئىدى.» بىراق، ئىككى تەرەپ توختىماستىن بىر ـ بىرسىگە كاشىلا قىلىپ تۇردى. جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر سۆھبەتتىن ئىلگىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يەككە ھالدا زوراۋانلىقتىن قول ئۈزۈشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىغا قوشۇلدى —— مانا بۇ پىرېزىدېنت بوتا ئىمزىچىل ھالدا كۆنمەي كەلگەن نۇقتا ئىدى. تابو ئۇلارغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى قويۇپ بەرسىلا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ مەلۇم نۇقتىدىن زوراۋانلىق قىلمىشلىرىدىن قول

ئۈزۈلدۈرىدىغانلىقىغا كاپالەت بەردى.

جەنۇبىي ئافرىقا خەلقى رىۋايەتلەردىكى ئاشۇ ئالۋاستى ياكى قەھرىماننى بىلىشتىن باشقا، ئۇلار ھەقىقىي ماندېلانىڭ مەخپىي سۈرىتىنى ئەمەسلىرىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ماندېلانىڭ ئىسمى سەزمەستىنلا گېزىتلەرنىڭ تېمىلىرىدا نامايان بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ رەسىمىمۇ مەتبۇئات يۈزىگە بېسىلىشتىن چەكلەنمەيدىغان بولدى.

1988 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ماندېلانىڭ خەلقئارادىكى شۆھرىتى 70 ياشقا كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. لوندوندا ئەنگلىيە رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «70 ياشلىق ئەركىنلىك» ناملىق چوڭ تىپلىق تولغىما ئۇسسۇل مۇزىكا كېچىلىكىنى بىۋاسىتە تارقىتىشنى پىلانلىدى. پرېتورىيە دائىرىلىرى بۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك غەزەپلەندى، ئۇلار ھەتتا ئەنگلىيە رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى جەنۇبىي ئافرىقىدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقى توغرۇلۇق تەھدىت سالدى. تولى پارتىيەسىنىڭ 24 نەپەر پارلامېنت ئەزاسى ئەنگلىيە رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تېررورىزمچىلارنى تەنقىدلىگەنلىكىنى ئەيىبلىدى. مەخسۇس ئىستون يازغۇچىسى، تولى پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى ۋولت «دۇنيا ئاخبارات گېزىتى»دە ماندېلا ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەسمىي يوسۇندا «سوتسىيالىزمچە قارا تەنلىكلەر مۇستەبىت ئىمپېرىيەسى قۇرۇش»نى پىلانلاۋاتقانلىقىنى يازدى. بىراق، مۇزىكا كېچىلىكى يەنىلا پىلان بويىچە ئۆتكۈزۈلدى. نەق مەيداندىكى 72 مىڭ تاماشىبىن ۋە 60 نەچچە دۆلەتتىكى 200 مىليون تېلېۋىزىيە تاماشىبىنلىرى بۇ قېتىملىق كېچىلىكنى كۆردى. كاترادا بولسمۇر تۈرمىسىدىن پائۇل يوسېفقا مۇنداق خەت يازدى: «مەبۇدىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نېلسوننىڭ 70 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىدىن باشقا ھېچقانداق تۇغۇلغان كۈن

تەبرىك پائالىيىتىگە ئۈنچىۋالا كۆپ ئادەم ئىشتىراك قىلىپ باقمىغانىدى. سىز بۇنىڭدىن ھاياجانلانمامسىز؟» جەنۇبىي ئافرىقا رادىيو ـ تېلېۋىزىيە شىركىتى بۇ كېچىلىككە، بۇ قېتىملىق نېلسون ماندېلانى بۇيۇكلەشتۇرۇش پائالىيىتىگە «دەرىجىسى چۇشۇرۇلۇپ نادانلىقتىن ئوزۇقلانغان يېڭى بىر قاتلام روھىي ھاماقەتلىك» دەپ باھا بەردى.

توپىلاڭنىڭ خەتىرىنىڭ كۇنسېرى قىستاپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بىرنەچچە مۇتەئەسسىپ گېزىتلەرمۇ ماندېلانى قويۇپ بېرىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ماندېلانىڭ تۇغۇلغان كۇنى ھارپىسىدا يوھاننىسبۇرگتىكى ئەلىس باغچىسىنىڭ توپ مەيدانى ئىشىكى سىرتىدا پارتلاش كۈچى زور بومبا ئورنىتىلغان بىر ماشىنا پارتلاپ ئىككى ئاق تەنلىك ئۆلۈپ، 35 ئادەم يارىلاندى. يوھاننىسبۇرگ «يۇلتۇز گېزىتى» ئاگاھلاندۇرۇش چىقىرىپ ماندېلا تۇرمىدە ئۆلۈپ كەتسە، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئۇلۇغ ئادەمگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بىراق، «ئۇ قويۇۋېتىلىپلا قالسا، ماندېلادىن ئىبارەت بۇ رىۋايەتلىك شەخس سىياسىي مەۋجۇتلۇقى سەۋەبلىك تارمار قىلىنىدۇ» دېدى. ھەتتا ھۆكۈمەتكە يېقىن بىر ئاق تەنلىك «ئوبراز گېزىتى» دە، ھازىرقى پەيتنىڭ ماندېلانى قويۇۋېتىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ماندېلا ئاللىقاچان قەھرىمانلارچە ئورۇنغا ئىگە بولغانىدى. ئۇ قويۇۋېتىلسە، نامىغا لايىق ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشى تەس ئىدى. ئۇچۇر مىنىستىرى ئىنكاس قايتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ «بۇگۇنكى كۇندە» ماندېلانى قويۇۋېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلىپ يەتمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەرقايسى تەھرىرلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ كۆز ئالدىدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا ئىگىلىگەن ئىچكى ئۇچۇرلاردىن خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كېيىنكى نەتىجە شۇنى چۇشەندۇردىكى، ھەتتا ھەربىي قىسىمدىكىلەرمۇ بۇ خىل ئۇچۇرلاردىن بىخەۋەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدى.

جەنۇبىي ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەر ئەمدىلىكتە ماندېلانىڭ ئۆزلىرى ئايرىلىپ قالغان، قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان رەھبىرى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يەتتى. ماندېلانىڭ 70 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەش ئۆتكۈزۈلۈپ بولۇنۇشغىلا يوسىف ۋە ئامىنە كاجالىيە ماندېلانى زىيارەت قىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە 26 يىل بولغانىدى. ماندېلا كاجالىيە خانىمغا بىر ئۇچۇر بېرىپ، بۇ ئۇچۇرنى قوللىغۇچىلىرىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتتى: «مەن ھەر بىرىڭلارغا چوڭقۇر رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن، شۇنداقلا كەلگۈسىگە بولغان ئارزۇ - ئىستىكىمنى بىلدۈرىمەن.» بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، دوكتور مانفېللا رامفېل ماندېلانى يوقلاپ كەلدى. بۇ ئايال قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن قارا تەنلىك رەھبەر ستېۋ بېكنىڭ سۆيگىنى ئىدى. ئۇنىڭ بېكتىن بىر ئوغلى بار ئىدى. تۈرمە قاراۋۇللىرىنىڭ ماندېلاغا كۆرسەتكەن ھۆرمىتىنى كۆرگەن مانفېللا بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى چۈشەنمەيلا قالدى. ماندېلا بار يەردە ئۇ ئازراق تەمتىرەپ قالاتتى. «ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى نوپۇزى ۋە ئېسىل سۈپەتلىكلىكىدىن... ھەر قېتىم سۆھبەت تېمىسى ئۆزگەرگەندە، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى تالانتىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى — ئۇنىڭدا قىلچىلىك تەكەببۇرلۇق ئالامىتى كۆرۈلمىگەنلىكتىن مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ ئازادە ھېس قىلدىم.»

بىراق، ئەمەلىيەتتە ماندېلانىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى پەقەتلا ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەمىشە يۆتىلەتتى. ئۇ بۇنى تۈرمىنىڭ بەك زەي كەش بولغىنىدىن دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ 70 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنى بولۇپ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن، يەنى 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، بولسىمۇ تۈرمىسىدىكى باشقا تۆت نەپەر مەھبۇسقا ماندېلا بىلەن بىرنەچچە سائەت ۋاقىتنى بىللە ئۆتكۈزۈش ئىجازىتى بېرىلدى. ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ

توختىماستىن دوستلىرىنى سورىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گەپ ـ سۆزلىرىمۇ جانلىنىپ كەتتى. «ئادۋوكات ھېسابلانغان ماندېلا ئىلگىرىكىدەكلا چېچەن، پاراسەتلىك ھەم ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇراتتى» دەپ يازغانىدى كاترادا كېيىن. بىراق، كاترادامۇ تۈنجى قېتىم ماندېلانىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىدىن ئەندىشە قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ: «ئۇ توختىماستىن يۆتىلەتتى، گەپ قىلسا ئۈنى ئارانلا چىقاتتى» دېدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىر دوختۇر كېلىپ ماندېلانى ئادەتتىكىچە تەكشۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەربىي قىسىم ماشىنىسىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا ستانلىن بۇشتىكى تاگوبگو دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلدى. دوختۇرخانىنىڭ پۈتۈن بىر بىناسى بوشىتىلىپ، بىنا ئەتراپىنى قوراللىق ئەسكەرلەر قوغدىدى. ماندېلانى بىر سىپايە ياش دوختۇر تەكشۈردى. بىر قىسىم تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن ئۇ ماندېلاغا سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىراق، ئىككىنچى كۈنى قوپال پىروفېسسور دىكائۇك پەيدا بولدى. ئۇ ماندېلانىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپ بېقىپ، كۆكسىنىڭ بىر تەرىپىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن چوڭ ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماندېلانىڭ ئۆپكىسىگە سۇ يىغىلىپ قالغانلىق دىياگنوزى قويدى. ماندېلا تاگوبگو دوختۇرخانىسىدا ئالتە ھەپتە تۇردى. دىكائۇك دوختۇرنىڭ داۋالىشى بىلەن ماندېلانىڭ كېسەل ئەھۋالى ئاستا ـ ئاستا ياخشىلاندى. ماندېلا ئۆزىنى «مۇتەخەسسىسنىڭ داۋالىشى ئاستىدا» دەپ بىلگەچكە، ئۆز سالامەتلىكىگە بەكمۇ ئىشەنچ قىلدى. دوختۇرخانىدىن چىققاندا، ئۇ دىكائۇكنى سىرداش دوستى قاتارىدا كۆردى.

ماندېلانىڭ كېسەل ئەھۋالى ئىنچام قىلىپ ئوچۇق ئېلان قىلىندى. ئۇقتۇرۇشتا ماندېلانىڭ «سول تەرەپ كۆكرەك بوشلۇقىغا سۇيۇقلۇق يىغىلىپ قالغان»لىقى ئېيتىلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆپكىسىنىڭ سول تەرىپىگىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۈيۈقلۇق يىغىلىپ قالغان بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئۇقتۇرۇشتا دېيىلمىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىدىن بەك رازى بولۇشتى. ئۇ دوختۇرخانىدا يېتىپ ئىككىنچى كۈنى ۋىننى بىلەن ئىسمىر ئايوب ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ۋىننى ماندېلادىن بەكلا ئەنسىرەپ، تۈرمىنىڭ ماندېلانىڭ سالامەتلىكى بىلەن كارى بولمىغانلىقىنى ئەيىبلىدى. كەينى ـ كەينىدىن ھەر خىل قىياسلار بولۇنۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەنسىرىشى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. قارىماققا ھۆكۈمەت ساراسىمىگە چۈشكەندەك قىلاتتى. ئۇچۇر مىنىستىرى ھەرقانچە قىلىپمۇ ماندېلانى قاماشقا باھانە تاپالمىدى. ئەدلىيە مىنىستىرى كۈتىز بۇنىڭدىن «بەكمۇ ۋەھىمىگە چۈشتى»، بۇ ئىشقا «ئۆزى قول تىقتى». شۋېيتسارىيەدىن بىر نەپەر ئۆپكە كېسىلى پروفېسسورىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ كېسەلنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ساقىيىش نىسبىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى ئېيتتى. لوندون «يەكشەنبىلىك تايمس گېزىتى» خەۋەر بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ «ماندېلانى قويۇپ بېرىشتىن باشقا بىردىنبىر خەتەرلىك ئىشنىڭ ماندېلانىڭ تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىشى» ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

يىراق لۇساكادىكى تابو ماندېلانى دەرھال قويۇپ بېرىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈشكە باشلىدى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پىرېزىدېنت بوتانىڭ مەخپىي پىلانى بار، دەپ گۇمانلاندى. ئۇنىڭ ئۇستىگە 11 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۇلارنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىندا بۇ ئىشنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلدى. ئۇلار «ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى ئۆزگەرتىش، شۇنداقلا قىلچە ئۇنۇمى بولمىغان سۆھبەت ئارقىلىق ۋاقىتنى سوزۇش كېرەك» دەپ قارىدى. پرېتورىيە دائىرىلىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسكە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلاردىن ئۆز «قىلمىش»ىغا مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتى ساچىر خانىمنىڭ قوللىشىغا

ئېرىشتى. ئۇ ماندېلا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن جەنۇبىي ئافرىقىنى زىيارەت قىلىشنى پىلانلىدى. شۇنداقلا ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كەلگۈسىدىكى قانۇن تۈزۈشىدە رېپىرلىق رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

تابو بۇتراچىنىڭ ئوينىغان رولىدىن ئەندىشە قىلدى. 1986 ـ يىلى بۇتراچىنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كېلىشىنى رەت قىلغان ماندېلا بۇتراچقا خەت ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تابو ئەسلىدە بۇ كۆرۈشۈشكە قارشى ئىدى، كېيىنكى چاغلاردا ئۇ ماندېلا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاندىن بۇتراچنى كۆرۈشنى ئويلىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. تابو ئىجرائىيە كومىتېتىغا مۇنداق دېدى: «نېلسون ماندېلا ئۆزىنى سىرتقى كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى بىزنىڭ سېپىمىزگە ئەكىرەلەيمەن، دەپ ئويلاۋاتىدۇ. ئۇ ئىلگىرى ھەقىقەتەن مۇشۇنداق قىلىشقا قادىر بولالىغانىدى.» تابو ماندېلانى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى، بۇتراچ ئەمدىلىكتە ئېتىبارغا ئېلىنىش مۇمكىنچىلىكىنى ئىزدەۋاتاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆز ئۇسۇلى بويىچە ئىش كۆرۈشكە چۈشتى. «بۇتراچىنىڭ ھوقۇققا نىسبەتەن كۈچلۈك ئارزۇسى بار، ھەممە ئىش ئۇنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلسىلا ئۇ نېلسون ماندېلادىن پايدىلىنىشى مۇمكىن... ماگارىت ساچېر زىيادە زېرەك ئىكەن. شۇنى تونۇپ يېتىش كېرەككى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بولمىسا ماندېلا بىلەن بۇتراچ ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك داۋاملىشىۋېرىدۇ.»

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۆزلىرىنىڭ قورال كۈچىنى ساقلاشنى نىيەت قىلدى. ئۇلار «ماندېلانىڭ قويۇپ بېرىلىشى بىلەنلا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى كۈرەش يولىدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدىغانلىقى»غا چوقۇم ۋەدە بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار سوۋېتتو تەشكىلاتىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا «ھەرقايسى جايلاردىكى پارتىلىتىش ھەرىكەتلىرى بىلەن بىرلىشىش»نى،

شۇنداقلا «ئۇزاق مۇددەتلىك پارتلىتىش ۋەزىيىتى»نى پىلانلاشنى ئويلاشتى. ماندېلا ئېنىقلا ھەرقانداق چەكلىمىگە قارشى تۇراتتى. «قوراللىق كۈرەش ماندېلا قويۇپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى چوقۇم كۈچەيتىلىشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا ھۆكۈمەت ماندېلانىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن ھېچقانداق شەرت قويالمايدۇ، ئۇنىڭدىن قوراللىق كۈرەش قىلىشتىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلالمايدۇ» دېدى تابو. ئىجرائىيە كومىتېتى ماندېلانىڭ ھەرىكەت پىلانىدىن بىر نۇسخا ئېلىۋېلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق يەكۈن چىقاردى. كومىتېت تەشكىللىدىكى باشقا رەھبەرلەر بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ «ماندېلا بىلەن ھەرىكەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ پىكرى چوقۇم بىردەك بولۇشى كېرەك، بۇ ناھايىتى مۇھىم» دېدى. ماندېلا قويۇپ بېرىلسە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە قىزغىن تەبرىكلەش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلۈشى، «خەلق رەھبىرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىمىز» دېگەندەك ياڭراق شوئارلار تۆۋلىنىشى كېرەك ئىدى.

بىراق، بولسمۇر تۈرمىسىدىكى مەھبۇسلار ماندېلانىڭ قويۇپ بېرىلىشىدىن دەرگۇماندا ئىدى. 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كاتىرادا دوستى سىنگقا مۇنداق دەيدۇ: «ئىلگىرىكى تەجرىبىلىرىمىزگە ئاساسەن، بىزنىڭ ھەرقانداق ئىشقا ئۈمىدۋار پوزىتسىيە بىلدۈرۈشىمىزگە ھېچقانداق باھانىمىز يوق.» تېخىچە دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان ماندېلا ئۇزاق ئۆتمەيلا ھۆكۈمەتنىڭ باشقا پىلانى بارلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ تاگوبگودا ئالتە ھەپتە ياتقاندىن كېيىن، تېخىمۇ راھەت بولغان كونستانتىنوپول ئامبۇلاتورىيەسىگە يۆتكەپ ئاپىرىلدى.

دەل شۇ چاغدا ماندېلا ئۆزىنىڭ تېخى ئەركىنلىككە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ، بۇ يەرگە كېلىپ تۇنجى كۈنى ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن كوبى كۇتزنى كۆردى. شۇنىڭدىن كېيىن، بانارد بىلەن ئۇنىڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەر يىغىننى داۋاملاشتۇردى. كۇتز چۈشەنچە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھازىرلا

ماندېلانى باشقا بىر تۈرمىگە يۆتكىۋېتەلەيدىغانلىقىنى، شۇ يەردە ماندېلانىڭ «تۈرمىدىن ئەركىنلىككە چىققۇچە تۇرىدىغانلىقى»نى ئېيتتى. ماندېلا ئەمدىلىكتە غەلىبىلىك ھېس قىلدى، ئۇ ھەر خىل ھادىسىلەرنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىغا جايلاشقان يەنە بىر قېتىملىق قاينام مەركىزىگە كىرگەندەك قىلاتتى. چۈنكى، ماندېلاغا دۆلەتنىڭ كەلگۈسىدە تىنچ ھالەتتە ئۆز قولىغا كىرىش - كىرمەسلىكى ئايان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 26. چوڭ خاتالىق

(1987 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە)

ماندېلا سىياسىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخىمۇ بەك قول تۇتىدىغان يەنە بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ بارغانسېرى تەرسالىشىپ كېتىۋاتقان ئايالى ۋىنىنى تاپقان ئاۋارىچىلىك ئىدى. ۋىنىنىنىڭ بۇ كۆڭلەردىكى ئىش - پائالىيەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرماق تەس ئىدى، ھەتتا ئۇ زوراۋانلىق ھەرىكىتى ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرىگە چېتىلىپ قالغانىدى. بۇ ھال كىشىگە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قورقۇنچلۇق چۈش كەبى ھالىتىنى كۆرسىتەتتى. ۋىنىنىنىڭ چەكلىمىگە بويۇنتاۋلىق قىلىشتەك بۇ خىل ئىشى پەقەت سىياسىي كىرىزىس قەدىمىنى تېزلەشتۈرۈۋېتەتتى. شۇنداقلا دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنى بۇ كىرىزىسقا سۆرەپ كىرەتتى.

1988 - يىلى 7 - ئايدا ۋىنىنى ئۆزىنى ئامېرىكىلىق كارخانىچى دەپ ئاتىۋالغان روبېرت بروۋىن بىلەن بىر قېتىملىق سودا قىلدى. سودىنىڭ مەزمۇنى روبېرت ئېيتقاندەك ماندېلانىڭ ئىسمىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى ئىدى. ۋىنىنى ئۇنىڭغا «تولۇق ھوقۇقلۇق ھاۋالىنامە بىلەن پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ماندېلا ۋە ماندېلانىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىسمىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى» بەرگەنىدى. بۇ ھالدىن ماندېلا ۋىنىنىنىڭ ئىقتىساد جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتسىز پوزىتسىيەسىنى چۈشىنىپ يەتتى. 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بروۋىن بىلەن ۋىنىنى ئىككىيلەن

بولسىمۇ تۈرمىسىگە ماندېلانى يوقلاپ كەلدى. بىراق، ماندېلا لوندوندىن بۇ ئادەمدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش تاپشۇرۇۋالغانىدى. ماندېلا بىرووېن بىلەن ۋىنىنى ئىمزالىغان توختامغا قاتتىق قارشى تۇردى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ «ئەڭ يېقىن دوستى ۋە سەپدىشى» تابونى ئىزدەشنى ئېيتتى.

ۋىنىنىڭ زوراۋانلىق ۋەقەلىرىگە قاتنىشىشى ماندېلا دۇچ كەلگەن تېخىمۇ قىيىن مەسىلە ئىدى. ۋىنىنى سوۋېتودىكى قوراللىق كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۆيى كۈرەش بازىسى ئىدى. نۇرغۇن ياشلار قوللىرىغا قورال ئېلىۋالغان بولۇپ، قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بارلىق رايونلار ئىچكى ئۇرۇش كىرىزىسىغا دۇچ كەلگەنىدى. دېموكراتىك بىرلىككە كەلتۈرۈش فرونتىنىڭ مالىيە مەسئۇلى ئاسخار كاجالىيە كېيىن بۇ خىل ۋەزىيەتنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلىدى: «1985 ـ يىلىغا كەلگۈچە، مىڭلىغان پارتىيەسىز ياشلار يولىدىن ئادىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپچىلىكى ئەڭ يۇقىرى چەكتە قولغا ئېلىنىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنى ئەركىنلىك جەڭچىلىرى دەپ قارىدى.» ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق گۇرۇھىنى تەشكىللەپ، ئۆزىگە تەۋە دەپ قارىغان جايلاردىكى چەكلەنگەن رايونلارنى بەلگىلىدى. بۇ گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۇدەك قوراللىق كۈرەش ۋە مىللەت نەيزىسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بىراق، دېموكراتىك بىرلىككە كەلتۈرۈش فرونتىنىڭ رەھبەرلىرى چوڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىنىش ۋە تۇتقۇن قىلىنىش خەۋپىگە ئۇچرىغانلىقتىن، كۆچى بارغانسېرى ئاجىزلاپ، ئۇلارنى كونترول قىلىشتىن مەھرۇم قالدى. ساقچى دائىرىلىرى ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئايغاقچىلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا يىراقلىشىشىنى، ئۆزئارا گۇمانلىنىشىنى، سېتىلىشىنى ۋە قىساس ئېلىش خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن ۋىنىنى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئارىلىشالمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى تاقەتسىزلىك بىلەن ۋىنىنىغا دىققەت قىلىپ تۇردى. بىراق، ۋىنىنى بۇلاندفورتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ بەك ياۋۇز ھەم قورقماس بولۇپ كەتكەنىدى. 1986 ـ يىلى 4 ـ ئايدىكى «زەنجىر» نۇتقىدىن كېيىن، ۋىنىنى تېخىمۇ ئاكتىپ ۋە ئۇرۇشخۇمارلىشىپ كەتتى. شۇنداقلا ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلەرنى ئۆزى باشلاپ بەردى. ئۇ ئۇچىنىغا بىرە ـ بىرە ھەربىي فورما كىيىۋالىدىغان پارتىزانلار ئەترىتىدە ئۆز ئوبرازىنى تىكلىدى. مىللەت نەيزىسى سەۋەبلىك تالاپەتكە ئۇچراپ شەرقىي قىسىمدىن كەلگەن كىشىلەرگە ھامىيلىق قىلدى. شۇنداقلا رېكس ھانىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى جاكارلىدى. رېكس مىللەت نەيزىسىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا سىرتىدىكى رەھبىرى ئىدى. ۋىنىنى جەڭ مەيدانىدا چوقۇم زوراۋانلىق ۋاستىلىرىنى قوللىنىش كېرەك دەپ قارايتتى.

يەرلىك رەھبەرلەر ۋىنىنىنى چەكلەشتىن ۋاز كەچتى. ئۇنىڭ تەشكىل ئىچىدىكى دائىرىسىدىلا چەكلەش غەرىزىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. توققۇز يىلدىن كېيىن ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتى قىسمەن مەسئۇلىيەتنى ئۇلارغا ئارتىپ قويدى. چۈنكى، «مەسىلە ئەۋجگە كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلار ۋىنىنىنىڭ ھەرىكىتىگە تېخىمۇ بەك چەك قويۇش ياكى باشقۇرۇش ھالىتىدە بولمىدى.» بىراق، ئەينى چاغدا ۋىنىنى تەرسالىشىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ چوڭ ھوقۇقدار دوستلىرى بار ئىدى.

ۋىنىنىنىڭ دوستلىرىمۇ ئۇنى ئۆزىنى قوغداشقا دىققەت قىلىش توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇردى. 1987 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۇنىڭغا «ماندېلا بىرلەشمە پۇتبول كۇلۇبى» دەپ ئاتالغان بىر توپ ئوغۇللار ئەگىشىۋالغانىدى. بۇ ئوغۇللار ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا تۇراتتى. ئۇنى زىيارەت قىلىپ كەلگەنلەر بۇ باللارنىڭ پۇتبول كىيىۋېلىپ، يوگۇرۇشكىنىچە ئالدى ھويلىدىن كىرىپ ـ چىقىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتى.

دەسلىپىدە ئۇلار ۋىنىنىنى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاۋاتقاندەك كۆرۈندى. ۋىنىنىنىڭ قوشنىسى دېرامىنى خانىم مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بۇ كۇلۇبنى قۇرغان چاغلاردا، ھەممەيلەن ئۇلارغا بەكلا ھەۋەس قىلغانىدى. مەنمۇ شۇنداق ئىدىم. چۈنكى، ھەممىمىز ۋىنىنىنى ياخشى كۆرەتتۇق.» نېكدىمۇس سوننو مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئىلگىرى بىر ئانا، شۇنداقلا زىيادە مېھرىبان ئىدى. سىز قاتتىق ئۆچمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە قەدەم باسسىڭىزمۇ، ئۇ سىزگە قولىدىن كېلىدىغانلىكى ياردىمىنى ئايىمايتتى.» بىراق، قوشنىلار تېزلا پۇتبول كۇلۇبىنىڭ سوۋۇتولۇقلارغا ساقچىلاردىنمۇ بەك قورقۇنچلۇق ئىشلارنى تېرىپ بېرىشىدىن ئەنسىرىدى. ماندېلا تۈرمىگە يالاپ ئېلىپ بېرىلغان چاغدا، بىرەيلەن ماندېلانى ۋىنىنىغا مۇناسىۋەتلىك پۇتبول كۇلۇبىدىن ئاگاھلاندۇردى. شۇنداقلا بۇ تەشكىلىنىڭ تارقىتىۋېتىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بىراق، پۇتبول كۇلۇبى ئىزچىل ھالدا تارقىتىۋېتىلمىدى. پۇتبول كۇلۇبى جەنۇبىي ئافرىقا تۇپرىقىدا ئۆزلۈكىدىن تەشكىللەنگەن كۆپ ساندىكى ئامانلىق ساقلاش گۇرۇھلىرىدىن بىرى ھېسابلانسىمۇ، بىراق شەك ـ شۈبھىسىزكى ئۇلارنىڭ خەتىرى ھەممىدىن چوڭ ئىدى.

1987 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە نەزەر سالساق، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا ۋىنىنىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى مەخپىي ئۆيىدىكى كىشىنىڭ تېنىنى شۇركۇندۇرۇۋېتىدىغان رەھىمسىز جازا ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى ھەر خىل سۆز ـ چۆچەكلەر تارقىلىپ يۈرگەنىدى. ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، «ماندېلانىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ساقچىلارغا بەك چوڭ پايدىسى بار، چۈنكى بۇ قالايمىقانچىلىق ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن چىقىشالمايدىغان سادا ياڭراتتى. ھالبۇكى، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بۇ ئىشنى قىلمىقى ئاسانغا توختىمايتتى.» گەرچە ۋىنىنى ياشلىقىدا ساقچى تەرەپنىڭ زىيانكەشلىكىگە

ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق ھازىر ئۇ ساقچىلار تەرىپىدىن قىلچە ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىماي ۋاتقاندەك قىلاتتى. ۋىننى ۋە ئۇنىڭ گورۇھىنىڭ ئەزالىرى سوۋېتتا ئۆزىنى بازارغا سالغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئاۋارىچىلىككە ئۇچراپ باقمىدى.

1988 ـ يىلى پۇتبول كۇلۇبى بىر قېتىملىق تەۋەلىك تالىشىش كۆرۈشىگە قاتناشتى. ئۇلارنىڭ رەقىبى يېقىن ئەتراپتىكى دارۋانجا ئوتتۇرا مەكتىپىدىن كەلگەنلەر ئىدى. 1988 ـ يىلى 7 ـ ئايدا دارۋانجانىڭ قوللىغۇچىلىرى ئۇرۇشۇش، مۇشتلىشىش ۋە زورلۇق كۈچ ئىشلىتىشتىن كېيىن، بىنزىن تۆكۈلگەن كوكتورگىنىچە ماندېلانىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۆيگە ئوت قويۇۋەتتى. ساقچى تەرەپ ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى مىدىر ـ سىدىر قىلماستىن قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇردى. ۋىننى دەرغەزەپكە كېلىپ يېتىپ كەلگىنىدە ئۆيىنىڭ، ئۆيىدىكى ھۆججەت، خەت ـ چەكلەرنىڭ ۋە ئەينى چاغدىكى توي مەرىكىسىدىن ئەسلىمە سۈپىتىدە ساقلاۋاتقان بىر پارچە تورت قاتارلىقلارنىڭ ھېچنېمىسى قالماي كۆيۈپ تۈگىگەنلىكىنى كۆردى.

تۈرمىدىكى ماندېلا تېزلا ئۆيىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۆيىدىكى قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن بەكمۇ ئازابلاندى. ئۇ 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋىننىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېدى: «ئۆيىمىزدىكى بىساتلارنى كۆيدۈرۈۋېتىش بەكمۇ رەزىل قىلمىش بوپتۇ. مەن بۇ ئىشقا ئۆچمەنلىكىمنى ھەم نارازىلىقىمنى بىلدۈرىمەن.» بىراق، ئۇ ئۆز ئادۋوكاتى ئىسمىر ئايوبقا بۇ قېتىم ساقچىغا مەلۇم قىلماسلىقنى، ئەرز قىلماسلىقنى ياكى سىياسىي زىيانكەشلىك قىلماسلىقنى ئۇمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، «بۇ ئىش سوۋېتولۇقلار تەرىپىدىن ھەل قىلىنىدۇ» دېدى.

ئۆيى رېمونت قىلىنىۋاتقان مەزگىللەردە، ۋىننى دېپكرۇفقا جايلاشقان تېخىمۇ ھەشەمەتلىك بىر ئۆينى ۋاقىتلىق ئىجارىگە

ئالدى. ئۆيگە ئۇۋۇلاش ۋانىسى سەپلەنگەندى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئامېرىكىلىق كارخانىچى دوستى روبېرت بروۋېن تەرىپىدىن بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ۋىنىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرمۇ بۇ ئۆيگە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار بۇ چاغدا تېخىمۇ بەك بىشەملىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بىرنەچچە ئاي ئىچىدە شۇ مەھەللىدىكىلەر «تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقى» دەپ ئاتىغان بىر قېتىملىق ھەرىكەتكە تۇتۇش قىلدى. نىكدىمۇسنىڭ ئوغلى لۇلۇ سونو ئىلگىرى ۋىنىنى بىلەن بىرلىكتە شىمالىي قىسىمدىن مىللەت نەيزىسى سەۋەبلىك قېچىپ كەلگەن ئەسكەرلەرگە ياردەم قىلغان ياش پائالىيەتچى ئىدى. ئەسكەرلەردىن بىرسى دۈشمەنلىك قىلغۇچى گۇرۇھ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، لۇلۇ جاسۇس دەپ ئەيىبلەندى. 1988 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ۋىنىنى ئۆزىنىڭ كىچىك مىنىبۇسىنى ھەيدەپ لۇلۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. مىنىبۇستا پۈتۈن بەدىنى يارىلىنىپ، كۆكۈرۈپ كەتكەن لۇلۇ بار ئىدى. ۋىنىنى لۇلۇنىڭ دادىسىغا ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ بىراۋ تەرىپىدىن ئەكېتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نېكدىمۇس ۋىنىنىغا ئېچىنىشلىق ھالدا يالۋۇردى. بىراق، ۋىنىنى «نېكدىمۇس ئىلگىرى تونۇيدىغان ۋىنىنى ئەمەس ئىدى، ۋىنىنى ھارىز غەلۋىخورلىشىپ، تامامەن باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى.» ۋىنىنى ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى، لۇلۇنىڭ ئىزچىل ھالدا ئىز ـ دېرىكى بولمىدى. بەش كۈندىن كېيىن، سونونىڭ قوشنىسى نوماس چابلالا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئوغلى شىبىنسونىڭمۇ ئەكېتىلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ لۇلۇنىڭ دوستى ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ شىبىنسونىڭ ھېچقانداق ئىز ـ دېرىكى بولمىدى. ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتى كېيىن لۇلۇ بىلەن شىبىنسونىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك ۋىنىنىنى ئەيىبلىدى.

ۋىنىنى بۇ رايوننىڭ ئاتامانى ئىدى، ۋىنىنى بۇ رايوندا تەسىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بار ئالەندىۋىي دىنىي جەمئىيىتى (مېتودىست چېركاۋى)گە ئۆچ ئىدى. بۇ دىنىي جەمئىيەت ئىخلاسمەن پوپ پائۇل ۋېللىئېنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، بۇ جايدا ئۇ ئافرىقىلىق بالىلار پاناھگاھىنى قۇرغانىدى. 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ستومپېي ئىسىملىك 14 ياشلىق بىر بالا دىنىي جەمئىيەتكە كىردى. ئۇزاق ئۆتمەي ۋېللىئېن دەم ئېلىشقا كېتىپ، دىنىي جەمئىيەتنى ھوقۇقدار ئايال سۇلسىۋا فارادىينىڭ باشقۇرۇشىغا قويۇپ قويدى. بۇ ئايال ھەر جايدا ۋېللىئېننى ھەمجىنىس دىنىي جەمئىيەتتىكى ئوغۇللار بىلەن چېتىشلىقى بار، دەپ ئۆسەك سۆز تارقاتتى. ئەمما، ستومپېي سېيىپ جاسۇس ئىدى. ئۇ ئايال ستومپېينى سوراق قىلىشقا چۈشتى. 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ستومپېي ۋە باشقا ئۈچ ئوغۇل بالا پۇتبول كۇلۇبى تەرىپىدىن ۋىنىنىنىڭ دېپكىرۇفتىكى ئۆيىگە ئالداپ ئېلىپ بېرىلدى. پۇتبول كۇلۇبىدىكىلەر ئۇلارنى مەخپىي ئۆيگە ئەكىرىپ ئۆلگۇدەك دۇمبالىدى. ۋىنىنى بولسا بىر چەتتە قاراپ تۇردى. ئۇلار ستومپېينى جاسۇس دەپ ئۇنى مۇشت ـ پەشۋالار بىلەن بولۇشىغا ئۇردى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كىشىلەر سوۋېتونىڭ قىرغىقىدىكى دەريا ئېقىنىدا ستومپېينىڭ چىرىشكە باشلىغان جەسىتىنى بايقىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى يارىلانغان بولۇپ، گېلىغا ئۈچ قېتىم تىقىلغان پىچاق ئىزى ئوپئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن كەددىسا چېبخۇلۇ ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا ۋىنىنىنىڭ ئاي يورۇقىدا ستومپېينىڭ بوينىغا ئىككى قېتىم پىچاق تىقىۋالىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. بىراق، جېررىي رىچارد ۋىنىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پىچاق بىلەن بالىنىڭ گېلىنى «خۇددى قوينى بوغۇزلىغاندەك» بوغۇزلىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ «ئانام ئاساسلىق قارارنى چىقىرىدىغان ئادەم... مەن ئادەم ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بۇيرۇلغىنىم بويىچە ئىش قىلدىم» دېدى.

كېيىن، ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنىڭ دېيىشىچە،

ستومپېينىڭ قاتىللىق دېلوسى «دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ئېغىر كىرىزىس» ھېسابلىناتتى. كىرىزىس كومىتېتى ۋە ئابرۇيلۇق ۋېللىي دىنىي جەمئىيىتىنىڭ باش ئېپىسكوپى پېتېر ستور ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ۋىنىنىنىڭ ئۆيىدە تۇتقۇن قىلىنغان باشقا ئۈچ نەپەر ئوغۇل بالىنى قوغداشنى قارار قىلدى. 1989 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئۇلار ۋىنىنىنى يوقلاپ باردى. ۋىنىنى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بۇ بالىلارنى پەقەت قوغداۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بىراق، ئۇلار بالىلارنىڭ بەدىنىدىكى يېڭىدىن چۈشكەن زەخمىلەرنى كۆرۈپ قالدى. كومىتېت لۇساكادىكى تابوغا ناھايىتى يۇقىرى ماھارەتتە يېزىلغان ئېچىنىشلىق دوكلاتتىن بىرنى ئەۋەتتى. دوكلاتتا مۇناسىۋەتلىك دەلىل - ئىسپاتلار ۋە ۋىنىنىنىڭ يول قويماسلىق پوزىتسىيەسى يېزىلغانىدى. ئۇلار تابونىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈپ «كۆز ئالدىمىزدىكى كىشىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشنى» ئۆتۈندى. ماندېلا بۇ ئىشتىن بەكمۇ ئەندىشە قىلدى. ماندېلا ۋىنىنىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقىدىن گۇمانلاندى. بىراق، ۋىنىنىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئىسپاتلىنىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ ئېرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋىنىنى تەرەپتە تۇرۇشنى لايىق كۆردى.

1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېتونىڭ ھەممە يېرىدە ستومپېينىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى ھەر خىل كوچا پاراڭلىرى تارقالدى. بىراق، ئۇرۇپ - سوقۇش ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكەتلىرى تېخىچە ئەۋج ئېلىۋاتاتتى. 150 مەھەللە رەھبەرلىرى يىغىن چاقىرىپ، ماندېلا پۇتبول كۇلۇبىنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، سوۋېتو رايونلۇق ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى مەشھۇر دوختۇر ئابۇبېك ئاسۋاتنى ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئاربوتنا سىسۇلۇ ئوپېراتسىيە ئۆيىدە ئۆلگەن ھالەتتە بايقىدى. يەردە قان ئىزى تۇراتتى. بۇ ياردەمچى خادىم دەل ۋولت سىسۇلۇنىڭ ئايالى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئىككى نەپەر نامسىز سەرگەرداننى بۇ يەردە كېسەل يوقلىغان ھالەتكە كىرىۋېلىپ، ئىشتىن كېيىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى باشقىلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. كېيىن ئۇلار جازالاندى. ۋىننىنىڭ تەھلىلىچە، دوختۇر ئاسۋاتنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى پەقەتلا ئۇنىڭ ۋېللىپىئىنىڭ ئۆيىدىكى ئوغۇل بالىنىڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان ـ ئۇچرىمىغانلىقىنى بىلگەنلىكى سەۋەبىدىن بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە دوختۇر ئاسۋات ئىلگىرى ستومپېينىڭ يارىسىنى كۆرگەن، بىراق ئۆلگۈچى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ھەمجىنسلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ئىسپات بېرىشنى رەت قىلغانىدى.

كىرىزىس كومىتېتى ستومپېينىڭ ئۆلتۈرۈلۈش دېلوسىغا چوقۇم ئازابلىق ھالدا يۈزلىنىشى، ئۆزلىرىنىڭ بەكمۇ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن رەھبىرىنىڭ داغلىق ئايالىنى ئەيىبلىشى كېرەك ئىدى. «بىز چوقۇم دادىللىق بىلەن قارار چىقىرىشىمىز كېرەك. بۇ بىز چىقارغان ئەڭ قىيىن قاراردىن بىرى» دېدى ئاسكار كاجالىيا. 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئېچىلغان مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، خەلق دېموكراتىيە ھەرىكىتى(MDM) نىڭ تەشۋىقات ئەزاسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مورفىي مولوبىر مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر ئالىلىقاچان تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى. بىز خەلقنىڭ بەختسىزلىكىگە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرساق بولمايدۇ.» ۋىننىنى «ھىندىستان قەست قىلىش گۇرۇھى» نىڭ ئاشۇ تەشكىلاتىنى ھەرگىز كەچۈرمەيتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سەپسەتىسى ۋىنىنغا ھالاكەتلىك زەربە ئەكەلگەنىدى:

ماندېلانىڭ ئايالى يېقىندا يۈز بەرگەن ستومپېينىڭ گۇرۇگە ئېلىنىپ ئۇرۇپ چەيلىنىش دېلوسىدىكى پىلانلىغۇچى. بىز بۇ ئىشقا بەكمۇ غەزەپلەنگىنىمىزنى بىلدۈرىمىز.... ئەگەر ستومپېي ۋە ئۇنىڭ باشقا ئۈچ ھەمراھى ماندېلانىڭ ئايالىنىڭ «پۇتبول كۇلۇبى» تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنمىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ بۇگۈنگىچە ھايات

ياشىغان بولاتتى... ئاتاقتا ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ھوقۇقنى ئاياغ ئاستى قىلغان بۇنداق كىشىلەرگە نىسبەتەن بىز قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرالمايمىز.

بۇ ئىشنىڭ مانديلا بىلەن ۋىننىنىڭ نىكاھىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى سورالغاندا، مولوبىر مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «يولداش نېلسون ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پوزىتسىيەسىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، چوقۇم قارار چىقىرىشى كېرەك.» «يېڭى دۆلەت گېزىتى» مۇ ۋىننىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى جاكارلىدى. «يېڭى دۆلەت گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى ۋولت سىسۇلۇنىڭ ئوغلى زىۋاراك مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىنى خەلق رەھبىرىنىڭ ۋەكىلى دەپ ئاتىغان ھەرقانداق تەشكىلات چوقۇم خەلق تەرىپىدىن چەكلىنىشى كېرەك».

لۇساكادا تۇرۇۋاتقان تابو بۇنىڭدىن ئالاقزەدىلىككە چۈشتى. ئۇ ھەممىدىن بەك يوقاپ كەتكەن كەدىسا چىپىخۇلىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىدى. تابو يوھاننېسبۇرگدىكى فرانك چىكاغا تېلېفون قىلىپ، دەرھال ۋىننىنى يوقلاپ بېرىشنى، ۋىننى كەددىسانى تاپشۇرۇپ بەرگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلىشنى بۇيرۇدى. چىكا بەش سائەت چاپا چېكىپ، ئاخىر كەددىسانىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالىدى ۋە ئۇنى جىددىي تېببىي تەكشۈرتۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. تابو ۋىننىغا بولغان ئەيىبلەشنى ئىپادىلىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئىنتوناتسىيەسى خەلق دېموكراتىيە ھەرىكىتىنىڭكىدىن كۆپ سىلىق بولدى: «ۋىننىنىڭ مانديلا پۇتبول كۇلۇبى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئويلىغىنىمدا، مەن ۋىننىغا پىكىر بەرمەي تۇرالمايمەن. بۇ ئىش بىزنى بەكلا ئازابلىدى.» بىراق، تابو يەنىلا ۋىننىنىڭ بۇ ھەرىكەتكە قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلدى. بۇ چاغلاردا ۋىننى ئاللىقاچان باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىپ بولغانىدى. 1 - ئاينىڭ 19 -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۈنى ۋىنىنى يوھاننىسبۇرگتىكى «يەكشەنبىلىك گېزىت» تە مۇنداق دېدى: «يولداش تابو بىلەن يولداش ماندېلا بىردەكلىك ھاسىل قىلدى. بىزنىڭ پۈتۈن بىر ئائىلە ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەڭ ياخشى ئامال سۈكۈتتىن ئىبارەت. ھازىردىن باشلاپ بىز لۇساكا تەرىپىدىن باشقۇرۇلىمىز.» بىراق، شۇ كۈننىڭ ئۆزىدە ۋىنىنى گوللاندچە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا: «مەن ستومپېينىڭ ئۆلتۈرۈلمىگەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىمەن» دېدى.

ماندېلا ئۇنىڭغا سەۋرچان بولۇش، ھەرقانداق زىيارەتنى قوبۇل قىلماسلىق توغرۇلۇق نەسىھەت قىلدى. ماندېلا 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە، ئۇنىڭغا بارلىق دېلولارنى كىرىزىس كومىتېتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئېيتتى ۋە «ھەرقانداق ئىش چىقىشىدىن قەتئىينەزەر ئاشۇ پۇتبول كىيىملىرىنى ئىشلەتمەڭ» دەپ قوشۇمچە قىلدى. بىراق، ماندېلا كونسېرۋاتىپ تاراتقۇلارنىڭ بۇ ۋەقەنى بۇرمىلىۋېتىشكە نارازىلىقىنى بىلدۈردى: «ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسى بىزنىڭ ئوبرازىمىزنى ۋەيران قىلىش، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئىختىلاپ ئۇرۇقىنى چېچىش، ناتار رايونى دائىرىلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقىنى يوھاننىسبۇرگ دەريا قىرغىقىدىكى ئېگىزلىكلەرگىچە كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. بىز چوقۇم سەگەكلىكنى بوشاشتۇرماسلىقىمىز كېرەك ،»

فاتىمە مىل تۈرمىدىكى ماندېلانى كۆرۈپ، ئۇنىڭ «ئازابلىق دەقىقىلەردىمۇ ۋەزىيەتنىڭ ئىقتىدارىغا ئوبيېكتىپ باھا بەرگەنلىكىدىن ۋە ئايالىغا بولغان قىلچە تەۋرەنمەس مۇھەببىتى» دىن ھەيران قالدى. ئابدۇللا ئۇمەرمۇ تۈرمىدىكى ماندېلانى كۆرگەنىدى: «ئۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ئازابلايدىغان پەيت ئىدى. ماندېلا ۋىنىنىغا ناھايىتى سادىق ئىدى. ۋىنىنى ھەرىكەتتىن بارا ـ بارا يىراقلاشقان تەقدىردىمۇ، ماندېلا ھاردىم ـ تالدىم دېمەستىن ۋىنىنىنىڭ خۇشال ۋە بەختلىك ياشىشىغا كۆڭۈل بۆلەتتى.»

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كونگرېگاتسىئون جەمئىيىتىنىڭ

ئېپىسكوپى پېتىر ستىرېينىڭ يېقىن دوستى پوپ ستانلى ماخبا ماندېلانى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار روبېىن ئارىلىدا تونۇشقانىدى. ماندېلا ۋىنىنىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى قوبۇل قىلدى. ماخلابا ستانلىنىڭ ۋىنى بىلەن كۆرۈشۈپ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن سىرت، ۋىنىنىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاراتقۇلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلا دىنىي جەمئىيەتنىڭ قىلمىشلىرىغا تەشەككۈرىنى بىلدۈردى. «بۇلار كۆپچىلىك كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئىشلار ئىدى» دېدى ماندېلا. ئۇ ۋىنىنىنىڭ بەلكىم ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا يارىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى، ھەمدە ئىشنى قايتىدىن باشلايدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىش تەكلىپىنى بەردى. بىراق، ماخلابا بۇ ئىشنىڭ كېچىكىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىنى ئېيتتى. ماندېلا ۋىنىنىغا ياردەم قولىنى سۇنالىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ماندېلا 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى دوستىغا يازغان خېتىدە، ۋىنىنى «سىزگە ئوخشاش بەك ياخشى ئايال، مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ بەك سەۋرچان بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىمەن. بىراق، سىز ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ۋىنىنى تەرەپتە تۇرۇپ ئۇنى قوللىشىڭىز كېرەك.»

4 ـ ئايدا جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك پوپ بېرىس نود ماندېلانى يوقلاپ كەلـ ‌ى، ئاندىن لۇساكاغا قايتىپ بۇنى تابوغا دوكلات قىلدى. نود تابونى ۋىنىنىنىڭ بىر ئاز «ئەقلىنى يوقاتقانلىقى»دىن، ۋىنىنىنىڭ كىرىزىس كومىتېتىغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋىنىنىنىڭ «مەسئۇلىيەتسىزلەرچە ھەرىكىتى كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ، كىشىلەرنىڭ ۋىنىنىنى دۈشمەن كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش مۇمكىنچىلىك بار دەپ قارايدىغانلىقىدىن» ئاگاھلاندۇردى. تابو نودتىن: «كىشىلەر راستلا ۋىنىنىنى دۈشمەن تەرەپ بىلەن تىل بىرىكتۈردى دېگەن قاراشتىمۇ؟» دەپ سورىدى. نود پەقەت بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئويلايدىغانلىقىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھالبۇكى ۋىننى بولسا ئۆز ئالدىغا ئايالالر تەشكىلاتىنى قۇرۇۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ بۇنىڭدىن بەكمۇ غەزەپلەنگەنلىكىنى ئېيتتى. تابو دەر غەزەپكە كېلىپ، بۇ يېڭى تەشكىلاتنى تارقىتىۋەتمەكچى بولدى: «مانا بۇ بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ساقلىنىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان بۆلگۈنچىلىك ۋەزىيىتىدۇر.»

4 ـ ئايغا كەلگەندىلا مەتبۇئاتلاردا ۋىننىنىڭ كىرىزىس ئىچىدە قالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يوقاپ، بۇنىڭ ئورنىنى ماندېلانىڭ قويۇپ بېرىلىشىگە ئائىت ھەر خىل پەرەزلەر ئىگىلىدى. ساقچى تەرەپ تېخىچە ستومپېينىڭ دېلوسىنى ئېنىقلاۋاتاتتى. سوۋېتولۇقلار مۇرەككەپ ھېسسىيات بىلەن ۋىننىنىڭ ئۆزگىرىشىگە كۆز تىكمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر ئىلگىرى ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن كۈن كەچۈرگەن ۋىننىغا ھېسداشلىق قىلاتتى. ۋىننىنىڭ قوشنىسى باش ئېپىسكوپ توتو شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى. ۋىننى ئىلگىرى ئۇنىڭ نەۋرىسىنىڭ چوقۇندۇرغۇچى ئانىسى بولغانىدى. «ئۆتمۈشتە، ۋىننى بىزنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىمىزنىڭ سادىق ۋە كۈچلۈك ھىمايىچىسى، ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مەبۇدى ئىدى. بىراق، ئۇ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدى، قورقۇنچلۇق ۋە ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويدى» دېگەنىدى تۇتۇ توققۇز يىل كېيىن. شۇبھىسىزكى، ۋىننىنىڭ «مەيلى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن ياكى ئەخلاق جەھەتتە بولسۇن، ماندېلا پۈتۈن كۈلۈبىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇق جەھەتتىكى ئېغىر تاجاۋۇزچىلىقىدا باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار.»

ۋىننى ئەڭ قىيىن كۈنلەردىمۇ زور تىرىشچانلىق بىلەن كۈرەش قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ تۈرمىدىكى يولدىشى تىكەندەك يالغۇز ھالدا ھۆكۈمەتنىڭ زەربىلىرىگە تاقابىل تۇردى. بۇ ئىشلارنى ماندېلا ھەرگىزمۇ ئاسانلىقچە ئۇنتۇپ قالمايتتى. ماندېلا ۋىننىنىڭ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ،

ئۇنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشىدىن گۇمانلانغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭغا يەنىلا ئىلگىرىدەكلا سادىق بولدى، شۇنداقلا دوستلىرىنىڭمۇ شۇنداق بولۇشىنى، ھەقىقەت ئېنىقلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا بولغان سادىقلىقىدا چىڭ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى. ستومپپېنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش دېلوسى ۋە ماندېلا پۇتبول كۇلۇبىنىڭ قانۇن - تۈزۈمنى نەزىرىگە ئىلماي ئۇرۇشۇش قىلمىشى قاتارلىقلار كېيىن ماندېلانىڭ تىنچلىق ئۈچۈن ئۇن يىللاپ داۋام قىلغان سۆھبىتىدە زوراۋانلىقنى يوقىتىشتىن باشقا يەنە بىر سايە ۋە قورقۇنچلۇق چۈش بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 27. مەھبۇس بىلەن پىرېزىدېنتنىڭ كۆچ سىنىششى

(1989 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە)

1988 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ماندېلا كونستانتىننىيەبۇرگ دوختۇرخانىسىدىن پاردۋېكتو ۋېلسىت تۈرمىسىگە يۆتكەپ كېلىندى. بۇ تۈرمىنىڭ مۇھىتىمۇ بولسىمۇر تۈرمىسى بىلەن روبېن ئارىلىغا ئوخشاشلا يېقىشلىق ئىدى. بىراق، ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغىنى، ماندېلا بۇ قېتىم كامېرغا سولانماستىن، بىر تۈرمە خادىمىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ناھايىتى چوڭ ئۆي بولۇپ، تام ـ تورۇسلىرى ئاپپاق ئاقارتىلغان، يەنە تېخى كەڭ كەتكەن گۈللۈكى ۋە سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى بار ئىدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ماندېلانىڭ بولسمۇر تۈرمىسىدىكى تۆت سەپدىشى بۇ يەرگە ئۇنى كۆرگىلى كەلدى. ئۇلار بۇ يەردىكى ئارامبەخش مۇھىت ۋە زامانىۋى ئەسلىھەلەردىن ھەيرانۇھەس قالدى.

ماندېلا بۇ يەردە يېقىشلىق ۋە دوستانە تۈرمە خادىملىرىنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن كۈتۈشىگە نائىل بولدى. ئۇلار تېخى ماندېلاغا شەخسىي ئاشپەز سەپلەپ بەردى. ستار شىناجېك سىۋۇت ماندېلا ياخشى كۆرىدىغان بېلىق پۆرىسى، ياغدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم، چاي ۋە يېڭى پىشۇرۇلغان بۇغداي ئۇنى بولكىسى قاتارلىق ناشتىلىقلارنى ئېتىشكە ئۇستا ئىدى. ئۇ ماندېلانى يوقلاپ كەلگەنلەر ئۈچۈن مول چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماق ئېتىپ بېرەتتى، ئېسىل ئۈزۈم ھاراقلىرىنى تەييارلايتتى. بۇنداق ياخشى

مۇھىتتا ياشاۋاتقان ماندېلانىڭ باشقا سەپداشلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئازىيىپ كەتتى. كاترادا مۇنداق يازغانىدى: «ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت شۇكى، ئۇ ھەشەمەتلىك تۈرمىدە ياشاۋاتقان غېرىب مەھبۇس ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ كۆنىمىز ئۇنىڭكىدىن ياخشىراق ئىدى.»

ماندېلا ئالاھىدە كۆتۈنۈشتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان تۈرمىدە پات ئارىدا ئەركىنلىكىنىڭ ئۆزىگە قۇچاق ئاچىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئەمدىلىكتە يۇزلەنمەكچى بولغىنى تېخىمۇ قىيىن ۋەزىيەت ئىدى. ئۇ ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇردى. ھالبۇكى، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز ئالدىغا پىلانى بار ئىدى. شۇنداق بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەت تەرەپ ماندېلانىڭ مەيدانىنى ئاسانلا خاتا چۈشىنىپ بۇرمىلىۋەتتى. ماندېلا پەقەتلا جەنۇبىي ئافرىقا چېگراسى ئىچىدىكى ۋە يىراق لۇساكادىكى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرە ـ بىرە ئالاقە قىلالىدى. ئۇنىڭ غەرب ھۆكۈمەتلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىسى يوق ئىدى. ئۇلارمۇ كۆڭلىگە شۇملۇق پۈكۈپ، ماندېلاغا نىسبەتەن خاتا قاراشتا ئىدى. ماندېلا بەئەينى ئۆزۈۋېتىلگەن ئۈمۈچۈك تورلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان ئۈمۈچۈككە ئوخشاپ قالغانىدى. ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان 14 ئايدا ئۇ ئۆز سەپداشلىرى، ئىككى پىرېزىدېنت ۋە چەت ئەل رەھبەرلىرى بىلەن بولغان نازۇك مۇناسىۋەتنى — جەنۇبىي ئافرىقىدا پات ئارىدا يۈز بېرىدىغان غايەت زور ئۆزگىرىشنى ئۇستىلىگە ئالغانىدى.

ماندېلا بىلەن ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەخپىي سۆھبىتى يەنىلا داۋاملىشىۋاتاتتى. ماندېلا ئۇلارغا ئۆزىنى مەسىلىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىماستىن، مەسىلىنى ھەل قىلىش لايىھەسىنىڭ بىر قىسمى دەپ ھېسابلىشىنى ئېيتتى. بىراق، ھۆكۈمەت تەرەپ تېخىچە ماندېلانى قويۇپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايلا قالماي، يەنە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قوراللىق قارشىلىقتىن ۋاز كېچىشى، كوممۇنىستىك پارتىيە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈشى، ھوقۇق ساھەسىدە قارا تەنلىكلەرنىڭ كۆپ بولۇشىنى داۋا قىلىشتىن ۋاز كېچىشى قاتارلىق ئۈچ شەرتتە چىڭ تۇردى. بىراق، ماندېلانىڭ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا قوشۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ماندېلا پىرېزىدېنت بوتا بىلەن يۈزمۇيۈز سۆھبەتلىشىش تەلىپىدە چىڭ تۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئەستايىدىللىق بىلەن بىر پارچە ئەسلىمە تەييارلىدى. 1989 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بۇ ئەسلىمە «غەيرىي رەسمىي ھۆججەت» سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، رەسمىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئاساس تىكلىدى. ھۆججەتتە ماندېلا دۆلەتنىڭ ئىككى لاگېرغا بۆلۈنۈپ كېتىپ، ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەرنىڭ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتتى. ماندېلا ھۆججەتتە يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ شەرتىگە بولغان رەددىيەسىنى بايان قىلدى: 1. ئەگەر ھۆكۈمەت سىياسىي ھوقۇقتىن قارا تەنلىكلەر بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئويلاشمىسا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى قورال كۈچىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. 2. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھەرگىزمۇ كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ كونتروللۇقىدا قالغىنى يوق. شۇ سەۋەبتىن، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ئالاقە ئۈزۈش دېگەن گەپ ئارتۇقچە. 3. ھۆكۈمەت چوقۇم ئاز سانلىقنىڭ كۆپ سانلىققا بويسۇنۇش پرىنسىپىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

ماندېلانىڭ ئاخىرقى تەلىپى ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئاياغلاشقانىدى. ماندېلا بىر خىل تۈزۈم يۈرگۈزۈلىدىغان بۇ دۆلەتتىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىن تەشۋىشلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ماندېلا «ياخشى سۆھبەت كەيپىياتى يارىتىش ئۈچۈن، ئىشنى ئاۋۋال سۆھبەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىن باشلاش» تەكلىپىنى بەردى. ئۇ «بارلىق رەھبەرلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە كۆزقاراشلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، يېڭى ئافرىقىنىڭ ئۇلۇغ سۆھبىتى ئۈچۈن

ئۆزىنى بېغىشلىشى»نى ئۈمىد قىلدى.

ھۆكۈمەت تەرەپ «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قۇرۇق ئىنقىلابىي شوئار توۋلاشتەك چارە - تەدبىرلىرى»دىن ھەسرەتلىنىپ ئاھ ئۇردى. ئۇلار: « ‹پولاتتەك ئاخبارات پاكىتلىرى›، شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، 1964 - يىلىدىن باشلاپ كوممۇنىستىك پارتىيە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى كونترول قىلىشنى قەدەممۇقەدەم كۈچەيتتى» دەپ جاكارلىدى. ھۆججەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمى ھۆكۈمەتكە زور ئىلھام بېغىشلىدى. شۇ سەۋەبلىك ھۆكۈمەت تەرەپ «ماندېلا دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى مىللەتنىڭ مەنپەئەتىدىن ئارتۇق بىلىپ، ۋەزىيەتنىڭ نورماللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش نىيىتىنى ئىپادىلىدى» دەپ قارىدى. ئۇلار يەنە «جەنۇبىي ئافرىقا چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىشىشىنى قوبۇل قىلماستىن، ئۆز مەسىلىسىنى ئۆزى ھەل قىلىشى كېرەك» دەپ قارايتتى. بىراق، تىنچلىق سۆھبىتىدە ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى.

لۇساكادا تۇرۇۋاتقان تامبونىڭ كۆڭلى بارغانسېرى ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى. ماندېلا مەخپىي سۆھبەت ئارقىلىق پىرېزىدېنت بوتاغا تاپشۇرۇلىدىغان بىر پارچە ئەسلىمىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى تامبوغا ئەۋەتتى. تامبو خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قولىدىكى ئەسلىمىنى ئىجرائىيە كومىتېتىغا تاپشۇرمىدى. بىراق، ئۇ ھۆججەتنى ئاشكارىلىماسلىق سەۋەبلىك ماندېلانىڭ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. تامبو: «ماندېلا مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالىشى مۇمكىن، بىراق باشقىلار بۇنداق قىلالمايدۇ» دېدى. ماندېلا ئىشەنچلىك ئاق تەنلىك پوپ بېرىس نود ئارقىلىق يىراق لۇساكادىكى تامبوغا گەپ يەتكۈزۈپ: «دۆلەت ھازىر ئىچكى ئۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى، ھۆكۈمەتمۇ كىرىزىسقا پېتىپ قېلىپ، كىرىزىستىن قۇتۇلۇش يولى ئىزدەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە» دېدى. ماندېلانىڭ ئىلگىرىكى تىرىشچانلىقىنىڭ

ھەممىسى ئاساسلىق تەرەپلەرنى سۆھبەت ئۇستىلىدە ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن بولغانىدى. سۆھبەتكە ھەقىقىي يېتەكچىلىك قىلغۇچى پەقەتلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بولاتتى. ئۆتكەن بىر يىلدا ماندېلا ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن ئون قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ماندېلا چۈشەنچە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتكە بىر نۇسخا ئىسىم تىزىملىكى چىقىرىپ بەرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ شۇ تىزىملىكتىكى كىشىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى ئىكەنلىكىنى، بەزى كىشىلەرنىڭ تېخىچە تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ماندېلانىڭ ئادۋوكاتى ئىسمىر ئايوب ماندېلانى يوقلاپ كەلدى. شۇ چاغدا ئىككىيلەن دېيىشكەن گەپلىرىنىڭ ئوغرىلىقچە تىڭشىلىۋاتقانلىقىنى جەزم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئايوب لۇساكاغا بېرىپ تامبوغا ۋە «پىرېزىدېنت مەھكىمىسى»گە ئۆزىنىڭ ماندېلا بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى دوكلات قىلدى. كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى ماندېلانىڭ ھۆججىتىنى كۆرۈپ چىقىپ، ھۆججەت بويىچە بولغاندا ئۆز ھەرىكىتىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. بىراق، تامبو ماندېلانىڭ يەنىمۇ يول قويۇۋاتقاندەك قىلغانلىقىدىن تېخىمۇ ئەنسىرىدى. ئەينى چاغدىكى يىغىن خاتىرىسىدە مۇنداق يېزىلغانىدى: «بىزنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق... بۇنداق بولغاندا ئۆز ئاجىزلىقىمىزنى تونۇپ يەتكەن ۋە تەسلىم بولۇش خاھىشىمىز بارلىقىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ قالىمىز... بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۆلارنىڭ ئەستايىدىل سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئائىت ھېچقانداق ئىپادىسىنى كۆرمىدۇق.» بەزى كىشىلەر ساچىر خانىمنىڭ مەيدانىدىن ئەنسىرەشتى. بىراق، تامبو ساچىر خانىمنى جەنۇبىي ئافرىقىغا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە بېسىم قىلىش خاھىشىدا دەپ قارايتتى. جوئى سىلوۋمۇ شۇنىڭغا دىققەت قىلدىكى، ئەگەر

ماندېلا قويۇپ بېرىلمىسە، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئېتىراپ قىلىنمىسا، ھەتتا ساچىر خانىممۇ جەنۇبىي ئافرىقىنى زىيارەت قىلىشنى رەت قىلاتتى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ماندېلا ھۆكۈمەتكە تاپشۇرغان ئاشۇ ئىسىم تىزىملىكىدىن بەكمۇ ئەندىشە قىلدى. سىلوۋ ھۆكۈمەتنىڭ ماندېلا ۋە تىزىملىكتىكى كىشىلەردىن پايدىلىنىپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى پارچىلىۋېتىشىدىن، ماندېلانى «كىشىلەرنىڭ چوقۇنۇش مۇنبىرىدىن قوغلاپ چۈشۈرۈۋېتىشىدىن» ئەنسىرەيتتى. كېرىس ھانىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ سۆھبەت مەزمۇنىنى قەستەن ئاشكارىلىۋېتىپ، شۇ ئارقىلىق ماندېلانى زىيانغا ئۇچرىتىشىنى پەرەز قىلدى. تامبو سۆھبەتنىڭ مەخپىيەتلىكىدىن ئەندىشىگە چۈشتى. بىراق، ئۇ يەنىلا ماندېلاغا ئىشىنەتتى. «ئۇنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرايلى، بىراق ئۇنىڭ بارلىق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى تەكشۈرۈلۈشى كېرەك.»

ماندېلا سەپداشلىرىنى سېتىۋەتتىمۇ؟ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا چېگراسى ئىچىدىكى ئەزالىرى ماندېلانىڭ ئۆز ئالدىغا دىپلوماتىيە ھەرىكىتى قوللانغانلىقىدىن قاتتىق ئەنسىرىدى. ئەيلون بوساك مۇنداق دەيدۇ: «ماندېلا ھېچكىمنىڭ پىكرىنى ئالمىدى، بىرلەشكەن دېموكراتىك فىرونتىدا بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر جىنايەت بولمىسا كېرەك.» گېۋىن مىبېكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەھبەرلەر، ھەتتا ماندېلانى كۆرمەكچى بولغان كىشىلەر ماندېلانى يوقلاپ بارماقچى بولغاندا، ئۇلارنىڭ ماندېلا بىلەن كۆرۈشۈشىنى چەكلىدى. مىبېكى ماندېلا تۇرۇۋاتقان تۇرالغۇدا بىرنەچچە سائەت تۇرۇپ ناھايىتى بىئارام بولدى. «قارىغاندا ئۇ بىر بولسا ماڭا ئىشەنچ قىلالماي ئىچىدىكىنى تولۇق دېمىدى، بىر بولسا ھۆكۈمەت ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم دەرىجىدە بىردەكلىك ئورناتقان بولسا، ئۇ شۇ كېلىشىمنى بۇزۇشنى خالىمىدى.» مىبېكى كەسكىن ھالدا: «ۋېكتور ۋېرىست بىلەن ھەرقانداق مەنىدىكى كېڭەش ئۆتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېدى.

تامبو يېڭى بىر ئۇسۇلنى تېپىپ چىقتى؛ ئالاقە تۇسۇقىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ماندېلا بىلەن بىۋاستە ئالاقە ئورناتتى. 1988 ـ يىلى ئۇ روبېن ئارىلىدىن كەلگەن ھىندىستانلىق پېنسىيەگە چىققان قېرى ئەسكەر مارك ماخارالاجنى جەنۇبىي ئافرىقىغا ئەۋەتتى. دۆلەتكە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەۋەتىلگەنلەردىن يەنە تەجرىبىلىك «مىللەت نەيزىسى»نىڭ پارتىزان ئەسكىرى شىفمۇنىر ياندامۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى «ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى» قۇرۇش ئىدى. بۇ ناھايىتى مەخپىي ھەربىي تەشكىلات ئىدى. بۇ تەشكىلات بىر تەرەپتىن، دۆلەت ئىچىدىكى ئاكتىپلار بىلەن ئالاقە ئورنىتاتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ناۋادا سۆھبەتتە ئوڭۇشسىزلىق كۆرۈلۈپ قالسا، ئەڭ ئاخىرقى «قوغداش تۇسۇقى» بولالايتتى. ماخاراج ئىلگىرى موسكۋا ۋە ئامستېردامغا بارغانىدى. ئۇ يەردە ساختا پاسپورت ياساتقان، ساختا چىش سالدۇرۇپ، ساقىلىنى چۇشۇرۇۋەتكەنىدى. گوللاندىيە ئاۋىياتسىيە شىركىتىدىكى بىر ئايال ئايروپىلان كۇتكۇچىسىنىڭ ياردىمىدە بىر دانە خاتىرە كومپيۇتېر ۋە بىر دانە دېمودۇلياتورغا ئېرىشكەنىدى. بۇنداق بولغاندا ئۇ تېلېفون ئارقىلىق مەخپىي ئۇچۇرلارنى ئەۋەتەلەيتتى. بۇ سىستېما ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق مۇتەخەسسىسى تىم يەنكىن ۋە رونى پۈرىس تەرىپىدىن لايىھەلەنگەن بولۇپ، تامبو بىلەن ماندېلانىڭ ئالاقىسى ئۇچۇن مەخپىي يوللارنى ئاچالايتتى.

1989 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تامبو تۈرمىدىكى ماندېلا بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىشكە تولۇق تەييارلىق قىلىپ بولدى. ماندېلا ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەتلىشىشتىكى نازۇك مەزگىلدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۇچۇن، مەخپىي ھالدا بىرەر ھەرىكەت قوللىنىشنى خالىمايتتى. بىراق، ماخاراج ئۇنىڭغا ئۇچۇر ئەۋەتىپ، ئەسلىمىنى كىتاب مۇقاۋىسى ئارىسىغا قانداق يوشۇرۇشنى ئېيتىپ، بۇنى مەخپىي كومپيۇتېر سىستېمىسى

ئارقىلىق لۇساكادا تۇرۇشلۇق تامبوغا ئەۋەتىۋەتتى. ماندېلانىڭ ئۇچۇرى ئاخىر مۆجىزىلىك ھالدا لۇساكانىڭ ئېكرانىدا كۆرۈندى. «ئۇ ئىككىيلەن ئەمدىلىكتە سەمىمىيلىك بىلەن سۆھبەتكە چۈشتى.» تىم يەنكىن: «بۇ 60 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن كېيىنكى ئىككىيلەننىڭ تۇنجى سۆھبىتى» دەيدۇ. تامبو سۆھبەت ئارقىلىق ماندېلانىڭ ئىستراتېگىيەسىنى چۈشەندى. بىراق، تەشكىلگە زىيان يېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ماندېلا بۇ مەخپىي ئۇچۇرلاردىن سەپداشلىرىنى خەۋەردار قىلسا بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئوڭ قانات ئەزالارنى قايىل قىلىپ، ئۇلارنى ماندېلانىڭ ئاسىيلىق قىلمىغىنىغا ئىشەندۇردى.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى لۇساكا «پىرېزىدېنت كومىتېتى» يەنە بىر قېتىم جىددىي يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىندا كۆپچىلىك ماندېلانىڭ ئەسلىمىسىدىن بەكلا ئەنسىرىدى. بىراق، تامبو مۇنداق چۈشەنچە بەردى: ماندېلانىڭ ئۆزى كۆرۈشمەكچى بولغان شەخسلەرنىڭ ئىسمىنى ھۆكۈمەتكە سۇنۇشى بۇ ئىشنى ھۆكۈمەتتىن مەخپىي تۇتۇشنى خالىمىغانلىقىدىن بولغانىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى خاتا. بىراق، «بىزنىڭ بۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغان ھېچقانداق باھانىمىز يوق.» تامبو مۇنداق دەپ تولۇقلىما بەردى: «سىياسەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىز باشقىلارنىڭ ئۇنى كۆرۈشنى چەكلىيەلمەيمىز.»

تامبو ئۆز ئۆيىنى خاتىرىسىدە مۇنداق ئىپادىلىگەنىدى:

> پىرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىز سۆھبەتكە قارشى ئەمەس، بىراق ھازىر شارائىت تېخى پىشىپ يېتىلمىدى.
>
> نۆۋەتتە ماندېلا سۆھبەت ئۆتكۈزمىدى، بەلكى ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى ئارىسىدىكى سۆھبەت ئۈچۈن ئاساس سېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئاساسلىق مەسىلە قىرغىنچىلىقنى توختىتىش، ماندېلا بۇنى ئاللىقاچان ئېنىق ھېس قىلىپ يەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماندېلا ۋە ھۆكۈمەت ئۆمىكىنىڭ ئۆزئارا ئۇچراشقاندا نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكى مەسىلىنىڭ توچكىسى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى بىلمەسلىكىمىز مەسىلىنىڭ توچكىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇچۇرلار بەكمۇ مۇھىم. چۈنكى، بۇ ئۇچۇرلار بولمىسا، بىز ھۆكۈمەت بىلەن ئۇچرىشالمايمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز باشتىن ـ ئاخىر ماندېلا شۇ خىل مۇناسىۋەتنى ساقلىشى كېرەك دەپ قارايمىز. بىراق، ئۇ ھۆكۈمەت بىلەن قىلىشقان مۇھاكىمىلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈشتە سادىق بولۇشى كېرەك.

لۇساكادىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ئەنسىرەش ۋە قايمۇقۇش ئىچىدە قېلىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. بابالا ماسگالا ئەينى چاغدا لۇساكادا ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، «قاچقۇنلۇق ھالىتىدىكى كىشىلەر ھەمىشە ھەممە ئىشقا گۇمان بىلەن قاراشقا ئامراق كېلىدۇ. كەلگۈسىدە نېمە ئىش بولۇشىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، سىز ئۇنى كونترول قىلالمايسىز. سىز قەيسەرلىك بىلەن ئالغا قاراپ قەدەم تاشلىشىڭىز كېرەك. بىراق، شۇ بىر قەدىمىڭىز بەلكىم سىزنى تېگى يوق ھاڭغا غۇلىتىۋېتىشى مۇمكىن. كىشىلەر دائىم توختىماستىن ئۇنى ـ بۇنى پەرەز قىلىپ يۈرىشىدۇ. ئۇلار پۈتۈن ياشلىقىنى مۇشۇ بىر مەيدان كۈرەشكە ئاتىۋېتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار تەنتەكلىك بىلەن چېكىدىن ئاشقان ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈشنى خالىمايدۇ. بەزىلەر يېڭى ئېقىمغا ئەگىشىپ كېتەلىگىنى بىلەن يەنە بەزىلىرى بۇنداق قىلالمايدۇ.»

ئۇلارنىڭ پەرىزىمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. ھۆكۈمەت ھەقىقەتەن ماندېلانى يالغۇز قالدۇرۇپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسنى پارچىلىماقچى، ئاندىن بۇتراچ بىلەن يالغۇز ھالدا سۆھبەتلەشمەكچى ئىدى. بىراق، ئۇلار ماندېلانىڭ ئىقتىدارى ۋە ئەۋرىشىملىكىنى سەل چاغلاپ قالغانىدى. «ئۇلار ئەزەلدىن بۇنداق قابىلىيەتلىك نېگىر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلغان ئەمەس»

دەيدۇ جورجى بۇتراچ. ئۇ دائىم ماندېلانى يوقلاپ باراتتى. جورجى بۇتراچ ھەتتا گۇللۇككىچە مەخپىي تىڭشىغۇچ ئورنىتىلغانلىقىنى بايقىدى. «ئۇلار راھەت ۋە خاتىرجەملىك بەئەينى ماتانزىما ۋە مانخوپىنى چۇشكۇنلەشتۇرۇۋەتكەندەك ماندېلانىمۇ چىرىتىپ چۇشكۇنلەشتۇرۇۋېتىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ماندېلا ھەرگىزمۇ ئۇلارنى ئالدىمىغانىدى، بەلكى ئۇلار ئۇزلىرى خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئاقىۋەتتە ماندېلانىڭ ھۆرلۇككە ئېرىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىراق، سۆھبەت باشلىنىپلا كەتسە ئۇلار كەينىگە چېكىنەلمەيتتى. ماندېلا ۋېكتور ۋېرىست تۈرمىسىدىكى چاغدىلا يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەپ بولغانىدى.»

بولسمۇر تۈرمىسىدىكى سىسۇلۇ ماندېلا بىلەن ئاندا ـ ساندا ئالاقىلىشەتتى. سىسۇلۇمۇ شۇنداق قارايتتى: «ئۇلار ئۇنى خاتا مۆلچەرلەپ قويىدى. مىللىي پارتىيە شۇنىڭ ئۈچۈن تىنچلىق سۆھبىتىنى قوبۇل قىلغانىدىكى، ئۇلارنىڭ رەھبىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن ئەمەس، ئۇزلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقاتتى.»

ئەڭ دەسلەپىدە قانداق ئۇمىدتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھۆكۈمەت يەنىلا ناھايىتى تېزلىكتە قالايمىقانچىلىققا پېتىپ قالدى. 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بوتا سەكتە بولۇپ قېلىپ، بىر ئاي خىزمەت ئىشلىيەلمىدى. بۇ جەرياندا ئىچكى كابىنېتنىڭ قەيسەر ۋەزىرى كېرىس ھونىس پىرېزىدېنتقا ۋاكالىتەن ھوقۇق يۈرگۈزدى. بۇ چەت ئەلنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ بەك سايە تاشلىدى. بىر ئايدىن كېيىن بوتا مىللىي پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن ئايرىلدى.

مىللىي پارتىيە يېڭى رەھبەر سايلاشقا ئېھتىياجلىق بولدى. مىجەزى تەمكىن مالىيە مىنىستىرى باروند دۇ پۈرىشىمۇ نامزاتلىققا ئۇيلىشىلدى. بىراق، مۇتەئەسسىپ مائارىپ مىنىستىرى دى كلېرك يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىككە كۆرسىتىلدى. كۆپچىلىك چەت ئەل رەھبەرلىرى ئۇنى

ئىستىقبالى يوق دەپ قارايتتى. ساچىر خانىممۇ مۇشۇ كۆزقاراشتا ئىدى. ساچىر خانىمنىڭ شەخسىي كاتىپى چارىس بوۋېر: «ساچىر خانىم ئۇنى پەقەتلا بىر رەھىمسىز ئىنسان دەپ ھېس قىلىدۇ» دەيدۇ. ئۇ كىشىگە سۇرلۇك تەسىر بەرمەيتتى «بوي ـ بەستى ۋىجىك، تېرىسى يىرىك، كىيىنىشى ناچار، ئىنگلىزچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدۇ، تاماكا خۇمارى بەك كۈچلۈك، قارىماققا ئوغرى مۇشۇككە ئوخشايدۇ» دەپ يازغانىدى. «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى پەدى ۋودمىر. ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ئۇنى ئاڭلاشقا ماھىر، چىققشقاق، «ئېنىق مەيدانى يوق» دەپ قارىغانىدى. بۇ ھال ئۇلارنى بەكمۇ ئىلھاملاندۇردى. دى كلېرك مىللىي پارتىيەنىڭ يادرولۇق گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىغا «چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەش» توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. شۇنداقلا ئۆز پارتىيەسىنىڭ ھەربىر نەپەر ئەزاسى بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىشتا چىڭ تۇردى. بۇ ھالدىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۈمىد تۇغۇلدى. بىراق، سىياسەتنىڭ زور كۆلەملىك ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن دى كلېرك ئاساسىي جەھەتتىن ھېچقانداق ۋەدە بېرەلمىدى.

ماندېلا بىلەن تامبو ئىككىلىسى ئۈمىدىنى سىرتتىن ياردەم ئىزدەشكە، بولۇپمۇ ئەنگلىيەگە قارىتىپ، جازالاش بېسىمى بىلەن قىرغىنچىلىقتىن ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلدى. بىراق، تامبو ساچىر خانىمنىڭ قىلچە مۇرەسسە قىلماسلىق پوزىتسىيەسىدىن قاتتىق دەرغەزەپلەندى، بولۇپمۇ 1987 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ۋانكوۋېردا ئۆتكۈزۈلگەن ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسى باشلىقلار يىغىنىدا ساچىر خانىم ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى تېررورىزم كۈچلىرى دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋەتكەندى. ئۇ ماندېلانى تۈرمىگە يوقلاپ بارماقچى بولغان بولسىمۇ، تامبونىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىدى. تامبو ساچىر خانىمنىڭ ماندېلا بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئارىسىنى

بۇزۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. 1988 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تامبو مۇنداق دېدى: «مەن بۇنداق بولۇشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن. ساچىر خانىم چوقۇم ئۇنى تورمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشى كېرەك.» تامبو ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسىيەسىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدى. ئۇ بۇ ھەقتە 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لوندوندا مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ئەنگلىيەنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى قانداق نەرسىنىڭ ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇلار شۇ دەرىجىدە كاج. ساچىر خانىم ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى تېررورىزمچى كۈچ دەپ ئاتىدى. مەن بۇ گەپنى كەچۈرۈۋېتىشكە ئامالسىزمەن. چۈنكى، بىز ھەممىمىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى. ساچىر خانىم بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدى. ئۇنىڭ كۆزى پەقەتلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشلىرىدىن باشقىنى كۆرمىدى. بىزنى دەل ئەنگلىيە ئىرقىي ئايرىمىچىلىق پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويدى.»

جەنۇبىي ئافرىقىدىكى تەسىرى بار ئاق تەنلىكلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىغا، شۇنداقلا دى كلېركنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۇمىدىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئەگىشىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ساچىر خانىمنىڭ ئۆزلىرىگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسى تۇتقانلىقىنى تېخىمۇ بەك چۈشىنەلمىدى. تابو مبېكى ساچىر خانىمنىڭ «نېمە ئۈچۈن قارشى ئېقىن بويىچە ھەرىكەت قىلىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلىدىغانلىقىنى» چۈشەنمىدى. ئۇ تېخىچە ساچىر خانىمنىڭ ئىككى تەرەپنى ئەپلەشتۇرۇش رولىنى ئوينىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. 4 ـ ئايدا مبېكى كەلگۈسىدىكى پىرېزىدېنتنىڭ ئىنىسى بولغان ۋېمپى دى كلېركنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاق تەنلىكلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ساچىر خانىمنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن

ھۆكۈمەت ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ھالبۇكى، ساچىر خانىمنىڭ «سىرتنىڭ ھەرقانداق بىۋاسىتە ئارىلىشىشى قارشى ئېلىنمايدۇ» دېيىشىنى ھېچكىم ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

1989 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى. ئۇلار كامبرىجتا بىر قېتىملىق ئادۋوكاتلار يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىملىق يىغىننى فورد فوند جەمئىيىتى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى. يىغىنغا ئادۋوكات ھەم پەيلاسوپ لونارد دېفكىن رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىننىڭ باش تېمىسى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قانۇنىي ئۇقۇمى توغرىسىدا ئىدى. يىغىنغا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ نوپۇزلۇق قانۇن ئەمەلدارلىرى ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئادۋوكاتلىرى قاتناشتى. ئەنگلىيە يۇقىرى پالاتاسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك باش سوتچىسى ئولىۋېر تامبو ۋە تابو مبېكى قاتارلىقلار پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ تەشكىللىدى. بىراق، ساچىر خانىم بۇ قېتىملىق يىغىندىن ئۆزىنى قاچۇردى. جېفرىي خاۋ، كرىس پېچ، لىندا جوك قاتارلىق ئەنگلىيە مىنىستىرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئېتىراپ قىلغۇسى بار ئىدى. بىراق، «ساچىر خانىم بۇنىڭغا يول قويمايتتى.» ساچىر خانىمنىڭ بىر مەسلىھەتچىسى «ساچىر خانىم ھەقىقەتەن بەك مۇتەئەسسىپ ئىكەن» دەيدۇ.

ماندېلا ساچىر خانىمنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئەيىبلەشنى خالىمايتتى. ئۇ، بۇ قەيسەر ئايالغا باشتىن ـ ئاخىر ناھايىتى قايىل ئىدى. چۈنكى، ساچىر خانىم گورباچېفقا شەرت قويالايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماندېلا ساچىر خانىمنىڭ پرېتورىيە دائىرىلىرىگە بولغان ئالاھىدە تەسىر كۈچىنى تونۇپ يەتكەنىدى. 1988 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ماندېلا ئۆزىنىڭ كېيپتاۋنىدىكى ئادۋوكاتى خيۇم بونارد ئارقىلىق «ئۇلارنىڭ جازالاش مەسىلىسىگە ئۇتقان كۆزقارىشىدا توقۇنۇش بولۇشىدىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قەتئىينەزەر» ساچىر خانىمنىڭ ئىرقىي ئايرىمچىلىققا قارشى مەيدانىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كېيىن بۇ خەۋەر ئاشكارىلىنىپ كېتىپ خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلدى. ماندېلا 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى لۇنتۇيىكقا خەت يېزىپ، ئۆز قەلىمى بىلەن ساچىر خانىمغا خەت يازغانلىقىنى قەتئىي ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ماندېلا خېتىدە: «مەن سىز بىلەن بۇ ئىشلارنى يۈزمۇيۈزمۇھاكىمە قىلىشنى خالايمەن» دېدى. خەتنىڭ ئاخىردا ئۇ: «مېنىڭ ئەڭ سەمىمىي تىلىكىمنى باش ۋەزىرگە يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزدىن ناھايىتى خۇشال بولىمەن» دېدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي ئەمدىلىكتە جورجى بۇش باشچىلىقىدىكى يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن ناھايىتى زور ئۈمىد كۈتتى. يېڭى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئافرىقا ئىشلىرىغا مەسئۇل ھېرمان كوئېن جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ باراۋەر بولغان سىياسىي ھوقۇقتىن بەھرىلىنىش ھوقۇقى بارلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا جاكارلاپ، ئىرقىي ئايرىمچىلىق تۈزۈمىنى «قوپال كىشىلىك ھوقۇق ئاپېتى» دەپ قارىدى. 5 ـ ئايدا، پىرېزىدېنت بۇش باش ئېپىسكوپ تۇتۇ باشچىلىقىدىكى قارا تەنلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى ۋە ئاربوندنا سىسۇلۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى ئاڭلىدى. بۇ بۇشنىڭ پرېتورىيە دائىرىلىرىدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

ئوڭ قانات كۈچلەر ئىزچىل ھالدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى خەتەرلىك كوممۇنىزم ئۇنسۇرلىرى سىياقىدا تەسۋىرلىگەندى. بۇ خىل ھالەتتىن ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭمۇ گۇمانى قوزغالدى. 1988 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بۇش تېخى مۇئاۋىن پىرېزىدېنت ئىدى. شۇ چاغدا ئامېرىكا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى توغرۇلۇق بىر پارچە مەخپىي ئانالىز دوكلاتى تەييارلىدى. دوكلاتتا تامبونىڭ رەھبەرلىك ئورنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈكسەك دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، گەرچە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ 27 نەپەر ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ 17 سى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولسىمۇ، بىراق ئۇلار «كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا چېگراسى ئىچىدىكى سانى كۆپ بولمىغان سادىق قارا تەنلىك ئەزالار» ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تامبو ئۇزاقتىن بېرى «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ تەسىرىنى ماھىرلىق بىلەن چەكلىدى ۋە يېتەكلىدى.» مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى يەنە شۇنداق جاكارلىدى: ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئورتاق تونۇش مېخانىزمىنىڭ يۈرۈشۈشى ياخشى بولدى؛ دېموكراتىك بىرلىككە كەلتۈرۈش فىرونتى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئۆكتىچى گۇرۇھلارغا نىسبەتەن ئىلگىرىكىدەك ھاكاۋۇرلۇق قىلمىدى؛ ئۇلارنىڭ «داۋاملىق تۇردە قوش يۆنىلىشلىك سىياسەت قوللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاش بىلەن بىللە، غەرب دۆلەتلىرى بىلەن يېقىنلىششقا ئىنتىلدى.» يىغىپ ئېيتقاندا، ئۆتكەن بىرنەچچە يىلدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رىقابەتكە كەسكىن يۈزلىنەلىگەنلىكى ئۈچۈن «تەشكىلىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ھەرىكەتلىرىدىكى باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، غەرب دۆلەتلىرى بىلەن ئۇچرىششنى كۈچەيتتى.» بىراق، ئون ئايدىن كېيىن، يەنى 1989 - يىلى 1 - ئايدا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ «قاتمال ۋەزىيىتى»نى ئوڭشاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايقىدى. «چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگۈچە... مەسىلەن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تۈرمىدىكى رەھبىرى نېلسون ماندېلا شەرتسىز قويۇپ بېرىلمىگۈچە (بۇ خىل قاتماللىق تۈزەلمەيدۇ)، ھالبۇكى، بۇنداق مۇمكىنچىلىك يوقنىڭ ئورنىدا.»

ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە قەبىلە باشلىقى بۇتىراچىنى قوللاش

ئارقىلىق ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى دى كلېركنىڭ ئاۋام ھوقۇقى سىياسىتىنى قوللىغانلىق ــــ ماندېلانى قويۇپ بېرىش بىلەن بىللە ھەرقايسى قەبىلىلەرنى تارقاقلاشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ھەرقايسى قەبىلىلەرگە بولغان كونتروللۇقنى ساقلاش دەپ قارىدى. سىنسۇلۇمۇ كېيىن شۇنداقلىقىنى ئېتىراپ قىلدى: «ساچىر خانىمنىڭ شۇنداق بولۇشىغىلا قارىماي، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيەمۇ ئېنىق پىلان تۈزۈپ بولدى، دەپ ئويلايمەن. ئۇلار بۇتراچىنى سەھنە ئالدىغا ئەكېلىپ، بۇ ئارقىلىق ھەرقايسى يوللاردىن كەلگەن دوكلاتلار ئارقىلىق ماندېلانىڭ ئىنكاسىنى بىلىپ باقماقچى.» ماندېلا بۇتراچقا تېخىمۇ بەك ئىشىنىدىغاندەك تۇراتتى. ماندېلا بۇتراچتىن ئۆزىنىڭ 70 ياشقا كىرگەنلىكىگە ئاتاپ ئەۋەتكەن تەبرىكنامىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا قىزغىنلىق بىلەن تەشەككۈر ئېيتتى، شۇنداقلا تامبو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئۈمىد قىلدى. بىراق، بۇتراچىنىڭ ساتقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان تامبو زۇلۇلارنىڭ بۇ رەھبىرىنىڭ ماندېلا بىلەن بولغان دوستلۇقتىن پايدىلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

دى كلېركنىڭ كۆزلەۋاتقىنى زادى نېمە؟ 5 ـ ئايدا تامبو ئۇنىڭغا بولغان باھاسىنى خاتىرىسىدە تەرتىپلىك بايان قىلدى:

ــ تېپىك مىللىي پارتىيە سىياسىيونى ــــ كونسېرۋاتىپچى، پىرېزىدېنت بوتا بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى، دى كلېرك دەلىللەش ۋە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشقا تېخىمۇ مايىل. بىراق، بارماقلىرىنى مىدىرلىتىپلا كىشىنىڭ ئاغزىنى يۇمدۇرىدىغانلاردىن ئەمەس.
ــ شۇ سەۋەبتىن، رېئاللىققا مايىللىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دى كلېرك بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى باشتىن ـ ئاياغ قىيناپ كەلدى. 6 ـ ئايدا دى كلېرك ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى

زىيارەت قىلىپ، ساچىر خانىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرىگە كاپالەت بەردى. ساچىر خانىم كېيىن: «جەنۇبىي ئافرىقىدا يېڭى مۆھىتى پەيدا بولدى» دېدى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ساچىر خانىمنىڭ ئوتتۇراغا قويغان «ئاممىۋى قوغدىنىش» تەشەببۇسى ئاساسىدا ھەل قىلىش لايىھەسى ئىزدىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ئارچۇز مۇنداق دەيدۇ: «ساچىر خانىمنىڭ ھوقۇق بېشىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى پەۋقۇلئاددە يېقىن بولغانلىقتىن، بىز ئۇنىڭ لىللا تۇرالىشىنى جەزم قىلالمايمىز.»

جەنۇبىي ئافرىقىدا دى كلېرك ھۆكۈمەتنى تامامەن كونترول قىلغانىدى. ئۇ پارتىيە ئىچىدىكى ئىتتىپاقداشلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، بەش يىللىق ھەرىكەت پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق 1989 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى چوڭ سايلام ئۈچۈن ئۇل سالدى. پىلاندا ئىرقىي كەمسىتىشكە خاتىمە بېرىلىپ، دېموكراتىك قانۇن يۈرگۈزۈشكە ۋەدە بېرىلگەن، شۇنداقلا «ئاممىۋى ھوقۇق» تېخىمۇ بەك تەكىتلەنگەنىدى. بۇ لايىھە غەيرىي ئاق تەنلىك پۇقرالارنى ئۇنۇملۇك ھالدا بۆلۈۋېتەلەيتتى. پىرېزىدېنت بوتا ئاللىقاچان ھوقۇقتىن چەتلەشتۈرۈۋېتىلدى. ئۇ مەخسۇس ئۆزى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان تەبرىكلەش پائالىيىتىنى رەت قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆز ئازابىنى ۋە نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئەمدىلىكتە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ئىسيانى ئۇزۇل ـ كېسىل زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىسيانىدا ئاستا ـ ئاستا زور كۈچ بىلەن ئەسلىگە كېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. تامبو 1989 ـ يىلىنىڭ «خەلق ھوقۇقىنى چوڭ كۆلەملىك قولغا كەلتۈرۈش يىلى» بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق بېشارەت بەردى. ئۇنىڭ چاقىرىقى يېڭى بىر نۆۋەتلىك كۈرەشنى مەيدانغا كەلتۈردى. 1 ـ ئايدا، روببېن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئارىلىدىكى مەھبۇسلار ئۇزاققا سوزۇلغان ئاچلىق ئېلان قىلىش ئارقىلىق قارشىلىقىنى بىلدۈرۈش ھەرىكىتى ئۆتكۈزدى. بېسىم سەۋەبلىك، ھۆكۈمەت ئاخىر 900دىن ئارتۇق قاماپ قويۇلغان مەھبۇسنى قويۇۋەتتى. قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا دېموكراتىك بىرلىككە كەلتۈرۈش فىرونتىنىڭ غوللۇق رەھبەرلىرىمۇ بار ئىدى. 2 - ئايدا دېموكراتىك بىرلىككە كەلتۈرۈش فىرونتى قايتا تەشكىللىنىپ، جەنۇبىي ئافرىقا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى بىلەن بىرلىشىپ «خەلق دېموكراتىيە ھەرىكىتى» نى تەشكىللىدى. خەلق دېموكراتىيە ھەرىكىتى ناھايىتى تېزلا ئىرقىي ئايرىمچىلىقنى چەكلەش ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ئاۋۋال زور بىر تۈركۈم قارا تەنلىك بىمارلار ئاق تەنلىكلەر دوختۇرخانىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىكى دوختۇر ۋە سېستىرالار ئۇلارنى داۋالاشقا قوشۇلدى. چېركاۋمۇ قاراپ تۇرمىدى. باش ئېپىسكوپ تۇتۇ ئاۋانگارتلىق بىلەن كۈرەشكە قېتىلدى. قوراللىق كۈرەش ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىپ، ساقچى ۋە ھۆكۈمەت بىنالىرى ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. 5 - ئايدا بىر رادار پونكىتى غەلىبىلىك ھالدا توپقا تۇتۇلغانلىقتىن، بۇ دۈشمەنگە زەربە بېرىشتىكى ئەڭ پارلاق پەيت بولۇپ قالدى. يېڭى ھۆكۈمەت بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقان خەلقئارا جامائەت پىكرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ۋە ئىقتىسادىي كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن رەھىمسىزلەرچە ھەربىي باستۇرۇشنى يولغا قويدى.

گەرچە بوتانىڭ سىياسىي كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا دۆلەت پىرېزىدېنتى ئىدى. ماندېلا مۇشۇنداق ئوڭايسىز ۋەزىيەتتە ئىككى يىل ساقلاش تەكلىپىنى تاپشۇرۇۋالدى. بوتا ئىلگىرى دائىم قول ئاستىدىكى ئاخبارات ئەمەلدارى نېئولا باناردتىن «ماندېلا قاچان كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشىدۇ؟» دەپ سورايتتى. بىراق، ئۇنىڭغا دائىم پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى ئۇقتۇرۇلاتتى. 1989 - يىلىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئوتتۇرىلىرىدا، بانارد ماندېلانىڭ بوتا بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلتىماس قىلىشقا ئۈندىگەنلىكىنى ئېيتتى. بوتا ماندېلا بىلەن «ئادەتتىكىچە مۇھاكىمە ئۆتكۈزۈش» كە قوشۇلدى. 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى گېنېرال ۋىلىمس ماندېلاغا ئەتىسى ئەتىگەندە پرېزىدېنت بوتانىڭ ئۇنىڭ بىلەن «ئەدەپ ـ قائىدىلىك كۆرۈشۈش»تە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەرقاچان ئوبرازىغا دىققەت قىلىدىغان ماندېلا پرېزىدېنتقا ياخشى تەسىر بېرىش ئۈچۈن بىر يۈرۈش يېڭى كاستۇم ـ بۇرۇلكا تەلەپ قىلدى. ماندېلا بارلىق خاتىرىلىرىنى قايتىدىن ئوقۇپ چىقىش بىلەن بىللە، ئۆزى سۆزلىمەكچى بولغان مەزمۇن توغرۇلۇق رېپېتىتسىيە قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ئابرۇيىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئېغىر سىناق ئىدى. ماندېلا سېپىسق نامى پۇر كەتكەن، ھاكاۋۇرلۇقتا ئۇچىغا چىققان بوتا بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدى. بۇ مەھبۇس بىلەن پرېزىدېنتنىڭ كۈچ سىنىشىشى ئىدى.

ماندېلا ئاچچىقلىنىپ ئاۋۋال گېنېرال ۋىلىمس بىلەن بىللە تاماق يېدى، ئاندىن پارلامېنت بىناسى يېنىدىكى تەينخېس پرېزىدېنت سارىيىنىڭ يەر ئاستى ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلدى. لىفىت ئارقىلىق مەنزىلگە مەخپىي ھالدا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ماندېلا كوبى كۇتز، نېئولا بانارد قاتارلىق كىشىلەرنىڭ زالدا تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى. تۈرمە ئەمەلدارى مايور مارربي ماندېلانىڭ ئاياغ بوغقۇچىنى يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىللىق بىلەن چىگىپ قويدى. «مەن بەكلا جىددىيلىشىپ كەتتىم، چۈنكى مەن بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشنى بىر مەيدان جەڭ ھېسابلىغاندىم» دېدى ماندېلا ئەسلىمىسىدە.

بوتا ئۇيلىمىغان يەردىن ئۆزىنىڭ ئەڭ سىپايە ھالىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ ئالىقاچان داڭقى چىققان، ئەمما يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان بۇ مەھبۇسنىڭ ئالدىغا كېلىپ، زىيادە تەبەسسۇم قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا قولىنى سۇندى. بۇ خىلدىكى دوستانىلىك

كىشىنىڭ جىددىيلىكىنى تۆگىتەتتى. ئىككىيلەن ئۆستەل ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرغانلاردىن يەنە كۆتىز ۋە باناردمۇ بار ئىدى. بوتانىڭ ئۆز قولى بىلەن چاي دەملىگەنلىكىدىن ماندېلا بەكلا ھەيران قالدى. ئۇلار يېرىم سائەت ئەتراپىدا ئەركىن ـ ئازادە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرۇلۇق پاراڭلاشتى. ئۇلار بول ئۇرۇشى، ئافرىقىدىكى ھەرقايىسى پىرېزىدېنتلار ۋە ترانسكېيدىكى ماتانزىما توغرۇلۇقمۇ پىكىرلەشتى. ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «دەسلەپكى قەدەمدىكى ئەركىنلىكنى قوغداش جەڭچىلىرى» ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، شۇنداقلا ئۇ ئۆزى قىلىۋاتقان كۈرەش بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ھۆكۈمەتكە قارشى كۈرىشىنى سېلىشتۇردى. بوتا ماندېلانىڭ تىنچ ھەل قىلىش لايىھەسى ئۈچۈن تۆھپە قوشسا بولىدىغانلىقىنى، بىراق ئاق تەنلىكلەرنىڭ تۆھپىسىنىڭمۇ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ئېيتتى. ماندېلا ئاخىردا جىددىيلەشكەن ھالدا بارلىق سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بوتانىڭ چىرايلىقچە رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. بىراق، تىنچلىقنى بەرپا قىلىش جەھەتتە ئىككى تەرەپ بىردەكلىك ھاسىل قىلالىدى. ماندېلا ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئۇچرىشىش مەن باشتىن كەچۈرگەن ئۇچرىشىشلار ئىچىدىكى ئەڭ دوستانە ئۇچرىشىش بولدى. ئۇ مېنى ئالاھىدە ھۆرمەتلىدى. گەپ ـ سۆزلىرىمۇ لايىقىدا بولدى. مانا بۇلار ئۇنىڭ مەندە قالدۇرغان تەسىرى.» كەيپىياتنىڭ بۇ دەرىجىدە جانلىقلىقىنى كۆرگەن بانارد ماندېلانى قويۇۋېتىشنىڭ «پەقەتلا ۋاقىت مەسىلىسى» بولۇپ قالغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنداقتىمۇ ماندېلا سىسۇلۇنى دەرھال قويۇۋېتىشنى تىلغا ئالغىنىدا، كەيپىيات بىرئاز جىددىيلەشتى. بوتا ماندېلاغا بىرئاز ھېسداشلىق قىلىۋاتقاندەك تۇراتتى. بانارد تۇرمىگە قايتىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يولىدا ماندېلاغا چۈشەنچە بېرىپ، بىر ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ ھۆكۈمەتنى قايىل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن ماندېلا بەكلا ئاچچىقلىنىپ كەتتى.

ماندېلا بۇ نۆۋەت بوتا ئۈچ يىلدىن بېرى ئىزچىل ھالدا ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەن ئىشقا ئازابلانغان ھالدا جىددىي قاراشىنى قارار قىلدى، دەپ ئويلىدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماندېلا ۋە «تىمساھ» بوتانىڭ مۇناسىۋىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئۇزاققا سوزۇلدى. ھۆكۈمەت بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشنىڭ «غەيرىي رەسمىي ھالەتتىكى ئەدەپ ـ قائىدىلىك ئۇچرىشىش» ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئىككىيلەن «مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىگە بولغان قوللاش مەيدانىنى تەكىتلىدى.» ماندېلا باياناتقا ئىمزا قويىدى، شۇنداقلا بۇ توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىپ: «بۇ مېنىڭ 28 يىللىق مەيدانىم بىلەن ھەرگىز زىت ئەمەس» دېدى. پەقەت ۋە پەقەت ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىلا جەنۇبىي ئافرىقىغا تىنچلىق ئەكەلگىلى بولاتتى. بىراق، تىنچ تەرەققىياتنى قوللاش ھەققىدىكى ۋەدە ھەرگىزمۇ قۇرۇق گەپ ئەمەس. ماندېلا بىلەن بوتا ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ ئىككىلا تەرەپنىڭ دى كلېركقا بولغان ئىشەنچىنى بېسىپ چۈشەتتى. بوتانىڭ باناردىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەسلەكداشلىرىمۇ بوتانىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن كېلىشىش ئۈچۈن دى كلېركقا قارىغاندا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى تەستىقلاشتى.

كۆپچىلىك مۇخبىرلار ۋە سىياسىيونلارنىڭ نەزىرىدە بوتانىڭ ماندېلا بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇشتىكى مەقسىتى دى كلېرك مەركەزچىلىكىنى بۆسۈپ تاشلاش ئىدى. ئەگەر راستىلا شۇنداق بولسا، دى كلېركنىڭ پىلانى كۆپۈككە ئايلىنىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ئالتە ھەپتىدىن كېيىن بوتا بىر قېتىملىق تېلېۋىزور نۇتقىدا ۋەزىپىسىدىن غەزەپ بىلەن ئىستېپا بېرىپ :

«مەن ئۆزۈمنىڭ ئىچكى كابىنېتىدىكى مىنىستىرلار تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمىدىم» دەپ ئاغرىندى. بوتانىڭ ئورۇنباسارى دى كلېركىنىڭ پىرېزىدېنت بولۇشىمۇ بوتانىڭ ئارزۇسىغا تۈپتىن خىلاپ ئىدى.

يېڭى پىرېزىدېنتنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ئىسلاھات قىلىش پىلانى يوق ئىدى. ئۇنى ئەنسىرىتىۋاتقىنى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە ماس كېلىش - كەلمەسلىكى بولماستىن، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى ئىدى. بىراق، تەپەككۇرى ئۇچۇق دى كلېرك تېزدىنلا ئۆز تاللىشىنىڭ بەكلا چەكلىمىلىكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. چۈنكى، ھەل قىلىش چارىلىرىنىڭ ھەممىسى ماندېلاغا قارىتىلغانىدى.

ماندېلا بۇ كىچىك كۆلەملىك ئۆي تۈرمىسىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوستلىرى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتى تېخىمۇ بەك كۆپەيدى. ماندېلا 7 - ئايدا بۇ جايدا تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىدى. ۋىننى ھەمدە نەۋرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 15 نەپەر ئائىلە ئەزاسى بىلەن تۆت سائەت ۋاقىتنى بىللە ئۆتكۈزدى. ماندېلانىڭ بولسىمۇ تۈرمىسىدىكى تۆت نەپەر سەپدىشىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا ئەكېلىندى. بۇ بۇلتۇر 12 - ئايدىن بۇيان ماندېلا بىلەن تۆت سەپداشنىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈشى ئىدى. تۈرمە دائىرىلىرى بۇ قېتىملىق سورۇنغا ئاتاپ كاترادا ئۈچۈن بىر يۈرۈش يېڭى كاستۇم - بۇرۇلكا تەييارلىدى. كاترادا بۇ ھەقتە مۇنداق يازدى: «بۇ يىغىلىش ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە تونۇش ھېسلارنى ئويغاتتى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ماڭا مۇستەقىل تاللاش ھوقۇقى بەردى... شۇنداقلا قانداق رەڭدىكى گالستۇكنى تاللاش، كۆڭلەكنىڭ پاسونىنى تاللاش قاتارلىق كىچىك ئىشلاردىكى ئەركىنلىكمۇ مېنى زىيادە ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.»

يېڭى كىيىم - كېچەك ئەمدىلا يېتىپ كېلىشىگە، كىشىلەر ئارىسىدا كاترادانىڭ قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە ھەر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆسەك سۆزلەر تارقىتىلىشقا باشلىدى. ھالبۇكى، كاتىرادا ئۆزىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىدىن ئىزچىل گۇمانلاندى. ئۇ ئەددى دانېرىسقا: «يېقىن كەلگۈسىدە بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەسەرمۇ يوق» دېدى. كۆپچىلىك سىسۇلۇنىڭ قويۇپ بېرىلىشىدىن بەكلا ئۈمىدۋار ئىدى. سىسۇلۇ 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ باشقا ئۈچ نەپەر ھەمراھىدىن ئايرىلىپ، ماندېلا ئىلگىرى سولانغان كامېرغا ئەكېلىنگەنىدى. بىراق، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان چوڭ سايلامدىن ئىلگىرى ئۇنى قويۇپ بېرىشكە پېتىنالمايۋاتاتتى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىلگىرى سىسۇلۇغا بىرەر ئاۋارىچىلىك چىقارماسلىق توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشنى ماندېلادىن كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار تېخىچە سىسۇلۇنى قويۇپ بەرمىدى.

ھۆكۈمەت ئىككىلىنىپ قالدى. ماندېلا 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن يەنە بىر قېتىم يۈز كۆرۈشتى. ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاشلا كۈتۈز ۋە بانارد باشچىلىق قىلغانىدى. ھۆكۈمەت تەرەپ ماندېلانىڭ بوتاغا بەرگەن غەيرىي رەسمىي تېزىسىغا «غەيرىي رەسمىي ھۆججەت» قاتارىدا جاۋاب قايتۇردى. دوكلاتتا ئىككى تەرەپنىڭ پەقەتلا «سۆھبەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرى»دىكى مەسىلىلەر توغرۇلۇقلا ئۆزئارا ئالاقە ئورناتقانلىقى تىلغا ئېلىنىپ، ماندېلانىڭ كۆپلىگەن تەشەببۇسلىرى رەت قىلىنغانىدى. بىراق، يىغىندا 9 ـ ئايدىكى چوڭ سايلامدىن كېيىن تەپسىلىي مۇھاكىمىنىڭ داۋاملاشتۇرۇلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇ كۈنلەردە تامبو لۇساكادا تېخىمۇ چوڭ بېسىمغا دۇچ كەلدى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باشقا ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى ساقلىشى كېرەك ئىدى. تامبو

ئىزچىل ماندېلاغا سادىق بولۇپ كەلدى. ئۇ دوستى ماندېلانىڭ ئورنىدا رەئىسلىك ئورنىدا ۋاقىتلىق ئولتۇرۇۋاتقانىدى. بابىلا ماسگارا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تامبونىڭ نەزىرىدە ماندېلا بىر ئۇلۇغ ئىنسان. تامبو ئەگەر پىرېزىدېنت بولۇشنى ئويلىغان بولسا، ئۆزىنى تېخىمۇ قەدىرلىگەن بولاتتى.» تامبو ئېتىراپ قىلىشقا ۋە قوللاشقا ئېرىشىش ئۈچۈن زامبىيە، ياۋروپا ئەللىرى ۋە ئامېرىكا ئارىسىدا توختىماستىن ئۇچۇپ يۈرۈپ ئالىقاچان چارچاپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ئۇنىڭ دوختۇرى ئۇنىڭغا نەچچە قېتىملاپ ئارام ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. تامبو بىلەن ماندېلانىڭ يېشى تەڭ ئىدى. تامبو گەرچە تۈرمىدە ياتمىغان بولسىمۇ، تېخىمۇ ئېغىر بېسىمغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك ئىدى. ماندېلا بۇ تەرەپنى ئالىبۇرۇن پەرەز قىلىپ يەتكەنىدى. تابوغا نىسبەتەن ئەڭ قىيىن ۋەزىپە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئىدى. بۇ ھال ماندېلا تەشەببۇس قىلغان تىنچلىق سۆھبىتىگە كۆپچىلىكنىڭ ئىشتىراك قىلىشىنى بەلگىلىدى.

تامبو سۆھبەتكە ياخشى ئاساس تىكلەش ئۈچۈن چوقۇم بايانات ئېلان قىلىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ۋە كۈرەشنى ئالدىنقى سەپتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى. 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئافرىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەشكىلاتى زىمبابۋې يىغىنىدا تامبو تەييارلىغان ھۆججەتكە ئىمزا قويدى. ھۆججەت لايىھەسىمۇ ئالىقاچان ماندېلانىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈلدى. «ھارارى باياناتنامىسى»دا مەيلى سۆز ئىشلىتىش جەھەتتە بولسۇن ياكى مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن يارىشىش ئارزۇسى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىپادىلەندى. باياناتنامىدە گەرچە يەنىلا قورالىق ئۇرۇشنى قوللاش ئۇتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىرنەچچە سىياسىي جىنايەتچىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى چەكلەش بۇيرۇقىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ قارا تەنلىكلەر ئولتۇراق رايونىدىن چېكىندۇرۇلۇشى، دۈشمەنلىك كەيپىياتىنىڭ چوقۇم يوق بولۇشى تەكىتلەندى. باياناتتا ئۆزى بىلەن «سىياسىي ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش» ئىنقىلابىي گۇرۇھ ئارىسىدىكى چەك ـ چېگرا ئايرىلدى. ھۆججەتتە يەنە «ئافرىقا رەھبەرلىرىنىڭ مەسىلىنى تىنچ ھەل قىلىشنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغانلىقى» كۆرسىتىلدى. ئەمەلىيەتتە، قوراللىق كۈرەشنىڭ ئۈنۈمى پەقەتلا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. جەنۇبىي ئافرىقا ئارمىيەسى جاسۇسلارنى ئىشقا سېلىش ۋە قىيناپ سوراق قىلىش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئاخبارات ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرغاندىن كېيىن، جەنۇبىي ئافرىقا دۆلىتىگە ئاستا ـ ئاستا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان مىللەت نەيزىسى پارتىزانلار ئەترىتى مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولۇشقا يۈزلەندى. مىللەت نەيزىسى ئەزالىرى بىر ـ بىرلەپ قولغا ئېلىنىپ قىيىن ـ قىستاققا ئۇچرىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پرېتورىيە دائىرىلىرىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنى قوبۇل قىلىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئاساسلىق ئۈمىدىنى كۈرەشكە ئەمەس، جازا چارىلىرىگە باغلىدى.

ماندېلا «ھاراري باياناتنامىسى»نى بىر قېتىملىق چوڭ بۆسۈش دەپ قارىدى. ماندېلا بۇ باياناتنامە ئارقىلىق تىنچلىق سۆھبىتى ئۈچۈن شارائىت يارىتىشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى پرېتورىيە دائىرىلىرىگە يۈكلەپ، ئۆزىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن تىنچ مۇھىت ھازىرلىدى. پۈتكۈل دۇنيا بۇ باياناتنىڭ جاكارلىنىشىنى تەبرىكلىدى. «پۇل مۇئامىلە گېزىتى» بۇ ئىشقا مۇنداق باھا بەردى: «باياناتنامە سۆھبەتنىڭ ئاساسىي مەۋقەسى ۋە قۇرۇلمىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بەردى. بۇ جەرياندا ماندېلا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.» تامبوغا نىسبەتەن بۇ بىر شەخسىي غەلىبە ھېسابلانسىمۇ، بىراق ئۇ بۇ ئىش ئۈچۈن ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى. تامبو يىغىن باشلىنىشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئېغىر سەكتە كېسىلىگە مۇپتىلا

بولۇپ، لوندون ئامبۇلاتورىيەسىگە ئېلىپ بېرىلدى. شۇ جايدا بۇ «ۋېركىنارت ئەپەندى» ئۇزاق مۇددەتلىك داۋالىنىش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، گەپ قىلىشنى ۋە مېڭىشنى قايتىدىن ئۆگەندى. ماندېلامۇ بۇ سەۋەبلىك ئۆزى ئەڭ ئىشىنىدىغان، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى بولغان ۋاستىسىدىن مەھرۇم قالدى.

دى كلېركنىڭ پائالىيىتىمۇ جانلىنىپ كەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى چوڭ سايلامدا مىللىي پارتىيە رەقىبىنى يېڭىۋېلىشقا تاسلا قالدى. 48 پىرسەنتلىك قوللاشقا ئېرىشتى. بىراق، ئوڭ قانات كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ۋە تېخىمۇ ئەركىن ھېسابلانغان دېموكراتىيە پارتىيەسىنى قوللاش نىسبىتى نىسبەتەن ئاشتى. دى كلېركنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل نەتىجە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئۆزگەرتىش چاقىرىقىغا بولغان ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. ماندېلانى قويۇپ بېرىش چۇقانلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلدى. مەركىزىي بانكا، غەرب دۆلەتلىرى، شۇنداقلا ماندېلانىڭ قېرىندىشى ۋېمپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر مەۋقەدىكى ئاق تەنلىك زىيالىيلار دى كلېركنى ماندېلانى قويۇپ بېرىشكە قىستىدى. دى كلېرك ناھايىتى تېزلا كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ بوتادىنمۇ بەك ئەمەلىيەتچىل ۋە ئەقىللىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇ روبىن رۇنۇۋېكقا: «مەن رودىسيەنىڭ تەلىمىنى ئالغانمەن، پەيتى ئۆتۈپ كەتكەن ھەقىقىي رەھبەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە مۇستەقىللىشىپ كەتكەنلىكتىن، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى. 1989 ـ يىلى ئىشلەنگەن «جان ئالغۇچى قورال 2» ناملىق كىنودىكى سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلىگەنىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت تېخىچە

www.uyghurkitap.com

داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، سۆھبەتنىڭ ئاساسلىق ئىشتىراكچىسى بانارد ئىدى. دى كلېركنىڭ بۇنىڭدىن دېگەندەك خەۋىرى يوق ئىدى. سايلامنىڭ ئاخىرقى ھەپتىسى شىۋېيتسارىيەدىكى كۆلكىلىك ئۇچرىشىش ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يېقىنلاشتۇرۇۋەتتى. باناردنىڭ قول ئاستىدىكى مۇئاۋىن ئاخبارات ئەمەلدارى مېك لو ۋە جاسۇسلۇق تەشكىلاتىنىڭ كاتىپبېشى مارىز سپارفۇت قاتارلىقلار تابو مبېكى، ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى خىزمەتدىشى ياكوپ زۇما بىلەن رۇسسېن كۆلى خانتاجى مېھمانسارىيىدىكى خانىلەردىن بىرىدە مەخپىي ئۇچراشتى. مبېكى بىلەن مېك لو تاڭ ئاتقۇچە سۆھبەتلەشتى. قارىماققا، ھەممە ئىشلارغا ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ قويۇلغاندەك تۇراتتى. مېك لو سۆھبەت جەريانىدا تايىنخىستىكى دى كلېركقا ئۇچۇر يوللىدى. ئۇچۇرنى كۆرگەن دى كلېرك بەكلا چۆچۈپ كەتتى — زادى كىم مېك لونىڭ سۆھبەتكە قاتنىشىشىغا رۇخسەت بەردى. مېك لو بۇ ئۇچرىشىشنى سۆھبەت دېمەستىن، بۇيرۇققا بىنائەن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش دېگەندى. مېك دى كلېركنىڭ ئۆز سۆزلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بايقىغان مېك لو «ياخشى نەسىھەتنى قوبۇل قىلدى.»

دى كلېرك ئۆزىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى چوقۇم قويۇۋېتىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى: بىراق، مەخپىي خەت - چەكلەردىن ماندېلانىڭ بارلىق مەسىلىلەرنىڭ يادروسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. سايلامنىڭ ئاخىرقى ھەپتىسى ماندېلا كۇتز بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتى. ماندېلا كۇتزغا دى كلېركنىڭ ئەڭ ئاۋۋال سىسۇلۇ ۋە كاترادا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون نەپەر سىياسىي جىنايەتچىنى قويۇپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرىنىڭ بەك «تۆۋەن چەكتە» ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ماندېلا تۈرمىدىكى سەپەرداشلىرىغا يەنە گېۋىن مبېكى

ۋە هاررى گېۋراغا ئوخشاش خەلقنى قۇتراتماسلىق توغرۇلۇق نەسىھەت قىلدى.

بۇ خىل قىلمىش دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەزالىرىنى ئەندىشىگە سېلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇلار «يۇقىرى چەكتىكى ھەرىكەت» قوزغىماقچى ئىدى. 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى لۇساكادىكى رەھبەرلەر ئۆزىنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پىلاندا قويۇپ بېرىلگەن سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە بولغان ساداقەتمەنلىكى تەكىتلەندى، شۇنداقلا ئامىنىڭ «ھاررى باياناتىنامىسى» نى قوللىشى سەپەرۋەر قىلىندى. خىزمەت كومىتېتى ھەرىكەت پىلانىنى مۇھاكىمىگە قويغاندا، تابو مېبىكى قويۇپ بېرىلگەن ئەزالارنىڭ چوقۇم «كۈرەش جەريانىدا رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. كېرىس ھانى « بوشاڭ بولماسلىق» نى تەكىتلىدى. بىراق، ياكوب زۇما ھۆكۈمەت تەرەپ قەستەن ماندېلا ۋە ھاررى گېۋرانىڭ قارشىلىشىش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى دەپ قارىدى. جوئې سىلوۋ ھۆكۈمەتنى پەقەت «يۇقىرى چەكتىكى ھەرىكەت» ئارقىلىقلا ماندېلانى قويۇپ بېرىشكە ئۈندىگىلى بولىدۇ، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى.

بۇ تەرەپتە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مۇھاكىمە يىغىنى داۋاملاشماقتا، ئۇ تەرەپتە ھۆكۈمەت 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پەرمان چىقىرىپ سىسۇلۇ ۋە كاترادانى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەككىز نەپەر مەھبۇسنى شەرتسىز قويۇۋېتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. كاترادا بۇ خەۋەرنى تېلېۋىزور ئارقىلىق كۆرگەندىن كېيىنلا، بۇ ئىشلارنىڭ راستلىقىغا ئاندىن ئىشەندى. بىراق، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن چەكتىكى ھەرىكەت مۇھىتى ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى ھەرقايسى شەھەرلەردە نامايىش ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ

www.uyghurkitap.com

چەكلەنگەن بايراقلىرى ھەرياقتا جەۋلان قىلماقتا ئىدى. سىسۇلۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنىڭ «ھەرىكەتتىكى رەھبەرلەر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقى» توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. شۇنداقلا ئۇ ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى قاماقتىكى ئەزالارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە نىسبەتەن ئېھتىياتچان پوزىتسىيەدە بولدى. «يېڭى دۆلەت گېزىتى» دە مۇنداق خەۋەر بېرىلدى: «بۇنىڭ ۋەكىللىك قىلىۋاتقىنى بىر تۈرلۈك شەپقەتسىز سىياسىي ئەگرى - توقايلىق، ئەجەل ئالدىدا جان تالىشىۋاتقانلارنىڭ ئالدىن مۇشت كۆتۈرۈشى.» ناۋادا راستىلا شۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرى ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشمايتتى. چۈنكى، قويۇپ بېرىلگەن بۇ سەككىز نەپەر مەھبۇستا ئازراقمۇ ئارقىغا داجىش ئىپادىلەنمىگەندى. «ئەگەر ئۇلارنى تۈرمىگە قايتۇرۇش زۆرۈرىيىتى بولسا، ئەتىلا قايتىپ بارغان بولاتتىم» دېدى ئاندرېۋ ملانگىنى.

ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېرىم ئەسىرگە يېقىن تۈرمىدە ياتقان كىشىنىڭ تۈرمۇشىنى قايتىدىن باشلىشى ھەقىقەتەن قىيىن ئىش ئىدى. سىسۇلۇ تۈرمە ھاياتىدا ئۇخلىغاندىمۇ چىراغ ياندۇرۇپ قويۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ قاراڭغۇلۇقتا ئۇخلاشقا ئامالسىز قالدى. كاترادا بولسا يوھاننىسبۇرگنىڭ ئۆمۈچۈك توربەدەك ئىرماش - چىرماش يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولىدا ماشىنا ھەيدىيەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ قاتمال ھالىتىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلدى. سىسۇلۇ ئايالى ئالبوتىنا بىلەن تۇرغان ئىلگىرىكى ئاشۇ كاتەكتەك ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ھەممە ئىش ئەسلىي ھالىتىگە قايتتى. «سوۋېت ئىتتىپاقى 30 يىل ئىلگىرىكى ھالىتى بىلەن ئاساسەن پەرقسىز ھالەتتە. شۇ چاغدا مەن بۇ يەرگە يېڭىلا كەلگەنىدىم. بەئەينى سەرەڭگە قېپىدەك كېلىدىغان ئۆيۈممۇ ئىلگىرىكى ھالىتى بىلەن كۆپ پەرقسىز ھالدا تۇرۇپتۇ. ھۆكۈمەت ھەتتا

تورالغۇدىن ئىبارەت ئەڭ ئەقەللىي مەسىلىنىمۇ ھەل قىلمىدى. ھۆكۇمەتنىڭ ئاتالمىش سىياسىي ئىسلاھاتىغا يەنە قانچىلىك ئىشەنگىلى بولسۇن؟» دېگەندى سىسۇلۇ.

قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ غەرب بىلەن بولغان سىياسىي ئالاقىسى تېخىمۇ كۇچەيدى. پىرېزىدېنت بۇش ھەتتا سىسۇلۇغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى. ماندېلا سىسۇلۇ قاتارلىقلاردىن لوندونغا بېرىپ ساچىر خانىم بىلەن كۆرۇشۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ تەلىپى رەت قىلىندى. ئۇلار ساچىر خانىمنىڭ مەيداندىن ئىزچىل گۇمانلىناتتى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ گۇمانى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. ساچىر خانىم يەنىلا جازالاشقا قارشى ئىدى. 10 - ئايدا كۇئالالامپۇردا ئۆتكۇزۇلگەن ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنىدا ساچىر خانىم ئۆز ئالدىغا بايانات ئېلان قىلدى. بۇ ھالدىن يېڭى دىپلوماتىيە مىنىستىرى جون مىنگ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سىسۇلۇ قويۇپ بېرىلىشنىڭ ئالدىدا ساچىر خانىم يەنە بىر قېتىم بۇتېلېزىنى قوغدايدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئىپادىلىگەنىدى. چۇنكى، ئۇلارنىڭ جازا يۇرگۇزۇشكە قارشى تۇرۇش مەيدانى ئوخشاش ئىدى.

گەرچە بۇتېلېزى ئىنكاتادىكى ئاساسلىق ھەرىكەت رايونى كۇۋازۇكۇناتال رايونى بىلەن چەكلەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۇنسېرى ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشىشكە ئەگىشىپ، ئىنكاتا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسكە كۇنسېرى تەھدىت ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى. 11 - ئاينىڭ 19 - كۇنى دۇربانىدىكى 70 مىڭ زۇلۇلۇق پادىشاھنىڭ ھوقۇق تۇتقانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۇزدى. بۇ پادىشاھ بۇتراچىنىڭ جىيەنى ئىدى. بىر تەرەپتىن پادىشاھ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۇزۇشنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، بىراق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا بولغان قاقشاتقۇچ زەربە توختاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالمىدى. ساچىر خانىم ئىنكاتانى ئىخچە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن مۇستەقىل بولغان قوراللىق كۈچ دەپ قارايتتى. بىراق، ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئىنكاتا بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە «ئۈچىنچى خىل كۈچ» نىڭ تەرەققىياتىنى بايقىدى. گەرچە بۇتېلىزى بىلەن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقى، شۇنداقلا بۇنداق بولۇشنىڭ دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق كەلتۈرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بولسىمۇ، بىراق ساچىر خانىم يەنىلا بۇتېلىزىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قوللىدى.

بۇ كۈنلەردە ماندېلا ئۆكتىچى پارتىيەنىڭ بىردىنبىر قويۇپ بېرىلمىگەن رەھبىرى بولۇپ قالدى، بۇ ھال ماندېلانىڭ نوپۇزىنى ۋە ئالاھىدە رەھبەرلىك ئورنىنى ئېخىمۇ بەك گەۋدىلەندۈردى. ئەمدىلىكتە ماندېلا ئۆز ئادەملىرىنى سېتىۋەتتى دەيدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى. چۈنكى، ماندېلانىڭ تۈرمىدە ياتقان ۋاقتى باشقا ھەرقانداق بىر سەپدىشىدىن ئۇزاق ئىدى. ماندېلا يەنىلا تىنچلىق سۆھبىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى قاتتىق قوللار گۇرۇھى قوراللىرىنى سەرخىللاشتۇرۇش ئارقىلىق «سىياسىي ھوقۇقنى ئىگىلەش» نىيىتىدە بولدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە توختىماستىن داۋاملىشىۋاتقان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ھەممە جايىنى قاپلىغان ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرەتتى. بىراق، ماندېلا ئۆزىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن ھەرقانداق بىرىگە ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئۇ ئاربوتنا سىسۇلۇغا مۇنداق دېدى: «ھەرقانداق بىر دۆلەتتە مەيلى ئۇ ئۇرۇش قاينىمىغا كىرىپ قالغان دۆلەت بولسۇن، سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ۋاقىت چىقىدۇ.»

ماندېلا دى كلېركقا بۈركۈتتەك تىكىلدى. ئۇ دى كلېركنىڭ بۇ ھالەتتە يول قويۇشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تۇتۇ بىلەن بورساكنىڭ باشچىلىقىدا كېپتاۋندا بىر

مەيدان نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. دى كلېرك نامايىشقا نىسبەتەن سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيەسىنى قوللىنىپ، بۇ ئىشقا ساقچى تەرەپنى ئارىلاشتۇرمىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە دى كلېرك «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمى» نىڭ دېڭىز ساھىلى، باغچە، مۇنچىخانا ۋە ئاشخانا قاتارلىق جايلاردا قارا تەنلىكلەرنىڭ ئاق تەنلىكلەر بىلەن بىللە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلمايدىغان نۇرغۇن چەكلىمىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇنداقلا قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى مەخپىي كونترول قىلىدىغان يېرىم ھەربىيلەشتۈرۈلگەن تور — دۆلەت بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تارقىتىۋەتتى. دى كلېرك 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىدا، تىنچلىقتا مايىل ھەرقانداق تەشكىلات بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ماندېلا ئۇنىڭ بىلەن تېزدىن كۆرۈشىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى. ماندېلا دى كلېركقا يازغان خېتىدە «ئۈنۈملۈك سىياسىي ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش» پەيتىنىڭ ئاللىقاچان پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى ئەزالار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلالمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈشنى رەت قىلدى. «مەيدانىمنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىنى ھۆرمەتلەش تۇيغۇسىغا ئىگە ھەرقانداق بىر ئەركىنلىك جەڭچىسىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىشىغا بولمايدۇ.» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماندېلا ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بولغان سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردى. دى كلېركنىڭ قانۇن ئىشلىرى مىنىستىرى گېرىت ۋېرگىنمۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە قېتىلغانىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن پىرېزىدېنتنىڭ جاۋابىنى كۈتكەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت تورىنى كېڭەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەتتە ماندېلا ئۆز تۇرالغۇسىدا تېخىمۇ ئەركىن ھالدا ئۆزىنىڭ دوستلىرىنى كۈتۈۋالالايتتى. فاتىمە مىل ئەمەلىيەتتە ئۆزى يېزىۋاتقان ماندېلانىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆزگەرتىۋاتاتتى. ماندېلانىڭ ئازادە تۇرمۇشى ئۇنى بەكلا ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. ئۆي ئىچى كىيىمى كىيىۋالغان گېرگېل دەرۋازىغىچە بېرىپ فاتىمە بىلەن ئىسمىرنى كۈتۈۋالدى. ئۇلار رەت ـ رەت سېلىنغان خىزمەتچىلەر ياتىقى ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئىككى قاسىنىقى يىگىنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەر ۋە قاغجال دەرەخلەر بىلەن تولغان يولدا ماشىنىلىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. يول بويىدا كالا، ئۆردەك قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئىسمىر 17 يىل ئىلگىرى ماندېلا بىلەن روببېن ئارىلىدا كۆرۈشكەنىدى. ئۇ چاغدا ماندېلانىڭ چىرايىدا قان دىدارى يوق ئىدى. بىراق، ئۇ بۇ قېتىم قارىماققا كۆپ ساغلامدەك تۇراتتى. «ئۇ قەددى ـ قامەتلىك، سىپايە ئىدى. ئورۇق بەدىنىدە ماي دىدارى يوق ئىدى. پات ـ پاتلا كۈلۈمسىرەپ قوياتتى، كۈلسە كۆزچاناقلىرىدا قورۇق پەيدا بولاتتى. تۆۋەن ئاۋازدا كۈلەتتى، كۈلكىسى چىن يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقاتتى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىنىمدە ئۇنىڭ ئۆيى ناھايىتى رەتلىك ھالەتتە تۇراتتى.»

ماندېلا ھاياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى جانجىگەر دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن قايتا ئۇچراشماقتا ئىدى. شۇلاردىن بىرسى 1941 ـ يىلىدىكى غوجايىنى ئادۋوكات لازار ھىدرىسگ ئىدى. ماندېلا تۇرمىدىكى گۇندىپايغا «ئۇ مېنىڭ بىردىنبىر ئاق تەنلىك غوجايىنىم» دەپ تونۇشتۇردى. ھىدرىسگ ماندېلانىڭ ئاق تەنلىك گۇندىپايغا بۇيرۇقۋازلىق قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئۇ ماندېلا بىلەن بىرلىكتە ئۆتمۈشنى ئەسلىدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ 1950 ـ يىللاردىلا ماندېلانى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا سىياسىي بىلەن شۇغۇللانسا مۇتلەق تۈرمىگە تاشلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. «قاراڭ، سىز ھازىر شۇ ھالەتتە ئەمەسمۇ!»

ماندېلانىڭ روببېن ئارىلىدىكى قەدىناس دوستى ئەددى

دانىېرىس ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ ھازىر ئوقۇتقۇچى ئىدى. سۆگرالىق بىر ئايال بىلەن توي قىلغانىدى. دانىېرىس ماندېلانى يوقلاشقا مېڭىش ئالدىدا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ماندېلاغا تۆرلۈك خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلدى. دانىېرىس مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىم ماندېلانى خۇش قىلىش ئۈچۈن. سىلەر ھە دېسەڭلا ئۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىڭلارغا ئالماڭلار.» دانىېرىس شۇنى بايقىدىكى، ماندېلا ھەر دائىم ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىشقا ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر ئاز تەشۋىشلىنەتتى. غايەت زور بېسىم سەۋەبلىك، ماندېلانىڭ چىراي ئىپادىسى تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتكەنىدى. بىراق، «شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ يەنىلا ئىلگىرىكى ماندېلا.»

ئەمەلىيەتتە، دى كلېرك ماندېلانى چوقۇم قويۇپ بېرىش كېرەكلىكىنى، ھەمدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى چوقۇم ئېتىراپ قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. بىراق، ئۇ ئۆز ئىچكى كابىنېتىدىكىلەرنى ئۆزى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشقا قايىل قىلىشى كېرەك ئىدى. 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا دى كلېرك ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىنى يىغىپ بوتسۋانا ئەتراپىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىككى كۈنلۈك ئىستراتېگىيە يىغىنى ئاچتى. بەزى مىنىستىرلار ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان پىلانغا جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇردى، بولۇپمۇ قاتتىق قوللۇق تەرەپدارى ھېسابلانغان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ماگنۇس مارن كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا كەسكىن قارشى تۇردى. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى جەڭ نىشانى ئىدى. بىراق، قىزىللارنىڭ تەھدىتى ئىلگىرىكىدەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. بېرلىن تېمى ئۆرۈلگىنىگە بىر ئاي بولغانىدى. بۇ ئىش دى كلېركنى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىن ئەتتى. كېيىن ئۇ ئۆز ئىنىسى ۋىيمپقا مۇنداق

www.uyghurkitap.com

دەيدۇ: «دۇنيا تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلىشى كېرەك. بىز بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم.»

بۇ قېتىملىق ئىستراتېگىيە يىغىنى ئېچىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي دى كلېرك ماندېلا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى. دى كلېركنىڭ يارىشىش ۋە تىنچلىق تەشەببۇسلىرىغا نىسبەتەن ماندېلا قارشى ئېلىش پوزىتسىيەسىدە بولدى. ماندېلا يەنە ئالدىنقى قېتىم بوتاغا سۇنغان تېزىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. بىراق، ماندېلا ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇشىدىن، بانتۇستان ۋە باشقا رەھبەرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ماندېلا زوراۋانلىق توقۇنۇشى دۆلەتنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، پەقەت ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن شەرتسىز ھالدا سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىلا تىنچلىقنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ، دەيدۇ. ماندېلا بىرىنچى قەدەمدە دى كلېركنىڭ «ھاراري باياناتنامىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش روھىنى تەكىتلەپ، دۆلەتنىڭ جىددىي ھالەتكە خاتىمە بېرىشىنى، بارلىق چەكلەش بۇيرۇقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى رايونلاردىن ئەسكەر چېكىندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ماندېلا يەنە بىر قېتىم تايىنخېيسقا ئېلىپ بېرىلىپ، پىرېزىدېنت بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ قېتىمقى ھەمراھلار يەنىلا كۈتز بىلەن بانارد ئىدى. ئالدىنقى قېتىملىق بوتا بىلەن كۆرۈشۈشكە سېلىشتۇرغاندا، بۇ قېتىملىق كۆرۈ-شۈشتىكى كەيپىيات تېخىمۇ بەھۇزۇر بولدى. ماندېلانىڭ خاراك-تېرىگە نىسبەتەن دى كلېرك ئالدىنئالا تەييارلىق قىلىۋالغانى-دى. شۇڭا، ئۇ ماندېلانىڭ شۇ قەدەر قائىدە ـ يوسۇنلۇق ۋە ئېسىل سۈپەتلىكلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ يۈرمىدى. دى كلېركقا تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى ماندېلا قارا تەنلىكلەرنىڭ تارد-

خى ۋە قىيىنچىلىقىنى چۈشىنىپلا قالماي، يەنە ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ تارىخى ۋە ئۇلار ئۇچرىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر توغرۇلۇقمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى. ماندېلا دى كلېركنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى جەھەتتىمۇ چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى. ئۇ قارا تەنلىك دوستلىرىدىن دى كلېركنىڭ ئىلگىرى دۇرۇس ئادۋوكات بولغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ماندېلا ئۆزىنى دى كلېركنىڭ ئورنىغا قويۇپ مەسىلىلەرگە نەزەر سېلىشقا تىرىشتى، شۇنداقلا ھەيران قالارلىق ھالدا دى كلېركنىڭ ھەقىقەتەن گەپ يەيدىغانلىقىنى ۋە ئىنكاسچانلىقىنى بايقىدى. ماندېلا خەلق پارتىيەسىنىڭ «كوللېكتىپ ھوقۇق» سىياسىتىنى تەنقىدلىدى. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ سىياسەت ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈلمىسىنىڭ داۋامى ئىدى، خالاس. دى كلېرك چۈشەنچە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىكلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈپ قېلىش قورقۇنچىنى پەسەيتىشكە ئامال قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلا ئىلگىرى بوتاغا قارا تەنلىكلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ نىشانى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئۇ «كوللېكتىپ ھوقۇق»نىڭ قارا تەنلىكلەرنىڭ قورقۇنچىنى ئاشۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى تەكىتلەشتە چىڭ تۇردى. دى كلېرك ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، «بىز چوقۇم تۈزىتىش كىرگۈزىمىز» دەيدۇ.

ئارقىدىن ماندېلا ئۆزىنىڭ ھەرقانداق شەرتنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە بولغان چەكلىمە چوقۇم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. دى كلېرك گەرچە ھېچقانداق ۋەدە بەرمىگەن بولسىمۇ، ماندېلا يەنىلا خاتىرجەم ھالدا سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەتتى. ئۇ دى كلېركنىڭ ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پرېزىدېنتقا تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقىغا، دى كلېرك بىلەن سۆھبەتلەشكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. دى

كلىركىنىڭ يارىدەمچىسىنىڭ دېيىشىچە، دى كلېرك تەرەپ بۇ قېتىمقى يىغىن سەۋەبلىك ئىككىلىنىپ قالمىغاندەك تۇراتتى. بىراق، دى كلېرك ئۆزىنىڭ ئىنىسى ۋېيىمپقا ماندېلانىڭ «ناھايىتى سالاپەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى... تاقابىل تۇرۇش تەس بولغان سىياسىيون ئىكەنلىكىنى» ئېيتتى.

ئەمدىلىكتە ماندېلا تۈرمىدىكى كىچىككىنە ئۆيىدە خىلمۇخىل سىياسىيونلار بىلەن ئۇچرىشىش ئىجازىتىگە ئېرىشتى. بىراق، بۇلارنىڭ ئىچىدە باش ئەلچى ۋە مۇخبىرلار يوق ئىدى. چۈنكى، پرېتورىيە دائىرىلىرى بۇ ئىشقا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ياكى چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئارىلىشىشىدىن ئەنسىرەيتتى. روببېن ئارىلىدا جازا ئۆتەۋاتقان سىياسىي جىنايەتچىلەر، خەلق دېموكراتىيە ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى، ئادۋوكاتلار، پوپلار، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى، ئالىملار، شۇنداقلا ياش رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە ئۇچرىشاتتى. ماندېلانىڭ ئادۋوكاتى جورجى بىزوس «بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەرنى تۈرمە دېگەندىن كۆرە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان خىزمەت مەيدانى دېگەن تۈزۈك» دەيدۇ. ماندېلانىڭ كۆپ ۋاقتى ئۆزىنىڭ كېيىپتاۋنىدىكى ئادۋوكاتى ئابدۇللا ئۇمەر بىلەن بىللە ئۆتتى. ئۇ يوغان كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ ماندېلانىڭ قويۇپ بېرىلىش مۇمكىنچىلىكى ئۈچۈن ئىنچىكە تەييارلىق قىلىشقا مەسئۇل ئىدى.

11 ـ ئايدا ماندېلا قارا تەنلىك باي سودىگەر رىچاد مافىنيا بىلەن كۆرۈشتى. مافىنيا ئىلگىرى ھۆكۈمەت بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن دەپ ئەيىبلەنگەنىدى. بۇ ھال ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ساراسىمە پەيدا قىلغانىدى. بىراق، ماندېلا مەمنۇنلۇق ئىلكىدە مافىنيانىڭ 1960 ـ يىلى ئۆزى ۋە دوستلىرى ئۈچۈن يىغىلىش ئورۇنلاشتۇرۇپ

بەرگەنلىكىنى ئەسلىدى. ماندېلا ئۆنىڭغا چوڭ كارخانىلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەردىن ناھايىتى ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى، كاپىتالنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈشنىڭ ھەرگىزمۇ قارا تەنلىكلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ياخشى چارە ئەمەسلىكىنى، مۇستەقىل جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قوشنا ئەللەرگە ئوخشاش ناھايىتى زور قەرزگە بوغۇلسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلانىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆپلىگەن رەھبەرلىرىنى ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە بولغان ساداقىتىدىن گۇمانلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلار «ئەركىنلىك نىزامنامىسى»گە خىيانەت قىلىنغان دەپ قارىدى. بىراق، ئىككى ئايدىن كېيىن، ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە كانچىلىق، بانكا ساھەلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، شۇنداقلا مونوپولىزمچى بانكىلارنىڭ دۆلەت ئىلكىگە ئۆتۈشىنى تەكىتلىدى. دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈش ئۇزاقتىن بۇيانقى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى دائىرىلىرىنىڭ سىياسىتى ئىدى. بىراق، بوتا ۋە لۇساكالىق باشقا رەھبەرلەر ئالللىقاچان دۆلەت ۋە شەخس ئىگىدارلىقىدىكى ئارىلاشما ئىقتىسادىي ئىگىلىكنى ئويلاشقانىدى. ئەنگلىيە ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ تۆت تۈرلۈك ماددىسىدا ئېيتىلغىنىغا ئوخشاش، دۆلەت ئىگىدارلىقىنى ھەرگىزمۇ خەت مەنىسى بويىچە چۈشىنىۋالماسلىق كېرەك ئىدى (مەلۇم بىر سودىگەر تابودىن بۇ ھەقتە سورىسا، ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سىياسىتى روبېرت موجابىنىڭ زىمبابۋېدا يۈرگۈزگەن سىياسىتىگە ئوخشايدۇ دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى؛ بىراق، موجاب گەرچە دۆلەت ئىگىدارلىق تۈزۈمىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، بىراق دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى ئۈچۈن ھېچقانداق تەدبىر قوللانمىغان بولاتتى). شۇنداقلا سودىگەرلەر غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس بولاتتى. 1990 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا

يوھاننىسبۇرگ پاي چېكى بازىرىدىكى پاي چېكىنىڭ باھاسى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورتنى ياراتتى.

ماندېلانىڭ ئەمدىلىكتە ھەتتا لۇساكادىكى دوستلىرى بىلەن بىۋاسىتە تېلېفون ئارقىلىق ئالاقە قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. 30 يىلغا يېقىن سۈرگۈن قىلىنغان بۇ كىشىلەر قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئاخىر ئۆز دۆلىتىگە تېخىمۇ يېقىنلىشالايدىغان بولدى. سىسۇلۇ ۋە باشقا قويۇپ بېرىلگەن سەپداشلار پاسپورتىنى ئالغاندىن كېيىن لۇساكاغا قاراپ ئۇچتى. ئۇ يەردە ئۇلارنى كۈتۈۋالغىنى چەكسىز ھاياجانغا چۆمگەن خەلق بولدى. سۈرگۈن قىلىنغانلار، قاماققا ئېلىنغانلار ۋە دۆلەت ئىچىدىكى پائالىيەتچىلەردىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك كۈرەش قىلغۇچى كۆچ ئايرىلىپ كېتىپ 30 يىلدىن كېيىن ئاخىر قايتا يۈز كۆرۈشتى.

بىراق، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بىر تۈركۈم ئاكتىپ رەھبەرلەر يەنىلا ماندېلانى سېتىلىپ كەتتى، ئىنقىلابقا خائىنلىق قىلدى، دەپ قارايتتى. 1989 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا 18 دۆلەت ئىچىدىكى 18 نەپەر پائالىيەتچى ئامما ماندېلانى يوقلاپ تۈرمىگە باردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلەر ماندېلانى روببېن ئارىلىدىكى چاغدا مەھبۇسلار كىيىمىنى كىيگەن ھالەتتە كۆرگەنىدى. ئۇلار بۇ قېتىم ماندېلانىڭ ئېسىل كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ باھالىرى ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىكى دى كلېركقا بولغان ماختاشلىرىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئېرىك موربى كۆڭلىدە «بۇ ئادەم تۈگەشتى» دەپ ئويلىدى. مىللەت نەيزىسى پارتىزانلىرى جەڭنىڭ تېخىچە باشلانمىغانلىقىدىن تېخىمۇ بەك ئەندىشىدە ئىدى. ماندېلانىڭ سۆھبىتى «سىياسىي ھوقۇقنى ئېگىلەش» تە ئۇلارغا قارىغاندا بىر قەدەم ئالدىدا ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە ۋە كوممۇنىزمچە تۈزۈمگە بولغان كونترول قىلىشنىڭ بوششىغا ئەگىشىپ، روببېن ئارىلىدا مۇھاكىمە قىلىنغان گەپ ـ سۆزلەر

كونا ئىش سۇپىتىدە يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا چىقتى. گېۋىن مىبىكى بىلەن بىللە ئىشلىگەن شەرقىي كېيىپ ئۆلكىسىدىكى ماركسىزم «كوللېكتىپى» تېخىمۇ بەك جانلىق ۋە كەسكىنلىشىپ كەتتى. 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا مىبىكى ئۆز قولىغۇچىسىنى ئاگاھلاندۇرۇپ «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ نىشانى ئۆزى ياراتقان بارلىق ئېشىنچا قىممەتنى قايتۇرۇۋېلىش» دېدى.

ماندېلا دى كلېركقا ئەۋەتكەن ئۇون بەتلىك تېزىسىنىڭ بىر بېتىنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن لۇساكاغا ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ۋەدە بەرمىگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىر نەپەر باياناتچىسى: «ئۇ سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقىنى يوق، پەقەتلا ھۆكۈمەت ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئارىسىدىكى سۆھبەتكە ئاساس سالماقتا» دېدى. ماندېلا ئۆزىنىڭ غېرىبلىق شارائىتىدىن تولۇق پايدىلاندى. ئىككى تەرەپنىڭ بۆلۈنۈشىگە ئەمەس، ئىتتىپاقلىشىشىغا كۆچىدى. «پەقەت ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىلا 1912 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن باشلاپ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى» دېدى كاترادا ئۇنىڭ ئورنىدا. كۆپچىلىك زىيارەتچىلەرنىڭ نەزىرىدە ماندېلا ماسلاشتۇرغۇچىلىق ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرغۇچىلىق رولىنى ئوينىغاندى. ئۇ ئالدىنقى قېتىملىق كۈرەشتىن كېلىپ چىققان دەزنى ئوڭشاش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ئۇ يەنىلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ زىيادە سادىق ئەزاسى بولۇپ، پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا بەك چىڭ تۇراتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ بارلىق باياناتلىرى ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنەتتى.

1990 ـ يىلى يېڭى يىلدا ماندېلانى قويۇپ بېرىش ئۈمىدلىرى قايتىدىن يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، ئارقىدىن يەنە پەسىيىپ قالدى. 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋىننى ماندېلانى يوقلاپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ سائەت پاراڭلاشتى. يوقلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ۋىننى: «مەن بەلكىم بىرنەچچە ئايمۇ كەتمەيدۇ دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئويلايمەن... ئەھۋال مانا مۇشۇنداق» دېدى. بىراق، ئۇچ ھەپتىدىن كېيىن ۋىننى يەنە چۈشەنچە بېرىپ «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ چەكلەش بۇيرۇقىنى بىكار قىلىش جەھەتتە يەنە بىر ئاز مەسىلىلەر ساقلانماقتا» دېدى. « ماندېلانى قويۇپ بېرىش پۈتۈن بىر دۆلەتنىڭ تارىخىنى ئۆزگەرتىپ يېزىشتىن ئىبارەت ئىدى.»

بۇ كۈنلەردە بۇ دۆلەتنىڭ كەلگۈسى غېرىب ئىككى ئادەمنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى. روژدېستۋالىق دەم ئېلىشتا پىرېزىدېنت دى كلېرك ئۆيىدىن سىرتقا چىقمىدى. ئۇ چوقۇم بىر قارارغا كېلىشى كېرەك ئىدى. چەت ئەلنىڭ بېسىمى كۈنسېرى يۇقىرىلاپ، ئىقتىسادىي كرىزىس تېخىمۇ يامانلاشتى. «بىز خەلقئارا سەھنىدە چوڭقۇر قىرغاقلاردا كېلىپ - كېتىپ يۈرمەكتىمىز» دېدى دى كلېرك ۋېيىمپقا سۆز قىلغاندا. ساچىر خانىم باش ئەلچى رۇبېن رۇنتۇېك ئارقىلىق دى كلېركقا ئۇ پەقەت ماندېلانى قويۇپ بەرسىلا، ساچىر خانىم جاۋاب قايتۇرۇش سۈپىتىدە جەنۇبىي ئافرىقىغا يۈرگۈزگەن جازانى بىكار قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. (بۇ جازانىڭ ئىچىدە جەنۇبىي ئافرىقىغا مەبلەغ سېلىشنى چەكلەشمۇ بار ئىدى دى كلېرك 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا، 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئېچىلىدىغان دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنىڭ نۇتۇق تېزىسىنى يېزىشقا كىرىشتى. نۇتۇقنى تەييارلاش جەريانىدا ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسىدىنلا مەسلىھەت ئېلىپ ئۆز پارتىيەسىدىكى ئەزالارنىڭ ياكى ئايالى ماركىنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالمىدى. مارك خانىم ئەنئەنىۋى ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك ئايال ئىدى. ئۇ يولدىشىنىڭ سۆكۈت قىلىشى ۋە سىياسىتىدىن گاڭگىراپ قالدى. مارك خانىمنىڭ نەزىرىدە ماندېلانىڭ ناتسىستلارنىڭ باش جىنايەتچىسى رۇداف ھېسس بىلەن ھېچبىر پەرقى يوق ئىدى. ئەنگلىيە چەت ئەل تەرەققىيات مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى لىندا جوك دى

كلېركنىڭ جاسارىتىنى ماختىغاندا، دى كلېرك جاۋابەن ئۆزىنىڭ «باشقا بىر ئايال»نى قانداق قايىل قىلىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دى كلېركنىڭ ئايالى بىلەن بولغان نىكاھ تۇرمۇشى كىرىزىسقا پېتىپ قالغانىدى. نۇتۇق سۆزلەشنىڭ ئالدىنقى كۈنى دى كلېرك بىلەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ماگنۇس مارىن ئارىسىدا كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىختىلاپ يۈز بەردى. دى كلېرك كوممۇنىستىك پارتىيەنى مەنئى قىلىۋەرگەندە ئايىغى چىقماس سىياسىي ھەرىكەتلەر يۈز بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى پىكرىدە چىڭ تۇردى. دى كلېرك 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بېرىم كېچىدە ساچىر خانىمغا ئۆز نۇتقىنىڭ ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەيدىغانلىقى توغرۇلۇق خەت يازدى. ئاخىردا پارلامېنت ئەزالىرى ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىدى. گەرچە بۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆپچىلىك ھەر خىل پەرەزلەردە بولغان بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەت ئويلىمىغان يەردىن چىقتى. قىسقىغىنا بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە دى كلېرك ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پرېزىدېنتلارنىڭ 30 يىل جەريانىدا يۈرگۈزگەن سىياسىتىنى شىكايەت قىلدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق سىياسىي تەشكىلاتلار قانۇنىي ئېتىراپقا ئېرىشتى. زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشمىغان سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى قويۇپ بېرىلىدىغان بولدى. ئۆلۈم جازاسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ھۆكۈمەت يەنە تېخى «كەسكىن ھالدا ماندېلانى شەرتسىز قويۇپ بېرىشنى قارار قىلدى.»

ماندېلا غەلىبىگە ئېرىشتى. ئۇ بۇ غەلىبىنى پۈتۈنلەي ئۆز خەلقىگە تەۋە قىلدى. ۋىننى يوھاننېسبۇرگتا ماندېلادىن كەلگەن ھال سوراش خېتىنى ئامىمىغا ئوقۇپ بەردى: «ھۆكۈمەتنى يول قويۇشقا مەجبۇر قىلغىنى پرېزىدېنت دى كلېرك ئەمەس، بەلكى سىلەر.» خەلقئارا جەمئىيەتتىن كېلىۋاتقان بېسىممۇ مەلۇم

www.uyghurkitap.com

جەھەتتە ھۆكۈمەتنىڭ يول قويۇشنى تېزلەتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سالاھىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ستوكھولمدىن ئەۋەتكەن باياناتىدا (چۈنكى، تابو شۇ يەردە داۋالىنىۋاتاتتى) دى كلېركنىڭ بۇ قېتىملىق نۇتۇقىنىڭ «تىنچ كەيپىيات بەرپا قىلىشىدا زور ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلغانلىقىنى»نى ئېيتتى.

جەنۇبىي ئافرىقىدا ھەش ـ پەش دېگۈچە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش يۈز بەردى، پارتىزانلىق پارتىيەسى قانۇنىي پارتىيەگە ئۆزگەردى. ئىلگىرى قاماقتا ئېلىنغان كىشىلەر ئاخىر كۈننىڭ سېرىقىنى كۆردى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بايرىقى ۋە كوممۇنىزمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قىزىل بايراق ھەر جايدا جەۋلان قىلدى. گېزىتلەرگە ماندېلانىڭ رەسىمى بېسىلدى. كىشىلەر ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ۋە ھوقۇق تۇتۇشىغا نىسبەتەن ھەر خىل پەرەزلەردە بولدى. بىراق، ئۇنىڭ قاچان قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق يەنىلا ھەر خىل گەپ ـ سۆزلەر بار ئىدى. بەزى كوچا خەۋەرلىرىدە ماندېلانىڭ ئۆزىنى قويۇپ بېرىشنى كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقى سۆزلەندى. بىراق، ماندېلا بىزوسقا: «ئىشىكنى ئېچىپ مېنىڭ قايسى يول بىلەن ماڭىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ بېقىڭ» دېدى. ماندېلا كىچىك تۈرمە ئۆيىدە قويۇپ بېرىلىشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى تەييارلىقىنى قىلدى. ئۇ ئاممىغا ۋە تاراتقۇ ۋاستىلىرىگە قانداق يۈزلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشقا موھتاج ئىدى. ئۇنىڭ ئوپېراتور دوستى پىتېر ماگنۇبا ئۇنىڭغا «دەۋر گېزىتى» تارقاتقان قوللانمىدىن بىرنى بەردى. بۇ قوللانمىدىن تاراتقۇ ۋاستىلىرى بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋالغىلى بولاتتى. نۇتۇق دى كلېرك سۆزلەپ بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ماندېلانى ئۆز ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ، ماندېلانىڭ ئەتە يوھاننىسبۇرگقا قاراپ ئۇچىدىغانلىقىنى، يەنى قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

نەتىجىدە ئىككى تەرەپ كەسكىن مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى. ماندېلا تۈرمىدە يەنە بىر ھەپتە يېتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق بولغاندا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەتراپلىق كۆتۈۋېلىش مۇراسىمى ئورۇنلاشتۇرالايتتى. بىراق، مەخپىي قىسىم بۇنداق بولغاندا «ۋەزىيەتنى كونترول قىلالماي قېلىش» تىن ئەنسىرىدى. ئەمەلىيەتتە، ئاخبارات ئەمەلدارى بانارد ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ چوڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈپ، دۆلەتنى قالايمىقان قىلىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. 1979 ـ يىلى ئايەتۇللا ھۇمەينى ئىرانغا قايتقاندا ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى قالايمىقانچىلىق چىقارغانىدى. ماندېلا چوقۇم ۋىنىنىنىڭ ھەمراھلىقىدا تۈرمە دەرۋازىسىدىن چىقىشنى، شۇنداقلا كېيپتاۋىن خەلقىگە سۆز قىلىشنى تەلەپ قىلىشتا چىڭ تۇردى. دى كلېرك ھەرقانداق سەۋەب بىلەن تۈرمىدىن چىقىشنى ئارقىغا سۈرەشكە كەسكىن قارشى تۇردى. چۈنكى، ئۇ ئاخبارات قۇتراتقۇلۇقى سەۋەبلىك نامايىش بولۇشىدىن قورقاتتى.

مەسىلەن، شۇ كۈنى ئەتىگىنى «كېيپتاۋىن ۋاقىت گېزىتى» نىڭ باش بېتىگە «ماندېلا قويۇپ بېرىلىدىغان جاينىڭ پارل بولۇشىنى تەلەپ قىلدى» دېگەن ماۋزۇدا خەۋەر بېسىلدى. دى كلېرك خىزمەتداشلىرى بىلەن ئىككى قېتىم مەسلىھەتلەشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمدىلىكتە كېچىكتۈرسە بەكلا كېيىن قالىدىغانلىقى توغرۇلۇق بىر دەك پىكىردە بولدى. بىراق، دى كلېرك ماندېلانى تۈرمە دەرۋازىسى ئالدىدا قويۇپ بېرىشكە قوشۇلدى. ماندېلا تۈرمىگە قايتتى. گۇندىپاي گېرىگ ماندېلانىڭ تىلىنىڭ تېخىمۇ بەك ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەنلىكىنى، كۆزىنىڭ تېخىمۇ بەك سوغۇقلىشىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ماندېلا قەدىر ـ قىممىتى بىلەن تۈرمىدىن ئايرىلىشنى قارار قىلدى. كوبى كۈتزىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «قەدىر ـ قىممەت ماندېلا ئۈچۈن ھالقىلىق سۆز ھېسابلىناتتى.»

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ماندېلانىڭ قويۇپ بېرىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلىرى ئۈچۈن مەخسۇس كۆتۈۋېلىش كومىتېتى تەشكىللىدى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇلار تۇرمىگە كېلىپ، ماندېلاغا ياردەملىشىپ نۇتۇق تېزىسىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. ماندېلا خورۇمسىمان يېزىق تاختىسىدا خەت يازدى. بۇ تاختىنى ماندېلانىڭ تۇرمىداشلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىغانىدى. نۇتۇق ئارگىنالى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ئىدى. كېيىپتاۋنلىق ئادۋوكات ئابدۇللا ئۇمەر ماندېلا بىلەن ئىككى سائەت بىللە تۇردى. ئۇ ماندېلانىڭ «سەل قايغۇرۇۋاتقانلىقىنى، خىيالىغا پېتىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ كەلگۈسىدە نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى.»

ماندېلا ئەتىسى سەھەردە تۆت يېرىمدىلا ئورنىدىن تۇردى. ناشتىلىق ۋە بىر قاتار بەدەن تەكشۈرتۈشلەردىن كېيىن ئۇ يەنە بىر قېتىم ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى شىلىر لامفۇسا، تېللىبى مانيۇ قاتارلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى سەپداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ نۇتۇق ئارگىنالىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئۆزىنىڭ بولسىمۇ تۇرمىسىدە يىغقان كىتاب ۋە گېزىت ـ ژۇرناللىرىنى تاڭدى. تېگىشلىغان گېزىت ـ ژۇرناللار ئون نەچچە بوپپا بولغانىدى. ئاندىن ئۇ گۈندىپاي بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ ئۇمەرگە بۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ھاياجانلىق دەقىقە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىراق، ئۇمەر «قارىماققا ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىراي ئىپادىسى يوق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ناھايىتى ئەركىن ـ ئازادە ھالەتتە ئىكەنلىكىنى بايقىدى.» ماندېلا ئىنچىكە ھالقىلارغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇنىڭ تارىخىي مەنىگە ئىگە پەيت ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

پىلان بويىچە ۋىننى ۋە سىسۇلۇ باشچىلىقىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئايروپىلاندىن ئىككىنى ئىجارىگە ئېلىپ يوھاننىسبۇرگتىن يېتىپ كەلدى. ۋىننى يولدىشى بىلەن تۇرمىدە كۆرۈشۈپ چۈشتىن كېيىن سائەت

ئۇچتە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ تۈرمىدىن چىقماقچىدى. بىراق، ئايروپىلاندىن بىرى كىچىككەنىلىكى ئۇچۇن ۋىننى تۆتتىن ئاشقاندىلا ماندېلا بىللەن بىللە تۈرمە دەرۋازىسىدىن چىقتى. سىرتتىكى مەنزىدە ماندېلانىڭ كۈتكىنىدەك بولدى. 10 مىڭ كىچە، 10 مىڭ كۈندۈز تۈرمىدە ياتقان ماندېلا ئاخىر 71 يېشىدا ئۆزى ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزاق بولغان جەمئىيەت قوينىغا قايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى بۆلۈم

# 1990 ـ يىلدىن 1999 ـ يىلغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 28. ئىلاھ ۋە ئادەم

ئىككى دۇنيا ئارىسىدا بېرىپ ـ كېلىپ كونا دۇنيا كەلمەسكە كەتتى، يېڭى دۇنيا دەرمانسىز ھالەتتە ئاپىرىدە بولدى. بىراق، بېشىمنى قويىدىغان جاي چىقمىدى.

—— ماسىسر ئانورد، «دېڭىلىن چېركاۋىغا ھەدىيە»

1990 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ماندېلا ئايالى ۋىننى بىلەن قول تۇتۇشقان ھالدا تۈرمە دەرۋازىسىدىن چىقتى. بۇ چاغلاردا شەرقىي ياۋروپا بىلەن رۇسىيە تېخىچە ھاكىممۇتلەق دۆلەتلەردىن ئىدى. بېرلىن تېمى ئۆرۈلگەن، گورباچېف، ۋاۋېنسا، خوۋېر قاتارلىق سېھرىي كۈچكە ئىگە رەھبەرلەر كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كېلىۋاتاتتى. ئىككىيلەننىڭ قول تۇتۇشقان ھالەتتە تۈرمىدىن چىققان كۆرۈنۈشنى ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە كۆرۈنۈش دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى، ماندېلانىڭ ۋەكىللىك قىلىۋاتقىنى تېخىمۇ ھەقىقىي مەنگە ئىگە رىۋايەت ئىدى. ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن ئەكس ئېتىدىغىنى ئىنسانىيەت مەنىۋىيىتىنىڭ غەلىبىسى، بىر رەھبەرنىڭ يوقاتقان نەرسىسىنى قايتا تېپىۋېلىشى، قايتىدىن ئاكتىپ ئورۇنغا ئۆتۈش ئىدى. ئۇزاق يىللىق تۈرمە ھاياتى ماندېلانى تېخىمۇ بەك سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق تەسەۋۋۇر ۋە پەرەز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ رېئال ھاياتىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىۋەرمەيتتى. ھەر كىم ئۆزىنىڭ قەھرىمانىغا بولغان چۈشەنچىسىنى مۇجمەل ھالەتتە ئىزاھلايتتى. پەقەتلا ئالاھىدە

ئادۋوكاتلار ۋە زىيارەتچىلەرلا ماندېلانىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈپ باققانىدى. بەزىلەر ماندېلانىڭ تۈرمىدە چۈشكەن رەسىمىنى يۇقىرى سومما بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى رەسىمى توختىماستىن قايتا ـ قايتا ئىشلىتىلىپ، سىمۋوللۇق ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ماندېلانىڭ بىردىنبىر يېڭى رەسىمى تۈرمىدىن چىقىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىنلا ئېلان قىلىندى. رەسىمدە ماندېلا ئىللىق كۈلۈمسىرىگەن، قەددىنى تىك تۇتقان ھالدا دى كلېركنىڭ يېنىدا تۇراتتى. دۇنيادىكى مۇخبىرلار ۋە تېلېۋىزىيە خادىملىرى تۈرمە دەرۋازىسى ئالدىغا يىغىلدى. ئۇلار كۆز ئالدىدا قانداق ئادەمنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ماندېلا كىشىلەر توپى ئالدىدا پەيدا بولغاندا مۇخبىرلار ئالدىراش بولۇپ كېتىشتى. قويۇپ بېرىلىشكە مۇناسىۋەتلىك ۋاقىتلىق ئۇقتۇرۇشلار، شۇنداقلا ۋىنىنىنىڭ كېچىكىپ كېلىشى كۆپچىلىكنى قەۋەتلا ئالاقزەدە قىلىۋەتكەنىدى. مەيدان بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بىر توپ كىشىلەر تۈرمە ئىشىكى ئالدىغا توپلىشىۋالدى. بەزىلەر دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋالدى، بەزىلەر تېلېگراف سىمىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۆزى زارىقىپ كۈتكەن ئاشۇ دەقىقىگە ئىنتىزار بولغانىدى. تېلېۋىزىيە ئەترىتى ماندېلانى ئېكرانغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن تاقەتسىزلەندى. «بىز پەقەت ئۇنى تونۇۋالىساقلا ياخشى بولغىنى شۇ...» دېدى داۋىد دىمبۇرب ئەسلىمىسىدە. سىرلىق ماندېلا ئاخىر كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ماندېلا بىلەن ۋىنىنى مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرىگەن ھالدا چىقىپ كەلدى. ۋىنىنىنىڭ خۇشال روھىي ھالىتىگە سېلىشتۇرغاندا ماندېلانىڭ چىرايىدا ھېچبىر ئىپادە يوق ئىدى. سۇس كۈل رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن ماندېلا جىددىيلەشكەن، سۇرلۇك قىياپەتتە ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە داۋىد شۇنى ئېتىراپ قىلدى: «قىستا ـ قىستاڭ ئادەملەر توپىنى كۆرگەندىن كېيىنلا، شۇ كۈنكى ئەھۋالنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغىنىمنى ھېس قىلدىم.» تۈرمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەرۋازىسىدىن چىققان ماندېلادا ئەمەلىيەتتە ئازراق ھېسسىيات پەيدا بولغاندەك تۇراتتى. ئۇ كىشىلەر توپىغا قاراپ چېكىدەك تۇگكۈلگەن مۇشتىنى كۆتۈردى. ماندېلا قىسقىغىنا ئىككى مىنۇتتىن كېيىن ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان تويوتا ماركىلىق ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بولدى. بۇنداق ئالاقزەدىلىك ئىچىدە بىرلا قاراپ قويۇش ھېچنېمىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ غەلىبىگە قاراپ قەدەم بېسىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. روك ۋېرگىنس ۋاشىنگتوندا مۇنداق يازغانىدى: «رەھبىرىمىز قۇياش نۇرى ئاستىدا قېرىنداشلىرىمىزغا قاراپ تۇرغان ئاشۇ پەيتتە، كىشىلەر تەنتەنە قىلىشىپ گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى، ھەتتا يىغلاپ كېتىشتى.»

ماندېلانى مۇھاپىزەت قىلىدىغان تويوتا ئاپتوموبىل ئەترىتى كېيپتاۋىنغا قاراپ يول ئالدى. ماشىنا ئەترىتى مەنزىلگە يېتىپ كەلگەندە يول بويىدىكى ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ بەزىلىرى قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى، يەنە بەزىلىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئالاھىدە كۆرۈشۈش ئۇسۇلى بويىچە بۇ قەھرىمانغا ھۆرمەت بىلدۈردى. ماندېلا ماشىنىدىن چۈشۈپ يول بويىدىكى بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر جۈپ ئاق تەنلىك ئايال بىلەن بىر ـ ئىككى ئېغىز پاراڭلاشتى. كۈتۈلمىگەندە ماشىنا ئەترىتى شەھەر رايونىدا كېتىۋاتقىنىدا بىر قېتىملىق قالايمىقانچىلىققا ئۇچرىدى. ماندېلا ھاياجانلىنىپ كەتكەن كىشىلەر توپى تەرىپىدىن ماشىنىغا قامىلىپ قالدى. شوپۇر قالايمىقانچىلىقتا يۆنىلىشنى پەرق ئېتەلمەستىن ماشىنىنى راندېپ شەھەر ئەتراپى رايونىغا قايتۇرۇپ كېلىپ پاناھ ئىزدىدى. شەھەر مەمۇرىيىتى ئىشخانىسى ئەسلىدە كۈتۈۋېلىش زىياپىتى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بۇ چاغدا خىزمەتچى خادىملار مەيداندا ساقلاۋاتقان ئاممىغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشىۋاتاتتى، كۆپچىلىكنىڭ بارا ـ بارا سەۋر ـ تاقىتى توگەشكە باشلىدى. قالايمىقانچىلىق ئىچىدە بىر پاي ئوق

ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ رودۇپاي لۈكچەكلەر ماگىزىنلارنى ۋە يول بويىدىكى كىشىلەرنى بۇلاشقا كىرىشىپ كەتتى. بەزى ئاق تەنلىكلەر بۇنى قارا تەنلىك ھۆكۈمەتسىزلىك تەشەببۇسچىلىرىنىڭ بېشارىتى دەپ قارىدى. «كېيپتاۋن ۋاقىت گېزىتى» دىن كېيىن ئوۋېن: «مانا بۇ بىراۋنىڭ مال - مۈلكىنى تەقسىملەش سىياسىتىنىڭ پروتوتىپى، شۇنداقلا دەسلەپكى قەدەمدىكى ئىپادىسى. بىراق، ماندېلا ناھايىتى تېزلا بۇ خىل سىياسەتنى قوللايدۇ» دەپ يازدى.

ماندېلا گۇگۇم ۋاقتىدا مىڭبىر جاپادا شەھەر مەمۇرىيەت بىناسىغا يېتىپ كەلدى. ھەمدە 1964 - يىلى شۇ جايدا جاۋابكارلىق ئۈستىلىدە تۇرۇپ سۆزلىگەن ئۇزۇن نۇتقىدىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق نۇتقىنى سۆزلىدى. ماندېلا بۇ قېتىممۇ ئوخشاشلا ئىلگىرىكى نۇتۇق سۆزلەش ئۇسلۇبىنى قوللاندى. نۇتۇق باشتىن - ئاياغ بىر خىللا سۆزلەندى؛ نۇتۇقتا ئۆرلەش - پەسىيىشمۇ، چەكتىن ئاشقان تەكەللۇپ ۋە پەردازلارمۇ كۆرۈلمىدى. قارىماققا ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇتۇق ئارگىنالىغا قاراپمۇ باقمىغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ ھال ئاق تەنلىك سىياسىيونلارنى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈردى. دى كلېرك بىلەن ساچىر خانىم ماندېلانىڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى، قوراللىق كۈرەش ۋە كوممۇنىزمدىن چەك - چېگراسىنى ئايرىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. بىراق، ماندېلا ئۆزىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن بىردەك مەيداندا ئىكەنلىكىنى كەسكىن ئىپادىلەپ، ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قارا بەلباغ» ھەرىكىتىدىكى نۇرغۇن ئاق تەنلىك ئەركىنلىكپەرۋەرلەرگە تەشەككۈرىنى بىلدۈردى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يېقىن خىزمەتداشلىرى بەكلا ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ يەنە دى كلېركقا ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى «دۇرۇس ئادەم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ «ئافرىقىلىقلار مىللىي

مەجلىسىنىڭ سادىق ئەزاسى» ئىكەنلىكىنى ئىپتىتى. شۇنداقلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە، كوممۇنىستىك پارتىيەگە ۋە «مىللەت نەيزىسى» جەڭچىلىرىگە چوڭقۇر تەشەككۇرىنى بىلدۇردى. ئۇ ئاڭلىغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ تۇرمىدە باش ئەگمىگەنلىكىنى، مۇرەسسەمۇ قىلمىغانلىقىنى، بەلكى ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى چوقۇم قوراللىق كۈرەشتە چىڭ تۇرۇشى كېرەك ئىدى: «بىزنىڭ چىڭ تۇرۇشتىن باشقا تاللىشىمىز يوق.»

ماندېلانىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە بولغان يۈكسەك ساداقىتى ۋە قوراللىق كۈرەشنى قوللاش مەيدانى سىياسىيونلارنى ۋە دىپلوماتلارنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. دى كلېرك ماندېلانىڭ كوممۇنىزمچىلار بىلەن بۇ قەدەر ئىتتىپاق ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ ماندېلانىڭ نۇتقىنى خىيالپەرەسلەرنىڭ قولىدىن چىقىپتۇ دەپ قارىدى: «ماندېلانىڭ قىلمىشى مۇشۇ بىرلا قېتىم زامانغا پەقەتلا ماس كەلمىدى.» ئەنگلىيەنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى روبېن رۇنۋېك بۇ نۇتۇقنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى يازغان دەپ قارىدى. ساچېر خانىم بۇ نۇتۇقتىكى «ۋاقتى ئۆتكەن دوگما گەپ ـ سۆزلەر»دىن بەكلا ئۈمىدسىزلىنىپ، پىلاندىكى نۇتقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ساچېر خانىمنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك مەسلىھەتچىسى لاۋرېنس فەند پۇستېر سېپى ئۆزىدىن ئەسىر ئىدى. ئۇ ماندېلانى «ئازاب ـ ئوقۇبەت مەكتىپى» دىن تەلىم ـ ساۋاق ئالماپتۇ، دەپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى.

كىشىلەر ماندېلانىڭ نۇتقىدىن ئۈمىدسىزلىنىش ئارقىلىق ماندېلا بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، ماندېلانىڭ ھەقىقىي سىياسىي تەسىرىنى تونۇپ يەتمىگەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ناۋادا ماندېلا ئۆزى چىڭ تۇرغان ۋە تەشەببۇس قىلغان ھەرىكەتنى ئىلگىرى

سۇرمىسە، ماندېلا بولالماي قالاتتى. بىراق، ماندېلانىڭ تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن بىر قاتار مەخپىي سۆھبەتلىرى ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتقانىدى. ناۋادا ئۇ بىر يەككە ـ يېگانە پارتىزانلىق ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولغان بولسا، ئاللىقاچان سىياسىي سەھنىدىن غۇلاپ چۈشكەن بولاتتى. بىراق، ئافرىقا خەلقىنىڭ ھەممىسىگە تونۇشلۇق رەھبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ئۆز نوپۇزىدىن يېتەرلىك پايدىلىنىپ مەسىلىنى تىنچ ئۇسۇلدا ھەل قىلالايتتى. ئۇ يەنىلا قوراللىق كۈرەشتىن ۋە جازالاشتىن قول ئۈزۈشكە ئامالسىز ئىدى. بۇ ۋاستىلەر پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولغان پىشاڭ ھېسابلىناتتى.

ئىككىنچى كۈنى، ماندېلا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا تېخىمۇ قىزغىن خاراكتېرىنى نامايان قىلدى. مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى كېيپتاۋندىكى ھەيۋەتلىك باش ئېپىسكوپ گۈللۈكىدە ئېچىلدى. ماندېلا دەسلەپتە بۇ جاينىڭ زىيادە ھەشەمەتلىك سەۋەبلىك، ئاق تەنلىكلەر بىلەن يېقىنلىشىپ كېتىپ قارا تەنلىكلەردىن يىراقلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. ئۇ بۇ يەرنىڭ بۇگۈنكى كۈندە ئادەتتىكى قارا تەنلىك ئاممىنىڭ «خەلق مەيدانى» ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنلا، بۇ ھەقتىكى غەمدىن خالاس بولدى. ماندېلا بىلەن ۋىننى قول تۇتۇشقان ھالدا يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. ماندېلا جىددىيلەشكەن، لەۋلىرى چىڭ يۇمۇلغان ھالەتتە مۇخبىرلار ۋە تېلېۋىزور تېلېكامېراسىنىڭ توغرىلىنىش قالايمىقانچىلىقىدا باش ئېپىسكوپنىڭ ئورۇندۇقىدا تاراتقۇلارغا يۈزلىنىپ ئولتۇردى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ماندېلا 1961 ـ يىلى تۇنجى قېتىملىق زىيارەتنى قوبۇل قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ كۆز ئالدىدىكى تۈۋرۈكسىمان يۇمشاق نەرسە سەۋەبلىك نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ، ئۇنىڭ مىكروفون ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇنداقلا ئۇ نۇتۇق سۆزلىگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رېپېتسىيە قىلمايتتى ياكى رەسىمگە تارتىلىش جەھەتتە تەجرىبىسى يوق ئىدى. مۇخبىرلارنى غەلىتە ھېس قىلدۇرغىنى ئۇ تېلېكامېرا ئالدىدا ئەركىن ھالەتتە تۇردى. سۆز قىلىش ئۇسلۇبىمۇ تونۇگۇن شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسىدا سۆزلىگەن قوپال نۇتقىغا قارىغاندا كۆپ قىزغىن بولدى. ئۇ تاراتقۇلارنىڭ ئىزچىل ھالدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن تەشەككۇر ئېيتتى: «ھۆكۈمەت بىزنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشىمىزنى ئۈمىد قىلدى. بىراق، تاراتقۇلار ئەزەلدىن بىزنى ئۇنتۇپ قالمىدى» ئۇ قوراللىق كۈرەشنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى، شۇنداقلا يەنە دى كلېرىكنىڭ دۇرۇس ئادەم ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. بىراق، ئۇنىڭ سۆزلىرىدە يوشۇرۇن ئاگاھلاندۇرۇش ئەكس ئەتتى: «بەلكىم ئۇ ھەرقانداق بىرسىدىن ئۈچۈق - يورۇق بولۇشى مۇمكىن. بىر جامائەت ئەربابىغا نىسبەتەن ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىش ھېسابلىنىدۇ.» ئېنىقمۇ مۇھىم بولغىنى، ماندېلا ئۆزىنىڭ تۈرمىدىكى ھاياتىنىڭ ھەرگىزمۇ ئازابلىق بولمىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

بىر ئەر كىشىگە نىسبەتەن ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۈرمۈشى ئۈچۈن چېپىپ يۈرۈشنى، ئائىلە باشلىقىنىڭ ئۇلارغا مەدەت بەرمەسلىكىنى كۆرگەندىكى ھېسسىيات ھەقىقەتەن ئازابلىق. بىراق، تۈرمىدىكى كۈنلەر شۇنچىلىك مۇشەققەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ، بىزدە يەنىلا كەلگۈسى ئۈچۈن پىلان تۈزۈش پۇرسىتى بار... تۈرمىدە بۇنداق ياخشى كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلار بىزنىڭ نۇقتىئىنەزەرىمىزنى چۈشىنىدۇ، شۇنداقلا ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق بىزنى خۇشال قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئازاب - ئوقۇبەتلىرىمنى ئۇزۇل - كېسىل يوق قىلىدۇ.

بۇنىڭغا نىسبەتەن «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى» ئوبزور

ئېلان قىلىپ: «بىز ئەڭ ئاۋۋال جەنۇبىي ئافرىقا قارا تەنلىكلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ماندېلانى بۇنچە ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئىشىنىش بىلەن بىللە ئۇنى ئۆزىگە رەھبەر قىلىپ تاللىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدۇق.»

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ماندېلا يوھاننىسبۇرگقا قاراپ ئۇچتى. ئۇ پۇتبول شەھىرى ھېسابلانغان سوۋېتو تەنتەربىيە مەيدانىدا 10 مىڭ كىشىگە نۇتۇق سۆزلىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ ئۇلارنىڭ خەلقنى كونترول قىلىش كۈچىنى سىنايدىغان ئېغىر سىناق ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ئۇلار ساقچىلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا يول قويمايتتى، شۇڭا ئۆز ئارمىيەسىدىكى نەچچە يۈز ئەسكەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ئامانلىقنى ساقلاشقا قويدى. ۋولت سىسۇلۇ ماندېلانى كۆپچىلىككە «بۇ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغان ئادەم» دەپ تونۇشتۇردى. پۈتۈن مەيداندا بىردىنلا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ماندېلانىڭ نۇتقى بىر سىياسىيونىڭكىگە ئەمەس، بىر ئالىمنىڭ ياكى ئوقۇتقۇچىنىڭ نۇتقىغا ئوخشايتتى: «بارلىق مائارىپ سىستېمىسى كۈرەش بازىسى. مانا بۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سىياسىتى. باللارنىڭ ھەممىسى مەكتەپكە قايتىپ تەربىيەلىنىشى كېرەك.» نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نۇتقىدىكى سېھرىي كۈچكە قايىل بولدى، ھەممە تىمتاسلىققا چۆمدى. ھېچقانداق زوراۋانلىق ۋەقەسى يۈز بەرمىدى. نۇتۇق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كۆپچىلىك تىنچ ھالەتتە تارقاپ كېتىشتى.

ماندېلا كىشىلەر توپىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ نۇتۇق تۈگىگەندىن كېيىن تىك ئۇچارغا ئولتۇرۇپ نۇتۇق مەيدانىدىن ئايرىلدى. تىك ئۇچار ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى سوۋېتو ۋاركاز كوچىسىغا جايلاشقان ئاشۇ «سەرەڭگە قېپى» دەك ئۆيىگە يېقىن جايغا قوندى. شۇ يەردە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى مۇخبىرلار ۋە زىيارەت ماشىنىلىرى ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىدى. ئۇلار تۇرالغۇغا تۇتاشقان ئەگرى -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بوْگرى يولدا زىچ تىزىلىپ تۇرغانىدى. ئۆينىڭ ئالدىغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «ماندېلا كەلدى» دېگەن لوزۇنكىسى ئېسىلغان، ئۇنىڭ يېنىغا: «سوۋېتو هايۋاناتلار باغچىسى ئەمەس، ئاق تەنلىك ئىرقىي ئايرىمىچىلارنىڭ كېلىشى چەكلىنىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. پۇتكۇل مەيدان يېزىلارچە يىغىلىش تۇسىنى ئالغانىدى. ئىشىك ئالدىدىكى كىچىك هويلىنىڭ ئاسمىنىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بايرىقى لەپىلدەيتتى. زىيارەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. كۆپچىلىك سىسۇلۇ ۋە مورفى موروبېرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۇتۇۋېلىش كومىتېتىنىڭ نازارەت قىلىشى ئاستىدا ئۆچرەتكە تىزىلغان هالدا ئۇ ئىككىيلەننىڭ خانىمىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ساقلاپ تۇردى. ئۇچىسىغا قوش تۇگمىلىك كۇل رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن ماندېلا دۆلەت رەھبىرىدەك سالاپەت بىلەن تۇراتتى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە خاس بولغان كۆرسەتكۈچ بارماقنى چىڭ سىقىملاپ كۆرۈشۈش شەكلى بىلەن كۆپچىلىككە ئېھتىرام بىلدۈردى. ماندېلا تاماقخانىدا ئىلگىرى بوكسچىلىق قىلغان قولىنى ئۈستەلگە قويۇپ ئولتۇردى. ماندېلا ۋاقىت جەدۋىلىگە ناهايىتى رىئايە قىلاتتى. پەقەتلا ئۇنىڭ تىككۈچىسى يوسېف سۈتتىلا ئۆچرىشىشقا ئالدىنئالا كېلىشىپ قويماستىن، يېڭى تىكىلگەن ئىشتاننى جازىغا ئاسقان هالدا ماندېلانىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ماندېلا گەپ ـ سۆزدە ئوچۇق ـ يورۇق هەم قىزغىن ئىدى. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىمۇ ناهايىتى ياخشى ئىدى. ئۇنىڭ 30 يىللىق تۇرمە هاياتى هەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇراتتى.

كونا دوستلارنىڭ نەزىرىدە، ماندېلا هازىر 30 يىل ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك ئوچۇق ـ يورۇق، تېخىمۇ خۇش پېئىل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش خاھىشىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قارىماققا تېخىمۇ ئىللىق، تېخىمۇ خۇشخۇي كۆرۈنەتتى، داۋاملىق تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. «ئۇ ۋاقىت

تەرپىدىن باشقا بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، ھەرقانداق بىرسىگە قىزغىن ۋە دوستانە مۇئامىلە قىلاتتى.» ئامىنە كاجالىيە ئۇنى مۇشۇنداق سۈپەتلىدى. ئىسمىر مىل مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئۇنىڭ كاللىسىدا ناھايىتى ئايدىڭ. ھازىر بىز چېقىنىشتىن كېيىن يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەن ماندېلانىڭ بۇ دۆلەتكە ئۆزگىرىش ئەكېلەلىشىنى كۈتىمىز.» ماندېلانىڭ كۆپلىگەن قوللىغۇچىلىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇشىدىن بەك قورقاتتى. ئۇلار پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ نۇتۇق سۆزلەۋاتقان بۇ قەھرىماننىڭ كۆزلىرى خىرەلىشىپ، بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلاپ قېلىشىدىن تېخىمۇ بەك ئەندىشە قىلاتتى. بىراق، قارىماققا ماندېلانىڭ ئىلگىرىكى ھالىتى قالمىغاندەك تۇراتتى، ئۇ ناھايىتى تېزلا «كەلگۈسىنىڭ نامايەندىسى» گە ئايلاندى.

تۈرمە ياكى جىنايەتچىلەرنىڭ كىشىگە بېرىدىغان تەسىراتى ئوخشاش ئەمەس. ماندېلا ھېسداشلىق قىلىش ۋە ئادىمىيلىك جەھەتتە تېخىمۇ ئۈستۈن. ئەينى چاغدا كېيپتاۋىندا ئىجتىمائىي پائالىيەتچى بولغان، كېيىن كېيپتاۋىننىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە خادىمى بولغان شىلىر كارولىس مۇنداق دەيدۇ: «بىز بىر مەزگىل ماندېلا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى يۈكسەك ئوبرازىنى قانداق قوغدايدىغانلىقى توغرۇلۇق ئەندىشە قىلىشتۇق. بىراق، ئۇ تېزدىنلا دۇرۇس مىجەزىنى ۋە ئۇلۇغۋار ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلدى.» ماندېلا كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇرىدىغان سېھرىي پەزىلەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ھەممىلا كىشى دېگۈدەك ناھايىتى ياخشى كەيپىياتتا بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماندېلا كەڭ قورساق ۋە مەرد ئىدى. ئۇ ئۈمىدۋار ۋە ئېغىر - بېسىق ئېسىل مىجەزىنى نامايان قىلاتتى، بولۇپمۇ جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ماندېلا ئىقرار قىلىش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆيىدە گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىپ، كىشىلەر ئۇچۇن ئىبادەت قىلىدىغان پوپ ئىدى.

ماندېلاغا ئوخشاش كەچۈرۈۋېتىشنى بىلىدىغان ئىنسانلارمۇ ئاز ئەمەس: «مېنىڭ تۈرمىدىكى سەپداشلىرىم قويۇپ بېرىلگەندە ئۆلارنى داتلايدىغانلار ياكى ئۆلاردىن ئاغرىنىدىغانلار بولمىدى. ئەگەر سىز ئەينى چاغدا مەن بىلەن بىللە بولغان بولسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئاغرىنىشقا مەڭگۈ ۋاقتىڭىز يوقلۇقىنى بايقايتتىڭىز. چۈنكى، سىز ھەرقاچان مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشىڭىز، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى» دەيدۇ ماندېلا. سىسۇلۇ كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «ئۆچمەنلىك مەن ئۆمۈر بويى شۇغۇللىنىدىغان ۋە بەجا كەلتۈرىدىغان سىياسەتكە خىلاپ.» بىراق، تۈرمىدىكى ئېغىر كۈنلەردە قالغان سەپداشلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ماندېلا كەڭ قورساقلىقنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ ھەتتا ئىلگىرى ئۆزىگە رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلغان دۈشمەنلىرىگە ئىككى قولىنى سۇندى. بۇ ھال ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى خاتا چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويدى.

ماندېلا ئۆزىنىڭ غەلىبە يولىدا ئۆزىگە ياردەم بەرگەن ئاشۇ كىشىلەرگە سەل قاراپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، ناھايىتى خىجىللىق ھېس قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئۇلارنى تېپىپ بىر ـ بىرلەپ رەھمىتىنى بىلدۈردى. ماندېلا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ‹ئىلگىرى ماڭا بۇ ئىشنى قىلىپ بەرگىنىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟› دەپ سورىۋالىسام كۆڭلۈم ئارام تاپاتتى.» بىراق، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بارلىق يېڭى سىمالار ماندېلانى چەكسىز ھاياجانغا سالىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق بولۇپلا قالماي، ماندېلا دوستلىرىغا ئەمەس، دۈشمەنلىرىگە تېخىمۇ بەك قىزغىن بولۇپ كەتكەندەك تۇراتتى. شۇنداقلا ئۇ دائىم ئىشەنچسىز سىياسىيونلاردىن، دىپلوماتلاردىن ۋە سودىگەرلەردىن قوللاش ۋە ياردەم سورايتتى. روبېن رۇنۋېك

ئەنگلىيە بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئارىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن ماندېلانى زامانىۋى تېز تاماقخانىدا بىرلىكتە چۈشلۈك تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. روبېن رۇنۇۋېك سودا خاراكتېرىنى ئالغان بۇ چۈشلۈك تاماقتىن ئەنسىرەپ تۇرغاندا، ماندېلا دىققىتىنى تاماقخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا قاراتقانىدى. ئۇ ئاشخانا غوجايىنى بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، ئۇنى ئۆز ساھەسىگە كىرىشنى تەكلىپ قىلدى. رۇنۇۋېك «ماندېلانىڭ ئىپادىسىدىن كىشى بەكمۇ ھەيران قالىدىغانلىقى» نى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى.

ماندېلا ئۆزىنىڭ سىياسىي تەسىرىنى بەك ئېنىق چۈشىنەتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ بىر ئىقتىداردەك بىلىنىشەتتى: ئۇ «مۇجمەل ۋە قالايمىقان خەلق ئاممىسىنىڭ دەۋا تەلىپى ئۈچۈن بەلگە ئارقىلىق ئىپادىلەشنى تەمىن ئەتتى.» بىراق، ئۇ ئافرىقا دۆلەتلىرىدىكى نۇرغۇن ياشلارنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولۇپ قېلىشتىن مىنۇت ـ سېكۇنت ئېھتىيات قىلاتتى ھەم بۇنداق بولۇشىغا قارشى تۇراتتى. شۇنداقلا «مەن» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشتىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېھتىيات قىلاتتى. فرانس فانون ئاگاھلاندۇرغاندەك ماندېلا «مۆجىزە ئاقىۋەتتە ئاممىنىڭ قولىدا» بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئادەتتىكى ئەزاسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيتتى. ئۇلار يەنە شۇنداق دەيتتى: «قارىمامدىغان، سىز 71 ياشقا كىرىپ قالغان بوۋاي تۇرسىڭىز، سىزگە لازىملىق بولغىنى قېرىغاندا كۈتۈنۈش پۇلى ئەمەسمۇ.» ياكى بولمىسا مۇنداق دەيتتى: «بىز سىزنىڭ ئەپتىڭىزدىن بىزار، دەرھال كېتىپ قېلىڭ. راستلا شۇنداق بولسا، مەن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلىغان بولاتتىم.» مارك ماخراج مۇنداق دەيدۇ: «تۇرمۇش ماندېلاغا نىسبەتەن ھەرگىزمۇ ئازاب ـ ئوقۇبەت ياكى تىركىشىش ئەمەس ئىدى. شەخسىيەتچىلىك ۋە «ئۆزلۈك» ھەرگىزمۇ تەشكىلىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن بەدىنى نۇرغا تولغان ماندېلا سەپەرگە ئاتلاندى. كېيىنكى يېرىم يىلدا ئۇنىڭ كۆپىنچە ۋاقتى چەت ئەلدە ئۆتتى. ماندېلانىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى قوللاشقا ئېرىشتۈرۈش، مەبلەغ توپلاش ۋە ئۆز ئابرۇيىنى پۇلغا ئايلاندۇرۇش، كېلىشىم ۋە سۆھبەت ئاخىرلاشقۇچە جازا قىلمىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماندېلا يەنە دۇنيا خەلقى كۆرۈشكە ئالدىرايدىغان بوۋاي ئىدى. ئۇ تۈرمىگە كىرىشتىن ئىلگىرى چەت ئەلگە پەقەت بىر قېتىملا چىقىپ باققانىدى.

ئەنگلىيە ئىشچىلار پارتىيەسى تاشقى كابىنېتىنىڭ ئەزاسى بول خيۇس ماندېلانى كۆپرەك ئارام ئېلىشقا ئۈندىدى. ماندېلانىڭ بۇ تەكلىپكە بەرگەن جاۋابى: «مەن قوغلاپ يېتىشىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان 27 يىل ۋاقىت بار» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ پېتىنالمايدىغان ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيادا تۇرماقتا. ھەممە يەردە چوڭ تىپلىق پۈركۈمە گازلىق يولۇچىلار ئايروپىلانى، ئېلېكترونلۇق مېڭە، تېلېفون، خەلقئارالىق تېلېۋىزور قاتارلىقلار بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن توختاۋسىز ھالدا يېڭى تەلەپ ۋە جەڭ ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا. ماندېلانىڭ بارغانلىكى جايلاردا قىلغان ھەربىر جۈملە سۆزى ئۆزىنىڭ تاراتقۇلار ئالدىدىكى ئوبرازى بىلەن بىردەك بولدى. ماندېلا سىرلىق نامايەندە بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۈيۈكلۈك ۋە ئاددىيلىقنى ئۆزىگە مۇكەممەل مۇجەسسەملىگەنىدى.

ئۆتكەنكى ئۇزاق يىللاردا جەنۇبىي ئافرىقا ھەرقاچان دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىنىۋېتىلگەنىدى. ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىشىكىنى دۇنياغا ئېچىپ بەردى. ماندېلانىڭ دوستلىرى ئافرىقىنى باش نۇقتا قىلغان ھالدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالدى. قويۇپ بېرىلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ماندېلا سۈرگۈن قىلىنغان سەپداشلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن

زامبىيەنىڭ پايتەختى لۇساكاغا قاراپ ئۇچتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زامبىيەگە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە باشقا رەھبەرلەر ئۆز قەلبىدىكى قەھرىماننى كۆرۈش ئۈچۈن توپلاندى. ماندېلا ياسىر ئارافات بىلەن قىزغىن قۇچاقلاشتى. ئارافات ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، شۇنداقلا پەلەستىن ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۈرىشىنى سېلىشتۇرما قىلدى. ماندېلا خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە قەدىناس دوستلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سۈرگۈن قىلىنغان ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈشى باشتا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپچىلىك ئەزالار ماندېلانى ھۆكۈمەت بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە ئۆزلىرىنى سېتىۋەتتى، دەپ گۇمان قىلاتتى. گەرچە ماندېلا بىلەن زامبىيە پرېزىدېنتى كېنىس كاۋېندا ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى مەۋجۇت بولسىمۇ، بىراق ماندېلا تېزدىنلا ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى تىكلەپ، قوراللىق كۈرەش قىلىش مەيدانىنى قايتا تەكىتلىدى. تامبو نامدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبىرى ئىدى. كونا ئەسكەر، ئىلگىرىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سابىق باش سېكرېتار ئالفېرد ئېنزۇر ئىجرائىيە رەئىسلىككە، ماندېلا مۇئاۋىن سېكرېتارلىققا سايلاندى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى كۆپ سانلىق ئەزالارنىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي رەھبەر ماندېلا ئىدى.

ماندېلا زىمبابۋېنى زىيارەت قىلىپ، 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى روبېرت موگابىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن زىمبابۋې دۆلەتلىك تەنتەربىيە سارىيىدا نۇتۇق سۆزلىدى. ئون يىل ئىلگىرى روبېرت موگابى پرېزىدېنتلىققا سايلانغاندا، زىمبابۋې خەلقىنىڭ كېلىشىش ئارزۇسى ھازىرقى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭكى بىلەن بەكمۇ ئوخشايتتى. بىراق، ھازىر ئىككىيلەننىڭ ئۇسلۇبى قارىماققا تۈپتىن پەرقلىنەتتى. موگابى ماندېلانى تونۇشتۇرغاندا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ، تېرە تاراقشىتتى. توختىماستىن سىياسىي رەقىبلىرىگە تىل تەگكۈزدى. ماندېلا بولسا بىر مۇخبىرنىڭ تەسۋىرلىشى بويىچە «ماندېلا ئىنتوناتسىيەسى تەكشى، ئۆزىنى چوڭمۇ تۇتمىغان، پەسمۇ تۇتمىغان، ئۇلۇغۋار سالاپەتتە تەرگە چۆمگەن بولۇپ، تىت ـ تىت بولغان موگابىنىڭ يېنىدا ناھايىتى تەمكىن ھالەتتە تۇراتتى.»

ماندېلا يەنە باشقا ئافرىقا دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلدى. جۈملىدىن ئەمدىلا قۇرۇلغان نامىبىيەدىمۇ زىيارەتتە بولدى. 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نامىبىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مۇراسىمدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. مۇستەقىللىق مۇراسىمىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تەكلىپلىك خادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ماندېلانىڭ كېلىشى ئۇنىڭ ئالاھىدە دىپلوماتىيە نەيرىڭىنى ئەكس ئەتكۈزدى. بۇ ھەقتىكى دوكلاتلاردىن بىرىدە ماندېلانىڭ تەبرىكلەش مۇراسىمدا ئەنگلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى دوگلاس خاندادقا سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقى خەۋەر قىلىندى. ماندېلا بۇ دوكلاتقا تېزدىن ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇنى قەستەن قىلمىغانلىقى توغرۇلۇق تېلېگراممىا ئەۋەتتى.

ماندېلا يەنە ئالجىرىيەنى زىيارەت قىلدى. 1962 ـ يىلى قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى، ماندېلا ئالجىرىيەدە قىسقىغىنا ۋاقىت توختاپ ئۆتكەنىدى. ماندېلا بۇ قېتىملىق زىيارىتىدە ئۆزى كۆرۈشۈشنى پىلانلاپ قويغان مەلۇم مىنىستىر بىلەن كۆرۈشتى. شۇنداقلا زىيارىتىنى 28 يىل كېچىكتۈرۈۋەتكىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆزرە سورىدى. ئاخىردا ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى دوستى شىۋېتسىيەنى زىيارەت قىلدى. ئۇ ستوكھولم شەھەر سىرتىدىكى گۈزەل خان جەمەتى قەلئەسى ــ خاگا قەلئەسىدە قوندى. ئۇ شۇ جايدا ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىيونلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ داڭقىنى

ئاڭلاپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالدى. شىۋېتسىيەدە ماندېلا بىلەن تامبو ئاخىر ئۆزلىرى ئۈزاقتىن بېرى كۈتكەن جەم بولۇش ئارزۇسىغا يەتتى. ماندېلانىڭ نەزىرىدە تامبو ئۆزىدىن بەكرەك تەجرىبىگە ۋە نەتىجىگە ئىگە ئىدى. سەكتە كېسىلىدىن كېيىن تامبو تېخىچە راۋان سۆزلىيەلمەيتتى. ماندېلا ئالىلىقاچان 72 ياشقا كىرگەن تامبونىڭ ساقىيالماي قېلىشىدىن قورقۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. تامبو ماندېلادىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشنى تەلەپ قىلدى. بىراق، ماندېلا ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ماندېلانىڭ نەزىرىدە ئەمدىلا تۈرمىدىن چىقىپ پارتىيەنى باشقۇرۇش كىشىلەرنى خاتا چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويۇاتتى.

ماندېلا بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن لوندونغا كەلدى. ساچىر خانىم ئالىلىقاچان ئۇنىڭغا تەكلىپ ئەۋەتكەنىدى. بىراق، ماندېلانىڭ سەپداشلىرى ئۇ ئىككىيلەننىڭ كۆرۈشمەسلىك تەكلىپىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سادىق شېرىكلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە زېھنىنى قويدى. ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ باش كاتىپى سانىنى لانفار ئەنگلىيە يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىگە ماندېلانى كۈتۈۋېلىش زىياپىتى بەردى. زىياپەتتە ماندېلا بىلەن ۋىننى شاھزادە بىلەن مەلىكىلەردەك ھەممە خانىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، زىيارەتكە كەلگەنلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتى. بىراق، جېرسىي جېكسون ھەرقاچان نام چىقىرىش نىيىتىدە ئىدى. ماندېلا يەنە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ لوندوندىكى يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلىدى. يىغىن زالى ئادەم بىلەن لىق تولدى. يىغىنىدا، ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى خىزمەتداشلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىسقىچە ئەسلەپ چىقتى ۋە رەھمىتىنى بىلدۈردى. ماندېلا: «بىز راھاتلىنىپ تۈرمىدە تۇرغان چېغىمىزدا سىلەر ئالدىنقى سەپتە قەھرىمانلىق كۆرسەتتىڭلار» دېدى. ماندېلا كۆپچىلىكنى ئەگەر مەسىلە كۆڭۈلدىكىدەك ھەل

بولمىسا، جەنۇبىي ئافرىقا «تارىختىكى ئەڭ چوڭ توقۇنۇش» قا يۈزلىنىدۇ دېدى. ماندېلا يىغىن تەرتىپىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۆزى كونترول قىلدى. بىراق، ئۇ ئۇتقىدا ئۆزىنىڭ خەلقىنىڭ چاكىرى ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ تۇردى.

4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ماندېلا ۋامپىل تەنتەربىيە مەيدانىدا چوڭ كۆلەملىك مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ 70ياشقا كىرگەن كۈنىنى خاتىرىلەپ مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزگەنلىكىگە رەھمىتىنى بىلدۈردى. بۇ ئۇنىڭ ئەنگلىيەدە قىلىشى كېرەك بولغان چوڭ ئىشلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. بۇ بىر مەيدان مودا مۇزىكا كېچىلىكى بولۇپلا قالماي، پائالىيەتچان سىياسىيونلارنىڭ يىغىلىشى ئىدى. BBC رادىيو تېلېۋىزىيە شىركىتى بۇ كېچىلىكنى تېلېۋىزوردا بىۋاستە ئۇلاپ تارقاتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى BBC دىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سىياسىي تەشۋىقاتلىرىنى ۋە مەبلەغ توپلاش چاقىرىقىنى خەۋەر قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. BBC2 قانىلىنىڭ باش نازارەتچىسى ئېلىلىن يانتو ۋەزىيەتنى كۆزەتمىسە، ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدىغان چولپانلارنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى ئىنچىكىلىك بىلەن نازارەت قىلمىسا بولمايتتى. تەنتەربىيە مەيدانىدا بوش ئورۇن قالمىدى. 75 مىڭ ياش ناخشىغا ئەگىشىپ تەنتەنە قىلىشىپ، مېكسىكا ئۇسسۇلى ئوينىدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن داڭلىق چولپانلار ھەقسىز ناخشا ئېيتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مانخاتتونلۇق قېرىنداشلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار 1950 ـ يىللاردا ماندېلانىڭ سوۋېتودىكى يېقىن دوستلىرى ئىدى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا تەخمىنەن 1 مىليارد كىشى تېلېۋىزور كۆرەتتى. قىستا ـ قىستاڭ مېھمان قوبۇل قىلىش ئۆيىدە ۋىنىنى چېچەنلىك بىلەن ماندېلاغا سىياسىي سەھنىدىكى بىر تۈركۈم پېشقەدەملەرنى تونۇشتۇردى. بىراق، بېنىر جىنوكقا

ئوخشاش سىياسىي رەھبەرلەرگە ماندېلا مودا ناخشىلارغا قىزىققاندىنمۇ بەكرەك قىزىقىدىغاندەك قىلاتتى. يىغىلىش ئاخىرلاشقاندا، سەھنە ئاستىدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ماندېلا مۇشتىنى چىڭ تۈگكىنىچە مۇنبەردە ئۇياقتىن ــ بۇياققا مېڭىپ تامبو، شۇنداقلا ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى، دۆلەت ئاتىسى خېدېرلىنغا ھۆرمىتىنى بىلدۈردى. ئۇ كۆپچىلىككە: «سايلىغۇچى خەلق بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار. سىلەر تۇرمىنىڭ تۆمۈر پەنجىرىلىرىنى ۋە قېلىن، بەھەيۋەت تاملىرىنى تېشىپ چىققانىكەنسىلەر، بىز سىلەرنىڭ ھۆرلۈككە تەلپۈنگەن چاقىرىقلىرىڭلارنى يەنىلا ئاڭلىيالايمىز» دېدى.

ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىغا قايتقاندىن كېيىن ئارقا ــ ئارقىدىن بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى قىلدى. ئىلگىرى ئۆزى ياشىغان جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۆزى ياشىغان ترانسكېيدىكى كۇنۇ كەنتىگە قايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغىنى لوندون بىلەن ئاسمان ــ زېمىن پەرقلىنىدىغان مەنزىرە ئىدى. قاقاس كەنتنى يۇمىلاق شەكىللىك كەپە ــ ئالچۇقلار زىننەتلەپ تۇراتتى. بۇ يەر قارىماققا ئۇ تۇرمىگە كىرىشتىن ئىلگىرىكىدىنمۇ بەتتەر نامراتلىشىپ كەتكەندەك تۇراتتى. ھە دېگەندىلا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان رېشاتكىدا تۇرغان سولياۋ ئەخلەتلەر كەنتنىڭ ئەسلىدىكى گۈزەل تۈسىنى ۋەيران قىلغانىدى. باللار سىياسەتكە ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك قىزىقىدىغان بولغانىدى. ئۇلار تامبو توغرىسىدىكى ناخشىنى ئېيتالايتتى. بۇ ھال ماندېلانى بەكلا خۇرسەن قىلدى. بىراق، «خەلقنىڭ ئېپتىخارلىق تۇيغۇسى»نىڭ يوقىلىشى ئۇنى بەكلا ئازابلىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە كېلىپ تەزىيە بىلدۈردى. بۇگۈنكى كۈنگىچە ئانىسىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالالمىغانلىقىدىن چەكسىز ئېچىندى. ماندېلانى قارشى ئېلىش ئۈچۈن قەبىلە ئاقساقىلى ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى مابېر قاتارلىقلار ماندېلاغا ھاردۇق چېيى

www.uyghurkitap.com

تەييارلىدى. ماندېلانىڭ جىيەنى ماندېلانىڭ كەلگەنلىكىگە ئاتاپ ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن كالىدىن بىرنى سويدى. ئۈچىنچى ئەۋلادنىڭ ئالدىدا ماندېلا ئۆزىنى كۆپ ئەركىن ھېس قىلدى، ئۇ يەنە تېخى ھەييارلىق قىلىپ قوياتتى. ئۇ كوسا تىلىدا نۇتۇق سۆزلىدى ۋە نۇتقىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلدى: «كۆز ئالدىمدىكى نامراتلىق مېنى چەكسىز ئازابلىدى.» ماندېلا كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە كەچلىك زىياپەتتىن بەھرىلەندى. ئاخىردا تىك ئۇچارغا ئولتۇرۇپ كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدىن ئايرىلدى.

ماندېلا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە ھەپتە بولار - بولماي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا سەپىرىگە ئاتلاندى. ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارەتتىكى ۋەزىپىسى مۇشكۇل ئىدى. مەقسىتى جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىگە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان جازانى داۋاملاشتۇرۇش ۋە كەڭ كۆلەملىك مەبلەغ توپلاش ئىدى. بىراق، ماندېلا قارىماققا بىر بېشارەتچىگە ئوخشاش جەنۇبىي ئافرىقا پىرېزىدېنتى دى كلېركنىڭ شارائىتىنى ئۆزىدە ھازىرلىغانىدى. بۇ سەۋەبلىك جەنۇبىي ئافرىقا باش ئەلچىسى ئۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزىتىشكە مەجبۇر بولدى. ماندېلا فىرانسىيەدە فىرانسىيە پىرېزىدېنتى مىتېراننىڭ داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. رىمدا رىم پاپاسىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇچرىشىشتا رىم پاپاسى خاتىرە قالدۇرغانىدى. رىم پاپاسى بىر قەدەر مۇھىم زىيارەتچىلەر بىلەن كۆرۈشكەندىلا مۇشۇنداق قىلاتتى. ماندېلا پاپادىن جازالاش ھەرىكىتىنى قوللاشنى سورىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. مېنى ماندېلانىڭ بۇ قېتىملىق دىپلوماتىك كېلىشتۇرۇشى «كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمىدى» دەپ جاكارلىدى. ماندېلا ئەنگلىيەدە ئىككى كۈن تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇ ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن كېنتايدىكى بىر «بىخەتەر ئۆي» دە تامبو بىلەن كۆرۈشتى. تاڭ سەھەردە ساچىر خانىم بىلەن تېلېفوندا ئۇزاق

پاراڭلاشتى. ئۇ ساچىر خانىمنى جازالاشنى داۋاملاشتۇرۇشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. بىراق، ماندېلانى تەسىرلەندۈرگىنى ساچىر خانىمنىڭ ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ۋە ۋاقتىنى زىچ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشى بولدى. ساچىر خانىم ئۇنىڭ خىزمەت بېسىمىنىڭ بەك زىچلىقىنى، ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ ياشلارنىڭكىدىن بىر ھەسسە يېنىك بولغان تەقدىردىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلا ساچىر خانىمنىڭ «ناھايىتى قەيسەر ئايال ئىكەنلىكىنى... بۇنداق ئادەم بىلەن دوست بولۇشنىڭ دۈشمەنلىشىشتىن ياخشى ئىكەنلىكىنى» ھېس قىلدى.

ماندېلا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى سەككىز شەھەرنى زىيارەت قىلىپ غەيرىي ئامېرىكىلىق ئەۋلادلار، دىنىي كۈچلەر، كۆڭۈل ئېچىش ساھەسىدىكىلەر قاتارلىق ھەر خىل ساھەدىكىلەر بىلەن، ھەتتا ئۆزئارا زىددىيەتلىك لاگېرلار ئارىسىدا بېرىپ ـ كېلىپ يۈردى. نيۇيوركتا كىشىلەر ئۇنى مارتىن لۇتېر كىڭ بىلەن ئەمەس، موس بىلەن سېلىشتۇرما قىلدى. ماندېلا دېرىزىسىگە ئوق ئۆتمەس ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، 40 ماشىنىدىن تەركىب تاپقان ئاپتوموبىل ئەترىتىدە برودۋېي كوچىسىنى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ كېسىپ ئۆتتى. مىڭلىغان خەلق ئاممىسى تار كوچىغا يىغىلىپ كومپيۇتېردا ئۇرۇلغان ۋەرەقىلەرنى ۋە ئۇزۇنلۇقى 25 مىڭ مېتىر كېلىدىغان قارشى ئېلىش لوزۇنكىسىنى قار ئۇچقۇنلىرىغا ئوخشاش ئاسمان ـ پەلەك بىنالار ئۈستىدىن ئاستا ـ ئاستا لەپىلدەتكىنىچە پەسكە چۈشۈردى. بۇ قېتىملىق داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش مۇراسىمىنى تارىختىن بۇيان مىسلى كۆرۈلمىگەن دېيىشكە بولاتتى. تۈن پەردىسى يېپىلىشىغا ئىمپېرىيە بىناسىنىڭ نەقىشلىك پانۇسلىرى جەۋلان قىلىپ نۇر چاچتى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كۆك، قارا ۋە ئالتۇن رەڭلەردىن تەشكىل تاپقان چىراغ نۇرى كېچە ئاسمىنىغا زىننەت بېغىشلىدى. نيۇيورك ئىشتاتىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشلىقى مارئىو كىم ئەسلىمىسىدە: «مەن يىغىنلارنى، نامايىشلارنى ۋە مىغ ـ مىغ ئادەملەر توپىنى كۆرگەن، بىراق بۇنداق مەنزىرىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن» دەيدۇ. ماندېلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر يىل ئىلگىرى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى جاكارلىغانلىقىغا رەھمەتتىنى بىلدۈردى. ماندېلا نۇتۇقلىرىنىڭ ھەممىسىدە، «جازالاش تېمى»نىڭ ناھايىتى تېزلا غۇلاپ چۇشۇش خەۋپىنى بايان قىلدى. ماندېلا نۇتقىدا ئىرقچەرەسلىك زەھىرىنىڭ تېخىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» ئوبزور ئېلان قىلىپ، ماندېلانىڭ بۇ قېتىملىق ئامېرىكا زىيارىتى «ئامېرىكىلىق نېگىرلارنى ئىلھاملاندۇردى ۋە ئۇلارنى ھاياجانغا سالدى. ئامېرىكىلىق نېگىرلارنىڭ ھېسسىياتى مىللىي ھوقۇق ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەللىسىگە يەتتى» دېدى. ماندېلانىڭ تەمكىن، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان خاراكتېرى غەيرىي ئامېرىكا پۇشتىدىن بولغان سىياسىيونلارنىڭ ھەشەمەتلىك، ھاياجان، ھەيۋە قىلىدىغان خاراكتېرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالى دەۋرنىڭ تەلىپى، ھازىرقى دەۋر تەقەززا قىلىۋاتقان رەھبەرلىك ئۇسلۇبى دەپ قارالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغىنى نوپۇسىنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان قارا تەنلىك قېرىنداشلىرى ئىدى. بىراق، بۇ ھالنى ئامېرىكىلىق قارا تەنلىك رەھبەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.

ماندېلا ۋاشىنگتوندا ئامېرىكا پرېزىدېنتى بۇشنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇ سەۋەبلىك بۇش ماندېلانىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى تەبرىكلىگەن تۇنجى رەھبەر بولۇپ قالدى. بۇش ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىگە قورال كۈچى ئىشلەتكەنلىكىنى

ئەيىبلىدى. ماندېلا بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «تارىختىن بۇيانقى سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ شەكلى زۇلۇمكارلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ كەلگەن. ناۋادا زۇلۇمكارلار قورال كۈچى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئارزۇسىنى بېسىپ، بارلىق كېلىشىم ۋە سۆھبەتلىشىش مۇمكىنچىلىكىنى رەت قىلسا، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىۋاتقان خەلققە ئەركىنلىككە ئېرىشمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارغا قورال ئىشلىتىشنى مۇراجىئەت قىلىشتەك بىر ئۇچۇرنى يەتكۈزۈپ قويغان بولىدۇ. پرېزىدېنت بۇش ۋە دۆلەت سېكرېتارى جامىس بېيك ماندېلانىڭ يارىشىش ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن كېلىشىش ئىرادىسىدىن تەسىرلەندى. ئىككى كۈندىن كېيىن پرېزىدېنت بۇش دى كلېركقا تېلېگرامما يوللاپ، ماندېلانىڭ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۇلىنى كولاش غەرىزى يوقلۇقىنى بىلدۈردى. بىراق، ئۈچ ئايدىن كېيىن دى كلېرك ئامېرىكىنى زىيارەت قىلدى. خاتىرجەم بولالمىغان دى كلېرك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ ماندېلادىنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشتى.

ماندېلا يەنە ئامېرىكىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى كابىنېتىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ سۆز قىلىشتىن ئىلگىرى بارلىق كابىنېت ئەزالىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇدا ئۈچ مىنۇت قىزغىن چاۋاك چالدى. ماندېلا نۇتقىدا قارا تەنلىك قەھرىمان ماكس جاۋ، مارتىن لۇتېر كىنگ، ھەمدە ۋاشىنگتون، لىنكولىن، جېففېرسون قاتارلىقلارنى مەدھىيەلىدى. ئۇ «توماس جېففېرسوننىڭ ئېغىزى ئارقىلىق، جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى» دېدى. ماندېلانىڭ جازا يۈرگۈزۈش ھەرىكىتىنىڭ مۇددىتىنى ئاقلىشى ئامېرىكا ئوڭ قانات سىپىدىكىلەرنى بەكلا غەزەپلەندۈرۈۋەتتى. بىراق، ئۇلار ئالدىئالا داۋراڭ سالغىنىدەك مەيداننى تاشلاپ چىقىپ كەتمىدى. ماندېلا جازالاش ھەرىكىتىنىڭ مۇددىتىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئۇزارتىپ، نەق مەيدان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشتىراكچىلىرىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقىش ياڭرىتىشىغا مۇيەسسەر بولدى. مۇتەئەسسىپلەر ماندېلانىڭ كۇبا ۋە لىۋىيەنى قوللىغانلىقىغا بىرئاز قارشى پىكىردە بولدى، بىراق بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ، دەپ قارىدى. چۈنكى، ماندېلا كۈچىنىڭ بارىچە ئىتتىپاقداشلىرىنى يېنىغا تارتىشى كېرەك ئىدى. چارلىس خادمورنىڭ يازغىنىدەك: «بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەك تەس ئەمەس، بىز ئامېرىكىلىقلار ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ستالىن بىلەن ئىتتىپاقلاشقان.»

جىددىي سەپەر ماندېلانى بەزىدە خېلىلا ھالسىرىتىپ قوياتتى. ئۇنىڭ يېقىن قوغدىغۇچىسى ئۇنى ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكىلى قويمايتتى. بۇ ھال ئۇنى بەكلا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. ئۇ نيۇيورك شەھىرىنىڭ باشلىقى داۋىد دىكىنسىنىڭ باغچىسىدا قونغاندا، سەھەردە تۇرۇپ ئۆزى يالغۇز يۈگۈرۈشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، بىراق قوغدىغۇچىسىنىڭ ئەگىشىۋېلىشىدىن ساقلىنالمىدى. ماندېلانىڭ ئامېرىكىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلى كالىفورنىيە ئىشتاتى ئىدى. ئۇ شۇ يەردە ئاكلان تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىشقا قاتناشتى. يىغىن مەيدانىغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بايرىقى ئېسىلغان بولۇپ، ماندېلا بۇ يەردە ھاياتىي كۈچىنى قايتا تېپىۋالدى: «مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنى 35 ياش ۋاقتىمغا قايتىپ قالغاندەك ھېس قىلىماقتىمەن. كونىراپ كەتكەن بىر باتارېيەگە توك تولۇپ تاشتى. ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى كۈرەش ئامېرىكىنى تا بۈگۈنگىچە پۈتۈن دۇنيادىكى ئوخشاش بولمىغان سىياسىي مەيداندىكى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلاشتۇردى.»

ماندېلانىڭ قىسقىغىنا ئامېرىكا سەپىرى ئارقىلىق كىشىلەر نەزىرىنى جەنۇبىي ئافرىقىغا تىكتى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» ماندېلا توغرىسىدا «ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كىشىلەرنىڭ قەل-

بىردىنكى قەھرىمانغا ئايلاندى. بىراق، بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى،
كۆپچىلىكنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ھە-
رىكىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى يوق ھېسابتا بولغان بولۇشى مۇم-
كىن.» دېدى. «دەۋر ھەپتىلىك ژۇرنىلى» ماندېلانى بىر قەدىمكى
قەھرىمان ئوبرازى ھالىتىدە تەسۋىرلىدى. ئۇ «قەبرىسىدىن تى-
رىلىپ چىقىپ، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، ئۇلۇغ بىر ئىجادىيەتنى
تاماملىدى... نېلسون ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىغا، بولىۋار جەنۇبىي
ئامېرىكىغا، لىنكولىن ئامېرىكىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ
ھەممىسى ۋەتىنىنى ئازاد قىلغۇچىلاردۇر.» بىراق، ماندېلا ئۆزى-
نىڭ ئىلاھلاشتۇرۇۋېتىلىشىگە قارشى تۇردى. «مەن ھەرگىزمۇ
يېرىم ئىلاھىي مەۋجۇتلۇق ئەمەسمەن... مەن بىر ياغاچ قوزۇق.
بۇ يەردە ماڭا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بارلىق غايىلى-
رى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرى يۈكلەنگەن» دېدى ماندېلا.

ماندېلانىڭ ئامېرىكىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى مەنزىلى
ئىرېلاندىيە بولدى. ماندېلا ئىرېلاندىيەدە ئاۋارىچىلىككە يولۇقتى:
ئۇنىڭ ئىرېلاندىيە مەسىلىسىنىڭ تىنچ ھەل بولۇش
مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. دۇبلىندىكى
بىر قېتىملىق مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا
«تىركىشىشىۋاتقان ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئولتۇرۇپ تىنچ يول
بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشتىنمۇ بەك ياخشى چارە يوق» دېدى
ماندېلا. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن لوندونغا قاراپ ئۇچتى. ئۇنىڭ
دۇبلىندا قىلغان سۆزلىرى لوندوندىمۇ كۆپلىگەن ئىنكاس پەيدا
قىلدى. «سۇنئىي ھەمراھ» گېزىتى ئوبزور ئېلان قىلىپ:
«ماندېلانىڭ تۈنۈگۈن دۇبلىندا ئاشۇ خىل ئاۋارىچىلىكلەرگە
ئۇچرىشىدىن بىز ھەرگىز غەلىتىلىك ھېس قىلمايمىز. ناۋادا
شۇ ئاۋارىچىلىكنى ئالدىنئالا بىلەلىگەن تەقدىردىمۇ، ئوخشاشلا
ھېچ ئىشنى ئۆزگەرتكىلى بولمايتتى» دېدى. ئەگەر ماندېلا يەتتە
يىلدىن كېيىن ئەنگلىيە بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى
ئۆتكۈزەلەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، چوقۇم چەكسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خۇشاللىنىقا چۈمگەن بولاتتى.

ماندېلا لوندوندىكى ئەنگلىيە پارلامېنت بىناسىدا سۆھبەتكە قاتناشتى. تولى پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى ئىيفىر ستامبۇرك ماندېلانى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى. بىراق، مىجەزى قوپال ستامبۇرك شىمالىي ئىرېلاندىيە مەسىلىسىدىن ئۆزىنى قاچۇردى. ستامبۇركنىڭ ھەرىكىتى دانىس سىكىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا ئەزالارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بىردىنلا مەيداننى ئىسقىرتىش ۋە تىللاش سادالىرى بىر ئالدى: «بۇ پوقىتەك»، «سارائىلىق قىلماڭ». كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە ماندېلانى بەكلا چۆچۈتىۋەتتى. «ئۇلارنىڭ تاشقى كابىنېتتا بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىنى ھېچكىممۇ ئويلاپ باقمىغان» ئىدى. ماندېلا پارلامېنت ئەزالىرىغا: «تېخى تۇنۇگۈنگىچە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى قوغلىنىش ئوبيېكتى بولۇپ كەلدى» دېدى. ماندېلا ئۇلاردىن جازالاش ھەرىكىتىنى قوللاشنى ئۆتۈندى، شۇنداقلا «مەن بىلەن ئاداققىچە بىللە تۇرۇڭلار» دېدى.

بۇ قېتىم ماندېلا ئاخىر ساچىر خانىم بىلەن كۆرۈشتى. ماندېلا مۇشۇ كۈنى 27 يىل كۈتكەنىدى. شۇ ۋەجىدىن روبېن رۇنئېك ساچىر خانىمغا ماندېلاغا 50 مىنۇت ۋاقىت بېرىش، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەسلىك تەكلىپىنى بەردى. بۇ ساچىر خانىمغا نىسبەتەن بىر خاتىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ماندېلا ساچىر خانىمنىڭ غەرب بىلەن شەرقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا، زىمبابۋېنىڭ مۇستەقىللىق قەدىمىنى تېزلەتكەنلىكىگە، پرېتورىيە دائىرىلىرىنى ئۆزىنى قويۇپ بېرىشكە ئۈندىگەنلىكىگە چىن دىلىدىن رەھمىتىنى بىلدۈردى. ساچىر خانىمنىڭ جاۋابى يېرىم سائەت داۋاملاشتى. شۇ جەرياندا ماندېلا مىدىر - سىدىر قىلماستىن ساچىر خانىمنىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىدى. ساچىر خانىم ماندېلانى بۇتلىزى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، قوراللىق كۈرەشتىن ۋە دۆلەت ئىگىدارلىقىلاشتۇرۇش غەرىزىدىن قول

ئۈزۈشكە، ئۇنىڭ بىلەن زىچ ئالاقە ئورنىتىشقا ۋەدە بېرىشكە ئۇندىدى. ئەسلىدە بىر سائەت پىلانلانغان ئۇچرىشىش ئۈچ سائەت داۋاملاشتى.

ماندېلا جازالاش ھەرىكىتىنىڭ ساچىر خانىمنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بىراق، «تۆمۈر خوتۇن» ھېسابلانغان ساچىر خانىمنىڭ بۇ دەرىجىدە قىزغىن ھەم جازىبىدارلىقى، شۇنداقلا مۇلايىملىقى ماندېلاغا ئالاھىدە بىلىندى. ساچىر خانىم ماندېلاغا «ئالاھىدە ئەدەپ ـ قائىدىلىك، ئالىيجاناب ۋە تاقەتلىك»، نارازىلىق ۋە غەمكىنلىكتىن يىراق دەپ باھا بەردى. ساچىر خانىم ماندېلاغا بەكلا قىزغىن مۇئامىلىدە بولدى. بىراق، ساچىر خانىم ماندېلانىڭ سىياقىدا باشتىن ـ ئاخىر «بىر سوتسىيالىزمچە بوشلۇق خاتا ھالدا ئورۇنلىشىپ قالغان» دەپ قارىدى. ساچىر خانىمنىڭ زىمبابۋېدىكى موگابىدەك تۇتۇرۇقسىز ماركسىزمچى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. تانىن كوچىسى ۋەزىر مەھكىمىسىنىڭ سىرتىدا بىر نەپەر مۇخبىر ماندېلانى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن سىز قانداقسىغا ئۆزىڭىزنى تېرروررچى دەپ قارايدىغانلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزەلەيسىز، دەپ سورىدى. ماندېلا جاۋابەن ئۆز ۋەتىنى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ۋەھشىي ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ: «مەن تېخى چوڭ قىرغىنچىلىقنى تىلغا ئالمىدىم» دېدى. 7 ـ ئايدا ماندېلا بۇ قېتىملىق زىيارەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتى بولغان موزامبىكقا قەدەم باستى. ئۇ يەردە ئۇ موزامبىك پىرېزىدېنتى سامرا ماسېرنىڭ ئۇچىنچى ئايالى گېراسانى تۇنجى رەت كۆردى.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ماندېلا ئاسىيانى يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلدى. زىيارەتتە ئۇنىڭغا يېقىن دوستى ئىسمىر مىل ھەمراھ بولدى. جەنۇبىي ئافرىقا قارا تەنلىكلىرىنىڭ كونا ئىتتىپاقدىشى بولغان ھىندىستان ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارىتىدىكى ئاساسىي

www.uyghurkitap.com

ئوبېكت ئىدى. ھىندىستان 21 بىر توپ ئوقى ئېتىپ ماندېلانىڭ كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى. شۇنداقلا پايتەخت دېھلىدا دۆلەت زىياپىتى بېرىپ، ماندېلانى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بۇ دۆلەت رەھبەرلىرىگىلا تەئەللۇق ھېسابلىنىدىغان مۇئامىلە ئىدى. ھىندىستان زۇڭلىسى راماسۋارم ۋېنكاترامان ماندېلاغا جازالاش ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تېزلىتىدىغانلىقى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى قوللايدىغانلىقى توغرۇلۇق كاپالەت بەردى. بىر ئازدىن كېيىن، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسلار پارتىيەسى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسكە ياردەملىشىپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يوھاننېسبۇرگتىكى باش ئىشتابى بولغان قۇلۇلە قېپى ئۆيىنى سېتىۋالدى. ماندېلا كالكۇتتادا خەلق ئاممىسىغا نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ ھىندىستانغا رەھمەت ئېيتىپ، ھىندىستانلىق گەندىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ كۈرىشىگە ئۈلگە بولغانلىقىنى مەدھىيەلىدى. ئۇ گانگى دەرياسىدىن كەلگەن ئىلاھىي سۇدىن ئىچتى. ماندېلا گانگى دەرياسىدىكى كالىنىڭ ئۆلۈكىدىن ئەندىشە قىلدى. ماندېلا ھىندىچە تائاملارنى ياخشى كۆردى.

ماندېلانىڭ زىيارىتىگە باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرى بەكلا سېخىيلىق قىلغان بولسىمۇ، بىراق سىياسىي مەيداندا ئىختىلاپ يۈز بەردى. ماندېلا ھىندونېزىيەدە پرېزىدېنت سۇخارتونىڭ داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۈچۈن 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ توپلىدى. شۇنداقلا ئىئانىنى تاراتقۇلار ئالدىدا قوبۇل قىلدى. بىراق، ماندېلا ھىندونېزىيەنىڭ شەرقىي تېمورغا قارشى تۇرۇشىغا سۈكۈتتە تۇردى. شۇ سەۋەبلىك شەرقىي تېمور دۆلىتى تەرىپىدىن «ساختىپەز، پۇرسەتپەرەس» دەپ ئەيىبلەندى. مالايسىيا زۇڭلىسى مەھدى ماندېلاغا مالايسىيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئاددىي يوسۇندا چۈشەندۈردى. شۇنداقلا ماندېلاغا 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلدى. ماندېلا

ئاۋستراليىگە زىيارەتكە كەلدى. بىراق، ئۇ ئاۋستراليىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر مەسىلىسىنىڭ جېدەل ـ ماجىراسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئەسلىدىكى بىر يەرلىك ئاھالىلەر رايونىنى زىيارەت قىلىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ كىشى ساختىلىق ھېس قىلدى. بىراق، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىدىكى ھېسسىياتقا تەسىر يەتكۈزمىدى. ئاۋستراليىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ھازىرمۇ جەنۇبىي ئافرىقا قارا تەنلىكلىرىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى.

ياپونىيىدىكى ئەھۋال ماندېلانى بەكلا بىئارام قىلدى. ماندېلا ياپونىيىگە يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، ياپونىيە ئەدلىيە ۋەزىرىگە ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئامېرىكىلىق قارا تەنلىكلەرگە زەربە بولغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر يەتتى. ئۇ «قارا تەنلىكلەر كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە چېكىنىش يۈز بەردى» دېگەنىدى. مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلغان ياپونىيە ئەدلىيە مىنىستىرى تېخىچە ۋەزىپە ئۆتەۋاتاتتى. بۇ ھال ماندېلانى بەكلا ھەيران قالدۇردى. ئۇ بۇ ھالنى «ياپونىيىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىش جەھەتتە گاچا بولۇۋالغانلىقى» دەپ قارىدى. ياپونىيە پارلامېنتى ماندېلانىڭ كېلىشىگە ئۇزاق ۋاقىت ئۆرە تۇرۇپ چاۋاك چېلىش ئارقىلىق ھۆرمەت بىلدۈردى. بىراق، ياپونىيە باش ۋەزىرى ماندېلانىڭ 2 مىليون 500 مىڭ دوللار پۇل ياردەم قىلىش تەلىپىنى رەت قىلدى. بۇ ھال ماندېلانى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋەتتى. ماندېلا كېيىن: «ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تۆھپىكارلىقىنى تىلغا ئېلىشقا ئانچە ئەرزىمەيدۇ» دېدى.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ماندېلا بۇ قېتىملىق سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بۇ زىيارىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى باشتىن ـ ئاخىر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سادىق قوللىغۇچىسى ئىدى. يېقىنقى 25 يىل مابەينىدە ئافرىقىلىقلار مىللىي

www.uyghurkitap.com

مەجلىسىنى قورال - ياراغ ۋە پۇل بىلەن تەمىنلىگەنىدى. ماندېلا تېخى ئەمدىلا قويۇپ بېرىلىشىگە گورباچېف ئۇنىڭغا موسكۋاغا كېلىش توغرۇلۇق تېلگراما يوللىغانىدى. 3 - ئايدىكى نامىبىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا ماندېلا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دېپلوماتىيە مىنىستىرى ئېدۋارد شېۋاردناز قىزغىن يۈز كۆرۈشكەنىدى. بىراق، ماندېلانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىش پىلانى كېيىنكە سۈرۈلۈۋەردى. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە قىلغان ياردىمىدىن جاۋابقا ئېرىششى كېرەك ئىدى. چوڭ نەتىجىگە ئېرىشىش پەيتىدە موسكۋا دائىرىلىرى دى كلېركقا يېقىنچىلىق بىلدۈردى. ئىقتىسادىي كىرىزىس تۈپەيلىدىن بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتقان گورباچېف ھۆكۈمىتى تېز نەپ بېرىدىغان سودا پۇرسىتى تېپىشقا ئالدىراۋاتاتتى. 1990 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى دېبىر ئالماس شىركىتى بىلەن سودا توختامى ئىمزالىغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي گورباچېف ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن بولغان كېلىشىمگە ئېتىبار بەرمەستىن، پرېتورىيە دائىرىلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە ئورنىتىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى ھەقسىز ھەربىي مەشىق بىلەن تەربىيەلەشنى توختاتتى. 1992 - يىلى 6 - ئايدا دى كلېرك دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتى ئۈچۈن رۇسىيەگە باردى. يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان پرېزىدېنت بورىس يېلتسىن دى كلېركقا كاپالەت بېرىپ، رۇسىيەنىڭ ماندېلانى پەقەتلا خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق جەڭچىسى دەپ تونۇيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسى سۈپىتىدە ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ خىل ناھايىتى تېز ئۆزگىرىشنىڭ ئارقىسىدا رۇسىيەنىڭ دۆشمەنلىك پوزىتسىيەسى ۋە ئىرقچىلىق خاھىشىنىڭ يوقىرى پەللىسىگە يەتكەنلىكى ئىپادىلەندى. بۇ خىل

نۇقتىئىنەزەر جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەرنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ خىل ۋەزىيەت 1993 - يىلىغىچە داۋاملاشتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ غەلىبە قىلىشقا ئاز قېلىشى موسكۋا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىدى.

ماندېلا مۇئەممار كازافى، ئارافات، سادام ھۈسەيىن قاتارلىق غەربنىڭ سىياسىي دۈشمەنلىرىگە تېخىچە دوستانە مۇئامىلىدە بولدى. 1990 - يىلى 5 - ئايدا ماندېلا لىۋىيەنى زىيارەت قىلىپ، دەسلەپتىلا ئۆزىنىڭ كازافىنىڭ مەيدانىغا سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ماندېلا ئۆزى چۈشكۈن قىلغان لاپاستا كازافىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ھەربىي مەشىق بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ: «بىز مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىدىغان سەپداشلارمىز» دېدى. 1990 - يىلى ئىراق كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلدى. ماندېلا ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ساختىپەز، ئىككى يۈزلىمىچىلىكىنى ئەيىبلىدى. ئامېرىكا گرېنادا ۋە پاناماغا تاجاۋۇز قىلغاندا ھېچكىم بۇنىڭغا قارشى تۇرمىغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئىراق كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلغاندا بولسا پۈتكۈل غەرب ئەللىرى چېقىلىرىنى بىلەپ، ھەتتا ھەربىي قوشۇننى ئىشقا سالدى. ماندېلا ئىراقنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىگە باھانە تاپماقچى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ پىكرى شۇكى، ئىراقنىڭ بۇ قېتىملىق تاجاۋۇزى شۇ قەدەر چوڭ ۋەقەلەرگە سەۋەبچى بولۇپ، پەرقلىق مۇئامىلىگە ئۇچرىشىدىكى سەۋەب، پەقەتلا ئۇلارنىڭ «قوڭۇر تەنلىك كىشىلەر» بولغانلىقىدىن ئىدى. ئاقىۋەتتە غەرب دۆلەتلىرى دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىنى قوزغىدى. دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا پرېزىدېنتى بۇش ماندېلاغا قىزغىنلىق بىلەن تېلېگرامما ئەۋەتتى، ماندېلا «بۇ ئىشتا ئۆز پىكرىدە قالدى.»

ماندېلا فېدېل كاسترونى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتى. كاسترو 1959 - يىلى يۈرەكلىك ھالدا ئۆزگىرىش قوزغاپ ئافرىقىلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مىللىي مەجلىسى رادىكاللىرىغا ئىلھام بەرگەنىدى. بۇ چاغدا روبېبېن ئارىلىغا پالانغان ماندېلا كۇبانىڭ ئانگولا ئىچكى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھاياجانلانغانىدى. 1991 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ماندېلا كۇباغا زىيارەتكە باردى، شۇنداقلا ھاياجانلىق نۇتۇق سۆزلەپ، كۇبا خەلقىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسنى قوللىغانلىقىغا رەھمىتىنى بىلدۇردى، ھەمدە 1988 ـ يىلى كۇبا ئارمىيەسىنىڭ ئانگولاغا ياردەملىشىپ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى چېكىندۇرگەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ماندېلا شۇ قېتىمقى غەلىبە سەۋەبلىك «مەن بۇ يەردە تۇرۇشقا قادىر بولماقتىمەن» دېدى. ماندېلانىڭ ھېس قىلىشىچە، كاستىرو «بەكلا قىزىقارلىق كىشى» ئىدى. ئۇلارنىڭ ماشىنا ئەترىتى ھاۋانا كوچىلىرىدىن ئۆتۈۋاتقاندا «كاستىرو شۇ يەردە قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، مەن ئارقىلىق كىشىلەرگە سالام بەردى.»

گەرچە ماندېلانىڭ مانا شۇنداق كىشىنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىدىغان دوستلىرى بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئىلگىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسكە قىلغان سوغۇق مۇئامىلىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەمدىلىكتىكى قىزغىن مۇئامىلىلىرى ماندېلاغا بىرئاز غەلىتە تۇيۇلدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش مەلۇم جەھەتتىن خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە پايدىلىق ئىدى: خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كوممۇنىزمغا بولغان قورقۇنچى يوقاپ، كىشىلەر كوممۇنىزمنى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈك دېمەيدىغان بولاتتى. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ موسكۋا دائىرىلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا قارا تەنلىكلەر ھۆكۈمىتىدىن قورقمايدىغان بولدى. ئۆكۈنۈش ھېسسىياتى ماندېلا قۇرۇپ چىققان كوممۇنىزمنىڭ ئالۋاستى سۈپەت سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى رادىكاللىرى قورالىنى تاشلاپ، ئېھتىيات قىلىشنى

بوشاشتۇرۇپ؛ بۇ چىقىشقاق بوۋايغا قايتىدىن نەزەر سالدى. ماندېلا بىر خىل مۇتەئەسسىپ ھالەتتە غەرب دېموكراتىيەسىگە يېقىندىن نەزەر سالدى. غەرب ھۆكۈمىتى كەلگۈسىدە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ پىرېزىدېنتى بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بۇ قارا تەنلىك بىلەن دوستلۇق ئورناتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى بىر ئاز كېچىككەندەك تۇراتتى.

بىز ماندېلا ئېرىشكەن قىزغىن قارشى ئېلىشلارنى سىياسىي نەزەرىيە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىزمىز. ماندېلا ھوقۇقنىڭ سىمۋولى ئەمەس. ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازى — ئۇ بىر ئاددىي ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنىڭ بويۇنتۇرۇقىدا قالغان دۆلەت ۋە مىللەتلەرگە ئۈمىد ئەكېلىدىغان ئەخلاقىي رەھبەردۇر. ماندېلانىڭ ئېسىل مىجەزى ۋە ئىناقلىق ئارزۇسى ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىنى يالغۇز سىياسىي ساھەدىلا چەكلەپ قويغان ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭ ھېچقانداق دىنىي ئېتىقادى يوق. ئۇ ھېچقاچان ئۆزىنى مەنىۋى رەھبەر دەپ ئويلاپ باقمىدى. ئۇ بىراۋنىڭ ئۆزىگە ئۇلۇغلاش قالپاقلىرىنى كىيدۈرۈشىنى ياقتۇرمايتتى: «مەن پەقەتلا توختىماستىن تىرىشىپ جىنايىتىمنى يۇيۇۋاتقان ئاددىي ئىنسان مەن» دەيتتى.

ماندېلا ئۆز ئاممىۋى ئوبرازىدىن ناھايىتى ياخشى بەھرىلىنىۋاتقاندەك ۋە توختىماستىن ئوبرازىنى تەڭشەۋاتقاندەك ئىدى. بىراق، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىنى بىلەلمەي قېلىپ باقمىدى ياكى ئۆزىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ باقمىدى. ئۇ ئۆزى رول ئالغان كومېدىيەدىن ئۆزى بەھرىلىنىۋاتقان تاماشىبىنغا ئوخشايتتى. ئۇ ئۆزى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەشنى بەك ياخشى كۆرەتتى. مەسىلەن، پاناما تاقىم ئارىلىدا ئامېرىكىلىق ساياھەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى تونۇۋالغانلىقىنى، شۇنداقلا «سىز قانداق قىلىپ داڭق چىقارغان؟» دەپ سورىغانلىقىنى؛ جەنۇبىي ئافرىقىدا ئىككى ئاق تەنلىك ئايالنىڭ ئۇنىڭدىن ئىمزا قويۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېرىشنى سورىغانلىقىنى، بىراق، دەرھال ماندېلادىن: «ھە راست، ئىسمىڭىز نېمە؟» دەپ سورىغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى ماندېلانىڭ ياردەمچىلىرى دائىم ئاڭلاۋېرىپ زېرىكىپ كېتەتتى. بىراق، دەل مۇشۇ ھېكايىلەر ماندېلانىڭ ئادەتتىكى ئادەم بولۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى، شۇنداقلا بۇ ھېكايىلەر تاماشىبىنلارنىڭ ۋە بالىلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلىشىغا ئېرىشكەندى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بالىلار تەرىپىدىن كولدۇرلىتىلغانلىقىنىمۇ سۆزلەشكە ئامراق ئىدى. بىر قېتىم 13 ياشلىق بىر بالا ماندېلاغا: «مەكتەپتىكى بالىلارنىڭ سىز توغرۇلۇق نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇلار سىزنىڭ كىچىك چاغلىرىڭىزدا بەك قاملاشقان ئىكەنلىكىڭىزنى، ھازىر بولسا ھەم قېرىپ، ھەم سەتلىشىپ كەتكەنلىكىڭىزنى سۆزلىشىپ يۈرىدۇ» دېگەن. بىر قېتىم بەش ياشلىق بىر قىزچاق ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن تۈرمىدە شۇنچە ئۇزاق ياتقانلىقىنى سورايدۇ. ماندېلا نېمە ئۈچۈنلۈكىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، قىزچاق ماندېلاغا: «سىز ھەددىدىن زىيادە دۆت قېرى ئىكەنسىز» دەيدۇ. ئائىلىسى سەۋەبلىك ماندېلانىڭ ئەتراپىدا نەدىلا بولمىسۇن بالىلار بار ئىدى. بالىلارنىڭ ئۇنى ئورىۋېلىشى ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئۆزىنى ئۈستۈن ھېس قىلدۇرمايتتى، بەلكى ئۇنىڭغا ھەقىقىي ۋە تېخىمۇ ئاددىي ئۆزلۈكىنى تونۇتاتتى. گەرچە ماندېلا چەت ئەل زىيارىتىدىكى بەزى چاغلىرىدا يالغاندىن گالۋاڭ بولىۋالغان بولسىمۇ، ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا ھەر خىل ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەتلىشىشكە ئۇستا ئىدى. ئۇلۇغ سىياسىيون بولۇش ئۇنىڭ تەقدىرىگە پۈتۈلگەنىدى.

# 29. ئىنقىلابتىن ھەمكارلىششقىچە

ماندېلا سىياسىي داھىي بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەنۇبىي ئافرىقىدا باشقىلاردا بولمىغان ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىدى. ئۇ خۇددى بۇلۇتلار ئارىسىدىن كەلگەندەك تېخىچە ئەڭ دەسلەپكى ئەقىدىسى ۋە ئارزۇسى ھەرقانداق مەينەت ۋە ئىپلاسلىقلار بىلەن بۇلغانمىغان ھالەتتە ياشاۋاتاتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىنى «ھوقۇقنىڭ يۇقىرى پەللىسى» گە يەتتىم، دەپ ئويلىمايتتى. ئۇنىڭ ھېچقانداق كىشىگە سېلىشتۇرغۇسىز تۇرمە ھاياتى ئۇنىڭ ئۇچۇن قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭغا تەھدىت ئېلىپ كېلەلمەيتتى.

ماندېلانىڭ چەت ئەلدىكى زىيارەتلىرىنىڭ غەلىبىلىك بولۇشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئىچىدە ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىش سادالىرى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. دۇنيادىكى نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەرگە ئوخشاش، ماندېلانىڭ چەت ئەلدە ئېرىشكەن شەرەپلىرىنىڭ دۆلەت ئىچىدە ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدىسى تەگمىدى. نۇرغۇن جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ماندېلانىڭ ھەددىدىن زىيادە توڭ مىجەزلىكىنى ۋە خەلقنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ئەيىبلىدى. بىر قىسىم قارا تەنلىكلەر ماندېلانى ئەسلىنى ئۇنتۇدى، دەپ قارايتتى. ماندېلانىڭ قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى تەسىر كۈچكە ئىگە سىياسىي كۈچكە ئايلاندۇرۇش ۋەزىپىسى بەكمۇ مۇشكۇل ئىدى. ئۇنىڭ تېخىچە تاللاش ھوقۇقى يوق ئىدى. ماندېلا توپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ رەھبىرى بولۇشتىن سىرت، ھېچقانداق

www.uyghurkitap.com

مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشەلمىدى. جازالاش ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئاق تەنلىكلەر ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشتىكى بىردىنبىر كۈچلۈك پىشاڭى ئىدى. بۇ كۈچلۈك پىشاڭنىڭ تايىنىش نۇقتىسى بولسا يەنىلا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ياردىمى ئىدى. قوراللىق تەھدىت موھتاج بولغان پارتىزانلار ئەترىتى تېخىچە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايۋاتاتتى. گەرچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كىشىلەر ئۇنى ئۇلۇغ ئازادلىق رەھبىرى، يېڭى دەۋرنىڭ موسى، مىسېر دەپ تەرىپلىسىمۇ، ئۇ ئۆز دۆلىتىدە ھېچقانداق ئەمەلىي ھوقۇققا، شۇنداقلا دەۋەت كۈچى بار ئارمىيەگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

دې كلېرك تېخىچە زور ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى، ساقچى كۈچىنى ۋە ئاخبارات سىستېمىسىنى ئىگىلەپ تۇرغانىدى. ئۇ ئامالسىز قالمىسىلا سىياسىي ھوقۇقنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيتتى. كېيىن ماندېلا مۇنداق دېدى: «ئامالسىز قالمىسا ھېچقايسى ھۆكۈمەت ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى خالىمايدۇ.» دې كلېرك ھۆكۈمىتى تېزدىنلا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. دې كلېرك ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھوقۇقنى يالغۇز ئىگىلىۋېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ساچېر خانىم ۋە گېرمانىيە زۇڭلىسى ھېرمۇت كور قاتارلىق غەرب رەھبەرلىرىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى قوللىنىشقا ئۇرۇندى. جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ئىرقىي ئايرىمىچىلىق مەسىلىسىدە ئىزچىل ھالدا ياۋروپانى ئۈلگە قىلدى. 1984 - يىلى جەنۇبىي ئافرىقا پىرېزىدېنتى بوتا شىۋېتسىيە ۋە يۇگوسلاۋىيەنى «تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ ھالقىسىنى تېپىۋالدى» دەپ جاكارلىدى. دې كلېرك تېخىچە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئارا چەكلەش تۈزۈمىدىكى «كوللېكتىپ ھوقۇق» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتاتتى. بۇ ئىشقا نىسبەتەن ماندېلا تۈرمىدىن چىقىشتىن ئىلگىرىلا باشقىچە پىكىردە بولغانىدى. ئۇ كوللېكتىپ ھوقۇق

ئۆز ئۆيىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى يۇرگۈزگەنلىك دەپ قارىدى. دى كلېركنىڭ دادىسى ۋېلىياممۇ كېيىن ئۇنىڭغا «ئىرق ياكى تېرە ئاساسىغا قۇرۇلغان كوللېكتىپ ھوقۇق سىياسىتى ئاقمايدۇ» دەپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، دى كلېرك پىكرىدە يەنىلا چىڭ تۇردى.

ماندېلا دى كلېركنىڭ سۆھبەتكە ئالدىرىمايۋاتقانلىقىنى تېزلا تونۇپ يەتتى. ئۇنىڭ ماندېلانىڭ «ئۆزى كۆچەش»نى كۈتۈپ، ۋاقىتنى ئۇتتۇش ئۇچۇن سۆھبەتنى كەينىگە سۆرەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ماندېلا ساقچىلار ئورۇنلىغان رولدىنمۇ گۇمانلىنىشقا باشلىدى. 1990 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يوھاننىسبۇرگنىڭ غەربىدىكى سېبېكىنىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى نامايىشچىلىرى ساقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 12 ئادەم بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ماندېلا دى كلېركقا قارشىلىق بىلدۇرۇپ تۇنجى قەدەملىك سۆھبەتنى كېچىكتۈردى. ئۇ «پىرېزىدېنت بىر تەرەپتىن تىنچلىق سۆھبىتىنى تىلغا ئېلىپ قويۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقىمىزنى ئۆلتۈرسە بولمايدۇ» دېدى. ماندېلا دى كلېرك بارلىق ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ ئاز سانلىقلارنىڭ رەت قىلىش ھوقۇقىنى قوللاپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىگە زەربە بەردى دېدى.

قارا تەنلىكلەرنى بۆلۈۋېتىشتە جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئاخبارات ئەمەلدارلىرىنىڭ مەخپىي پىلانى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك نىيىتى نامىبىيەدە ئۇنۇمىنى كۆرسەتتى. ئۇلار «رەزىل ھىيلە ـ نەيرەڭ» لەرنى ئىشقا سېلىپ، قارا تەنلىكلەر سىياسىي پارتىيەسى غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا تەشكىلاتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئوخشىمىغان مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان تېنخارت دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنى قۇردى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار كونا ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى قايتا ئىشقا سېلىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى

زەئىپلەشتۈرمەكچى بولدى. ئۇلار ئۆتكۈنچى دەۋرنى چەكسىز ئۇزارتىپ، ھۆكۈمەتنى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىنكاتانى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا قارا تەنلىكلەر پارتىيەلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ بىردەك زەربىسى ئاستىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ غەلىبە قىلىشىنى توسماقچى بولدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى چەكلىمىگە ئۇچراپ 30 يىلدىن ئاشقان بۇگۈنكى كۈندە، ماندېلانىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پارتىيەنى قايتىدىن قۇرۇپ، كۆپچىلىكنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چېچىلاڭغۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، پۈتكۈل پارتىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، دى كلېرك بىلەن بولغان سۆھبەتكە تەرتىپلىك روھىي ھالەتتە تەييارلىق قىلىش ئىدى. ئۇ ئالاھىدە جىددىي ئەھۋال ئىدارىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ، كىشىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش شەرتى ئاستىدا، سۈرگۈن ئىچىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنى دەرھال قايتۇرۇپ ئەكەلدى. بىراق، ئۇلار سۆھبەت يولىنىڭ ناھايىتى قىيىن بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، تۇنجى قېتىملىق سۆھبەتكە قاتنىشىدىغان ئەزالارنى ئالدىراپ بەلگىلەپ قويغانىدى. ماندېلا قەدىناس دوستى، جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى جوئى سىلوۋ سۆھبەتكە قاتنىشىشتا چىڭ تۇردى. جوئى سىلوۋ بۇ چاغدا چاچلىرى ئاقارغان، پىشىپ يېتىلگەن بوۋايغا ئايلانغانىدى. ئۇ دى كلېركنىڭ بۇ تەشەببۇسىغا دەسلەپتە كەسكىن قارشى تۇردى. بىراق، ئۇ ئاقىۋەتتە ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەت ئەزالىرىنى ئۆزى تاللاش ئەركىنلىكى بولىدىغانلىقىغا قوشۇلدى.

1990 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىللىرى گېلتىسكار سارىيىدا دەسلەپكى مەزگىللىك سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بۇ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ

باقمىغان تەنتەنىلىك يىغىن ئىدى. تامبو مبېكىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، قارا تەنلىك رەھبەرلەر «بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاخىر ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.» ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىرى 11 نەپەر ئەزانى سۆھبەتكە قاتناشتۇردى. ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەت ئەزالىرى پىرېزىدېنت سارىيىدىكى گۈللۈكتە ئايرىم – ئايرىم تىزىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرى ئىرق جەھەتتە چوڭ پەرققە ئىگە ئىدى: ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ ھەممىسى ئاق تەنلىك ئىدى. ھالبۇكى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ 11 نەپەر سۆھبەت ۋەكىلى ئىچىدە ئىككى نەپەر ئاق تەنلىك، بىر ھىندىستانلىق، بىر رەڭلىك ئىرق، يەتتە نەپەر قارا تەنلىك بار بولۇپ، ئۇلاردىن ئىككىسى ئايال ئىدى.

ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ھېچقانداق سىياسىي مەيدانغا تەۋە بولمىغان ھالەتتە سۆز قىلدى. ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقا تىلىدا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تارىخىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتتى. بۇ ھال تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكەن پىك بوتادا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. دى كلېرك «باشلىنىپ يامىنىغا ئۆرۈلمەيدىغان جەريان» ھەققىدە سۆز قىلدى. كۈلكە سادالىرى ياڭراپ، ئىناق كەيپىيات شەكىللەندى. ئاق تەنلىك مىنىستىرلار قارا تەنلىك رەھبەرلەرنىڭ راۋان ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە چوڭقۇر بىلىمىگە قايىل بولدى. ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشتە (بوتا مبېكىنىڭ سۆزى) بالدۇرراق سۆھبەت ئۆتكۈزمەي بەكلا گالۋاڭلىق قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلارغا تاسادىپىي تۇيۇلغىنى «نەق مەيداندىكى ھەممەيلەن شۇنچىلىك چىقىشقاق ئىدى.» پىك بوتا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئىككىلا تەرەپنىڭ بىر پاراخوتتا ئىكەنلىكىنى، ئەتراپىنىڭ پۈتۈنلەي «ۋەھشىي لەھەڭلەر» بىلەن تولغانلىقىنى ئېيتتى. دى كلېرك ماندېلانىڭ ئاڭلاشقا ماھىر، تەربىيە كۆرگەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئادۋوكاتلاردەك ئۆز پىكرىنى ئىپادىلىيەلەيدىغانلىقىنى بايقىدى. بىراق، كېيىن دى كلېرك ماندېلادىن ئاغرىنىپ ئۇنى: «توختىماستىن گەپ قىلىدۇ، گەپ ـ سۆزلىرى تەنقىد ۋە نەسىھەت بىلەن تولغان» دەپ ئەيىبلىدى. دى كلېرك ماندېلا ئۆتمۈشتىكى كەچۈرمىشلىرى تەرىپىدىن قىينىلىپ «قاتتىق جاراھەتلەنگەن»، ئۇنىڭدا كەلگۈسى ئۈچۈن ھېچقانداق ئەملىي ئوي يوق دەپ، قارىدى.

ئۈچ كۈنلۈك سۆھبەت ئارقىلىق ھۆكۈمەت تەرەپ ۋەكىللىرى سۆھبەت ئۈچۈن تىنچ سىياسىي مۇھىت ھازىرلاشقا، ئېغىر قائىدە ـ نىزاملارنى ۋە دۆلەتنىڭ جىددىي ھالىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قوشۇلدى. بۇ قارار «گېلتىسكار يىغىن خاتىرىسى» نامىدا سىرتقا ئېلان قىلىندى. دى كلېرك بۇنى «چوڭ قەدەملىك ئالغا ئىلگىرىلەش» دەپ ئاتىدى، ماندېلا بۇ «غايىنىڭ ئاخىرى ئەمەلىيەتكە ئايلانغانلىقى»دىن دېرەك بېرىدۇ دېدى. «ھېچقايسى تەرەپ غەلىبە قىلغۇچى ياكى مەغلۇپ بولغۇچى ئەمەس. بۇ بىزنىڭ بۇ قېتىملىق سۆھبىتىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتى. بىز ھەممىمىز غەلىبە قىلغۇچى، جەنۇبىي ئافرىقا غەلىبە قىلغۇچى» دېدى ماندېلا. بىراق، ھۆكۈمەتنى ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك بولغىنى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تېخىچە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقى، ماندېلانىڭ تېخىچە سايلام ھوقۇقى يوق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىدى.

ماندېلا ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى جەنۇبىي ئافرىقىدا بىر قوراللىق قىسىمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش كېرەك، ناۋادا سۆھبەت نەتىجىسىز بولسا، قوراللىق قىسىم ئەڭ ئاخىرقى قوغدىنىش قالقىنى بولۇپ قالىدۇ، دېگەن پىكىردە بولدى. مارك ماخراج ۋە سېپفىر ياندىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ھەربىي ئىشلار تەشكىلاتى «ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى» ساقلاپ قالدى. ماندېلا تۈرمىدىكى ۋاقىتتا ئۇلار ماندېلا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. ئافرىقىلىقلار

مىللىي مەجلىسى قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولغاندىن كېيىن تەكەببۇر رونى كاسلىرىس ئاللاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىگە كىردى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولغاندىن بۇيان ئاللاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىدىكى بەزى ئەزالار مەغرۇرلىنىپ كېتىپ، رەھبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئېتىبارسىز قارىغانلىقىنى ھېس قىلدى. دۇرباندىكى پارتىزانلار بىخەتەرلىككە بولغان سەزگۈرلۈكىنى بوشاشتۇرۇپ، مۇھىم ھۆججەتلەرنى كومپيۇتېرنىڭ ماگنىت دىسكىسىغا قاچىلاپ قويىدى. بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەتتە ساقچىلار ئىككى نەپەر ئەزانى قولغا ئېلىپ، بىر مەخپىي يىغىلىش ئورنىنى شىفىر يېشىش ئارقىلىق تېپىۋالدى. بۇ قېتىملىق تىراگېدىيەدىن ساۋاق ئالغان ئاللاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ قوماندانى تىقىپ قويۇلغان قورال ۋە ئوقسكۇنىلەرنى تېزدىن بىخەتەر جايغا يۆتكىۋەتتى. بىراق، 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ھۆكۈمەت مارك ماخراجىنى ۋە ئاللاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ باشقا ئەزالىرىنى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش جىنايىتى بىلەن قولغا ئالدى. ئەينى چاغدىكى رىۋونىيە سوتىغا ئوخشاش، ساقچىلار كىشىنى ھەيران قالدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئاشكارىلىۋەتتى. ئاللاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ بىر چوڭ مەخپىي تورى بار بولۇپ، بۇ «قوبۇل قىلىش، مەشىقلەندۇرۇش، رەھبەرلىك قىلىش ۋە قوراللاندۇرۇش»نى، شۇنداقلا قوراللىق زوراۋانلىق ئارقىلىق سىياسىي ھوقۇقنى ئىگىلەشنى مەقسەت قىلغان «خەلقنىڭ» ياكى «ئىنقىلابنىڭ» ئەترىتى ئىدى.

بۇ ئىش سەۋەبلىك ماندېلا دى كلېركنىڭ قولىدىكى تۇتقۇنغا ئايلىنىپ قالدى. دى كلېرك بۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ ۋە كوممۇنىزمچىلارنىڭ تېخىچە رەزىل كۈچ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئارىسىدا ئىناقسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ ماندېلاغا ساقچى تەرەپنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دوكلاتىنى ئوقۇپ بەردى. سىلوۋنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن چىقىرىۋېتىشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى. ماندېلا ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بۇرۇندىنلا بىلەتتى. ئۇلار ئۆزى ۋە تابو ئۇچۇن ئالاقە تورى ئورناتقانىدى. بىراق، ماندېلامۇ ئۆزى يالغۇز ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى ماخراج بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەنىدى. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ماندېلا دەسلەپتىلا دى كلېرك تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىپ كەتكەن ھەرىكەت تەپسىلاتىدىن چۆچۈپ كەتتى. سىلوۋ تېزلىك بىلەن ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە تونجاتتا ئۆتكۈزگەن مەخپىي ئۇچرىشىشقا قاتناشمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئۇنىڭ پاسپورتىدىن ئەينى چاغدا ئۇنىڭ لۇساكادا ئىكەنلىكى، دوكلاتتا ئەينى چاغدىكى «جورج»نىڭ ئۇ ئەمەس، بەلكى سىپففر ياند ئىكەنلىكى ئېيتىلدى. ماندېلا سىلوۋنىڭ سۆھبەتكە قاتنىشىشى كېرەكلىكىدە چىڭ تۇردى. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە قاراتقان قوراللىق قىسىم ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەزەلدىن توختىتىپ باقمىغانلىقىنى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭمۇ قورال كۈچىدىن ۋاز كېچىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. ساقچىلار گۇمانلىق كىشىلەرنى ئىزدەشنى داۋاملاشتۇردى. شۇلارنىڭ ئارىسىدا ساقچى تەرەپ «قورال ئېلىپ يۈرۈشتىكى خەتەرلىك ئۇنسۇر» دەپ قارالغان كاسلىرسمۇ بار ئىدى. ئۇ يوشۇرغان قورال ئاقىۋەتتە تېپىۋېلىنىدى. ئاخىر 1991 - يىلى 3 - ئايغىچە ماخراج قاتارلىق باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تۆلەمگە ئېرىشىپ، ئۇلارغا قارىتىلغان شىكايەتنامە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

بۇ قېتىمقى ۋەقەدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى سۆھبىتى ئىستراتېگىيەسىدىكى مۇھىم ئۇچۇرلار دى كلېركقىمۇ ئۇقتۇرۇلدى. 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ماخراج قولغا

ئېلىنىشتىن ئىلگىرى جوئى سلوۋ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ پۇتكۇل دۆلەت مىقياسىدىكى ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرىغا ھۆكۈمەت بىلەن بولغان كېلەر قېتىملىق سۆھبەتتە قوراللىق كۈرەشنى توختىتىشنى ئاكتىپلىق بىلەن تەشەببۇس قىلىشنى ئۇتتۇرىغا قويدى. بۇ بىر تارىختىي مەنىگە ئىگە يول قويۇش ئىدى. بولۇپمۇ بۇ قېتىملىق تەشەببۇس مىللەت نەيزىسى رەھبەرلىرىنىڭ ئېغىزىدىن چىققانىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى دى كلېركنى ئالاقزەدىلىككە سېلىپ، ئۇنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يول قويۇشىنى قولغا كەلتۇرۇش ئىدى. ماندېلا دەسلەپتە بۇنىڭدىن سەل ئەنسىرىدى. بىراق، كۆپچىلىك بىلەن پۈتۈن بىر كېچە پۈتۈن زېھنى بىلەن مۇزاكىرىلىشىش نەتىجىسىدە، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆزىگە ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان دۆلەت ئىچىدىكى ئىجرائىيە كومىتېتى بۇ تەشەببۇسنى تەستىقلىدى. بىراق، شۇنىڭدىن ئىلگىرى ساقچىلار ماخراجىنىڭ خەت ـ چەكلىرىنى ئاقتۇرۇپ بىر پارچە قول يازمىنى تاپتى، قول يازمىدا مۇشۇ ئىستراتېگىيە تىلغا ئېلىنغانىدى. شۇنىڭدىن بۇيان، دى كلېرك قارشى تەرەپنىڭ ئىستراتېگىيەسىنى ئالدىنئالا بىلىۋېلىپ، شۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان ئىستراتېگىيەگە تەييارلىق قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ماندېلانىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى سۆھبەت ۋەكىللىرى پرېتورىيەدە كۆرۈشتى. ماندېلا دەرھال ئۇرۇش توختىتىشقا ۋەدە بەردى. دى كلېرك بولسا سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇۋېتىشكە، شۇنداقلا سۈرگۈن قىلىنغانلار ئۆچرىغان سىياسىي بوھرانغا تۆلەم تۆلەشكە ۋەدە بەردى. ئىككى تەرەپ «پرېتورىيە يىغىن خاتىرىسى» ئىمزالىدى. يىغىن خاتىرىسىدە مۇنۇلار بايان قىلىندى: ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھەرقانداق شەكىلدىكى قوراللىق ھەرىكەتلەرنى توختىتىدۇ. دى كلېرك

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىستراتېگىيەسىنى ئالدىنئالا بىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، يىغىن خاتىرىسىگە مەقسەتلىك ھالدا «مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەتلەر» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى. ئۇ بۇ سەۋەبلىك كېيىنكى سۆھبەتلەردە ئەۋزەللىككە ئېرىشتى. بىراق، يىغىپ ئېيتقاندا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تەشەببۇسى ماندېلا بىلەن سىلوۋنىڭ قاتمال ۋەزىيەتنى تۈگىتىشتەك ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۇرۇش توختىتىش تەشەببۇسى قارىماققا ئۈنچىۋالا سېخىيلىق بىلەن بولغاندەك تۇرمايتتى. ماندېلا مىللەت نەيزىسىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن گەرچە قوراللىق كۈرەشنىڭ «ھەقىقىي رولى بىلەن ئىسمىنىڭ ئوڭ نىسبەتتە بولمايدىغانلىقىنى» بىلسىمۇ، قوراللىق كۈرەشنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىگە ئىشىنەتتى. «بىز ئەزەلدىن ئۆزىمىزنى چاغلىماي ئىش قىلغان ئەمەسمىز. ھۆكۈمەتكە قارشى كۈرەشتە غەلىبە قازىنىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمىز» دېدى ئۇ كېيىن. بىراق، ماندېلانىڭ يەر ئاستى خىزمىتىدىن قول ئۈزۈش خىيالى يوق ئىدى. ئۇ «ھەرىكەت» بىلەن «كۈرەش» نى غۇۋا ھالەتتە سېلىشتۇرما قىلدى. 1991 - يىلى 7 - ئايدا ماندېلا چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى: «بىز قوراللىق ھەرىكەتنى توختاتتۇق، بىراق دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى قوراللىق كۈرەشنى توختاتمىدۇق». سىلوۋمۇ كېيىن چۈشەنچە بېرىپ تاكى ئۆزگەرتىش ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولغانغا قەدەر يەر ئاستى خىزمىتىنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقى توغرۇلۇق چۈشەنچە بەردى. بۇنىڭغا نىسبەتەن دى كلېركمۇ سۈكۈت قىلدى. قوراللىق كۈرەشنى توختىتىش تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق يول قويۇشقا ئېرىشتى. بۇ ھال رادىكال ياشلارنى بەكلا غەزەپلەندۈردى. قاتتىق قوللار ئەسلىدىنلا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى قوبۇل قىلالمايتتى. تېخىچە روبېن ئارىلىدا تۇرغان 25 نەپەر ئۇرۇش ئەسىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش تەكلىپىنى رەت قىلدى.

جەڭ مەيدانىدىكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرمىگۈچە ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىن ھەرگىز ئايرىلمايدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. شۇ سەۋەبلىك 1990 - يىلى 4 - ئايدا ماندېلا روببېن ئارىلىغا كېلىشكە مەجبۇر بولۇپ، ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئۇلارنى ھۆكۈمەتنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىشقا كۆندۈردى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى جەنۇبىي ئافرىقا تۇپرىقىدا تېخىمۇ چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ بەك ئىنقىلابىي روھقا ئىگە ئەزالىرىنى جەڭ مەيدانىدىن سۆھبەت ئۈستىلىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار «سۆھبەت ۋە كۈرەش» دېگەن شوئارنى مايكىسىنىڭ ئۈستىگە ۋە ئارقىسىغا باستۇرۇۋالغانىدى. گېزىتلەردە مىللەت نەيزىسىنىڭ تېخى تارقىلىپ كەتمىگەنلىكى جاكارلىغانىدى.

«پرېتورىيە يىغىن خاتىرىسى» سىرتقى دۇنيادىكىلەردە ماندېلا بىلەن دى كلېرك ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق پەرىزىنى پەيدا قىلدى. ماندېلا تېلېۋىزوردا «بىز مەلۇم شەكىلدىكى ئىتتىپاقلىقنى باشلىدۇق» دېدى، ھەتتا ماندېلانىڭ ئىچكى كابىنېتقا كىرىدىغانلىقىدەك ئۆسەك سۆز تارقالدى. ھالبۇكى ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمايتتى، ھازىر يەكۈن چىقىرىشقا تېخى بالدۇرلۇق قىلاتتى. ماندېلا دى كلېركقا بارغانسېرى ئىشەنمەس بولۇپ قالدى. ئېنىقكى، قارا تەنلىكلەرنى زەئىپلەشتۈرۈش جەھەتتە دى كلېركنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا پىلانى بار ئىدى. ئۇ ئىچكى قىسىمدىكى بىر قەدەر قول تۇتىدىغان ئىشلارنى چەكسىز كېڭەيتىش ئارقىلىق ماندېلادىن كۈچىنىڭ يېتىشىچە پايدىلاندى. دى كلېرك كېيىن «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىقتىدارى چەكلىك، قوللىغۇچىلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشكە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ» دەپ ئاغرىندى.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يەنىلا بىر ئىنقىلابىي پارتىيە ئىدى. شۇنداقلا ئۇ جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى

ساقلاپ كەلگەنىدى. 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى پرېتورىيە يىغىنىدىن ئىلگىرى جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسى سوۋېتتو تەنتەربىيە مەيدانىدا 50 مىڭ ئادەمنىڭ گۇۋاھچىلىقى ئاستىدا يۇقىرى چەكتە قايتا تەشكىللىنىپ، بىر قانۇنىي پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن يىغىندىن ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ پىلانى پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يىغىندىن ھەرىكەت باشلىشى ئاق تەنلىكلەر تاراتقۇلىرىنىڭ نەزىرىدە بىر شۇملۇقنىڭ بېشارىتى ئىدى. (ئۇلار بۇنى كوممۇنىزمچىلارنىڭ قىلتىقى دەپ قاراپ، ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدەك تۇراتتى). بۇ ئىش ئۈچۈن ماندېلا ئاشكارا نۇتۇق سۆزلەپ، جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى تەبرىكلەپ، كوممۇنىستىك پارتىيەنى «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە سىياسىتىنى ھۆرمەتلىگەن يېقىن دوستىمىز» دېدى. ماندېلانىڭ بېشىدىن ئۆتكەن تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەزەلدىن «ئۆز نۇقتىئىنەزەرىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە تېڭىپ باقمىدى.» بۇ بىر قېتىملىق ئاجايىپ قايتا پەيدا بولۇش ئىدى. كەلگۈسى 15 ئاي ئىچىدە جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزا سانى 25 مىڭغا يەتتى. ھالبۇكى، بۇ چاغدا پۈتۈن دۇنيادىكى كۆپچىلىك كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى چېكىنىش ھالىتىدە ئىدى.

جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سىياسەت يۈرگۈزۈش پىروگراممىسى بىر ئاز مۇجمەل ئىدى. بەزى كىشىلەر ھەتتا ئۇلارنى «كوممۇنىزمنى چۈشەنمەيدىغان پارتىيە» دېيىشەتتى. باشقا دۆلەتلەرنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەقىقىي مەنىدىكى كۆپ مىللەتلىك پارتىيە ئىدى. ئىرقىي

ئايرىمچىلىققا قارشى كۈرەشتە، جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ناھايىتى شەرەپلىك تارىخى بار ئىدى. سانىسىزلىغان قارا تەنلىك رادىكال ياشلار بۇ ئۇلۇغ ساھەگە ئۆزىنى بېغىشلىدى. ئۆتمۈشتىكى نامسىز ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قايتا پەيدا بولغان جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئاستا ـ ئاستا خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشقا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن قارشىلىششقا باشلىدى. تېزدىنلا ماندېلا بۇ پارتىيەدىن بارغانسېرى قۇسۇر ئىزدەشكە باشلىدى. جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سابىق ئەزاسى بېن تۇلاك مۇنداق دېدى: «ئۇلار بىر چوڭ پارتىيە بولۇشقا ئۇرۇندى، بۇ جەھەتتە ئۇلار بەكمۇ ئېغىر خاتالاشتى.»

ئەمەلىيەتتە، جوئى سىلوۋنىڭ كۆرسەتكىنىدەك، جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىزمنى قەتئىي قارشىلىق بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇش بىر تۇرلۇك ھەدىدىن زىيادە ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشتۇر. ھۆكۈمەت ۋە كۆپلىگەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ تاراتقۇلىرى كوممۇنىزم تەھدىتىنى داۋاملىق تەرغىب قىلدى. بىراق، رۇسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا كوممۇنىزم لاگېرىنىڭ بۆسۈلۈشىگە ئەگىشىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئاتالمىش كوممۇنىزم پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا «ئومۇميۈزلۈك بۆسۈپ كىرمەكتە» دېگەن گەپ ـ سۆزلىرىگە بارغانسېرى ئىشەنگىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ماندېلا پرتورىيە دائىرىلىرىنى «كوممۇنىزمغا قارشى كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئارقىلىق سۆھبەتكە توسقۇنلۇق قىلىش» غەرىزىدىن يېنىشقا ئاگاھلاندۇردى. ماندېلا كېيىن: «ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەڭ مۇلايىم ۋە ئەڭ كەمتەر كىشىلەر يەنىلا كوممۇنىزمچىلار» دەپ جاكارلىدى.

ماندېلانىڭ ۋەزىيىسى يەنىلا ناھايىتى قىيىن ئىدى. ئۇ بىرلىككە كەلگەن پارتىيە ئارقىلىق كۆپچىلىكنى تىنچلىق سۆھبىتىگە ۋە يول قويۇشقا يېتەكلەشكە موھتاج ئىدى. شەخس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ماندېلانىڭ رەھبەرلىك ئورنى شەك ـ شۈبھىسىز ئىدى. ئۇنىڭ دوستلىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ياش ئەزالىرىنى ماندېلا بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئىلھاملاندۇرمىسا بولمايتتى. بىراق، ماندېلاغا نىسبەتەن ئەڭ قىيىن ۋەزىپە 30 يىلدىن بېرى مەنئى قىلىش بۇيرۇقى ئاستىدا چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن پارتىيەسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئىدى. ئۇ ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىجرائىيە ئەزالىرى بىلەن شەخسىي مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئۇ سىياسىي ساھەدىكى پېشقەدەم ئەرباب بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلار بىلەن ئارىلىق ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇھىم مەسىلىلەردە بەزى ئىشلارغا قول تىقاتتى.

1990 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يوھاننېسبۇرگتا 160 مىڭ ۋەكىل قاتناشقان «مۇھاكىمە يىغىنى» ئاچتى. بۇ چاغقا قەدەر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئەيىبلەشتە چەكتىن ئاشقان سەۋرچانلىقتا بولغان نارازىلىق ئاخىر ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئاشكارىلاندى. سەكتە بولۇپ قالغىنىدىن كېيىن يەنىلا شۇنداق زەئىپ ھالەتتە تۇرغان تامبو ئالايىتەن ئالدىنئالا ۋەتەنگە قايتىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسى سالاھىيىتىدە يىغىنىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. يىغىندا تامبو ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىجرائىيە كومىتېتى تەستىقلىغان نۇتقىنى ئېلان قىلدى. تامبو نۇتقىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىلگىرى پۈتۈن كۈلەملىك جازالاشقا قارشى تۇرۇش قىلمىشىنىڭ چوقۇم ئۆزگەرتىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇ كۆپچىلىكنى غەرب دۆلەتلىرى جازالاشتىن قول ئۈزدى دېيىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، بىز چەت ئەلدىكى دوستلىرىمىزنىڭ يەككە ـ يېگانە قېلىش خەتىرىگە نىسبەتەن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلساق بولمايدۇ، دېدى. رادىكال كۈچلەر بۇ گەپنى ئېنىقلا پىسەنتىگمۇ ئېلىپ قويمايتتى. ئاخىردا ئافرىقىلىقلار مىللىي

مەجلىسى جازالاش كۈچىنى ئاشۇرمىغان تەقدىردىمۇ، جازالاش ھەرىكىتى ئۆزلۈكىدىنلا داۋاملىشىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

يېقىندا ماندېلا تامبوغا ئۇنىڭ ئاشۇ ئەڭ قىيىن كۈنلەردە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن رەھمىتىنى بىلدۈردى. بىراق، كۆپچىلىكنى قايتىدىن ئۇيۇشتۇرۇشتەك ئېغىر ۋەزىپە يەنىلا ماندېلانىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. ئەمەلىيەتتە جىددىي قارشىلىشىش كەيپىياتىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ۋەتەندىكى ياش پائالىيەتچىلەر لۇساكادىكى ئاشۇ قېرى لوكچەكلەرنىڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىۋېلىشىدىن بىزار ئىدى. بىراق، ئىككىلا تەرەپ غەلىبىنى ئۆزىگە مەنسۇپ دەپ قارايتتى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى ياشلارنىڭ نەزىرىدە ماندېلانىڭ ئىپادىسى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ بەك مۇتەئەسسىپ ۋە ئىنچىكە ئىدى. ئۇ ئەمەلىيەتتە قولغا ئېلىنغان ئەينى يىللاردىكى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ چۈشەنگىلى بولمايدىغان رەھبىرى ئەمەس ئىدى. ۋەكىللەر ئىچىدە ئۇنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىدلەش سادالىرى كۆتۈرۈلدى. كۆپچىلىكنىڭ ئەڭ نارازى بولغىنى، ھۆكۈمەت بىلەن بولغان سۆھبەتتە ئۇنىڭ پىكىرلەرنى تەپسىلىي ئاڭلىمىغانلىقى ئىدى. يىغىن ئاخىرلىشىش نۇتقىدا ماندېلا «رەھبەر ـــ خەلقنىڭ چاكىرى، بۇ بىزنىڭ سۆھبەت جەريانىدا باشتىن ـ ئاياغ ئەمەل قىلغان ئاساسىي پرىنسىپىمىز» دېدى. بىراق، ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ «بىرەر ئېغىز بولسىمۇ ياخشى گەپ قىلماسلىقى» ئۇنىڭغا بەكلا زەربە بولدى. بەزىلەر ماندېلانىڭ سۆھبەت جەريانىدا ئۆز پىكرىدە ئازراقمۇ تۇرالمىغانلىقىنى تەنقىدلىدى. ماندېلا بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۇنداق بولۇشى «ئۇلارنىڭ سۆھبەتنىڭ ماھىيىتىنى قىلچىلىكمۇ چۈشەنمىگەنلىكىدە» دېدى.

ئالتە ئايدىن كېيىن 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ دۇرباندا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك

يىغىنىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سىياسىتى تېخىمۇ كەسكىن قارشىلىققا ئۇچرىدى. بۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ 30 يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم جەنۇبىي ئافرىقىدا مەملىكەتلىك يىغىن چاقىرىشى بولۇپ، يىغىنغا 2000دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. ماندېلانىڭ بۇ قېتىملىق يىغىن ئېچىشتىكى مەقسىتى ئىككى تەرەپنىڭ ئەپلىشىپ قېلىشى، جېدەل ـ ماجىرالارنى تىنچ ھەل قىلىش، رادىكال كەيپىياتنى تىنچلىق سۆھبىتىگە ئايلاندۇرۇش ھەرگىزمۇ رادىكاللىق ئۇچۇن جەڭ قىلماسلىق ئۇچۇن ئىدى. ئۇ تىنچلىق سۆھبىتىنى «بىز ‹ھوقۇقنى خەلققە قايتۇرۇش›تەك بۇ ئاساسىي نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن قىلىۋاتقان كۈرەشىمىزنىڭ داۋامى» دەپ تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ پات ئارىدا يېتىپ كەلمەكچى بولغان «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تارىخىدىكى ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۇرەككەپ ۋە ئەڭ كەسكىن» ئۆتكۈنچى دەۋردىن كۆپچىلىكنى ئاگاھلاندۇردى.

بىراق، بىر قەدەر ياش ھېسابلانغان بەزى ئەزالار ماندېلانىڭ مۇتەئەسسىپ ۋە ئىنچىكىلىكىگە چىداشلىق بېرەلمىدى. بەزىلەر ھەتتا ماندېلانى ئىنقىلابقا ساتقۇنلۇق قىلدى، دەپ قارىدى. ماندېلامۇ دائىم تەنقىدنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىۋەرمەيتتى. بىر قېتىم ماندېلا باشقۇرغۇچى خادىملار ئىچىدىكى ئاياللارنىڭ 30 پىرسەنتنى ئىگىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بىراق، ئۇ روببېن ئارىلىدىكى كونا دوستى تېللا رېكتانىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. رېكتا ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسىنى «ئاغزىدىكى گەپ» دېدى. ماندېلا بۇ گەپتىن بەك غەزەپلەندى. ئاندىن بۇ مەسىلىنىڭ روببېن ئارىلىدىكى چاغدىلا ئاللىقاچان مۇھاكىمە قىلىنىپ بولۇنغانلىقىنى ئېيتتى. رېكتا كېيىن: «گەرچە ماندېلانى قايىل قىلىش ئاسان ئىش بولمىسىمۇ، ئۇ بىزگە مۇنازىرىنىڭ ھەرگىزمۇ ھۆرمەتسىزلىك ياكى مەنسىتمەسلىك ئەمەسلىكىنى ئۆگەتتى» دېدى.

ئەسلىدىنلا چېچىلاڭغۇ پارتىيەگە ئەمدىلىكتە يەنە بىر قېتىم قابىلىيەتسىز دېگەن قالپاق كىيدۈرۈپ قويۇلدى. مانا بۇ ماندېلا ئەمدىلىكتە دۇچ كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلە ئىدى. يوھاننېسبۇرگتا چىقىدىغان «يەكشەنبىلىك گېزىت»تە مۇنداق بىر مەسىلە ئويدۇرۇپ چىقىرىلدى: «چىرايلىق ۋە مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن سۆز - ئىبارىلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى راستىلا بىر تەشكىل سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ؟» ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ پېنسىيەگە چىققان باش سېكرېتارى ئالفېرد ئېنزۇرنىڭ بۇ سۆزگە بولغان تەنقىدى تېخىمۇ قاتتىق بولدى. بىراق، ئۇنىڭ سۆزى ئېھتىياتسىزلىقتىن سىرتقا يېيىلىپ كەتتى: «بىزدە ئالغا ئىنتىلىش روھى، تەشەببۇسكارلىق روھى ۋە ئاكتىپلىق روھى كەمچىل. بىز ‹خەلقپەرۋەر›لەرنىڭ بۇ تۈرلۈك مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن گەپ - سۆزلىرى ۋە كونا مۇقامى سەۋەبلىك چەكلىمىگە ئۇچراپ بىر ئىزدا توختاپ قالغان.» ماندېلا كەمچىلىككە ئازراقمۇ كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلماسلىق كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇنۇملۇك ئالاقىنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن بەكمۇ ئەندىشە قىلاتتى. بىراق، ئۇ «تەشكىلاتىمىزنى قۇدرەتلىك، نورمال خىزمەت قىلىۋاتقان ئالاھىدە تەشكىلات قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز» دەپ ۋەدە بەردى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە ھوقۇق ئىگىلەيدىغىنى يەنىلا ماندېلا، تامبو، سىسۇلۇ قاتارلىق كونسېرۋاتىپلار ئىدى. مەملىكەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ تۇنجى سايلىمى 1985 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەندى. بىراق، قارشىلىق خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان لاگېردىن كەلگەن ئۈچ نەپەر ياش كەلگۈسىدىكى رەھبەرلەرنىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىسىگە ئايلاندى. ئۇلار مىللەت نەيزىسىنىڭ رەھبىرى كېرىس ھانى؛ تامبونىڭ سۈرگۈنلۈك دەۋرىدىكى ھالقىلىق مەسلىھەتچىسى تامبو مبېكى؛ شۇنداقلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى كان ئىشچىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرلەشمىسىنىڭ رەھبىرى شىلىر لامفۇسا قاتارلىقلار ئىدى. نۇرغۇن كىشىنى ھەيران قالدۇرغىنى شىلىر لامفۇسا سايلامدا غەلىبە قىلىپ، ئىنزۇرنىڭ ئورنىغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باش سېكرېتارى بولدى. ئۇ ۋىنىنىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىدلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئەينى چاغدا ۋىنىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىن ئەمەس ئىدى. ماندېلا قويۇپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى، لامفۇسا يەنە ماندېلانىڭ سالاھىيىتى ھەققىدە «ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى باشقا ئەزالار بىلەن ھېچقانداق ئوخشىمايدىغان يېرى يوق» دېگەنىدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىلىر لامفۇسا بىر مۇنازىرىچىدە بولۇشقا تېگىشلىك جاسارىتى ۋە قابىلىيىتىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ رەقىبلىرى ھەر دائىم ئۇنىڭ جەلپكارلىقىغا مەپتۇن بولاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى سىپايە، نەزىرى دوستانە، كۈلكىسى جاراڭلىق ئىدى. بىراق، ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ مەقسىتى ۋە ساداقىتىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. ماندېلا ئۇنى «ئۆزگىچە ناھايىتى ئىشىنىدىغان تۇغما دىپلومات» دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىلىر لامفۇسا كېيىنكى سۆھبەتلەردە مۇھىم رولىنى نامايان قىلدى.

تاراتقۇلاردىن كەلگەن بىر گۇمانلىق سادادا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى قايتا تەشكىللىنىشنى يولغا قويىدى، دېيىلگەنىدى. سىسۇلۇ «بۇ پۈتۈنلەي رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ بىردەكلىكىگە پايدىلىق، بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر جايدا يۈز بېرىپ باققان ئىش ئەمەس» دېدى. قايتا تەشكىللەشتىن كېيىن، يەتتە ھىندىستانلىق، يەتتە رەڭلىك ئىرق ۋە يەتتە ئاق تەنلىك بولۇپ ھەر خىل مىللەتتىن تەشكىل تاپقان ئەللىك نەپەر رەھبەر ھازىر بولدى. ئاق تەنلىك لىبېرالىستلار پارتىيەسى ئاشۇ يەتتە نەپەر ئاق تەنلىكنىڭ ھەممىسىنىڭ كوممۇنىست ئىكەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ بولسا سىقىپ چىقىرىلغانلىقى توغرۇلۇق شىكايەت قىلدى. بىراق، پۈتكۈل ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ

كۆرەش تارىخىدا باشتىن ـ ئاخىر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى قوللاپ كەلگىنى پەقەتلا كوممۇنىستلار ئىدى.

تامبو ۋەزىپىسىدىن قالغاندىن كېيىن، ماندېلا تولۇق بىلەت بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كېلەر نۆۋەتلىك رەئىسلىكىگە سايلاندى. ماندېلا كېيىن مۇنداق دېدى: «سايلام بولغان ئاشۇ پەيتتىلا، مەن ئۆزۈمنىڭ رەھبەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. بۇنداق بولۇشنى ۋاقىت بەلگىلىدى.» ئەمەلىيەتتە، كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ماندېلا ئەسلىدىنلا ھەقىقىي رەھبەر ئىدى. بىراق، كىشىلەر تامبونىڭ چەكلەپ تۇرۇشى بولمىسا، ماندېلانىڭ ھاكىممۇتلەقلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ماندېلا پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن تامبوغا ئېھتىرام بىلدۈردى. ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىرلىككە كېلىش جەريانىدا ئوينىغان مۇھىم رولىنى ئېتىراپ قىلدى: «ئۇ ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقى، شىجائىتى، كەڭ قورساقلىقى، مىللىي روھى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىلىق ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى بەرپا قىلدى. دەل مۇشۇ خىل پەزىلەتلەر ئاخىر ئۇنى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈلمىسى ئۇستىدىن غەلىبە قىلدۇردى.» تامبو تەشەببۇس قىلغان تىنچلىق كېلىشىمى ئاساسىدا ئورتاق تونۇشقا كېلىش چاقىرىقىنىڭ ماندېلاغا بولغان تەسىرى تېخىچە چوڭقۇر ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ماندېلانىڭ رەھبەرلىك قىلىۋاتقىنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى لۇتۇلى ۋە زۇما قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان چوڭ تەشكىلات ئىدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى يوھاننېسبۇرگنىڭ شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان، باش ئىشتابى ھېسابلانغان قۇلۇلە قېپى ئۆيىگە كۆچۈپ كىردى. ماندېلا سىسۇلۇ بىلەن تامبونىڭ ئىشخانىسىنى ئۆز ئىشخانىسىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 70 ياشلىق بۇ ئۈچ نەپەر بوۋاي بەئەينى 40 يىل ئىلگىرىكى «كەمسىتىش ھەرىكىتى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتىكى يېقىنلىقىغا ئوخشاشلا، بىر ـ بىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ـ چىقىپ ئۆزئارا يوقلىشىپ تۇراتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سىياسىتىگە نىسبەتەن تامبو ماندېلادىن بەكرەك ئويلىناتتى. بىراق، سىسۇلۇ ماندېلاغا تېخىچە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك باھا بېرەتتى. بىراق، ھەر ئىككىلىسى پەردە ئارقىسىدىكى مەسلىھەتچىلەر ئىدى. ماندېلالا سەھنىدىكى چولپان، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تۈزۈلمىسىنىڭ ئىپادىسى ۋە نامايەندىسى ئىدى. ماندېلا ئۆز خىزمىتىنىڭ نورمال يۈرۈشۈشى ئۈچۈن ئۈچ نەپەر جاسارەتلىك ئايالنى ياردەمچىلىككە تاللىدى: «ئەتراپىدا پۈتۈنلەي خوش ـ خوش دەپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ بولۇشى، بىر رەھبەرگە نىسبەتەن ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ.» فرېنا كىنۋارا ماندېلاغا ياردەملىشىپ تەتقىقات مەركىزىنى قۇردى ۋە باشقۇردى؛ بابالا ماسگارا ۋە جېسسى دۇئارت ئىككىسىلەن بىرلىكتە ئىشخانىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئۇلار كەسكىن جازا تۈزۈمىنى قوللاندى. ماندېلا بۇنىڭغا نىسبەتەن چاقچاق قىلىپ: «بەزىدە تۈرمىدىكى چاغلىرىمنى بۇ يەردىكىدىن ئەركىن ھېس قىلىمەن» دەيتتى. ئۇ بيۇروكراتلىق مۇھىتىدا خىزمەت ئىشلەشكە ئانچە كۆنەلمەيتتى، بەلكى ئىشخانىنى ئۆز ئۆيىدەك، خىزمەتچى خادىملارنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈشنى خالايتتى. ئۇ دائىم ئىشخانىدا چۈشلۈك تاماق بۇيرۇتۇپ يەيتتى. تەڭگىلەرنى ئېھتىيات بىلەن ساناپ، كىچىك باللارغا ئوخشاش قوناق غاجىلايتتى. تۈرمە ھاياتى ئۇنىڭدا ۋاقىتقا بەكمۇ رىئايە قىلىدىغان ئادەت يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇ ئافرىقىلىقلارنىڭ ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىق ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشتى. ئۇ «ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىق باشقىلارنى ھۆرمەت قىلماسلىقنىڭ ئىپادىسى» دەپ قارايتتى. بىراق، كارىدوردا كونا دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، داۋاملىق كاتىپلىرىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئۇلار بىلەن

پاراڭلىشىۋالاتتى. ئۆيىنىڭ نومۇرىنى ۋە شەخسىي تېلېفون نومۇرىنى ئۇلارغا دەپ بېرەتتى. كۆپ يىللىق بېكىنمە تۇرمە ھاياتى ئۇنى يېڭى ئىشلارغا بەكلا قىزىقسىنىدىغان قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ شۆھرەتپەرەسلىكنى خالىمايدىغان كىشىلەرگە بەكلا دىققەت قىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ دائىم يىغىنلاردا گەپ - سۆز قىلمايدىغان كىشىلەرنى كەينىدە ئولتۇرغۇزاتتى.

ماندېلا تۇرمىدىكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش دائىم ھەربىرەيلەننىڭ ئەڭ ياخشى تەربىيىنى كۆرۈشىنى خالايتتى. بۇ ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنى بەكلا ئەنسىرىتىۋەتتى. ناۋادا ئۇلار ئۇ ئادەمنىڭ ئىشىنىشكە بولمايدىغان، خەتەرلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتسا، بۇ ماندېلانىڭ يېڭىش - يېڭىلىش ئارزۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتەتتى ۋە ئۆزىنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرەتتى. خىزمەتداشلىرىنىڭ ھەممىسى «ماندېلا ھەقىقەتەنمۇ بەك ئاق كۆڭۈل ئىكەن» دېيىشەتتى. بۇ ھال ئۇنى ئانچە ئادەم تونۇمايدىغان، ئاشۇ شېرىن سۆزلۈك ھىيلىگەرلەرگە ۋە پۇرسەتپەرەسلەرگە ھەددىدىن زىيادە كەڭ قورساق بولۇپ كېتىدىغان قىلىپ قويىدى. بىراق، ئۇنىڭ مەردلىكى سەۋەبلىك باشقىلار ئۇنىڭغا تېخىمۇ بەك مەردلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ھەتتا ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلغۇچىلار ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ سادىق دوستىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. ئۇ راست ئاچچىقلانسۇن ياكى ئاچچىقلانغان قىياپەتكە كىرىۋالسۇن، توساتتىنلا ئاچچىقلىنىپ كېتەتتى. بۇ ھال كىشىنى بەكلا قورقۇتۇۋېتەتتى. ئەگەر ئۇ ئابرۇيىنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلسا ياكى بىراۋ ئۇنى ئۆز لايىقىدا ھۆرمەتلىمىسە غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتەتتى. ھالبۇكى، ئۇ يەنىلا نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئادەتتىن تاشقىرى ئىرادىلىك پىشقان سىياسىيون ئىدى. ئۇ يامان خەۋەرلەردىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايتتى. ئۇنىڭ كاتىپلىرى ئۇنىڭ قىيىنچىلىق ئالدىدىمۇ كۈلۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئەھۋال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قانچە قېتىملاشقانسېرى شۇنچە ئەركىنلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىدى.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ماندېلا ئۆزىگە ناھايىتى ئىشىنەتتى. كەيپىياتى تۆۋەن ياكى بەكلا ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ناھايىتى سۆپەتلىك كىيىنىپ زىيارەتچىلەرنى كۈتۈۋالاتتى. ئۇ ئۆز ئوبرازىغا بەكمۇ دىققەت قىلاتتى. كىيىنىشكە ھەردائىم ئەھمىيەت بېرەتتى. ماسگارا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭغا نىسبەتەن كىيىم ـ كېچەك ھەرگىزمۇ بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ سىياسىي ئوبرازىدىكى ناھايىتى مۇھىم تەركىبىي قىسىم.» ئۇ تېخىچە 50 ياش چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش «ئادەم كىيىم ـ كېچەككە باغلىق» دەپ قارايتتى. بىر قېتىم ئوسلودا ئۇنىڭغا تىۋىتلىق شەپكە لازىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تاللىشى ئۆچۈن ئالدىغا بىر دۆۋە شەپكە ئەكېلىنگەن بولسىمۇ، ئۇ بىرسىنىمۇ ياراتمىدى. كېيىن ئۇ مېھمانخانىدىن بىر ھازا يوقاپ كېتىپ، ئۆزى شەپكىدىن بىرنى ئەكىردى. ئۇنىڭ تاللىغىنى رۇس پاسونىدىكى شەپكە بولۇپ، ئۇ تاكى 1999 ـ يىلىغىچە شۇ شەپكىنى ئىزچىل كىيىپ يۈردى. دەل مۇشۇ خىل ئۆزىگە ئۆزى مەسئۇل بولۇش ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش ماندېلانى توختىماستىن ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلىگەنىدى. ئۇ ماختىلىشقا ئامراق ئىدى. بىراق، ئۆزىنىڭ قەددى ـ قامەتلىك تەقى ـ تۇرقىنىڭ دۇنيادىكى كۆپچىلىك سىياسىيونلارنى چاندۇرۇپ قويىدىغانلىقى كۆڭلىگە ئايان ئىدى.

ماندېلا ھوقۇقنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق مۇستەبىت ھۆكۈمدارى بولۇپ قالامدۇ، يوق؟ بۇ مەسىلىگە جەنۇبىي ئافرىقىلىقلارمۇ، چەت ئەللىكلەرمۇ كۆز تىكىپ تۇرماقتا. تامبو ماندېلادا كەم ھېسابلانغان كىچىك پېئىللىق ۋە مېھرىبانلىق جەھەتتە ماندېلاغا قارىغاندا تېخىمۇ ئالىيجاناب ئىدى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىجرائىيە

كومىتېتىنىڭ تېخىمۇ ئېتىبار بىلەن ۋە تېخىمۇ ئىللىقلىق بىلەن قارشىغا ئېرىشكەنىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا بولغان قارشىلىقلارمۇ ئەزەلدىن نەپرەتلىك ئەمەس ئىدى. ئاربى ساكسىنىڭ دېگىنىدەك: «تامبو تۇغۇلۇشىدىن دېموكراتىك زات، ماندېلا يەنىلا ئۆگىنىشكە موھتاج» ئىدى.

ماندېلانىڭ ئىش قىلىش ئۇسلۇبى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى بەزى رەھبەرلەرنى بەكلا غەزەپلەندۈرەتتى. 1991 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ماندېلا يەنىلا چەت ئەللەردە زىيارەتتە بولۇۋاتقان پەيتتە، بىرەيلەننىڭ ماندېلانىڭ كۆچىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى بولغانلىقى، پولكوۋنىك لامفۇسانى ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەسئۇل قىلىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاشكارا بولدى، ھەتتا ئۇلار ئەتراپلىق تەشكىلىي ئاپپارات تەشكىللەپ، لامفۇسانى باش كاتىپلىقىا، ماندېلانى مۇئاۋىنلىقىقا تەيىنلىگەنىدى. ماندېلا بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇشقا چۈشەنچە بېرىپ، بۇ سېپى ئۆزىدىن خاتالىق، چەت ئەللەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيەلەردە باش كاتىپ ئەڭ ئاساسلىق رەھبەر، ئەمما ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، دېدى. ئەمەلىيەتتە، ھېچكىم ماندېلانىڭ ئورنىغا سۇيىقەست قىلمىغان، شۇنداقلا تەھدىتمۇ سالمىغانىدى. تارقالغان خەۋەر پەقەت يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان قۇرۇق سەپسەتىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ماندېلا كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئىشلارغا كىرىشىۋالمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ سەزگۈرلۈكىنى تېخىمۇ بەك ئاشۇردى.

ماندېلانىڭ شاھزادە سۈپەت خاراكتېرى ۋە قەبىلە باشلىقى سالاھىيىتى ئۇنىڭ ترانسكېيدىكى باللىقى بىلەن ئاز ـ تولا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. نائىب پادىشاھىنىڭ ئەڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى، ئۆز خەلقىگە بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشىنىڭ كۆرگەننىڭ كۆزىگە سىڭىپتۇ دېگەندەك، ماندېلاغىمۇ تەسىر كۆرسىتىشى ئېنىق ئىدى.

www.uyghurkitap.com

«ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى داۋىد ئاتتاۋ «ماندېلادا قەبىلە باشلىقلىرىدىلا تېپىلىدىغان بىر تۈرلۈك ئەنئەنىۋى ھاكىممۇتلەقلىق خاراكتېر بار»، ئۇ «قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا قەبىلە باشلىقلىرىدەك مۇئامىلە قىلىنىشقا ئىنتىزار» دېدى. ئەلۋەتتە، ئۇ پادىشاھلىق ھوقۇقىغا بولغان تەلپۈنۈشىنى باشقا جەھەتلەرگە مۇراجىئەت قىلاتتى. جەمئىيەتشۇناس ئادام ۋە مۇدرىي قارا تەنلىك ماشىنا ئىشچىلىرى ماندېلاغا بىر ھەشەمەتلىك مېرسىدىس ماشىنا ياساپ بېرىش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز ھەقسىز ئىشلەيدۇ، بۇ ئىش ئېنىقلا «ئۇنىڭ پادىشاھلىق ھوقۇققا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسى»نى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، دەپ قارايتتى. ماندېلانىڭ پادىشاھلارچە خاراكتېرى سەۋەبلىك كىشىلەر دائىم ئۇنى خاتا چۈشىنەتتى. بەلكىم ئۇ قارىماققا مۇستەبىتتەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن، ئەمما قەلبىدە دېموكراتىيەگە بولغان چوڭقۇر ئىخلاس بار ئىدى. ئۇ ئىزچىل ھالدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سادىق، ئىنتىزامچان ئەزالىرىدىن بىرسى بولۇپ كەلدى. بىراق، «ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرى ئۇنى تاماق ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلىگۈچى ئاتا ـ ئانا» دېگەن گەپ ـ سۆزلەرمۇ چىن دىلدىن چىققان سۆزلەر ئىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى ھەتتا ئۇنى قاتتىق تەنقىدلەيتتى، ئامما ئالدىدا يۈزىنى تۆكەتتى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىنقىلابىي سىياسەت ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا سەۋرچانلىق ۋە يول قويۇشقا ئۆتۈشىدىن ماندېلامۇ كۆپلىگەن ئازابلىق بۇرۇلۇشلارغا دۇچ كەلدى. بۇنىڭدىكى ئەڭ قىيىن مەسىلە ئومۇمىي ئىگىلىك ۋە دۆلەت ئىگىلىكى مەسىلىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ئىدى. دۆلەت ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدە روبېن ئايلى گۇرۇھى ئاللىبۇرۇن نەزەرىيە نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ ئۇزاق يىل مۇنازىرە قىلىشتى. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە ئافرىقىلىقلار مىللىي

مەجلىسىنىڭ مەملىكەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى ئەمەلىيەتكە ئۆيغۇن سىياسەتنى تەستىقلاشقا ۋە تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە موھتاج ئىدى. ماندېلانىڭ نەزىرىدە دۆلەت ئىگىلىكى تۈزۈمى باي - نامراتلىق پەرقىنى كىچىكلىتىپ، ئىقتىسادىي ھوقۇقنى قارا تەنلىك قېرىنداشلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتى. 1962 - يىلى ماندېلا تۈرمىگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئەنگلىيە ئىشچىلار پارتىيەسى قانۇنىنىڭ 4 - ماددىسىغا شاھىت بولغانىدى. ئۇ ئومۇمىي ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئەڭ يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلىگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. 1990 - يىلى ئەنگلىيە باش ۋەزىرى روبېن رۇنۇېك جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە باشقىچە پىكىردە بولدى. ماندېلا بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ: «بۇ سىلەرنىڭ قارىشىڭلار. ئەينى چاغدا بۇ قاراش ناھايىتى مودا ئىدى» دېدى. 1978 - يىللىرى دۆلەت ئىگىلىكى تۈزۈمىگە بولغان ئۈمىدسىزلىنىش ۋە ئىشەنمەسلىك يامراپ كەتكەنىدى. بىراق، تۈرمىدىكى ماندېلا بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى، ھەتتا ئۇ جەنۇبىي ئافرىقا كارخانىلىرى بىلەن ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمەتنىڭ كەلگۈسىدىكى ھەمكارلىقىنى كۆرۈپ يەتتى.

1990 - يىلى قويۇپ بېرىلگەن چاغدا ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ چەت ئەل مەبلىغى ئارقىلىق ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى تېزلىتىشكە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئەگەر ئۇ جازالاش قىلمىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسىلا، ئۆزىنىڭ جىددىي مەبلەغ توپلاپ، مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئىزدەيدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. شۇ يىلى 2 - ئايدا ماندېلا: «ۋەزىيەت مۇقىملاشسىلا بۇ دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىش ئىشلىرى تەرەققىيات يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭىدۇ، بۇ ھەممىمىز كۆرۈشنى خالايدىغان نەتىجىدۇر» دېدى. بىراق، ئۇ دۆلەت ئىگىلىكى تۈزۈمىنىڭ نۇرغۇن ئۇزاق مۇددەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەبلەغ سالغۇچىلارنى قاچۇرۇپ قويۇشنى ئويلاپ باقمىغانىدى. كېيىن ماندېلا بۇ نۇقتىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلدى. ئۇ سودىگەرلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتى تۆمۈريول، پولات ـ تۆمۈر، ئاۋىياتسىيە قاتارلىق ساھەلەردىن پايدىلىنىپ جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلىرىگە بەخت ئېلىپ كەلدى. تا بۈگۈنكى كۈنگىچە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەر نېمە ئۈچۈن ئوخشاش ئالاھىدە ھوقۇقلاردىن بەھرىلىنەلمەيدۇ؟ دېدى. بىراق، ماندېلا ھەر قېتىم دۆلەت ئىگىلىكى تۈزۈمىنى تەشەببۇس قىلسا، يوھاننېسبۇرگ پاي چېكى بازىرىدىكى پاي چېكى باھاسى چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇ بىر قېتىملىق نۇتقىدا جەنۇبىي ئافرىقا ئالتۇن كانى پايچىنىڭ بەش پىرسەنت چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

ماندېلا جانلىق ئىشلىتىشنى تېخىمۇ بەك چۈشىنىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ پاي چېكى بازىرىنى كونترول قىلىۋاتقان ئون چوڭ كارخانا گۇرۇھىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى، بىراق زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا «ئانتولاس قانۇنى» غا بىنائەن تارقاپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «ئەركىنلىك نىزامنامىسى» نىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىنى قايتا تىلغا ئېلىپ، بۇ جەنۇبىي ئافرىقا سودا ساھەسىگە «ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان گۈللىنىش» ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارىدى. ماندېلا ھېنرى ئابراھام قاتارلىق چوڭ كاپىتالىستلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سودا ساھەسىدىكى كاتتىباشلارغا دوستانە پوزىتسىيەدە بولۇشقا باشلىدى. ئۇ روبېين ئارىلىدىكى دوستى ئېلىن سۇسماننى تەكلىپ قىلىپ، بىر قېتىملىق سودا ساھەسىدىكى ماگناتلار چۈشلۈك تاماق سۆھبىتى ئورۇنلاشتۇردى. ئېلىن ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ماندېلا ھەممىنى جەلپ قىلدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا يېڭىچە نەزەردە قارىدى.» بۇ داستىخان سۆھبىتىدە ئۇلار

دۆلەت ئىگىلىكى تۈزۈمىنىڭ بايلىق ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقى توغرۇلۇق ماندېلانى ئاگاھلاندۇردى. بۇ دەل ماندېلانىڭ تامبو مبېكى قاتارلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى خىزمەتداشلىرى ئىزچىل ھالدا چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان نۇقتىئىنەزەر ئىدى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى ماركسىزمغا ئىشىنىدىغان بەزىلەر بۇ پىكىرگە قاراپ بېقىش مەيداندا تۇردى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى ياش قارا تەنلىكلەرمۇ كاپىتالىزمنى ئېكسپلاتاتسىيە بىلەن تەڭ ئورۇندا قويدى.

ماندېلانىڭ مەيدانىمۇ كىشىنى بەكلا گاڭگىرىتىپ قوياتتى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ماندېلا بانكىرلار بىلەن ئالاقە قىلىش جەھەتتە تېخىمۇ ئەركىنرەك تۇراتتى. چەت ئەللىك مەبەغ سالغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە ماندېلا قارىماققا ھەرگىزمۇ بىر سوتسىيالىزمچىغا ئوخشىمايتتى. 1990 - يىلى يىل ئاخىرىدا دىراماتوروگ ئاس مىل ماندېلا بىلەن بىر مەزگىل باردى - كەلدى قىلغانىدى. مىل ماندېلاغا باھا بېرىپ: «ئۇ مەن كۆرگەن ئادەملەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇتەئەسسىپ ئادەملەرنىڭ بىرسى، ئەگەر ئۇ تىنچ يىللاردا تۇغۇلغان بولسا، سوتچى بولغان بولاتتى» دېدى. ماندېلا باشتىن - ئاخىر سىنىپ پەرقى بولمىغان جەمئىيەتكە ئىشىنەتتى. ئەمما، جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭ دەل ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى «ھەسرەت ئىلكىدە تونۇپ يەتتى.» ئۇ باي - نامراتلىق پەرقىنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن ئامال تېپىشقا تىرىشىۋاتاتتى. 1991 - يىلى 9 - ئايدا ماندېلا سودىگەرلەرگە پەقەت دۆلەت ئىگىدارلىقى تۈزۈمىنىڭلا بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىقنى ئوڭشىيالايدىغانلىقىنى، ئەلۋەتتە باشقا تاللاش بولسا ئۆزىنىڭ خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ خىل قالايمىقان ئىپادىلەش ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تالاش - تارتىشلارنى ئىپادىلەپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

بېرەتتى. بۇ خىل تالاش ـ تارتىش ئەينى چاغدا دەۋر سۈرگەن ياۋروپاپەرەسلەرنىڭ مۇنازىرىسىدىنمۇ بەك كەسكىن بولدى. باي ـ نامراتلىق پەرقى ۋە دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلىغا تايىنىش جەھەتتە جەنۇبىي ئافرىقا ئىزچىل ھالدا ئەڭ يۇقىرى چەكتە تۇراتتى.

1992 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ماندېلا شۋېيتسارىيەنىڭ داۋوستا دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرىگە قاتناشتى. بۇ چاغدىلا ماندېلانىڭ دۆلەت ئىگىدارلىقى تۈزۈمى ھەققىدىكى ئويلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاخىر ئىمكانىيەت تېپىلدى. داۋوس مۇنبىرىدىكى ھەر تۈرلۈك چۈشلۈك ۋە كەچلىك زىياپەتلەردە ماندېلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن بانكىرلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ماختىشىغا ئېرىشتى. ماندېلا ئۇلار بىلەن ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سانائەت دۆلەتلىرىنىڭمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنازىرىلەشتى. «جەڭنىڭ جاراھەتلىرىدىن كېيىن، بىزنىڭ موھتاج بولغىنىمىز دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى» دېدى ماندېلا چۈشەنچە بېرىپ. بىراق، ئىقتىسادشۇناستىن بىرسى ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئۇ ئېيتقانلىرى ئارقىلىق دەۋرنىڭ كەينىدە قالغان سوتسىيالىزمچىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. يىغىندا دى كلېرك بىلەن بۇتىلىزى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەركىن كارخانا تۈزۈلمىسىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ماندېلانى تامامەن بېسىپ كەتتى.

ئاقىۋەتتە، ماندېلانىڭ رادىكا قاراشتىكى ئۈچ نەپەر ئەقىللىق كىشىنىڭ بۇرمىلىنىشتىكى ئۇچرىدى. گوللاندىيە سانائەت مىنىستىرى چىقىشقاق، كىشىنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىشكە ماھىر كىشى بولسىمۇ ماندېلانىڭ قارىشىنى پۈتۈنلەي رەت قىلدى. ئۇ

ماندېلاغا مۇنداق دېدى: «قاراڭ، دەۋاتقىنىڭىز ئىلگىرىكىلەرنىڭ قارىشى. بۈگۈنكى دەۋردە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر ـ بىرىگە تايىنىشى كۈنسېرى كۈچەيمەكتە، يەرشارىلىشىش ۋەزىيىتى كۈنسېرى كۈچەيمەكتە. ھېچقايسى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي باشقا دۆلەتلەرگە تايانماستىن مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.» ئاسىيادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىن جۇڭگو ۋە ۋيېتنامنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ ماندېلاغا سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن بۇ دۆلەتتىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە نەتىجىلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. ماندېلا كېيىنكى چاغلاردىكى ئەسلىمىسىدە مۇنداق دېدى: «ئۇلار مېنىڭ خىيالىمنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. مەن جەنۇبىي ئافرىقىغا بارغاندىن كېيىن كۆپچىلىككە ‹بۇرادەرلەر، بىز تاللاشقا موھتاج. بىز ياكى دۆلەت ئىگىدارلىقى تۈزۈمىنى تاللايلى، ھېچكىم بىزگە مەبلەغ سالمىسۇن؛ ياكى بولمىسا پوزىتسىيەمىزنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مەبلەغ جەلپ قىلايلى› دەيمەن.»

جەنۇبىي ئافرىقىدا ماندېلا قىلىدىغان يەنە بىر كەسكىن جەڭ بار ئىدى. شۇنىڭدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ئېچىلغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىقتىساد يىغىنىدا، ماندېلا دۆلەت ئىگىدارلىقى تۈزۈمىدىن ۋاز كېچىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق، ‹ئەركىنلىك خارتىيەسى› گە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تەشەببۇسىدىن يېنىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەر ئارىسىدا كۈچلۈك مۇنازىرە قانات يايدى. پەقەت 1993 ـ يىلىدىكى چوڭ سايلام ھارپىسىدىلا ئۇلار تېخىمۇ بەك مۇرەسسەچى ئامالدىن بىرنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلدى. ئۇ بولسىمۇ قىسمەن سانائەتلەرنىڭ خۇسۇسىيلىشىشى بولۇپ، يولغا قويۇلغان يېڭى «قايتا قۇرۇش ۋە سانائەتلىشىش پىلانى» دۆلەت

ئىگىلىكى نۇقتىئىنەزەرىنىڭ ئورنىنى ئالغانىدى. ماندېلا تېخىچە سىنىپىي پەرق بولمىغان جەمئىيەت قۇرۇش جەھەتتىكى ئارزۇسىدا ئىدى. بىراق، ئۇ ۋە پارتىيە جەنۇبىي ئافرىقا يەرشارى بازىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىسا بولمايتتى. ئەمەلىيەت بۇ بازارنىڭ ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بەك رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

# 30. ئۈچىنچى خىل كۈچ

ماندېلا پارتىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان، پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن كۈچ توپلاۋاتقان پەيتتە، بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقان سىياسىي زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسەتتى. ماندېلا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، 1980 ـ يىللاردا دۆلەتنى قاپلاپ كەتكەن قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى قايتىدىن ئۇلغىيىپ كەتتى. بىراق، ماندېلا قىرغىنچىلىقنى ئۈنۈملۈك ھالدا توسۇيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى رەھبەرلىكىگە بولغان ئىشەنچىمۇ ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى. زوراۋانلىقنىڭ كەينىدىكى ھەقىقىي ماھىيەتنى تەھلىل قىلىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس ئىدى. دەلىل ـ ئىسپاتلار ئاز ـ ئازدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاخىر 8 ـ ئايدا ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بارغانسېرى ئايدىڭلاشتى.

دەسلەپتە كۆپلىگەن قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئاساسلىقى زۇلۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاشۇ گۈزەل، ئەمما نامرات كۋازۇلۇناتال رايونىدا يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئىچىدە چەت ۋە جىمجىت سەھرالاردا ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر بولدى. 1990 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1993 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە كۋازۇلۇناتال رايونىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا 101 ئادەم سىياسىيغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەردە ئۆلدى. ئۈچ يىل ئىچىدە ئۆلگەن ئادەم سانى 3659كە يەتتى. كۆپ ساندىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ نەزىرىدە زوراۋانلىق ۋەقەسىدە گەۋدىلەنگىنى زۇلۇ ۋەتەنپەرلىرى بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئارقىلىق پۈتكۈل دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇنغۇچى كوسا تاجاۋۇزچىلىرى ئارىسىدىكى قەبىلە

تۇقۇنۇشى ئىدى. تىنچلىققا ئېرىششتىكى ھالقا قەبىلە باشلىقى بۇتىلىزى ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كېڭىيىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ئىنكاتا ئىدى. ئەمدىكى سۆھبەتتە ئىنكاتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايتتى. چۈنكى، دى كلېرك ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى مىللىي پارتىيە ئىنكاتا ۋە باشقا قەبىلىۋى تەشكىللەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، سايلامدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق غەلىبىگە ئېرىشمەكچى ئىدى.

ماندېلا تۈرمىدىكى چاغلىرىدا ئىزچىل ھالدا بۇتىلىزى بىلەن دوستانە مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. ماندېلا تۈرمىدىن چىقىشىنىڭ ئالدىدا يەنە تېخى بۇتىلىزى بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ، ئۇنى لوندونغا بېرىپ تامبو بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراتقانىدى. تامبو ۋە سىسۇلۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باشقا رەھبەرلىرىگە ئوخشاش ئىلگىرى ھەر خىل پوزىتسىيەلەردە بولغان بۇتىلىزىدىن پەخەس بولۇپ كەلگەن. بىراق، ماندېلا بۇتىلىزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەك مۇھىم دەپ قارايتتى. ھۆكۈمەت بۇتىلىزىغا بېسىم ئىشلىتىپ، كۋازۇلۇناتال رايونىنى مۇستەقىل بانتۇستانغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. ماندېلا بۇتىلىزىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قىلمىشىغا قارشى تۇرۇشىنى قوللىدى. ماندېلا بۇتىلىزىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ھەمكارلىششقا قايىل قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ماندېلا بۇتىلىزى بىلەن پارتىيەنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى دوستانە شەخسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ماندېلا تۈرمىدىن چىقىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن بۇتىلىزىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنىڭ پرېتورىيە دائىرىلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنى رەت قىلغانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتتى، ئۇنى زىيارەت قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ماندېلا يولۋاسنىڭ ئۆۋىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، زۇلۇلارنىڭ دۈربانغا جايلاشقان باش ئىشتابىدىكى خان جەمەتى باغچىسىدىكى

ئولتۇرۇشىغا قاتنىشىپ، 100 مىڭ زۇلۇلۇققا نۇتۇق سۆزلىگەندى. پۈتكۈل زۇلۇلار ھەرىكەتكە ئۆتكەندەك تۇراتتى. ئۇ ئەسلىدە بۇتېلېزىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى تۇرغان مۇنبەردە ئۇنىڭ بىللە تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلىمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بۇنىڭغا قارشى تۇردى. بۇ ھالدىن بۇتېلېزى بەكلا غەزەپلەندى. ماندېلا ئىككى تەرەپنىڭ بىرلەشمە يىغىن ئېچىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بىراق سەھنە ئاستىدىكى ئاممىنىڭ «ئىسقىرتىپ قارشى تۇرۇشى»غا ئۇچرىدى. ماندېلا ئاممىغا خىتاب قىلىپ: «قورال - ياراغ ۋە پىچاقلىرىڭلارنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار» دېدى. بىراق، ماندېلانى ئەپسۇسلاندۇرغىنى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ چاقىرىقى ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي ساقچى تەرەپ ئىنكاتانى قارشىلىق بىلدۈرۈش نامايىشى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن 120 مىڭ راند بىلەن تەمىنلىدى.

ماندېلا يەنە بۇتېلېزىنىڭ جىيەنى، زۇلۇ پادىشاھى گېدىۋىنۋېر زۇۋېلىدىنى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ماندېلا زۇلۇ پادىشاھ ئىشخانىسىنىڭ ئادۋوكاتى بولغان چاغلىرىدا، پادىشاھ بىلەن ئاز - تولا دوستلۇق مۇناسىۋەت قىلغانىدى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۆزىنىڭ باشقا ئەزالىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ماندېلانىڭ پادىشاھ بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىشىغا قوشۇلمايتتى. پادىشاھنىڭ چىڭ تۇرغىنىمۇ مۇشۇ ئىدى. بۇتېلېزى بىلەن بولغان ھەرقانداق ئالاقە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھاررى گېۋارا باشچىلىقىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. ماندېلا ئەسلىمىلىرىدە دائىم: «مەن بۇتېلېزىنى تىلغا ئالساملا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى خىزمەتداشلىرىم مېنى چايناپ پۇركۈۋەتكۈدەك بولۇپ كېتەتتى» دېگەنىدى.

دى كلېرك ماندېلانى دائىم بۇتېلېزى بىلەن كۆرۈشمىگەنلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كى ئۈچۈن ئەيىبلەيتتى. دى كلېرك بۇنى ماندېلانىڭ «ئۆكتەملىك بىلەن ئىش بېجىرىدىغان» مىجەزىگە دۆڭگەپ قويدى. بۇ ئىككى رەھبەر قىرغىنچىلىقنى چەكلىيەلەرمۇ؟ بۇتىلېزى كېيىن: «ئەگەر ماندېلا ئۆز نىيىتىدە چىڭ تۇرسا، تارىخ قايتا يېزىلغان بولاتتى» دېدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ناتال رايوندىكى زۇلۇ رەھبەر ياكوب زۇما ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى بىر ئەجەللىك خاتالىق ئۆتكۈزدى، دەپ قارىدى: «بۇتىلېزىغا ئۇنىڭ قارشى ئېلىنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ھاجەت چۈشىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل جەرياندا كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ قويۇش... بۇ ناھايىتى مۇھىم... شۇنداق بولغاندا مەسىلە ئاللىقاچان ھەل بولۇشى مۇمكىن.» بىراق، خەلق ئارىسىدىكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بىرلا پارتلىسا يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى. كۆپ سانلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرى توقۇنۇش چوقۇم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا توسۇلۇشى كېرەك، دەپ قارايتتى. تامبو مبېكى ئىنكاتانىڭ يەرلىك رەھبەرلىرى بىلەن ئىزچىل ھالدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشاتتى. ئىككى تەرەپ 1979 - يىلى ئادا - جۇدا بولۇشقاندىن كېيىن 9 - ئايدا تۇنجى قېتىم كۆرۈشتى. مبېكى ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى تۈز يولغا كىرگەندىن كېيىن ماندېلانىڭ بۇتىلېزى بىلەن كۆرۈشكىنى ياخشى، دەپ قارايتتى. ئاقىۋەتتە مبېكىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئىككى تەرەپ ئاخىر بىردەكلىك ھاسىل قىلدى.

قىرغىنچىلىق يەنىلا داۋاملاشماقتا، ھەتتا ئىچكى ئۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا ئىدى. بىراق، غەيرىي ھېسابلانغىنى ساقچىلار توقۇنۇشقا ئارىلىشىشقا ئالدىرىمايۋاتقاندەك قىلاتتى. خەلقئارالىق ئالاھىدە ھەرىكەت تەشكىلاتى دوكلات بېرىپ: «خەلقئالەم ئالدىدا زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرى توختىماستىن يۈز بېرىپ تۇرماقتا، بىراق ھەر دائىم نەق مەيداندا تۇرغان ساقچىلارمۇ زەربە بېرىشكە قاتنىشىپ كەتمەكتە» دېدى. 1990 -

يىلى 7 ـ ئايدا بۇتىلېزى ئىنكاتا لىبېرالىستلار پارتىيەسىنى قۇردى. زۇلۇ پارتىيەسى دۆلەتنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە نامايان بولۇشقا باشلىدى. زوراۋانلىق كۈرىشى بارغانسېرى ئەۋجگە چىقتى. بۇتىلېزى: «بىز ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە ئۇنىڭ شېرىكى جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بارلىق رىقابەتچىلىرىنى يېڭىپ، جەنۇبىي ئافرىقىدا ئۆزى يالغۇز ھاكىمىيەت سۈرۈشكە يول قويمايمىز» دېدى. ئىنكاتا لىبېرالىستلار پارتىيەسى قۇرۇلۇپ توققۇز ئاي بولار ـ بولماي ئەزا سانى 300 مىڭغا يەتتى، ئارقىدىنلا ئەزا سانى تېزلىك بىلەن ئېشىپ 1 مىليون 800 مىڭغا يەتتى. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي ترانسىۋال رايونىدا سىياسىي قىرغىنچىلىق يۈز بەردى. پرېتورىيە ئەتراپىدىكى ۋېتۋوستراند ۋە فۇلىنسىن رايونلىرىدا ئەھۋال ئەڭ ئېغىر بولدى. ئەمەلىي ئەھۋالغا ۋە ياراشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، كەلگۈسى ئۈچ يىلدا بۇ بىرنەچچە رايوندا جەمئىي 4750 ئالتە ئادەم «سىياسىيغا مۇناسىۋەتلىك زوراۋانلىق ۋەقەلىرى»دە ئۆلگەندى. كىشىلەرنىڭ بۇ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئىنكاتا لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ قارا نىيىتى بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشى بەكمۇ تەس ئىدى.

قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ زۇلۇ ئىشچىلىرى ئۈچۈن تەمىنلىگەن بويتاقلار ياتىقى زوراۋانلىققا پارنىك بولۇپ بەردى. 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، يوھاننىسبۇرگنىڭ جەنۇبىدىكى سېبىكىندا ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق ۋەقەسى يۈز بەردى. نەچچە يۈزلىگەن زۇلۇ ئىشچىلىرى بويتاقلار ياتىقىدىن چىقىپ مىنىبۇسقا ئولتۇرۇپ چوڭ كۆلەملىك نامايىشقا قاتنىشىشقا تەييارلاندى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى خەتەر يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى ئالدىنئالا پەرەز قىلىپ قانۇن تەرتىپ مىنىستىرى ئادرىيان فىلوۋكقا خەۋەر يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇ، بۇ ۋەقەگە ھېچقانداق ۋاستە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوللانمىدى. ئاقىۋەتتە جەمئىي 30 ئادەم بۇ قانلىق ۋەقەدە ھاياتىدىن ئايرىلدى. بەختىسىزلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ماندېلا شۇ كۈنى سىبېكىنغا يېتىپ كېلىپ جەسەت ساقلاش ئۆيىدىكى چانىلىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن جەسەتلەرنى كۆردى. ئۇ، بۇ ئىشنى بۇتىلېزىدىن كۆرمەستىن دى كلېركقا نېمە ئۈچۈن بۇ ئىش ئۈچۈن ھەرىكەت قوللانمىغانلىقىغا سوئال قويغان بولسىمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىدى.

بۇ ۋەھشىيانە قانلىق ۋەقەلەر تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ داۋاملىشىشىغا دەخلى قىلىش ئۈچۈن ھەر قېتىمدا ناھايىتى ھالقىلىق پەيتتە يۈز بېرەتتى. 8 ـ ئايدا ماندېلا دى كلېرك بىلەن «پرېتورىيە يىغىن خاتىرىسى» ئىمزالاپ ئۈچ كۈندىن كېيىن دېرانسۋا قارا تەنلىكلەر رايونىدا يېڭى بىر مەيدان زوراۋانلىق ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بىر ئاينىڭ ئىچىدە 1000 نەپەر قارا تەنلىك ھاياتىدىن ئايرىلدى. قىرغىنچىلىق ۋەقەلىرى سەۋەبلىك ھۆكۈمەت بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈۋاتقان ماندېلاغا بولغان ئىشەنچ يوقالدى. ناھايىتى ئېنىقكى، ماندېلانىڭ زوراۋانلىقنى توسۇشقا قۇربى يەتمەيتتى. ئاق تەنلىكلەر بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ «قارا تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىكلەرگە قارشى تۇرۇش» زوراۋانلىق ۋەقەسى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسنىڭ سىياسەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقى يوقلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ، دېدى. ئەمدىلىكتە، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆپلىگەن رەھبەرلىرىنىڭ نەزىرىدە بۇتىلېزى دى كلېركتىنمۇ خەتەرلىك دۈشمەنگە ئايلىنىدىغاندەك تۇراتتى.

قوراللىق لۈكچەكلەر سوۋېتو بىلەن يوھاننېسبۇرگ ئارىسىدا قاتنايدىغان لىق قارا تەنلىك ئولتۇرغان يولۇچىلار پويىزغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىدە ساقچىلار ئامالسىز قالدى. ئوق ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بىر توپ قوراللىق باندىتلار ۋاگونلارغا بۆسۈپ

كىرىپ 26 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، 100دىن ئارتۇق ئادەمنى يارىلاندۇردى. كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە 572 ئادەم پويىزدىكى زوراۋانلىق ۋەقەسىدە ھاياتىدىن ئايرىلدى. ھەقىقىي ئەھۋالغا ۋە ياراشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ زوراۋانلىق ۋەقەلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇلىيەت ساقچىلار ۋە ئارمىيەنىڭ زىممىسىدە ئىدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ توختىماستىن ئۆلغىيىۋاتقان زوراۋانلىق ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى سىياسىتى «ئۆزىنى قوغداش ئەترىتى» قۇرۇش ئىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بۇ باياناتنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنى قوغداش ئەترىتى مەھەللىلەرنى ئاساس قىلىپ «خەلقنىڭ ئۆزىنى قوغداپ، ھۇجۇمغا ئۇچراشتىن ئامان قېلىش تەلىپى» گە ماسلاشتى، دېدى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە قورال ـ ياراغ سېتىشقا يول قويىدى. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرسى ھېسابلانغان رونىي كاسلىرىس مەسئۇل بولدى. ئۆزىنى قوغداش مەقسىتىدە تەشكىللەنگەن «ئۆزىنى قوغداش ئەترىتى» ئۇنۇملۇك باشقۇرۇلمىدى. كېيىن كاسلىرىس چۈشەنچە بېرىپ: «بۇ ئالاھىدە دەۋردىكى ئالاھىدە ئۇسۇل، ئەھۋال بەكلا قالايمىقان» دېدى. ھەقىقىي ئەھۋالغا ۋە ياراشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ كېيىنكى چاغدىكى دوكلاتىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى «ئۆزىنى قوغداش ئەترىتىنى تەشكىللەپ قوراللاندۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار دۆلەت ئىچىدە توختىماستىن زورىيىۋاتقان زوراۋانلىق ۋەقەلىرىگە قىسمەن ھالەتتە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك» دېدى.

ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ ھۆكۈمگە بارا ـ بارا ئىشىنىشكە باشلىدى. بۇ قانلىق ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرى يالغۇزلا ئىنكاتانىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى. بىخەتەرلىك ئاخبارات

www.uyghurkitap.com

قىسىملىرى ئىچكى جەھەتتىن ماندېلانىڭ ھۆكۈمەت بىلەن بولغان تىنچلىق سۆھبىتىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇپ، ماندېلا تەرىپىدىن «ئۈچىنچى خىل كۈچ» دەپ ئاتالدى (ماندېلانىڭ بۇ يەردە تىلغا ئالغىنى بىر قەدەر ئەركىن، ئۈنچىۋالا رەسمىي بولمىغان تەشكىلىي شەكىل ئىدى). ئۇ قوراللىق كۈرەشتىن ۋاز كېچىش ــ كەچمەسلىكتە بارغانسېرى بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى. 9 ــ ئايدىكى بىر قېتىملىق مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قوراللىق كۈرەشتىن ئىبارەت بۇ ۋاستىنى قايتا تېپىۋالمىسا بولمايدىغانلىقىدەك مۇمكىنچىلىكنى ئېيتتى. 10 ــ ئايدا ماندېلا دى كلېركنى ئاگاھلاندۇرۇپ «پىرېزىدېنت مەھكىمىسى دائىرىسىدە قوش نىشانلىق بىر خىل كۈچىنىڭ بارلىقىنى» ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە، 1990 ــ يىلى 1 ــ ئايدىن ئىلگىرى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ماگنۇس مارىن دۆلەت مۇداپىئە قوشۇنىدا «خەلق ئىشلىرى ھەمكارلىق ئىدارىسى» نامىدىكى ئاۋۋېئىرچە مەخپىي قەستلەپ ئۆلتۈرۈش تەشكىلاتى بارلىقىدىن دى كلېركنى ئاگاھلاندۇرغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دى كلېرك باش سوتچى لۇيىس خامىسنى تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرغان، لۇيىس خامىس شۇ يىلى 11 ــ ئايدا دى كلېركقا تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى دوكلات قىلغانىدى. بىراق، ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇمۇ بىر قېتىملىق ئەنسىزلىكنى ئەمىن قىلىپ كۆرسىتىش ھېسابلىناتتى. پرېتورىيەنىڭ چېتىگە جايلاشقان فراكپاراس قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن سادىر بولغان بارلىق دېلولار يوقىتىۋېتىلدى. بىراق، كېيىن بۇ ئىشلارنىڭ راستلا يۈز بەرگەنلىكى ئىسپاتلاندى. 11 ــ ئاينىڭ ئاخىرىدا ماندېلا ئاخبارات ئورگىنى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان شۇ قېتىملىق «ئۆز خەلقىمىزنى قىرغىن قىلىش» ۋەقەسىنى ئەيىبلىدى.

ماندېلا بىلەن دى كلېرك ئارىسىدىكى دەز بارغانسېرى يوغىناپ كەتتى. ماندېلا دى كلېركقا پات ــ پاتلا تېلېفون قىلىپ جاۋاب

تەلەپ قىلاتتى. بىراق، قارشى تەرەپنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە دائىم ئىشەنمەيتتى. ماندېلانى تېخىمۇ بىئارام قىلغىنى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ سىسۇلۇ ۋە باشقىلارنىڭ قارشىلىقىنى پەرۋايىغا ئالماستىن، دى كلېركنى «دۇرۇس ئادەم» دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ بۇ ھالدىن رادىكال كۈچلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. سىسۇلۇ: «ئەگەر ئۇ ساتقۇنلۇق ھېس قىلسا، ئۇنىڭ ئىشەنچىگە قايتا ئېرىشىمىكى بەكمۇ تەس» دېدى. ماندېلاغا سېلىشتۇرغاندا سىسۇلۇ دى كلېركنىڭ قىلمىشىدىن غەيرىيلىك ھېس قىلمىدى. چۈنكى، سىسۇلۇ ئىزچىل ھالدا دى كلېركنى دۆلەت دېموكراتىيە پارتىيەسىنىڭ سۈيىقەستلىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ بىلەتتى. بىراق، ماندېلا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئىلگىرى دى كلېركنى ئېتىراپ قىلغانىدى، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىنى يىغىشتۇرۇۋالمىسا بولمايتتى.

دى كلېرك تېخىچە بۇتېلېزىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئارقىلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن قارشىلىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، دى كلېرك بارا ـ بارا بۇتېلېزىنىڭ ناھايىتى ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىتتىپاقداش ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ سېپى ئۆزىدىن «زىددىيەتلىك شەخس» ئىدى. دىپلوماتىيە مىنىستىرى پىك بوتا بۇتېلېزى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ھەددىدىن زىيادە تەرسا، ئۇنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقى ئادەمنىڭ بەكلا ئىچىنى سىقىدۇ. بۇتېلېزى بىزگە ئاز بولمىغان ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بەردى. ئۇ ياۋروپالىقلارنىڭ ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ماختىشىغا كۆنۈپ قالغان.»

ھەقىقەتەن، بۇتېلېزىنىڭ سىياسىي قارا نىيىتى چەت ئەلدىكى ئوڭ قانات كۈچلەرنىڭ ئۇچۇق ـ ئاشكارا ئىلھاملاندۇرۇشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. ئامېرىكا ئەنئەنە فوند جەمئىيىتى ۋە كوممۇنىزمغا قارشى باشقا تەشكىللەر بۇتېلېزىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەجەللىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۈشمىنى دەپ قارىدى. گېرمانىيە كانىراد ئادنا فوند جەمئىيىتى ۋە باشقا باي سودىگەرلەرمۇ بۇتىلىزىنى قوللىدى. 1990 ـ يىلى يىل بېشىدا، ساچىر خانىم ئەنگلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ تەكلىپىگە قارىماستىن، بۇتىلىزى بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ، ئۇنى ماختاپ «جەنۇبىي ئافرىقا زوراۋانلىق قوزغىلىڭىنىڭ مۇستەھكەم قارشى تۇرغۇچىسى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بولسا ئىزچىل ھالدا ماركسىزم ئىنقىلابىنى قوللايدۇ» دېدى. بىراق، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇلارغا تۇتقان سىياسىتى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ساچىر خانىم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قەبىلىۋى ئىتتىپاق شەكلىگە، زۇلۇ ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىغا مايىل ئىدى. بىراق، ئەنگلىيەلىك ئوڭچىلار بۆلۈپ ئىدارە قىلىش تېپىدىكىگە، جەڭ مەزگىلىدىكىگە ئوخشاش مۇداپىئە سىياسىتىگە مايىل ئىدى.

1991 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ماندېلا تۈرمىدىن چىقىپ بىر يىلدىن كېيىن ئاخىر بۇتىلىزى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئافرىقىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، بۇتىلىزى ماندېلانى پېشقەدەم ھېسابلاپ، ئۇنى قەبىلە باشلىقى ئورنىدا ھۆرمەتلىدى. ئىككىيلەن دۇربان خان جەمەتى مېھمانسارىيىدا سەككىز سائەت مۇڭداشتى. ئىككى تەرەپ تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، «قىرغىنچىلىق شەكلى بىلەن ئالاقىلىشىش»نى توختىتىشقا، بىرلىكتە نازارەت قىلىش كومىتېتى قۇرۇشقا قوشۇلدى. بىراق، ئىنكاتا «توختامغا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئەزەلدىن ئازراقمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقمىدى.» 1991 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى ئۈچ ئايدا يەنە 400 ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى دۇربان يىغىنىدىن كېيىن يۈز بەردى. ئىنكاتانىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە بولغان زەربىسى بارا ـ بارا قانلىق ئۆچ ئېلىش دەرىجىسىگە يېتىپ باردى. ئىككى تەرەپ ئەسەبىيلەرچە ئۆچ ئېلىشقا ئۆتتى. ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتى

كېيىنكى ھۆكۈمدە كۋارۇلۇناتال رايونى ۋە ئاۋران ئەركىن ئىشتاتىدا يۈز بەرگەن 1000دىن ئارتۇق ئۆلۈم ۋەقەسىنىڭ ھەممىسى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بىراق ئىنكاتانىڭ قولىدا 4000 غا يېقىن كىشىنىڭ خۇنى بار، دېدى.

ماندېلا بىلەن بۇتىلېزى ئىككىسىنىڭ ئوخشاشلىقلىرى كۆپ ئىدى: ئىككىيلەن قەبىلە باشلىقى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، فورتخاير ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، دۈشمەننى بويسۇندۇرغۇدەك سۆز قابىلىيىتىگە ئىگە ئىدى. بىراق، بۇتىلېزىدا ئارتۇق بولغىنى ئۇ بىر قەبىلىنىڭ باشلىقى ئىدى، زۇلۇ ئەنئەنىسىگە تېخىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرەتتى، سۆزلىگەندىمۇ ناھايىتى ئۆلچەملىك سۆز قىلاتتى. ئۇ ئەزەلدىن دېموكراتىك پارتىيەنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنى پىسەنتىگە ئالمايتتى. چەت ئەلدىكى قوللىغۇچىلىرى ئۇنىڭ قەبىلە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشىنى ئىلھاملاندۇراتتى. بۇتىلېزى بارغانسېرى چۈشەنگىلى بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى، ھەتتا تەلۋىلىك كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. تەنقىدلەرگە ۋە مۇخبىرلارنىڭ ئوبزورلىرىغا دۇچ كەلگەندە بارغانسېرى تېرىكىدىغان بولۇپ كەتتى. مۇخبىرلار ئەمدىلىكتە تىغ ئۇچىنى ئۇنىڭغا قارىتىشقا چۈشتى. ماندېلامۇ ئەمدىلىكتە بارا - بارا بۇتىلېزىنىڭ بىلگىلى بولمايدىغان تۇتۇرۇقسىز مىجەزىگە سەۋر قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىككىيلەننىڭ قىزغىن ھالدا قىلىشقان بىر قېتىملىق سۆھبىتىدىن كېيىن بۇتىلېزى كۋازۇلۇ رايونىغا قايتىپ كەتتى، ئۇ ماندېلانىڭ قەبىلە كىيىمىنى قاتتىق تەنقىدلىدى. ماندېلا ھەممە مەسىلىنى بۇتىلېزىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى يوقلۇقىغا يىغىنچاقلىدى. ماندېلا چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى: ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە قانمىغان. شۇڭا، ئۇ بىر ئۆرۈلۈپلا سىزنىڭ دوست ياكى دۈشمەنلىكىڭىز بىلەن كارى بولمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەمدىلىكتە ماندېلانىڭ

سىسۇلۇ قاتارلىق خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا بۇتىلىزىغا يول قويۇش، ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرماسلىق توغرۇلۇق نەسىھەت قىلدى. 1991 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ماندېلا بۇتىلىزى بىلەن قايتا كۆرۈشتى. ماندېلا بۇتىلىزىنى ھۆكۈمەتنىڭ يەڭ ئىچىدە نېگىرلارنى بۆلۈۋېتىش سۇيىقەستىنىڭ بارلىقى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، بۇتىلىزى بۇ گەپكە پەرۋا قىلمىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن بۇتىلىزى ماندېلاغا مەخپىي خەت ئەۋەتتى. ئۇ خېتىدە: «مەن دى كلېرك ئەپەندىنىڭ مەخپىي ئارمىيەنى يامان غەرەزدە باشقۇرۇپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىكلەرنى داۋاملىق باشقۇرۇش غەرىزىدە بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشەنمەيمەن... سىز راستىلا دى كلېرك ئەپەندىگە ۋە جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىگە ئىشەنمەمسىز ...» دېگەنىدى. ماندېلا دى كلېركقا پەقەتلا ئىشەنمەيتتى. ئۇنىڭ ئىشەنمەسلىكى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ماندېلا ئۆز ئەنسىرىشىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى خىزمەتداشلىرىغا ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى دى كلېركقا خەت ئەۋەتىپ، ناۋادا ھۆكۈمەت زوراۋانلىق ۋەقەسىگە چېتىشلىق مىنىستىر ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلمىسا، ئۆزلىرىنىڭ سۆھبەتتىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقى توغرۇلۇق تەھدىت سالدى. دى كلېرك ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تەشەببۇسىنى رەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى سۆھبەتنى توختاتقانلىقىنى، ھەمدە چوڭ كۆلەملىك ھەرىكەتكە ئۆتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ھەرىكەت ئاخىرىدا چوڭ كۆلەملىك ئىش تاشلاشقا ئۆزگەردى. نەتىجىدە دى كلېرك زوراۋانلىق ۋەقەسى توغرۇلۇق يىغىن ئاچماقچى بولغان بولسىمۇ، ماندېلا بۇ يىغىنغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. ئۇ دى كلېركنىڭ باشتىلا زوراۋانلىقنى قانداق تىزگىنلەشنى بىلمىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭغا نىسبەتەن، دى كلېرك كېيىن نارازى بولۇپ: «كۆپلىگەن

ئىنقىلابچىلارغا ئوخشاش، ماندېلامۇ خىيالىي دۇنيادا ياشاپ، هوقۇق تۇتقانلار قولىدىكى هوقۇقنى تايىنىپ ئۆزىنىڭ ھەرقانداق مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، دەپ قارىماقتا» دەيدۇ.

قارىماققا، ماندېلا «نېگىرلارنىڭ نېگىرلارغا قارشى چىقىشى» زوراۋانلىق ھەرىكىتىگە ئىلاجسىز قالغاندەك تۇراتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ چەت ئەلدىكى ئوبرازىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى. 1990 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ مۇخبىرى شوئېن جونسون مۇنداق يازدى: «ماندېلانىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى نىجاتكارلىق ئوبرازى كەلمەسكە كەتتى.» جەنۇبىي ئافرىقا «سودا گېزىتى» دە مۇنداق دېيىلدى: «بىچارە ماندېلا، ئۇ ئېيتقان ھەربىر ئېغىز سۆز خاتا چۈشىنىلدى. بىراق، ئۇنىڭ چوقۇم نەزىرىدە تۇتۇشى كېرەك بولغان سىياسىي مەيدانى ۋە ئۇنىڭ ئىزچىل ھالدا تۇرۇپ كەلگەن ئاجىز ئورنى ئېتىبارغا ئېلىنمىدى.» بۇنىڭ ئەكسىچە، دى كلېركنىڭ چەت ئەلدىكى ئابرۇيى بارغانسېرى ئۆسمەكتە ئىدى. سىياسىيون ستېفىن ئەلىسنىڭ كېيىنكى كۆنلەردىكى پەرىزىگە ئاساسەن: «دى كلېركنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى 50 يىلدىن بېرى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان جەنۇبىي ئافرىقا رەھبەرلىرىنىڭ ھەرقاندىقىدىن ئېشىپ كەتتى.» ھەممە نەرسە دى كلېركنىڭ قولىدىدەك تۇراتتى. 1991 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دى كلېرك غەلىبىلىك ھالدا ياۋروپانى زىيارەت قىلدى ۋە ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ئارقىلىق چەت ئەل سودىگەرلىرىنى قايتىدىن مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلغانلىقىنى، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قايتىدىن مەدەنىي دۇنياغا قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. ئەنگلىيە «مۇھاپىزەت گېزىتى»نىڭ پېشقەدەم ۋاستىچىسى پېشقەدەم ياڭ يۈگو: «قارا تەنلىكلەرنىڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى دى كلېركقا ئوخشاش ئىقتىدارلىق رەھبەر» دەپ يازدى.

جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بەزى جۇرنەلىك «ئېقىمدىن سىرت» تاراتقۇلىرى، بولۇپمۇ ئاق تەنلىكلەر ژۇرنىلى ھېسابلانغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ئەركىنلىك ھەپتىلىك ژۇرنىلى»دا، مەخپىي قەستلەشكە ئائىت خەۋەرلەر بارغانسېرى كۆپ تارقىتىلدى. 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قاتتىق مەيۇسلەنگەن سابىق ھەربىي ئىشلار ئاخبارات ئەمەلدارى، پولكوۋنىك نىك باسىن ئۆزىنىڭ ئالدىنقى غوجايىنىنىڭ كونا ھېيلىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئەينى چاغدا نامبىيەگە قارشى تۇرغىنىغا ئوخشاش زوراۋانلىق ۋە ئىپلاس ۋاستىلەر ئارقىلىق قارا تەنلىكلەرنىڭ قارشىلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭ ئارقىسىدىكى باش پىلانلىغۇچى دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى كات لېبېنبۇرگ ئىدى.

باسىننىڭ شىكايىتىنىڭ راستلىقى توغرۇلۇق ھېچبىر ئىسپات بولمىسىمۇ، 1991 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ۋەقەنىڭ ھەقىقىتىدە چوڭ بۆسۈش يۈز بەردى. «مۇھاپىزەت گېزىتى»نىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى داۋىد بېللىسفورد بىر سابىق مەخپىي ساقچىلارنى باشقۇرۇش ئورنىدىن بىر تۈركۈم ھۆججەتلەرگە ئېرىشتى. ھۆججەتلەردىن ساقچى تەرەپ ئىزچىل ھالدا دۆرباندىكى مەخپىي بانكا ھېساباتى ئارقىلىق ئىنكاتانى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەنلىكى، بۇ ئىشلاردىن بۇتېلېزىنىڭ پۈتۈنلەي خەۋەردار ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. «مۇھاپىزەت گېزىتى» ۋە يوھاننىسبۇرگ «ھەپتىلىك پوچتا گېزىتى» بىرلىكتە بۇ ئىشنى ئاشكارىلاشقا كىرىشتى. 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «ھەپتىلىك پوچتا گېزىتى» باسقان «ئىنكاتانىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە تاقابىل تۇرۇشىغا ساقچى تەرەپ پۇل چىقارغان» دېگەن تېمىدىكى خەۋەر كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرى ئاندىرىئان فلوك خەۋەرنىڭ راستلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلاندى. ئون كۈندىن كېيىن دى كلېرك فلوك بىلەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ماگنۇس مارنىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىچكى كابىنېتتىكى ئورنىنى ساقلاپ قالدى. كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە «ھەپتىلىك پوچتا گېزىتى»

دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ ئىنكاتا ئۇچۇن قاتىل تەربىيەلەپ بەرگەنلىكىگە ئائىت كۆپلىگەن خەۋەرلەرنى ئاشكارىلىدى.

ئىشنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ماندېلانىڭ «ئۇچىنچى خىل كۈچ» ھەققىدىكى بارلىق پەرەزلىرى ئىسپاتلىنىشقا باشلىدى. دى كلېركنىڭ نوپۇزى تۆۋەنلەپ كەتتى. كېيىن ھوشىنى تاپقان دى كلېرك ئاخىر «مەخپىي قىسىم ئىچىدىكى بەزى ئادەملەر ياكى ئىشلارنىڭ پۈتكۈل ۋەقەنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى كېچىكتۈرۈۋەتكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى.» ئىككى ھەپتىدىن كېيىن دى كلېرك باش سوتچى رېچاد گېدىستون باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى تەشكىللىدى. بىر قەدەر ئۇزاق بولغان ماسلىشىش دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن تەكشۈرۈش ئۆمىكى توغرا يولغا كىردى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ تىرىشچانلىقى ئاستىدا تېخىمۇ ئېغىر بولغان سۇيىقەستلەر ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشقا باشلىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى چوڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قوزغاش ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆز ئەۋزەللىكىنى كېڭەيتمەكچى بولدى. بىراق، ماندېلا تېخىچە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزمەكچى ئىدى. بىراق، جەنۇبىي ئافرىقا دىنىي جەمئىيىتى ۋە سودا ساھەسىدىكىلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ يارىشىپ قېلىشىنى تەلەپ قىلدى.

1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مەملىكەتلىك تىنچلىق يىغىنى يوھاننىسبۇرگنىڭ كالتون مېھمانخانىسىدا ئېچىلدى. دى كلېرك، ماندېلا، بۇتىلېزى قاتارلىق ئۈچ كاتتىباشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 24 سىياسىي تەشكىلات يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن ۋەزىيىتى ناھايىتى جىددىي بولدى. ئىنكاتانىڭ نەچچە يۈزلىگەن قوللىغۇچىلىرى «ئەنئەنىۋى قورال» لىرىنى ئېسىپ، مېھمانخانا ئالدىدا ھەيۋە كۆرسەتتى. ئۇلار قالقانلىرىنى ئوينىتىپ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ سۈرەن سېلىشاتتى. بىراق، ساقچىلار بۇ ئىشقا ئېتىبار بەرمىدى. يىغىنغا قاتناشقۇچى تەرەپ ئاخىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماقۇللۇق ئاساسىدا «مەملىكەتلىك تىنچلىق كېلىشىمى»گە ئىمزا قويدى. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ھەرقايسى تەرەپ «ئاكتىپ ھالدا كەڭ قورساقلىق بىلەن دېموكراتىيە يۈرگۈزۈشتەك سىياسىي ئاتموسفېرا بەرپا قىلىشقا كۆچەش، تەھدىت سېلىپ ھەيۋە قىلىشنى توختىتىش، شۇنداقلا ھەرقانداق سىياسىي يىغىندا قورال ساقلىماسلىق، قورال ئېلىپ كىرمەسلىك ياكى قورال چىقارماسلىق»قا ۋەدە بەردى. بىراق، يىغىن مەيدانى سىرتىدىكى خالىغان ۋاقىتتا جەڭگە تەييارلىق كۆرۈش ھالىتىدىكى ئاما كەيپى ئۆچقان ھالدا ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى تېلېۋىزوردا بىۋاسىتە تارقىتىلغان مۇخبىرلارنى كۆتۈۋېلىش يىغىنىدا ماندېلا دى كلېركنى سىرتتا توپلىشىۋالغان ئاممىنى تارقىتىۋەتمىدى، دەپ قاتتىق ئەيىبلىدى. بىراق، بۇتىلىزى بولسا ماندېلا ۋە دى كلېرك بىلەن قول ئېلىشىپ رەسىمگە چۈشۈشنى رەت قىلدى. قىرغىنچىلىق يەنە داۋام قىلماقتا ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۈچ قېتىملىق چوڭ كۆلەملىك قوراللىق ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. ماندېلا بىلەن دى كلېرك يەنە مەخپىي ھالدا يۈز كۆرۈشەتتى. بىراق، دى كلېرك ئاللىقاچان ئىشەنگىلى بولمايدىغان ھالدا ئىدى. 1991 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ھارارىيدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسى باشلىقلىرى يىغىنىدا ماندېلا دى كلېركنى «ئىلگىرىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالدى» دېدى، شۇنداقلا «بىز بەلكىم ھەددىدىن زىيادە ساددا بولۇشىمىز مۇمكىن دەپ ئۆزىنى ئېتىراپ قىلدى.»

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يىلدا قەستلەش ۋە قاتىللىققا مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ دەلىل ـ ئىسپاتلار ئوتتۇرىغا چىقتى. 1992 ـ يىلى 11 ـ ئايدا باش سوتچى گېدىستون مەخپىي ئارمىيەنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا ئالاقىدار مەلۇماتلارغا ئېرىشتى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا گېنېرال پېئېر ستەيىن دى كلېركقا ھەربىي ئارمىيەنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ

قىلمىشلىرىغا مەخپىي ھالدا زەربە بەرگەنلىكىنى ۋە توسقۇنلۇق قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئەينى يىلىدىكى پويىزدىكى قىرغىنچىلىق ۋەقەسىگە قاتناشقانلىق مۇمكىنچىلىكىنى دوكلات قىلدى. بۇنىڭ ئۇچۇن دى كلېرك ئالتە نەپەر ئەمەلدارنى تەيىنلىدى. بىراق، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە ستەيىن دوكلاتىغا چېتىشلىق ئۇچ نەپەر گېنېرالنىڭ ئۇستىدىن بۇ ئىش توغرۇلۇق تەكشۈردى. دى كلېركىنىڭ بۇ ئىشىغا كېيىن ھەقىقىي ئەھۋال ۋە ياراشتۇرۇش كومىتېتى تەرىپىدىن «ئېغىر ھۆكۈم قىلىش خاتالىقى» دەپ باھا بېرىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇچىنچى خىل كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ دەلىل - ئىسپاتلار بارا - بارا ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. مەسىلەن، ھەربىي ئارمىيەنىڭ ئىنكاتا ئۇچۇن مەخپىي ھالدا قاتىل تەربىيەلەپ بەرگەنلىكى، ساقچى تەرەپنىڭ سېبكىندىكى قىرغىنچىلىقنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ، قەبىلىلەر ئارا كۈرەشكە ئىلھام بەرگەنلىكى قاتارلىقلارنى قانداق مەخپىي تۇتۇشقانلىقى ئىدى. بىراق، بۇلار پەقەتلا مەسىلىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. 1998 - يىلى ھەقىقىي ئەھۋال ۋە ياراشتۇرۇش كومىتېتى دوكلاتىدا ئۆزىنىڭ «1990 - يىللاردا يۈز بەرگەن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى قۇترىتىشنى پاش قىلىش جەھەتلەردە ھېچقانداق چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمىگەنلىكى»نى ئېيتتى. ھەقىقىي ئەھۋال ۋە ياراشتۇرۇش كومىتېتى مەركىزىي تەشكىلاتىنىڭ تۇتاش خاراكتېرلىك ياكى رەسمىي تەشكىل ھالىتىدىكى ئۇچىنچى خىل كۈچنى ئازراقمۇ بايقىمىدى. ئۇلار بىخەتەرلىك جاسۇسى ياكى سابىق بىخەتەرلىك جاسۇسىدىن تەشكىل تاپقان تورنى بايقىدى. بۇ تور ئىنكاتا لىبېرالىستلار پارتىيەسىدىكى ئوڭچىلار بىلەن سولچىلارنى قول تۇتىشىپ، ئۇلارنى خالىغان پەيتتە يۈز بېرىدىغان ياكى قاراتمىلىق خاراكتېردىكى قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى قاتارلىق ئىنسانىي ھوقۇقۇقا تاجاۋۇز قىلىدىغان ھەرىكەتلەرگە

قاتناشتۇراتتى.

ئاھايىتى ئېنىقكى، ھەربىي ئەمەلدارنىڭ ۋە ساقچىلار ئارىسىدىكى يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىنىڭ قارا تەنلىكلەرنىڭ قارشىلىقىنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قوزغاش جەھەتتە ئۆز ئالدىغا پىلانى بار ئىدى. بۇ پىلاننىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان نەيرىڭى 1980 ـ يىللاردا قوشنا دۆلەتلەرنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن قاتىللىق سىم قامچىسى ئىدى. 1992 ـ يىلىدىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان بېسىمى ئاستىدا كۆپلىگەن يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى ئۇنۇملۇك ھالدىكى شەخسلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇلار قورال ـ ياراغلىرىنى ياكى دورىلىرىنى، بەزىدە ھەتتا جىنايەتكار شېرىكلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى سېتىش ئارقىلىق مەبلەغ يۇرۇشتۇرۇشنى روياپقا چىقاردى. ئاساسلىق پارتىيەلەر ئارىسىدا تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ چىرىكلىك تورىنى قۇرۇشتى. بۇ تورلار بارا ـ بارا جىنايى قىلمىشلارنى مەيدانغا چىقىرىدىغان پارنىكقا ۋە كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە ماندىلانىڭ بېشىنى ئەڭ ئاغرىتىدىغان مەسىلىگە ئايلاندى.

# 31. خەير ـ خوش ۋىننى

ماندېلا ئەركىنلىككە ئېرىشىپ دەسلەپكى ئىككى يىلدا كۆپ قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. توختىماستىن يۈز بېرىۋاتقان زوراۋانلىق ۋەقەلىرى ئالدىدا ئۇ بىر ئاز ئامالسىز قالدى. زوراۋانلىق ۋەقەلىرىدە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق دەۋرىدىكى ھەرقانداق بىر يىلدىكىدىنمۇ كۆپ بولدى. بۇ بوۋاي بۇ دۆلەتنى يېتەكلەپ يېڭى دەۋرگە ئېلىپ كىرىش جەريانىدا بىر ئاز ھالسىراپ، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانى يوق بولۇپ قالدى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر بېسىم ئېلىپ كېلىۋاتقىنى بارا ـ بارا ئاشكارىلىنىۋاتقان ئائىلە كىرىزىسى ئىدى.

ماندېلا جامائەت سورۇنلىرىدا پەيدا بولغان ياكى چەت ئەلگە زىيارەتكە چىققان ھەرقانداق چاغدا، ئۇنىڭ يېنىدا ۋىنىنىدىن ئىبارەت بۇ مۇكەممەل ھەمراھ ھەرقاچان كەم بولمايتتى. 50تىن ئاشقان ۋىننى يەنىلا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ تېخىچە نەزىرى ئۆتكۈر ئىدى؛ كىشىگە ئىللىقلىق ئاتا قىلاتتى. گەرچە ستومپېينى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قارا تەنلىكلەر كۆرىشىدىكى ئابرۇيى ھەرگىزمۇ ماندېلادىن قېلىشمايتتى. شۇنداق بولۇپلا قالماي، ۋىننى يەنە تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى ــ ياشلارنى، رادىكال كۈچلەرنى، جەمئىيەتنىڭ چەت ـ يىراق جايلىرىدا ياشايدىغان ئۆي ـ ماكانسىز كىشىلەرنى ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىدىكى شەخسلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايتتى. ئەر ـ ئايال ئىككىسىدىن ۋىننى تېخىمۇ زور چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ئىدى. قارىماققا بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر جۈپ چولپان ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنى قوللايتتى. ۋىننى ماندېلانى سىياسىي ساھەدىكى دوستلىرىغا ئۇستىلىق بىلەن تونۇشتۇراتتى. ماندېلامۇ ۋىننىغا ھەددىدىن زىيادە كۆڭۈل بۆلەتتى. ماندېلا تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكى پۈتۈنلەي ۋىننىغا يۈكلەندى. ماندېلانىڭ ئىشلىرىغا چېتىلىپ قالغان ۋىننى يەنە سىياسىي زىيانكەشلىككىلەرگىمۇ ئۇچرىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ماندېلا بەكمۇ خىجالەتتە ئىدى. شۇنداقلا ۋىننىغا ياردەم قولىنى سۇنغان كىشىلەرگە نىسبەتەن قەلبىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتى.

بىراق، رېئاللىقنىڭ كەيىندىكى ھەقىقىي ئەھۋالىنى پەقەتلا ئۇلارنىڭ ئاز ساندىكى دوستلىرىلا بىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ماندېلا 1996 ـ يىلى نىكاھ ئىشلىرى سوتچىسىغا ئېيتقىنىدەك، ماندېلا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن «ۋىننى ئەزەلدىن مەن ئويغاق چاغدا ھۇجرامغا دەسسەپ باقمىدى.» ماندېلا ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مەخپىي ئىشلار ۋە شەخسىي مەسىلىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ سوتچىغا: «بىراق، ئۇ ھەردائىم مېنى رەت قىلىدۇ. ۋىننى تىركىشىشتىن ۋە ئىختىلاپتىن قورقىدىغان ئايال» دېدى ئۇلارنىڭ قىزى زىندزىمۇ بۇنى تەستىقلاپ: «ئۇلارنىڭ ياخشىلىقچە سۆزلىشىشىگە ئامال يوق. دادام تۈرمىدىن چىققان شۇ كۈندىن باشلاپ، بىز پۈتكۈل دۇنيانى ئۇنىڭ بىلەن بۆلۈشۈپ بەھرىلىنىشكە مەجبۇر بولدۇق.»

ماندېلانىڭ تۈرمىدىكى خەت ـ چەكلىرىدىن بىز ماندېلانىڭ ئارزۇسىدىكى ۋىننىنى تونۇۋالالايمىز. بىراق، رېئال تۈرمۇشتا ئۇنىڭ ئارزۇسى سۇغا چىلاشتى. ماندېلانىڭ ئاممىۋى ئوبرازى ئۇنىڭ ئائىلىدىكى ئوبرازى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايتتى. فاتىمە مىلنىڭ تەسۋىرلىگىنىگە ئوخشاش: «ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغاندا ئۇلارنىڭ قەلبى تۇتاش ئىدى، بىراق ئاخىر قايتا ئۇچراشقاندا ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ ئاللىقاچان ئۆزىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى.»

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ماندېلا تېخىچە ۋىنىنىنى ياخشى كۆرەتتى؛ دائىم ئۇنىڭغا قارايتتى. سىرتلاردا بولغان چاغدىمۇ دائىم ئۇنىڭغا تېلېفون قىلاتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارسىڭىز، سىز دائىم ئۇ ئىككىسىنىڭ بىللە ئىكەنلىكىنى، ئالاھىدە چوڭ تىپتىكى كارنىۋىتىدا بىللە ئولتۇرغانلىقىنى، نەۋرىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيسىز. فاتىمە ماندېلا ھەققىدە مۇنداق دەيتتى: «ماندېلا ۋىنىنىنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشىغا بەكمۇ ئىنتىزار ئىدى؛ ئۇ ۋىنىنىنى سۆيۈشكە ئىنتىزار ئىدى؛ شۇنداقلا ۋىنىنىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىگىمۇ ئىنتىزار. ئۇ ئۆيگە قايتىپ بارغىنىدا ۋىنىنىنىڭمۇ ئۆيدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ماندېلا ۋىنىنىنىڭ ئادەتتىكى ئاياللاردەك رول ئالالىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.» بىراق، ۋىنىنى ھەرگىزمۇ تىنچ ئائىلە مۇھىتىدىن رازى ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا باشقا ئەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈشنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

ۋىنىنىنىڭ ساداقەتسىزلىكى تاراتقۇلارغا نىسبەتەن يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. ماندېلا تۈرمىدىن چىقىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، «يۇلتۇز گېزىتى» مۇنداق بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى: «ۋىنىنىنىڭ سالاپەتلىك ئوبرازى يەنە قانچىلىك داۋاملىشىدۇ.» ئەمەلىيەتتە، 1990 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن ئىلگىرى، لوندون «كۈندىلىك ئەينەك گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى سوۋېتودا ماندېلانى زىيارەت قىلغاندا، ماندېلانىڭ ۋىنىنىغا بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتىنى؛ بىراق ماندېلانىڭ قىزغىنلىقىغا سېلىشتۇرغاندا، ۋىنىنىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇق مۇئامىلىسىنى ۋە تاقەتسىزلىكىنى بايقىدى. بىراق، «ھەپتىلىك ئەينەك گېزىتى» پەقەتلا ئۇلارنىڭ خۇشال ـ خۇرام ھالەتتىكى رەسىمىنى ئاممىغا كۆرسەتتى.

ماندېلانىڭ يالغۇز ۋىنىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىلا جىددىي ئەمەس ئىدى. ئۇزاق مەزگىللىك تۈرمە ھاياتى چىقىشقاق

ماندېلانىڭ قەلبىدە ئېگىز قورغان ياسىغانىدى. ئۇ شەخسىي تۇرمۇشىنى پۈتۈنلەي بىر ياققا قايرىپ قويىدى. بۇ ھال رەھبەرلەر ئىچىدىكى ناھايىتى تىپىك بىر مىسال ئىدى: «ئۇ ھەددىدىن زىيادە خۇش پېئىل، شۇنداقلا ھەقىقىي ئۆزىنى كىشىلەر ئالدىدا ئاسانلىقچە ئاشكارىلىمايتتى.» دوستلىرى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە بولغان چاغلاردىمۇ، ئەركىن بولالىشى ناھايىتى تەس ئىدى. ئامىنا كاجالىيە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كىشىلەر بىلەن قانداق ئالاقە قىلىشنى ئالىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. دەسلەپكى چاغلاردا مېنى تۇرمە خادىمى ئورنىدا كۆرۈپ پاراڭلىشاتتى.»

بالىلار ئۇنىڭدىن بەكلا يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. ماندېلانىڭ ئەككىلا كىچىك قىزى ئانىسى بىلەن يېقىن ئىدى. ۋىننى ماندېلا تۇرمىدىن چىقىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن زىندىزىنىڭ ۋىننىغا «بىلەمسىز ئانا، دادام تۇرمىدىكى چاغدا بىز ئەكسىچە تېخىمۇ ئەركىن ئىدۇق. ئۇ چاغدا بىز تېخىمۇ يېقىن ئىدۇق، ئاتا بىلەن قىزدەك پاراڭلىشالايتتۇق. بىراق، ھازىر ھەممە ئىش كەلمەسكە كەتتى» دېگىنىنى ئەسلىيەلەيدۇ. ۋىننى ھەتتا بۇ ئىشنى ئالتە يىلدىن كېيىن ناھايىتى نارازىلىق ئىلكىدە تىلغا ئېلىپ: «بالىلىرىم دادىسىنىڭ ئۆيگە قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتتى. بىراق، ئۇ پەقەتلا قايتىپ كەلمىدى، پەقەتلا ھېسسىيات جەھەتتە قايتىپ كەلدى. ئۇ بىز بىلەن پەقەتلا ئۆيمىدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندەك ھالەتتە پاراڭلىشالمايدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى كۈرەش ئىگىلىۋالغان» دېدى.

ماندېلانىڭ ناتالدا تۇرۇشلۇق 40 ياشتىن ئاشقان چوڭ ئوغلى ماگزاتو تېخىچە ئۆگىنىش سەۋەبلىك دادا ـ بالا ئىككىيلەن ناھايىتى ئاز كۆرۈشەتتى. ئۇنىڭ چوڭ قىزى مىنگى ئۆزىنى ئەزەلدىن ئاتا مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ باقمىدىم، دەپ قارايتتى. شۇنداقلا ئىزچىل ھالدا بۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. ماندېلا قويۇپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى، مىنگى «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، دادىسىنى 1962 ـ

يىلى قەستەن قولغا ئېلىنغان، دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلانىڭ 71 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىدە مىنگى تۇرمىگە ئۇنى يوقلاپ بارغاندا، ئۇ دادىسىدىن قارشىلىقىنىڭ يوقىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ «دادا بولۇش سۈپىتى بىلەن مېنىڭ ئالدىمدا تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئۇچۇق - يورۇق تۇتتى.» 1990 - يىلى مىنگى بوستوندا ئىدى. ماندېلا بوستوندا زىيارەتتە بولغاندا ئۆز قىزىنى ئەمەس، نەۋرىسىنى كۆرگۈسى بارلىقىنى ئېيتتى، مىنگىنىڭ بۇ سۆزدىن قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. بىراق، مىنگى بۇ ئىشنى ۋىنىيدىن كۆرگەنىدى. 1990 - يىلى 10 - ئايدا مىنگى جەنۇبىي ئافرىقىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن دادىسى بىلەن ئاندا - ساندا يۈز كۆرۈشتى. بىراق، ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزى بىلەن قانداق پاراڭلىشىشنى بىلمەيۋاتقانلىقىنى بايقىدى. مىنگى «خەت - چەك ئارقىلىق ئالاقىلىشىش يەنىلا بىر قەدەر ياخشىدەك تۇرىدۇ» دېدى. شۇنىڭغا باقماي، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خەت ئالاقىسىمۇ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بولاتتى. سىلوۋىنىڭ قىزى گىلىئەن مىنگىغا ئوخشاش قارا تەنلىكلەرنى ئازاد قىلىش كۈرىشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلانغان ئاتىلارنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ماندېلا گىلىئەنگە ئۆزىنىڭ مىنگىنى قۇچاقلاشقا تىرىشقانلىقىنى، بىراق مىنگىنىڭ ئۇنى ئىتتىرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. مىنگى ماندېلاغا: «سىز خەلقنىڭ ئاتىسى؛ ھالبۇكى مېنىڭ ئاتام بولۇشقا ۋاقتىڭىز چىقمايدۇ» دېگەنىدى.

ماندېلا ۋىنىنى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاشۇ سەرەڭگە قېپىدەك كونا ئۆيىدە بىرنەچچە ئاي بىللە تۇرغاندىن كېيىن، بېۋفىل تېغىغا جايلاشقان تېخىمۇ چوڭ تۇرالغۇغا كۆچۈپ كەلدى. بېۋفىل تېغىمۇ سوۋېتوغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ تۇرالغۇ تېخىمۇ كەڭرى ئىدى. ۋىنىنى بۇ تۇرالغۇنى ئالايىتەن ياساتقانىدى. يېڭى تۇرالغۇ يەتتە ئېغىز ياتاق ئۆي ۋە 25 ئادەم سىغىدىغان بىر يىغىن

زالىدىن تەشكىل تاپقانىدى. «ئۇنىڭ بۇ يېڭى ئۆيدە قانچىلىك ئەركىن تۇرغىنىغا قاراڭ. بۇنى ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر قوللۇق تەييارلىغانىدى.» ئەمەلىيەتتە، ماندېلا چەكتىن ئاشقان ھەشەمەتكە كۆنەلمەيتتى. ئۆيىنىڭ تەمىنات پۇلى تېزدىنلا ئۇلار ئۈچۈن غايەت زور ئىقتىسادىي بېسىم ئەكەلدى، بولۇپمۇ 1990 - يىلى 10 - ئايدا بىر ئابرۇيپەرەس ساخاۋەتچى ئۇلارغا قىلىدىغان ئىئانىسىنى توختاتقاندىن كېيىن ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى.

ۋىنىنىغا مۇناسىۋەتلىك سەلبىي خەۋەرلەر گېزىتلەردە توختىماستىن تارقىلىشقا باشلىدى. ۋىنىنى دائىم تالڭ سەھەردە دەلدەڭشىگىنىچە ئۆيىگە قايتاتتى. مەست بولۇپ كەتكىنىدىن ھەتتا بىراۋ يۆلىمىسە كارىۋاتقا چىقالمايتتى. بۇ بىر جۈپ چولپان ئەر - خوتۇن تاراتقۇلارنىڭ ۋاستىسىدە پۈتۈن مەملىكەتكە كۈلكە بولۇپ بەردى. فاتىمە مىل «ئۇلار بىر ئۇلۇغ قەھرىماننىڭ بىر پىرىخون سۇپەت ئايال بىلەن قانداقمۇ تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغانلىقى»نى چۈشەنمەيدۇ، دېدى. لوندون «مۇستەقىللىق گېزىتى»دىكى جون كارىن ماندېلا توغرۇلۇق «ئۇ مۇھەببەت تەرىپىدىن كۆزى ئېتىلىپ قالغان سامىرىغا، ياكى كۇشكۇرتۇش سەۋەبلىك ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپلىق قىلغان ماكبىغا ئوخشايدۇ» دېدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرى بارا - بارا تەڭلىكتە قالدى. ئۇلار ۋىنىنىنىڭ سىياسىي چاقىرىق كۈچىنى ياخشى بىلەتتى. بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ماندېلا ۋىنىنىنىڭ ئاددىي خەلقچە تەبىئىتىنى بايقىدى. بىراق، بۇ ھال ماندېلادا كەمچىل ئىدى. تامبو ۋىنىنىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ياشلارنىڭ ۋە ئىشسىز قالغۇچىلارنىڭ ئارىسىنى باغلايدىغان ۋاستە دەپ تونۇيتتى. ئۇ ۋىنىنىنىڭ بەزى رادىكال دوستلىرىنىڭ تېگى - تەكتى ئېنىق ئەمەسلىكىنى بايقىدى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى لاگېرى دەل

مۇشۇنداق ئادەمگە موھتاج ئىدى. ۋىننىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە ئەسەبىي چوقۇنغۇچىلىرىمۇ تامبو مىتىڭىغا ئوخشاش غايىلىك رەھبەرلەر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىدى. فاتىمە مىرنىڭ نەزىرىدە، ماندېلانىڭ نىكاھىغا تەھدىت سالىدىغان ئامىل ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەمەس، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق كۈرىشى ئىدى.

بىراق، سىياسىي سەھنىدىكى بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئۆزى يەڭ ئىچىدە بىلىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىدى. ماندېلانىڭ بىر ياردەمچىسى مۇنداق دېگەنىدى: «ماندېلا ئەر - خوتۇن بىلەن بىللە تاماق يېسىڭىز، ئىككىيلەن ئارىسىدا يۆتكىلىپ تۇرغان يوشۇرۇن كېلىشمىنى ھېس قىلىسىز. ماندېلا قارىماققا ئايالى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىنغاندەك تۇراتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇھەببەت دېڭىزىدىن چىقالمايۋاتقىنىنى بايقايتتىڭىز.» بىراق، بۇگۈنكى كۈندە ماندېلا پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن ئىنقىلابىي كۈرەشكە كىرىشىپ كەتتى. بۇ ھال ۋىننىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋەتتى. ۋىننى كېيىن ئاغرىنىپ مۇنداق دېدى: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇ پاۋلۇۋنىڭ ئىتىدەك تەربىيەلىنىپ، پەقەت تەشكىلىنىڭ چاقىرىقىنىلا ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدى.» ۋىننى ماندېلانىڭ دى كلېركنى «دۇرۇس ئادەم» دېگەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاپ بەكلا ھەيران قالغانىدى. ۋىننى ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم چەت ئەلگە زىيارەتكە چىققىنىدا بۇ ئىش توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقانلىقىنى ئېيتتى. ۋىننىنىڭ نەزىرىدە دى كلېركنىڭ «بوتا بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق. ھەر ئىككىسى ئۈچىغا چىققان قاتىل» ئىدى. ماندېلا دۇرباندا قوللىغۇچىلىرىنى قورال تاشلاشقا چاقىردى. ۋىننى ئاخىر دەرغەزەپكە كەلدى: «مەن قوللىرىمنى پۇلاڭلاتتىم، دۈشمەنلەر قىرغىنچىلىقنى تېخىچە داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يۈزلىگەن ئەزاسى دۈشمەننىڭ قولىدا ئۆلدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا سىز قانداقمۇ كۆپچىلىكنى قورالنى دې-

ڭىزغا تاشلاشقا چاقىرىق قىلىسىز؟» ماندېلا پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن قوراللىق كۈرەشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئويلايتتى. ۋىننى بولسا مىللەت نەيزىسى فورمىسىنى كىيىۋېلىپ «قورال كۈچى ئارقىلىق ئەركىنلىككە تۇتاشقان يول ئېچىش»نى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ھەتتا ماندېلاغا ئۆزى تەنها ھالدا ئورمانلىققا كېتىپ، ئاق تەنلىكلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق تەھدىت سالدى. ماندېلا ۋىننىغا توختىماستىن تەسەللى بېرەتتى. ماندېلا چۈشەنچە بېرىپ، ۋىننى مەملىكەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئەمەس. ئۇنىڭ بۇ قارارلارنى چۈشەنمىكى بەك تەس، دېدى.

ۋىننى بارغانسېرى كونتروللۇقىنى يوقاتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋىننىنى ئۆزىگە ئەزا قىلىۋېلىشنى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ قىلمىشىنى توختىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. 1990 - يىلى 9 - ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋىننىنى پارتىيەدىكى پاراۋانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى. ئەمەلىيەت «بۇنىڭ بىر خاتا چىقىرىلغان سىياسەت» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بۇ ئىشى كۆپلىگەن چوڭ ساخاۋەتچىلەرنى بەكلا ھەيران قالدۇردى. باش ئېپىسكوپ تېررىف ھېدىرلىن، لوندون ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇش تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى قاتارلىقلار ئاشۇ زور سوممىلىق پۇلنى ۋىننىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇشتىن پەقەتلا خاتىرجەم بولالمىدى. بۇنىڭغا نىسبەتەن ماندېلا ۋىننى تەرەپتە تۇردى. ئۇ ۋىننىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىگە قارشى تۇرغۇچىلار «بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەك» ئاز سانلىق، دېدى.

بىراق، ۋىننىنىڭ كۆپلىگەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىگە نىسبەتەن، بولۇپمۇ 1988 - يىلىدىكى ئاشۇ ستومپېي سېيپېينىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ۋەقەسىدە ئۆزىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئەيىبلىگەنلەرگە نىسبەتەن دىلىدا ئاداۋەت بار ئىدى. ئۇ شىلىر لامفۇسانى سۆكۆپ، مورفى مورۇبىينى

ھىندىستانلىقنىڭ دوستى بولغانلىقى ئۈچۈن مەسخىرە قىلدى. ئۇ ماندېلاغا: «موربى بولسا مەن يوق، مەن بولسام ئۇ يوق؛ ئۆزىڭىز تاللاڭ» دېدى. ۋىننىي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكىلەر ماندېلانى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، ئىككىمىزنىڭ نىكاھىنى بۇزماقچى، دەپ قارىدى. كېيىن ۋىننىي چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ماندېلانىڭ ئۆز ئائىلىسى بىلەن بولغان ئەڭ ئاخىرقى مۇناسىۋىتىنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. شۇنداقلا ئۇلار ئۇنى بۈگۈنكى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. مەن راستلا بەرداشلىق بېرەلمىدىم.»

بىراق، باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق ئىدى. ۋىننىي 1991 ـ يىلى 1988 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ستومپېي ۋە باشقا بەش نەپەر بالىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىش ۋەقەسى سەۋەبلىك سوتلاندى. سوت تېخى تەييارلىق ھالىتىدىكى چاغدىلا كىشىلەر نەزىرىنى تىكىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. گۇۋاھچىلار توختىماستىن ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. بەزى سىياسىيونلار ۋە دىپلوماتلار ۋىننىينىڭ سوتلىنىشى ماندېلانىڭ جەڭگىۋارلىقىغا زەربە بولۇشى مۇمكىن، دېدى. ھەتتا دى كلېركنىڭ ئەدلىيە ئەمەلدارىغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئەرزدىن يېنىۋېلىشقا بۇيرۇغانلىقى توغرۇلۇق سۆز ـ چۆچەكلەر تارقالدى. بىراق، ماندېلا بىر مەيدان سوت ئېچىپ، مەسىلىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بىلدۈردى. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ سوت ئېچىشنى كېچىكتۈرۈشىدىكى مەقسىتى تاراتقۇلارنىڭ ۋىننىينى تەنقىد قىلىشىغا پۇرسەت ھازىرلاپ بېرىش، دەپ ھۆكۈمەتنى تەنقىدلىدى. ئاخىردا ۋىننىي قەستلەپ ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بىلەن ئەمەس، تۇتقۇن قىلىش ۋە زەربە بېرىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەندى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باش سېكرېتارى ئالفرېد ئىنزۇۋا بۇ ئىشنى بۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمگە خىلاپ سىياسىي سوت دەپ ئەيىبلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماندېلا ۋىنىنىڭ ئەڭ ياخشى ھالەتتە ئاقلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جورج بىزوسنى ۋىنىنى ئاقلاشقا تەكلىپ قىلدى، شۇنداقلا خەلقئارالىق مۇداپىئە ئىشلىرى ۋە ياردەم بېرىش فوندىنىڭ بۇ جەھەتتىكى چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلدى. شىۋېتسىيەلىكلەر خەلقئارالىق مۇداپىئە ۋە ياردەم فوندىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي مەنبەسى ئىدى. بىراق، مەيلى شىۋېتسىيەلىكلەر بولسۇن ياكى خەلقئارالىق مۇداپىئە ۋە ياردەم بېرىش فوندىنىڭ رەئىسى تېررېف ھېدىرلىن بولسۇن، ۋىنىنىڭ دېلوسىنى ياردەم بېرىش شەرتىگە چۈشمەيدۇ، دەپ قارايتتى. 1991 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ماندېلا خەلقئارالىق مۇداپىئە ۋە ياردەم بېرىش فوندىنىڭ لوندوندىكى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى خوست كىلەيىن سىمىستقا تېلېگرامما يوللاپ، ياردەم پۇلى ئىلتىماسىنىڭ رەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى غەمدە قالغانلىقىنى ئېيتتى. كىلەيىن سىمىست باش ئىشتابقا ئەۋەتكەن دوكلاتىدا ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتە «ئېغىزدىن چىققىرالمىغۇدەك دەرىجىدە بىئاراملىق ۋە غەلىتىلىك ھېس قىلغانلىقى»نى دوكلات قىلىپ، ماندېلاغا خەلقئارالىق مۇداپىئە ۋە ياردەم بېرىش فوندىنىڭ يەنىلا ناھايىتى تېزلا تارقاپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىنى ئېيتتى. شىۋېتسىيەلىكلەر ئاخىر ناھايىتى يۇقىرى سومىلىق سوت خىراجىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۆلەشكە قوشۇلدى. لىۋىيە پىرېزىدېنتى كازاخى بۇ چىقىمنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا قوشۇلدى. دەنىس ھېربوستىن خەلقئارلىق مۇداپىئە ۋە ياردەم بېرىش فوندىنىڭ مەخسۇس تەتقىقاتچىسى ھېسابلانغان تارىخشۇناس ئىدى. دەنىس بۇ قېتىمقى تالاش ـ تارتىشنى «يەنىلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن خەلقئارالىق مۇداپىئە ۋە ياردەم بېرىش فوندى مۇدىرىيەت يىغىنى ئارىسىدا دەز پەيدا قىلىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ئېلگىرىكى ھالەتكە قايتمايدۇ» دەپ قارىدى. بىراق، ماندېلا ئۆز تەرجىمىھالىدا خەلقئارالىق مۇداپىئە ۋە ياردەم بېرىش فوندىنى

باشتىن - ئاخىر بىر ئېغىزمۇ تىلغا ئېلىپ قويمىدى. بۇ ئىش ئۇلارنى بەكلا بىئارام قىلدى.

سوت 1991 - يىلى 2 - ئايدا رەسمىي باشلاندى. ماندېلا ۋىنىنىنى ئەڭ زور كۆچى بىلەن قوللىدى. ئۇ بۇنى ئەر بولغۇچىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى دەپ قارايتتى. تۆت ئاي داۋاملاشقان سوت تېخىچە ئاياغلاشمىدى. بۇنداق بولۇشى گۇۋاھچىلارنىڭ غايىب بولۇشىدىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ ۋاقتىنچە ئۆزگەرتىۋېلىشىدىن بولغانىدى. ۋىننى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى پۈتبول كۇلۇبى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق قىلىپ كۆرسەتتى، شۇنداقلا نەق مەيداندا بولمىغانلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ستومپېينىڭ شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆزى بۇلاندفرودقا كەتكەندە ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتتى. تەپتىش ئەمەلدارلىرى ئۆزىنىڭ زىيادە قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ۋە سۇنئىيلىكىنى ئىپادىلىدى. بۇ ھال ئاقىلغۇچى ئادۋوكاتنى ناھايىتى بىئارام قىلدى. يەتتە يىلدىن كېيىن ياردەمچى تەپتىش ئەمەلدارى فان ۋولىن گۇۋاھلىق بېرىپ: «ئەينى ۋاقىتتا بىراۋ سوتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى. ئېنىقكى، مەخپىي ساقچىلار بىزنى يېتەرلىك دەلىل - ئىسپات بىلەن تەمىنلىمىدى، ئەگەر بۇ ئىسپاتلار بولغان بولسا، بىز ۋىنىنىنىڭ نەق مەيداندا يوقلۇقىنى ئىناۋەتسىز قىلىۋېتەلەيتتۇق» دېدى. تۇرمە خاتىرىسىگە ئاساسەن دېلو ئەمدىلا يۈز بەرگەن پەيتتە، ساقچىلارنىڭ ۋىنىنىنى قولغا ئېلىشقا يېتەرلىك ئىسپاتى بار ئىدى. بىراق، ۋىنىنىنىڭ بىرىنچى خانىم بولۇشىدىكى تۇسۇق ياكى ئۇلارنىڭ كۈچ توپلاشنى ئارزۇ قىلىشى ھامىنى ئاشكارا بولاتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلار بۇنداق قىلىپ باقمىدى.

ۋىننى گۇۋاھلىق ئۇستىلىدە بەش كۈن تۇردى. سوتچىلارنىڭ كۆزىتىشىچە ئۇنىڭ كەيپىياتى باشتىن - ئاخىر ناھايىتى سالماق، چىرايى ھېچبىر ئىپادىسىز ھالەتتە ئىدى. ئۇ كىشىگە «ناھايىتى سالماق، چوڭقۇر ئويغا پاتقان، نومۇسنى بىلمەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدامچى» دەك تەسىر بېرەتتى. سوتچى ئۇنىڭ نەق مەيداندا يوقلۇق ئىسپاتىنى قوبۇل قىلدى. بىراق، ئۇ جىنايەتنىڭ سادىر بولۇشىغا سۆكۈتتە تۇرغانلىقى ھەم يول قويغانلىقى، «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا قىلچىمۇ ئىچ ئاغرىتمىغانلىقى» سەۋەبلىك سوت مەھكىمىسى ئۇنى جىنايەت ئۆتكۈزگەن دەپ قاراپ، ئالتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. ۋىننى سوتچىنىڭ ھۆكمىگە نىسبەتەن پەرۋاسىز ھالەتتە بولدى. ئۇ مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگكەن ھالدا سوت مەيدانىدىن ئايرىلدى. ۋىننىنىڭ پەرۋاسىزلىقىغا سېلىشتۇرغاندا ماندېلا بەكلا مەيۈسلىنىپ كەتتى. بىراق، ئۇ سوتنىڭ كېسىمىگە نىسبەتەن باشقىچە پىكىردە بولمىدى: «سوتلانغان ئىكەنمىز بارلىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇشىمىز لازىم.» ۋىننى سوتچى ھەققىدە «سوتلانغىنى مەن ئەمەس، ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى سوتلىماقتا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە جىنايەت ئارتماقتا، ئۇلار مەن بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنماقتا» دېدى.

ۋىننى سوتنىڭ ھۆكمىگە نىسبەتەن نارازىلىق ئەرزى سۇندى. 1993 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سوت ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئېلان قىلىپ، ۋىننىنى تۇتقۇن قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىدى. بىراق، ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىنىڭ شېرىكى ئەمەس دەپ قارىدى. ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرگەندىن كېيىن سوت مەھكىمىسى جازا مۇددىتىنى ئىككى يىلغا قىسقارتىپ، كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى. شۇنداقلا 15 مىڭ راند جەرىمانە قويدى (3000 ياۋروغا توغرا كېلىدۇ). بۇ ناھايىتى يۇمشاق قوللۇق بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈم ئىدى. بىراق، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۆكمى ھەقىقىي ئەھۋال ۋە ياراشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ بەش يىلدىن كېيىنكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىلەن ئوخشاش چىقمىدى. ستومپېينى ئۆلتۈرۈش

ۋەقەسىنىڭ تېخىچە ئايىغى چىقمىدى.

ۋىننى سوت سەۋەبلىك سىياسىي جەھەتتىكى زور كۆپچىلىك ھىمايىچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. سوت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ۋىننى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ دۇرباندىكى يىغىنىدا مەملىكەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ئۇ يەنە ماندېلانىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماستىن پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىشنى ئارزۇ قىلدى. بىراق، ماندېلانىڭ ئەنسىرىگىنىدەك ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. 1993 - يىلى 8 - ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پاراۋانلىق تارمىقىنى قايتا تەشكىللەپ، ۋىننىنىڭ كۇچىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. ۋىننى بارغانسېرى بىشەم ۋە باشباشتاقلىشىپ كەتتى. ھەتتا ئۇ ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ياش ئادۋوكات قوشىنىسى مۇبۇف بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتتى. بۇ ھال ماندېلانىڭ يۈزىنى تۆكتى. ۋىننى خىزمەت ئىشى بىلەن ئامېرىكىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ماندېلانىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغاندىن كېيىنمۇ بۇنى پىسەنتىگە ئېلىپمۇ قويمىدى. يەنە تېخى مۇبۇفنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭدى. ماندېلا نيۇيوركتىكى ۋىننىغا تېلېفون قىلغاندا تېلېفوننى مۇبۇف ئالدى. ۋىننى ستومپېي ۋەقەسىدە ئۆزى بىلەن بىرلىكتە پائۇل ۋېلىنىغا قارشى تۇرغان ئۆزىنىڭ كونا ئىتتىپاقدىشى سۇرى سىۋا فرادىي بىلەن ئۆچەكىشىپ قېلىپ، ئۇنى سوۋىتودىكى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ ھال ماندېلانى يېڭى كىرىزىسقا سۆرەپ كىردى. فرادىي ماندېلادىن ياردەم سوراپ كەلدى. ماندېلامۇ ۋىننىنىڭ بۇ قىلمىشىنى فرادىيغا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك دەپ قارىدى. ماندېلا ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە ئىشىكى ئالدىدا «سوۋىتولۇقلار گېزىتى»نىڭ بىر مۇخبىرىنى كۆردى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن رەسىمچى فرادىينىڭ ھەيدەپ چىقىرىلىپ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ھالىتىنى رەسىمگە تارتىۋالدى. ماندېلا ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنى مەتبۇئاتقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىقىرىۋەتمەسلىك توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىشنى ئويلاپ «سوۋېتتولۇقلارگېزىتى» نىڭ كەچلىك باش مۇھەررىرى، كېيىن «كېيىپ ئارگۇس گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى بولغان جون ۋېلىيام ئەپەندىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. جون ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كېلىشى ۋىنىنىنىڭ قىزى زىندىز بىلەن سوۋېتتولۇق سودىگەر زېرىباز گلوۋېرنىنىڭ داغدۇغىلىق چاي ئىچۈرۈش مۇراسىمىغا توغرا كېلىپ قالدى. ئولتۇرۇشتا قەدەھلەر قىزغىنلىق بىلەن ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، ماندېلا بولسا ئۆزى يالغۇز كۇتۇپخانىسىغا بېكىنىپ، ناھايىتى سولغۇنلۇق ئىچىدە ئولتۇراتتى. ماندېلا بۇ خەۋەر ۋىنىنىنىڭ نارازىلىق ئەرزىدە غەلىبە قازىنىشىغا دەخلى يەتكۈزىدۇ دەپ قاراپ، ۋېلىيامدىن بۇ خەۋەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشنى ئىلتىماس قىلدى. گەرچە ۋېلىيام بۇنىڭدىن بەكلا ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ خەۋەرنى گېزىتكە باسماسلىقتا ئامالى يوق ئىدى. 1992 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى دۈشەنبە، «سوۋېتتولۇقلار گېزىتى» ۋىنىنىنىڭ ئەسەبىيلەرچە ئىشىنى گېزىتكە باستى. بۇ ھال كىشىلەرنىڭ ماندېلانىڭ نىكاھىغا بولغان يېڭى مۇلاھىزە ۋە پەرىزىنى قوزغىدى.

فرادېي ئۈچ ئېلىش ئۇچۇن سوتتا ۋىننى ئۇچۇن بەرگەن گۇۋاھلىقىدىن يېنىۋېلىپ، ۋىنىنىنىڭ ستومپېيغا زىيانكەشلىك قىلىشقا سۈكۈت قىلىپ ۋە يول قويۇپلا قالماي، يەنە تېخى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ باشقا دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرگۈزگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىچىدە سوۋېتتودا خىزمەت قىلىۋاتقان ھىندىستانلىق دوختۇر ئابۇبېك ئاسۋاتمۇ بار ئىدى. چۈنكى، ئابۇكىنىڭ قولىدىكى ئىسپات ۋىنىنىنىڭ نەق مەيداندا يوقلۇق ئىسپاتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايتتى. ۋىنىنىنىڭ شوپۇرى جون مورگېنمۇ ئۆز گۇۋاھلىقىدىن يېنىۋېلىپ، ۋىنىنىنىڭ ستومپېي ۋەقەسىدىكى باش كۈشكۈرتكۈچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئىش مۇشۇ ھالغا كەلگەچكە، ماندېلا ۋىنىنىنىڭ ئەسەبىيلەرچە

ھەرىكىتىنى كۆرمەسكە سېلىشقا ئامالسىز قالدى. 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ماندېلا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرىپ، كونا دوستى تامبو ۋە سىسۇلۇنىڭ ھەمراھلىقىدا تېلېۋىزور ئېكرانى ئالدىدا ھازىر بولدى. بۇ يىغىندا ماندېلا ئالدى بىلەن ۋىنىنىڭ ئىنقىلابقا بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئىنقىلاب ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمىتىگە تەشەككۈرىنى بىلدۈردى. ئارقىدىنلا ئىككىيلەننىڭ خاراكتېرىدىكى كېلىشەلمەسلىك ۋە ئۆزئارا جىددىي مۇناسىۋىتىنى تىلغا ئېلىپ: «بىز ئايرىلىپ كېتىشنىڭ ئىككىلىمىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تاللاش ئىكەنلىكى توغرۇلۇق بىر پىكىرگە كەلدۇق» دېدى. ئارقىدىن يەنە: «مەن ۋىنىنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولغانىدىم. بۇ ئاشىقلىق مەيلى مېنىڭ تۈرمىدىكى چاغلىرىمدا بولسۇن ياكى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بولسۇن قىلچىلىك ئۆزگەرمىدى. ئەمدىلىكتە بىز ئازاب ئىلكىدە ئايرىلغان بولساقمۇ، دىلىمىزدا بىر ـ بىرىمىزگە ئۆچمەنلىك يوق. مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم باشتىن ـ ئاخىر بىردەك» دېدى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ كۆزلىرىدىن بىچارىلىك چىقىپ تۇرغان ھالدا ئېكران ئالدىدىن ئايرىلدى.

ماندېلا بىر مەزگىل ئۆز ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن BBC نىڭ مۇخبىرى فۇجار گىئېن ماندېلانى زىيارەت قىلغاندا، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئايالى بىلەن كەسپىدىن بىرنى تاللاشنى تىلغا ئالغاندا، ماندېلانىڭ كۆزىدە ئازابلىق ھالەت ئەكس ئەتتى. ماندېلا يېڭى تۇرمۇشنى باشلاپ، مەلۇم بىر ئافرىقا دۆلىتىنىڭ ياخشى نىيەتلىك رەھبىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن سېتىۋالغان تۇرالغۇغا كۆچۈپ كىردى. تۇرالغۇنى ئۇنىڭ ياردەمچىسى بابالا ماسگارا «ماندېلانىڭ ئازابىنى يوق قىلىش» نى ئۈمىد قىلىپ كۆڭۈل قويۇپ بېزىگەنىدى. يېڭى تۇرالغۇ خيۇستۇن شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى ئاق تەنلىك بايلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رايوندا ئىدى. تۇرالغۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى گەرچە بىر ئاز ۋەيرانە كۆرۈنسىمۇ، ئىچى بەك كەڭ ـ كۇشادە ئىدى. يېڭى تۇرالغۇنىڭ بىر چوڭ گۈلزارلىقى ۋە قوغداش ئىشخانىسى بار ئىدى. بىراق، قارىماققا كونا ئۆيدەك كۆرۈنەتتى. ماندېلا تىكەندەك يالغۇز قالدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا «دىر ـ دىر تىترەپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى»، ئۇنىڭ بىر دوستى «ماندېلا غېرىبلىق دېڭىزىغا غەرق بولدى» دېدى. ئۇ پەقەت نەۋرىلىرىدىن تەسەللىگە ئېرىشەتتى. ماندېلا نەۋرىلىرى بىلەن بىللە بولغان چاغلاردىلا خۇش بولۇپ كۈلەلەيتتى. بىراق، نەۋرىلىرىنىڭ مۇھەببىتىمۇ مەڭگۈ خالىسلىق بىلەن بولمايتتى. «روژدېستۋا بايرىمىغا ئاز قالغاندىلا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چوڭ دادىسىنى ئەسلەيدۇ. ئۇلار يېنىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ... ئاندىن مەندىن ‹سىز ماڭا قانداق سوۋغا بەرمەكچى؟› دەپ سورايدۇ» دېدى ماندېلا.

ۋىننى تېخىچە ماندېلا بىلەن يارىشىپ قېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ ۋە ماندېلانىڭ ئورتاق دوستى ھېسابلانغان فاتىمە مىل ئارقىلىق ماندېلانىڭ پەيلىدىن يېنىشنى ئۆتۈندى. بىراق، ۋىننى ئۆز ئېرىنى ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى خاپا قىلىپ قويغانىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشتە چىڭ تۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي بىر قېتىملىق ۋاقىتلىق بومبا پارتلاپ، ۋىننى بىلەن ماندېلا ئارىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مېھىر ـ مۇھەببەتنى ۋەيران قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەپ، ۋىننىنىڭ ئاشنىسى دار مۇبۇفىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پاراۋانلىق تارمىقىدا ۋىننىنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ خىزمەت ئۆتىگەن چاغدىكى ئۆز ئالدىغا پۇل ئىشلىتىۋېلىش دېلوسىنى تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. تەكشۈرۈش جەريانىدا

ئۇلار ۋىنىنىنىڭ 3 ـ ئايدا مۇبۇفقا قايناق ھېسسىياتتا يازغان تۆت بەتلىك خېتىنى بايقىدى. خەتتە ۋىننى مۇبۇفنىڭ باشقا بىر ئايال بىلەن بىللە ياتقانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىگەنىدى ــ «سىلەر ھەش ـ پەش دېگۈچە بولالماي قاپسىلەر... ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى تېخى ئاخىرلاشمىغانىدىغۇ. سىز شۇنچىلىك سەممىيىتىڭىزنى ۋە ساداقىتىڭىزنى ئىپادىلىيەلمەمسىز؟ سىزگە بولغان ئىشەنچىمگە ساتقۇنلۇق قىلىشىڭىزنىڭ بىر ئايالغا نىسبەتەن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك!» ۋىننى خېتىدە يەنە ئۆزىنىڭ «تاتا (ماندېلا) بىلەن گەپلەشمىگەنلىكىگە بەش ئاي بولغانلىقىنى يېزىپ «ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەنىدى. بىراق، ھەقىقىي سىياسىي بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىنى ئالغىنى، ۋىننى ئۆزىنىڭ پاراۋانلىق تارمىقىنىڭ نامىدا مۇبۇف ئۇچۇن پۇل چېكى ئالماشتۇرغانلىقىنى تىلغا ئالغانلىقى بولدى. بۇ ئىشقا نىسبەتەن ماندېلا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئارىلىشىشىنى تەلەپ قىلدى.

بۇ ھال ۋىنىنىنىڭ دۈشمەنلىرىگە نىسبەتەن تەڭرى ئاتا قىلغان ياخشى پۇرسەت ئىدى. بىرەيلەن ۋىنىنىنىڭ خېتىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى يوھاننېسبۇرگ «يەكشەنبىلىك يۇلتۇز گېزىتى» ۋە «يەكشەنبىلىك ۋاقىت گېزىتى»گە ئەۋەتىپ بەردى. خەتتىكىسى راستلا ۋىنىنىنىڭ پوچېركىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ۋىننى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاشۇ خەتنى قايتۇرۇۋېلىشقا تىرىشتى. ھەتتا ئۇ خەتنى باشقا بىر ھۆججەتكە تېگىشمەكچى بولدى. بىراق، خەت ئاللىقاچان ماندېلانىڭ قولىغا چۈشۈپ بولغانىدى. ماندېلا «نىكاھ شارائىتىدا بۇنداق ئەھۋالغا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ» دەپ قارىدى. 1992 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «يەكشەنبىلىك ۋاقىت گېزىتى» ۋىنىنىنىڭ خېتىنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى ئۆز ئەينى بويىچە گېزىتكە باستى، يەنە تېخى ۋىننى بىلەن مۇبۇفنىڭ بىللە چۈشكەن سۈرىتىنىمۇ قىستۇرما قىلدى. تۆت كۈندىن كېيىن ۋىننى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى خىزمىتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىستىپا بەردى. ئۇ «مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم سۆيۈملۈك يولدىشىم ۋە چىن دىلىمدىن سۆيىدىغان ئائىلەم ئۈچۈن»، شۇنداقلا «ماڭا قەستەن سېلىنغان زىيانكەشلىككە» نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، دېدى.

بۇ خەت ماندېلانىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنىمۇ يوققا چىقارغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ۋىنىنىنىڭ ساداقەتسىزلىكى ۋە نومۇسسىزلىقىنى كۆرمەسكە سالماي تۇرالمايتتى. ماندېلانىڭ بەزى يېقىن دوستلىرى ھەتتا ئۇنىڭ مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك تۇگىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى. روھىي زەربىگە ئۇچرىغان ماندېلا ھەتتا كارىۋىتىدىن تۇرۇشنىمۇ خالىمىدى. بىراق، بىرنەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەي ئۇ يەنە ئەسلىگە كەلدى. ئالدىراش خىزمەت ئۇنىڭ قالايمىقان ئويلىرىغا ۋاقىت بەرمىدى. ئۇ نورمال ئائىلە تۇرمۇشىنى قايتا باشلىدى. 1992 - يىلى 10 - ئايدا، يەنى ۋىنىنىنىڭ خىيانەت جامائەتچىلىككە ئاشكارىلىنىپ بىر ئايدىن كېيىن، ۋىنىنى يوھاننېسبۇرگ كېلتون مېھمانسارىيىدا قىزى زىندىزى بىلەن كويۇئوغلى خىلوۋېئېنىنىڭ توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. توي مۇراسىمىغا 850 مېھمان قاتناشتى. ماندېلامۇ مۇراسىمغا قاتناشتى. بىراق، ماندېلا باشتىن - ئاخىر ۋىنىنى بىلەن گەپلەشمىدى. ئۇ ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇراتتى، سولغۇن چىرايى ئىپادىسىز ئىدى. زالنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇرغان ئېلىن سۇسمان ھەممە ئىشنى كۆزىتىپ ئولتۇردى. ئۇ ماندېلاغا بىر قەغەز چىنى سۇنۇپ، ماندېلانىڭ سابىق زۇڭلى جون ۋاستىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ماندېلانى كۈلدۈرمەكچى بولدى. ماندېلا بايىقى ئىپادىسىنى قەستەن ئۆزگەرتمەي تۇرۇۋالدى. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا ماندېلا كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىنى تىترەتكۈدەك نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ نۇتۇق ئەركىنلىك ئۈچۈن جەڭ قىلغۇچى بارلىق جەڭچىلەرنىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كەتتى، ئۇ بولسىمۇ «ئۇلار بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىندى.»

بىز ئۆز پەرزەنتىمىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ھامىيلىقىمىسىز چوڭ
بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. بىراق، بىز ئاخىر ئەركىنلىككە
ئېرىشكەندە پەرزەنتلىرىمىز: «بىز ئىزچىل ھالدا دادىمىز بار، ئۇ
ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدۇ، دەپ قارايتتۇق. بىراق، بىزنى
ئۈمىدسىزلەندۈرگىنى، دادىمىز گەرچە قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ،
بىراق، ئۇنىڭ بىزگە ھەمراھ بولۇشقا ۋاقتى يوق. ئۇ ھازىر پۈتكۈل
دۆلەتنىڭ ئاتىسىغا ئايلاندى» دېيىشمەكتە. بىز ئۆز - ئۆزىمىزگە
قايتا - قايتا «مۇشۇنداق قىلىشقا ئەرزىمدۇ؟» دەپ سوئال قويىمىز.
خىيالىمىزدا بۇنداق گۇمانلارنىڭ قانچە قېتىملاپ چاقناپ
ئۆتكەنلىكىگە قارىماي، بىزنىڭ سانسىز قېتىم چىقارغان قارارىمىز
يەنىلا بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىز ۋە ھازىرىمىز كۆپلىگەن
قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن
ئۆزىمىزنى ئاتاش بىز چىقارغان مەڭگۈلۈك ئەڭ توغرا قاراردىن
ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 32. مۇشەققەتلىك تىنچلىق سۆھبىتى

*تارىختا كىشىنى كولدۇرلىتىدىغان يوللار، ئەپىس لايە-ھەلەنگەن كارىدورلار كۆپ.*

*— توماس ئېلىئوت «ئاقساقان»، 1920 - يىلى*

ماندېلا تۈرمىدىن چىقىپ ئىككى يىل بولغاندا، ئاخىر ئۇ ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن سۆھبەتنىڭ پەردىسى ئېچىلدى. 1991 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ياز مەزگىلىدىكى روژدېستۋا بايرىمىلىق ئارام ئېلىشتا، دېموكراتىك جەنۇبىي ئافرىقا چوڭ يىغىنى يوھاننىسبۇرگ ئايروپورتى ئەتراپىدىكى دۇنيا سودا مەركىزىدە ئېچىلدى. ئېلىن سۇسمان: «يېڭى بىر جەنۇبىي ئافرىقا قۇرۇپ چىقىش ئۇچۇن ئۆتمۈشتىكى ئەسىرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنى تۈرمىگە تاشلىغانلارنىڭ بىللە ئولتۇرۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ» دېدى. ئىلگىرىكى زۇلۇمكارلار بىلەن باراۋەر ئورۇندا بىللە ئولتۇرۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆپلىگەن رەھبەرلىرىگە بەكلا تاسادىپىيلىق بىلىنىشتى.

19 پارتىيەدىن كەلگەن 228 نەپەر ۋەكىل سۆھبەتكە قاتناشتى. ماندېلا: «بۇ 1909 - يىلى جەنۇبىي ئافرىقا ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ ئىش» دېدى. بىراق، ئەينى چاغدىكى كۆپچىلىك ۋەكىللەر ئاق تەنلىك ئىدى. بۇگۈنكى كۈندىكى كۆپچىلىك ۋەكىللەر بولسا قارا تەنلىكلەردىن تەشكىل تاپقانىدى. بىراق، جەنۇبىي ئافرىقا ئوخچى ئاق تەنلىكلەر

پارتىيەسى ۋە بۇتېلىزى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت يەنە بىر قىسىم مۇھىم شەخسلەر يىغىنغا قاتناشمىدى. تىنچلىقتا ئىرىشىشتىكى ئاساسىي ھالقا ھۆكۈمەت بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئارىسىدىكى يارىشىپ قېلىش ئىدى.

بىر تەرەپتىن يىغىن مەيدانىدىكى تىمتاسلىق سەۋەبلىك زېرىكىشلىك كەيپىيات ھاسىل بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يىغىن مەيدانى سىرتىدىكى — جەنۇبىي ئافرىقا دۆلىتى ئىچىدىكى قىرغىنچىلىق داۋاملىشىۋاتاتتى. بۇ خىل سىلىشتۇرما كىشىنى بىرئاز غەمگە سالاتتى. بىراق، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ھەرگىزمۇ زىددىيەتلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى، كۆپ ساندىكى زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ ھەممىسى ماھىيەت جەھەتتە كۈچنىڭ نامايەندىسى، قورشاۋ شاھماتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. كېيىن، سىياسىيون ستىفېن ئەلىس: «ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىغا كەسكىن سۆھبەتلەر ياندىشىپ كېلىدۇ. كۆپلىگەن دۆلەتلەردە مۇشۇنداق بولۇپ كەلگەن، جەنۇبىي ئافرىقىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس» دەپ يازدى. رادىكال كۈچلەر كۆپچىلىككە ئۆزلىرى بولمىسا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن تىمتاسلىق سەۋەبلىك زىلزىلىلىك ئىدى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىمۇ چوڭ كۆلەملىك قوراللىق ھەرىكەت ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كۈچلۈك ھەربىي ئارمىيەسى بىلەن قارشىلىشىشى كېرەك ئىدى. ئىسپانىيە زۇڭلىسى فىلىپ گانسارس دى كاپىركىنى رەقىبىنىڭ چوڭ كۆلەملىك قوراللىق كۈرەش قىلىشىدىن ۋە قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى قوزغىشىدىن، رەقىبىنىڭ سۆھبەت ئۈستىلىدە بىر خىل گەپ قىلىپ، ئىككىنچى كۈنى ئامىغا يۈزلەنگىنىدە يەنە باشقىچە گەپ قىلىشىدىن مۇداپىئەلىنىش توغرۇلۇق باشتىلا ئاگاھلاندۇرغانىدى. چۈنكى، ھۆكۈمەت كۈچلىرى بىلەن قارشىلاشقۇچىلار ئۈچۈن، بۇ بارلىق قارشى تۇرۇش كۈچلىرى ئارىسىدىكى بىردىنبىر چىقىش يولى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىراق، ماندېلا ۋە دى كلېرك ئىككىلىسى تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئاساسىي لوگىكىسىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇ بولسىمۇ، ناۋادا قورال كۈچىگە مۇراجىئەت قىلسا، سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم - يېتىمگە يۈزلىنىشىدەك غايەت زور بەدەل تۆلەشتىن ئىبارەت ئىدى. ماندېلا تېخىچە تۈرمىدىكى چېغىدىكىدەك «ھەربىي جەھەتتە غەلىبە قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس» دەپ قارايتتى. ماندېلا بىلەن دى كلېرك ئىككىلىسى كۆز ئالدىدىكى تېگى يوق ھاڭنى كۆرۈپ يەتتى. ماندېلانىڭ ئەمدى يۈزلەنمەكچى بولغىنى ئۇنىڭ كەسپىي ھاياتىدىكى رىقابەتچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك ۋەزىپە ئاق تەنلىك ئوڭچىلارنى ۋە قارا تەنلىك سولچىلارنى قورال كۈچىگە مۇراجىئەت قىلماسلىق ئاساسىدا تىنچ ئىنقىلاب قىلىشقا قايىل قىلىش ئىدى.

ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ قېتىملىق سۆھبەت ئەمەلىيەتتە ماندېلا بىلەن دى كلېرك ئوتتۇرىسىدىكى كومېدىيەلىك تۈسكە ئىگە ھەل قىلغۇچ جەڭ ئىدى. قىيىن ئەھۋالدا قالغان بۇ ئىككى ئۇلۇغ سىياسىيون ئوخشاشلا نىكاھ كىرىزىسىغا پېتىپ قالدى. ماندېلا ۋىنىنى بىلەن ئايرىلىش ھالىتىدە تۇرغان بولسا، دى كلېرك ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى تونى جورجىيادىسىنىڭ خوتۇنىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئىككىيلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل شارائىتتىن كەلگەن — ئۇلارنىڭ بىرسى سابىق مەھبۇس، يەنە بىرسى سابىق گۇندىپاي ئىدى. ئىككىيلەن ئارىسىدىكى گۇمانخورلۇق ۋە ئىشەنمەسلىك سۆھبەتنى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىۋەتتى. بىراق، كۆپىنچە ئەھۋال ئاستىدا ئىختىلاپ ئۇلارنىڭ ئۆز لاگېرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بېرىۋاتاتتى: دى كلېرك ئىچكى قىسىمدىكى مۇتەئەسسىپلەر بىلەن گېنېراللىرىنى پەقەت قارشىلىشىش ۋە ئېلىشىشنىلا ئويلىماسلىق توغرۇلۇق قايىل قىلىشى كېرەك ئىدى، بۇ ئۇلارنىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى ئاساسلىق نىشانى ئىدى. ماندېلا بولسا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى ئۆز

خىزمەتداشلىرىنى توسۇشى كېرەك ئىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قوراللىق كۈرەش ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى ئىدى.

بۇ تارىختىكى كىشىنىڭ ئەڭ دىققىتىنى تارتىدىغان سۆھبەتلەردىن بىرى ئىدى. غەرب ھۆكۈمەتلىرى سۆھبەتكە يېقىندىن نەزەر سالدى. شىمالىي ئىرېلاندىيە، يۇگوسلاۋىيە ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى توقۇنۇش يەنىلا داۋاملىشىۋاتاتتى. جەنۇبىي ئافرىقا «دۇنيا تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مەركىزى» گە ئايلىنىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئالىملار، مۇخبىرلار ۋە دىپلوماتلارنىڭ نەزىرىنى تارتماقتا ئىدى. ئاقىۋەتتە، جەنۇبىي ئافرىقا نامىبىيە ۋە زىمبابۋېغا ئوخشاش باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن تىنچلىق ئېلىپ كېلىشكە موھتاج ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ دۇنياغا ئۆگەتكىنى دۇنيانىڭ ئۇلارغا ئۆگەتكىنىدىن كۆپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشقىلارغا نىسبەتەن ئاۋانگارت ھالەتتە ئىدى.

سۆھبەتنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا، ئىككىلا رەھبەر ئۆزلىرى ئەستايىدىل تەييارلىق قىلغان تېلېۋىزور نۇتقىنى سۆزلىدى. دى كلېرك دېموكراتىك، «ھوقۇقتىن ئورتاق بەھرىلىنىدىغان» ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت قۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ماندېلا كەلگۈسىگە بولغان نەزەر سېلىشنى بايقىدى. ئۇ ئاق تەنلىكلەر ۋە زۇلۇلار بىلەن بىرلىكتە 1992 - يىلى جەنۇبىي ئافرىقىدا ھەقىقىي مەنىگە ئىگە دېموكراتىك سايلامنى كۈتۈشنى ئۈمىد قىلدى.

كۆپ ساندىكى يىغىنغا قاتناشقۇچى تەرەپ ئورتاق ھالدا «مۇددىئانامە» ئىمزالىدى. «بىردەك پۇقرالىق ھوقۇقى بولغان، بارلىق كىشىلەر ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە سادىق بولىدىغان بىرلىككە كەلگەن جەنۇبىي ئافرىقىنى قۇرۇپ چىقىش»قا كېلىشتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئىككى تەرەپنىڭ «يېتەرلىك ئورتاق تونۇش»قا كېلىشى ئاساسىدا قارار چىقىرىشقا قوشۇلدى. بۇ قەستەنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇجمەل بايان ئىدى.

بۇنىڭغا نىسبەتەن ماندېلا چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى: «يېتەرلىك ئورتاق تونۇش»نىڭ كۆرسىتىدىغىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى، ھۆكۈمەت ۋە باشقا كۆپ سانلىق پارتىيەلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇشۇلۇش ئاساسىدىكى قارار ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باش مۇنازىرىچىسى شىلىر لامفۇسانىڭ شەرھلىشى تېخىمۇ سەممىي بولدى: «بۇنداق دېگەنلىك، ئەگەر بىز ۋە مىللىي دېموكراتىك پارتىيە قوشۇلسىلا، باشقىلارنىڭ پىكرى نۆلگە تەڭ، دېيىشتىن ئىبارەت.»

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش سېكرېتار لامفۇسانىڭ باشچىلىقىدا ئىدى. لامفۇسا ناھايىتى تېزلا ئاق تەنلىكلەرگە بەكمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇلار بۇ قارا تەنلىكنىڭ بۇ دەرىجىدە پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. لامفۇسانىڭ بىر قۇدرەتلىك ئارقا سەپ ياردەمچى ئەترىتى بار ئىدى. ئارقىسىدا جوئى سلوۋ، مارك ماخراج ۋە ۋاللى مۇسانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ناھايىتى تېزلا خىزمەت ھالىتىگە كىرىپ، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ يېنىدىكى ئىشخانىدا ئالدىراش بولۇپ كەتتى. تابو مىنگمۇ پات - پات ئىشخانىغا كىرىپ قوياتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ماندېلا «بىر تېلېفون يىراقلىقىدىكى ئورۇندا ئىدى.» ئۇلار دائىم «بۇ بوۋاي نېمە دەر؟» دەپ ئويلايتتى. بەكلا جىددىي پەيتلەردە، ئىشنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا يۈگۈرەيتتى.

دېموكراتىك يىغىنىنىڭ تۇنجى كۈنى كەيپسىز كەيپىياتتا ئاخىرلاشتى، ئىككى رەھبەر ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى. دى كلېرك ئۆزىنىڭ ماندېلاغا بۇرۇنلا ئاغزاكى خەۋەر يوللاپ، چوڭ يىغىندا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تېخىچە قوراللىق كۈچىنى ساقلاپ، مىللەت نەيزىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى

قاتتىق تەنقىدلەيدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، ماندېلا دى كلېركنىڭ ئۆزىنىڭ بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى «ئەزەلدىن پۇرىتىپ ئۆتمىگەنلىكى»نى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. كلېركنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مەخپىي ھالدا قورال ساقلاپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇچ ئاي ئىلگىرىكى كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى قاتتىق تەنقىدلىدى. بۇنىڭغا نىسبەتەن ماندېلا قاتتىق غەزەپلەندى: دى كلېرك ئەڭ ئاخىرقى سۆز قىلغۇچى ئىدى. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «مەكتەپ مۇدىرى كەپسىز ئوقۇغۇچىنى سۆككەندەك» ماندېلانى سۆكتى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆپلىگەن خىزمەتداشلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماستىن، 1991 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دى كلېرك بىلەن مەخپىي كېلىشىم ئىمزالىغانىدى. كېلىشىمدە تاكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىققۇچە مىللەت نەيزىسىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى. دى كلېرك سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ماندېلا دىلىنى چۇلغىۋالغان ئاچچىقىنى بېسىپ تۇرۇپ چوڭ ـ چوڭ قەدەم بىلەن مۇنبەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ھەتتا دى كلېركقا قاراپمۇ قويماستىن، تېلېكامېراغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئۇچىنچى شەخس تىلىدا دى كلېركنى سۆكتى. ئۇ نەمۇنە بولغۇدەك دەرىجىدە پۇخادىن چىققۇدەك سۆزلىدى:

دى كلېركقا ئوخشاش قانۇنسىز، ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئاز سانلىق ھۆكۈمدارمۇ بەلگىلىك ئەخلاقىي ئۆلچەمگە رىئايە قىلىشى كېرەك... ئەگەر سەن بۇ مەيدانغا كېلىپ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا سىياسەتنى ئالىقىنىڭدا ئويناتماقچى بولساڭ، سەن بىلەن سالام ـ سەھەت قىلىشىدىغان ئادەم كۆپ چىقمايدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، قورالغا ئېرىشكەندىلا ئاندىن قورالىلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. دى كلېركنىڭ مىڭ تۈرلۈك خاتالىقى بولغان تەقدىردىمۇ، ماندېلا ھەرقاچان ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىشقا تەييار ئىدى.

ماندېلانىڭ بۇ ئىشى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى كۆپلىگەن خىزمەتداشلىرىنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. بابالا ماسگارا مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترەپ، تۈرمىدىكى ئۇزاق يىللىق بۇرۇقتۇرما كەيپىياتى بىردىنلا پارتلاپ چىقتى.» ماندېلا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى فېرنا گىنۋارا مۇنداق دېدى: «ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ رەھبىرى ئەزەلدىن بۇنداق سۆكۈلۈپ باقمىغان.» ماندېلانىڭ كەيپىياتىنىڭ بۇ قېتىملىق تەلتۆكۈس پارتلىشىغا ئۇنىڭ غەزىپىنىڭ تولۇپ تاشقىنىدىن باشقا، مۇھىم سىياسىي غەرەز يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى ئىدى. كاتىرادا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى «چۈشكۈن مەغلۇبىيەتچى سۈپىتىدە ئەمەس، مەغرۇر قاتناشقۇچى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.» بىر قىسىم مۇخبىرلارنىڭ نەزىرىدە، ھوقۇق شامىلى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تامان چىقىۋاتاتتى.

دى كلېرك غەزىپىنى بېسىپ، تېزلىك بىلەن خاتىرە قالدۇرغاچ بوش ئاۋازدا پىچىرلىدى. ئۇ ماندېلانىڭ ئەيىبلىشىگە جاۋابەن، ئەگەر قورال مەسىلىسى ھەل بولمىسا «بىز مەڭگۈ بىر قولىدا تىنچلىق سۆھبىتى خاتىرىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، يەنە بىر قولىنى قورال ئۇچۇن پۇلاڭلىتىۋاتقان رەقىبلەرگە ئايلىنىپ قالىمىز» دېدى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئىككىيلەن ئېھتىياتچانلىق بىلەن يارىشىپ قالدى. ماندېلا دى كلېرك بىلەن قول ئېلىشىپ پاراڭلاشتى ۋە ھەمكارلىشىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. بۇ

ھال جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ جىددىيلىكىنى پەسەيتتى. بىراق، دى كلېرك كېيىن «ماندېلا بىزگە ھېچقانداق بېشارەت بەرمەستىنلا ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىگە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز سالىدىغان كىشىلىك ئوبرازىنى تىكلىدى» دەپ قارىدى. يىغىن ئۈمىدسىز بىر ھالەتتە ۋاقىتىنچە توختىتىلدى، شۇنداقلا 5 ـ ئايدىكى كېيىنكى قېتىملىق ئەزالار يىغىنىدىن ئىلگىرى تەپسىلىي كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن بەش نەپەر مۇنازىرە ئەترىتى تەشكىللەندى.

دى كلېرك ناھايىتى تېزلا ئاق تەنلىك سايلىغۇچىلار تەرىپىدىن مىخقا ئۇستى. 1992 ـ يىلى 2 ـ ئايدا بوتىسىجومدا ئۆتكۈزۈلگەن سەپلىمە سايلامدا ئۇ باشچىلىق قىلغان مىللىي پارتىيە ئۆز ئىچىدە مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولۇپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ھەرقانداق سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلىدىغان كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىگە ئۇتتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ دى كلېرك ئاجايىپ قاپ يۈرەكلەرچە قارارىدىن بىرنى چىقاردى: ئۇ بارلىق ئاق تەنلىك سايلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بېلەت تاشلاش شەكلى بىلەن يېڭى قانۇننى ماقۇللاشنى ئېلان قىلدى. كۆپلىگەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنىڭ نەزىرىدە، دى كلېركنىڭ بۇ قىلمىشى تىنچلىق سۆھبىتىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىك ھېسابلىناتتى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ جەڭگە تەييارلىق قىلىش ھالىتىگە ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ماندېلا گەرچە يالغۇز ئاق تەنلىكلەرلا قاتناشقان سايلامغا قوشۇلمىسىمۇ، بىراق دى كلېركنىڭ قارارىغا سۈكۈتتە تۇردى. 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دى كلېرك مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن غەلىبە قازاندى 86 پىرسەنت ئاق تەنلىك بېلەت تاشلاشقا قاتنىشىپ، دى كلېرك ۋە ئۇ باشچىلىق قىلغان مىللىي پارتىيە 68.7 پىرسەنت قوللاشقا ئېرىشتى. ئاق تەنلىك لىبېرالىستلار پارتىيەسى بۇ دى كلېركنىڭ ئەڭ ياخشى كۈنلىرى دەپ قارىدى. بىراق، ماندېلا بۇ قېتىملىق بېلەت تاشلاش نەتىجىسىنىڭ

نوپۇسى كۆپ ساننى ئىگىلىگەن قارا تەنلىكلەرنىڭ ھوقۇق ئىگىلىشىگە پايدىسىزلىقىنى، دى كلېركنىڭ ئورنىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. دى كلېركنىڭ كۈچى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كۈچەيدى، بىراق ئۇ يەنە ۋاقىتنى سوزۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

1992 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دېموكراتىك جەنۇبىي ئافرىقا يىغىنىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئەزالار يىغىنى دۇنيا سودا مەركىزىدە ئېچىلدى. ئاق تەنلىكلەرنىڭ قوللىشى نەتىجىسىدە، دى كلېركنىڭ ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىرى ئۆمىكىدىكى ئەزالارنىڭ كەيپىياتى بىرئاز كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئۇلار قانۇننىڭ مۇھىم تارماقلىرىنىڭ ھەرقاندىقىنىڭ 75 پىرسەنتتىن يۇقىرى قوللاشقا ئېرىشكەندىلا، ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. ماندېلا دى كلېرك سۆھبەتنىڭ داۋاملىشىشىنى قەستەن كەينىگە سۈرۈش ئارقىلىق قارا تەنلىكلەرنىڭ ھوقۇق ئىگىلىشىنى توسماقچى، دەپ گۇمانلانىدى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى سولچىلىرى ئارىسىدا ئاللىقاچان تەنقىد چۇقانلىرى ياڭرىغانلىقىنى سەزدى. ئۇلار بىر كۆپلەپ قۇربانلىق بەردۇق ۋە جىق يول قويدۇق، بۇنىڭ بەدىلىگە ئېرىشىدىغىنىمىز زور غەلىبە بولىدۇ، دەپ قارايتتى. قانۇن لايىھەسى تەييارلاش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتى قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. دى كلېرك يەنىلا شىۋېيتسارىيەگە ياكى گېرمانىيەگە تەقلىد قىلىنغان، يەنى رەئىسى ئالمىشىپ ۋەزىپە ئۆتەيدىغان رايونلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپقان ئالىي پالاتا ئارقىلىق ئاز سانلىقلار توپىنىڭ مەنپەئەتىگە كېپىللىك قىلىش شەكلىدىكى «ھوقۇقتىن تەڭ بەھرىلىنىش»نى يولغا قويۇشنى خالايتتى. بۇ خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىشتىكى مەقسەت كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغان مەلۇم بىر توپنىڭ ھوقۇقنى ئۆز ئالدىغا قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. بىراق، ماندېلا دى

كلېركنىڭ بۇنداق قىلىشىنى قارا تەنلىكلەرنى پارچىلىۋېتىش ئارقىلىق، ئاخىردا ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلغان، دەپ قارايتتى. ماندېلا يەنە گەرچە دى كلېرك بىر قېتىم سايلامدىن مەھرۇم قالغان بولسىمۇ، بىراق مىللىي پارتىيەنىڭ ھوقۇق تۇتۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇنى مەغلۇپ بولغۇچىنى ساۋاش سىياستى دەپ ئاتىۋېلىشىدىن گۇمانلىناتتى.

سۆھبەتنىڭ قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يىغىنىنىڭ دەسلەپكى كۈنى ئاخىرلاشقاندا، ماندېلا بىلەن دى كلېرك ئىككىيلەن يۈز كۆرۈشتى. ماندېلا دى كلېركقا: «پۈتكۈل جەنۇبىي ئافرىقا ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ نەزىرى سىزدە. بىز كېچەش ئىشكىنى ئېچىپ، سۆھبەتنىڭ غەلىبىسىنى بىرلىكتە كۈتەيلى» دېدى. دى كلېركمۇ سۆھبەتنىڭ چوقۇم داۋاملىشىشىغا قوشۇلدى. ئىككىيلەن كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتى. بىراق، دى كلېرك ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سۆھبەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. يىغىن قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى. بەش كۈندىن كېيىن ماندېلا شىۋېتسىيەدە: «مەسىلىنىڭ مۇھىم ھالقىسى ھەرگىزمۇ پىرسەنت نىسبىتى ياكى ئاددىي سانلىق مەلۇماتلاردا ئەمەس. بىراق، مىللىي پارتىيە يەنىلا ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي ھوقۇقنى قولىغا ئېلىشقا ئۇرۇنماقتا.» بىراق، دى كلېرك كوممۇنىزمچىلار ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى رادىكال كۈچلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ ھەرقانداق يول قويۇشنى رەت قىلدى، دەپ قارىدى: «ئۇلار تېخىچە قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق ھۆكۈمەتنى قوغلاپ چىقىرىپ، خەلقنىڭ ھوقۇق ئىگىلىشىگە مايىل ئىدى.» ئەمەلىيەتتە، يىغىنىنىڭ داۋاملىشىش ـ داۋاملاشماسلىقىغا نىسبەتەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كېيىنكى قېتىملىق يىغىن توغرۇلۇق ئىختىلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈز بەردى. ئالبى ساكس گەرچە ھۆكۈمەتنىڭ سەممىي نىيەتتە بولمىسىمۇ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تاكى ئىككى تەرەپ ھالقىلىق مەسىلىلەردە بىردەكلىك ھاسىل قىلمىغۇچە سۆھبەتنى توختىتىپ تۇرۇشى كېرەك، دەپ قارىدى. ماندېلا ساكسىنى بىلەت تاشلىماستىنلا بۇ ئىشنى ئاۋازغا قويۇشقا قايىل قىلدى.

بىراق، بىرنەچچە كۈن ئۆتمەستىنلا، 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئىنكاتانىڭ بىر توپ قوللىغۇچىلىرى ۋال دەرياسى بويىدىكى قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بوپتون رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ 45 كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشقىنى يۈزلىرىنى قارىغا بوياپ، قارا تەنلىك سىياقىغا كىرىۋالغان ئاق تەنلىكلەر ئىدى. ساقچىلارنىڭ ئېنىقلا بۇ دېلو بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ماندېلا ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ خارابىگە ئايلانغان نەق مەيدانغا يېتىپ باردى. بۇ ھال ئۇنى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قېتىملىق قىرغىنچىلىققا سۈكۈتتە تۇرغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشەندۈردى. ماندېلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا «مەن ئۆز خەلقىمنى توختىماستىن قىرغىن قىلىۋاتقان بىر ھۆكۈمەت بىلەن نېمە ئۈچۈن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزىدىغانلىقىمنى ئۆز خەلقىمگە چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىزمەن» دېدى. ماندېلا دى كلېركقا تېلېگراممىا يوللاپ تىنچلىق سۆھبىتىنى توختاتقانلىقىنى، شۇنداقلا قىرغىنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قاتىلنىڭ چوقۇم سوتقا تارتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دى كلېرك ماندېلا بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى، بىراق ماندېلا بۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىدى.

سۆھبەت قارىماققا ئەسلىي ھالىتىگە قايتقاندەك تۇراتتى. يۇتكۇل دۆلەت قالايمىقانچىلىق گىردابىغا بېرىپ قالغاندى. زوراۋانلىق قىلمىشلىرى تېخىچە داۋاملىشىپ، دۆلەت ئىقتىسادىي كىرىزىسقا يۈزلەندى. ماندېلا بىلەن دى كلېرك ھەر ئىككىلىسى قارشى تەرەپنىڭ رەھبەرلىكىدىكى پارتىيەنىڭ

ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. دى كلېرك ئۆزىنىڭ يۈزلەنمەكچى بولغىنىنىڭ تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىكەنلىكىدىن ئاغرىنغانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلا بولسا جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئوڭچى ئاق تەنلىكلەر ئۆز سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى، بولۇپمۇ تۇنجى قەدەملىك دەلىل ـ ئىسپاتلار ئۈچىنچى خىل كۈچ ھەقىقەتەن شۇنىڭدىن كېيىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ دى كلېركتىن نېمە ئۈچۈن زۇلۇلارنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى توسمايدىغانلىقىنى سورىدى. دى كلېرك جاۋابەن: «ماندېلا ئەپەندى، ئەگەر سىز مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولسىڭىز، مېنىڭ سىز ئويلىغاندەك ھەممىگە قادىر ئەمەسلىكىمنى بىلگەن بولاتتىڭىز» دېدى. ماندېلا دى كلېرك «زوراۋانلىق قىلمىشىنى توسۇشقا قادىر» تۇرۇقلۇق قەستەن توسۇمىدى، دەپ قارايتتى.

بۇ كۈنلەردىكى ئەھۋال ماندېلانى بەكلا ئارامسىزلاندۇردى. ئۇ بوپتۇن خەلقىگە «خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇ كۈنلەردە داۋاملىشىۋاتقان قىرغىنچىلىققا قىلچىلىك ئىشەنمەيدىغانلىقى»نى نەزەردە تۇتۇشنى ئېيتتى. ماندېلا چەت ئەلدىن ياردەم ئىزدىدى. ماندېلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى دوكتور بۇتروس گېرىگنىڭ خەۋپسىزلىك ئالاھىدە يىغىنى ئېچىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سېنېگالدا ئېچىلغان ئافرىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۇچتى. يىغىندا ئۇنىڭ خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ (دۆلىتىدىكى ئىشلار)غا ئارىلىشىش تەكلىپى تەستىقلاندى. ماندېلا بۇتروس گېرىگ بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا تىنچلىق قىسمىنى تۇرغۇزۇش تەكلىپىنى بەردى.

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ، 16 ـ كۈنلىرى تىنچلىق كېڭىشى يىغىنى نيۇيوركتا ئېچىلدى. يىغىندا جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمەت ۋەكىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىك بوتا، ئىنكاتا ۋەكىلى بۇتىلىزى قاتارلىق جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئوخشىمىغان پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ سۆزلىرى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى. تىنچلىق كېڭىشىدە قانداقلا بولمىسۇن بوپتون ۋەقەسىنىڭ باشلامچىسىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ماقۇللاندى. ماندېلانىڭ تەلىپىگە بىنائەن، تىنچلىق كېڭىشى ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت سېكرېتارى سىرىس ۋانسۋېيت مۇشۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىندى. سىرىس ئىككى تەرەپنى تېزدىن تىنچلىق سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلدى. بىراق، ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغىنى شۇكى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رولى قانداقلا بولمىسۇن چەكلىك ئىدى. ئۇ ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالمايتتى.

ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزۈن تىركىشىش ۋەزىيىتى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى رادىكاللارغا ياكى «تەتۈر مۇقام تووۇلغۇچىلار»غا ئۆزىنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتى ئاتا قىلدى. ئۇلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوراللىق كۈرەشكە قايتا باش تىقىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. مەسخىرىلىك تۇس ئالغىنى، كۆپلىگەن كوممۇنىزمچىلار ئەمدىلىكتە «لېيپزىگ تاللىشى» نى قولللاۋاتاتتى. ئۇچ يىل ئىلگىرى شەرقىي گېرمانىيەدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭچىلار لېيپزىگ كوچا ئېغىزىدا چوڭ كۆلەملىك نامايىش قوزغىدى. شەرقىي گېرمانىيەنىڭ يىمىرىلىشى شۇنىڭدىن باشلىنىپ، شەرقىي گېرمانىيە كوممۇنىزم مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ئاخىر ئاغدۇرۇۋېتىلدى. «لېيپزىگ تاللىشى» دېگەن نامىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن قويۇلدى. دى كلېرك گەرچە مەسئۇلىيەتنىڭ ھەممىسىنى كوممۇنىزمچىلارغا ئىتتىرىپ قويغان بولسىمۇ، بىراق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۆپلىگەن كوممۇنىزمچىلارمۇ ئوخشاشلا رادىكال ئىدى. ماندېلا يۈزلەنمەكچى بولغان ھالقىلىق مەسىلە دەل قانداق قىلىپ ئىككى

تەرەپ ئارىسىدىكى تەڭپۇڭ مۇناسىۋەتنى ساقلاش ئىدى. ماندېلانىڭ دوستى فاتىمە مىلنىڭ ئېيتقىنىغا ئوخشاش: «ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ۋە چوڭ كۆلەملىك ھەرىكەت ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق ئورنىتىشقا موھتاج ئىدى. چۈنكى، ئۇ شۇنى چوڭقۇر چۈشىنەتتىكى، مەيلى قايسى ئىش يۈز بەرسۇن، مەسئۇلىيەتنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنەتتى.» ماندېلا ئاخىردا بىر تەڭشەش خاراكتېرلىك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى قارار قىلدى. ئۇ بولسىمۇ «ھەرىكەتچان چوڭ كۆلەملىك ھەرىكەت» ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتىپ، ھۆكۈمەتنى يول قويۇشقا قىستاش ئىدى. 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سوۋېتو قوزغىلىڭى خاتىرە پائالىيىتى سوۋېتو تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. ماندېلا پائالىيەتكە قاتناشتى، ھەمدە «ھەرىكەتچان چوڭ كۆلەملىك ھەرىكەت»نىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ كۆلەملىك ئىش تاشلاش بۇ ھەرىكەتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. 4 مىليوندىن ئارتۇق ئىشچى ئىش تاشلىدى. ماندېلا 50 مىڭدىن 100 مىڭغىچە بولغان قوشۇننى باشلاپ پرېتورىيەنىڭ فېدېراتسىيە پارلامېنتىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇ كۆپچىلىككە نامايىشچىلار سانىنىڭ بەك ئاۋۇپ كەتمەسلىكىنى، نامايىشنىڭ زوراۋانلىققا ئايلىنىپ كېتىشىدىن، ياكى ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ غەلىبە سەۋەبلىك بېشى ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى تاپىلىدى.

مەسىلىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، رادىكال كۈچلەر نامايىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆز قوماندانلىق ئىشتابىغا قەدەم قويدۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تېخىمۇ كۆپ قوللىغۇچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنى ئويلىدى. كەسكىنلىك بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ قوماندانلىق ئىشتابى جەنۇبىي ئافرىقا چېگراسى ئىچىدە بولماسلىقى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئافرىقىلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىللىي مەجلىسى مەملىكەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئۇلار چېرىك سىسكى جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بىسوغا ئاتلىنىشنى قارار قىلدى. دى كلېرك ماندېلاغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ھەرىكەتنى توختىتىشنى ئۆتۈندى. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ 70 مىڭ ئادىمى دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بىسودىكى بىر تەنتەربىيە سارىيىغا كىردى. يەرلىك ئىجتىمائىي تەرتىپ ئەمەلدارى ئۇلارنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توستى. بىراق، رونى كاسلېرىس ئۆز ئەترىتىنى باشلاپ قەيسەرلىك بىلەن مۇداپىئە سىزىقىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، پايتەختكە قاراپ ماڭدى. سىسكىي ئەسكەرلىرى ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەستىنلا 28 نەپەر نامايىشچىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى.

بۇ ئىشتىن ماندېلا بەكلا غەزەپلەندى. ئۇ، بۇ ئىشنىڭ ئۆزىنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى: «خەلقىم ماڭا ‹بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت نېمە، سۆھبەتتىن ۋاز كېچەيلى؛ بۇنداق سۆھبەتلەشسەك مەقسىتىمىز مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ› دېمەكتە.» بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماندېلا بىسو توقۇنۇشى ئىككى تەرەپكە چوڭ زەربە بولدى، شۇنداقلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى دوستلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئابرۇيى ۋە ئوبرازىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتتى، دەپ قارىدى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ھۆكۈمەتنى ئەيىبلەپ «ئىككى تەرەپ سۆھبەتلىشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا سايلامغا تەييارلىق قىلدى» دەپ ئەيىبلىدى. بىسودىكى قىرغىنچىلىق ۋەقەسى كۆپچىلىكنى ۋەقەگە قايتا باھا بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. «ئافرىقىلىق كوممۇنىزمچىلار» مۇ «لېيپزىگ تاللىشى»غا بولغان كۆزقارىشىغا قاراپ چىقتى. باش مۇھەررىر گىلىم كىرولىن مۇنداق دېدى: «بۇ خىل تاللاش زادى قانچىلىك دەرىجىدە ئۈنۈم بېرىدۇ؟ بىز چوقۇم سەزگۈرلۈكىمىزنى ئاشۇرۇپ ئاممىۋى زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى چوڭ بىلىپ

كەتمەسلىكىمىز، ياكى ئۇنى ئىنقىلابنىڭ بىردىنبىر مۇۋاپىق يولى دەپ قارىۋالماسلىقىمىز كېرەك.»

بىسودىكى قىرغىنچىلىق ۋەقەسى ماندېلانىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنى قايتا باشلىشىغا ئېغىرچىلىق ئېلىپ كەلدى. دى كلېرىك بىسودىكى قىرغىنچىلىق ۋەقەسى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى مۆتىدىللىك كۈچى بۇ سەۋەبلىك مۇقىملىشىدۇ، دەپ قارىدى. پەردە ئارقىسىدا بەزى ئاكتىپ ھەرىكەتلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. شىلىر لامفۇسا ئاق تەنلىك رەقىبى لورىق مىر بىلەن ئاتالمىش « ئارقا يول» ئارقىلىق زىچ ھەمكارلىق ئورناتتى. ئىككى تەرەپ 6 ـ ئايدىن باشلاپ 9 ـ ئايغىچە جەمئىي 40 قېتىم يىغىن چاقىرىپ قىسمەن ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. تىنچلىق سۆھبىتى جەھەتتە لامفۇسانىڭ ئۆز ئالدىغا پىرىنسىپى بار ئىدى: «سەن چوقۇم قوراللىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق تەھدىت سېلىشىڭ، بىراق ھەرگىز قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىكىڭ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چوقۇم ئۆزۈڭ بىلەن رەقىبىڭ ئوتتۇرىسىدا شەخسىي ئىشەنچ تۇرغۇزۇشۇڭ كېرەك.» لامفۇسا ماندېلاغا ئوخشاش ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زۇلمىغا ئۇچراشتەك ئېچىنىشلىق ئۆتمۈشىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەندەك ھېسسىياتتا بولاتتى. لورىق مىر قارا تەنلىكلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆتمۈشىنى دى كلېركتىن بەكرەك چۈشىنەتتى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ زۇلمىغا بولغان ئورتاق ئەسلىمە ئىككىيلەننىڭ ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇرغانىدى.

دى كلېرك قوللانغان كېچىكتۈرۈش تاكتىكىسى ئۇنىڭ سۆھبەتتىكى ئورنىنى بارغانسېرى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. گەرچە ئۇ 1990 ـ يىلى سىمىسقا ئوخشاش بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان بولۇپ قالماسلىقنى ئالايىتەن تەكىتلىگەن بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە رۇسىيەدىكى گورباچېف ۋە رودىسىيادىكى ئىئېن سىمىسقا ئوخشاش خاتالىق سادىر قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە دى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كلېركنىڭ ئىچكى كابىنېتتىكى كۆچى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ كەتتى، كۆپلىگەن كىشىلەر سۆھبەتتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى، ھەتتا ئايرىلدى. ئۇنىڭ كۆپلىگەن خىزمەتداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچى تامامەن يوقالدى. ياش دىپلوماتىيە مۇئاۋىن مىنىستىرى لىئان ۋېسسىر: «ئۇ ماندېلانىڭ شارائىتىنى تامامەن خاتا چۈشەندى. ئۇ ئۆزىنى تېخىچە ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمەن، ھوقۇقتا پەقەت باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولسام بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ئويى بەربات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چېكىنىش يولى قالمىدى. ئۇ قارا تەنلىكلەرنىڭ سىياسىتىنى پەقەتلا چۈشەنمەيتتى.»

دى كلېركقا سېلىشتۇرغاندا، ماندېلانىڭ مەقسىتى بەكلا ئاددىي ھەم ئېنىق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خاھىشىنى ئازراقمۇ ئۆزگەرتىپ باقمىدى. ئۇنىڭ كەينىدىكى كوللېكتىپ تېخىمۇ بەك ئىتتىپاق ئىدى. 1992 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ماندېلا چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى: «مەن بىر سىياسىيون، ھالبۇكى سىياسىي دېگەن ھوقۇق كۆرىشىدۇر. ماڭا كېرەكلىك بولغىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھوقۇق تۇتىدىغان ھۆكۈمەتتۇر.» ماندېلا سۆھبەتنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرى توغرۇلۇق بەك كۆپ سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەستىن، ئۇنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. ئەگەر مۇتەخەسسىسلەر ماندېلادىن پىكىر ئالغىنىدا، ئۇلار ماندېلانىڭ مەڭگۈ بەھەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ گەن ھالەتتە كىشىلەرگە يول كۆرسىتىدىغان ماياكقا ئوخشايدىغانلىقىنى بايقايتتى. لامفۇسا كېيىنكى ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت ئۇ قارار قىلغان ئىشلا بولسا، قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەرگىز ئۆزگەرمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ماندېلا بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى قالمايتتى.» ماخراج ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ قانداقلا ئەگرى ـ توقاي سىياسەتلەرنى قوللانمىسۇن، مەقسىتى باشتىن ـ ئاخىر بىردەك

ئىدى. پۈتكۈل سۆھبەت جەريانىدا ئۇ بەئەينى كومپاسقا ئوخشاش سۆھبەتنىڭ يۆنىلىشىنى يېتەكلەيتتى. بىراق، مىللىي پارتىيەنىڭ بۇنداق كومپاسى يوق ئىدى. بۇ ھال ئاخىردا ئۇلارنى ئۆز مەنپەئەتى قايىنىمىدىن چىقالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى.»

ئەمدىلىكتە ئىككى تەرەپنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇسى بەك كۈچىيىپ كەتتى. 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە جەنۇبىي ئافرىقىدا خالىغانچە قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى يۈز بېرىپ، ئىقتىسادىي كىرىزىس كۈنسېرى ئېغىرلاشتى. بىراق، يەڭ ئىچىدىكى قانۇن سودىسى ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا ھەرقايسى پارتىيەلەر ۋە سودا ساھەسىدىكى رەھبەرلەر بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىش ئاساسىدا، قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى ۋە قانۇن تۈزۈش گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرى ئىزچىل ھالدا مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي ۋەزىيەتنى پەسەيتىشكە تىرىشتى. ماندېلامۇ سۆھبەتنىڭ قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى ئاللىقاچان ئاجىزلىشىپ كەتكەن جەنۇبىي ئافرىقا ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى، دى كلېرك دۇچ كېلىدىغان بېسىمنىڭ تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. ماندېلا كېيىن «سېلىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، دى كلېركنىڭ بىزگە بولغان موھتاجلىقى بىزنىڭ ئۇلارغا بولغان موھتاجلىقىمىزدىن ئارتۇق، ئۇ بىر مەيدان يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ئۇچرىشىشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق» دەپ ئېتىراپ قىلدى. دى كلېركنىڭ ئىلگىرىكى ئىستراتېگىيەسى بۇتېلىزى بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشنى ئاساس قىلغانىدى. بىراق، ئەمدىلىكتە ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇتېلىزىغا تاقابىل تۇرماق بەك قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچىنچى خىل كۈچنىڭ پەيدا بولۇشى بۇ خىلدىكى مۇناسىۋەتنى ئىشەنگىلى بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ بارا ـ بارا لورېف مىرنىڭ تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلىشقا، پەقەتلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھوقۇقتىن تەڭ بەھرىمەن بولسا ئاق تەنلىكلەرمۇ قارا تەنلىكلەرنىڭ ھوقۇق تۇتۇشىنى قوبۇل قىلالايدۇ، دەپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ يەنە ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان تىنچلىقنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى.

ماندېلا تېخىچە بارلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋەكىلىنىڭ ئېيتىشىغا ئوخشاش: «بارلىق ئىشلارنى توغرا يولغا قايتۇرۇش ئىزدىنىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئاخىر ماندېلاغا قايتتى.» دى كلېرك ماندېلانى سۆھبەتكە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. بىراق، ماندېلا دى كلېركقا ئالدىن تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمدىلىكتە ئېشىشۋېلىش نۆۋىتى ماندېلاغا كەلگەنىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن دى كلېرك «يۈلتۇز گېزىتى» نىڭ «زەيتۇن شېخى» نامىدىكى زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «ماندېلانىڭ كەيپىياتى قارىماققا دېگەندەك ياخشى ئەمەستەك تۇرىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، ئۇ ئەزەلدىنلا شۇنچىلىك باتۇر، يېقىملىق ۋە ئۆزىگە ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈنلەردىكى ھالىتى كىشىنى ئەنسىرەتمەي قالمايدۇ» دېدى. دى كلېرك ماندېلانىڭ ئاللىقاچان يول قويغانلىقىنى ئېيتىپ، شۇنىڭ ئۈچۈن «مەن شۇنىڭغا ماس ھالدا كەڭ قورساقلىقىمنى ئىپادىلەپ قويۇشۇم كېرەك» دېدى. بەزى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، دى كلېركنىڭ بۇ گەپ ـ سۆزلىرى سۆھبەتتە بۆرىلىش بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ دۇنيا سودا مەركىزىدە ئۇچراشتى. ئۇچرىشىش تېزلا ماندېلا بىلەن دى كلېرك ئوتتۇرىسىدىكى جاڭجالغا ئايلىنىپ كەتتى. ماندېلا ئەمدىلىكتە دى كلېرك بىلەن سۆھبەتلەشكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئۈچ تۈرلۈك

ئالدىنقى شەرتنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ بەس ـ مۇنازىرە قوزغىغىنى بارلىق سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇۋېتىش بولدى. بىراق، 1986 ـ يىلى دۇرباندىكى مارى قاۋاقخانىسىنى پارتلىتىپ ئۈچ ئاق تەنلىك ئايالنىڭ ئۆلۈشى سەۋەبلىك تۈرمىگە كىرگەن جېدەلخور روبېرت ماكبۇراد قاتارلىق مەلۇم سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ مەسىلىسىدە دى كلېرك تەڭلىكتە قالدى. ئەسلىدە لامفۇسا بىلەن ماخراجنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى سۆھبەت ۋەكىللىرى بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىشنى ئويلاشقانىدى. بىراق، ماندېلا 1990 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۈرمىدىكى ماكبۇرادنى يوقلاپ بېرىپ، ماكبۇرادقا ئۆزىنىڭ ئىزچىل ھالدا ھۆكۈمەتتىن سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى ئېيتقانىدى. شۇ سەۋەبلىك، ئۇ ماكبۇراد ئۇچۇن كۈرەش قىلىش مەسئۇلىيىتىم بار، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرەيلەن ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى كۆزقارىشىنىڭ بىردەك ئەمەسلىكىنى بۇرۇنلا ماندېلاغا ئاشكارىلاپ قويغانىدى. شۇڭا، ماندېلا دى كلېركقا ئەگەر ماكبۇرادنىڭ مەسىلىسى ھەل بولمىسا، ھېچبىر ئىشتا سۆزلىشىشنىڭ ھاجىتى قالمايدىغانلىقى توغرىلۇق تەھدىت سالغانىدى. دى كلېرك ماندېلانىڭ «ئاشۇرۇۋېتىلگەن ۋە كۈچلۈك نەيرىڭىدىن» بەكلا بىزارلىق ھېس قىلدى. ئۇ ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچ تەكلىپىنى كەسكىن رەت قىلىشنى ئويلىدى. بىراق، ئۇ ئۆز خىزمەتداشلىرىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مايىللىقىنى، مۇرەسسەلىشىشنى يىراقتىن ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇ ماندېلا ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلدى. بۇ سەۋەبلىك ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى بەكلا روھلىنىپ كەتتى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باشقا ئىككى شەرتى زۇلۇ ئىشچىلىرىنىڭ بويتاقلار ياتىقىنى توسۇق بىلەن

توسۇۋېتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى قورال ئىشلىتىشىنى چەكلەش ئىدى. بۇ ئىككى شەرت ئېنىقكى بۇتىلىزىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرەتتى. بىراق، سېرىس ۋانىس ۋە باش سوتچى گېدستوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقىلارمۇ دى كلېركقا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ زۇلۇلارنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا چەكلىشىنى تەلەپ قىلدى. دى كلېرك ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا بۇ شەرتكە كۆنۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇچرىشىش ئاخىرلاشقاندا ماندېلا بىلەن دى كلېرك «يارىشىش خاتىرىسى»گە ئىمزا قويدى. دى كلېرك ماندېلانىڭ ئۈچ خىل شەرتىنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلدى. ئىككى تەرەپ خاتىرىدە قانۇن تۈزۈش دۆلەت مەجلىسى قۇرۇشقا ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇپ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كېلىشتى. دى كلېرك بۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى رادىكاللارنىڭ غەلىبىسى دەپ قارىدى. ھالبۇكى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دېموكراتىيە يولىغا مېڭىشتىكى بىر پەللىسى دەپ قارىدى. ماخراج: ««يارىشىش خاتىرىسى، دېموكراتىيە يولىدىكى توسۇقلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۈپۈرۈپ تاشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەممە كىشىنىڭ بېلەت تاشلاش ھوقۇقى ئۈچۈن تەييارلىق كۆردى، ماندېلا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سۆھبەتتە باش پېرسوناژلىق رولىنى ئوينىدى» دېدى. بۇ ئىشتىن ماندېلامۇ بەك خۇشال بولغاندى: «بۇ دەل بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ كۈتكىنى، بىزنىڭ ئىقتىسادىمىزنىڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىنتىزار بولغىنى ھېسابلىنىدۇ.»

بۇتىلىزىنىڭ غەزىپى تاشتى. ئۇ سۆھبەتتىن سىقىپ چىقىرىلدىم دەپ قاراپ، تىنچلىق سۆھبىتىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ دەسلەپتە بىر قېتىملىق يوھاننېسبۇرگ شەھەر مەركىزىنى كېسىپ ئۆتۈش نامايىشى قىلدى. بىر ئايدىن كېيىن ئاق تەنلىك ئوڭچىلار پارتىيەسى ۋە

قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئىككى رەھبىرى بىلەن بىرلىكتە «غەمگە چۆمگەن جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار گۇرۇھى»دىن ئىبارەت ئالاھىدە ئىتتىپاققا قاتناشتى ۋە دېموكراتىك جەنۇبىي ئافرىقا كېڭىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ۋەدە بەردى. ئەمەلىيەتتە «يارىشىش خاتىرىسى»نىڭ ئىمزالىنىشى ھەرقايسى كۈچلەرنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ئايرىلىشى ۋە قايتا بىرىكىشىنىڭ بەلگىسى ئىدى. دى كلېرك بىلەن بۇتېلېزى ئارىسىدىكى سىياسىي ھەمكارلىق ئۇزۇل - كېسىل ئاخىرلاشتى. كۇۋازۇلۇناتال رايونىدا يۈز بېرىدىغان پويىزغا ھۇجۇم قىلىش، مەخپىي قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، قىرغىن قىلىش قاتارلىق سىياسىي زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ھەقىقىي ئەھۋال ۋە ياراشتۇرۇش كومىتېتى كېيىن شۇنى بايقىدىكى، ۋاستىلىك دەلىل - ئىسپاتلاردىن ئېنىقلىنىشىچە ««يارىشىش خاتىرىسى›نىڭ ئىمزالىنىشى ‹ئۈچىنچى خىل كۈچ›كە مۇناسىۋەتلىك زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىدە خالىغان شەكىلدە ۋە نامسىز ھالدا يۈز بېرىدىغان ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەتكەنىدى.» بۇ ئېنىق ھالدا شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت دى كلېركلا خالىسا ماندېلانىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى توسۇشقا قۇربىتى يېتەتتى.

دى كلېركنىڭ نەزىرىدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تەرەپمۇ تارىخىي خاراكتېرلىك يول قويۇشنى ئىشقا ئاشۇرغانىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تەرەپ دى كلېرك ئوتتۇرىغا قويغان ئاق تەنلىك دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا ئاق تەنلىك مىللەتچىلەر ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىدىن ئورتاق تەشكىللەنگەن بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ «كۈنپېتىش نىزامنامىسى»گە يول قويغانىدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش پىلانىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققىنىغا بىر - ئىككى كۈنلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغان ئەمەس ئىدى. تابو مىېمكى بۇ ئويىنى بۇرۇندىنلا سۆھبەت مەزمۇنىغا بارا ـ بارا كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. بىراق، كۆپچىلىكنىڭ ئويلىغىنىدەك بولغىنى كوممۇنىست جوئى سلوۋ ئاۋغۇستتىكى «ئافرىقا كوممۇنىزم» ىېغىنىدا كونا خامانىنى قايتا سوراۋپ: «بىز ئۇلارغا سۇ ئىتىنى يوقاتقان پەدىدە مۇئامىلە قىلساق بولمايدۇ. ئاق تەنلىك ئەسكەرلەرنىڭ ۋە دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ دېموكراتىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت سېلىشقا يەنىلا قۇربى يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى چوقۇم ئۆز ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا كۈچىنىڭ بارىچە ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى.» سلوۋنىڭ كۆزقارىشى كىشىلەرنى بەكلا قايىل قىلىۋەتتى. دې كلېرك بۇ خىل كۆزقاراش «قۇسۇر تاپقىلى بولمايدىغان ئىنقىلابىي سەرگۈزەشتىسى بار كوممۇنىزمچى» نىڭ ئاغزىدىن چىقسا كىشىنى تېخىمۇ بەك قايىل قىلىدۇ، دەپ قارىدى. ئەلۋەتتە، سولچىلارغا دۈشمىنى بىلەن ئىچكى كابىنېتتا بىرلىكتە پۈت تىرەپ تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. كۆپلىگەن كوممۇنىزمچىلارنىڭ ئورتاق قارىشىدا بۇنداق قىلىش سېپىي ئۆزىدىن ساتقۇنلۇق ھېسابلىناتتى. پالو جوردان ماركسىزمچى ئىدى. ئۇ سلوۋنى «20 ـ ئەسىر تارىخىغا نىسبەتەن ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ» دەپ ئەيىبلەيتتى. رونى كاسلېر ئاق تەنلىك قوماندانلارنىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز يانتاياقلىرىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھوقۇقنى ئېرىشىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ ئەنسىرىشى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. دەسلەپتە ماندېلامۇ بۇ تەكلىپتىن ئىككىلەندى. بىراق، كېيىن كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتتى. «ئىنقىلابقا قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ بېخ سۇرۇشى» ماندېلانى بارغانسېرى ئەنسىرەتتى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئىتتىپاق تۈزۈش پۈتكۈل مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرەلەيدۇ، شۇ ئارقىلىق ئانگولانىڭ ساۋېنبىدا يۈز بەرگەنگە ئوخشاش

ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان ۋەقەلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى.

11 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋەكىللىرى «كۆنپېتىش نىزامنامىسى»نىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە ئىككى كۈن مۇھاكىمە ئۆتكۈزدى. 80 نەپەر ۋەكىلنىڭ ئىچىدىكى 62 نەپەر ۋەكىل سۆز قىلدى. چىن يۈرەكتىن چىققان ئارزۇ ـ ئارمانلار ۋە ئوي ـ خىياللار تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ماندېلا «بارلىق دېموكراتىك پارتىيەلەرنىڭ ھۆكۈمەتتە بىردىن ئورنى بولۇشىنى، ئىتتىپاقلىشىش شەكلى ئارقىلىقلا ئىچكى ئۇرۇشتىن قۇتۇلۇپ قالغىلى بولىدىغانلىقى»نى تەكىتلىدى. 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى سىلوۋۇنىڭ تەكلىپىنى ماقۇللىدى. بىراق، بۇنىڭغا نىسبەتەن كۈچلۈك تەنقىد سادالىرىمۇ ياڭرىدى. ۋىننى ماندېلا: «مىللىي دېموكراتىك پارتىيە قەھرىمانلىرى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن بىرلىكتە ئىشلەشتىن باش تارتمىدى» دېدى. ھاررى كۋارا بولسا «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىزچىل ھالدا ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ۋە چىڭ تۇرۇۋاتقان نەرسىسىنى بىرلا ئۆزگەرتىشكە، مۇئامىلىلەرنىڭ 180 گىرادۇس ئۆزگىرىشى» نى قوبۇل قىلالمىدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىك ئەمەلدارلار ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار بۇ نىزامنامىنى ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەيدىغان ياخشى پۇرسەت، دەپ قارىدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، «كۆنپېتىش نىزامنامىسى» نىڭ چەكلىمىلىكلىكى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەسسەچىلىك ۋە يول قويۇشى، شۇنداقلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تۆلىمەكچى بولغان بەدەل ئۇنىڭ كۆپلىگەن قوللىغۇچىلىرى پەرەز قىلغاندىنمۇ چوڭ ئىدى. بىراق، زور دەرىجىدىكى يول قويۇش ھەقىقەتەن دېموكراتىك كېڭىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

1992 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدىكى توختىماستىن سۆركىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەۋەبلىك سۆھبەت يۈنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى، شۇنداقلا ئاخىردا بەش كۈن داۋاملاشقان ئورمان يىغىنى ئوڭۇشلۇق باشلاندى. ئىككى تەرەپنىڭ رەھبەرلىرى ئورمان يىغىنىغا قاتناشتى. كۆپچىلىك بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئارام ئالدى. تولىمۇ ئىناق كەيپىيات شەكىللەندى. ماندېلانىڭ كەلگۈسىدىكى ھۆكۈمەتتە ئۇلارنىڭ مۇئەييەن نىسبەتتىكى ئورنى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق قايتا ـ قايتا ۋەدە بېرىشى بىلەن دى كلېرك ئادەم سانى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلىگەنلەرنىڭ ھوقۇق تۇتۇشىدەك بۇ قاراردىن بوشىشىپ قالدى. ماندېلا ئىللىق ئاھاڭدا چۈشەنچە بېرىپ: «سىز كۆپچىلىكنىڭ بارا ـ بارا ۋەزىيەتنى چۈشىنىشكە باشلىغانلىقىنى بايقايسىز، كىممۇ ئۆتمۈشتە خاتالىشىپ باقمىغان» دېدى. 1993 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىككى تەرەپ ئاساسىي جەھەتتىن بىردەكلىك ھاسىل قىلدى. سايلامغا بارلىق پارتىيەلەرنىڭ قاتنىشىشى، ۋەزىپە ئۆتەش نىسبىتى بەش يىل بولۇشى، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر پارتىيەنىڭ قارار چىقىرىش ھوقۇقى تاشلانغان بىلەت سانىنىڭ بەش پىرسەنتتىن كەم بولماسلىقى بەلگىلەندى. 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە ھۆكۈمەت باشقا 24 پارتىيە بىلەن بىرلىكتە سۆھبەت كومىتېتى چاقىرىپ، تەپسىلىي بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىش مۇھاكىمىگە قويۇلدى.

بىراق، 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى دى كلېرك يەنە بىر قېتىم كومېدىيەلىك قاراردىن بىرنى چىقاردى. بۇ كۆپلىگەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ ئاللىقاچان ئاق تەنلىكلەر ھاكىمىيىتىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. دى كلېرك ئىچكى كابىنېتىدىكىلەرگە «ئۆتكەن توققۇز يىلدا ھۆكۈمەتنىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىشى ۋە تەھدىت سېلىشى نەتىجىسىدە، مەخپىي ھالدا خىروسىما ئاتوم بومبىسىغا ئوخشايدىغان ئاتوم بومبىسىدىن يەتتىنى ياسىدى.

بۇگۈنكى كۈندە ئۆلارنىڭ ھەممىسى يوق قىلىندى. مۇشۇ سەۋەبلىك جەنۇبىي ئافرىقا ئاتوم كۈچىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى جاكارلىغان تۇنجى دۆلەت بولۇپ قالدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ نەزىرىدە، دى كلېركىنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئېنىقكى قارا تەنلىكلەرنىڭ قولىغا ئاتوم بومبىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمىغانلىقىدىن بولغانىدى.»

شۇنىڭغا ئۇلىشىپلا 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كېرىس ھانى يوھاننېسبۇرگ ئەتراپىدىكى بوكسبۇرگتا قەستكە ئۇچراپ ئۆلدى. بۇ ئىش سۆھبەتنىڭ تەرەققىياتىغا بىر قەۋەت قارا سايە تاشلىدى. كېرىس ھانى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ باش سېكرېتارى، سابىق مىللەت نەيزىسىنىڭ قوماندانى ئىدى. ئۇنى كۆپچىلىكنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئىناۋىتى ماندېلانىڭ ئىناۋىتىگە يېقىن كېلەتتى. بەكمۇ ئۇدۇل كەلگىنى، قەستلەش ۋەقەسىگە شاھىت بولغان بىر ئاق تەنلىك ئايال قاتىل ھەيدىگەن ماشىنىنىڭ نومۇر تاختىسىنى كۆرۈۋېلىپ، شۇ ھامان ساقچىغا مەلۇم قىلغانىدى. ساقچىلار 15 مىنۇتتىن كېيىن قاتىل ئولتۇرغان ئىككى ماشىنىغا يېتىشىۋېلىپ، بۇ ئىككى ماشىنىنى توسۇۋالدى. ماشىنىنى ھەيدىگىنى پولشالىق كۆچمەن ئىدى. ساقچىلار ئۇنى تۇتقاندا ئۇ تېخى تاپانچىسىنى تاشلاشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. مانا بۇنى ئوغرى بىلەن مېلىنى تەڭ قولغا چۈشۈرۈش دېيىشكە بولاتتى. يېڭى بىر مەيدان ئىرقىي ئايرىمىچىلىق توقۇنۇشى پارتلايدىغاندەك تۇراتتى. سۆھبەت ھەر قاچان مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كالىۋ قۇملۇقىدا دەم ئېلىۋاتقان دى كلېرك كېرىس ھانىنىڭ ئۆلۈمىگە تەزىيە بىلدۈردى. بىراق، ئۇ پەقەت ماندېلانىڭلا خەلقنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ كېيىن: «بۇ مېنى ئەمەس، ماندېلانى سىنايدىغان ۋاقىت ئىدى» دەپ يازغانىدى. ماندېلا ترانسكېيدىن يوھاننېسبۇرگقا ئايروپىلانلىق قايتىپ كېلىپ، سىياسىي ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر قېتىملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇتقىنى سۆزلىدى. جەنۇبىي ئافرىقا رادىيو شىركىتى نۇتۇقنى بىر ئاز قىسقارتىپ تارقاتتى. كېيىن ماندېلانىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن نۇتۇقنىڭ تولۇق تېكىستى قايتا قويۇلدى. ماندېلانىڭ نۇتقى مۇنداق باشلانغانىدى:

ۋۇجۇدىنى ئۆچمەنلىك قاپلىغان، كاللىسى بىر تەرەپلىمە كۆزقاراش بىلەن تولغان ئاق تەنلىك ئەر ۋەتىنىمىزگە كېلىپ خالىغانچە ئەسكىلىك قىلدى. ئۇنىڭ قىلمىشى ۋەتىنىمىزنى بالا ـ قازا گىرداۋىغا ئىتتىردى. بىر ئاق تەنلىك ئايال جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، ھەقنى ياقىلاپ بىزگە ئەھۋالنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلدۈرۈپ، قاتىلنى قانۇن تورىغا چۈشۈردى.

ماندېلانىڭ سىياسىيونلارغا خاس نۇتقى ۋە دى كلېركنىڭ سۇكۇتى روشەن سېلىشتۇرما بولدى. ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى رەھبەرلىكىدىن، تىنچلىقنىڭ ھامىيسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن كېپتاۋن ۋە ناتال رايونىدا چوڭ كۆلەملىك توپىلاڭ ۋە ئۇرۇپ ـ چېقىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 70 ئادەم ئۆلدى. ھەممە جاينى ساراسىمە قاپلىدى. نەچچە مىڭلىغان ئاق تەنلىكلەر ھەتتا بۇ دۆلەتنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇشتى. ماندېلا ئۇلاردىن قېلىپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى. تەلەيگە يارىشا قىرغىنچىلىق ۋەقەسى يۈز بەرمىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن ھانىنىڭ قەبرە تاختىسى يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىدا ماندېلا: «كىرىس ھانى ئۆلگەن چاغدا ئۈمىدسىز كىشىلەر ‹ۋەتىنىمىز ۋەيران بولىدىغان بولدى› دېيىشكەنىدى. ئۇلار خەلقتىن تەشكىللەنگەن سىياسىي ھوقۇقنىڭ ‹ياش رادىكال كۆچلەر›نى توسۇش ئىقتىدارى يوق دەپ قارىدى. ۋەتىنىمىزنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى پىشىپ يېتىلىشى ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە ئۆزۈل ـ كېسىل رەددىيە بەردى» دېدى.

بۇ ماندېلانىڭ ئەڭ غېرىب دەۋرى ئىدى. ھانى زىيانكەشلىككە

ئۇچراپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ماندېلانىڭ جانجىگەر دوستى ئولىۋېر تامبو ئىككىلەمچى سەكتە كېسەلى بىلەن ۋاپات بولدى. ماندېلا «بىز روھ ئالەمدە مەڭگۈلۈك سۆزلىشىشنى داۋاملاشتۇرىمىز» دېدى. تامبونىڭ ئۆلۈمى ماندېلانى «دۇنيادىكى ئەڭ غېرىب ئادەم بولۇپ قالغاندەك» ھېس قىلدۇردى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئالاھىدە ئۇسۇلدا تامبو ئۇچۇن دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. يەنە تېخى سوۋېتودا چوڭ كۆلەملىك نامايىش قىلدى. كۆپلىگەن دۆلەتلەر يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىللىرىنى تامبونىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتتى. بۇ ھال ماندېلانى بەكلا تەسىرلەندۇردى. خەلق ئىچىدىكى كۆپلىگەن تەزىيە بىلدۇرگۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەنگلىيە باش ئەلچىسىنىڭ يوق بولۇشى كۆزگە بەكلا چېلىقاتتى. ئەينى چاغدا ئۇ ئەنگلىيەدە بۇتىلىزىغا ھەمراھ بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ باش ۋەزىرى جون مىنگ بىلەن كۆرۈشۈۋاتاتتى.

بىر چەت ئەللىك كۆزەتكۈچىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ھازىرقى ماندېلا بىلەن دى كلېرك «ئۇزاققا سوزۇلغان بوكس چېمپىيونلۇقىنى تالىشىش مۇسابىقىسىدە پۇتۇن بەدىنى قان بولۇپ كەتكەن ئېغىر دەرىجىلىك بوكس ماھىرلىرى» غا ئوخشايتتى. بىراق، ماندېلانىڭ ئارقا ھويلىسى تېخىمۇ مۇستەھكەم ئىدى. 4 ـ ئاينىڭ ئاخىردا ئىككى تەرەپ دۇنيا سودا مەركىزىدە قايتا يۈز كۆرۈشتى. گەرچە ۋاقىتلىق قانۇن تېخىچە پۈتۈپ چىقمىغان بولسىمۇ، ماندېلا يەنىلا سايلام كۈنىنى ئالدىن بېكىتىشتە چىڭ تۇردى. دى كلېرك بۇنى ئىمزىچىل ئارقىغا سوزدى. بىراق، ماندېلا دى كلېركنىڭ خىزمەتداشلىرى ئارىسىدىكى پاتىپاراقچىلىقنى بىلەتتى. ماندېلا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ئادەملىرىنىڭ قېنىنى كۆۋەجىتتۇۋەتتى. 5 ـ ئايدا ئۇ ئەنگلىيە پارلامېنتىدا سۆز قىلىپ، پارلامېنت ئەزالىرىنى ئۆزلىرىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ئالدىدىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق

تەنلىكلەرنى شەخسىيەتچىلىكنى تاشلاش»نى قايىل قىلىشقا چاقىردى. ماندېلا: «بىزگە ياردەم قىلىۋاتقىنى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، تارىخ ئېقىمىنىڭ چاقىرىقى» دېدى. 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى، كۆپچىلىك پارتىيەلەر 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇنجى قېتىملىق دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى. ماندېلا ئۆزىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ئارزۇ قىلىۋاتقان ئىشنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بىر ئايدىن كېيىن ئۇ ئامېرىكىدا ئاق تەنلىكلەرگە: «تەتۈر ساناش باشلاندى، دېموكراتىيە هوقۇقى خەلقنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلماقچى» دېدى.

بىراق، دېموكراتىيە يولىدا تېخىچە سۈپۈرۈپ تاشلانمىغان چوڭ توسۇقلار بار ئىدى. ئىككى بۇزغۇنچى پارتىيە سۆھبەتكە قاتنىشىشنى ئىزچىل هالدا رەت قىلدى. ئاق تەنلىكلەردىن تەشكىللەنگەن كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى دى كلېركقا تەھدىت پەيدا قىلىدىغان ئاساسىي ئامىل ئىدى. بۇتىلېزى رەھبەرلىكىدىكى ئىنكاتا لىبېراللىستلار پارتىيەسى ماندېلانىڭ كۆشەندىسى ئىدى. كۇازۇلۇناتال رايونىدىكى زۇلۇلار تېخىچە قىرغىنچىلىقنى توختاتماستىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن قانلىق قىساس ئېلىۋاتاتتى. ماندېلا بۇنىڭدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى بىلەتتى. 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدا جۇر تېغىغا يېقىن جايدا قىرغىنچىلىق ۋەقەسى يۈز بېرىپ 20 ئادەم هاياتىدىن ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئالتەيلەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. ماندېلا بۇ پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشىدە ھەممەيلەننىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بۇ قېتىمقى چوڭ قىرغىنچىلىق ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىلارنى قاتتىق ئەيىبلەپ: «مەيلى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى بولسۇن ياكى ئىنكاتانىڭ ئەزالىرى بولسۇن ياكى دۆلەت بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ خادىملىرى

بولسۇن، ئۇلارنى ئادەم دەپ ئاتاشتىن تىل كۆيىدۇ. ئۇلار ھايۋاندىنمۇ بەتتەر»دېدى. 4 ـ ئايدا ماندېلا مۇلودىدا: «مەن پەقەت ئىنكاتا لىبېراللىستلار پارتىيەسىنىلا ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. بىز چوقۇم ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەك، يەنى بىزنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىمۇ ئوخشاشلا زوراۋانلىققا قاتناشتى.» ماندېلا بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئىنكاتا لىبېراللىستلار پارتىيەسى بىلەن مۇنازىرە ئۆتكۈزگەندە، ئۆزىنىڭ سىياسىي كەلگۈسىنى تىنچلىق سۆھبىتى بىلەن تېگىشىۋېتىشكە ھەرقاچان تەييار ئىدى. «سىلەر مېنى رەھبەر قىلماقچىمۇ ياكى سىياسىي سەھنىدىن چۈشۈرۈۋەتمەكچىمۇ؟» دېدى ماندېلا. ناۋادا ئۇلار ماندېلانى رەھبەر قىلغۇسى بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ: «ئۇنداقتا مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئىنكاتا لىبېراللىستلار پارتىيەسى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈڭلار؛ ئەگەر ئۇنداق بولماي مېنى سىياسىي سەھنىدىن چۈشۈرۈۋەتكۈڭلار بولسا، مەنمۇ شۇ بويىچە ئىش قىلىمەن» دېگەن بولاتتى.

ماندېلا بۇتېلېزىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيەلىك باشقۇرۇش ۋە دۆلەتنى بۆلۈپ باشقۇرۇش غەرىزىنى بايقىدى. ماندېلا بۇنى قوبۇل قىلالمايتتى. ماندېلا: «ھاياتقا تەھدىت سالىدىغان، قارار چىقىرىشىمىزغا دەخلى بولىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئىنكار قىلىمىز» دېدى. بىراق، دى كلېرك بۇتېلېزىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش غەرىزىدىن بارغانسېرى ئەنسىرەشكە باشلىدى. ماندېلا يەنە بىر نۆۋەت ئۆز سېھرىي كۈچى ئارقىلىق بۇتېلېزىنى تەسىرلەندۈرۈشكە تىرىشتى. 1993 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئىككىيلەن ئىككى يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم كۆرۈشتى. غەرب كونسېرۋاتىپلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى بۇتېلېزى تېخىچە يەنىلا شۇنداق تەرسا ئىدى. ئازراقمۇ يول قويۇشنى خالىمايتتى. ئۇ لوندوندا جون مىنگنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، شاھزادە چارلىزنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خارگېف قورۇقىدا شاھزادىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. ئوخچى مۇخبىرلار توختىماستىن قۇتراتقۇلۇق قىلىپ تۇردى. «تايمىس گېزىتى»نىڭ باش بېتىگە مۇخبىر ۋىلىيام لىزمېگىنىڭ «ئېچكى ئۆرۈش ئۇچۇن تەييارلىق كۆرۈش» ناملىق ماقالىسى بېسىلدى. ۋىلىيام ماقالىسىدە: «دۆلەتنى يالغۇز ئىدارە قىلىش بەلكىم بىر مەيدان ئېچكى ئۆرۈشتىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن. زۇلۇلار ئۆز مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئۆرۈش قىلىدۇ، ئۇلار غەلىبە قازىنىشى مۇمكىن» دېيىلدى.

بىراق، سۆھبەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇددەتلىك چەكلىمىسى سەۋەبلىك، ھەرقايسى تەرەپلەر تىنچلىق سۆھبىتى قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئەڭ ئاۋۋال ئاساسىي قانۇننى مۇقىملاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. بىراق، بۇ ھەقتىكى ھەر تۈرلۈك مۇرەككەپ تېخنىكىلىق مۇھاكىمىلەر كۆپچىلىككە ھوقۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئېلىپ كېلىدىغان چوڭ تەسىرلەرنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇلدۇرۇپ قويدى. ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز سەپداشلىرىنى قايىل قىلىشنىڭ قارشى تەرەپنى قايىل قىلىشتىنمۇ تەس بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. فرۇنا كىنۇۋارانىڭ ئېيتقىنىدەك: «سىز قوللىغۇچىلىرىڭىزنى دۇشمەن سەپتىدە، دۇشمەنلىرىڭىزنى ئىتتىپاقداش سەپتىدە كۆرگىنىڭىزدە، سىنىپىي دوستلۇق بىر قەدەر ئاسان ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.» ئاخىردا فانزېر سىرابوتىنىڭ كۆزىتىشىگە ئاساسەن: «دى كىلېركنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرى ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان ماندېلا تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تېزدىن قارا تەنلىكلەرگە ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشتى.»

ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىم ھاسىل قىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن رادىكال كۈچلەرنىڭ ئەسەبىيلىكى ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقىلىق 3000 ئاق تەنلىك جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەر ھەرىكىتىنىڭ ناتسىستلارنىڭ بەلگىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان

بەلگە چۈشۈرۈلگەن لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ، باداڭ قورساق يۈرگېن تېربىلانچىنىڭ باشلامچىلىقىدا دۇنيا سودا مەركىزىدە يىغىلدى. يول ئېچىپ ئىلگىرىلەۋاتقان روۋنېكلار دۇنيا سودا مەركىزىنىڭ ئەينەكتىن ياسالغان كىرىش ئىشىكىنى بۆسۈپ ئۆتتى، ئارقىدىن ۋەھشىيلەشكەن ئاق تەنلىكلەر توپى بىنا ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ، نېگىرلارنى تىللاپ ھاقارەتلىدى، بەزىلەر يىغىن زالىغا سىيىۋەتتى. يىغىندىن مەيدانغا چىققان جەنۇبىي ئافرىقا لىبېرالىستلار فرونتىنىڭ رەھبىرى گېنېرال كونىستانتىنت ۋېرگىن ئەسەبىيلەشكەن بۇ كىشىلەرنى توسۇشقا كۆچىگەن بولسىمۇ نەتىجە قازىنالمىدى. كىشىلەر توپى بىناغا باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، تېربلانچ ھاياجان ئىلكىدە نۇتۇق سۆزلىدى. ئاندىن بۇ بىر توپ قاراقچىلار قايتىپ چىقىپ كاۋاپ پىشۇرۇپ، پىۋا ئىچىشتى.

توقۇنۇش بارغانسېرى ئەۋجگە چىقتى. ئاق تەنلىكلەر ۋەقەسى يۈز بەرگىنىگە بىر ئاي بولماي تۇرۇپ، 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يۈزىگە نىقاب تارتىۋالغان بەش نەپەر قارا تەنلىك ئەر كېيپتاۋىنىدىكى سان پائۇل جامەس چېركاۋىغا باستۇرۇپ كىرىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقان ئاممىغا ئوق چىقىرىپ 11 ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ۋەقەدە يارىلانغانلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپ ئىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ قېتىملىق قانلىق ۋەقەنى پانئافرىقىلىقلار كېڭىشى APLA نىڭ يەرلىك تارمىقى كەلتۈرۈپ چىقارغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، APLA نىڭ ئىلگىرىمۇ ئاق تەنلىكلەرنى ئۆلتۈرگەن قىلمىشلىرى بار ئىدى. كېيىن، APLA نىڭ ئون سەككىز ياشلىق بىر ئەزاسى بۇ ۋەقەگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن 23 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. توختىماي يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقان قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدا تېخىمۇ بەك قورقۇنچ پەيدا قىلىپ، سۆھبەتنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىكى بېسىقاي دەپ قالغان قالايمىقانچىلىقنى تېخىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىستاپ كېلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدى.
ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى يەنە داۋاملاشماقتا. ماندېلا بىلەن دى كلېركنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت قالمىغاندەك تۇراتتى. 1993 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان بۇ ئىككىيلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى كېلىنتوننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. دى كلېرك ئاقسارايدىن ئايرىلىۋاتقاندا، ئۆزىنى قوغداپ ماڭغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ھەرياقتىن زىچ قورشاپ مېڭىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، بۇ چاغدا ئاقسارايغا كىرىۋاتقان ماندېلادىن دى كلېركنى يوشۇرۇش ئىدى.
سۆھبەت داۋاملىق ھالدا تەرەققىي قىلىپ ماڭدى. 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا دى كلېرك تېخىمۇ چوڭ يول قويدى: ئۇ «ئۆتكۈنچى ئىجرائىيە كومىتېتى»نىڭ سايلام ئۆچۈن تەييارلىق قىلىشىغا قوشۇلدى. دى كلېركنىڭ بۇ ئىشى ماندېلاغا ئۈلگە بولدى. ماندېلا ئاخىر جازالاشنى بىكار قىلىشقا قوشۇلدى. ماندېلا نيۇيوركتىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش ئىشتابىغا قاراپ ئۇچتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ چوڭ يىغىنىدا تارىخىي خاراكتېرلىك نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ كۆپچىلىككە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تېخىچە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ بولالمىغانلىقىنى، «جەنۇبىي ئافرىقا جەمئىيىتىنىڭ يىمىرىلىش گىردابىغا كېلىپ قالغانلىقىنى»، بىراق دېموكراتىيەگە ئۆتۈش سەپىرىنىڭ قانۇنىي يول بىلەن بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداق بولغانلىقتىن ماندېلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن «بارلىق زورلۇق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ جەنۇبىي ئافرىقىغا بولغان ئىقتىسادىي جازانى توختىتىش»نى تەلەپ قىلدى.
ۋەكىللەر كۆپلىگەن كىشىلەر تەرىپىدىن ئۈلگە دەپ قارىلىدىغان «ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن»نى ماقۇللىدى. «ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن»غا ئۈچ خىل كۈچنى ئايرىش

ئىدىيەسى ئېغىر دەرىجىدە سىڭگەن بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ «ھوقۇق نىزامنامىسى»نى ئاساس قىلغان ھالدا «ھوقۇق نىزامنامىسى»نى تۈزدى، ھەمدە ئاساسىي قانۇن سوت مەھكىمىسىنى قۇرۇپ چىقىش پۇتۇشۇلدى. بىراق، نىزامنامە ئۆز ئىچىگە ئالغان زور دەرىجىدىكى مۇرەسسەچىلىك ۋە يول قويۇش كەلگۈسىدە كۆز ئالدىدا نامايان بولاتتى. يېڭى ھۆكۈمەتتە 400 دىن ئارتۇق پارلامېنت ئەزاسى بار ئىدى. يېڭىدىن توققۇز ئۆلكە قۇرۇلاتتى ۋە ھەربىر ئۆلكىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆلكە باشلىقى ھەمدە مەمۇرىي تارماقلىرى بولاتتى. يېڭى قۇرۇلىدىغان شەرقىي كېيپاۋىن ئۆلكىسى ھازىرقى شىسكېي ۋە ترانسكېيدىن ئىبارەت ئەڭ چىرىك ئىككى رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تۆت ئۆلكىنى توققۇزغا كۆپەيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىش فېدېراتسىيە تۈزۈمىنىڭ قوللىغۇچىلارنىڭ مۇرەسسەچىلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بىراق، بۇنداق قىلىش كەلگۈسىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قوياتتى.

ئەڭ ئاخىرقى نىزام ئەڭ مۇھىم نىزام ئىدى، شۇنداقلا بۇ كۆپ سانلىقلارنىڭ قارار چىقىرىش ھوقۇقىغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك نىزام ئىدى. 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كەچتە ماندېلا بىلەن دى كلېرك مۇشۇ ھەقتە تۈن بويى مەسلىھەتلەشتى. دى كلېرك تېخىچە ھالقىلىق مەسىلىلەردە غەلىبە قازانغان پارتىيەنىڭ جەزمەن ئۈچتىن ئىككى ئۈلۈش قارار چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. ماندېلا دى كلېركنىڭ قوللىشى بولمىسا ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىغا ئېرىشىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىر قىسىم سۆھبەت ۋەكىللىرى ئاللىقاچان يول قويۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ، غەلىبىگە ئېرىشكەن پارتىيەنىڭ 60 پىرسەنت قارار چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىغا قوشۇلغان بولسىمۇ، بىراق ماندېلا ھەممىدىن بەك چىڭ تۇردى. ئۇ دى كلېركقا ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچكى كابىنېتتىدا غەلىبە قىلغۇچى پارتىيەنىڭ 50 پىرسەنت قارار چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۈگۈنكى كۈندە دى كلېرك كۆپ ساندىكى ئاددىي پىرىنسىپلارغا بولغان مايىللىق جەھەتتە كۆپلىگەن خىزمەتداشلىرىدىن ئۈستۈن ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ قارشى تەرەپكە يول قويدى، شۇنداقلا ئۈمىدىنى ئاساسىي قانۇندا تىلغا ئېلىنغان «ئومۇمىي تونۇش روھىنى ئىزدەش»كە باغلىدى. سىلوۋ: «مەن ئەزەلدىن ئۆزىمىزنىڭ غەلىبە قازىنىشىمىزنى ئويلاپ باقمىغانىدىم» دېدى. ماندېلا مۇنداق دېدى: «ئاز سانلىقنىڭ كۆپ سانلىققا بويسۇنۇش پىرىنسىپى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ. پەقەت بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئۈمىد قىلمايۋاتىمىز.»

ئىككىنچى كۈنى دى كلېركنىڭ ئىچكى كابىنېتتىكى خىزمەتداشلىرى بىلەن بولغان مۇنازىرىسى ئاللىقاچان ئىچكى قالايمىقانچىلىق گىردابىغا بېرىپ يەتتى. تېدىس دېربوت دى كلېركقا بۇرۇنلا: «سىز جەنۇبىي ئافرىقىنى ئاللىقاچان قوش قوللاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپ بولدىڭىز» دېگەنىدى. بىراق، دى كلېرك ئاخىردا يەنىلا كۆپچىلىكنى قايىل قىلدى. ئىككى تەرەپ يېرىم كېچىدە ئاساسىي قانۇننى ماقۇللىدى. بۇ كۈن لامفۇساننىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئۇدۇل كېلىپ قالغانىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋەكىللىرى بۇ خۇشاللىقنى تاڭ ئاتقۇچە تەبرىكلىدى. كۆپچىلىك بىرلىكتە تەنتەنىلىك پائالىيەت ئۆتكۈزۈۋاتقان پەيتتە، بەزى كىشىلەر پائالىيەتكە قەستەن قاتناشمىغانلىقى ئۈچۈن، يىغىلىش ئۈنچىۋالا كۆڭۈللۈك بولمىدى. ئىنكاتا لىبېرالىستلار پارتىيەسى بىلەن كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇننى ئېتىراپ قىلىش ئويى يوق ئىدى.

ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىم تۈزۈشى دى كلېركنىڭ ھوقۇقىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۈچ يىلدىن كېيىن دى كلېرك لوندوندا شۇنداق دېدى:

«هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش هوقۇقىنى قوش قوللاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش هەرقانداق بىر رەھبەر ئۈچۈن ئەڭ ئازابلىق تاللاش هېسابلىنىدۇ... بىز چوقۇم رېئاللىقتا يۈزلىنىپ، كىچىكىمىزدىن كۆنۈپ قالغان غايىلىرىمىزدىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەك.» بىراق، ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رادىكاللىرىنىمۇ ئوخشاش يول قويدى، دەپ قارايتتى. ئۇلار دەسلەپتە ھەتتا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلغانىدى. ئادام سىرابوت ۋە مۇدرى: «مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ماندېلا ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى سېتىۋەتكەن نەرسە ‹ۋەتەن مىللىي ئىنقىلابى›نىڭ غايىسى؛ ھالبۇكى، دى كلېرك ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلىرىنىڭ هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش هوقۇقىنى تاپشۇرۇپ بەردى. بىر تەرەپنىڭ ۋاز كەچكىنى ئۇزاقتىن بېرى ئۆزى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ساپلىق ۋە توغرىلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپ سىياسىي هوقۇقتىن ۋاز كەچتى» دەپ يازدى.

ئەلۋەتتە، بۈگۈنكى كۈندە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى 1990 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان رادىكال ئىقتىسادىي سىياسەت ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتتى. گەرچە ماندېلا 1992 ـ يىلى 2 ـ ئايدا داۋوس ئىقتىساد مۇنبىرى يىغىنىدا دۆلەت ئىگىلىكى تۈزۈمىنى ئۇچۇق ـ ئاشكارا رەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى پىلانلىق ئىقتىساد نىيىتىدىن باشتىن ـ ئاخىر يانمىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىقتىساد مەسلىھەتچىسى ۋېللا پېرىنىڭ رەھبەرلىكىدە غايەت زور ئىقتىساد تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن قۇرۇپ چىقتى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ خىزمىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە پىرولېتارىياتچىلارنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ گۇرۇپپا ئىنتايىن يۈكسەك ئىرادە بىلەن كېڭەيتىشنى پىلانلىدى. بىراق، پېرى تېزدىنلا شەكىلسىز بېسىمنى هېس قىلدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تېررىك مانيۇ، تىتو مۇبۇېنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تورى

قاتارلىق رەھبەرلىرى نيۇيوركقا جايلاشقان دۇنيا پۇل - ئامانەت فوند تەشكىلاتىنى زىيارەت قىلدى. ئەڭ ئاۋۋال ماندېلا ۋە ئۇنىڭ سودا ساھەسىدىكى ئالاقىدار دوستلىرى باشلىغان «بلۇنست گۇرۇھى»دىكى سودا ماگناتلىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە سىياسىي مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ۋە ئامېرىكا باش ۋەزىرى ئىزچىل ھالدا توختىماستىن ماكرو ئىقتىساد ئەترىتىدىن قانداق پىلانى بارلىقى توغرۇلۇق سوراپ تۇردى. سىلوۋنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كوممۇنىزمچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ماركسىزمچە ئىقتىسادقا بولغان ئىشەنچنى يوقىتىشقا باشلىدى. يۇقىرى چەكتىكى پۇل پاخاللىقى ۋە دى كلېرك ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا كۈنسېرى يۇقىرىلاپ بېرىۋاتقان مالىيە قىزىل رەقىمى پات يېقىندا ھوقۇق ئىگىلەش ئالدىدا تۇرغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ھۆكۈمەت خىراجىتىدىن ئەنسىرىتىشكە باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1993 - يىلى 11 - ئايدا پرى ماندېلانى ماكرو ئىقتىساد تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ يېڭىدىن روياپقا چىققان «دېموكراتىيەدە مۇستەھكەم تۇرۇش»ناملىق ھۆججىتىگە كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغاندا، ماندېلا ئۆز گېپىگە ئۆزى ئىگە بولالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى سۆھبەت ۋەكىللىرى دۇنيا سودا مەركىزىدە بىر تۇرلۇك «مەخپىي مۇددىئانامە» گە ئىمزا قويدى. مۇددىئانامىدە قىزىل رەقەمنى تۆۋەنلىتىش، ئۆسۈم پىرسەنتىنى يۇقىرىلىتىش، ئىقتىسادنى ئېچىش ئارقىلىق دۇنيا پۇل مۇئامىلە فوندىنىڭ زۆرۈر چاغلاردا جەنۇبىي ئافرىقىنى تەمىنلەيدىغان 850 ئەللىك مىليون پۇلنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتى. دۇنيا كاپىتالىزمى بىلەن كېلىشىش دى كلېرك بىلەن كېلىشىشكە ئوخشاشلا مۇھىم ئىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەن جورج مادلىن مۇنداق يازدى:

«ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى قولىنى سوزسىلا ھوقۇققا ئېرىشەلەيدىغان مەزگىلدە، يەرشارىلىشىش پۈتۈن ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۈچىنى شەكىلسىز ھالدا ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.»

شىمالىي ئىرېلاندىيە ۋە بوسنىيەدىكى قىرغىنچىلىق تىنچىـە داۋاملىشىۋاتاتتى. ماندېلا ۋە دى كلېرك ھەرىكەت قوللىنىپ ئاپەت يۈز بېرىشتىن ساقلاندى ۋە ۋاقىتلىق تىنچلىققا ئېرىشتى. بۇ سەۋەبلىك خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشتى. كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا «شىمالىي ئىرېلاندىيە بىلەن بوسنىيەنىڭ ماندېلاسى ۋە دى كلېركى قەيەردە» دەپ سورىشاتتى. شۇڭا، ئىككىيلەننىڭ 1993 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا بىردەك ھالدا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى. ماندېلا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى لۇتۇلى بىلەن تونۇغا ئوخشاش ئىززەت ـ ئىكرامغا نائىل بولدى. بىراق، بەزى رادىكاللار بۇنىڭدىن غەزەپلەندى. ۋىننى ماندېلا كېيىنكى چاغلاردا: «ئۇنى تۈرمىگە تاشلىغان كىشىگە ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇكاپات بېرىش ئۇنىڭغا قىلىنغان ھاقارەتتىن ئىبارەت. بۇ بىر پارا، بۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭ سۇيىقەستىنىڭ بىر قىسمى، ئۇلار ماندېلانى تىنچلىققا تېگىشمەكچى» دېدى.

12 ـ ئايدا نورۋېگىيە پايتەختى ئوسلودا ئۆتكۈزۈلگەن نوبېل مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمىدا ماندېلا بىلەن دى كلېرك ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئىناقلىق مۇناسىۋىتى كۆرۈلمىدى. مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىدا دى كلېرك نورۋېگىيەلىكلەرگە ئاق تەنلىكلەر ۋە قارا تەنلىكلەرنىڭ ئۆز ئۆتمۈشىدىن «پۇشايمان قىلىدىغانلىقى»نى ئېيتتى. بىراق، ئۇ ھېچقانداق كەچۈرۈم سورىمىدى. ئۇنىڭ ئايالى مارىك ھەتتا ماندېلانىڭ نورۋېگىيە باش ۋەزىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشىغا قارشى تۇردى. ئىككى مۇكاپات ساھىبى مېھمانسارايىنىڭ بالكونىدا پەيدا بولغاندا، قولىدا شام تۇتۇۋالغان سانسىزلىغان نورۋېگىيەلىك پەسكە يىغىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغانىدى ــ بۇ نوبېل مۇكاپاتىنىڭ ئەنئەنىسى ئىدى. بىراق، پەستىكى بىرى بېسىلسا، بىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ شوئارى ۋە «بوللارنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى» دەپ توۋلىغان سادالار دى كلېركنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. ئامما «جەنۇبىي ئافرىقىغا ياردەم قىلايلى» دەپ ناخشا توۋلاۋاتقان پەيتتە، دى كلېرك باشتىن ـ ئاخىر ئايالى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇردى. ئارقىدىن ناھايىتى تېزلىكتە بالكوندىن چۈشۈپ كەتتى. ماندېلا «بۇ ئۆتمۈشتىكى دۈشمەنلەرنىڭ قول تۇتۇشقان ھالدا يېڭى جەنۇبىي ئافرىقىنى قۇرۇپ چىقىشىنى ئىپادىلەيدىغان ناھايىتى مەنىلىك پەيت» دېدى. بىراق، ئۇلار قارىماققا تېخىچە دۈشمەندەك تۇراتتى. ماندېلا نورۋېگىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇلار ماندېلادىن دى كلېركنى سىياسىي جىنايەتچى دەپ قارايدىغان ـ قارىمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، ماندېلا جاۋابەن: «ھۆكۈمەتتىكى ھەربىر ئەيلەن دېگۈدەك سىياسىي جىنايەتچى» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ماندېلا ستوكھولمدا بولۇشىغا نۇتۇق سۆزلەپ، دى كلېركنى تېخىچە داۋاملىشىۋاتقان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن باغلىنىشلىقى بار، دەپ ئەيىبلىدى. ماندېلا كېيىن ئەسلىمىسىدە «دى كلېرك ئەينى چاغدا ‹ئۆزىنى بەك تۇتۇۋالدى›، ئەيىبلەشلىرىمگە ھېچقانداق قارشىلىق بىلدۈرمىدى» دېدى.

دى كلېرك كېيپتاۋنغا قايتقاندىن كېيىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «كەمسىتىشى ۋە ھاقارىتى» دىن قاتتىق غەزەپلەندى. دى كلېرك بۇ ئىش «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كەلگۈسىدە سىياسەت يۈرگۈزۈش توغرۇلۇق ھېچقانداق پىلانى يوق»لىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، دېدى. ماندېلا ئىككىيلەن ئارىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتكە چۈشەنچە بەردى. ئۇ دى كلېرك پەقەتلا تېرە رەڭگى سەۋەبلىك بىگۇناھ ئاممىنى قىرغىن قىلىشقا رۇخسەت قىلدى، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن مەڭگۈلۈك داغ بولۇپ قالىدۇ، دېدى. دى كلېرك بولسا مەن ۋە ماندېلا بىرلا

ۋاقىتتا دۇنيا تىنچلىق ئەلچىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەرىپىگە ئېرىشتۇق، بىراق ئىككىمىز ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت «ھاقارەت ۋە گۇمانخورلۇق» بىلەن تولدى، دېدى.

دى كلېرك ئىككىمىز ئارىسىدىكى ھاقارەت ۋە گۇمانخورلۇقتا ماندېلانىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار، دەپ قارىدى. ماندېلا بىر جەھەتتىن تىنچلىق ئەلچىسى، شۇنداقلا كەڭ قورساقلىق ۋە كەچۈرۈم قىلىش ئۈلگىسى ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ دى كلېركنى ۋە ئۇنىڭ پارتىيەسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن سۆكۈۋاتاتتى. بۇ ھال دى كلېركنى بەكمۇ غەزەپلەندۈرۈۋەتتى. ماندېلا ھەقىقەتەن دى كلېركقا بەكلا شەپقەتسىز بولۇپ كەتكەنىدى. بىراق، ئۇ سۆھبەتتە «پولاتتەك ئىرادە» سىنى نامايان قىلدى. ماندېلا قانچە مۇرەسسە قىلىپ قوراللىق كۈرەشتىن قول ئۈزۈش ئويىدا بولغانسېرى، ئۆزىنىڭ ئاشۇ رادىكال قوللىغۇچىلىرىغا ئۆز دۈشمىنىگە ھەرگىزمۇ يۇمشاق قوللۇق قىلمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا موھتاج ئىدى. ئەڭ ئاساسلىقى، ئۇ ئۆزىمۇ دى كلېركنىڭ ساتقۇنلۇقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ئۇچىنچى خىل كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ساقچىلارمۇ مەخپىي ھالدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشكە قاتناشتى. ماندېلا دى كلېركنىڭ ‹بۇ ھەقتىكى ئەھۋالدىن خەۋىرىم يوق› دېگەنلىرىنىڭ يالغان گەپ ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى چۈشىنىپ يەتتى. چۈنكى، قانلىق ئەمەلىيەت ئۆز ئەكسى بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇۋاتاتتى.

ئۇنداقتا، ئىشنىڭ بېسىقىشىدا كىمنىڭ تۆھپىسى ئەڭ زور بولدى؟ بۇ ھەقتە ھەر كىم ئۆز گېپىنى يورغىلىتىشىپ، بەس ـ مۇنازىرە قىلىشتى. دى كلېرك تارىخ ئېقىمىغا ماسلاشتى. ئۇ بوتانىڭ قولىدىن تېخى ئاخىرلاشمىغان كەسىپنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۆكمى چىققۇچە چىڭ تۇردى. بۇ ئارىلىقتا دى كلېرك چوڭ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى، زىيادە

www.uyghurkitap.com

ئېغىر بېسىملارغا بەرداشلىق بەردى. شۇنداقلا بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قورقۇپ ياكى كەينىگە يېنىپ قالمىدى. ئۇ پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى ئىشقا سېلىپ مىللىي دېموكراتىك پارتىيەنىڭ بۇ سەۋەبلىك چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىپ قالدى. ماندېلانىڭ مەسلىھەتچىلىرى تېخىمۇ بەك قابىلىيەتلىك، نىشانى تېخىمۇ ئېنىق، شۇنداقلا بىر دەك ئىتتىپاقلاشقان هالدا غەلىبىگە ئېرىشكەنىدى. ماندېلانىڭ ئالاھىدە سەرگۈزەشتىلىرى بار ئىدى. ئۇ ئىنقىلاب ئىشلىرى ئۈچۈن ئادەتتىكى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالىغۇسىز دەرىجىدە زور قۇربانلىقلارنى بەردى. كىشىلەر ماندېلا بولمىسا يەنە كىم ئىنقىلابچىلارنى قوراللىق كۆرەشتىن، زوراۋانلىق سىياستى ئارقىلىق «سىياسى هوقۇق» قا ئېرىشىشتىن قول ئۈزگۈزەلەيتتى، دېيىشەتتى. سىلوۋ ماركسىزمغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ هېچقانداق بىراۋنىڭ تارىخنى ئۆزگەرتكۈدەك هەل قىلغۇچ رول ئوينىيالىشىغا ئىشەنمەيتتى. شۇنداق بولغان بولسىمۇ 1994 ـ يىلى سىلوۋ مۇنداق دېدى: «ئەگەر ماندېلا بولمىغان بولسا، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تارىخى پۈتۈنلەي باشقىچە يېزىلاتتى.»

# 33. سايلام

1994 ـ يىلى 75 ياشلىق ماندېلا تۇنجى قېتىم سايلامغا قاتناشتى. ماندېلا بۇ چاغدا 1984 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم ئامېرىكا پىرېزىدېنتلىقىغا سايلانغان رىگاندىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. 1989 ـ يىلدىن 1895 ـ يىلىغىچە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بىلەن سايلام رىقابىتىگە چۈشكەن ۋېلىيام گىراستوم بىلەن قوۋداش ئىدى. پىرېزىدېنتلىق سايلىمى مەزگىلىدىكى بۇ شەخسلەرنىڭ ھەممىسى شۇ چاغلاردا سايلام ھاياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرغانىدى. ماندېلانىڭ سايلام ھاياتى بولسا ئەمدىلا باشلىنىۋاتاتتى. ئۆتكەنكى 50 يىل ئىچىدە ماندېلا بارلىق زېھنىنى بارلىق كىشىلەرنىڭ باراۋەر سىياسىي ھوقۇققا ئېرىشىشىگە قاراتقان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ قۇربانلىقلارنى بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپى بۇ قېتىملىق سايلامنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى مەخسۇس بىر سايلام ئەترىتى قۇردى. 80 ـ يىللىرى جەنۇبىي ئافرىقا دېموكراتىك بىرلىككە كەلتۈرۈش فىرونتىنىڭ سايلىمىغا قاتناشقان بوپ مورىف، تېللا رېكتا ۋە ھېدسو گودىن قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا يۈز سايلام ئىشخانىسى قۇردى. ئۇلار يەنە 1992 ـ يىلى بېل كېلىنتوننىڭ سايلام خىزمىتىگە ياردەملەشكەن سايلام مۇتەخەسسىسى ستانلى گېلىنبوگنى تەكلىپ قىلدى. گېلىنبوگ ناھايىتى تېز سۆزلەيتتى. ناھايىتى يۇمۇرىستىك پاسوندا ساقال قويۇپ يۈرەتتى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ئاساسىي قاتلامنىڭ ساداسىغا قۇلاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىلىش، پۈتۈن مەملىكەتتە خەلق مۇنبىرىنى قانات يايدۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. بىراق، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مۈلكىنىڭ ماندېلا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. ئۆتمۈشتىكى تۆت يىللىق زەربىدىن تەلتۆكۈس ئەسلىگە كەلگەن ماندېلانىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تاشقان قايتىدىن چاقنىغان بولۇپ، ھەرقاچان پارتلاش ھالىتىدە ئىدى.

ماندېلانىڭ قەبىلە باشلىقى، ئاكتىيور، ئىنقىلابچى، پارتىزانلىق ئەترىتىنىڭ كاتتىبېشى، مەھبۇس، سىياسىيون قاتارلىق بارلىق سالاھىيەتلىرى سايلامغا قاتنىشىۋاتقان ئۇنى يېتىشتۈرۈپ چىققانىدى. ئۇ تاماشىبىنلارنىڭ سالاھىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ خالىغان چاغدا رولىنى ئۆزگەرتەلەيتتى. ئوخشىمىغان تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئوخشىمىغان ھالدا ئىپادىلىيەلەيتتى تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن ماندېلا يېڭى ـ يېڭى چىرايلارنى، بولۇپمۇ ياش چىرايلارنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ قايتا ـ قايتىلاپ: «مەن راستلا سىلەرنى يانچۇقۇمغا سېلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىمەن. 75 ياشقا كىرگەن بولساممۇ، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆزۈمنى 16 ياشلىق ۋاقتىمغا قايتىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. سىلەر ماڭا بەرگەن ھەربىر كۈن مەن ئۈچۈن ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ» دەيتتى.

ماندېلا بارغان ھەربىر جايدا ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ يۈرىدىغان سايلام ئەترەتلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ سايلام ئەترىتى بابالا ماسگارا، جو نېچتېنز ــ ماندېلانىڭ كۆپلىگەن نادىر نۇتۇقلىرى ئۇنىڭ قەلىمىدىن چىققانىدى ــ يەنە تاراتقۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل كارل نىخائۇس قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقانىدى. سايلام جېڭى دائىملا كىشىنى ھاردۇرۇپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ، شۇنداقلا بەزىدە غېرىبلىق ھېس قىلدۇرىدۇ. ماندېلانىڭ گۇرۇپپىسىدىكى بىر نەپەر ئەزا مۇنداق دەيدۇ: «تەنھا

سۆھبەتلىشىش كىشىنى بەك بىئارام قىلىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھېچقانداق سەممىيىتى يوق ئىدى. ھەربىر كىشى ماندېلانىڭ يېنىدىن ئۆزىگە لازىملىق نەرسىگە ئېرىشىشنى خالايتتى.» بىراق، ئاممىۋى سورۇنلاردا ماندېلا ھەربىر كىشىنى ھۆرمەتلەيتتى. ماندېلا بىر توپ چەتتە قاراپ تۇرغۇچىلارنىڭ ئۆز قەبىلىسىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقان گېلىكۋار قەبىلىسىنىڭ باشلىقىنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى غەزەپلەندى. كارل نىخائۇس مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭغا ئۆز ئوبرازى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. بىراق، ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ئۇ ئاۋۋال بىر جانلىق كىشى ئىدى، ئاندىن ئۆز ئوبرازىنى نامايان قىلاتتى. ماددىيا ئۆزى سايلامنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.»

ماندېلانىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردىكى نۇتقى قىزغىن ھېسسىياتلىق ئەمەس ئىدى. «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى پاددى ۋودمېر ماندېلانىڭ نۇتقىغا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەڭ مەنىسىز نۇتۇق، دەپ باھا بەردى. ماندېلا ھەر قېتىم نۇتقىنى سۆزلەۋاتقاندا، تاماشىبىنلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك كېتىپ قالاتتى. مەكتەپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلارغا تەربىيە بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىراق، ئۇ كىشىلەر توپىغا كىرگەندە ۋە ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ ئارىسىدىكى چاغدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تۇغما سىياسىيونلۇق جەلپكارلىقى نامايان بولاتتى. ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئىدى. يېرىم ئەسىر ئىلگىرى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى توپتوغرا دەپ بېرەلەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرقىنى ئەسلىيەلەيتتى. كۆپلىگەن باشقا تەنھا سىياسىيونلارغا ئوخشاش ماندېلانىڭ كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغاندىكى ھېسسىياتى ئۆيدە تۇرغاندىكىدىنمۇ قىزغىن ئىدى. ماندېلانىڭ ياردەمچىسى بابالا ماسگارا ماندېلانىڭ بۇ ھالىتىنى پەقەتلا چۈشەنمەيتتى: «سىز بۇ ھالىنىڭ ئۇنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىلىنىشى ياكى ئۇنىڭ ئالاھىدە ئاممىۋى مۇناسىۋەت ماھارىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەڭگۈ بىلەلمەيسىز. بىراق، بۇنىڭ يەنە نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن» ماندېلا ئەمدىلا تۈرمىدىن چىققاندىكى چاغقا قارىغاندا تېخىمۇ ئەركىن كۆرۈنەتتى. ئۇ دائىم كاستۇمنى سىلىمۇۋېتىپ ئىلگىرى ھىندونېزىيە پىرېزىدېنتى سۇخارتو بەرگەن كۆڭلەكنىلا كىيىۋالاتتى. ئۇ كۆڭلەكنىڭ رەڭگى ناھايىتى كۆركەم ۋە ئازادە ئىدى. ئەينى چاغدا سۇخارتو ئۇنىڭغا بىراقلا ئالتە تال كۆڭلەك بەرگەنىدى. بابالا ماندېلادىن نېمىشقا بۇنداق كۆڭلەك كىيىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ماندېلا «مېنىڭ تۈرمىدە ياتقىنىم ئېسىڭىزدە باردۇ. مەن ئۇنى كىيىش ئارقىلىق ئەركىنلىكنى ھېس قىلىمەن» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ماندېلانىڭ ياشلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۇنى ئۆز بېشىمچى قىلىپ قويغانىدى. ھەتتا ئۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن بېلەت تاشلاش يېشىنى 18 ياشتىن 16 ياشقا، ھەتتا 14 ياشقا چۈشۈرۈشتە چىڭ تۇردى. 1993 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ماندېلا مۇنداق دېدى: «ئۇلارنىڭ ھەممىسى 18 ياشتىن كىچىك باللار توغرا تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس، ئۇلار توغرا تاللاش ئېلىپ بارالمايدۇ، دېيىشىدۇ. مەن بۇ خىل كۆزقاراشقا قارشى. شۇنداقتىمۇ مەن قانۇندا بەلگىلەنگەن بېلەت تاشلاش يېشىنىڭ 14 ياش بولۇشىنى تەلەپ قىلىمەن.» ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «بىز مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز ۋە چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشىمىز.» ماندېلانىڭ بۇ ئىشى ئۇنى تەنقىد قىلىدىغانلارغا ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشتا باھانە بولۇپ بەردى. لوندون «يەكشەنبىلىك تايمىس گېزىتى» ماندېلانى ياشانغان، غەلىتە مىجەزلىك قارا تەنلىكلەرنى ئازاد قىلىشنىڭ ياشانغان، غەلىتە مىجەزلىك رەھبىرى دەپ ئاتىدى. يەنە بىر گېزىتكە ماندېلانى مەسخىرە قىلغان ھەجۋىي رەسىم بېسىلدى. ھەجۋىي رەسىمدە زاكىلانغان بىر بوۋاق بېلەت تاشلاش ساندۇقىغا بېلەت تاشلاۋاتقان ھالەت تەسۋىرلەنگەن. بىراق، ماندېلا ئاشۇ رەسىمنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرى

ماندېلانىڭ بۇ تەشەببۇسىنى رەت قىلدى. پەقەت 16 دۆلەت قوللاش بىلدۈرۈپ تاشلىدى. ماخراج ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ماندېلانىڭ بۇ تەشەببۇسىنى ئۇزۇل - كېسىل رەت قىلدۇق، كېيىن بۇ مەسىلە تىلغا ئېلىنمىدى.»

بىراق، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ماندېلانىڭ سىياسىي سېزىمچانلىقى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇ ياش رادىكال قارا تەنلىكلەرنى چاقىرىش بىلەن بىللە، ئاق تەنلىك بىلەت تاشلىغۇچى خەلققە تەسەللى بەردى. ئۇ ئىزچىل ھالدا ئاق تەنلىك ياشلارنى ئافرىقىدا قېلىشقا ئىلھاملاندۇردى. چۈنكى، بۇ يەر ئۇلارغا موھتاج ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە قارا تەنلىكلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ ئاق تەنلىكلەرنىڭ قوللىشى بولمىسا، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ ناھايىتى تەس ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ماندېلانىڭ ئاق تەنلىكلەرگە نۇتۇق سۆزلىشى ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىشى ھېسابلىناتتى. گەرچە ئۇ ھەر قېتىم كارل نىخائوس بىلەن ئالدىنئالا رېپېتىتسىيە قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ كوسا تەلەپپۇزى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ كىشىلەرنى كۆشكۈرتۈشكە مايىل بولغا سىياسىيونلار بىلەن بولغان ئارىلىقى ناھايىتى يىراق ئىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ قىزغىنلىقى تولۇپ تاشقان ياش نارادونكىلارنىڭ رەقىبى بولالمايتتى. بولۇپمۇ 1993 - يىلى 12 - ئايدا ۋىننى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئايال رەئىسلىكىگە سايلىنىپ سىياسىي ساھەگە قايتىپ كىرگەندە تېخىمۇ شۇنداق بولدى. ۋىننى ئەقلىي قابىلىيىتى تولۇپ تاشقان پائالىيەتچى ئىدى. ئۇ باشقا سىياسىيونلار تەرىپىدىن نەزەرگە ئېلىنمىغان چەت ۋە نامرات رايونلاردىكى ئاممىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تېزلىتىدىغانلىقى توغرۇلۇق كاپالەت بەردى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆپ قىسىم باياناتى ئېلان قىلغۇچىلىرى ئوچۇق - ئاشكارا قۇتراتقۇلۇق قىلىشتىن ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشىنى قايىمۇقتۇرۇشتىن ساقلاندى. بىراق، ماندېلا خەلق قەھرىمانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنچىۋالا ئاسان تەۋرىنىپ قالمايتتى.

ماندېلا ئامېرىكىغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىر مەسئۇلىيەتچان پارتىيە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن مۇكەممەل ھازىرلىق كۆرۈپ قويغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى. ئۇ خىزمەتداشلىرىغا سىياسەت بەلگىلىگەندە ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇشنى ئەسكەرتتى. 1992 - يىلى 5 - ئايدا ئۆز خىزمەتداشلىرىغا مۇنداق دېدى: «ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق مۇستەملىكىچىلىك زۇلمىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن غەلىبىلىك قۇتۇلۇپ چىققىنى ۋە بۇ جەرياندا قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى. بىراق، بۇ بايلىقلار كېيىنكى مۇستەملىكە دەۋرىدىكى تۈنجى قېتىملىق سايلامدا كۆزدىن يوقىلىشى مۇمكىن.» ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى زىيادە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قايتا قۇرۇش ۋە تەرەققىيات پىلانى تۈزۈپ، «كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش» قا ۋەدە بەردى. كەلگۈسى بەش يىل ئىچىدە قايتا قۇرۇش ۋە تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن قۇرۇلۇش - مۇئەسسەسەلەردىن 1 مىليون يۇرۇش تۇرالغۇ ئۆي سېلىش، سۇ ۋە توك ئىنشاھاتلىرىنى كېڭەيتىش، بارلىق كىشىلەرنى ھەقسىز مائارىپ پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىقلار بار ئىدى. ھېنرى ئوبېنھامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سانائەت كاتتىباشلىرى پىلان مۇھاكىمىسىگە قاتناشتى. ماندېلا ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىپ: «بۇ پىلاننىڭ دۆلەت ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بىلەن ئازراقمۇ مۇناسىۋىتى يوق... شۇنداقلا ماركسىزم بىلەن چېتىشلىق ھېچقانداق شوئارى يوق» دېدى.

ماندېلا ئۆزىنىڭ تاراتقۇلارغا زىيادە تايىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. تاراتقۇلاردىن يىراقلىشىپ 30 يىلدىن كېيىن، ئۇ ئالىقاچان مۇخبىرلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى

ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇ ئوخشىمىغان تاراتقۇلارغا قانداق ماسلىشىشنى، قانداق چاغدا ئېھتىيات قىلىپ، قانداق چاغدا ئەركىن سۆز قىلىشنى، قانداق چاغدا زىيارەتنى رەت قىلىشنى بىلەتتى. ۋۇجۇدىدا كوسالارنىڭ قېنى ئېقىۋاتقان ماندېلانىڭ بىراۋنى مەدھىيىلەشتىمۇ تالانتى زور ئىدى. ئۇ ھەربىر مۇخبىرنى، بولۇپمۇ ئاشۇ چىرايلىق ئايال مۇخبىرلارنى ئەسلىيەلەيتتى ۋە ياخشى تونۇيتتى. BBC نىڭ مۇخبىرى فۇجار گېئىن بۇ ھال مۇخبىرلارنىڭ ئۇ توغرۇلۇق قەلەم تەۋرىتىشىگە ناھايىتى تەس كېلىدۇ، «ئۇ توغرۇلۇق سوغۇققان ۋە ئوبيېكتىپ ھالدا قەلەم تەۋرىتىش ناھايىتى تەس» دەيدۇ. لوندون «مۇستەقىللىق گېزىتىنىڭ مۇخبىرى» جون كارلىن مۇنداق دەيدۇ: «بىزمۇ ماندېلانىڭ جەلپكارلىقىغا ئۇزۇل - كېسىل مەستى - مۇستەغرەق بولۇپ كەتكەنىدۇق.»

بىراق، جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك مۇھەررىرلەر ۋە تاراتقۇلار ئۇلارنىڭ بۇ قارارىغا ھەرگىزمۇ قوشۇلمايتتى. ئىنگلىزچە ئاگۇس تاراتقۇ گۇرۇھى ۋە يوھاننىسبۇرگ «يەكشەنبىلىك ۋاقىت گېزىتى»، شۇنداقلا «سودا گېزىتى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاق تەنلىكلەر پارتىيەسى بولغان دېموكراتىك پارتىيەنىڭ ھىمايىچىلىرى ئىدى. كۆپ ساندىكى جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر گېزىتلىرى دى كلېرك باشچىلىقىدىكى مىللىي پارتىيەنى قوللايتتى. پەقەت «ھەپتىلىك پوچتا گېزىتى» ۋە «يېڭى ۋەتەن گېزىتى» ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تەرەپتە تۇراتتى. مۇتەئەسسىپ تاراتقۇلار توختىماستىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە زۇلۇلار، شۇنداقلا جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئوڭچى ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدىكى قانلىق توقۇنۇش ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى تارقىتاتتى. چەت ئەلدىكى مۇتەئەسسىپ تاراتقۇلارمۇ بۇ خەۋەرلەرنى راست دەپ ئويلاپ، كۆچۈرۈپ تارقاتتى. «يەكشەنبىلىك تايمىس گېزىتى» فاند پۇستېرنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «جەنۇبىي ئافرىقا مالىمانچىلىققا غەرق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولدى. بىراق، جەنۇبىي ئافرىقا خەلقى رىۋايەتكە ئوخشايدىغان ماندېلا تەرىپىدىن ئېزىقتۇرۇلماقتا» دېدى. «يەكشەنبىلىك تايمىس گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە نىسبەتەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىنكاس قايتۇردى. ماندېلا «ئاشۇ شۇم پېشانە ئەۋلىيالارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى، ئۇلار قان تۆكۈپ قۇربانلىق بەرمىسە، بۇ دۆلەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى» ئېيتتى.

ماندېلانىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى مەبلەغ توپلاش ماھارىتى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە ۋاستە تاللىماسلىقى ۋە بۇ ئىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشى ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى خىزمەتداشلىرىنى بەكلا ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۇچۇن ئۇ ھەتتا قىمار شاھى سور كېسنار قاتارلىقلار بىلەن ئالاقە ئورناتتى. گەرچە، كېسنار ھەرگىزمۇ بىكاردىن ـ بىكار پۇل چىقىم قىلمايدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماندېلانىڭ قېشىدىن ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىسى بار ئىدى. قەبىلە باشلىقىنىڭ ھۆرمەتلەنگىنىدەك، ماندېلا ئىلگىرىكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىنى قوللىغۇچىلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى خەجلىگەندىكى ھېسسىياتتىن بەكلا ھۇزۇرلىنىدىغاندەك تۇراتتى. ناۋادا ھۆرمەتلىنىش بەكلا يېتەرسىز بولۇپ قالسا، ئۇمۇ كەسكىن رەت قىلغان ۋە قىلچىمۇ ئوڭايسىزلىق ھېس قىلمىغان بولاتتى. بىر قېتىم ئىلگىرى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ھەرىكىتىنى قوللىغان بىر چوڭ شىركەت ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە 250 مىڭ راند ئىئانە قىلىش بىلەن بىللە، ماندېلانى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى. ماندېلا پۇل چېكىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇلارغا بۇنىڭ ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىگىنى مىليون سوممىلىق ئىئانە ئىدى.

ماندېلانىڭ مەبلەغ توپلاش سەپىرى چەت ئەلگە قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق زىيارىتىدىن باشلانغانىدى. بۇگۈنگە

كەلگەندە ئۇ مەبلەغ توپلاش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. 1993 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ماندېلا ئون كۈنلۈك ئامېرىكا زىيارىتىنى باشلاپ، ئۆزى بارغان ھەربىر شەھەردە ئىئانە تەلەپ قىلىشنى ئۇنتۇمىدى. ئۇنىڭ كونا گېپى «ماڭا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مىليون سوممىلىق پۇل چېكى لازىم» دېيىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەنگلىيەدە ماندېلا «ئەركىنلىك ئۈچۈن چۇقان سېلىش» ناملىق فىلىمنىڭ رېژىسسورى رىچارد ئاشبېل، دېروگ كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى داۋىد بوت قاتارلىق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كونا ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ماندېلا ھەتتا نىشانىنى دەرىجىدىن تاشقىرى كونسېرۋاتىپلار گۇرۇھىغا قاراتتى. بۇ ھال ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپلىگەن تەشەببۇسچىلىرىنى بەكلا گاڭگىرىتىپ قويدى. 1993 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ماندېلا لوندون دۇچېستېر مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەبلەغ توپلاش زىياپىتىدە سودا ساھەسىدىكى كاتتىباشلارنى كۈتتۈۋالدى. زىياپەتتە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۆتمۈشتىكى كۆپلىگەن دۈشمەنلىرى، مەسىلەن، ئەنگلىيە ئاۋىياتسىيەسىنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى كىسسىنگېر، ئاممىباب ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتىدىن ۋېنستوك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ماندېلا بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ماندېلانىڭ كونا دوستى تېررېف ھېردلىن ئاسان غەزەپلىنىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ ماندېلانىڭ جازالاشقا قارشى، ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا يول قويىدىغان ئاشۇ كىشىلەرنى ئاسانلا كەچۈرۈۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندى. ماندېلا ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئاسىيادىن زور مىقداردا مەبلەغ توپلىدى. ئۇ بارغان ھەربىر دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا پۇل ئىئانە قىلدى. دى كلېرك رەھبەرلىكىدىكى مىللىي پارتىيەمۇ ئىلگىرى جەنۇبىي ئافرىقا سودا ساھەسىدىكىلەردىن زور مىقداردىكى مەبلەغكە ئېرىشكەنىدى. بۈگۈنكى دەۋردىكى دى كلېرك ئافرىقىلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

مىللىي مەجلىسىنىڭ «يۇقىرى سوممىلىق سايلام خامچوتى»نى كۆرۈپ قاتتىق ئاچچىق يۇتتى.

1994 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سايلام رەسمىي باشلاندى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى جەزمەن دى كلېرك رەھبەرلىكىدىكى مىللىي پارتىيەدىن كۆپ بېلەتكە ئېرىشەتتى. بۇ ھەقتە ھېچكىم باشقىچە پىكىردە ئەمەس ئىدى. ماندېلا: «بىزنىڭ رەقىبىمىز چاشقانغا ئوخشايدۇ، ھالبۇكى بىز ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بەئەينى بىر پىلمىز» دېدى. ھالقىلىق مەسىلە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم قوللاشقا ئېرىشىش ـ ئېرىشەلمەسلىكىدە ئىدى، چۈنكى، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئۇلارنىڭ ئاساسىي قانۇنغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ھوقۇقى بولاتتى. بىراق، راستىلا بىر مەيدان سايلام بولماقچىمۇ؟ بۇتېلېزىنىڭ ئىنكاتا لىبېرالىستلار پارتىيەسى ۋە جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەر پارتىيەسى ئافرۇجا خەلق فىرونتى تېخىچە سايلامغا قاتنىشىش ئۈچۈن تىزىملاتمىغانىدى. بۇ ئىككى پارتىيە بىرلىشىۋالسا جەنۇبىي ئافرىقىنى تامامەن ئوتتەي ـ توتتەي قىلىۋېتەلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتكۈل سايلام جېڭىدە بۇ ئىككى خەتەرلىك كۈچ بىلەن قانداق مادارا قىلىش ۋە كېلىشىپ ئۆتۈش ماندېلا يۈزلىنەمەكچى بولغان ئەڭ ئېغىر سىناق بولۇپ قالدى.

ماندېلا ئىزچىل ھالدا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئوڭچى ئاق تەنلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى خەتەرلىك دۈشمەن ھېسابلىناتتى. گەرچە ئۇلار ئەزەلدىن قوراللىق قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ باقمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەتتە قوللىغۇچىلىرى كۆپ ئىدى. قارا تەنلىكلەر ھۆكۈمىتىنى مەغلۇپ قىلىشقا تامامەن قۇربى يېتەتتى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئوڭچى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھەممە كىشى بىلىدىغان قارشىلىق كۆرسىتىش يورگىن تېربلانچ باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلىرىنىڭ قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئىدى.

تېرىبلانچ ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، دۇنيا سودا مەركىزىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بەخىرامان ھالدا كامېراغا سىيىپ قويغانىدى. ئۇلار ئات مىنگەن، ساختا ناتسىست بايرىقىنى كۆتۈرگەن، گەپ - سۆزلىرى جىددىي ۋە پاراكەندە ھالدا ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تېلېۋىزور ئېكرانىنىڭ تەلىپى بويىچە بول جېكى ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرنى ئويغاتتى. بىراق، بىر توپ باندىتلار ۋە لۈكچەكلەردىن تەركىب تاپقان تايىنى يوق قوشۇن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلمايتتى. شۇنداقلا 90 يىل ئىلگىرى ئەنگلىيەنى مەغلۇپ قىلغان ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ پىدائىيلار ئەترىتىگە ئوخشاش باتۇر ۋە پاراسەتلىك ئەمەس ئىدى.

تېخىمۇ چوڭ تەھدىت ئافرۇجا خەلق فىرونتىدىن كېلەتتى. 1993 - يىلى 5 - ئايدا ئوخچى كوللېكتىپلار كەڭ كۆلەملىك ئىتتىپاقداش تەشكىللىدى. جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلىرى قارشى تۇرۇش ئەترىتى ۋە يېڭى تەيىنلەنگەن رەھبەر فېدھارىم بوك رەھبەرلىكىدىكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى بۇ ئىتتىپاققا قاتناشتى. ئافرۇجا خەلق فىرونتىغا گېنېرال كونىستانتىن ۋېرچىن قوماندانلىق قىلاتتى. چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان بۇ پېشقەدەم سىپايە ئەسكەر يېقىندا دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ مەسئۇللۇقىدىن چېكىنگەنىدى. ئۇ قارشى ئېلىنىش جەھەتتە ھارىم بوگدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ۋېرچىن كۆپ ئىرقلىق دېموكراتىيە دېگەندەك نەرسىلەرگە ئىشەنمەيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە كۆپ ئىرقلىق دېموكراتىيە دېگەن يالغان - ياۋىداق سەپسەتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار ئۈچۈن مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش، يەنى «خەلقىنىڭ دۆلىتى»نى تەشەببۇس قىلاتتى، شۇنداقلا ئۆز خەلقىنىڭ ساقچىلارنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن مىنۇت - سېكۇنت تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ ئىككى قېتىم ئاممىۋى سورۇندا ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ماندېلا ئۇنى قانۇن ۋە تەرتىپكە ھەقىقىي تەھدىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سالغۇچى دەپ قارىدى. چۈنكى، «جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر زۇلۇلارغا ئوخشاش ئۆز رەھبىرىگە ناھايىتى سادىق ئىدى.»

1993 - يىلى 10 - ئايدا ۋېرچىن رەھبەرلىكىدىكى ئافروجا خەلق فرونتى ۋە بۇتىلىزى، شۇنداقلا ئوخشاش تۈردىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى قىلىۋاتقان قارا تەنلىكلەر ئولتۇراقلاشقان بوپتۇۋاتسانا ۋە شىسكىي قاتارلىق رايونلىرى بىرلىشىپ، «تەشۋىش ئىچىدىكى جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار گۇرۇھى» ئىتتىپاقىنى قۇردى. بۇ ماندېلانى تېخىمۇ بەك ئەنسىرىتىۋەتتى. ماندېلا بۇ گۇرۇھنىڭ قۇرۇلۇشى سۆھبەت تەرەققىياتىغا ئېغىر تەھدىت سالىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ سودا ساھەسىدىكى ئەربابلارغا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئوڭچى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۆكۈمەت، ساقچى ۋە ھەربىي قىسىمدا چوڭ كۆلەملىك قوللىغۇچىلىرى بار، ئۇلار تامامەن 1980 - يىللاردىكى قوراللىق كۆرەشتىنمۇ ئېغىر بولغان بۇزغۇنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ، دېدى. ئۇ كۆپچىلىكنى ناۋادا ئۇلار تەھدىتنى كۈچكە ئايلاندۇرۇشنى نىيەت قىلىپلا قالسا، ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ، «مىڭلىغان ئاق تەنلىكلەر ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇردى. ماندېلا ئىچكى جەھەتتە ئەگەر ئافروجا خەلق فرونتى بىرەر ھەرىكەت قوللانماقچى بولسا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئارمىيەنى ئىشقا سېلىشى بەكمۇ مۈشكۈل بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

بىراق، ماندېلا بەزى ئاق تەنلىك كونسېرۋاتىپلارغا نىسبەتەن يەنىلا ھۆرمەت ھېسسىياتىدا ئىدى. ئۇ ئۇلارنى دې كلېركتىن كۆپ سەمىمىي ۋە ساددا دەپ قارايتتى. 1993 - يىلى 8 - ئايدا ۋېرچىننىڭ قوشكېزەك ئىنىسى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ياخشى دوستى برامنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئاستىدا ماندېلا ۋېرچىن بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشتى. ماندېلا ۋېرچىنغا: «گېنېرال جانابلىرى، بەلكىم سىز ھازىر بىزنى

مەغلۇپ قىلالىشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر سىز زوراۋانلىق يولىنى تاللىسىڭىز، ھامان بىر كۈنى سىز ۋە سىزنىڭ خەلقىڭىز بارسا كەلمەس يولغا كىرىپ قالىدۇ» دېدى. تامبو مبېكى ۋە ياكوب زۇما ۋېرچىن بىلەن بىر قاتار دوستلۇق سۆھبەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ۋېرچىن ئۆزى بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئارىسىدىكى سۆھبەتنىڭ تېخىمۇ بەك ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى، چۈنكى ئۇلارنىڭ دى كلېركتىن كۆپ سەممىمىي ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا جاكارلىدى. ماندېلا بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئوڭچى ئاق تەنلىكلەرنىڭ سۆھبىتى ماندېلاغا ئېغىر بېسىم ئېلىپ كەلدى، ھەمدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى كۆپلىگەن خىزمەتداشلىرىنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىدى. بىراق، كىرىزىسنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ماندېلا يەنىلا سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردى. ئۆزى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقان ۋېرچىننىڭ بىر ئۆرۈلۈپلا ماندېلا بىلەن سۆھبەتكە چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن دى كلېرك بەكلا بىئارام بولدى. ئۇ ۋېرچىننىڭ ھوقۇقى ماھىيەت جەھەتتە ئىرقچىلىقنى ئاساس قىلغان، دەپ قارايتتى؛ شۇنداقلا ۋېرچىننىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىزچىل ھالدا ماندېلانى كوممۇنىزمچى تېررورچى دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆپچىلىكنىڭ ئۇنتۇماسلىقىنى ئەسكەرتتى. بىراق، ماندېلا گېنېرال ۋېرچىن بىلەن شەخسىي مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. ئۇلارنىڭ شەخسىي مۇناسىۋىتى ئاقىۋەتتە سايلامنىڭ تىنچ داۋاملىشىشىنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالدى.

«خەلق دۆلىتى» نى قۇرۇش جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلەر بۇ مەسىلە ھەققىدە تېخىچە تالاش ـ تارتىش قىلىشماقتا. ماندېلا پۈتكۈل خەلقنىڭ بېلەت تاشلىشىغا يول قويۇپ، قارارنى خەلقنىڭ ئۆزى چىقىرىشىنى خالايتتى. ئەمما،

بۇنداق قىلغاندا ئاقىۋەتتە ئۇ ھەتتا پىرېزىدېنتمۇ بولالمايتتى. ۋېرچىن بۇنداق قىلىشنى ناھايىتى ئادىللىق دەپ قارايتتى. ئۇمۇ بۇ ھوقۇقنى ئۆز خەلقىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى خالايتتى. بىراق، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىكى ھارىمبوگ ماندېلانىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئېنىق ۋەدە بەرمىگەنلىكىدىن بەكلا نارازى ئىدى. ئۇ ھەتتا ماندېلاغا ئوچۇق قىلىپ قورال كۈچى ئارقىلىق سايلامنى ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمەلىيەتتە، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تېخىچە دېموكراتىيەنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئەھۋال ئاستىدا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ «خەلق دۆلىتى» قۇرۇشى ئەمەلگە ئاشمايدۇ، دەپ قارايتتى. چۈنكى، بۇ خىل قاراشنى قوللايدىغانلار دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كەتكەنىدى؛ شۇنداقلا ئۇلار شۇ جايلاردا كۆپ سانلىقنى ئىگىلىمەيتتى. ھەتتا مەلۇم بىر رايوننى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون دەپ كۆرسىتىپ بېرىشمۇ ناھايىتى تەس ئىدى. كەلگۈسىدىكى مىنىستىرلاردىن بىرسىمۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «خەلق دۆلىتى، ئەمەلىيەتتە ھەرگىزمۇ بىر دۆلەت ئەمەس، بەلكى بىر خىيالىي روھىي ھالەتتىن ئىبارەت.»

ماندېلا سايلامنىڭ ئاخىرىدا غۇلىچىغا چىداپ غىرىچىغا چىدىماسلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن باشقا ئاق تەنلىك رەھبەرلەردىن ياردەم سورىدى. ماندېلا پېنسىيەگە چىققان سابىق دىپلوماتىيە مىنىستىرى پىك بوتانى ھۆكۈمەت خادىملىرى ئىچىدىكى «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ئەڭ يېقىن» كىشى دەپ قارايتتى. ئىككىيلەن ئۈچ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى. پىك بوتا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارشىلىقلىرىغىمۇ گۇمانلىنىش پوزىتسىيەسىدە ئىدى. ئۇ، ئۇلار ئاز بىر قىسىم جايلارنى ئىگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇ خىل يۈزلىنىش ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ سايلام تەرەققىياتىغا ئۆزىنىڭ ياردىمى تېگىشىنى بەكلا ئۈمىد قىلاتتى؛ پىك بوتا

ماندېلانى «پىرىزىدېنت ئەپەندى» دەپ چاقىرىشقا باشلىدى.

ماندېلانىڭ ئەڭ يۈرەكلىك ھەرىكىتى ئۇنى تۈرمىگە يولغا سالغان، ئۇنىڭغا زىندان ئازابىنى تېتىتقان سابىق پىرىزىدېنت «ۋەھشىي تىمساھ» بوتانى زىيارەت قىلىش بولدى. 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سايىلام ئەمدىلا باشلىنىشىغا ماندېلا كېيپتاۋىن دېڭىز قىرغىقىغا جايلاشقان داۋالىنىش مەنزىلگاھى «قاقاس دالا»نى زىيارەت قىلدى. بوتا پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن ئىزچىل ھالدا مۇشۇ جايدا دەم ئېلىۋاتاتتى. كىشىگە تاسادىپىيلىق تۇيۇلىدىغىنى، ماندېلا بۇ بوۋايغا باشتىن ـ ئاخىر ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى. بوتا ماندېلادىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. ئىككىيلەننىڭ بوي ـ بەستى كۆپ پەرقلەنمەيتتى. ماندېلا ئىزچىل ھالدا بوتانى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە ئىشىنىشكە بولىدىغان كىشى دەپ بىلەتتى. ماندېلانىڭ بوتا بىلەن بولغان سۆھبىتى دى كلېرك بىلەن بولغان سۆھبىتىدىنمۇ بەكرەك ئۈنۈملۈك بولاتتى. ماندېلا بوتانى ئۆڭچى ئاق تەنلىكلەرنى ۋە ھەربىي ئايرىمىلىقنى چەكلەش رولىنى ئوينىيالايدۇ، دەپ ئويلايتتى.

بوتا ئۆزى تۈرۈۋاتقان تۈرالغۇنىڭ يېنىدىكى قاراڭغۇ كىتابخانىسىدا ماندېلا بىلەن كۆرۈشتى. بۇ چاغدىكى بوتا پۈتكۈل جەنۇبىي ئافرىقىغا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكى تەپەككۇرى بىلەن قارايتتى. ماندېلانى كوممۇنىست دەپ بىلەتتى. ماندېلا ئىككىيلەننىڭ ئىلگىرى تايىنخېيستا كۆرۈشكەنلىكىنى ۋە تىنچلىق ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ئەسلىدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشىغا بولغان ئەنسىرىشىنى ئىپادىلەپ: «ناۋادا سايلام ۋاقتى بۇ سەۋەبلىك كېچىكىپ كەتسە، خەلق بۇنىڭغا يول قويمايدۇ» دېدى. ئۇ مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشنى قوبۇل قىلىشنى ئويلىشىپ، بۇ توغرۇلۇق بوتانى ئۆزىگە ياردەملىشىپ ئاق تەنلىك رەھبەرلىرىنى قايىل قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

بوتا جاۋابەن بۈگۈنكى كۈندىكى جەنۇبىي ئافرىقا ناھايىتى

خەتەرلىك ۋەزىيەتتە، دۆلەت گۇمران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى، دېدى. ئۇ ماندېلاغا «بىر ـ بىرلەپ كېلىش، ئالدىراپ كەتمەسلىك» تەكلىپىنى بېرىپ، ئۇنداق بولمايدىكەن ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق، جەنۇبىي ئافرىقا مەسىلىسىنى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئۆزى ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى. ماندېلا «ئافرىقا خەلق فىرونتى، ھۆكۈمەت ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى كۆز ئالدىمىزدىكى مەسىلىنىڭ تۈگۈنى؛ مەن بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنى ئارزۇ قىلىمەن» دەپ تەكىتلىدى. بوتا ماندېلاغا دى كلېركنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئاق تەنلىكلەرنى چاقىرىق قىلىش تەكلىپىنى بەردى.

ماندېلا بوتانىڭ تەكلىپى بويىچە دى كلېرك بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ئامالسىز قالدى ـــــ «دى كلېرك ھېسسىيات جەھەتتىن بۇ ئىشقا بوتانىڭ ئارىلىشىشىدىن ناھايىتى بىزار ئىدى» ـــ يىغىن ئىشى ئۇزۇل ـ كېسىل سۇغا چىلاشتى. ئەمەلىيەتتە، بوتا ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. دى كلېرك ۋېرچىننى قايىل قىلالمىدى. چۈنكى، ئۇ «ئۆز ئالدىغا دۇنيا قاراشقا ئىگە كىشى» ئىدى. ماندېلا بوتانى «دۆلەتنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى» دەپ قاراپ، قەلبىدە ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتتى.

سايلامنىڭ غەلىبىلىك داۋاملىشىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ تىنچ بولۇشىدىكى ھالقا يەنىلا جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك گېنېراللار ئىدى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ھۆكۈمەتكە يەنىلا شۇنداق سادىق بولالىشىدىن شۇبھىلىنەتتى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن 30 يىل كۈرەش قىلغانىدى، ئۇلار ئارىسىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر دى كلېرك بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئوتتۇرىسىدىكى سۈلھىنى ئاسىيلىق دەپ قارايتتى. 1992 ـ يىلى دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال مېررىن

بىر مەيدان پاساھەتلىك نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ نۇتقىدا مودىسىي، كاسلىرىس ۋە ھانىلارنى سۆكتى. پات يېقىندا مۇئاۋىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىنىش ئالدىدا تۇرغان كاسلىرىس ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھەر تەرەپتىن زەربە ئىچىدە قالغانلىقىنى بايقاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلىرى ئۇلارنىڭ تەشۋىشىنى يوق قىلىشقا تىرىشتى. ھاۋا ئارمىيە باش قوماندانى زۆرۈر تېپىلسا ساتقۇن ئارمىيەنى ھاۋا ئارقىلىق بومباردىمان قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تېخىچە ئافرىقىدا ياكى لاتىن ئامېرىكىسىدا بىر مەيدان ھەربىي ئۆزگىرىش بولۇشتىن ساقلىنىش تەس، دەپ قارايتتى.

ماندېلا ئۆز نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ، سۆزگە ماھىرلىقى بىلەن ھەربىي قوشۇن ۋە مەخپىي ئارمىيەنىڭ رەھبەرلىرىگە تەسەللىي بەردى. چوڭ سايلامدىن ئىلگىرى ماندېلا ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال جون فاندېر مارۋېينىڭ ئىشخانىسىغا ئۇنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئىشلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. فاندېر مارۋېي ئۆزىنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىغا توختامدىن بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ماندېلا يەنە گېنېرال مېرىنىڭ قېشىغا باردى. مېرىن قىلچە ئىككىلەنمەستىن ماندېلانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغان ھەرقانداق بىرسىگە قىلچە رەھىم قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلانىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى بەزى خىزمەتداشلىرى ماندېلانى مېرىن ۋە باشقا كىشىلەرگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كەتتى، دەپ قارىدى. بىراق، ماندېلا ئىلگىرىكى دۈشمەنلىرىگە يۇمشاق مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى قىلمىشلىرىغا پەقەتلا پەرۋا قىلمىدى.

بىراق، ئوڭچى ئاق تەنلىكلەر، بۇتلىزىنىڭ ئىنكاتا

www.uyghurkitap.com

لىبېرالىستلار پارتىيەسى، شۇنداقلا شىسكىي ۋە بوفۇتاتسۋانادىن ئىبارەت قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بۇ ئىككى رايون سايلامغا نىسبەتەن قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسىدە بولدى. 3 ـ ئايدا بىر مەيدان ئىچكى ئۇرۇش قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى. بوفۇتاتسۋانا خەلقى ئاللىقاچان پۇقرالىق ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولۇپ، سايلامغا قاتنىشالايتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمدارى لۇكاس مانخوپ سايلامغا قارشى تۇردى. بۇ ئىش كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بوفۇتاتسۋانا خەلقى ئالدىنقى سەپكە چىقتى. مانخوپ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر تەشكىلاتى ئافرۇجا خەلق فىرونتىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزىنى قوغداشنى قارار قىلدى. ۋېرچىن تېزلىكتە ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ كىچىك كۆلەمدىكى قورال ـ ياراغلىرىنى مانخوپقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بوفۇتانسۋادىغا يۆتكىدى. بىراق، ۋېرچىننىڭ ئارمىيەسى تېخىمۇ ئەسەبىي بىر ئارمىيە تەرىپىدىن قارشىلىققا ئۇچرىدى ــــ تېربلانچ رەھبەرلىكىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ھەربىي قوشۇنى گىدەيگەن ھالدا بوفۇتاتسۋانا پايتەختى مۇمباتوغا باستۇرۇپ كىرىپ، قوراللىرىنى ئويناتقىنىچە كوچىدىكى ئاق تەنلىكلەرگە قارىتىپ ئوق ئاتتى. ئاق تەنلىكلەرنىڭ بۇ تاجاۋۇزچىلىقى بوفۇتاتسۋانا ئارمىيەسىنى غەزەپلەندۈردى. ئۇلار مانخوپقا تېزلىكتە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، باسقۇنچىلارغا قارشى ئوق چىقاردى. ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئويلىنىش ئارقىلىق، ۋېرچىننىڭ ئارمىيەسى باشتىلا چېكىنگەنىدى. بىراق، جەنۇبىي ئافرىقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئارمىيەسى خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىپ، نەتىجىدە ۋەتۋەرىكى چىققان ھالدا مەجبۇرىي چېكىندى. ئۈچ نەپەر ئاق تەنلىك كۆك رەڭلىك مېرسېدىس ماشىنىغا ئولتۇرۇپ توپ ئوقلىرىنى كېسىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ماشىنىسىنىڭ دېرىزىسى ئوق تېگىپ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتتى. ماشىنا توختىتىلغاندىن كېيىن

ساقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ماشىنىدىكىلەر بىر ساقچى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلۈش جەريانى سىنغا ئېلىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈش كىشىنىڭ ئىچىنى ئۆرتەيتتى. ئارلىست سپاركس مۇنداق دەپ يازدى: «ھايت ـ ھۇيت دېگۇچە بارلىق خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلەرگە، بور قەھرىمانلىرى توغرىسىدىكى تارىخىي ئەپسانىلەرنىڭ تەكرارلىنىشىغا ئائىت يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بۇ قانلىق ۋە نومۇسلۇق كۈندە يوققا چىقتى.»

بىراق، ئەمەلىيەت ئېزىدىنلا «بوفۇتاتسۋانا ئۇرۇشى»نىڭ مەغلۇپ بولۇشى ماندېلا ۋە پۈتكۈل جەنۇبىي ئافرىقىغا نىسبەتەن تەڭرى ئاتا قىلغان ياخشى پۇرسەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مانخوپېنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بوفۇتاتسۋانا رايونىدا ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويۇلدى. ئاق تەنلىك ھەربىي ئىشلار توپىلاڭچىلىرىنىڭ خورىكى ئېلىندى. ۋىرچىن گېنېرالنىڭ بۇ قېتىمقى ئەجەللىك مەغلۇبىيەتتىن قورقۇپ جان ـ پېنى چىققاندى. 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، يەنى سايلامدىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ئافرۇجا مىللىي فىرونتىدىن ۋاز كېچىشنى، بۇ ئارقىلىق ئۆز پارتىيەسى —— ئەركىنلىك فىرونتى نامى بىلەن سايلامغا قاتنىشىشنى قارار قىلدى. ۋىرچىنىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ماندېلا بەكلا مەمنۇن بولدى. كېيىن ماندېلا مۇنداق دېدى: «ئۇ چەك ئايرىغان شۇ پەيتتە، مەن ئوڭچىلار مەسىلىسىنىڭ ساقچى تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىلسىلا بولىدىغانلىقىنى بىلدىم.» بىراق، بۇنداق قىلىش بەكلا خەتەرلىك ئىدى. دى كلېرك ناۋادا ۋىرچىنىنىڭ ئارىغا چۈشۈشى غەلىبىلىك بولۇپ، بوفۇتاتسۋانادا مانخوپېنىڭ قانۇنسىز ھاكىمىيىتى تىكلەنسە، ئۆزىنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قېلىشىنى تەن ئالدى. ئەگەر راستلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، دى كلېرك جەنۇبىي ئافرىقا ئارمىيەسىنى تەشكىللەپ

www.uyghurkitap.com

ۋېرچىنىغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلامدۇ، يوق، شۇنداقلا ۋېرچىنىنىڭ ئارمىيەسى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى باشلىقىغا ئوق چىقىرامدۇ، يوق؟ بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى بىلمىسەك بولمايدۇ. مەسخىرىلىك بولغىنى، جەنۇبىي ئافرىقا قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ زوراۋانلىرى ھەربىي زوراۋانلىققا ئۈمىد باغلىماي، مانخوپ ھاكىمىيىتىنى ۋەيران قىلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاخىر ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن قۇتۇلدى. دى كلېرك كېيىن: «مانخوپ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلىشىغا ئەگىشىپ، ۋېيۋورد ھۆكۈمىتى كۆڭۈل قويۇپ رويابقا چىقارغان ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ئىمپېرىيەسىمۇ ئۇزۇل - كېسىل گۇمران بولدى» دېدى.

بىراق، ئاق تەنلىك ئوڭچىلارنىڭ قارشىلىقى تېخىچە بىر چوڭ تەھدىت ئىدى. تىنچلىققا كۆچۈش دەۋرىدە يەنە بىر چوڭ توسۇق مەۋجۇت ئىدى. بۇتىلىزى تېخىچە چوڭ سايلامغا ۋە يېڭى قانۇنغا كەسكىنلىك بىلەن قارشى تۇردى. ئۇ بۇ ئىشلارنى زۇلۇ پادىشاھلىقىغا بولغان مەنسىتمەسلىك دەپ قارىدى. 1 - ئايدا ئېچىلغان ئىنكاتا لىبېراللار پارتىيەسى ۋەكىللەر يىغىنىدا ئۇ يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا: «ھەرقانداق سىرتقى كۈچ بىزنى باشقۇرۇشقا قول تىقمىسۇن» دېدى. بۇتىلىزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ئەمەلىي كۈچى ئىلگىرىكىگە يەتمەيدىغان زۇلۇ پادىشاھى گېدېنۋېلىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. چۈنكى، ئۇ زۇلۇ پادىشاھىنىڭ ھەيۋىسىنى ئۆستۈرۈپ، 1830 - يىلىدىكى ئەمەلىي كۈچىگە قايتىشىنى، پۈتكۈل ناتال رايونىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. يېڭى بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىقنىڭ پارتلىشى مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا بولغان ئۈمىدنى خىرەلەشتۇرۇۋەتتى. ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت ناتال رايونىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ زوراۋانلىقنى تىزگىنلىدى. 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، باش سوتچى گېدىستون «بىر قورقۇنچلۇق جىنايى قىلمىش تورى» نامىدا دوكلات ئېلان قىلىپ، ئىنكاتا لىبېراللار

پارتىيەسى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا ساقچىلىرىنى مۇناسىۋەتكە ئىگە قىلىپ قويدى. بۇ هال بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئوساللاشتۇرۇۋەتتى. دى كلېرك كېيىن تەن ئېلىپ: «ئاخىر، خەلقنىڭ ئىزچىل هالدا مەخپىي ئارمىيە ئارىسىدا رەزىل ئۇچىنچى خىل كۈچ بار دەپ گۇمانلىنىشى راستقا چىققاندەك تۇرىدۇ» دېدى.

ماندېلا تىرىشچانلىق بىلەن خەلققە تەسەللى بەردى. ماندېلا مەلۇم بىر يىغىندا: «مەن دۆلىتىمىزنى قانلىق قۇربان بېرىشكە سۆرەپ كىرمەكچى بولۇۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرگە تىزلىنىپ، يالۋۇرۇشنى خالايمەن» دېدى. ئۇ دۇربانغا بۇتىلېزىنى تەسىرلەندۇرۇش ئۈچۈن باردى، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ياراشتۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەسىلىسىگە ئارىلىشىشى توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن مۇزاكىرىلەشتى. بىراق، ئىككى تەرەپ يەنىلا كېلىشەلمىدى. زۇلۇ پادىشاھى ئوخشاشلا بۇتىلېزى تەرەپتە تۇردى. ۋېرچىن ئالىلىقاچان سايلامغا قاتنىشىشنى قارار قىلغانىدى. بىراق، بۇ هال 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە داۋاملاشتى. بۇتىلېزى تېخىچە سايلامغا قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇتىلېزى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يوهاننىسبۇرگنىڭ شەهەر مەركىزىدە بىر مەيدان داغدۇغىلىق نامايىش ئۆتكۈزدى. نامايىشچىلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قۇلۇلە بىناسىنىڭ ئەتراپىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ماندېلا ئامانلىقنى ساقلاش خادىمىغا: «ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئىش بولغان تەقدىردىمۇ، هەرقانداق بەدەل تۆلەش ئاساسىدا باش ئىشتابنى مەهكەم ساقلاڭ» دېدى. بەزى نامايىشچىلار بىناغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. ساقچىلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى نامايىشچىلارنىڭ باستۇرۇپ كىرىشىدىن ئەنسىرىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى مۇهاپىزەت ئەترىتى ئوق ئېتىپ ئاگاهلاندۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەرگەندىن كېيىن، ئۇدۇل كىشىلەر توپىغا قارىتىپ ئوق چىقاردى، سەككىز ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلىرىگە قېچىش جەريانىدا ئارقىسىدىن ئوق تەگكەنىدى. ئەينى چاغدا بىنا ئىچىدە تۇرغان مۇخبىرلاردىن بىرسى بۇ ئىشنى «بىنا ئىچىدىكى قورشاۋ ھۇجۇمىدا قالغان كىشىلەرنىڭ بىر قېتىملىق قانلىق قايتۇرما ھۇجۇمى» دەپ ئاتىدى. دى كلېرك ماندېلاغا تېلېفون قىلىپ، ساقچىلارنىڭ قۇلۇلە بىناسىغا كىرىپ قورال ـ ياراغ تەكشۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق، ئىككىنچى كۈنى ماندېلا ساقچىلارنىڭ بىناغا كىرىشىنى ئۆزى توسۇشقا مەجبۇر بولدى. دى كلېرك ماندېلانى گېپىدە تۇرمىدى دەپ ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ ئەسلىدە ساقچىلارنىڭ بىناغا كىرىپ تەكشۈرۈشىگە ماسلاشماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئىككى تەرەپنىڭ نارازىلىقى بىر مەيدان كەسكىن ئېغىز ئۇرۇشىغا ئايلاندى. ماندېلا دى كلېرك 1990 ـ يىلى 7 ـ ئايدا سېبېكېن پاجىئەسىگە سۈكۈت قىلغاندىكىدەك، بۇ نامايىشقا سۈكۈت قىلدى دەپ قارىدى. تۆت يىلدىن كېيىن، جەنۇبىي ئافرىقا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى بىر قېتىملىق سوراقتا سوتچى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىنكاتاغا قاراتقان مۇناسىۋەتلىك زەربىلىرىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بايقىدى. بىراق، سوتچى ساقچىلارنىمۇ، ئىنكاتانىمۇ ئەيىبلىدى.

«قۇلۇلە بىناسى پاجىئەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ تېخىمۇ كۆپ قىرغىنچىلىق ۋە ۋەھىمىلىك خەۋەرلەر مەيدانغا چىقتى. لوندون «كۈندىلىك پوچتا گېزىتى» 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خەۋەر بېرىپ: «جىددىي پىلان ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا چىقتى. ناۋادا بۇ ئايلىق سايلام پۈتكۈل مەملىكەتنى قالايمىقانچىلىققا سالسا، ئەنگلىيە 350 مىڭ ئەنگلىيەلىك قېرىندىشىمىزنى جەنۇبىي ئافرىقىدىن قايتۇرۇپ كېلىدۇ» دېدى. بۇتېلىزى قارىماققا ئازراقمۇ يول قويۇشنى خالىمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ كۆپچىلىكنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «زۇلۇلار ۋە

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل تۈگىتىلگەنلىكىنى، «جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ھەممە ئىرقلىرى ئۈچۈن ئۈمىدلىك كۈنلەر باشلاندى، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ

ياكى مەغلۇبىيەتنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭ پەيتكە كەلدى» دېدى. 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ماندېلا بىلەن دى كلېرك بۇتىلېزى ۋە زۇلۇ پادىشاھى بىلەن كرۈگ دۆلەت باغچىسى ئوۋ ھايۋانلىرىنى كۆپەيتىش ۋە قوغداش رايونىدا ئۇچراشتى. يىغىندا ماندېلا زۇلۇ پادىشاھىغا «ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى تېخىمۇ چوڭ ھوقۇقتىن بەھرىلىنەلەيدىغانلىقى» توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. بىراق، سايلامنىڭ كېچىكىپ كەتمەسلىكىدە چىڭ تۇردى. بۇتىلېزى بىلەن زۇلۇ پادىشاھى ئازراقمۇ يول قويماسلىق، سۆھبەتتە ھېچقانداق بۆسۈش ۋە ئىلگىرىلەشنىڭ بولماسلىقىنى ئويلايتتى. لوندون «يەكشەنبىلىك تايمىس گېزىتى»: «تۇنۇگۈنكى جەنۇبىي ئافرىقا ئاللىقاچان ئىچكى ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويدى» دېدى.

بۇ چاغدا، راۋاندادا يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىق ۋەقەسى كۆپچىلىكنى تېخىمۇ بەك پاراكەندە قىلىۋەتتى. كىشىلەر جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ راۋاندادەك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. مەخپىي قىسىم مەخپىي ھالدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ 1 مىليونغا يېتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بىراق، يەنىلا ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد مەۋجۇت ئىدى. 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈندىكى يىغىندا بۇتىلېزى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ياراشتۇرۇشقا ئارىلىشىشىغا قوشۇلغان، گەرچە باشقا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى تېخىچە ئېھتىياتچان پوزىتسىيەدە بولغان بولسىمۇ، ماندېلا بۇنى ماختىغاندى. ھېنرىي كىسسىنگېر ۋە ئەنگلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى كارلىنتوننىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، يەتتە كىشىدىن تەشكىل تاپقان خەلقئارالىق ياراشتۇرۇش ئەترىتى جەنۇبىي ئافرىقىغا يېتىپ كەلدى. كېنىيەلىك مەشھۇر پىروفېسسور ۋاشىنگتون ئاۋكۇممۇ بۇ ئەترەتتە بار ئىدى. خەلقئارالىق ياراشتۇرۇش ئەترىتى جەنۇبىي ئافرىقا يوھاننىسبۇرگ كېلتون مېھمانسارىيىغا ساق ئۈچ كۈن

www.uyghurkitap.com

بېكىنىپ، ياراشتۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ماندېلا شىلىر
لامفۇسانىڭ ھەمراھلىقىدا كىسسىنگېر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.
لامفۇسانىڭ نۇقتىئىنەزەرى قانداق ئۇسۇلدا ياراشتۇرۇش
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سۆھبەتنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى.
بۇ جەھەتتە مەسلىھەتلىشىشكە يول يوق ئىدى. كىسسىنگېر بىلەن
كارلىنتوننىڭ بۇ ئىشى ئاقىۋەتتە نەتىجىسىز ئاياغلاشتى.
كىسسىنگېر كېيىن مۇنداق دەيدۇ، ئەگەر بىز قىلىپ قالغان
بولساق بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالغان بولاتتۇق. مەلۇم جەھەتتىن
ئېيتقاندا بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىز كېيىنكى غەلىبىنى ياراتتى.

بۇتىلىزى بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ بەك يالغۇز قالدى، ئۇنىڭ
ئاشۇ كونا ئىتتىپاقداشلىرى، بولۇپمۇ گېنېرال ئابسانجور ۋە
ساچىر خانىم ئۇنى سايلامغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلدى. قارا
تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئەڭ ئاخىرقى رايون
ھېسابلانغان شىسكىمۇ قارشىلىشىشنى توختاتتى. ماندېلا زۇلۇ
پادىشاھى بىلەن ئۆز تاغىسى بۇتىلىزىنىڭ چەك - چېگرانى
ئېنىق ئايرىشنى ۋە زۇلۇ ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ پارچىلىنىپ
كەتكەن سىياسىي ھوقۇقىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا بۇنىڭدىن
كېيىنكى مائاشى كاپالەتكە ئىگە ئەمەسلىكى ھەققىدە نەسىھەت
قىلدى.

بۇتىلىزى يوھاننېسبۇرگتىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى
پىروفېسسور ئاۋكۇم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەڭ ئاخىرقى
غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالايىتەن ئايرودرومغا
باردى. ئاۋكۇم بۇتىلىزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ سايلامنىڭ ئۇنى
پۈتۈنلەي يالغۇز قالدۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى، نەتىجىسىنىڭمۇ
ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇتىلىزى
بىر ئاز يۇمشاشقا باشلىدى. ئۇ سايلامغا قاتناشمىسا
بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىنكاتا لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ
كەمسىتىلىش ۋە تەڭسىزلىككە ئۇچرىسا بولمايدىغانلىقى، زۇلۇ
پادىشاھلىقى يېڭى قانۇندا خاتىرىلىنىشى ۋە ئېتىراپ قىلىنىشى

كېرەكلىكى، سايلامدىن كېيىن خەلقئارالىق ياراشتۇرۇشنى قايتا باشلاش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەرتنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىككىنچى قېتىم ئۇ يەنە ئۆز تەشەببۇسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئاۋكۇم قاتارلىق كىشىلەر ناھايىتى تېزدىنلا كەچۈرۈم ئەسلىمىسى لايىھەسىگە تۈتۈش قىلدى. بۇتىلېزى بۇنى ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن ئاۋكۇم كېرمان ۋە ئىككى نەپەر ئاق تەنلىك ئامېرىكا ئەمەلدارىنىڭ كېپىتاۋنغا كېلىپ كېپىتاۋىن قۇياش مېھمانسارىيىدا لايىھەنى ماندېلانىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى. ماندېلا ناھايىتى تېزلا لايىھە تېزىسىغا قوشۇلۇپ، دى كلېركقا مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن تېلېفون قىلدى. دى كلېرك ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا لايىھەنىڭ تارماقلىرىغا قوشۇلدى. 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ماندېلا، دى كلېرك، بۇتىلېزى ۋە ئاۋكۇم پرېتورىيەدە كۆرۈشتى. ئىككى تەرەپ لايىھەگە نىسبەتەن ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاق تونۇشقا كەلدى. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر بۇتىلېزى ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلىق لايىھەنىڭ يۇرۇشۇشىگە نىسبەتەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزىتىش كىرگۈزدى. بۇ چاغدا چوڭ سايلامغا پەقەت بىر ھەپتىلا ۋاقىت قالغان، سايلام بېلىتىمۇ بېسىپ چىقىرىلىپ بولغانىدى. بىراق، كىشىنى غەلىتىلىك ھېس قىلدۇرىدىغىنى، سايلام كومىتېتى ئەپچىل چارىدىن بىرنى ئويلاپ چىقتى. ئۇلار ئىنكاتا لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ نامى يېزىلغان كىچىك چاپلاقلارنى سايلام بېلىتى ئۈستىگە چاپلىدى. دى كلېرك ناھايىتى كەڭ قورساق بولدى. ئۇ دېموكراتىك پارتىيەگە مەخسۇس سايلام بېلىتىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى ئورنىنى ئۆتۈنۈپ بەردى. بۇ چاغدىلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۇۋھ دەپ نەپەس ئالدى. بىراق، ئۇلار تېخىچە بۇتىلېزىنى غەربىزىنى ئۆزگەرتىشكە زادى نېمىنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى بىلمەيتتى.

سايلام كۈرىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەپتىسىنى ماندېلا بىلەن دى كلېرك ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سىنىشىش دەپ قاراشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولاتتى. ئۇزاقتىن بېرى ئۇلار پۈتۈن دۇنيا تاراتقۇلىرىغا نىسبەتەن قىزىق نۇقتا ئىدى. دى كلېرك ئىلگىرى جەنۇبىي ئافرىقا مىللەتلەر كېڭىشىنىڭ نۇتۇق ئۇنۇمىنى بەكلا تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغانىدى. دى كلېرك تېپىپ كېلەلەيدىغان قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە، ئىنگلىز تىلى ئارقىلىق تېلېۋىزور مۇنازىرىسىگە قاتنىشالايدىغانلارنى بارماق بىلەن سانىغۇچىلىكلا دەپ قاراشقا بولاتتى. ھالبۇكى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بۇ جەھەتتە كۆپلىگەن نامزاتلىرى بار ئىدى. بۇ چاغدا ماندېلانىڭ ئاكتىپورلۇق ئىقتىدارى تولۇقى بىلەن نامايان بولدى. ئۇ ئامىمىنىڭ ۋە سوئال سورىغۇچىنىڭ سالاھىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئەگىشىپ ئۆز ئوبرازىنى ئۆزگەرتىپ تۇردى. دى كلېرك كوللېكتىپىدىكى ئەزالاردىن بىرسى: «ماندېلا سىياسىيونلۇق جەھەتتە يۇقىرى مۆلچەرلىنىۋېتىلدى. ئەمما، سىياسەتۋازلىق جەھەتتە تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويۇلدى» دېدى. قارا تەنلىك سايلىغۇچىلارنى جەلپ قىلىش جەھەتتە دى كلېرك تەبىئىيلا پايدىسىز ئەھۋالدا ئىدى. ئامېرىكا سىياسىي مەسلىھەتچىسى ستانلى گېرىنبوگنىڭ پەرىزىچە، دى كلېرك ماندېلانى ھەربىر قېتىم سۆككەن چاغدا ماندېلانى قوللاش نىسبىتى بىر دەرىجە يۇقىرىلايتتى. گېرىنبوگ چۈشەنچە بېرىپ: «زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى تەرەپكە ۋەكىللىك قىلغۇچى پارتىيە ھۇجۇمغا ئۆتسە، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى خەلق تەبىئىيلا قوغدىنىش خاراكتېرلىك ئىنكاس قايتۇرىدۇ» دېدى. دى كلېرك سەۋر قىلىشى ھەمدە دائىم ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى سىياسەت يۈرگۈزۈشكە ماس كەلمەيدۇ، دەپ تەنقىدلىمەسلىكى كېرەك ئىدى. چۈنكى، سايلامدىن كېيىن ئۇ ماندېلا بىلەن بىر گەۋدە بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ۋەزىيەتنى كۆرۈپ يەتكەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى. ئاقىۋەتتە، پۈتكۈل سايلام جېڭى بىر مەيدان ئاۋازسىز جەڭگە ئايلىنىپ، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ

كۆزقارىشى تولۇق ئىپادىلىنەلمىدى.

كۆپ سانلىق ئۆلكىلەردە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەۋزەل ئورنىدىن ئەنسىرەشنىڭ هاجىتى قالمىدى. بىراق، رەڭلىك ئىرقتىكى سايلام خەلقى ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان شەرقىي كېيپتاۋىن ئۆلكىسىدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئورنى ئېغىر رىقابەتكە دۇچ كەلدى. شەرقىي كېيپتاۋىن ئۆلكىسىنىڭ يەرلىك باشلىقى پوپ ئېلىن بوساك جەنۇبىي ئافرىقا دېموكراتىك بىرلىككە كەلتۈرۈش فىرونتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىدى. بوساك بىر ئاق تەنلىك ئايالغا ئۆيلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ئايالى بىلەن ئاجراشتى، ئاندىن يەنە گوللاندىيە ئىسلاھاتچىلار جەمئىيىتىدىن چەك ئايرىپ چىقتى. بۇ سەۋەبلىك ئۇ نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆپلىگەن پائالىيەتچىلىرىمۇ ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئابرۇيپەرەسلىكىنى، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا زىيادە ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى بايقىدى. پەقەت ماندېلالا بوساكنى قەتئىيلىك بىلەن قوللىدى، ئۇنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبىرى دەپ چىڭ تۇردى. بىراق، كۆپلىگەن رەڭلىك ئىرقتىكى سايلام خەلقى قارا تەنلىكلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈمەتتىن تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇلار سايلام بېلىتىنى دى كلېركقا ۋە يەرلىك دېموكراتىك پارتىيەنىڭ رەھبىرى ھېرنۇس كىلىرغا تاشلىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ شەرقىي كېيپتاۋىن ئۆلكىسىدىكى ھۆرمەتسىزلىكى ئۇلارنىڭ كۆپ خىل مىللەت ئارزۇسىغا ئېغىر زەربە بولدى.

سايلامنىڭ ئالدىنقى ئون كۈنى ماندېلا بىلەن دى كلېرك ئامېرىكا سايلىمى شەكلىدە تېلېۋىزور مۇنازىرىسى ئۆتكۈزدى. كىلىنتون سايلىمىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان فرانك گېلىر ماندېلانىڭ مەشقاۋۇلى بولدى. ئۇ ماندېلاغا تۈزۈپ بەرگەن ئەڭ مۇھىم پىرىنسىپ «پىرېزىدېنتقا ئوخشاش بولۇش» تىن ئىبارەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدى. گېلىر ماندېلاغا سۆزلەش رىتىمىنى سەل تېزلىتىشنى، بارماقلىرىنى پولاتتەك ماسلىقنى تاپىلىدى. چۈنكى، بۇ ھال كىشىگە بوتانى ئەسلىتەتتى. گېلىر يەنە ماندېلاغا ھەر ۋاقىت كۈلۈمسىرەش ھالىتىنى ساقلاشنى ئېيتتى.

ھەقىقىي مۇنازىرە بولىدىغان كۈنى، ئەزەلدىنلا ئېغىر - بېسىق ماندېلا ئۆزى ئادەتلەنگەن ئۇسلۇبىنى ساقلاپ، باشتىلا ئۈچ مىنۇت سۆكۈتتە تۇردى. رىياسەتچى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. دى كلېرك تېزدىنلا ئۆزىنىڭ نومۇرغا ئېرىشىش جەھەتتە ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى تونۇپ يەتتى. بىراق، ماندېلا ئويلاپمۇ باقمىغان ئىش شۇ بولدىكى، مۇنازىرە ئاخىرلىشىش پەيتىدە ماندېلا بىر ئاز تەمتىرەپ قالدى. ئۇ توساتتىنلا قولىنى سوزۇپ دى كلېركنىڭ قولىنى تۇتتى. بۇ ھال قارىماققا ۋاقىتلىق نىيىتى بۇزۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ دى كلېركنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەنگەن ۋە ئالدىن پىلانلانغان ئىش ئىدى. ماندېلانىڭ بىر مەسلىھەتچىسى: «بىز ئۇنىڭ بەدەن تىلىنىڭ بەك غەلىتە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز» دېدى. دى كلېرك كېيىن ئېتىراپ قىلىپ: «بىز پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئۈچۈن پارلاق نەمۇنە يارىتىپ بەردۇق. گەرچە كۆپچىلىك ئوخشىمىغان ئىرقلاردىن كەلگەن بولسىمۇ، ئۆز دۆلىتىگە بولغان سۆيگۈسى ۋە ساداقىتى ئوخشاش» دېدى. گېلىرمۇ كېيىن: «ئۇ بىردىنلا پۈتۈن مەيداننىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى. ئۇ قارشى تەرەپنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇشقا ماھىر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ياردەم تەلىپىنى سىرتقا تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئەپلىشىپ قىلىشقا قادىر ئىدى.»

سايلام كۈنى يېتىپ كېلىشنىڭ ھارپىسىدا، كەيپىيات مۆجىزە كەبى تىنچلىنىپ كەتتى. ماندېلا سوۋېتو سىرتىدىكى تەنتەربىيە مەيدانىدا سايلامدىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يوھاننېسبۇرگ يىغىنىنى چاقىردى. يىغىن مەيدانى

خۇددى بايرام كەبى جانلىنىپ كەتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئالتە مىڭ قوللىغۇچىسى سەپ بولۇپ تىزىلدى. ئۇلار بايراق ۋە لوزۇنكىلىرىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا بىر تەرەپتىن، قۇلاقنى يارغۇدەك ناخشا ئاۋازىغا قۇلاق سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قەبىلە ئۇسسۇلىنى تاماشا قىلدى. دۇمباقچىلار ئەترىتى ۋە سېركچىلەرمۇ بار كۈچى بىلەن نومۇر ئورۇنلىدى. تەنتەربىيە مەيدانىدا ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. كىشىلەر بېشىغا خۇرۇم شىلەپە كىيىۋالغان بىر قىزچاقنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەنتەربىيە مەيدانىنى چۆرىدەپ ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ماندېلانىڭ مەڭگۈ خاتا تونۇلۇپ قالمايدىغان بەھەيۋەت كۆلەڭگىسى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇچىسىغا قىزىل رەڭلىك كۆڭلەك كىيگەن ماندېلا كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن بالىلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ ئۇلار بىلەن چاۋاك ئۇرۇپ ئويىنىدى. تابو مبېكى نەق مەيدان كەيپىياتىنى ئىللىتىشقا، شۇنداقلا گۇلدۇراس ئالقىش سادالىرى ئارىسىدا ماندېلانى تونۇشتۇرۇپ سەھنىگە چىقىرىشقا مەسئۇل ئىدى. توكوۋ ساكسىۋېر ماندېلانىڭ سۆزىنى كوسا تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. ساكسىۋېرنىڭ ناخشىچىنىڭكىدەك ساز ئاۋازىدىن سىرت، ئۇنىڭ چىن ھېسسىياتى ۋە يۇمۇرىستىك خاراكتېرى سەۋەبلىك، ئۇ سۆز باشلىشىغىلا، ھەر خىل دىن ۋە ھەر خىل ياشتىكى قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. تەنتەربىيە مەيدانىدا تۇساتتىن ياڭرىغان ئوق ئاۋازى شادىمان كەيپىياتنى بۇزۇۋەتتى. ماندېلا بۇ ھالنى قاتتىق ئەيىبلەپ: «ھەرقانداق كىشىنىڭ قورال ئېلىپ مۇراسىمغا قاتنىشىشىغا بولمايدۇ» دېدى. ئۇ ئوق ئاتقۇچىنى قولغا ئېلىپ مەيداندىلا ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى، يىغىپ ئېيتقاندا، يىغىن تىنچ كەيپىيات ئىچىدە ئاخىرلاشتى. يىغىن ئاخىرلاشقاندا، ماندېلا مەخسۇس ماشىنىدا ئولتۇرۇپ يىغىن مەيدانىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايرىلدى. ئۇنىڭغا قوغدىغۇچىسى ھەمراھ بولۇپ مېڭىپ، دېرىزە سىرتىدىن قول تەڭلەپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان كىشىلەرنى توسۇپ تۇردى. بۇ چاغدىكى ماندېلادا دۆلەت رەھبىرىگە خاس سالاپەت ھازىرلىنىپ بولغانىدى.

سايلامدىن ئىلگىرىكى بىرنەچچە كۈندە يوھاننىسبۇرگ شەھىرى ئىچىدە ۋە شەھەر ئەتراپىدا يەنە پارتلىتىش ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇنىڭ ئارىسىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ سىرتىدىكى ماشىنا پارتلىتىش ۋەقەسىمۇ بار ئىدى. جەمئىي 20 ئادەم بۇ قېتىملىق پارتلىتىش ۋەقەسىدە ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ قېتىملىق بارلىق پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەر قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ بىر مەخپىي ئەترىتى پەيدا قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى سايلام ئاممىسىنى قورقۇتۇش ئىدى. بىراق، قارا تەنلىك سايلام ئامما بۇ سەۋەبلىك قىلچىمۇ بوشىشىپ قالمىدى. ئۇلار تۇنجى قېتىم ئۆز قولى بىلەن قايتۇرۇپ كەلگەن دېموكراتىك ئىدىيەسىدە قىلچە تەۋرىنىش بولمىدى. 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سەھەر، تاڭ تېخى يورۇمىغانىدى. قارا تەنلىك سايلام خەلقى بېلەت تاشلاش بېكىتى ئالدىدا ئۆچرەت بولۇپ تىزىلدى. ئۆزىنىڭ بېلەت تاشلاش نۆۋىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بەزى كىشىلەر ھەتتا بەش سائەت ساقلىشى كېرەك ئىدى. بەزىلەر: «بىز بۇ كۈننى 350 يىل كۈتتۇق. بۇ 350 مىنۇت نېمىگە ھېساب ئىدى» دېيىشتى. ئامېرىكىلىق ياكى ياۋروپالىق سوغۇققان سايلام خەلقىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ سەۋرچان ۋە ھېرىسمەن سايلام خەلقى جەنۇبىي ئافرىقا دېموكراتىيەسىنىڭ تېخىمۇ بەك يۈكسىلىشىگە بولغان ئىشەنچىنى نامايان قىلدى. ئاشۇ قاتتىق ئىسسىق بولغان سەھەردە زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بەئەينى دېموكراتىك يۈكسىلىشكە ئەگىشىپ ئاللىقاچان ئاياغلاشقاندەك تۇراتتى. بىراق، قارا تەنلىك سايلام خەلقىنىڭ ئەمەلىيەتكە

ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھېچقانداق ئارزۇسى يوق ئىدى. BBC نىڭ بىر مۇخبىرغا بەزى كىشىلەرنىڭ سايلام ئارقىلىق ماشىنا ۋە ياۋروپاچە ئۆيگە ئىگە بولۇش ئارزۇسىدىكى ئاۋازلىق ھۆججىتىنى توپلاش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىراق، مۇخبىر بۇ توغرىسىدا ھەمكارلىشىشنى خالايدىغان ئادەم تاپالمىدى. چۈنكى، بۇ سايلام خەلقنى ئۆچرەتكە تىزدۇرغان نەرسە پۇل ئەمەس، سايلام ھوقۇقى ئىدى، ئۇلار ئىزچىل تۈردە مەھرۇم قالغان ھوقۇق ئىدى.

ۋالتېر سىسۇلۇ ماندېلانىڭ يېتەكچىسى ئىدى. سايلام كۈنى ئۇ سوۋېتودا سايلام خەلقى بىلەن بىللە بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمۈرىنىڭ مۇشۇ كۈننى ۋە ئىچكى ئۇرۇشتىن تىنچ ھالدا غەلىبە قىلىشنى كۈتۈش بىلەن ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. سىسۇلۇ كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز خەلقىمىزنىڭ پەقەت بىرلا ئىشقا تۇتۇنغانلىقى، يەنى ئۇلارنىڭ مۇقەددەس بىر سايلام بېلىتىگە ئېرىشىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلۇغدۇر.» ماندېلا ئاق تەنلىك دېھقانلارنىڭ ۋە ئافرىقىلىق ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ يانمۇيان تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدى: «قاراڭ، يېڭى جەنۇبىي ئافرىقا ئاللىقاچان ۋۇجۇدقا چىقتى.» بۇ كۈنى ماندېلا جەنۇبىي دۇرباندىن كېلىپ ئوۋرىنج ئوتتۇرا مەكتىپىدە تەسىس قىلىنغان بېلەت تاشلاش بېكىتىدە بېلەت تاشلىدى. ماندېلانىڭ بۇ يەردە بېلەت تاشلىشىدىكى سەۋەب، بۇ جاينىڭ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن — ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرسى ھېسابلانغان جون دۇبېينىڭ قەبرىسى ئوۋرىنج ئوتتۇرا مەكتىپىگە يېقىن جايدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. ماندېلا ۋاپات بولغان قەھرىمانلارنى ئەسلىدى. ئۇلارنىڭ ۋاپاتى بۈگۈنكى كۈندە ماندېلانى بۇ جايدا تۇنجى بېلەت تاشلاش ھوقۇقىغا ئېرىشتۇرگەنىدى. ماندېلا: «بىر دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىز يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەندەك بولدۇق» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزى بۇ جايغا تىكىلدى. تارىختىكى ھېچقانداق بىر سايلام بۇ دەرىجىدە ئېتىبارغا ئېرىشىپ باقمىغانىدى. 230 مىليون سايلام خەلقى 200 مىڭ باشقۇرغۇچى ۋە پىدائىيىنىڭ نازارەتچىلىكى ئاستىدا بېلەت تاشلىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئالجىرىيەلىك مۇلايىم مىجەزلىك ھەيدار بولشىمنى ئالاھىدە ئەلچى سۈپىتىدە ئەۋەتتى. ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر تۈركۈم ياش پىدائىيلىرىدىن تەركىب تاپقان ئارمىيەگە يېتەكچىلىك قىلدى. پىدائىيلار كۆك رەڭلىك يەڭ بەلگىلىرىنى تاقاپ، بېشىغا كۆك رەڭلىك شەپكە كىيىپ، قارا تەنلىكلەر ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى رايونلاردا كېزىپ يۈردى. بىراق، يەنىلا كۆپلىگەن بېلەت تاشلاش نۇقتىلىرىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. بىرەر جايدىن خاتالىق چىقمىدى، بىراق سايلام بېلىتى تەكرارلىنىپ كەتتى ياكى يوقاپ كەتتى. ماندېلا تېزدىنلا بىرسىنىڭ ئۆز كەينىدىن قالايمىقانچىلىق چىقىرىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتتى. سايلام كۈنى ئۇ تېلېۋىزوردا: «ناھايىتى ئېنىقكى، بىرەيلەن چوڭ كۆلەملىك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا»، بۇنى «بىز ھەرگىز قوبۇل قىلمايمىز» دېدى. تەشكىللىگۈچىلەر بېلەت تاشلاشنىڭ ئۈچىنچى كۈنىگە كېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى. دى كلېرك جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ «باشقا بىر ئافرىقا دۆلىتى» بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

بىراق، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا كۆپچىلىكنىڭ پىكرى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. بولشىم: «ھەربىر پارتىيە ئىسلاھاتقا تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ نەتىجىسى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلالايدىغان نەتىجە بولۇشى كېرەك» دېدى. ھەرقايسى پارتىيەلەر مەجبۇرىي ھالدا كۆپ تەرەپنىڭ مۇرەسسە قىلىشى ئاستىدا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلالايدىغان نەتىجىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دى كلېرك ئېيتقاندەك: «بۇ ئىمپېرىيىسىئونىزمچىلارنىڭ بىر مەيدان سايلىمى» بولغانىدى. دى كلېرك رەھبەرلىكىدىكى

مىللىي دېموكراتىك پارتىيە غەربىي كېيپتاۋنىدا 53 پىرسەنت قوللاش بىلەتتىگە ئېرىشتى — غەربىي كېيپتاۋنىدىكى 69 پىرسەنت رەڭلىك ئىرقتىكى سايلام خەلقىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بېلەت تاشلىدى. بۇتېلېزى رەھبەرلىكىدىكى ئىنكاتا لىبېرالىستلار پارتىيەسى كۋازۇلۇناتال رايونىدا 51پىرسەنت سايلام بىلەتتىگە ئېرىشتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى باشقا يەتتە ئۆلكىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى 62.6 پىرسەنت قوللاش نىسبىتىگە ئېرىشتى. بۇ سەۋەبلىك ئۇلار يېڭى پارلامېنتتىكى 400 ئورۇندىن 250 ئىككى ئورۇننى ئىگىلىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ چوڭ رەقىبى ھېسابلانغان پانئافرىقىلىقلار مەجلىسى ئارانلا 1.25 پىرسەنت بېلەتكە ئېرىشتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۈچتىن ئىككى نىسبەتنى ئىگىلىگەن مۇتلەق قوللاشقا ئېرىشەلمىگىلى، بۇ ئارقىلىق يېڭى ئاساسىي قانۇننى ئۆزگەرتەلمەي قالغىلى تاس قالدى. بۇ نەتىجىگە نىسبەتەن ماندېلانىڭ دېمى جايىغا چۈشتى. چۈنكى، بۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «خىيالىغا كەلگەننى قىلسا بولمايدىغانلىقى» دىن دېرەك بېرەتتى. ماندېلا سايلامدىن كېيىنكى ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئىنكاسىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇ «مۇھاپىزەت گېزىتى» نىڭ مۇخبىرىغا: «بىز چوقۇم ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك، ئۆز ئارتۇقچىلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ ئاز سانلىقلارنى مەجبۇرلىساق ياكى تەھدىت سالساق بولمايدۇ» دېدى.

دى كلېرك پرېتورىيەدە ئۆز مەغلۇبىيىتىنى تەن ئالدى. ماندېلانى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى تاللىغان ئادەم دەپ جاكارلىدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ تاغ چوققىسىدىن ھالقىسا، ئالدى تەرەپتىكىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان تاغ چوققىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى: «بۇ بىر بۆلەك چېكى يوق سەپەر. ئۇ كۆز ئالدىدىكى تاغ چوققىسىغا نەزەر سالغىنىدا، مەن ماندېلا ئەپەندىگە

دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق قولۇمنى سۇنىمەن.» پۈتۈن دۇنيا «جەنۇبىي ئافرىقا مۆجىزىسى» ئارقىلىق ماندېلانىڭ بۇ بىر مەيدان غەلىبىسىگە ئېنىقلىما بەردى، بىراق بۇ بىر ئازدۇرۇش ئىدى. ئالبى ساكسىنىڭ كېيىن ئېيتقىنىدەك، بۇ ئەمەلىيەتتە «كىشىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولغان، كىشىلەر ھېس قىلىپ يەتكەن، ئۆز خاھىشى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ئىدى. بۇنىڭدا ھېچقانداق خاتىرجەمسىزلىك يوق ئىدى.»

ماندېلا تېزلا يەنە بىر قىيىن تاللاشقا دۇچ كەلدى. پىرېزىدېنت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىككى نەپەر مۇئاۋىن پىرېزىدېنت ئۇنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشەتتى. بىراق، ئاساسىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئىككىنچى چوڭ پارتىيەنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن دى كلېرك ناھايىتى ئوڭايلا مۇئاۋىن پىرېزىدېنت بولۇپ سايلاندى. شۇنداق بولغانلىقتىن، ماندېلانىڭ دەرىجىسى ئۈستۈنرەك بولغان بىر مۇئاۋىن پىرېزىدېنتنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن تاللاپ چىقىشىغا توغرا كېلەتتى. بۇ مۇئاۋىن پىرېزىدېنتنى تاللاپ چىقىش ناھايىتى مۇھىم ئىدى. چۈنكى، ماندېلا پەقەتلا بىر قارار، يەنى بەش يىللىق ۋەزىپە ئۆتەشنى پىلانلىغان بولۇپ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندا ئۇ 80 ياشقا كىرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆز مۇئاۋىنىنى ئورنىغا ئوڭۇشلۇق ھالدا تىكلەپ قويالايتتى. ئەلۋەتتە بۇ چوقۇم مەملىكەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشاتتى. ماندېلا ئۆزى سايلايدىغان مۇئاۋىن پىرېزىدېنت قابىلىيەتتە بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان، ئارقا كۆرۈنۈشى تامامەن پەرقلىق بولغان ئىككى رىقابەتچى رەقىب ئارىسىدىن سايلاپ چىقاتتى. 51 ياشلىق تامبو مبېكى «لۇكچەك ئاقسۆڭەكلەر» نىڭ كېيىنكى ئەۋلادىنىڭ مەشھۇرلىرىدىن، شۇنداقلا ئولىۋېر تامبونىڭ ئەڭ مۇناسىپ ئىزباسارلىرىدىن بىرسى ئىدى. مبېكى بۇرۇنلا ئالاھىدە

ياراشتۇرۇش ۋە سۆھبەت ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق جەھەتتىكى مائارىپ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۇنۋانى دەل ماندېلادا كەم بولغان تەرەپلەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاراسەتلىك تامبو مبېكى ئىنقىلابچىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. گېۋىن مبېكىنىڭ جىيەنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تامبونىڭ ترانسكېي ۋە رادىكال سىياسەت بىلەن كۈچلۈك مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بىراق، كىچىكىدىن باشقىلار بېقىپ چوڭ قىلغان تامبو ئۆز دادىسى بىلەن يېقىن ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا دادىسىنىڭ كوممۇنىزمچە غايىسىدىن ۋاز كەچكەنىدى. ئۇ تامبونى ئىزچىل ھالدا ئۆزىنىڭ سىياسىي ئۇلگىسى دەپ قارىغانىدى.

شىلىر لامفۇسا تامبودىن ئون ياش كىچىك ئىدى. سوۋېتودىكى ساقچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان شىلىر ناھايىتى كۆپ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئادوۋكات، كۆمۈركان ئىشچىلىرىنىڭ باشلىقى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باش سېكرېتارى بولغان، شۇنداقلا ئاساسلىق سۆھبەت ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىدا قان - تەرى ئاققۇزۇپ خىزمەت كۆرسەتكەنىدى. ئۇ ناھايىتى جەلپكار، شۇنداقلا باغرى قاتتىق بولۇپ، سىياسىي سەھنىدىكى كۆپلىگەن پېشقەدەملەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ رەقىبى بولالمايتتى. بىراق، لامفۇسا قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىدىن ۋە نىسبەتەن كىچىك ھېسابلانغان ۋېندا قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە ئاساسىي كۈچنى ئىگىلىشى ئاسانغا توختىمايتتى. مەيلى ترانسكېي گۇرۇھى بولسۇن ياكى سۈرگۈندىكى لۇساكا لۈكچەكلەر گۇرۇھى بولسۇن ۋە ياكى مىللەت نەيزىسى پارتىزانلار ئەترىتى بولسۇن، ئۇنىڭ بۇلاردىن ھېچقايسى تەشكىلات بىلەن ھەرقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ناھايىتى مۇشكۇل تاللاش ئىدى. ماندېلا لامفۇساغا بەكرەك مايىلدەك تۇراتتى. ماندېلا بۇ كوسالىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇئاۋىنى قىلىپ سايلىسا، ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى ھەر خىل قەبىلىلەر ۋە تارماقلار ئارىسىدا ئوتتۇرا ھال يول تۇتالايدۇ، دەپ قارايتتى. ماندېلا «ئۆز غەرىزىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق» ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى بىلەن ئەڭ يۇقىرى چەكتە كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، جەنۇبىي ئافرىقا باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى بىلەن ئالاقە باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سۆز-ۋۇشتىسىنى قىلدى. كۆپچىلىك تامبو مىبېكىغا بەكرەك مايىل ئىدى. لامفۇسا مۇشۇ سەۋەبلىك سەپتىن چىقىپ كەتتى، ئىچكى كابىنېتتا ئۇنىڭ ئورنى بولمايتتى. بىراق، لامفۇسا ئىزچىل ھالدا ماندېلانىڭ شەكلەن ئىز باسارى بولۇپ تۇرىۋەردى. ئىككى يىلدىن كېيىنلا، ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى خىزمەتداشلىرىغا ئېنىق قىلىپ مىبېكىنىڭ ئۆز ئىزباسارى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان ھۆكۈمەت پرېتورىيە فېدېراتسىيەسى پارلامېنتى بىناسى ئالدىدا ماندېلا ئۈچۈن داغدۇغىلىق ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ماندېلا رەسمىي ھالدا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ پرېزىدېنتى بولۇپ سايلاندى. ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا بابالا ماسگارا رىياسەتچىلىك قىلدى. پۈتۈن دۇنيادىكى 1 مىليارد ئەتراپىدىكى كىشىلەر بۇ مۇراسىمنى كۆردى. بۇ بىر چوڭ تىپتىكى خەلقئارالىق تەنتەنىلىك پائالىيەت بولدى. تەخمىنەن 4000 كىشى مۇراسىمغا قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر - بىرى بىلەن پەقەتلا چىقىشالمايدىغان مەسىلەن، ھىلارى كىلىنتون، فىدېل كاسترو، ياسىر ئارافات، ئىسرائىلىيە پرېزىدېنتى ھېيىم ھېرزوگ، فىلىپپىن شاھزادىسى ۋە

جۇلىيىس نىلىر ـــ قاتارلىق شەخسلەر بار ئىدى. ماندېلا ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىدا ئىككى خىل ئۇقۇمنى قايتا قۇرۇش ۋە ياراشتۇرۇشنى تەكىتلەپ: «ئىنسانلارنىڭ بۇ قەدەر جاپا ـ مۇشەققەتلىك ۋە ئۇزاق تىراگېدىيەسىنى باشتىن كەچۈرۈشى مۇقەررەر ھالدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئىپتىخارلاندۇرىدىغان جەمئىيەتنى ئاپىرىدە قىلىدۇ» دېدى، ئاندىن ئۇ كۆپچىلىككە ۋەدە بېرىپ: ئەمدى «بۇ گۈزەل زېمىندا ئەبەدىلئەبەد بىراۋنىڭ يەنە بىراۋغا زۇلۇم قىلىشى يۈز بەرمەيدۇ، پۈتۈن دۇنيا چۆرۈپ تاشلىۋەتكەن خورلۇققا ئۇچرىمايدۇ» دېدى.

گېنېراللار ۋە ساقچى ئەمەلدارلىرىمۇ ماندېلاغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا سادىق بولىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىشتى. ماندېلا كېيىنكى ئەسلىمىسىدە مۇنداق دېدى: «تېخى بىرنەچچە يىل ئىلگىرىلا، ئۇلار مېنى ھۆرمەتلەش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ مېنى قولغا ئالغانىدى.» ئەسلىدە قارا تەنلىك توپىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان رېئاكتىپ جەڭ ئايروپىلانى ئەمدىلىكتە بۇ قارا تەنلىك پىرېزىدېنتنىڭ باش ئۈستىدە ئايلىنىپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرمەكتە ئىدى. 4000 نەپەر ساقچى قوراللىرىنى بەتلىگەن ھالدا ماندېلانى قەستلەش ۋەقەسى بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھوشيار ھالەتتە تۇردى. ئامما ئۆزلۈكىدىن «جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ چۇقانى» ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «جەنۇبىي ئافرىقا ئۈچۈن تەييارمەن» ناملىق ئىككى دۆلەت ناخشىسىنى ئورۇنلىدى. ماندېلا ئەسلىمىسىدە: «كۆپچىلىكنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىلگىرى ئۆزلىرى مەنسىتمىگەن ۋە ۋاز كەچكەن رەقىبىنىڭ دۆلەت ناخشىسىنىڭ تېكىستى تونۇش ئەمەس ئىدى» دېدى. بىراق، كەلگۈسىگە بولغان تولۇپ تاشقان ئۈمىد توغرۇلۇق «ئۇلار تېزدىنلا ناخشا تېكىستىنى دىللىرىغا ئورنىتىۋالالايتتى.» كىشىلەر بىر يېڭى دۆلەتنىڭ يېڭى پىرېزىدېنتىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭىلىغانلىقىنى روشەن ھالدا ھېس قىلىپ

يېتەلەيتتى.

تاشقى دۇنيا بۇ قېتىملىق ۋەزىيەتكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىنىڭ دوكلاتىغا نىسبەتەن رومانتىك ھالدىكى خۇرسەنلىككە ئېرىشتى. دېموكراتىيەنىڭ غەلىبە قىلىشى سۈپىتى بىلەن، بۇ مۇراسىم ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەسلەتتى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» بۇ ھەقتە «بىز بەئەينى لىنكولىن دەۋرىگە قايتىپ قالغاندەك بولۇۋاتىمىز» دېدى. پۈتكۈل ئافرىقىغا نىسبەتەن، بۇ قېتىملىق غەلىبىنىڭ مەنىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلىدى. دى كلېركىنىڭ يازغىنىغا ئوخشاش: «بۇ ھال جەنۇبىي ئافرىقىدا، ھەتتا پۈتكۈل ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئاق تەنلىكلەر ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.» 1652 ـ يىلى مۇستەملىكىچىلەر ئۈمىد تۇمشۇقىنى بايقىغاندىن باشلانغان مۇستەملىكىچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ئاخىر ئافرىقىدا جاكارلاندى. بىراق، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دېموكراتىك تەرەققىياتى ئۈستىدە تېخىچە گۇمانلىنىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش سادالىرى ياڭرىماقتا ئىدى. چۈنكى، ئۆتكەن 40 نەچچە يىل ئىچىدە سانسىزلىغان قارا تەنلىكلەر شەھەرلىرى ئوخشاش قىزغىنلىق ئىلكىدە سايلامغا قەدەم باسقانىدى. بىراق، گۇمانلىنىش سادالىرى كۆپچىلىكنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قۇتۇلۇش كەيپىياتى ئارىسىدا بارا ـ بارا غايىب بولدى. ئەمەلىيەت جەنۇبىي ئافرىقىدا ئىچكى ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىق يۈز بېرىدۇ، دەپ قارىغان پەرەزنى قاتتىق رەت قىلدى. ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغىنى شۇكى، قانلىق پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشىدە ماندېلانىڭ تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتمىدى.

# 34. دۆلەتنى ئىدارە قىلىش

*رىتسارلىق دەۋرى كەلمەسكە كەتتى. ئەمدى كېلىدىغىنى مەككارلار، ئىقتىسادشۇناسلار، كومپيۇتېرچىلار دەۋرىدۇر...*

*— ئېدموند بوك، 1970 ـ يىلى*

ماندېلا تۈرمىدىن چىقىپ تۆت يىلدىن كېيىن، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ پىرېزىدېنتى بولۇپ سايلاندى. بۇ ھال دۇنيا خەلقىنىڭ نەزىرىدە بارلىلار چۆچىكىنىڭ ئاياغلىششى بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ماندېلا بەختلىك، غەمسىز تۇرمۇشىنى باشلىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىلگىرىكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ھېكايە ئەمدىلا باشلانغانىدى. بارلىق ئىشلار ماندېلاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يېڭىلىق ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغىنى ئىلگىرىكى قەھرىمانلارنىڭ ۋە مۇتتەھەملەرنىڭ مەسىلىسى بولماستىن، ئەمەلدارلار ۋە پېرېۋوت نىسبىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر ئىدى. ئۇ باشتىلا ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزاسىغا: «سايلام، پارلامېنت رەسمىي ـ قائىدىلىرى، مەملىكەتلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بىزنىڭ تىلغا ئالغۇدەك ھېچقانداق تەجرىبىمىز يوق» دېگەنىدى. تۇساتتىنلا قولغا كىرگەن ھوقۇق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆپ ساندىكى ئەزالىرىنى تەمتىرىتىپ قويدى. تۆت يىلدىن كېيىن ماندېلا مۇنداق دېدى: «خىلۋەت يېزا ـ قىشلاقلاردا تۇغۇلۇپ، كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرمىگەن، ھەتتا تۈرمىدىن كەلگەن بىزلەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۈگۈنكى كۈندە ھوقۇق تۇتتۇق. يۇقىرى چەكتە تەرەققىي قىلغان بۇ دۆلەتنى باشقۇرۇشتەك ئېغىر ۋەزىپە توساتتىنلا مېنىڭ زىممەمگە چۈشتى.»

ئۆتمۈشتىكى مەھبۇسنىڭ بىر كېچىدىلا ھوقۇق تۇتۇشى ئافرىقىدا ھېچبىر يېڭىلىق ئەمەس. گانادىكى نىكلۇما، كېنىيەدىكى كېنياتا، زىمبابۋېدىكى موگابى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە تونۇشلۇق بولمىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەنىدى. ماندېلا تېخىچە ئافرىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىدا ئۆزىگە مۇئامىلە قىلدى. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرەلىگەنلىكىدىن ئىپتىخارلاندى ۋە بۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىشنى قارار قىلىپ، ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. ئۇ كېيىن چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى: «مىللەتنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ۋە رەھبەر بولۇش سەرگۈزەشتىسى مېنىڭ دۇنيا قارىشىمنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. مۇشۇ جەرياندا، مەن سىياسىي جەھەتتە ئۈزۈكسىز پىشىپ يېتىلدىم. مەن جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ زۇلمەتلىك دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەم. مەن باشقا رەھبەرلەرگە ئوخشاش بەزى چاغلاردا ئارىسالدى بولۇپ قالدىم. شۇ سەۋەبلىك قولۇمدا چوڭ ھوقۇق بار چاغدا ئۆز ھالىم بىلەن بولۇپ كەتمىدىم.» ئۇ دۇنيا خەلقىگە ئافرىقىلىقلارنىڭ ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشنى يولغا قويالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا بەل باغلىدى: «شۇنداق، كىشىلەر پايدىنىلا كۆزلىگەنلىكتىن، ئافرىقىلىقلار بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.»

بىراق، ماندېلامۇ شۇنى ياخشى بىلەتتىكى، ئۇنىڭ يېتەكلىمەكچى بولغىنى ئافرىقىدىكى باشقا ھەرقانداق دۆلەتتىن كۆپ مۇرەككەپ بولغان سانائەتلەشكەن دۆلەت ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقا قارا تەنلىكلىرى ئاق تەنلىك باشقۇرغۇچىلارغا، تېخنىكىلارغا ۋە پىرفېسسورلارنىڭ قوللىشىغا تايانماستىن

جەنۇبىي ئافرىقىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرماقچى ئىدى. بۇنىڭغا ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ باشقا ئافرىقا دۆلەتلىرىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ، بولۇپمۇ موزامبىكتىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ كۆپلەپ چىقىپ كېتىشى بىلەن شۇ دۆلەتلەرنىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. موزامبىكنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى سامىراماشېل ئافرىقىلىق قېرىنداشلىرىنى ئۆزى ماڭغان مەغلۇبىيەت يولىدا ماڭماسلىققا ئاگاھلاندۇرغانىدى. بىراق، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئاق تەنلىكلەرنىڭ تېخنىكىسىغا بولغان ئېھتىياجى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. شۇ سەۋەبلىك، ماندېلا باشلىنىشىدىلا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭ يولنى تۇتۇپ، ئاق تەنلىك ئىستېدات ئىگىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ياساش بىلەن بىللە، ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەرنى يېتىم قويماسلىقى كېرەك ئىدى.

ماندېلا خۇددى تۇغۇلۇشىدىنلا پرېزىدېنت بولۇپ تۇغۇلغاندەك، پرېزىدېنتلىق سالاھىيىتىگە ناھايىتى تېزلا ماسلىشىپ كەتتى. ئۇ بەھەيۋەت پرېزىدېنت مەھكىمىسىگە كۆچۈپ كىردى. ئۇ ئەڭ دەسلەپىدە ئاق تەنلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلماي قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ پرېتورىيە پرېزىدېنت ئىشخانىسىغا كىرگەندىكى ھالىتىنى ئەسلەيتتى. ئەينى چاغدا ئۇ قەھۋە ھىندىنى پۈرىيالىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئىلگىرى دى كلېركنى زىيارەت قىلغاندا مۇشۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىغانىدى، بىراق، ئۇ قەھۋە ھىندىنى پۈرىيالمىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرمۇ خىزمەتچى خادىم يوق ئىدى. كەچكە يېقىن ئۇ بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي خادىمنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭ ئەتە ئەتىگەندە كۆپچىلىكنى يىغىنغا چاقىرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ كۆپچىلىك بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ، ئۇلارغا سىياسىي ھوقۇقنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇلغانلىقىنى ئەسكەرتمەكچى بولدى، شۇنداقلا بۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ كۈچلاردا تەمتىرەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالمايدىغانلىقىغا كاپالەت بەردى. قىلىپ قالغان ئاق تەنلىك خىزمەتچىلەر بىلەن ماندېلانىڭ ئوتتۇرىسىدا تېزدىنلا ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. كېيىن، دى كلېرك ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلىدىغان كۆپلىگەن ئاق تەنلىكلەرنى تارقىتىۋەتتى دەپ ئەيىبلىگەندە، ماندېلا ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالدا رەت قىلىپ، كونا ھۆكۈمەتتىمۇ كاتىپلىق قىلغان ئىككىلا ئاق تەنلىك كاتىپنىڭ بارلىقىنى، ئۇ ئىككىلىسىنىڭ «تىپىك بول مىللىتى» دىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ھەتتا ئۇ ئامانلىق ساقلاش قىسمىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماستىن، ئىلگىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىناسىنى پارتلىتىشقا قاتناشقان ئاق تەنلىك پولكوۋنىكنى ئۆز يېنىدا تۇرغۇزدى. «شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ مېنىڭ ھۆكۈمىتىمدە بۇنىڭدىنمۇ قەبىھ ئىشنى قىلغانلار بار» دەيتتى ئۇ.

ماندېلا كېيپتاۋندا تاينىخېسقا جايلاشقان قەدىمكى ئىشخانىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 1989 ـ يىلى ماندېلا مەھبۇس ۋاقتىدا بوتا مۇشۇ ئىشخانىدا ئۇنىڭغا چاي قۇيغانىدى. ئۇ ئىشخانىغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئۆزى تۇغۇلغان ئۆينىڭ رەسىمىنى ۋە 50 نەچچە يېشىدا بوكسچى بولغاندىكى رەسىمىنى تامغا ئېسىپ قويدى. ئۇ سېششىر روزدىن قالغان، تىنچ ۋە خىلۋەت گالتېسكېر قورۇقىغا كۆچۈپ كىردى. ئاق تەنلىك مىنىستىرلارنىڭ گالتېسكېر قورۇقىدا تۇرۇشىغا ئىزچىل ھالدا رۇخسەت قىلدى. ماندېلا دى كلېركنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ پىرېزىدېنت مەھكىمىسىدە ۋە تارىختىكى داڭلىق گالتېسكېر قورۇقىدا داۋاملىق تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىپ، ئۆزى بولسا كېيپ ھوللاندىكى چىرايلىق، ئەمما قاراڭغۇ ئۆي شىبلۇكقا كۆچتى. شىبلۇكنىڭ تېزدىنلا جەنۇبىي ئافرىقىچە «شەپقەت جىلغىسى» دېگەن بىر يېڭى ئىسمى بار بولدى. بۇ كېيپتاۋندىكى تۇنجى خىرىستىيان دىنى ۋەز ئۆمىكىنىڭ ئىسمى

ئىدى.

ماندېلا ئىزچىل دې كلېرك جەمەتى تۇرىدىغان بورتاسنى ئۆز باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشنى نىيەت قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «پىرېزىدېنتنىڭ باشقا ئۆيى» نامىدىكى ئەنئەنىۋى تۇرالغۇنى كۆڭۈل ئېچىش ئورنى سۈپىتىدە ئىشلەتتى. بۇ پرېتورىيەدە چوڭ نارازىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دې كلېرك 30 يىلدىن بېرى ئىزچىل ھالدا كاتەكچىلىك كامېردا كۈن ئۆتكۈزگەن بۇ بوۋاينىڭ قانداق قىلىپ «باشقىلارنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا گەپ قىلسا ئەكس ساداسى قايتىدىغان چوڭ زاللاردا بولغىنىغا» زور قىزىقىش ئىلكىدە نەزەر سالدى. دې كلېرك بولسا ئاۋار ئىسىملىك باشقا بىرسىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كىرمىسە بولمايتتى. بۇنىڭدىن ئۇ ناھايىتى خۇشال بولدى. بىراق، توختىماستىن كۆچۈپ يۈرۈش ئۇنىڭ ئايالى مارىكىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇ «ماندېلا پۈتۈن جان ـ جەھلى بىلەن بىزنى نومۇستا قويدى» دەپ ئويلىدى. دې كلېركنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئاچچىقلىنىشى «ئۇنىڭ ماندېلا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ كۈنسېرى جىددىيلىشىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان» ئىدى.

ماندېلا باغۋەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىشچى خىزمەتچىلەر بىلەن، ھەتتا خىزمەتكارلار بىلەنمۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەزەرگە ئېلىنغانلىقىدىن ھوشىنى يوقىتىپ قويغۇدەك بولۇپ كېتەتتى. دې كلېرك شۇنى بايقاپ يەتكەنىدىكى، «ماندېلانىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەن ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئۆزىنى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە ئادەمدەك ھېسسىياتتا كەلتۈرۈپ قويالايتتى.» ئۇ ئاق تەنلىك قوغدىغۇچىلىرى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئۇلار ھەممىشە ناھايىتى ھوشيارلىق بىلەن ماندېلانىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىگە دىققەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ماندېلاغا بولغان ساداقىتىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن ئىدى. قوغدىغۇچىلاردىن بىرسى سەممىيلىك بىلەن: «ئىلگىرى مەن بۇ خىزمەتنى پۇل ئۈچۈن قىلغان، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن. مەن ئۇنىڭغا ئېتىلغان ئوقنى قالقان بولۇشنى خالايمەن» دېدى. ئۇ رىبوتاس سارىيىغا تېخىمۇ چىرايلىق بولغان «ماخلامبا ندولىپ» دېگەن ئىسىمنى قويدى. بۇ سۆز گانا تىلىدا «پىلنى يۇيۇش» ياكى يېڭى دەۋر كەلدى دېگەن مەنىدە ئىدى. بىراق، ئۇ يەنىلا رېيتون شەھەر سىرتى رايونىدىكى ئۆيىدە تۇردى. ئۇ يەردە ئۇ تېخىمۇ كۆپ شەخسىي بوشلۇققا ئېرىشەلەيتتى.

ماندېلانىڭ تەن ساپاسى ۋە ھاياتىي كۈچى ئىزچىل ھالدا ئۇنىڭ ئائىلە دوختۇرى بولۇپ كەلگەن نىسرادو موترانا قاتارلىق ساقلىقنى ساقلاش مۇتەخەسسىسلىرىنى قايىل قىلدى. موترانا دائىم ماندېلاغا ھەرىكىتىنى ئاستىلىتىش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزىدە يەنىلا بىر ئاز مەسىلە بار ئىدى. 1994 ـ يىلىدىكى تېخنىكىمۇ ئۇنىڭ كۆزىنى تامامەن ساقايتالمىغانىدى. بۇ سەۋەبلىك، ئوپېراتورلارنىڭ ئۇنى رەسىمگە تارتقاندا چاقماق لامپا ئىشلىتىشكە يول قويۇلمايتتى. ئۇنىڭ تىزى ناھايىتى قاتتىق ئاغرىيتتى. بۇ ئۇنىڭ روببېن ئارىلىدا يىقىلىپ چۈشۈپ تېپىۋالغان كونا كېسىلى ئىدى. بىراق، بۇنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالىسا بىخەتەر بولمايتتى. ئاخىردا، ئۇ باشقىلار يۆلىمىسە پەلەمپەيگە چىقىپ چۈشەلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. بەزى چاغلاردا ئۇ ناھايىتى ھارغىنلىق ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ دوختۇرى ئۇنىڭ تىنچ ھالەتتە دەم ئېلىشىدا چىڭ تۇردى. بىراق، ئۇ دائىم ناھايىتى تېز ئەسلىگە كېلەلەيتتى. ئۇ پىرېزىدېنت ئۈچۈن سەپلەنگەن مەخسۇس ئايروپىلاندا سەپەر قىلىشنى ئارام ئېلىش ھېسابلايتتى ــــ ۋاقىت پەرقى ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدىغاندەك تۇراتتى. دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ھالدا 76 ياشقا كىرگەن ماندېلانى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ھاياتىي

كۆچ جەھەتتە ئۇنىڭدىن 20 ياش كىچىك كىشىلەر بىلەن سىلىشتۇرۇشقا بولىدۇ، دەپ قارايتتى.

ماندېلا باشتىن ـ ئاياغ كەمتەرلىك ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەش ھالىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئامېرىكىلىق مۇخبىر رىچارد ستانگېر ماندېلانىڭ تەرجىمىھالىنىڭ يېزىلىشىغا قاتناشقانىدى. ستانگېر ماندېلاغا باھا بېرىپ: «ماندېلانىڭ ئىزچىل ھالدا ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاش» دېدى. دىپلوماتلارنىڭ ھەممىسى ماندېلانىڭ ساختا چۇمپەردىسىنىڭ ئېچىلىپ كېتىدىغان كۈنىنى كۈتكەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇ كۈننى كۆرەلمىدى. ماندېلا ئۆزىنىڭ بارلىق شەخسىي تەسىراتىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بارلىق ئىللىقلىق ۋە قىزغىنلىقىنى سىياسىي ھاياتىغا ئاتىغاندەك تۇراتتى. ئۇ بەئەينى ئائىلە مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن پوپتەك، بارلىق مۇھەببىتىنى ئۆز خەلقىگە بېغىشلىغانىدى. ئۇ سىياسىي ۋە دىپلوماتىك مەسىلىلەرنى ئارتۇقچە قائىدە ـ يوسۇنلار ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى يۈزتۇرا ھالدا ھەل قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر يېڭى ئويۇن ئىدى. ئۇ دائىم يەر شارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دوستلىرىغا تېلېفون ئۇرۇپ، ئۇلارنى قاق سەھەردىلا ئويغىتىۋېتەتتى. ئۇنىڭ كاتىپى مارى ماكستانا دائىم ئۇنىڭغا ھەممە ئىشقا ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەسلىككە نەسىھەت قىلاتتى. ئۇ بىر زىيارەتچىگە: «مەن تېخى بايىلا قەۋەتتىن چۈشۈپ باشقىلارنى تېلېفون ئېلىشقا چاقىرماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلغانىدىم» دېدى.

بىراق، ماندېلانىڭ كاتىپلىرى شۇنى ياخشى بىلەتتىكى، كىچىك پېئىل ماندېلانىڭ كەيپىياتى بەزىدە ناھايىتى تۇراقسىزلىشىپ، ھەددىدىن زىيادە مەيۈس ھالغا كېلىپ قالاتتى. ئۇنىڭ كاتىپلىرىدىن بىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك: «ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزى ئېيتقىنىدەك، ھەرقانداق چاغدا مېھمان كۈتۈشنى خالايمەن دېگىنىگە ئوخشمايدۇ.» بەزىدە كۆپچىلىك مەخپىي ھالدا: «بۈگۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماددىبانىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس ئىكەن» دېيىشەتتى. ئۇ يالغۇز قالغان چاغلىرىدا، چىراي ئىپادىسى تۇساتتىنلا ناھايىتى ئىچ پۇشۇقى تارتقان ھالەتكە ئۆزگىرەيتتى. كۆپلىگەن رەھبەرلەرنىڭ ھەيكىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياساپ چىققان بىر ھەيكەلتىراش بىرنەچچە سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆزەتتى. بۇ ھەيكەلتىراش ماندېلانىڭ ناھايىتىمۇ جەلپكار ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ كۆپچىلىك بىلەن بىللە تۇرغان چاغلاردا كەيپىياتى ناھايىتى يۇقىرى بولاتتى. ھەممەيلەن بىلەن كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشاتتى. بىراق، ئۆزى يالغۇزلا قالسا تۇساتتىنلا ناھايىتى ھارغىن ھالەتكە كېلىپ قېلىپ، تەبەسسۇمى نەلەرگىدۇر غايىب بولاتتى. سەنئەتكار زادى قايسى تەرىپىنى ئىپادىلىسە ياخشى بولىدۇ؟

ماندېلا پىرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن، كونا دوستلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ شۆھرىتى ئاشقانسېرى، غېرىبلىقىمۇ شۇنچە كۈچىيىپ كەتتى. ماندېلانىڭ قىزى زىننى: «كىشىنى ئەڭ ئېچىندۇرىدىغىنى، دادامنىڭ غېرىبلىقىنى ھېچكىم ھېس قىلىپ يېتەلمەيتتى» دېگەنىدى. ئۇنىڭ يېشى كۆپ ساندىكى خىزمەتداشلىرىنىڭ يېشىدىن خېلىلا چوڭ ئىدى. تامبو ئالىلىقاچان ۋاپات بولغان بولسىمۇ، بىراق سىسۇلۇ يەنىلا ئىچكى كابىنېت ئەزاسى ئەمەس ئىدى. ماندېلانىڭ نىسبەتەن يېقىن خىزمەتدىشلىرىدىن بىرسى ماندېلانىڭ «مېنىڭ دوستۇم يوق» دېگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ماندېلانىڭ ئۇ خىزمەتدىشى: «ئۇنىڭ ئۆيىدىكى چوڭ ئۇستەلنىڭ ئالدىدا يالغۇز ئولتۇرغاندىكى ھالىتى كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىدۇ» دەيدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ باشقىلار بىلەن بەك يېقىنلىشىپ كېتىشتىن بىزار ئىدى. ئەگەر سىز ئۇز ھېسسىياتىڭىز بىلەن ئۇنىڭغا بىرەر ئىشنى تاپشۇرسىڭىز، ئۇ

قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلمايتتى. شۇ ئارقىلىق بۇ ئىشنىڭ سۈغا چىلاشقانلىقىنى بىلەتتىڭىز. ئۇ پۈتۈنلەي سىياسىيلىشىپ كەتكەنىدى. مەن بۇنداق قۇربانلىق بېرىشنى خالىمايمەن. بىراق، ئۇنى سىياسىي ھاياتىدا باشتىن ـ ئاياغ پاك ـ دىيانەتلىك ھالدا تۇرغۇزدۇم.»

مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ تۇرمە ھاياتى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان بايلىق ئىدى. روبېن ئارىلى گۇرۇھىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىشكە كۆنۈپ كەتكەنىدى. ئېرىك موروبى مۇنداق دەيدۇ: « كېيىن بىز شۇنى بايقىدۇقكى، مەيلى ئۆزئارا بولسۇن ياكى باشقىلار بىلەن بولسۇن بىز ھەرۋاقىت ئۆزىمىز توغرۇلۇق ئويلىنىشقا، يېڭىدىن كۈچ توپلاپ ئاتلىنىشقا موھتاج ئىدۇق.» ماندېلا 25 يىلدىن كۆپ ۋاقىت ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئايرىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇرلانغانىدى. بۇگۈنكى كۈندە ئۇ پىرېزىدېنت بولۇپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن يېقىنلىشىشى تەسلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ نېمىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. بىراق، ئۇ بۇ ھالەتتىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىز ئىدى.

ۋىننى ماندېلا بىلەن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ماندېلانىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىشلىرىغا قاتناشمىدى. ئۇلارنىڭ قىزى زىنىدىز: «ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن مەۋجۇت ئەمەستەك تۇراتتى» دېدى. بىراق، ۋىننى يەنىلا سىياسىي ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىشنى توختاتمىدى. ئۇ چوڭ سايلامدا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ نامزاتلىقىغا سايلاندى، ئاخىردا پارلامېنتنىڭ مۇھىم ئەزاسىغا ئايلاندى. ماندېلا بىردىنلا گاڭگىراپ قېلىپ، ۋىننىنى مەدەنىيەت ـ سەنئەت مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىدى. بىراق، ۋىننى تېزدىنلا ئىپلاس مەرۋايىت سودىسى، ئامېرىكىلىق قارا تەنلىكلەرگە قارىتىلغان كىشىنى گۇمانلاندۇرىدىغان ساياھەت تۈرى، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش تۈرى نامى ئاستىدا زور

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىقداردىكى پۇلنى ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى قىلىۋالغانلىقى قاتارلىق مالىيە سەتچىلىكىگە چېتىلىپ قالدى. دەسلەپتە ماندېلا ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. ۋىننى بولسا تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ساتقۇنلۇق قىلىشقا چۈشتى، ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى «پەقەت ئاق تەنلىكلەر بىلەن مۇرەسسە قىلىش ۋە يول قويۇش بىلەنلا قېلىپ، ئۆزىگە ئازراقلا سىياسىي پارتىيەلىك تۈسى بېرىپ قويىدۇ» دەپ ئەيىبلىدى.

ماندېلا ۋىنىنى كەچۈرۈم سورىتىشتا چىڭ تۇردى. گەرچە ۋىننى خالىمىسىمۇ رەسمىي تۈردىكى كەچۈرۈمنامىگە ئىمزا قويدى. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن ۋىننى بۇنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلمىغانلىقىدىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەت ئەركىنلىكىگە چەك قويغانلىقىدىن ئاغرىندى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ 1995 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ۋىننى ماندېلانىڭ بۇيرۇقىغا پەرۋا قىلماستىن غەربىي ئافرىقىنى زىيارەت قىلدى. قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ قوغدىشى ئاستىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى ۋىنىنىڭ سوۋېتوغا جايلاشقان ئۆيىنى تۇيۇقسىز ئاقتۇرۇپ بىر قىسىم ھۆججەتلەرنى قولغا چۈشۈردى. ئەتىسى قايتىپ كەلگەن ۋىننى بۇ «جاھانكەزدى ئالدامچىلار ۋە قورقۇنچاقلار» بىر قوللۇق پىلانلىغان زەھەرخەندىلەرچە ئۆچ ئېلىشتىن قاتتىق غەزەپلەندى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ نامرات ئاممىغا سەل قارىغانلىقىنى ئەيىبلىدى. ئۇ ئافرىقا خەلقىگە: «سىلەرنىڭ قارشىلىقىڭلار ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپ ئاجىزلىشىپ كەتتى» دېدى. سەۋر قاچىسى توشقان ماندېلا ۋىنىنى ھۆكۈمەتتىن قوغلاپ چىقاردى. بىراق، قانۇنىي يوچۇق سەۋەبلىك ۋىننى ئاۋۋال خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئاندىن خىزمەتتىن قالدۇرۇشقا موھتاج ئىدى. ۋىننى تېخىچە ئۆزىنىڭ ئوڭچى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا باشقا پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئۆزىدىنمۇ بەك چىرىك ئىكەنلىكىنى

ئېيتتى. ماندېلا ھەسرەتلەنگەن ھالدا كۆپچىلىككە مۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم ئىدىيەۋى تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىمىز كېرەك. يولداش ۋىنىنى قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن. بىراق، نۆۋەتتىكى ئەھۋال ئاللىقاچان كونترول قىلىندى.»

ماندېلا بىلەن ۋىنىنىڭ ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋىتى ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتتى. ئىككىيلەن ئىككى يىل رەسمىي ئايرىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، 1995 - يىلى 8 - ئايدا ماندېلا رەسمىي شەكىلدە ئاجرىشىش ئەرزى سۇندى. ماندېلا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ قويماسلىق شەرتى ئاستىدا مەسىلىنى تىنچ بىر تەرەپ قىلىشقا كۆچىدى. بىراق، ۋىنىنى تېخىچە لامفۇسا قاتارلىق دۈشمەنلىرىنى ئەيىبلىدى. ۋىنىنى ئۇلارنى ئۆزى بىلەن ماندېلانىڭ ئارىسىغا دەز كەتكۈزۈۋەتتى دەپ قارايتتى. ئۇ قەبىلە ئۆرپ - ئادىتى ئارقىلىق ماندېلا بىلەن يارىشىپ قالىمەن دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەتتا ماندېلانىڭ جىيەنى، ستانىبۇراد قەبىلىسىنىڭ بىرىنچى قول قەبىلە باشلىقى ماتانزىمادىن ئەر - ئايال ئىككىيلەننى ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئالايىتەن ئۆتۈندى.

1996 - يىلى 3 - ئايدا پىرېزىدېنت ماندېلا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئاجرىشىش ئەرزى سۇندى. ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭدىن بىرەر مېتىرچە يىراقلىقتا تۇردى. ماندېلا مۇشۇ خىل ئالاھىدە ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئازابلىق شەخسىي تۇرمۇشىنى كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلدى. ئۇ چۈشەنچە بېرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنىڭ ستومېيى سەففىينى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى، شۇنداق بولغانلىقتىن ئاجرىشىش ئىشىنى مۇشۇ كۈنگە قەدەر كېچىكتۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئىلگىرى ۋىنىنىنى قوغلىشىپ يۈرگەن ماتانزىمانىڭ ھەرقانداق ياراشتۇرۇشىنى رەت قىلدى. ئۇ ماتانزىمانى «ياراشتۇرۇش دېگەن مۇشۇ سۆزگە ھەممىدىن بەك ئاسىيلىق قىلغۇچى» دەپ قارىدى. ماندېلا سوتچىغا: «پۈتۈن دۇنيا مېنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاۋابكار بىلەن يارىشىپ قېلىشىمىنى نەسىھەت قىلغان تەقدىردىمۇ، مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن. ئەگەر ماتانزىما ياراشتۇرماقچى بولسا، ئويلىشىپ باققۇدەك ھېچ ئىش قالمايدۇ... مەن بۇ نىكاھ تۇرمۇشىدىن خالاس بولۇشنى ئاللىقاچان ئويلىشىپ بولغان» دېدى. ئۇ سوتچىغا يەنە ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ، ۋىنىنى ھۇجرىمىزغا ھېچقاچان مەن ئويغاق چاغدا كىرىپ باقمىغان، «مەن دۇنيادىكى ئەڭ تەنھا ئادەم...» دېدى.

ۋىننىمۇ ئۆزىنىڭ ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتى ئارقىلىق ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئېيتتى. ماندېلا ۋىنىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بىراق، ماندېلا ئاربوتنا سىسۇلۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ۋىنىدىن بەكرەك ئازاب - ئوقۇبەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلا ئادۋوكاتقا «ئاجرىشىشىمدىكى تېخىمۇ چوڭ سەۋەبنى ئېيتىشقا مېنى مەجبۇرلىماڭ» دېدى. ۋىنىنىڭ ئادۋوكاتى سوتچىدىن بىرنەچچە كۈن سوتنى توختىتىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ دەلىل - ئىسپات توپلاشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، سوتچى ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ۋىنىنى تېزدىنلا ئادۋوكاتىنى ئىشلەتمەسلىك قارارىغا كەلدى. ماندېلا چىرايى تاتارغان ھالەتتە كۈتتى. بىرئازدىن كېيىن سوتچى سوت مەيدانىغا قايتىپ كېلىپ ماندېلانىڭ ئاجرىشىش تەلىپىنى تەستىقلىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ماندېلانىڭ سىياسىي ئوبرازىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى دەپ قارالغان بۇ ئەر - ئايالنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى مۇشۇ پەيتتە ئېلان قىلىندى. بىراق، ۋىنىنى ئۆزىنى يەنىلا ماندېلانىڭ ئايالى ھېسابلاپ مۇنداق دېدى: «ئۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭ سوت مەھكىمىسىدە مېنى ياخشى كۆرىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ ئاسىيلىقتۇر.»

شان - شەرەپنىڭ چوققىسىدا تۇرۇۋاتقان ماندېلا يەنىلا غېرىب

ئىدى. ئۇ ھەر ھەپتە ئاخىرى دائىم سىياسىي بىلەن شۇغۇللانمايدىغان دوستلىرىنى تېپىپ سىرتلارغا چىقىپ ئارام ئالاتتى. ماندېلانىڭ مىنىستىرىدىن بىرسى: «بىز ئۇنىڭدىن ئەزەلدىن ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىشنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى سورىمايتتۇق. ماندېلا جېك كېيىنىدى، خارلوت ۋېلسون قاتارلىق داڭدار شەخسلەرگە ئوخشاش كۆڭۈل ئېچىش چەمبىرىكىدىكى كىشىلەر بىلەن ياكى بايلار بىلەن بىرلىكتە ئىستىراھەت قىلىشتىن ناھايىتى ھۇزۇر ئالاتتى. تۇرمىدىكى قاراڭغۇ كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ماندېلا ھوللىۋود چولپانلىرىدىن ۋۇپ گېدباۋ، گېرىگېر پايك قاتارلىقلاردەك شەرەپ قۇچۇشنى ياخشى كۆرەتتى. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلاردىنمۇ بەك شۆھرەتلىك چولپانغا ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەنىدى. ماندېلانىڭ ئاشۇ ئاددىي ـ ساددا خىزمەتداشلىرىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ماندېلا كۈنبويى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن ئالدىراش يۈرگىنىگە قارىماي، ۋاقىت ئاجرىتىپ دائىم مايكول جېكسون ياكى ئاچا ـ سىڭىللار گۇرۇپپىسى قاتارلىق مودا چولپانلارنىڭ نومۇرلىرىنى كۆرەتتى. ئۇلار بىللە رەسىمگە چۈشەتتى، ئۇلارنى ماختاپ، مەدھىيەلەيتتى. ئۇ تۈرمىدىكى چېغىدا پېتىر ۋۇستىنوف باش رول ئالغان كىنونى كۆرگەنىدى. كېيىن ئۇ پېتىر ۋۇستىنوف بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن: «مەن ناھايىتى ئۇزاق مۇددەت قولىلىرىمنى يۇماسلىقنى ئويلاشتىم» دېدى.

ماندېلانىڭ بايلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى. بۇ ھال ئوڭچىلارنى بەكلا ئەنسىرىتىۋەتتى. ھېنرى ئوبېنهام ئامېرىكىلىق چوڭ ئاق تەنلىك كاپىتالىست ئىدى. ماندېلا تۈرمىگە كىرىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشكەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئوبېنهام ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك قەسرى بىرانسېتتا ماندېلانى كۈتۈۋېلىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ماندېلانىڭ ئۆز رىقابەتچىسى ئانگرۇ ۋال كانچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

گۆرۈھىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كېلىپ مىننىېر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن ئىدى. مىننىېر نېگىرلار تىياتىرچىلىقىنى بەكمۇ قوللايتتى. 50 ـ يىللاردىكى «ۋاجرا» ئوپېراسى مىننىېرنىڭ ئىقتىساد جەھەتتىن قوللىشى ئاستىدا ۋۇجۇدقا چىققانىدى. ماندېلا پىرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن كېيپتاۋندىكى روففىل تېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان خىلۋەت گراندرېكتا تۇنجى روژدېستۋا بايرىمىنى ئۆتكۈزدى. 1996 ـ يىلى، مىننىېر راك كېسىلى بىلەن سەكراتتا ياتقاندا، ماندېلا ئۇنىڭ قولىنى تۇتقان ھالدا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ جىمجىت ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى. ماندېلا مىننىېرغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمىدا «ئۇنىڭ كۆپلىگەن كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلىشقا مۇمكىن بولمىغان ئېسىلزادە كېلىپچىقىشى»نى، شۇنداقلا شەخسىيەتسىزلىكى ۋە سېخىيلىقىنى ماختىدى. بىراق، ماندېلا تېخىچە ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش ئادىتىنى تاشلىمىغانىدى. بىر قېتىم مىننىېر قاق سەھەردە ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا يېتىپ كەلگىنىدە پىرېزىدېنت ھېسابلانغان ماندېلانىڭ كارۋات ياپقۇچلىرىنى ئاللىقاچان تۈزەشتۈرۈپ بولۇپ، ئۇخلاش كىيىمىنى قاتلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى.

ماندېلانىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى ئافرىقا قەبىلىسىنىڭ قەبىلە باشلىقىنىڭ قېنى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ترانسكېيدىكى كۇنۇغا سېلىنغان يېڭى ئۆيىدە ۋرغىنىدا ئۆزىنى ئەڭ ئەركىن ھېس قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ تۇرالغۇ ئۆي ماندېلا تۇرمە ھاياتىدا ئەڭ ئاخىرقى يىلى تۇرغان ئاشۇ ئۆيگە ئوخشىتىپ ياسالغان دېيىشەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى. بىراق، بۇ ئۆينىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى ھەرگىزمۇ تۈرمىگە ئوخشىمايتتى. بۇ بىر ئۇزۇنچاق، ئەگرى ـ بۈگرى قىزىل كاھىشلاردىن ياسالغان ئۆي ئىدى. پۈتكۈل تۇرالغۇدا پەلەمپەي يوق بولۇپ، بۇ ھال ماندېلانىڭ پەلەمپەيگە چىقىپ چۈشۈش

قىيىنچىلىقىنى يوقاتقانىدى. ئەگمە ئىشىك، كەڭرى، ئەمما پاكار ئۆگزە... تۇرالغۇ ئامتاتا ئاساسىي يولىدىن بىر ئاز يىراقلىقتا بولۇپ، بۇ تۇرالغا كۆكۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىنغان گۈللۈك ۋە دەل - دەرەخلەرنىڭ قورشاۋى ئارىسىدا تىنچ، نەپىس، ئۆزگىچە ھالەتتە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئورۇندىن كۆزەتكەندە، ترانسكېينىڭ گۈزەل مەنزىرىسى كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە كۆزگە چېلىقىدىغان پارچە - پۇرات سىنجا تاملىق ئالچۇقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئەسلىمىلىرى قوينىغا سىڭىشىپ كەتكەنىدى. 1920 - يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ترانسكېي تېخىمۇ بەك نامراتلىشىپ كەتكەن، نوپۇس سانىمۇ ھېچقانچە كۆپەيمىگەن بولۇپ، بۇ جايدا ئاساسەن دېگۈدەك دەل - دەرەخ ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. بانتۇستاننىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى چىرىك ھاكىمىيىتى ھەرقايسى يېزا - بازار خەلقىگە تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب - ئوقۇبەت ئېلىپ كەلگەنىدى. بىراق، بۇ يەردىكى كەڭ كەتكەن مەنزىرە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆز سۈلكىتىنى يوقاتمىغانىدى. ماندېلا: «بۇ جاي مېنىڭ ھەقىقىي ئائىلەم، مېنىڭ يىلتىزىم. كىشى قېرىغانسېرى ئۆزىگە گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان جايلارغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، شۇنداق جايلار كىشىگە بارغانسېرى مۇھىملىشىپ كېتىدىكەن» دېدى.

ماندېلا كۇنۇدا تۇرغان چاغلىرىدا بەزىدە سەھەر تۇرۇپ بەش سائەت ئەتراپىدا سەيلە قىلاتتى. مۇكخەيكەيزىۋېن «مۇقەددەس جايى» ئۇنىڭ بالىلىقتىكى ئەسلىمىلىرىنى قايتا قوزغىدى. بالىلار يول بويى ئۇنىڭغا سالام بېرەتتى. ماندېلا ئۇلارنىڭ شۇ قەدەر نامراتلىقىنى —— كىيىم - كېچەكلىرى ۋەيرانە، ئورۇقلۇقتىن بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ھالىتىنى كۆرۈپ بەكلا ئازابلىناتتى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ شادىمانلىقىدىن تەسىرلىنەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ماندېلا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قەبىلىسىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلدى. دائىم كىشىلەر ئارىسىدىكى توخۇ - كەپتەر ماجىرالىرىنى ۋە زىددىيەتلەرنى ھەل قىلدى. ئۇ يول قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئايال يول ئىشچىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەل قىلىپ، بىرىنچى قول قەبىلە باشلىقى سابارتانىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتىدىغان بىر يولنىڭ چوقۇم ياساپ پۈتكۈزۈلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. ئۇ بەزىدە ھەتتا ئۆز جىيەنى ماتانزىمانى يوقلاپ باراتتى. ماتانزىما ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان بولۇپ، كېيپتاۋن ئەتراپىغا جايلاشقان «مۇقەددەس جاي» دېگەن بىر كەڭتاشا زامانىۋى تۇرالغۇدا ئارامخۇدا دەم ئېلىۋاتاتتى. ماندېلا تېخىچە ماتانزىمانى خائىن دەپ قارايتتى. ماتانزىما بولسا ماندېلا بىلەن تەكەببۇر ھالدا سۆزلىشەتتى. گەرچە ئۇ «نېلسوننىڭ ھەر ۋاقىت بۇ جايغا كېلىش مۇمكىنچىلىكى بار» دېگەن بولسىمۇ، ماندېلانى يەنىلا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان مەھبۇستىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارايتى.

ماتانزىمانى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان ياش گېنېرال بانتۇ رومىسا ماندېلا بىلەن ناھايىتى ئىناق ئىدى. رومىسا كېلىپ چىققان يەنە بىر قەبىلە باشلىقىنىڭ ئائىلىسى ماندېلانىڭ كۇنۇدىكى ئۆيىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولغانىدى. رومىسادىن ماندېلا ئۆزىنىڭ ياشلىقىدىكى كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇ رومىساغا: «مەن سىزدەك چېغىمدا قېرىلارغا پەقەتلا سەۋر قىلالمايتتىم» دېدى. بىراق، ماندېلانىڭ قەبىلىلەرگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ ئۇنىڭ سىياسەت يۈرگۈزۈشىگە ھېچقانداق ياردىمى بولمىغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆيى ترانسكېيىنىڭ ئىلگىرىكى پايتەختى ئاماتاتاغا بىرنەچچە ئىنگلىز مىللا كېلەتتى. ئاماتاتا خەلقى ماندېلادىن ئۇ بىزگە پايدىلىق ھېچقانداق ئىش قىلىپ بەرمىدى

دەپ ئاغرىندى. بىراق، ماندېلانىڭ ساداقىتى ئۇنىڭ تەكەببۇر قوشنىلىرىغا ئەمەس، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە قارىتىلغانىدى. رومىسا ئاران دېگەندە شۇنى چۈشەندىكى، ناۋادا ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە زىيانكەشلىك قىلسا، ماندېلانىڭ ئىشەنچىدىن مەھرۇم قېلىشى مۇقەررەر ئىدى.

ماندېلا ئوخشىمىغان دۇنيادا ئوخشىمىغان رول ئالالايدىغان كىنو چولپىنىغا ئوخشايتتى، خالىغان پەيتتە ئوخشاش بولمىغان سالاھىيەتلەردە بولالايتتى. ئۇ ئافرىقىنىڭ رەھبىرى، غەربلىكلەر نەزىرىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا پىرېزىدېنتى، تەنھەرىكەتچى، پەيلاسوپ، «ماددىباچە سىيرىما قەدەملىك» تولغىما ئۇسسۇلچى ئىدى. بەزى چاغدا ئۇ ھەممەيلەننىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ مەيدانىنى تۇساتتىن ئۆزگەرتەتتى. بىر قېتىم، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكىلەر كېيپتاۋىن پىرېزىدېنت ئىشخانىسىنىڭ سىرتىدا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەندە، ماندېلا تۇيۇقسىزلا يۈگۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئىچكى كابىنېتتىكى خىزمەتداشلىرىنى بەكلا چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىدىن بىرسى: «بىراق، قانداق چاغدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ماندېلانىڭ سىياسىي نەيرەڭلىرىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. كىممۇ ئۇنى كېلەر قېتىمدا ئەجەللىك زەربە بەرمەيدۇ دېيەلىسۇن؟» دېدى.

ماندېلا ئۆزى يۈزلەنگەن سايلام ئاممىسىغا ماس ھالدا ھەر ۋاقىت ئۆزىنى ئوڭشاپ تۇرىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆپىنچە نۇتۇقلىرىنىڭ ھەممىسى نېمە يېزىلغان بولسا شۇنى ئوقۇپ بەرگەن ھالەتتە داۋاملاشقانىدى. نۇتۇق ئارگىنالى ئادەتتە جور نىچتېنچ يېتەكچىلىكىدىكى كۆپ مىللەتلىك ئاقىللار ئۆمىكى تەرىپىدىن تەييارلىناتتى. ئۇ نۇتۇق سۆزلىگەندە كۆز نۇرى كۆزئەينىكىنى كېسىپ ئۆتەتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئامما بىلەن بىۋاستە كۆز ئالاقىسى قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقمايتتى. بىراق، ئۇ نۇتقىنىڭ ئاخىردا دائىم كۆزئەينىكىنى ئېلىۋېتىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆپچىلىككە: «يوقىرىدا ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى غوجايىنلىرىمنىڭ ماڭا دېيىشنى بۇيرۇغانلىرىدۇر» دەيتتى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، مۇخبىرلار دەرھال باشلىرىنى كۆتۈرەتتى. ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئوڭايسىزلانغان ھالدا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قوياتتى. شۇنىڭغا ئۇلاپ ئۇ خەلققە يېقىن تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قوياتتى ياكى ئۆتمۈشنى ياد ئېتەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ ئاسان خاتالىشىپ قالىدىغانلىقىنى، ئىلگىرىكى مەھبۇسلۇق ھالىتىدىن ئېھتىياتسىزلىق تۈپەيلىدىن بۈگۈنكى بۇ ئوڭايسىز ھالەتكە چىقىپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئەركىن ھالدا ئۆز سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلالايتتى. بىراق، ئۇ بۇ سەۋەبلىك گول بولۇپ قالمايتتى.

ئەمدىلا پىرېزىدېنت بولغان دەسلەپكى بىرنەچچە ئاي ماندېلانىڭ شېرىن ئېيى ئىدى. بولۇپمۇ، ئاق تەنلىكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ كەڭ قورساق بوۋاي ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئارامىغا چۈشۈرگەنىدى. ئۇ بوتا، ستىرېدوم ۋە مارىن قاتارلىق ئاق تەنلىك قەھرىمانلىرىنىڭ نامىدىكى كوچا، مەھەللە ۋە ئايرودۇرۇملارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتمەيتىشكە ئالدىراپ كەتمىدى. ئۇلار ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەرنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى دۈشمىنى ئىدى. ئۇ يەنە ھۆكۈمەتنىڭ كېيىپتاۋىنغا جايلاشقان خىزمەت ئورنى ۋېيۋوردنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىشكىمۇ ئالدىراپ كەتمىدى. ئۇ قۇرۇپ چىققان بارلىق نورمال، مۇقىم ئۆتكۈنچى ۋەزىيەت ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىكلەر ئىنقىلابىغا بولغان ئالاقزەدىلىكىنى يوققا چىقاردى. ماندېلانىڭ ھوقۇق تۇتقىنىغا 100 كۈن بولغاندا، «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى» ھەتتا ماندېلانىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغان بىرمۇ ئاق تەنلىكنى تاپالمىدى. ئەلۋەتتە، بارلىق ئادەتتىكىچە ۋەزىيەتلەرنىڭ خەتەرلىك تەرىپى بار ئىدى. چۈنكى، رادىكال قارا تەنلىكلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ ھال ئىنقىلابقا خائىنلىق قىلىنغانلىقتىن دېرەك

بېرەتتى. تامبو مبېكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ياش رەھبەرلىرىنىڭ چۈشەنچىسىدە، ئۇلار تېزدىن ئاق تەنلىكلەرنى غەزەپلەندۈرىدىغان بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار 1980 ـ يىلىدىكى روبېرت مۇگابى زىمبابۋېنى قولىغا ئالغان چاغدىمۇ ماندېلانىڭكىگە ئوخشاش شېرىن ئاي دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. بىراق، ئۇ 15 كۈندىن كېيىن ھاپىلا ـ شاپىلا ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندا، ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارشىلىقىغا ۋە نارازىلىقىغا ئۇچرىغانىدى.

بىراق، بۈگۈنكى كۈندىكى ماندېلا سىياسىي قاتلامدىن پۈتۈنلەي ئۆزاپ كەتكەندەك تۇراتتى. ئۆتمۈشتىكى بۇ ئىنقىلاب رەھبىرى، سۆھبەت ئۈستىلى ئالدىدىكى بۇ قەھرىمان بارلىق كىشىلەرنىڭ مەسىلىسىگە مېھرىبانلىق بىلەن قارايدىغان كۆيۈمچان ئاتىغا ئايلاندى. ئاق رەڭلىك كوكتېيىل ھارىقى ئولتۇرۇشىدا ئۇ سورۇننى ئۆز قولى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەربىر كىشىگە، بولۇپمۇ ئايال مېھمانلارغا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تەسىر بەردى. ئۇ مەلۇم بىر داڭدار شەخسنىڭ ئايالىنى ماختاپ: «مەن مۇشۇ دەقىقىدە ئېرىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سىرنى بىلدىم» دەيتتى. بىراق، بىرئازدىن كېيىنلا ئۇ ئايال ماندېلانىڭ بۇ گەپنى باشقا بىر ئايالغا دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئۈمىدسىزلىنەتتى. بىر باش مۇھەررىرنىڭ ئايالى: «ئۇ ماڭا چىشىڭىزغا پالەك چاپلىشىپ قاپتۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، مەن ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىگە مەپتۇن بولاتتىم» دېدى. بەلكىم، ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىكلەر ھاكىمىيىتىگە كۆپلىگەن نارازىلىقى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ماندېلانى تەنقىد قىلىدىغان گەپ ـ سۆزلەردە ئۇلار بەكمۇ ئېھتىيات قىلاتتى. ئۇلار ماندېلانى تەنقىدلەشتىن ئەگىپ ئۆتۈپ، مەسئۇلىيەتنى ماندېلانىڭ پارتىيەسىگە ئارتىپ قوياتتى. ماندېلا لونارد رېگانغا ئوخشاش مەڭگۇ ئۆزىلا ياخشى بولۇش، ئۆزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېچقانداق گۇناھ يۇكلىمەسلىك تېپىدىكى كىشىدەك تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پارلىق خاتالىقىنى ئۇلاردا خادىملىرىغا ئىتتىرىپ قويىدىغان ئەنئەنىۋى خان ـ پادىشاھلىرىغا ئوخشايتتى.
ماندېلا قارىماققا سىياسىيونغا ئەمەس، پادىشاھقا ئوخشايتتى. بۇ ھال ئۇ 1995 ـ يىلى 3 ـ ئايدا جەنۇبىي ئافرىقىغا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتى ئۈچۈن كەلگەن ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىنى كۈتۈۋالغاندا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى. ئىككىيلەن ئارىسىدا ئورنىتىلغان چوڭقۇر دوستلۇقتىن ئايال پادىشاھ بەكمۇ ھەيران بولدى. 48 يىل ئىلگىرى ئايال پادىشاھىنىڭ دادىسى جەنۇبىي ئافرىقىغا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتى بىلەن كەلگەن چاغدا تېخى ئوقۇغۇچى سالاھىيىتىدىكى ماندېلا ئايال پادىشاھنىڭ قەددى ـ قامىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئىككىيلەن ئىرقىي ئايرىمچىلىق ھەرىكىتىنىڭ گۇللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئايال پادىشاھ ساچىر خانىم دەۋرىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا نېگىرلىرى ئۈچۈرىغان بەختسىزلىككە بەكمۇ ھېسداشلىق قىلاتتى. خان جەمەتى مېھمانلىرىنى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىدا بىلىق بىلەن سۇدەك ماسلىشىپ كەتكەن ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى 13 پادىشاھنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئافرىقىدىكى باشلىقلارغا تەسەللى بەردى. ماندېلا ئايال پادىشاھقا ھەمراھ بولغان چاغلاردا بىر ئاز تەمتىرىگەندەك بولدى. بىراق، ئايال پادىشاھ ئادەتتىن تاشقىرى ئەركىن ئىدى. كېيىن ئۇ ماندېلا بىلەن بىللە يۈرگەن چاغلىرىدا ناھايىتى خۇشال بولغانلىقىنى دائىم تىلغا ئالدى. ئايال پادىشاھنى ھەممىدىن بەك قايىل قىلغىنى، ماندېلانىڭ بۇ قېتىملىق زىيارەتكە داغ چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئەسلىي پىلاندىكى ئاجرىشىش ئەرزىنى ئالايىتەن كەينىگە سۈرگەنلىكى بولدى.
ماندېلا بەزىدە بىر پاراسەتلىك پادىشاھتەك، ئۇنىڭ بىر

قىسمى ئەزەلدىن تۇرمىدىن ئايرىلىپ باقمىغاندەك، تۇرمىنىڭ تىمتاس كامېرىدا تېخىچە ئۆز دۆلىتىگە نەزەر سالاتتى. ماندېلا خىزمەتدىشى كاتراداغا: «ئۇلار بىزنى روبېن ئارىلىدىن ئېلىپ كېتەلىگىنى بىلەن، جىسمىمىزدىكى روبېن ئارىلىنىڭ تامغىسىنى ئۆچۈرۈۋېتەلمەيدۇ» دېدى. ئۇ يارىشىش، ئىنسانىيەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىگە ئائىت چوڭ ـ چوڭ تېمىلاردا سۆز قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ماندېلانىڭ كاتىپلىرى بەزىدە خەلقئارالىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا ماندېلانىڭ بەكلا گۆدەكلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىدى. ماندېلا كېلىنتوندىن ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىغىچە بولغان دىپلوماتىيەنى يەككە ھالدىكى بىردى ـ كەلدى دەپ قاراشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بەئەينى 19 ـ ئەسىردە ياشاۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق، ئادەتتىكى كۆرۈش بۇلۇڭلىرى سەۋەبلىك بەزىدە ئۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى كۆزىتىشكە تېخىمۇ ماھىرلىشىپ كېتەتتى. ماندېلانىڭ ئىچكى كابىنېتتىكى بىر خىزمەتدىشى مۇنداق دېدى: «باشقا خىزمەتداشلارغا ئوخشاش، ئۇ ئاددىيلىقتىن ۋەھىمىلەنمەيتتى. ئۇ ياسالمىلىقنى ئەمەس، ئاددىيلىقنى خالايتتى، شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ يىراق كەلگۈسىنى كۆرۈۋېلەيتتى.»

ماندېلا ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ۋە باشقىلارغا دائىم: «مەن پەقەتلا بىر يېزىلىق بالا» دەيتتى. بۇ سۆزنىڭ مەلۇم ئاساسى بار ئىدى. ماندېلانىڭ بىر يېقىن ياردەمچىسى: «مەن ئۇنىڭ يېزىلىقلارغا خاس مىجەزىنى بايقىدىم» دېدى. «مۇھاپىزەت» گېزىتىدىكى داۋىد بېرىسفورد ماندېلانى «قالتىس كىشىنىڭ مۆجىزىسى» ناملىق كىنودا پېتىر سېرىس رولىنى ئالغان، دائىم ئۆيىدە ئولتۇرىدىغان ئاشۇ قېرى باغۋەنگە ئوخشىتاتتى. سىياسىيونلار ئاشۇ كىنودىكى باغۋەننى ناھايىتى ئەقىللىق دەپ قارايتتى، شۇنداقلا ئۇنى پىرىزىدېنت سايلىمىغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلاتتى. بېرىسفورد «ماندېلانىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەرگىزمۇ دەرىجىدىن تاشقىرى سىياسىتى ۋە ھەربىي ھىيلە ـ نەيرىڭى

www.uyghurkitap.com

سەۋەبلىك ئەمەس، بەلكى ئۆز دۆلىتىگە بولغان ئاددىي تونۇشى سەۋەبلىك» دەيتتى. ئۇنىڭچە نەزىرىدە جەنۇبىي ئافرىقىنى «كوللېكتىپ تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچىنىڭ مەھسۇلى، پارچىلىنىپ خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن دۆلەتنىڭ چوڭ ئارزۇسىنىڭ دۆلەت سۈپىتىدە ئىپادىلىنىشى» دەپ قارايتتى. مەيلى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ياكى قارا تەنلىكلەرنىڭ نەزىرىدە بولسۇن، ئۇ ھاياتىنى جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنى بەختسىزلىكتىن قۇتقۇزۇشقا ئاتىغان: «ماندېلانىڭ دەۋرى ئاللىقاچان يېتىپ كەلگەندى.»

# 35. شەرەپ چوققىسى

جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن، پرېزىدېنتلىق ئورنىدىكى ماندېلا نەزەرىيە جەھەتتىن ناھايىتى چوڭ ھوقۇققا ئىگە ئىدى. ماندېلا فىرانسىيە پرېزىدېنتىغا ئوخشاش ھەم دۆلەت مارشالى، ھەم ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەمۇرىي باشلىقى ئىدى. ئەمما، ئىچكى كابىنېتنى پرېزىدېنت ئۇيۇشتۇرمايتتى. بىرىنچى قول مۇئاۋىن پرېزىدېنت تابو مبېكىمۇ ھوقۇقنى ماندېلاغا تاپشۇرغانىدى. پرېزىدېنت خالىغان چاغدا ئۇنى ھوقۇقىدىن ئېلىۋېتەلەيتتى. ماندېلا ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى بولغىنىدىن ناھايىتى ياخشى بەھرىمەن بولالايتتى. ماندېلا ئەزەلدىن ئارتۇقچە قائىدە - يوسۇنلارغا ماھىر ئەمەس ئىدى، خەت - ئالاقە خىزمىتىنىمۇ ياخشى كۆرمەيتتى. ماندېلا تاراتقۇلاردا ئاشكارىلىنىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، تاراتقۇلارغا دۇچ كەلگەندە دائىم سۆزلەپ ھارمايتتى، توختىماستىن ئۆزگىچە نۇقتىئىنەزەرلەرنى بايان قىلاتتى. بەزى چاغدا ھەتتا ئۆزىگىلا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى، ئىچكى كابىنېتتىكى ئەزالاردىن بىرسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ قىلمىشى بىر قىسىم ئوبزورچىلارنىڭ ھوشيارلىقىنى ئاشۇردى. ئۇلار ئۇنى «كالۋا قىمارۋاز»، «ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىدى» دەپ تەنقىد قىلدى.

ماندېلانىڭ جىسمىدا تېخىچە بىر - بىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغان مۇستەبىتلىك خاھىشى مەۋجۇت ئىدى. بەزىلەر ھەتتا ئۇنىڭ نىكلۇما ياكى مۇگابى تۇتقان يولنى تۇتۇپ، قەبىلە باشلىقىنىڭ بەزى ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى داۋاملىق قوللىنىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئافرىقىنىڭ يېڭى مۇستەبىتى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ماندېلا بىلەن بىر سەپتە ماڭغان دوستلار ماندېلادىكى مۇستەبىتلىك ئالامەتلىرىگە ئېزچىل دىققەت قىلدى. ۋولتېر سىسۇلۇ بەئەينى چېمپىيون بولغان شاگىرتىنى نازارەت قىلىۋاتقان مەشقاۋۇلغا ئوخشاش ماندېلانى كۆزىتىپ تۇردى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا سىسۇلۇ خاتىرجەم بولدى. 1993 ـ يىلى سىسۇلۇ مۇنداق دېدى: «مەن ماندېلا مۇستەبىتلىشىپ كېتەمدۇ دەپ قىلچە ئەنسىرىمەيمەن، ئۇ ئافرىقا دېموكراتىيەسىگە نىسبەتەن چەكسىز ئېھتىرام بىلدۈرەتتى.»

ماندېلا ناھايىتى تېزلا پىرېزىدېنتنىڭ قارىماققا ئۇنچىۋالا كۆپ ھوقۇقى يوق ئىكەنلىكىنى، پەقەت خىزمەتداشلىرى ۋە دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن ماسلىشىشى ئاستىدىلا ئاندىن ئۈنۈملۈك ھالدا سىياسەت يۈرگۈزەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندى. بىراق، ئۇ ئىچكى كابىنېتنى مەلۇم سىياسەتنى يۈرگۈزۈشكە مەجبۇرلىيالايتتى. پىرېزىدېنت بولۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى، ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىغا: «سايلامدا ئۇتۇپ چىقىش ھېلىمۇ ئاسانغا توختىدى... بىراق، پىرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن سىزنىڭ ئېرىشىدىغىنىڭىز سىياسىي ھوقۇق بولماستىن سىياسىي ئىشخانىدىن ئىبارەت» دېدى. ئۇ تېخىچە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن بىرلىكتە بېسىمغا قارشى تۇرۇشقا، كىشلەرنىڭ ئۇنى ئىنقىلابقا ساتقۇنلۇق قىلدى دەپ ئەيىبلىشىگە قارشى تۇرۇشقا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ساتقۇن پارتىيە بولۇشتىن يىمىرىلىش گىردابىدىكى مەسئۇل ھۆكۈمەتنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ئورتاق قۇرۇپ چىقىشقا موھتاج ئىدى.

1994 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا، ماندېلا بلومفېنتىندا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ 49 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىنى ئاچتى. قۇرۇلتايدا ماندېلا ئەينى چاغدىكى مۇرەسسە

ئاستىدا بېكىتىلگەن «كونپېتىش نىزامنامىسى» ئالدىنقى قېتىملىق سىياسىي ھوقۇق تۇتقان ئاق تەنلىك مۇستەبىتلەرنىڭ ھۆكۈمەتتىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ ھال ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ھەقىقەتەن چوڭ ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلەتتى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماندېلا يەنە مۇنداق كۆرسەتمە بەردى: «بۇگۈنكى كۈندە بىز ئەينى چاغدىكى خاتالىقىمىزنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتىمىزمۇ، قانداق»، بۇ مەسىلە ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشقا موھتاج. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى «مەغلۇپ بولغان كېلىشىم ئارقىلىق پۇت - قوللىرى چۇشىلىپ قېلىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى.»

ماندېلا يېپىلىش مۇراسىمىدىكى نۇتقىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسنى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى دەپ يەنە بىر قېتىم ئەيىبلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مالىيە جەھەتتىكى چەكلىمە كەمچىل. مالىيەدە ئىسراپچىلىق ۋە ئۇنۇمسىزلىك ئەۋج ئالغان. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مالىيە جەھەتتىكى چەكلىمە، ئىسراپچىلىق ۋە ئۇنۇمسىزلىكنى مۇھاكىمە قىلىپ يۇرۇش پەقەت بىر خىل مەسخىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماندېلا كۆپچىلىككە تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇگۈنكى كۈندىكى جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي مەجلىسى تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەك ئىتتىپاق ھالەتتە. ۋەكىللەر قارشى تۇرۇش ئارقىلىق ئەمەس، مۇزاكىرە قىلىش شەكلى بىلەن قايتا قۇرۇش ۋە تەرەققىيات ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.» بۇ ھال ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تارىخىدىكى تۇنجى ئىش ئىدى.

ئەڭ دەسلەپ ھۆكۈمەت قۇرغاندا، ماندېلا ئىمكانىقەدەر ئەڭ كەڭ دائىرىلىك ئىتتىپاقداشلىق ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ جەنۇبىي ئافرىقا دېموكراتىك ئارمىيەسى، ئەركىنلىك فىرونتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە پانئافرىقىلىقلار مەجلىسىنى ئۆزىگە قوشتى. ماندېلا پانئافرىقىلىقلار مەجلىسىنىڭ رەئىسى كرالېنس ماكىيتو بىلەن تۆت قېتىم كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشى نەتىجىسىزلىك بىلەن ئاياغلاشتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى قۇرۇشقا ئائىت بەلگىلىمىگە ئاساسەن ماندېلانىڭ ھۆكۈمىتىدە چوقۇم دى كلېرك ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي پارتىيەسىنىڭ چوقۇم بىر كىشىلىك ئورنى بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئىچكى كابىنېتتىكى ئورۇننى تەقسىملەش توغرۇلۇق ئېغىر توقۇنۇش يۈز بەردى. دى كلېرك ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان مىللىي پارتىيەنىڭ ھېچبولمىغاندىمۇ ساقچى تەرەپ ياكى بولمىسا دۆلەت مۇداپىئە ئورگىنىدىن بىرىنىڭ ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇشنى ئۈمىد قىلاتتى؛ ماندېلا بولسا بۇ ئىككى ئورگاننى كونترول قىلىش ھوقۇقىنىڭ چوقۇم ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قولىدا تۇرىدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. چۈنكى، پەقەت ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىلا ئۇچىنچى خىل كۈچ مەسىلىسىنى ھەل قىلالايتتى. ئاخىردا مىللىي دېموكراتىك ئارمىيە پەقەتلا ئىچكى كابىنېتتا نىسبەتەن ئاز ئورۇنغا ئېرىشتى. لورېف مىنىېر ۋاقىتلىق ۋازارەت مىنىستىرلىقى ۋە سىياسىي تەرەققىيات بۆلۈمىنىڭ مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەندى. كېرلىي فانكوك يېزا ـ ئىگىلىك مىنىستىرى بولدى. داۋىد دىۋېيلىر مۇھىت ئاسراش مىنىستىرى بولدى. بىراق، سابىق دېپلوماتىيە مىنىستىرى پىك بوتا مىنېراللار ۋە ئېنېرگىيە مىنىستىرلىقىنى قولىغا ئالدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مىنىستىرلىرى ماندېلانىڭ سىياسىي ھاياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى كونا دوستلىرىدىن تەشكىل تاپقانىدى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى جو مودىسىي ماندېلانىڭ 40 ـ يىللاردىكى يوھاننىسبۇرگلۇق خىزمەتدىشى ئىدى. دېپلوماتىيە مىنىستىرى ئالفېرد ئېنزۇر

1958 ـ يىلىدا ئامىرىكا ئاپتوبۇسنى بايقۇت قىلىش ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرسى ئىدى. تۇرالغۇ ئۆي مىنىستىرى جوئى سىلوۋ دۆلەتكە ساتقۇنلۇق قىلىش سوتىدىن باشلاپلا ماندېلا بىلەن مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلغانىدى. قاتناش ـ تىرانسپورت مىنىستىرى مارك ماخراج ماندېلانىڭ روببېن ئارىلىدىكى سادىق دوستى ئىدى. ئەدلىيە مىنىستىرى ئابدۇللا ئۆمەر ماندېلانىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دائىم بورسېم تۈرمىسىگە ئۇنى يوقلاپ باراتتى. بەزى مىنىستىرلار بەكلا ياش بولۇپ، ئۇلار ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىن كەلگەنىدى. ماندېلا ئۇ ياش مىنىستىرلارغا، يەنى ئەمگەك مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى دىتو مۇبۇېن، ئامىرىكا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى جېففېر رادىبېل قاتارلىقلارغا بەختكە يارىشا يېقىندىلا ئېرىشكەنىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى ئۆز ئەزالىرىنىڭ ھەر خىل ئىرقتىن كەلگەنلىكىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئاق تەنلىك، ھىندى، رەڭلىك ئىرق، مۇسۇلمان، خىرىستىيان، كوممۇنىست قاتارلىق ھەر خىل ئارقا كۆرۈنۈشتىن ۋە ھەر خىل ئىرقتىن ئىدى. كۆپچىلىك 40 يىللىق كۈرەش ئارقىلىق ئاخىر بىر يەرگە يىغىلغانىدى. ماندېلا ئۆزىنىڭ پىرېزىدېنت ئىشخانىسى ۋە ئىچكى كابىنېت باش مىنىستىرى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللۇقىنى تاللاشتا ماندېلانىڭ جېكىس گېۋىرگە كۆزى چۈشتى. جېكىس گېۋىر رەڭلىك ئىرققا مەنسۇپ بولۇپ، داڭلىق ئالىم، پەيلاسوپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئۇ كېيىپتاۋن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇشتىن ئىلگىرى، قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسچىسى بولغانىدى.

ماندېلا دەسلەپىدىلا ئۆزىنىڭ بىرىنچى قول مۇئاۋىن پىرېزىدېنتى تابو مبېكىغا بېقىنىپ قالدى. مبېكى ماندېلادىن

25 ياش كىچىك بولۇپ، قاچقۇنلار گۇرۇھىدىكى ۋەكىللىك شەخس ئىدى. مىبېكىنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى مۇشكۇل ئىدى. ئۇ ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پىرېزىدېنتىغا ئوخشاش، باشلىقى ھېسابلانغان ماندېلانىڭ بۇيرۇقىنى شەكسىز ئاڭلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېخىمۇ كۆپلىگەن مەسئۇلىيەتلەرنى زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. توغرا، ماندېلاغا تەۋە ئىدى، ئەمما خاتالىق كۆرۈلسە مىبېكى تەنقىدلىنەتتى. شۇ سەۋەبلىك، ئۇنىڭ مىجەزىنى ماندېلا بىلەن تۈپتىن پەرقلىق دېيىشكە بولاتتى. ماندېلا نەق مەيداندىلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۆز غەرىزىنى ئوچۇق بىلدۈرۈپ قوياتتى. مىبېكى بولسا يېتەكچىسى تامبونىڭ كۆرسەتمىسى ئاستىدا سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ، ماندېلا ئۇچۇن مۇستەھكەم قالقان بولاتتى. ئىككىيلەن بىر - بىرىنى تولۇقلايتتى: مىبېكى ماجىرالارنى ھەل قىلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ دائىم پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى يىغىشتۇرۇش، كەم - كوتىنى تەخلەش رولىنى ئوينايتتى. كىشىلەر «سىز ماندېلانىڭ كەينىدە تۇرۇشقا رازىمۇ؟» دېگەن سوئالنى قايتا - قايتا تەكرارلايتتى. بۇ مىبېكىنى بەكلا بىئارام قىلاتتى. بىراق، ئۇلۇغ رەھبەرلەرنىڭ كەينىدىكى مۇئاۋىنىغا — تىرۇمېننىڭ كەينىدىكى روزۋېلتقا، پومپىدونىڭ كەينىدىكى دېگولغا ئوخشاش، ماندېلانىڭ شۆھرىتى ئاستىدا مىبېكىنىڭ قىممىتىگە توغرا باھا بېرىش ناھايىتى تەس ئىدى.

ئۆتمۈشتىكى دۈشمەنلەر بىلەن بىر ئىچكى كابىنېتتا تۇرۇۋاتقان ئافرىقا مىللىي مەجلىسىنىڭ مىنىستىرلىرى بۇ ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ماسلىشىشقا موھتاج ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن، سۇ ئىشلىرى مىنىستىرى كادىر ئاسمار: «تا بۈگۈنگە قەدەر، مەن ھەمىشە نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈمگە ئەسكەرتىپ تۇرۇشقا موھتاج» دېدى. بىراق، ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىلگىرىكى سىياسەت يۈرگۈزگۈچىلەردىن بەزىلىرىنىڭ سىياسەت يۈرگۈزۈشى ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىلوۋ جەنۇبىي ئافرىقا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سابىق باش سېكرېتارى، مىللەتلەر نەيزىسىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى ئىدى. ئۇ ئۇلتۇراق ئۆي مىنىستىرلىقىنى قايتا قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسىنى ۋەزىپىگە قويدى، شۇنداقلا بانكىلار بىلەن قەرزنى كېڭەيتىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشتى. 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە ئولتۇرغىنىغا ئەمدىلا سەككىز ئاي بولغان سىلوۋ راك كېسىلى بىلەن ئۆلدى. بۇ ماندېلاغا نىسبەتەن چوڭ زەربە بولدى. سىلوۋنىڭ ئۆلۈمى تىنچلىق ئىنقىلابى ئاستىدىكى زىددىيەتلىك رېئاللىقنى ئىپادىلىدى. مىڭلىغان قارا تەنلىكلەر بىر نەپەر ئاق تەنلىك رەھبەرگە تەزىيە بىلدۈردى؛ جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىنقىلابىي غايىچى بۇگۈنكى كۈندە ئەڭ ئەمەلىيەتچىل، ئەڭ جانلىق سىياسىيونغا ئايلانغانىدى. كېيىن، ماندېلا سىلوۋنىڭ قەبرىسى ئالدىدا، سىلوۋ «قايسى چاغدا كۈرەش قىلىشنى ۋە قايسى چاغدا كېلىشىم تۈزۈشنى ئەڭ چۈشىنىدىغان كىشى ئىدى» دېدى.

ماندېلا ئىچكى كابىنېتنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىش جەريانىدا ھەيران قالارلىق ھالدا شۇنى بايقىدىكى، گەرچە ئىچكى كابىنېت قارا تەنلىكلەر ۋە ئاق تەنلىكلەردىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، بىراق كۆپ ساندىكى مۇنازىرىلەر پارتىيە ئاتلىغانىدى. ئاق تەنلىك رەھبەرلەر ئىتتىپاقداشلىقنىڭ نورمال يۈرۈشۈشى ئۈچۈن ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. پاۋلو جوردان مۇنداق دېدى: «سىز ھەتتا پەقەت ئۇلارنى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئەزالىرىدىن بىرسى دەپ ئويلاپ قالىسىز. كەيپىيات ئۈنچىۋالا قىزغىنمۇ ئەمەس، شۇنداقلا سوغۇقمۇ ئەمەس. كۆپلىگەن پارتىيەلەر بىلەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ساداقىتى بىردەك.» كادىر ئاسمار مىللىي دېموكراتىك ھۆكۈمەتنى «ئىنچىكە ھالقىلارغا ئادەتتىن تاشقىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئېچكى كابىنېتتىكى كېڭەشكە ناھايىتى ياخشى ياردەمدە بولىدۇ، بىراق ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇنىڭ كۆپلىگەن چوڭ ئىشلارنىڭ ئىستراتېگىيەسىدە چوڭ ياردىمى يوق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاق تەنلىك رەھبەرلەرنى ھەيران قالدۇرغىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىن چىققان مىنىستىرلارنىڭ قىلچە ھەزەر ئەيلىمەستىن ئۆز ئارا جاڭجاللىششى ئىدى. بۇ ھالدىن ئىلگىرى ئۇلارنى ئېچكى كابىنېت يىغىنى ھەققىدە ئورتاق تونۇشقا كەلمىگەندەك ھېس قىلدۇراتتى. دې كلېرك ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن بەزىدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مىنىستىرلىرى ئارىسىدىكى ئېچكى ئىختىلاپقا كېسىم چىقىراتتى. ئىختىلاپقا شاھىت بولغۇچىلاردىن بىرسى: «مانا بۇ ئەنئەنىۋى جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار. بىزنىڭ ئىپادىلىگىنىمىز بالىلارچە، ياتاقلىق مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى ئاشۇ خىل قىممەتلىك قېرىنداشلىق مېھرىدۇر. 99 پىرسەنت تالاش - تارتىشنىڭ ئىدېئولوگىيە بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. سىز ھەتتا كۆپچىلىكنىڭ ئوخشىمىغان پارتىيەلەردىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلمەيسىز.»

ماندېلا ئېچكى كابىنېتنى مۇتلەق باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ پىرېزىدېنت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ياشتا چوڭ بولغانلىقىدىندۇر. ئۇنىڭ يېشى ئېچكى كابىنېتتىكى كۆپچىلىك ئەزانىڭ يېشىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. يېشى ئۇنىڭغا باشقىلارغا سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە تەجرىبە ۋە شۆھرەت ئاتا قىلغانىدى. كۆپچىلىك ئۇ توغرۇلۇق پاراڭلاشقاندا، ئۇنى دائىم «ئاشۇ بوۋاي» دەپ ئاتايتتى. ماندېلانىڭ ئالدىدا بولسا، ئۇلار ئۇنى ھۆرمەتلىگەن ئاساستا «مادىبا» دەپ چاقىراتتى. بۇ چاغدىكى ماندېلانىڭ يېشى 1951 - يىلى باش ۋەزىرلىك ئورنىغا قايتىپ كەلگەن چېرچىل بىلەن ئوخشاش ئىدى. چېرچىلمۇ 76 يېشىدا باش ۋەزىرلىك

ئورنىدا قايتا ئولتۇرۇپ، 80 يېشىدا پېنسىيەگە چىققانىدى. ماندېلانىڭ جىسمىدىمۇ چېرچىلنىڭكىگە ئوخشاش ئادەتتىكى سىياسىيونلار قاتلىمىدىن يۇقىرىلاپ كەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بار ئىدى. ئۇ ئادەتتە ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئىچكى كابىنېت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى. زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغان چاغلاردىلا بەزى ئىستراتېگىيەلەرنى قوللىنىپ يىغىنغا قول تىقاتتى. مارك ماخراج مۇنداق دېدى: «ئۇ قەبىلە باشلىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇ نەق مەيداندا سوغۇققانلىق بىلەن سۆزگە قۇلاق سېلىپ، ھەممە گەپنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىپ، زۆرۈر بولغان چاغلاردا ئاندىن قول تىقىدۇ.»

ماندېلا جورجى بىزوسنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئارىلاشما ئىچكى كابىنېت مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈشتە ئۆزىگە ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلدى. بىزوس ماندېلاغا كېررىمونلىن 1917 ـ يىلىدىن 1920 ـ يىلىغىچە فىرانسىيە پىرېزىدېنتى بولغان مەزگىلدىكى ئۇسۇلىنى سۇندى. ئۇ ئاۋۋال ھەرقايسى تەرەپنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئۆز كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى ۋە «خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىدىغانلار بارمۇ؟» دەپ سوراپتتى. ماندېلامۇ بەزىدە «كېررىمونلىنىنىڭ ئۇسۇلى» نى قوللىناتتى. بىراق، ھېچكىم ئىستېپا بەرمەيتتى. ھېچقانداق مەسىلە بىلەت تاشلاش ئارقىلىق ھەل قىلىنىشقا موھتاج بولمايتتى، بۇ ھالدىن ماندېلا بەكمۇ پەخىرلىنەتتى. ماندېلا كۆپچىلىك ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا بەك ئېتىبار بېرىپ كەتمەيتتى. ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىدىن بىرسى مۇنداق دېدى: «ئۇ بارلىق ئىنچىكە ھالقىلارغا ۋە ئىلگىرىلەشلەرگە ئەگىشىپ ئىلگىرىلەيتتى. بۇ چاغدا ماندېلا بىر پېشقەدەم يەر ئاستى خىزمەتچىسىگە، پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ جەڭچىسىگە ئايلىناتتى.» ماندېلا كىچىك كۆلەملىك يىغىنلارغا كۆپ ئارىلىشىپ كەتمەيتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئارىلىشىشى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايتتى. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىچكى كابىنېت

www.uyghurkitap.com

ئەزاسى: «مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنىم، ئۇنىڭ كەسكىنلىكى ئىدى. پەقەت ئون مىنۇت ئەتراپىدىكى دوكلات بولسىلا، ئۇ بىر قارارغا كېلەلەيتتى» دېگەنىدى.

ماندېلانىڭ كونا رەقىبى دى كلېرك ۋە بۇتىلېزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە يەنىلا مەسىلە بار ئىدى. ماندېلا يوق چاغلاردا ياكى كېيىن ماندېلا پىرېزىدېنتلىق ئورنىدىن چۈشۈپ كېتىشنى قارار قىلغاندا، ئىككىنچى قول مۇئاۋىن پىرېزىدېنت دى كلېرك مېبېكى بىلەن بىرلىكتە ئىچكى كابىنېت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى. بۇ ئىككى نەپەر مۇئاۋىن پىرېزىدېنت دائىم بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشاتتى. ئەگەر تەلىيىڭىز بولسا ئىككىيلەننىڭ بىرلىكتە ھەر خىل كۈنتەرتىپ ھەققىدە مۇزاكىرىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىناقلىقىنى ھېس قىلالايتتىڭىز؛ ھەتتا، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى بىر - بىرى بىلەن دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالاتتىڭىز. مېبېكىنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئۆزگىچە چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ «زامانىۋى ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك مەسىلىسى» توغرىسىدىكى كۆزقارىشى دى كلېركقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بىراق، دى كلېرك ماندېلا بىلەن بىللە چاغلاردا ئانچە ئەركىن بولالمايتتى. ئۇ ماندېلانىڭ ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. بۇ سەۋەبلىك ئۇ ماندېلانىڭمۇ، ئۆزىنىڭمۇ ئورتاق دوستىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. سەۋەب ناھايىتى ئاددىي ئىدى: ماندېلا تېخىچە دى كلېركنىڭ ئۈچىنچى خىل كۈچكە سۈكۈت ۋە كەڭ قورساقلىق قىلىشىنى ئۆزىگە قىلغان خائىنلىق دەپ قارايتتى. ماندېلانىڭ بىر كاتىپى: «ماندېلانىڭ ئەڭ سەۋر - تاقەت قىلالمايدىغان ئىشى كەينىدىن پىچاق ئۇرۇش» دېدى. ماندېلا تېخىچە دى كلېرك ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكىلەر ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك قىلماقچى دەپ قارايتتى: «ئۇنىڭ تاكتىكىسى پىرىزىدېنتنى مەدھىيەلەپ، ئارقىدىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسكە زەربە

بېرىش ۋە ئۇنى ۋەيران قىلىش.» ماندېلانىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئىشى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قويىرۇق شىپاڭشىتىشى ئىدى. ماندېلانىڭ ياردەمچىلىرىدىن بىرسى مۇنداق دېدى: «ماندېلا قەدىر ـ قىممىتى دەخلىگە ئۇچرىغاندا ناھايىتى ئاچچىقلىناتتى.»

بارلىق جىددىي كەيپىياتلار 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مىبېكى رىياسەتچىلىك قىلغا ئىچكى كابىنېت يىغىنىدا پارتلاپ چىقتى. ماندېلا سايلامدىن ئىلگىرى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق يىللىرىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەن 3500 ساقچىنىڭ تولۇقلىمىغا ئېرىشكەنلىكىنى بايقىدى. ماندېلا دى كلېركنىڭ يەڭ ئىچىدىكى كەچۈرۈم قىلىشىنى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە بولغان ساداقەتسىزلىكىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ئۇ لورېف مىل، پىك بوتا قاتارلىق ئاق تەنلىك مىنىستىرلارنى ماختىدى. بىراق، پەقەت دى كلېركقىلا تىغ ئۇچىنى قاراتتى. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەردىن بىرسى: «ماندېلانى ئەينى چاغدا قويقا چېچى تىك تۇردى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ دى كلېركقا قاتتىق زەربە بەردى. بىراق، ئۇ شۇنچە غەزەپلەنگەن بولسىمۇ گەپ ـ سۆزگە بەكمۇ ئېتىبار بەردى» دېدى. دى كلېرك ئۆز ھۆججەتلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز مەيدانى توغرۇلۇق چوقۇم قايتا ئويلىنىشنى ئېيتتى. ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا ھۆكۈمەتتە داۋاملىق قېلىشنى نەسىھەت قىلدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ ماندېلانىڭ «ئىلگىرىكىدەك كىشىنى ئۆزىگە تارتىدىغان بوۋايغا ئۆزگەرگەنلىكىنى» بايقىدى. چۈشتىن كېيىن ماندېلا بىلەن دى كلېرك ئىككىيلەن بىرلىكتە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرىپ، ساقچىلارغا تولۇقلىما بېرىش ۋەقەسىنى سۈرۈشتۈرمەسلىككە قوشۇلدى.

دى كلېركمۇ ئىتتىپاقداشلىقنىڭ بۇ ئىش ئارقىلىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىنى خالىمايتتى. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ بەش ئايدىن كېيىن دى كلېرك ماڭا: «بىز قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلمىدۇق. بىراق، دائىم مەسىلە كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ» دېدى. دى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كلېرك جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى گۇناھىغا تۆلەم تۆلەشنى تەلەپ قىلدى. ماندېلا ئۇنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئەيىبلىدى. 1996 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سابىق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ماگنۇس مارىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەندە، دى كلېرك ئۇنى ئاقلىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ماندېلا دى كلېركنى بۇگۇنكى كۇندە ناھايىتى ھەجۋىيلىك بىلەن: «مەن بۇ دۆلەتنىڭ پىرېزىدېنتى. تولۇقلىما بېرىش ئىشىنى ئۇ ئەمەس مەن بەلگىلەيمەن» دېمەكچى دەپ قارىدى. بىراق، دى كلېركنىڭمۇ سەۋرقاچىسى توشتى. ئۇ ماندېلا ھەمىشە ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئايرىماستىنلا دەردىنى خەقتىن ئالىدۇ، رېئال مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئاتالمىش جەلپكارلىقىغا تايىنىپ كەلگۈسى ھەققىدە تۇتامى يوق ۋەدىلەر ئارقىلىق ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالىدۇ، دېدى. دى كلېرك كېيىن مۇنداق يازدى: «بىز ئەسلىدە ياخشى كۆرۈش سەۋەبلىك توي قىلغان ئەمەس، ئەمدىلىكتە شېرىن ئاي مەزگىلىمۇ ئاخىرلاشتى.»

ماندېلانىڭ يەنە بىر رەقىبى ھېسابلانغان بۇتېلېزى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. بىراق، ئۇنىڭ ساداقىتىنىمۇ ئۇيلىشىپ بېقىشقا توغرا كېلەتتى. بۇتېلېزى ماندېلانى گېپىدە تۇرمايدۇ، سايلامدىن ئىلگىرىكى كۇۋازۇلۇناتال رايونىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيە مەسىلىسىنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ياراشتۇرۇشى ئارقىلىق ھەل قىلىش ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىدى، دەپ ئەيىبلىدى. بۇتېلېزى دەسلەپىدە ئاستىرتىن بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇ تۇنجى قېتىملىق قانۇن تۇزۇش يىغىنىغا باشلامچىلىق بىلەن قارشى تۇرۇپ، زۇلۇلارنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارشىلىق كۆرسىتىشكە چاقىردى. ئۇ: «مەن ئەركىنلىككە قاراپ قەدەم ئالدىم» دېدى. بۇتېلېزىنىڭ ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ماندېلانىڭ ئىنكاسى ناھايىتى كەسكىن بولدى. ئۇ كۇۋازۇلۇناتال رايونىغا بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادىي ياردەمنى توختىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالدى، شۇنداقلا

دۆلەتنىڭ جىددىي ھالەتكە كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى. دى كلېرك ماندېلانىڭ بۇنداق قىلىشى قورال كۆچى ئارقىلىق ئىنكاتا لىبېراللار پارتىيەسىنى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن، دەپ قارىدى. ماندېلا بىلەن بۇتىلېزى يەنە بىر قېتىملىق تىنچلىق سۆھبىتىنى باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئىختىلاپى تېخىچە مەۋجۇت ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىنكاتا لىبېراللار پارتىيەسى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ياراشتۇرۇش ۋەزىپىسى داۋراڭ سالمايدىغان تابو مبېكى بىلەن ياكوب زۇما قاتارلىقلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى.

ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىنى ئاق تەنلىكلەرنىڭ مۇشتۇمزور سىياسىتىدىن كۆپ مىللەتلىك دېموكراتىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا تېخىمۇ بەك زېھنىنى قاراتتى. پارلامېنت جەنۇبىي ئافرىقىنى ئاسانلا قولغا كىرگۈزگىلى بولىدىغان «ھەسەن ـ ھۈسەن دۆلەت تۈزۈمى» گە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلىدى. ھەر خىل ئىرقتىن تەشكىل تاپقان 400 نەپەر پارلامېنت ئەزاسى بىر زالغا يىغىلغان، ئۆتمۈشتىكى ئىنقىلابچىلار بۈگۈنكى كۈندە قانۇن تۈزگۈچىلەرگە ئايلانغانىدى. باش ئېپىسكوپ تۇتۇ قايغۇرغان ھالدا: «مەن بۇ چۈشنى سۆيىمەن. سىز شۇ يەردە بالكوندا تۇرۇپ ئۆتمۈشتىكى تېررورچىلارنى سانايسىز. ئۇلار شۇ يەردە تۇرۇپ قانۇن تۈزىدۇ. بۇ ھال پەقەتلا كىشىنىڭ ئەقلىدىن ئۆتمەيدۇ» دېدى. پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ 252 سى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە تەۋە ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى رەڭلىك ئىمچىلەرنى ياكى ئوچۇق رەڭلىك يوپكىلارنى كىيەتتى. بۇ ھال ئەزا سانى ئۇلاردىن خېلىلا ئاز بولغان مىللىي پارتىيەدىكىلەرنىڭ سۇس رەڭلىك كاستيۇم ـ بۇرۇلكىسى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى. 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پارلامېنت يىللىق يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا شەكىل جەھەتتىن ئۆزگىرىش بولدى، كىرىش ئېغىزىدا قارا تەنلىكلەر خور ئەترىتى ناخشا ئېيتتى، كوچىلاردا «سوۋېتو سىمفونىيەلىك مۇزىكا ئەترىتى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نومۇر ئورۇنلىدى. پارلامېنت بىناسىدا گېنېراللار چېكىنىپ، سوتچىلار سەھنىسىنىڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالدى. ماندېلا زالنى كېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا باشتىن – ئاياغ قارا تەنلىكلەر ۋەكىللىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ ئالدىن تەييارلانغان نۇتۇق ئارگىنالى بويىچە نۇتۇق سۆزلىدى. تەييارلانغان نۇتۇقتا ئۆز ئىلھامىنى جارى قىلدۇردى.

ماندېلا پارلامېنت ئارقىلىق ئىرقچىلىقتا پېتىپ قالمىغان دېموكراتىيەنى مۇستەھكەملىيەلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، ئۇ يەنە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تىپىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر سىڭىپ كېتىشىدىن» ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ بۇ كۆزقارىشى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ باياناتچىسى فېرنا گىنىۋارانىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. فېرنا گىنىۋارا سىبىو ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ ناھايىتى قابىلىيەتلىك ئادۋوكات ئىدى. 30 يىل مابەينىدە گىنىۋارا ئىلگىرى – ئاخىر بولۇپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تانزانىيە، لوساكا ۋە لوندوندىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدا خىزمەت قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە قانداق قىلىپ ئۇزاقتىن بېرى كەلكۈندەك باستۇرۇپ كەلدى دەپ قارالغان پارلامېنت تۈزۈمىدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىشنى ئۆگەتمەكچىدى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇستەبىت تۈزۈمى بولىدىكەن، پارلامېنت دېموكراتىيەسى بىر يۈمران ئۆسۈملۈككە ئوخشاپ قالىدۇ، جەنۇبىي ئافرىقا ياۋروپادىن ۋە ئامېرىكىدىن ئۆگىنىپ، تۈنجى پرىنسىپ يولىغا قايتىپ كېلىشى كېرەك، دەپ قارايتتى. ماندېلا بىلەن گىنىۋارادا ئومۇمىيلىقتا تەسىر يەتكۈزمەيدىغان ئىشنى كىچىك دائىرىدە قىلىش خاھىشى مەۋجۇت ئىدى. گىنىۋارا باشلىقتا ئىتائەت قىلىشنى رەت قىلىپ، ھوقۇقنى ئايرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردى. بىر قېتىم ماندېلا گىنىۋارانىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى. گىنىۋارا ئۇنىڭغا: «مەن سىزنىڭ باياناتچىنى سۆيسىڭىز بولىدىغان –

بولمايدىغانلىقىنى جەزم قىلالمايمەن» دېدى.

پارلامېنتنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى يېڭى ئاساسىي قانۇننى تەستىقلاش ئىدى. بىراق، بۇ ئاس چاسكېرلىن رەھبەرلىكىدىكى قانۇن تۈزۈش مەھكىمىسى تەستىقلىغان ۋە مۇستەھكەملىگەندىن كېيىنلا ئاندىن كۈچكە ئىگە بولاتتى. ئاس چاسكېرلىن 30 ئىلگىرى رىۋونىيە سوتىدا ماندېلانى ئاقلىغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، رول كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىغۇدەك دەرىجىدە تەتۈرىگە ئالماشقانىدى. 1995 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ماندېلا قانۇن تۈزۈش مەھكىمىسىدە سوت ئېچىشنى رەسمىي ئېلان قىلدى. سوت ئېچىش مۇراسىمىدا، ماندېلا نەق مەيداندىكى ئادۋوكاتلارغا ئۆزىنىڭ ئالدىنقى قېتىم سوتقا تارتىلغاندا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغان ـ قىلىنمايدىغانلىقىنى بىلگۈسى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۆلۈم جازاسىنىڭ يۈرگۈزۈلۈش ـ يۈرگۈزۈلمەسلىكى قانۇن تۈزۈش مەھكىمىسى ئەڭ ئاۋۋال ئويلىشىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. ماندېلا دەسلەپتىلا پارلامېنتتا ئۆلۈم جازاسى مەسىلىسىگە خۇلاسە چىقارغۇزدى. بۇ بىر ئەخلاقىي قاتلام مەسىلىسى ئىدى. بىراق، ئىچكى كابىنېت ئاخىردا بۇ مەسىلىنى قانۇن تۈزۈش مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. قانۇن تۈزۈش مەھكىمىسى ئاخىر ھۆكۈم چىقىرىپ ئۆلۈم جازاسى قانۇن بىلەن زىت دەپ قارىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، قانۇن تۈزۈش مەھكىمىسى پىرېزىدېنت ئارقىلىق مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى.

لامفۇسا بىر قانۇن تۈزۈش مەھكىمىسىنى يېتەكلەپ پات يېقىندا ۋاقىتلىق توختامنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان يېڭى قانۇنغا قايتا ـ قايتا ئاساس ئىزدىدى. ئۇلار ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى تولۇق ئويلىنىش ئاساسىدا مەلۇم مۇرەسسەچىلىكنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى، ئاقىدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئالاقىدار سىياسەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1996 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يېڭىدىن رويابقا چىققان يېڭى قانۇن لايىھەسى ئەمدىلا بېسىپ چىقىرىلىشىغا ئۇدۇللا پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئۈستىلىگە تىزىپ قويۇلدى. پانئافرىقىلىقلار مەجلىسى، جەنۇبىي ئافرىقا ئەركىنلىك فىرونتى قاتارلىق پارتىيەلەردىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى يېڭى قانۇندىكى كۆپلىگەن كۆرۈنەرلىك قۇسۇرلارغا نارازىلىقىنى بىلدۈردى. بىراق، يېڭى ئاساسىي قانۇن ئاخىر ماقۇللاندى. دى كلېرك بۇ ھال يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ خىيالىغا كەلگەننى قىلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، دېدى. پارلامېنتتىن پات يېقىندا ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان لامفۇسا ھەرقايسى پارتىيەلەرنىڭ پارتىيەۋى تونۇش مورفولوگىيەسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئاخىردا بىردەكلىككە كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى. بىراق، ئاساسىي قانۇننىڭ ماقۇللىنىشى بارلىق تالاش ـ تارتىشلارنىڭ ھەل بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. بولۇپمۇ ئۆلۈم جازاسىغا ئائىت تالاش ـ تارتىش تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. چۈنكى، ئىرق ئايرىمايدىغان ئوڭچىلار ئۆلۈم جازاسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا چۇقان سېلىشنى باشلىغانىدى.

پارلامېنت گۈزەل لايىھەنى تەسۋىرلەپ چىقتى. بىراق، دۆلەتنى ئۆزگەرتىشتىكى ھەقىقىي كۈرەشكە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئوت ئېچىلىشى كېرەك ئىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى «كۈنپېتىش نىزامنامىسى» نىڭ چەكلىمىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇپ يەتكەنىدى. مۇتەئەسسىپ باشلىقلار قايىل قىلىپ، ئاكتىپ ئىنقىلابنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، «كۈنپېتىش نىزامنامىسى» بىر پارچە ھەجۋىي رەسىمدەك، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتىشتە يولۇقىدىغان مەسىلىلىرىنى جانلىق تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مىنىستىرى «شۇنداق، باش

ۋەزىر» ناملىق تىياتىرنى كۆرگەنىدى. تىياتىردا ھىيلە ـ مىكىرلىك دۆلەت مەمۇرلىرى پۈتۈن ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، باش ۋەزىرنىڭ سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىنى توسقانىدى. بىراق، جەنۇبىي ئافرىقا سىياسىي سىستېمىسىنىڭ ئەندىزىسى ئەنگلىيەنىڭ سىياسىتىدىنمۇ بەكرەك لىڭشىپ قالغانىدى. بەزى قارا تەنلىك مىنىستىرلار ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىكى ئاق تەنلىك مىنىستىرلار ھۆججەت ئىشكاپى ۋە قەغەز پارچىلىغۇچنىڭ ئارقىسىغا پىستىرما قويۇپ، يېڭى ھۆكۈمەت سىستېمىسىدا ئىرقىي ئايرىمىچىلىق جېڭىنى باشلاشقا ئۇرۇنماقچى، دەپ گۇمان قىلاتتى. ماندېلا ئوڭچى ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارشىلىق كۆچى ساقچى قىسىم، ئارمىيە ۋە ئاخبارات سەپلىرىدە تېخىچە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىسلاھاتقا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق، ماندېلا كۆپ ساندىكى دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ئىسلاھاتقا ماسلىشىش پوزىتسىيەسىدە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بەزى ھاللاردا، ئىسلاھات قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغان مىنىستىرلار ۋە باش ئىش بېجىرگۈچىلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرەتتى. بىراق، بۇنداق ئىختىلاپلار ئىككى تەرەپنىڭ ئىدېئولوگىيەسى سەۋەبلىك ئەمەس، كونكرېت ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئۇسۇلى سەۋەبلىك بولاتتى. بەزى چاغلاردا، مىنىستىرلار ئۆز مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا قانداق قىلىپ مەقسىتىگە يېتەلەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ ھال سىياسىي توسالغۇنى مەلۇم دەرىجىدە چوڭايتىۋېتەتتى. بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك قارا تەنلىك ئەمەلدار مۇنداق دېدى: «دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا كۈندىلىك ئىشلىرى ۋە خىزمەت رىتىمى بار. بىراق، يىغىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى بويسۇنۇش. ئۇلار پەقەت باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى نېمە ئىش قىلىشقا بۇيرۇشىنى كۈتسىلا بولىدۇ.» بىراق، جوئې سلوۋغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشاش دانا رەھبەرلەر ئۆز سىياسىتىنى تېز سۈرئەتتە ئەمەلىيلەشتۈرەلەيدۇ. مەسىلەن، كادىر ئاسمار ئوتتۇرىغا قويغان دېھقانلار رايونىغا پاكىز ئىچىملىك سۇيى ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى ناھايىتى تېزلا ئەمەلىيلەشتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئاساسلىق ئىستراتېگىيەسى ئىسلاھاتقا ئىزچىل ھالدا ئاكتىپلىق بىلەن توسقۇنلۇق قىلىپ كەلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرلىرىنى توپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ياكى ئۇلارنى بىتەرەپ مەيداندا تۇرغۇزۇش ئىدى. بىراق، بۇنداق قىلىشقا ۋاقىت كېرەك ئىدى. شۇنداقلا لاياقەتلىك قارا تەنلىك مەمۇرىي خادىملارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت كېرەك ئىدى. ھۆكۈمەتنى ئىسلاھ قىلىشتا دۇچ كېلىدىغان ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق تەجرىبىلىك قارا تەنلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ كەمچىلىكى ئىدى، بولۇپمۇ ئۆلكە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. بىراق، دەل مۇشۇنداق رايونلاردا ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنىڭ ئىزنالىرى بار ئىدى، بولۇپمۇ بانتۇ ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ئىدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھەممە ئورگانلاردا دېگۈدەك مۇرەسسە قىلىشقا ۋە يول قويۇشقا دۇچ كەلگەنىدى. مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغان خامچوت ئالدىدا، ھەرقانداق بىر ئىنقىلاب غايىسى بىر چەتتە تۇرۇپ تۇرمىسا بولمايتتى. مالىيە مىنىستىرلىقى بارلىق ئورۇشنىڭ مەركىزىي رايونى ئىدى. ئۆتكەنكى 18 ئايدىكى يۇقىرى چەكتىكى چىقىم نىسبىتى سەۋەبلىك دۆلەت خەزىنىسىنىڭ زاپاس مىقدارى ناھايىتى خەتەرلىك تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمەت چوقۇم تېزدىن تەدبىر قوللىنىپ خەلقئارالىق مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ گۇمانىنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى. ماندېلانىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە

ھېچقانداق تەجرىبىسى يوق ئىدى. بىراق، خەلقئارا بازارنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇمۇ چۈشىنەتتى. ئۇ دى كلېرك دەۋرىدىكى مالىيە مىنىستىرى دېرىك چېسنى قايتا خىزمەتكە قويدى. چېس ناھايىتى خاتىرجەم سودىگەر ئىدى. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، تېزدىنلا ئىچكى كابىنېتتىكى ئەڭ قارشى ئېلىنىدىغانلاردىن بىرسى بولۇپ قالدى. بىراق، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى ئۇ خىزمەتكە چۈشۈپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىنلا، ئائىلىسى سەۋەبلىك خىزمەتتىن چېكىندى. چېسنىڭ تۇيۇقسىز خىزمەتتىن چېكىنىشى ماندېلانى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ ئاۋۋال دۇرۇس بانكىر كېرىس رېيبېنبوگنى چېسنىڭ ئورنىغا قويۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى سودا ـ سانائەت مىنىستىرى تېررىف مانيۇنى چېستىن كېيىنكى نۆۋەتلىك مىنىستىرلىققا تەيىنلىدى. مانيۇ ئۆتمۈشتە جەنۇبىي ئافرىقا دېموكراتىك بىرلىككە كەلتۈرۈش فىرونتىنىڭ ئاكتىپ ئەزاسى ئىدى. ئۇنىڭ خەلقئارا بازارغا بولغان سەلبىي سۆزلىرى دەسلەپتىلا كۆپلىگەن بانكىرلارنى قورقۇتۇۋەتتى. بىراق، ئەمەلىيەت ناھايىتى تېزلا مانيۇنىڭ قابىل ئىستېدات ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بانكا باشلىقىنى تاللاشقا نىسبەتەن ماندېلا سابىق بۇرادەرلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، كونسېرۋاتىپ زات كېرىس ستارسنى خىزمەتكە قويدى. ستارس يۇقىرى ئۆسۈم نىسبىتىنى زور كۈچ بىلەن ئاشۇرۇش ئارقىلىق پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلىمەكچى بولدى. ناھايىتى تېزلا، ستارس ۋە ماندېلا ئوڭچىلار ئەڭ قورقىدىغان كىشىلەرگە ئايلاندى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مىنىستىرلىرى ئېغىر چەكلىمە ئاستىدا قانداق ياشاشنى ئۆگىنىۋالدى. چۈنكى، سابىق ئىرقىي ئايرىمىچى ھاكىمىيەتنىڭ قەرز ئۆسۈمى نىسبىتىگە تۆلەيدىغان سوممىسىلا دۆلەت خامچوتىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگىلىگەنىدى. بىر قېتىم، ماندېلا ھەتتا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭمۇ مارشال پىلانىدىكىدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياردەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ كەتتى. 1993 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ماندېلا «دەۋر ھەپتىلىك گېزىتى» گە: «بىزنىڭ كۈتىدىغىنىمىز ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا زور كۆلەمدە ياردەم بېرىشىدىن ئىبارەت» دېدى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ناھايىتى تېز ئۆزلىرىنىڭ مالىيە جەھەتتە مۇستەقىللىقىنى ساقلىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى.

يول قويۇش پەقەتلا ئۇنۇم بەرمىدى. چۈنكى، ئەمەلىيەت ناھايىتى تېزلا ماندېلا تەشەببۇس قىلغان قايتا قۇرۇش ۋە تەرەققىيات پىلانىنىڭ پەقەتلا ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. پىلاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەش يىل ئىچىدە 1 مىليون تۇرالغۇ ئۆي سېلىش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى. يېڭى تېخنىكىلارنىڭ قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشلىتىلىدىغان ئەمگەك كۈچىنىڭ سانى يەنىمۇ ئازايدى. ئەمگەك كۈچىنىڭ قابىلىيىتىگە بولغان تەلەپ توختاۋسىز ئاشتى. بىراق، بۇ ھال كۆپچىلىك قارا تەنلىكلەردە تېپىلمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىزچىل تۈردە كوللېكتىپ ئىگىلىك تۈزۈمىنىڭ ياخشىلىقىغا چىن ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مىنىستىرلىرى بۇ خىل رېئاللىققا يۈزلەنمىسە بولمايتتى. خەلقئارالىق ئىقتىسادىي ئەندىزە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى خۇسۇسىي ئىگىلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، خادىملارنى قىسقارتىش، ئىلگىرىكى ئىرقىي ئايرىمچى ھۆكۈمەت كەلتۈرۈپ چىقارغان يۇقىرى چەكتىكى قىزىل رەقەمنى ئازايتىشقا مەجبۇرلىغانىدى.

ماندېلانىڭ يەنە بىر ئارزۇسىمۇ يوققا چىقتى. ئىرقىي ئايرىمچى ھۆكۈمەت تازا گۈللەنگەن 1960 ـ يىللاردا تۈرمىدىكى ماندېلا چەت ئەل مەبلىغىنىڭ زور كۆلەمدە ئېقىپ كىرگىنىگە شاھىت بولغانىدى. ئۇ چاغدا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئەمگەك كۈچى تەننەرخى تۆۋەنلەپ، خەلقئارادا ئالتۇننىڭ باھاسى شىددەت بىلەن

ئاشتى. بۈگۈنكى كۈندە ئالتۇننىڭ باھاسى توختىماستىن چۈشمەكتە، ئەمگەك كۈچىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى، مەبلەغ سالغۇچىلار ئافرىقىدىن بارا - بارا ئايرىلدى، ئۇلار جەڭ مەيدانىنى شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى مۆجىزىلىك ئىقتىسادىي گەۋدىگە يۆتكىدى. ماندېلا مەبلەغ جەلپ قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل ئاماللارنى قوللىنىپ، تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى كېڭەيتتى، خۇسۇسىي ئىگىلىك تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى بىلەن جاڭجاللاشتى. بىراق، ئاقىۋەتتە ئۇلار يەنىلا باشقا يەرگە مەبلەغ سېلىشنى تاللىدى. ماندېلا دۆلەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن ياخشى ساۋاق ئالغانىدى. شۇ يىلى دۆلەت ئۈنى تۈرمىگە قاماپ، ئۇنىڭغا ھاياتىنىڭ يېرىمىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇدى. بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتنىڭ خەلق تۈرمۇشىنى ياخشىلاپ، ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش ئىقتىدارىمۇ قالمىدى.

ئىنچىل ھالدا خەتەر ھالىتىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ماندېلا دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر جاي ئىدى. ماندېلا سابىق مىللەت نەيزىسى قوماندانى جو مودسىينى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەپ، ئافرىقىلىقلار تەرىپىدىن «قارا تەنلىكلەرنىڭ قەلبىگە ئىگە ئاق تەنلىك» دەپ ئاتالغان رونى كاسلىپرسنى ئۇنىڭ مۇئاۋىنى قىلدى. كۆپچىلىكنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىنى، سابىق دى كلېرك ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مارشالى، ئافرىقىلىقلارنى قاتتىق ئەيىبلىگەن گېنېرال مىنرېنىنىڭ داۋاملىق بەش يىل ۋەزىپە ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلغانىدى. سايلامدىن ئىلگىرى مىنرېن ماندېلاغا ياردەم قىلغاندەك تۇراتتى، ئەمدىلىكتە ئۇمۇ ماندېلاغا ساداقەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مودسى ۋە كاسلىپرس تېخىمۇ كۆپ ھوقۇقنى ئاددىي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان دۆلەت مۇداپىئە باش مىنىستىرى پىئېر ستەيىنگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ستەيىن ئىلگىرى ھاۋا ئارمىيە گېنېراللىقىغا تەيىنلەنگەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداقلا ئۇچىنچى خىل كۈچىنىڭ يەر ئاستى ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن ھاردىم ـ تالدىم دېمەي خىزمەت قىلغانىدى.

دۆلەت مۇداپىئەسى ئەڭ سەزگۈر ۋە قىيىن ساھە، بۇ ساھەدە بەك ئاسان سىياسىي ئۆزگىرىش پەيدا بولاتتى. كۆپلىگەن ئاق تەنلىك گېنېراللار چاڭگىلىدا كۈچلۈك ھەربىي ئىشلار تورىنى ئېگىلىگەنىدى. ئۇ يەردە مەخپىي ھەرىكەت، قورال ـ ياراغ سودىسى ۋە ئېشپىيونلار تىزىملىكى قاتارلىق زور مىقداردىكى مۇھىم ئۇچۇرلار يوشۇرۇنغانىدى. ئۆتمۈشتىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئاق تەنلىك ئارمىيە بىلەن ماسلاشمىقى ناھايىتى قىيىن ئىدى. شۇنداقلا ئۇلار تېخىمۇ قاتتىق تۈزۈم تەرىپىدىن چەكلىمىگە ئۇچراشنى خالىمايتتى. 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا دەم ئېلىشى ئاياغلاشقان 3000 نەپەر مىللەت نەيزىسى ئەسكىرى قىسمىغا قايتىشنى رەت قىلدى. ماندېلا ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلار ئەگەر بىر ھەپتە ئىچىدە قىسمىغا قايتمىسا، ئەرز قىلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇردى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىر ھەربىي ئەترەت تەشكىللەپ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر ئارمىيەسى ۋە قارا تەنلىكلەر ئارمىيەسىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. بۇ ھەربىي ئەترەت ئۇزاق ئۆتمەي ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارشىلىق ۋە ماسلاشماسلىق قىلمىشىغا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى ناۋادا نامىبىيە ھۆكۈمىتىدەك قىلالىساق، ئەنگلىيەنى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتناشتۇرالىساق تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى، دەپ قارىدى. ماندېلا ئاخباراتقا مۇناسىۋەتلىك دوكلاتتا مىنۇت ـ سېكۇنت يېقىنىدىن ئېتىبار بەردى. ئۇ تېخىچە مىنىرېن گېنېرالنىڭ ساداقىتىگە ناھايىتى ئىشىنەتتى. بەلكىم ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى بىر ئاز ئېشىپ كەتكەن بولغىيدى.

پۈتۈن دۇنيادىكى سودىگەرلەر، دىپلوماتلارنىڭ ھەممىسى ماندېلا ھۆكۈمىتىگە، بولۇپمۇ چىرىك مەلۇماتلارغا يېقىندىن

نەزەر سالدى. ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭمۇ نېگىرىيە، كېنىيە قاتارلىق ئەسلىدە جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى بولغان دۆلەتلەردەك ئىقتىسادىي پاتقاققا پېتىپ قېلىپ، ئاخىردا پاتقاقتىن چىقالماي قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ماندېلانىڭ قولىغا ئالغىنى ئاشۇ شىمالىي ئافرىقىدىكى قوشنىلىرىدىنمۇ بەك چىرىكلەشكەن دۆلەت ئىدى. ئۇ دۆلەتلەر نىسبەتەن پاك مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قولىدىن ئېلىنغانىدى. ئەمما، جەنۇبىي ئافرىقا تارىختىن بۇيان پارىخورلۇق ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىدى. 19 ـ ئەسىردىكى كېرۇگ جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ پارىخورلۇقتا سېسىق نامى پۇر كەتكەنىدى. ماندېلانىڭ ناھايىتى ماس كەلگەن بىر باھا سۆزى بولۇپ، ئۇ ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمەت «چىرىكلىك جەھەتتە قىلچە بىخەستەلىك قىلمايدۇ» دەيتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىر جەھەتتىن تازىلىشى كېرەك بولغىنى پرېتورىيەنىڭ چوڭ كۆلەملىك پارىخورلۇق تورى بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن قارا تەنلىك مۇستەبىتلەر قۇرغان، بەكلا يۇقۇملانغان بانتۇستان ھاكىمىيىتى ئىدى. بۇگۈنكى كۈندە، سودا جەھەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇش، بولۇپمۇ قىمار مەيدانلىرىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئاق تەنلىك كارخانىچىلار سىياسىيونلارغا پارا بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى يولدىن چىقىرىشقا باشلىدى. 1997 ـ يىلى 8 ـ ئايدا چىرىكلىككە مۇناسىۋەتلىك بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، جەنۇبىي ئافرىقا تەكشۈرۈلۈشكە قاتناشقان 52 دۆلەت ئارىسىدا 33 ـ ئورۇنغا تىزىلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا دانىيە 1 ـ دەرىجىگە، نېگىرىيە ئەڭ ئاخىرقى دەرىجىگە تىزىلدى.

ماندېلا ئۆز نەپسىدىن كېچىپ خەلق ئۈچۈن ئىشلىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئاددىي ـ ساددا ئىدى. شۇنداقلا ئۆز مائاشىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئۆز نامىدىكى بالىلار فوندىغا ئىئانە قىلاتتى. سايلام مەزگىلىدە، ماندېلا ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇرۇش يۇقىرى مائاشلىق راھەت تۇرمۇش دەۋرىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ ۋەدە

بەرگەنىدى: «بىز ھەرگىزمۇ يېيىشتە بار، ئىشلەشتە يوق بىكار تەلەپلەردىن بولمايمىز.» بىراق، ناھايىتى تېزلا، پارلامېنت ئەزالىرى يۇقىرى مائاش ۋە مائاشىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۆسۈشى سەۋەبلىك خەلقنى قاتتىق سۆكۈشكە ئۇچرىدى. تەنقىدلىگۈچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەن باش ئېپىسكوپ تۇتۇ ئىدى. تۇتۇ قىلچە تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماستىن ھۆكۈمەتنى سۆكۈپ: «ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ماشىنىنى توسۇشى، ئۆزىنىڭ بۇ ماشىنىغا چىقىشى ئۈچۈن ئىكەن» دېدى. ماندېلا تۇتۇنىڭ «مەسئۇلىيەتسىز قىلمىشى»غا دەرھال ئىنكاس قايتۇردى. ئۇ تۇتۇغا بۇ ئىشنىڭ مەخپىي ھالدا ئۆزىگىلا دېيىلىشى كېرەكلىكىنى، سەھنىگە ئېلىپ چىقىلماسلىقىنى ئېيتتى. تۇتۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ھالدىن ماندېلا ئۇنىڭ كىشىلىك پەزىلىتىدىن گۇمانلاندى. بىراق، ئىككىيلەن تېزلا يارىشىپ قالدى. ماندېلا تۇتۇغا تېلېفون قىلىپ: «سىز نېمىشقا ئاممىۋى سورۇندا ماڭا ۋارقىرايسىز؟» دەپ ئاغرىندى. ئاندىن كۈلۈپ كەتتى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، ماندېلا پارلامېنت ئەزالىرى ۋە پرېزىدېنتنىڭ مائاشىنىڭ تۆۋەنلىتىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. تۇتۇ ماندېلانىڭ قوماندانلىق ئىقتىدارىنى ھازىرمۇ چوڭ بىلەتتى. ئۇ: «ئەگەر بۇ كىشى بولمىسا، بۇ دۆلەت گۇمران بولىدۇ» دېدى.

ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمنىڭ مەبلىغىنى يۆتكەپ ئىشلەتكەنلىكى توغرۇلۇقمۇ ئەيىبلەشلەر بولدى. ئەيىبلىگۈچىلەر ئارىسىدا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ غەربىي كېيپتاۋنىدىكى رەھبىرى، جەنۇبىي ئافرىقا دېموكراتىك بىرلىكىگە كەلتۈرۈش فىرونتى بىرلەشمىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرسى بولغان ئېللىن بورساكنىڭ تەنقىدلىشى ئەڭ ئېغىر بولدى. بورساكنىڭ نىكاھتىكى ئۇخۇشسىزلىقى توغرىسىدىكى يامان خەۋەر ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، سايلامدىكى ماندېلا كۆپچىلىك خىزمەتداشلىرىنىڭ نەسىھەتىگە قارىماي، بورساك تەرەپتە

تۇرۇشنى تاللىغانىدى. كېيىن ماندېلا بورساكنى يەنە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش ئىشتابى جەنۋەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بورساكنىڭ قولى ئارقىلىق جەنۇبىي ئافرىقىغا ياردەم بېرىش ئورگىنى ئىز - دېرەكسىز يوقالدى. شۇنداقلا يوھاننىسبۇرگتىكى بىر يەرلىك قانۇن ئىشلىرى ئورنىنى تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى. تەكشۈرۈشتە ئايان بولدىكى، بورساك يۆتكەپ ئىشلەتكەن پۇلنىڭ ھەممىسىدە ئۆز يېنىنى تومىلىغانىدى. ئۆزىگە بىر يۈرۈش چوڭ ئۆي سېتىۋالغان، ئىككىنچى قېتىملىق تويىنىڭ چىقىمىنى مۇشۇ پۇلدىن ئىشلەتكەنىدى. ھۆكۈمەت تەرەپتىن كەلگەن بىر دوكلاتتا بورساكقا بولغان ئەيىبلەشلەرنىڭ قىلچە ئاساسى يوقلۇقى ئېيتىلغانىدى. ماندېلامۇ بورساكنىڭ گۇناھسىزلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. بىراق، نورمال قانۇن سىستېمىسىغا ئاساسەن، يەرلىك كىشىلەر ئامېرىكىدىكى بورساكنى تېخىچە ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش جىنايىتى بىلەن سوتقا ئەرز سۇندى. بورساك ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى، شۇنداقلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى غەربىي كېپتاۋىن ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇللا ئۆمەر ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئايرودۇرۇمغا چىقتى، شۇنداقلا ئۇنى قوللاش مەزمۇنىدا نۇتۇق سۆزلىدى. ئۆكتىچى پارتىيەلەر ماندېلانى پارتىيەگە بولغان ساداقىتىنى خەلققە بولغان ئىشەنچىنىڭ ئۈستىگە قويدى، دەپ ئەيىبلىدى. بىراق، بۇ ئىش ھەققىدىكى سوت تېخىچە داۋاملىشىۋاتاتتى. 1993 - يىلى 3 - ئايدا بورساك ئالدامچىلىق، ئوغرىلىق قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن ئالتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

ماندېلا ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ بىر يىلدىن كېيىن، دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شېرىن ئاي دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ئېلان قىلىندى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىسبىتى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، راندىنىڭ قىممىتى بارغانسېرى چۈشۈپ كەتتى. ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىكى ھەققىدىكى خەۋەرلەر تارقىلىپ، دوختۇرخانا ۋە مەكتەپلەردە توختاۋسىز قالايمىقانچىلىق كۆرۈلدى. ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئاغرىنىش سادالىرى ئەتراپنى قاپلىدى. لىبېراللىستلار پارتىيەسىدىكى زاتلار ئۆزلىرىنىڭ پىكرىگە سەل قارىغان ھۆكۈمەت ھەققىدە ھېچقانداق ئارزۇدا بولمىدى. باشقا ئاق تەنلىكلەر بولسا قارا تەنلىكلەر ھاكىمىيىتىگە ئەزەلدىن ئىشەنچ باغلاپ باقمىغانىدى. ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا جەمئىيىتى ناھايىتى ئۆزگىچە ئالاھىدە ھوقۇققا ئىگە جەمئىيەت ئىدى. بۇ يەردە قارا تەنلىكلەردىن كەلگەن رىقابەت يوق ئىدى. بۇ بىر خەلقئارا بازار سىرتىدىكى نىسبەتەن مۇستەقىل مەۋجۇتلۇق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاق تەنلىكلەرنىڭ بۈگۈنكى ئېچىۋېتىلگەن دېموكراتىك دۆلەتكە ۋە چوقۇم ئەركىنلىك رىقابىتىگە يۈزلىنىشى كېرەك بولغان رېئاللىققا كۆنىكى ناھايىتى تەس ئىدى. 1997 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كادىر ئاسمار: «ئىلگىرى پەقەتلا ئاق تەنلىكلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى قاپلىدى، ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلىكى ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارىتىلغان پاراۋانلىق سىياسەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتكەنىدى» دېدى.

بىراق، كۆپچىلىك قارا تەنلىكلەر ئۇنداق ئۈمىدسىز ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ نەزىرى ئېخمۇ يىراققا تىكىلگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئاساسلىق داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمىتى نامرات دېھقانلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىمۇ قاپلىدى، دېھقانلارمۇ تۇرۇبا سۈيىدىن بەھرىمەن بولدى. شەھەردىكى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەمۇ سودا ـ سانائەتتىكى گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. بىراق، ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ توختاۋسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى خىزمەتكە ئېرىشىش پۇرسىتى ئەمەلىيلەشمىدى، ئۇلار ئۈمىد قىلغان ئىستىقبالمۇ

كونسېرى خىرەلەشتى. چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا بولغان ئىشەنچى يوقالدى. «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 1996 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى دوكلاتىدىكىدەك: «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى يۇقىرىلاپ، خىزمەت تېپىش ئاستىلاپ كەتتى. هۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆي بېسىمىنى هەل قىلىش ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى، كۆپ سانلىق قانۇنسىز كۆچمەنلەر نامرات قوشنا دۆلەتلەردىن بۆسۈپ كىردى، بۇ ئەهۋاللارنىڭ هەممىسى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا بولىدىغان سودىدىكى ئىشەنچىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى.» 1996 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى «ئوتتۇرا مەزگىللىك خىزمەت نەتىجىسىنى باهالاش دوكلاتى»دا، ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئەجەللىك خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى بويىنىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى: «تۇنجى نۆۋەت هوقۇق تۇتقان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە نىسبەتەن، بىزنىڭ سىياسەت يۈرگۈزۈش جەريانىمىز داۋاملىق ئۆگىنىش ئەگرى سىزىقىدىن ئىبارەت... سەهنىگە چىققان دەسلەپكى چاغلاردا بىز قىيىنچىلىققا يولۇقىدىغانلىقىمىزنى پەرەز قىلغان. بىراق، ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قىيىنچىلىق بىز ئالدىن پەرەز قىلغاندىكىدىن كۆپ ئېغىر ئىكەن.»

سىياسەت يۈرگۈزۈش جەريانى ماندېلاغا نىسبەتەن توختاۋسىز ئۆگىنىش قىلىش جەريانىدىن دېرەك بېرەتتى. 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ماندېلا ئوچۇق هالدا: «ئەركىنلىكنى قوغداش ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن كۆپ تەس ئىكەن» دېدى. 1997 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ماندېلا ئاخىر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «ئاساسلىق ۋە جانغا تاقىشىدىغان» خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇ ئەڭ مۇهىم بولغىنى خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىشتا قەيسەر بولۇپ، شۇ خاتالىقىدىن ساۋاقتا ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كونا ئەزالىرىغا نىسبەتەن يەنىلا ساداقەت كۆرسىتىش هالىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدى. بۇ نۇقتىدا ئۇ ۋىننى، بانتۇ رومسا قاتارلىقلارغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى. ئۇلار ئاممىۋى سورۇنلاردا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىد قىلغانىدى. ماندېلا ھۆكۈمەتنى قايتا قۇرۇش سادالىرىنى باشتىن ـ ئاياغ پىسەنتىگە ئېلىپ قويمىدى. 1997 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پارلامېنت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ماندېلا: «مەن ئەسلىدە ئۆزۈم ئۈچۈن ئىچكى كابىنېتنى قايتا تەشكىللەشكە بىر باھانە تاپماقچى ئىدىم. مەن سۆزلەۋېتىپ بەزىلەرنىڭ مۇگدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرماقتىمەن.... بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن مەن كۆز ئالدىمدىكى ئۆلكە باشلىقلىرىغا ۋە ئاشۇ پارتىيەگە قارشى ئەزالارغا يېنىش ـ يېنىشلاپ قاراپ كېتىۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش! شۇڭا، مەن ئادىل بولۇش، ھېچقايسى تەرەپكە يان باسماسلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىم كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچكى كابىنېتنى قايتا تەشكىللەش يۈز بەرمەيدۇ.»

ماندېلانىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسكە بولغان ساداقىتى نادانلارچە تۇس ئالغان، ئۇنۇمدارلىقى تۆۋەن بولۇپ قالغانىدى، ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش قىلمىشىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا كەچۈرۈۋېتىشكە بولمىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدەك قىلاتتى. بۇ ھال ئۆكتىچىلەرنى، ھەتتا ئۇنىڭ بىر قىسىم خىزمەتداشلىرىنى غەزەپلەندۈرۈپ قويدى. ماندېلا ياش بىر ئەۋلاد سىياسىيونلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قارا نىيىتى ۋە غەرىزىدىن چۆچۈپ كەتتى ۋە ئۈمىدسىزلەندى. بىراق، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۇ ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى كەڭ قورساقلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئۆتمۈشتىكى دۈشمەنلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېپيېڭى بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم تارىخىي بۇرچى ئىدى.

# 36. كەچۈرۈم

ماندېلانىڭ ئۇلۇغلۇقىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئۇنىڭ ئۆزىنى زىندانغا تاشلىغان دۈشمەنلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىدى. بىراق، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بۇنداق رول ئېلىش جەھەتتە ئالاھىدىلىكى يوق ئىدى. زىندان ئازابىنى تارتىشتىن ئىلگىرى ماندېلا بىر زەربىدار كىشى ئىدى. شۇ چاغلاردا ئۇ دۈشمىنى بىلەن تۇتۇشقاندىكى ھېسسىياتتىن بەكمۇ ھۇزۇرلىناتتى. تۈرمە ھاياتى ماندېلاغا سىر ساقلاشنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقىنىدەك، يارىشىش ئىدىيەسىنى كېيىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا قوبۇل قىلغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ تەبىئىتى ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس ئىدى. بىرنەچچە تۈرمە خادىمى ئۇنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە بولغان كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ بارا ـ بارا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كەلگۈسىدىكى تىنچلىقى كەڭ قورساقلىق ۋە ئەپۇچانلىق ئاساسىدا قۇرۇلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇنىڭ سىياسىتىنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي كۈچى كىشىنى قايىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلىشنى بىلگەنلىكىدە ئىدى. ئانتونى لۇيىس ماندېلانى جورج ۋاشىنگتونغا ئوخشاش «ھېسسىياتى ناھايىتى كۈچلۈك كىشى ئىدى، بىراق پۈتۈنلەي يېڭى بىر دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلار ئۆز ھېسسىياتىنى باستۇرۇپ قويۇشقا رازى بولدى» دەپ يازدى.

ۋاشىنگتون، گارىبالدى، بولىۋار قاتارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش ماندېلامۇ بىر دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى ئىدى. ئۇلارغا ئوخشىمايدىغىنى، ماندېلا قوراللىق كۈرەش ياكى زورلۇق كۈچى ئىنقىلابى ئارقىلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىشىنىڭ نەتىجىسىنىمۇ ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى: «بىر يېڭى دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىشتا بەزىدە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، بەزىدە پەي سۈپۈرگۈچ كېرەك بولىدۇ.» ئىلگىرىكى جەنۇبىي ئافرىقا ھاكىمىيىتى ماندېلادىن سەككىز ياش چوڭ ئىدى. ئۇ ھۆكۈمەتمۇ بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ھېسابلىنىدىغان جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قان كېچىپ كۈرەش قىلغاندىن كېيىنكى مۇرەسسەچىلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. گەرچە ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى تەرىپلەشكە ئەرزىسىمۇ، بىراق بۇنداق قىلىشىنىڭ نەتىجىسى ئافرىقىلىقلارنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ مىللەتلىك دېموكراتىك جەنۇبىي ئافرىقا قۇرۇش بىر يېڭى ۋە ئاجىز ئۇقۇم ھېسابلىناتتى. زادى نېمىنىڭ كۆپ مىللەتچىلىك ئىكەنلىكى توغرۇلۇق تېخىچە ئاز بولمىغان ئىختىلاپلار مەۋجۇت ئىدى. ماندېلانىڭ بەكرەك ئېتىراپ قىلىدىغىنى تۇتۇ قاتارلىق كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان، كۆپ ئىرق كىشىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ھەسەن ـ ھۈسەن» دۆلىتى ئۇقۇمى ئىدى. بىراق، ئۇ كۆپلىگەن ئوڭچى نەزەرىيەچىلەر ئىلگىرى سۈرىدىغان «ئىرقتىن خالىيلىق» قا ئەزەلدىن ئىشەنمەيتتى. ماندېلانىڭ نەزىرىدىكى جەنۇبىي ئافرىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانى تېخىمۇ بەك ئاستا ۋە ئايلانما باسقۇچ ئىدى. بۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىسى ئىدى. ئالبېرت لۇتۇلىنىڭ ئېيتقىنىدەك: «باشلىنىشىدىلا دۆلىتىمىزنىڭ تارىخى توختاۋسىز ھالدا قەبىلىۋى، مىللىي ۋە دىنىي نىزالار تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلاندى. بىرلىككە كېلىش جەريانى بىلەن توختىماستىن ئارىلىشىپ كەتتى.» ماندېلا ئوخشىمىغان ئىرق ۋە قەبىلىلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرققە نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپىنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا

ئاگاھلاندۇردى. 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ماندېلا: «ھەرقانداق ھاكىمىيەتنىڭ ئالىمىشش باسقۇچىدا ھەرقانداق دۆلەتتىكى ئازسانلىقلار توپى ئوخشاش ھالدا مۇنداق سورايدۇ: «ئىسلاھات يېتىپ كەلگەندىكەن، ئۇنداقتا ماڭا، ئائىلەمدىكىلەرگە، مەن تەۋە بولغان توپقا، مېنىڭ دىنىي ئېتىقاد قىممەت قارىشىمغا، شۇنداقلا مېنىڭ ئىلكىمدىكى مال ـ مۈلۈككە قانداق تەسىر يېتىدۇ؟» ماندېلانىڭ كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغىنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىتتىپاقلاشقان ھۆكۈمەت ئىدى. بۇ ھۆكۈمەتتىكى ھەربىر كىشى ئۆز ـ ئۆزىگە: «مېنىڭ مەنپەئەتىم ھۆكۈمەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ» دەيتتى.

ماندېلا ئىتتىپاقلىققا ۋە ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەردىن ئىبارەت ناھايىتى خەتەرلىك ئاز سانلىقلار توپىغا بەكمۇ دىققەت قىلاتتى. ئۇ ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدىكى «ئىككى قولى قانغا بويالغان خىلمۇخىل كىشىلەرنى» ئۇنتۇيالمايتتى. بىراق، ئۇ ئۇلار بىلەن ئەپ ئۆتمىسە، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرمىسا بولمايتتى: «بىز باشقا بىر توپتىكى ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىغا كۆڭۈل بۆلىمىز.» كىنايىلىك تۇسكە ئىگە بولغىنى، دەل تۈرمىدىكى ئاشۇ كۈنلەر ماندېلانى ئاق تەنلىكلەر بىلەن تېخىمۇ بەك چىقىشىپ ئۆتىدىغان قىلىۋەتكەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر كۈنى نىيىتىدىن يېنىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسكە ۋە يېڭى ھۆكۈمەتكە ساداقەت كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان قىلىۋەتكەنىدى.

ماندېلانىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى، ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ يېتەرلىك سىياسىي مۇلاھىزىگە ئىگە بولغانلىقىدا ئىدى. ئۇ ئاق تەنلىكلەرنى بىر ـ بىرلەپ بىتچىت قىلىشقا موھتاج ئىدى. ئۇ كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى فېددى خارلىنبوگنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر تۈركۈم ئۇخچىلارنى چۈشىنىپ يەتتى. سايلام ھارپىسىدا ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ ناھايىتى تېز لا ياكى مەن بىلەن سۆلھى قىلىشنى ياكى تارىخ تەرىپىدىن تاشلىنىپ كېتىشنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ.» سايلامدىن كېيىن خارلىنىپ ھەقىقەتەن ماندېلا بىلەن دوستانە ھالدا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى، شۇنداقلا تارىخ سەھنىسىدىن ئاساسەن دېگۈدەك چېكىنىپ چىقتى. بىراق، ئاق تەنلىكلەر قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ تېخىمۇ بەك رادىكال رەھبىرى يۈرگېن تېربلانچ بىرياقتا قالدى، ھەممىنى بىزار قىلىدىغان تېربلانچ خارلىنبوگنى ساتقۇن دېدى.

ئەمەلىيەتتە ماندېلا جاپاغا چىداپ تۇرۇپ بىر قاتار ھەجۋىي تۈس ئالغان سىمۋوللۇق زىيارەتلىرى ئارقىلىق ئۆتمۈشتىكى دۈشمەنلىرىنى خاتىرجەم قىلدى. 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتا سەپەر قىلىپ، «قاقاس دالا» غا بېرىپ سابىق پىرېزىدېنت بوتانى زىيارەت قىلدى. بۇ چاغدىكى بوتا يەنىلا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە ياشاۋاتقاندەك ھالەتتە ئىدى. ئۇ ماندېلاغا ئۇنىڭ ئىلگىرى مەھبۇس ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئىچكى كابىنېتىغا بەند بولۇپ قالغانلىقىنى، ئەتراپىغا يىرتقۇچ ھىندىلار ۋە كوممۇنىستلاردىن تەشكىل تاپقان سۇيىقەستچى گۇرۇھنى يىغىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ: «ئۇلار سىزنى تۇگەشتۇرىدۇ» دېدى. ئىككىيلەننىڭ ئۇچرىشىشى سۈرەتكە ئېلىنىۋاتقانىدى، بوتا تېلېكامېرا ئالدىدا بارماقلىرىنى توختىماستىن پۇلاڭشىتاتتى، ماندېلا بولسا يول قويغان ھالدا بىر چەتتە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزى يۈزلەنگەن كىشىنىڭ ئاخىرقى ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئۇچىغا چىققان ئۆكتەملىكىنى بىلەتتى.

ماندېلا تۈرمىدىكى چاغلىرىدىن تارتىپلا ئۆزى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان كۆپلىگەن كونا رەقىبلىرىگە زەيتۇن شېخى سۇندى. ئاخبارات ئورگىنىنىڭ باشلىقى نېئىولا بانارد

ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندا، ماندېلا پرېتورىيەدە ئۇنىڭ ئۈچۈن خوشلىشىش زىياپىتى بەردى. زىياپەتكە روببېن ئارىلىنىڭ سابىق كوماندىرى ۋىلمىس قاتارلىقلار قاتناشتى. گېنېرال ۋىلمىس كېيىن ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا: «ھەممىلا كىشى بۇنداق كۈننى بېشىدىن كەچۈرۈۋەرمەيدۇ. بۇ مەن ئۈچۈن ناھايىتىمۇ گۈزەل بىر كەچۈرمىش» دېدى.

ماندېلا ئامنا كاجالىيەنىڭ ياردىمىدە كۆپلىگەن ئاق تەنلىك ۋە قارا تەنلىك رەھبەرلەرنىڭ ئاياللىرىنى ياكى تۇل خوتۇنلىرىنى زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ «يېڭى دۆلەتكە تېخىمۇ تېز ماسلىشىشى ئۈچۈن» ئىدى. 1995 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئامنا ماندېلا بىلەن بىرلىكتە شەرقىي كېيپتاۋىندىكى ئاق تەنلىكەر ئاپتونوم رايونى قاقاس ئاۋرانىيەگە قاراپ ئۈچتى. ماندېلا ئۇ يەردە ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان دوكتور ھېندىرى ۋېرۋوردىنىڭ 94 ياشلىق تۇل خوتۇنىنى زىيارەت قىلدى. ئايروپىلاندا قايتقۇچە ئامنا بىلەن ماندېلا ئاق تەنلىكلەرنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتكە ھەرگىزمۇ ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقى توغرۇلۇق مۇنازىرىلەشتى. بىراق، ماندېلا قەتئىي ھالدا: «ئۇلار شۇنداق قىلالايدۇ! ھامان بىر كۈنى خاتىرجەم ھالدا كۆز ئالدىدىكى ھەممىگە يۈزلىنەلەيدۇ» دېدى.

ئۈچ ئايدىن كېيىن ماندېلا پرېتورىيەدە 84 ياشلىق پوسسى يوتاغا زىياپەت بەردى. يوتا ئەينى يىللاردىكى رىۋونىيە سوتىدىكى شىكايەت قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سوتتا ھەيۋە قىلىپ، سوت مەيدانىدىكى مۇنازىرىدە جازا ۋە قورقۇتۇش خاراكتېرلىك سۆزلەرنى كۆپ قىلىپ، ماندېلانى بەكمۇ غەزەپلەندۈرگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە مېيىپ بولۇپ قالغان بۇ ئادۋوكاتقا يۈزلەنگەن ماندېلا خۇشامەت قىلغان ھالدا: «سىز قارىماققا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ياش ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان ھالەتتە تۇرۇپسىز» دېدى. يوتا ماندېلانىڭ كۆكسى ـ قارنىنىڭ كەڭلىكىگە ئۇزۇل ـ كېسىل قايىل بولۇپ: «بۇ دانىشمەن ماندېلانىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەمتەرلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى» دېدى.

ماندېلا يەنىلا ئاق تەنلىكلەرنى چوقۇم ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا تەسەللىي بېرىشتە چىڭ تۇردى. ئۇ بۇنداق قىلىش ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، ھالبۇكى قەيسەرانە ئىش دەپ قارىدى. بىر قېتىم ئۇ مەن بىلەن بۇ نۇقتىدا مۇنازىرىلىشىپ قالدى. ئۇ ماڭا: «ھە دېسىلا ئۆتمۈشتىكى ئازاب ــ ئوقۇبەتلىرىمىزنى سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. باتۇر كىشى ئۇلۇغ تىنچلىق ئۈچۈن كەچۈرۈمنى ھەرگىز رەت قىلمايدۇ» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كېلىشىم ئۇنىڭ سىياسىي ئىستراتېگىيەسىنىڭ ناھايىتى مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىناتتى. ئۇ ئاق تەنلىكلەر ئاممىسىغا قانچە چۆككەنسېرى، ئۇلارنى شۇنچە يېمىرىپ، بۆلۈۋېتەلەيتتى. ئەپۇ قىلىشمۇ ھوقۇقنىڭ ئىپادىسىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەپۇ قىلىش گۈزەل ئەخلاقنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر، ئەپۇ قىلىش كىشىگە ھوقۇق تارازىسىنىڭ ئاللىبۇرۇن باشقا تەرەپكە قىيسايغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ماندېلانىڭ خىزمەتداشلىرىدىن بىرسى: «سىز ئۇنىڭ بىر دانىشمەن ياكى ماكياۋېللىي ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئېنىقلىيالمايسىز» دېدى.

ماندېلادا ناھايىتى كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ئىنسانىيلىققا نىسبەتەن ئۈمىدۋار پوزىتسىيە بار ئىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ خىل ئۈمىدۋارلىقى ھەرگىزمۇ تۈرمە ھاياتى ئارقىلىق پەسىيىپ قالمىدى. ئەكسىچە تۈرمە ھاياتى ئۇنىڭ ئۈمىدۋارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەندى. بۇ ھال بەلكىم ماندېلانىڭ نېمە ئۈچۈن ئاق تەنلىكلەر بىلەن بۇنچە ئەپ ئۆتۈشنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن. ئۇ ھەممىشە قارشى تەرەپنىڭ دوست ــ دۈشمەنلىكىنى ئايرىماي تۇرۇپلا ئۇلارغا بولغان قوللىشىنى ئىپادىلەپ كېتەتتى. ئەڭ بىزار قىلىدىغان رەقىبى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ قارشى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيتتى. بەزىلەر ئېنىقلا ئالدامچى ئىدى، ئۇمۇ قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. بۇ ھال

ئۇنىڭ پاردەمچىلىرىنى ناھايىتى غەزەپلەندۈرۈۋېتەتتى. ئەھمەد كاترادانىڭ ئىشخانىسى ماندېلانىڭ ئىشخانىسىغا قوشنا ئىدى. كاترادا ماندېلانىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن ساختا دوستلىرىنىڭ ھىيلە - نەيرەڭگىنى قانداق چاغدا بىتچىت قىلىدىغانلىقىغا بەك قىزىقاتتى: «بۇرۇنقى نەچچە ئون يىل مابەينىدە ئۇنىڭ بىلەن يۈزەكىلا ئارىلىشىپ قويىدىغان كىشىلەر نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ‹سىرداش دوستى› بولۇپ قالىدۇ؛ ئۇ پۇرسەتپەرەسلەر ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئېيتمايدىغان رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قانداق خۇشامەت قىلىدۇ.» كاترادا ھەتتا ماندېلانىڭ بەك ئالدىراش ئىكەنلىكىدىن، قولىدا مۇھىم ئىش بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ كىشىلەرنىڭ سۈيىقەستىگە ۋە چۇشەنگىلى بولمايدىغان قەلبىگە دىققەت قىلمايۋاتقانلىقىدىن گۇمانلىناتتى.

ماندېلانىڭ بۇ خىل ھەجۋىي تۇسى قويۇق ئەپۇسى ئاق تەنلىكلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلىغان ئاق تەنلىكەرنىڭ كۆڭلى تىنىپ، بەكلا خۇشال بولۇپ كېتىشتى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ ئەپۇچانلىقى رادىكال قارا تەنلىكلەرنىڭ غەزىپى ۋە ھەسىتىنى قوزغىدى. ئۇلار پىرىپ بىدېنت ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن بىر يېپقا باغلاندى دەپ قارىدى. ماندېلا باشتىن - ئاخىر شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنەتتىكى، يارىشىش مۇقەررەر ھالدا ئىسلاھات ئىشىكىنى ئاچاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا قارا تەنلىكلەر ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئوخشاش ئىقتىسادىي ھوقۇققا ۋە خىزمەت پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيتتى. بىراق، ئاق تەنلىكلەر ماس ھالدىكى يول قويۇشنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتمىدى. بۇ ھالدىن ماندېلانىڭ بارا - بارا سەۋر - تاقىتى توشتى. 1996 - يىلى 2 - ئايدا ماندېلا پارلامېنت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مۇنداق دېدى: «ئۆتمۈشتە ئادىل مۇئامىلە قىلىنمىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كەڭچىلىك قىلىشنى، ئەپۇ قىلىشنى خالايدۇ. بىراق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەنپەئەتپەرەسلەر تەشەككۇر ئېيتىش بىلەنلا توختاپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆتمۈشتىكى يارا ئېغىزى ساقايمايلا قالماي، يېڭى دۆلەتنى قۇرۇشقىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.» قارا تەنلىك ۋەكىللەر ماندېلانىڭ سۆزىگە گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى، ئەمما ئاق تەنلىك ۋەكىللەر بوش چاۋاك چالدى.

ماندېلا تەنتەربىيەنى يارىشىش ۋە ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم بازىسى قىلغانىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاق تەنلىك تەنھەرىكەتچىلەر ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشاللىنىپ چۈمدى. ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى ھەرىكەتنىڭ قارشىلىقى ئاستىدا، جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەر خەلقئارالىق مۇسابىقە سەھنىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا يەنە بىر قېتىم ئۇلارغا قۇچىقىنى ئاچتى. ھەر خىل ھەرىكەتلەردە زەيتۇن توپ بىلەن ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن بولدى، شۇنداقلا كىشىگە ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىكلەرگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ئەسلەتتى. روببېن ئارىلىدا تۇرغان بىرەيلەن تۈرمە ساقچىسىنىڭ ئۆزىنى تېپىپ كامېر ئىچىدە يۇگۇرتۈۋەتكەنلىكىنى، بىرياقتىن تېپىپ، بىرياقتىن: «بىز ھازىر زەيتۇن توپ ئويناۋاتىمىز» دېگەنلىكىنى ئەسلىدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى زەيتۇن توپ گۇرۇپپىسىنىڭ ئىسمى «بۆكەن» ئىدى. بۇ ئىسىم ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھاكاۋۇر ۋە مەغرۇرلۇقىغا سىمۋول قىلىنغانىدى. شۇڭا، كۆپلىگەن قارا تەنلىكلەر بۇ ئىسىمنى ئۆزگەرتىۋېتىشنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، ماندېلا ئىسمىنىڭ ئۆز پېتى تۇرۇۋېرىشىدە چىڭ تۇردى. شۇنداق بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئامالىنىڭ بارىچە بۆكەن گۇرۇپپىسىنى ساقلاپ قېلىش ئويىدا بولدى. بىلىشىڭىز كېرەككى، بۆكەن گۇرۇپپىسىدىكى بىر نەپەر رەڭلىك ئىرقلىق ئەزادىن باشقا ئەزالارنىڭ ھەممىسى ئاق تەنلىك ئىدى. 1995 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يوھاننىسبۇرگتا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا لوڭقىسىنى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسىدە، خەلقئارالىق مۇسابىقە سەھنىسىگە قايتىپ

كەلگەن بۆكەن گۇرۇپپىسى يېڭى زېلاندىيە گۇرۇپپىسىغا جەڭ ئېلان قىلدى. مۇسابىقىلەشكەن ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى تەڭ ئىدى. ئاخىردا بۆكەن گۇرۇپپىسى غەلىبىگە ئېرىشتى. بۆكەن گۇرۇپپىسىنىڭ يېشىل رەڭلىك مۇسابىقە كىيىمىنى كىيىۋالغان ماندېلا مۇسابىقە مەيدانىغا كىرىپ، مۇسابىقە لوڭقىسىنى بۆكەن گۇرۇپپىسىنىڭ ھەيرانۇھەس قالغان گۇرۇپپا باشلىقى فىرانسىۋا پىرنانىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. مۇسابىقە كۆرۈۋاتقان كىشىلەر بىردىنلا جانلىنىپ كېتىشتى. پۈتۈن مەيداندا «نېلسون ! نېلسون !» دېگەن سادا ياڭرىدى. كوچىلاردىكى مەست بولۇپ قالغان ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەر بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى. مېھمانسارايلاردا قارا تەنلىكلەرنى كۆرگەن ئاق تەنلىكلەر ئۇلارغا ئاكتىپلىق بىلەن سالام بەردى. كلېركمۇ تەن ئالمىسا بولمايدىغان بىر ئىش: «ماندېلا بۇ ئارقىلىق مىڭلىغان زەيتۇن توپ ھەۋەسكارلىرىنىڭ چوقۇنۇشىغا ئېرىشتى.»

ئىرق ئايرىمايدىغان پۈتۈن خەلقنىڭ تەنھەرىكەت قىلىش يېڭى دەۋرى كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. قارا تەنلىك تەنھەرىكەتچىلەرنىڭمۇ بۆكەن گۇرۇپپىسىغا كىرىش ئۈمىدى بار ئىدى. بىراق، ھازىر خۇشاللىنىپ كېتىشكە بالدۇرلۇق قىلاتتى. جەنۇبىي ئافرىقا زەيتۇن توپ ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى لۇيىس لىئوت ئاق تەنلىك سودىگەر ئىدى. ئۇ 1970 ـ يىللاردىكى ھۆكۈمەتنى قوغداش ئۈچۈن قىلغان قەبىھلىكلەرگە قاتناشقانىدى. لىئوت قارا تەنلىكلەرنىڭ زەيتۇن توپ تەنھەرىكىتىگە قاتنىشىشىغا ناھايىتى قارشى تۇراتتى. شۇ سەۋەبلىك ئۈچ يىلدىن كېيىن جەنۇبىي ئافرىقا مەملىكەتلىك تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ھەر خىل ئىرق ۋە ھەر خىل رەڭدىكى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئارىلىشىشىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرگەندە، لىئوت ئۇلارنى سوتقا ئەرز قىلدى. سوت ماندېلانى سوتتا گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرتتى. ماندېلانىڭ ئادۋوكاتى ئۇنىڭ سوتقا چىقماسلىقىنى تەشەببۇس قىلدى. بىراق، ماندېلا قاـ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇنغا بولغان ھۆرمىتى سەۋەبلىك يەنىلا سوتقا چىقىشتا چىڭ تۇردى. بىراق، ئۇنىڭ ئويلىمىغان يېرى شۇ بولدىكى، سوتچى ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى لىئوتقا پايدىلىق دەپ قارىدى. مەملىكەتلىك تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى جەنۇبىي ئافرىقا زەيتۇن توپ ھەرىكىتىگە ئوپچە قارشى تۇرۇش ئۇچۇن قايتا چاقىرىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالدى. بۇنىڭغا نىسبەتەن لىئوت ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئازراقمۇ يول قويمىدى. ئاخىردا لىئوت خىزمەتداشلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. باشقا تەنتەربىيە كوللېكتىپلىرىنىڭ قارا تەنلىك تەنھەرىكەتچىلەرنى دۆلەت كوماندىسىغا قوبۇل قىلىشىمۇ بەكلا ئاستا بولدى. بۇ ئىش ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈردى. 1998 - يىلى 12 - ئايدا پارلامېنت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى لۇلۇ گوررىن گۇۋانا ھۆكۈمىتىنىڭ «پەقەتلا ئاق تەنلىك ۋەكىللەر كوماندىسىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا ۋەكىل بولۇپ مۇسابىقىگە قاتنىشىشىدىن ۋە كۇنبويى خەلقئارا جەمئىيەتتىن ئەپۇ سوراپ يۇرۇشىدىن ئاللىقاچان رايى يېنىپ كەتكەنلىكىنى» جاكارلىدى.

سىمۇۋوللۇق يارىشىش ۋە مىننەتدارلىق ئوبرازى ئاستىدا ئەمەلىيەت باشقا بىر مەنزىرە سۈپىتىدە ئىپادىلەندى. خىزمەت مەيدانىدا، كۆڭۈل ئېچىش مەيدانىدا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆپ ساندىكى ئاق تەنلىك سودىگەرلەر تېخىچە ھەرقانداق ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشكە، مىللەتلەر باراۋەرلىكىگە قارشى تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار قارا تەنلىكلەرنىڭ ئورنىنىڭ ئۆسۈشى ئۆلچەمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى، چىرىكلىشىش خەتىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارايتتى.

تاراتقۇلار ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى سېپى ئىدى. ئۇنىڭ ئاشكارىلاش نىسبىتى يۇقىرى، شۇنداقلا كۆزگە ئەڭ ئىتتىك چېلىقاتتى. ماندېلا تاراتقۇلارنى جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم كۆزنەك، دەپ قارايتتى.

بىراق، 1994 - يىلىدىن ئىلگىرى بارلىق تاراتقۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاق تەنلىكلەرنىڭ چاڭگىلىدا ئىدى. ھازىر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋولتېر سىسۇلۇنىڭ ئوغلى ۋېراك سىسۇلۇنى جەنۇبىي ئافرىقا رادىيو - تېلېۋىزىيە شىركىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بۇ شىركەتتە غايەت زور ئىسلاھات قىلىش ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقا رادىيو - تېلېۋىزىيە شىركىتى ۋېراكنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆز تارمىقىدىكى كۆپلىگەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنى سېتىۋەتتى. قارا تەنلىكلەرنىڭ چىرايى ۋە ئاۋازى تېلېۋىزور ئېكرانىدا قايتا پەيدا بولدى.

بىراق، كۆپ ساندىكى گېزىتلەر ئاق تەنلىكلەرنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماندېلا ئۇزاقتىن بېرى گېزىت ۋە تاراتقۇلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ كەلگەنىدى. 1950 - يىللاردا ماندېلا گېزىتنىڭ ئاشكارىلاش خۇسۇسىيىتى ۋە تاراتقۇ خەۋىرىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۈرەش قىلىشىدىكى مۇھىملىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىزچىل ھالدا مۇخبىر ۋە تەھرىرلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىغا تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشتى. ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن تىنچلىق سۆھبىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى سايلام جېڭىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ماندېلا ئۆز جەلپكارلىقى ئارقىلىق زور كۆلەملىك مۇخبىرلار توپىنى تەربىيەلىگەن ۋە ئۇلارغا ئىگە بولغانىدى. ئۇلار ماندېلاغا ياردەملىشىپ باشقا ھەرقانداق دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ھەسەت قىلىدىغان شانلىق ئوبرازنى تىكلىگەنىدى. بىراق، پرېزىدېنت بولغاندىن كېيىنكى ماندېلا كۆپچىلىك سىياسىيونلارغا ئوخشاش، باشقىلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتىنى تەنقىدلىشىنى ياقتۇرمايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ تاراتقۇلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆزگىرىشىنى رەت قىلغانلىقىنى، ئاق تەنلىكلەرگە زىيادە بولۇشۇپ، ئىزچىل ھالدا شەرمەندىچىلىك ۋە سەلبىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان تورىسى

خەۋەرلەرنى، بولۇپمۇ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى باسقانلىقىنى سۆكتى. بىر قېتىم خەۋەرلەرنىڭ ئادىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھەتتا ئۆزىنىڭ كۆندىلىك گېزىتىنى چىقىرىشنى ئويلىشىشقا باشلىدى. ماندېلا ئەنگلىيە باش ۋەزىرى تايىنى رولاند بىلەن ھەمكارلىق مەسىلىسى ئۈچۈن مۇزاكىرىلەشتى. بىراق، كۆپچىلىك ئۇنى بۇنداق گېزىتنىڭ ئاقىۋەتتە رىقابەتچىلىرىنىڭ ۋە ئېلان سودىگەرلىرىنىڭ «قاتتىق سۆكۈشى»گە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى.

ئەينى چاغدا ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بايانات ئەركىنلىكى تەھدىتكە دۇچ كەلگەنىدى. ماندېلا بولسا تاراتقۇ ۋە بايانات ئەركىنلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋاتاتتى. سايلامدىن ئىلگىرى ماندېلا كېيپتاۋندا خەلقئارالىق ئاخبارات جەمئىيىتىگە «تەنقىدىي خاراكتېرگە، مۇستەقىللىققا، ئىنقىلاش روھىغا ئىگە تاراتقۇ ۋاستىسى دېموكراتىيەنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدۇ» دېگەنىدى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئاق تەنلىك باش مۇھەررىرلەرنىڭ ۋە تاراتقۇلارغا ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ تەسىر كۈچىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى: «سوۋېتو خەلق گېزىتى»دىن سىرت، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بارلىق كۆندىلىك گېزىتلەرنىڭ ئالىي مۇھەررىرلىرىنىڭ ھەممىسى بىر قېلىپتا قۇيغاندەكلا ئوخشاشلىققا ئىگە ئىدى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاق تەنلىك، ھەممىسى ئەر، ھەممىسىنىڭ كېلىپچىقىش ئارقا كۆرۈنۈشى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىمۇ ناھايىتى ئوخشىشىدۇ.» ياكى تابو مبېكىنىڭ باش مۇھەررىرلەرگە ئېيتقىنىدەك: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار بىر ئانىنىڭ قورسىقىدىن چىققان.»

ماندېلا پرېزىدېنت بولغاندىن كېيىنمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا بايانات ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلدى. 1996 -

يىلى ئۇ مۇنداق دېدى: «ماڭا كېرەك بولغىنى ھەرگىزمۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ تىلى ياكى كانىيى ئەمەس. ماڭا كېرەك بولغىنى ئۇستىبېشى دۇرۇس بولغان ئەينەك.» بىراق، ئەھۋالدا يەنىلا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى، بۇ ھالدىن ماندېلانىڭ بەكلا ئىچى سىقىلدى. 1996 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇ تەھرىرلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ھازىر كۆپچىلىكتە تاراتقۇلار ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ قولىدا، دەيدىغان كۆزقاراش مەۋجۇت. بۇ كۆزقاراش بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېدى.

ئاگۇس گۇرۇھى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەڭ چوڭ گېزىتچىلىك گۇرۇھى ھېسابلىنىدۇ. يوھاننېسبۇرگتىكى مەشھۇر «يۇلتۇز گېزىتى» ئاگۇس گۇرۇھىنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. سايلامدىن كېيىن ماندېلانىڭ ماقۇللۇقى ئاستىدا ئىرېلاندىيە گېزىتچىلىك ماگناتى تونى ئاۋرېل ئاگۇس گۇرۇھىنى سېتىۋېلىپ، ئاگۇس گۇرۇھىنىڭ نامىنى مۇستەقىللىق گۇرۇھىغا ئۆزگەرتتى. ئاۋرېل ۋە باشقا گېزىتچىلىك غوجايىنلىرى بارا ـ بارا بىر تۈركۈم قارا تەنلىك تەھرىرلەرنى ۋە كۆپلىگەن قارا تەنلىك مۇخبىرلارنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. بىراق، ماندېلا بۇ خىل ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن گۇمانلىنىش پوزىتسىيەسىدە بولدى. 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ماندېلا تېلېۋىزوردا: «ناۋادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە گېزىتلەر ئاشۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىقى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قولىغا چۈشسە، بۇ ئىشلار شەكىل ئۈچۈن قىلىنغان، ھېچقانداق ئەمەلىي نەتىجىسى يوق ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ» دېدى. «سوۋېتو خەلق گېزىتى» نىڭ ھازىرقى رەئىسى نىسادور موترانا ماندېلانىڭ كونا دوستى ئىدى. ماندېلا دائىم نىسادور موتراناغا ئۇلارنىڭ گېزىتىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسكە غەيرىي كۆزقاراشتا ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. موترانا ۋە شىلىر لامفۇسا بىرلىكتە داڭلىق «ھەپتىلىك ۋاقىت گېزىتى» قارمىقىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

TML گۇرۇھىغا كىردى. ماندېلا بۇ ئىشتىن بەكلا نارازى بولدى. 1997 ـ يىلى ماندېلا چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى: «گەرچە ئۇ ئىككىيلەندە پاينى كونترول قىلىش ھوقۇقى بولغىنى بىلەن، بەزى ئىشلاردىكى قارار چىقىرىش ھوقۇقى ھەرگىز ئۇلاردا ئەمەس.» ئۇ ھەتتا قارا تەنلىك مۇخبىرلارنىڭ ماقالىلىرى يەنىلا مۇتەئەسسىپ ئاق تەنلىك باش مۇھەررىرلەرنىڭ ياردەمچىلىرى تەرىپىدىن خېلى بەكلا ئۆزگەرتىۋېتىلىدۇ، دەپ گۇمان قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئويدا بولۇشى ھەرگىزمۇ سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى: «ھەممىمىز ئاخبارات تەھرىراتىدىكى ئاشۇ ئىشلاردىن خەۋەردارمىز.» ماندېلا «شەھەر خەۋىرى»نىڭ قارا تەنلىك تەھرىرى كۇللا سىبىيانىڭ ئۆزى ھەققىدىكى باش سوتچىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىنى تەنقىد قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋىرىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ ئۇنىڭدىن ئاغرىندى. كېيىن ماندېلا سىبىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان 20 نەپەر قارا تەنلىك تەھرىر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن يارىشىپ قالدى. ئۇ، ئۇلارغا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە كېرەك بولغىنى «پەقەتلا كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان ئەرمەك ئىت» تىپىدىكى تاراتقۇ ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. بىراق، ئۇلار ماندېلانىڭ پەزىلىتىنى ھاقارەتلىگەن ۋە گۇمانلانغان چاغدا، ماندېلا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشقا پەقەتلا سەۋر قىلالمىدى.

مۇخبىرلار ماندېلانىڭ ئافرىقىدىكى باشقا رەھبەرلەرگە ئوخشاش ئۆكتىچىلەرنىڭ بايانات ئەركىنلىكىنى چەكلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ماندېلا بولسا ئۇلارغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن قايتا ـ قايتا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى: «بەزى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئەجەللىك خاتالىقلىرىنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ ئۆكتىچى پارتىيەنى باستۇرغانلىقىدا. بۇنداق قىلىش ئىسلاھات مېۋىسىنى يوققا چىقىرىدۇ.» ماندېلا ئۆزىنى بۇ ئىشلارغا ئىنكاس قايتۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار، دەپ قارايتتى. ئۇ سودا گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى كىم جونسقا مۇنداق دېدى: «ئەگەر مېنىڭ قىلغىنىمنى

توغرا ئەمەس دەپ ئويلىسىڭىز، دېيىشىڭىز كېرەك... شۇڭا، بىز نېمە ئويلىغان بولساق شۇنى دېيىشىمىزگە رۇخسەت قىلىڭ.» ماندېلا تاراتقۇلارنىڭ قوش ئۆلچەم قوللىنىشىنى تەنقىدلىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ بايانات ئەركىنلىكىنى قوغداپ، يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت پەقەت ئازراقلا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتسە، ئۇلار ھۆكۈمەتنى بايانات ئەركىنلىكىنى چەكلىدى، دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەتتە، ماندېلا باشتىن - ئاخىر ھەرقانداق شەكىلدىكى تەكشۈرۈشكە بەكلا قارشى ھېسسىياتتا ئىدى. ھەتتا شەھۋانىي ئەسەرلەرگە بولغان تەكشۈرۈشكىمۇ شۇنداق ئىدى. 1996 - يىلى ماندېلانىڭ بىر ئايال كاتىپى «شەھۋەتپەرەس مېھمان» ژۇرنىلىغا بېسىلدى، ژۇرنال يەنە چەكتىن ئاشقان ھالدا بۇ كاتىپنى: «نېلسوننىڭ مەشۇقى... پىرېزىدېنتنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغان شەھۋەتپەرەس كاتىپ» دەپ تەسۋىرلىدى. 1998 - يىلى 2 - ئايدا «شەھۋەتپەرەس مېھمان» تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ماندېلانى «بۇ ئايلىق ئېپلاس ئەر» دەپ باھالىدى. ئىچكى ئىشلار مۇئاۋىن مىنىستىرى لىندىۋېي سىسۇلۇ غەزەپلەنگەن ھالدا بۇ ژۇرنالنى: «ئېپلاسلىقتا ئۇچىغا چىققان، شەھۋەتخۇمارلىقتا كىشىنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرىدىغان ژۇرنال» دەپ ئەيىبلىدى، شۇنداقلا بۇ ژۇرنالنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشنى ئويلاشتى. ماندېلا بولسا ژۇرنالنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىغا كۈلۈپلا قويدى. ماندېلا بۇ ژۇرنالنىڭ «ئۆزىدىكى ئەخلاق قارىشى ۋە قىممەت قارىشىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش» نى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىچكى كابىنېت ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى جېكس گېۋىلنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، ماندېلا ھەتتا ئۇنىڭدىن: «بۇ ئايلىق ‹شەھۋەتپەرەس مېھمان› ژۇرنىلىنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟» دەپ سورايتتى.

ئەنئەنىۋى تاراتقۇلارغا نىسبەتەن ماندېلا تېخىچە ئېھتىيات بىلەن نەزەر سېلىش پوزىتسىيەسىدە ئىدى. 1997 - يىلى 12 -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايدا ماندېلا مۇتەئەسسىپ تاراتقۇلار ۋە ئىنقىلابقا قارشى كۈچلەرنىڭ بىرلىكتە كۆپ مىللەتلىك ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى بولغانلىقىنى ئەيىبلىدى. مافىكىڭدا ئېچىلغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسنىڭ 50 ـ قېتىملىق چوڭ يىغىنىدا ماندېلا كۆپچىلىككە: «دۆلىتىمىزدىكى كۆپ قىسىم ئاممىۋى تاراتقۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە قارشى تۇرىدىغان كۈچ قىلىپ بەلگىلىۋالدى. تاراتقۇلار دېموكراتىك تەرتىپ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىرقچىلىقتىن يامان سۈپەتلىك ئۆسمىگە ئۇرۇندى.» بىراق، ماندېلانىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى يەنىلا تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مېۋىسىنى قانداق مۇستەھكەملەش ئىدى. ماندېلا ئەڭ ئاساسىي ھوقۇقنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشىغىمۇ سەل قارىدى دەپ ئۆزىنى ئەيىبلىگەن كىشىلەرگىمۇ، كۇنبويى ئاق تەنلىكلەرگە تەسەللىي بېرىش بىلەن بەند بولۇپ يۈرگەن مۇخبىرلارغىمۇ ئوخشاشلا كەسكىن پوزىتسىيەدە بولدى. 1996 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ماندېلا تەھرىرلەرگە: «ئاشۇ قارا تەنلىك مۇخبىرلار دۆلەت قۇرۇش، كېلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە ماڭا ھۇجۇم قىلدى. بىراق، ناۋادا بۇلارنى ئاساسلىق دۆلەت سىياسىتىگە كىرگۈزمىسە، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز يەنە قانلىق قۇربانلىق بېرىشكە دۇچار بولىدۇ، پۈتكۈل دۆلەت ھەش ـ پەش دېگۈچە گۇمران بولىدۇ» دېدى.

ماندېلا تەشەببۇس قىلىدىغان كېلىشىم ئاددىي ھالدىكى كەڭچىلىك ۋە كەچۈرۈم بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. تۇمەنمىڭلىغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ۋە ۋاپات بولغان خىزمەتداشلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى زۇلمەتلىك جەمئىيەتنى بۇنداق بېزەپ كۆرسىتىشكە، قورقۇنچلۇق ئۆتمۈشنى ئاشۇنداق ئىقابلاپ، ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك تۇرۇۋېلىشقا ھەرگىزمۇ يول قويمايتتى. ماندېلا شۇنداق قارايتتىكى، گېتلېر يەھۇدىيلارغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەشەددىي تەنقىدىگە

ئۇچرايدىغان جىنايەتمۇ ئىرقىي ئايرىمىچىلىقتىن ئېشىپ كېتەلمەيتتى.» ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ قىلىشى كېرەك بولغىنى كەچۈرۈش بولسىمۇ، ھالبۇكى ئۇنتۇپ كېتىش ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1996 - يىلى 2 - ئايدا ماندېلا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن بۇيانقى ئەڭ بەس - مۇنازىرە قوزغىغان ئىسلاھات تەدبىرى، يەنى ھەقىقىي ئەھۋال ۋە ياراشتۇرۇش كومىتېتىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقتى.

بەلكىم كۆپلىگەن تەنقىدچىلەر ئۇنتۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، ھەقىقىي ئەھۋال ۋە ياراشتۇرۇش كومىتېتى «كېڭىشىش ئىنقىلابى» مۇشەققەتلىك تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىنىڭ مېۋىسى ئىدى. ۋاقىتلىق پىرېزىدېنت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دى كلېرك ۋە ئۇنىڭ مەخپىي قىسمى ئىزچىل ھالدا ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىشتا چىڭ تۇردى. بۇ ھال ماندېلانى بەكلا غەزەپلەندۈردى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمەتنىڭ «ئۆزىنى كەچۈرۈم قىلىش» قىلمىشىغا يول قويالمايتتى. كەسكىن مۇنازىرىدىن كېيىن دى كلېرك بىلەن ماندېلا ئاخىر بىردەكلىك ھاسىل قىلدى. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاشنى خالايدىغان، شۇنداقلا ئۆز قىلمىشىنىڭ سىياسىي غەرىزى بار جىنايەتچىلەرگە ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالايدىغان بىر كومىتېتنى بۇ ھەقتىكى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە مەسئۇل قىلدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى كۆپلىگەن رادىكال شەخسلەر بۇ قارارنى ھەددىدىن زىيادە سېخىيلىشىپ كەتكەنلىك، دەپ قارىدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى «ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى»نى ئەينى چاغدىكى نيۇرنبۇرگ سوتىدىكىدەك سوتلاشتىن ساقلىنالىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ھەققانىيەت ئۈچۈن قەستكە ئۇچرايدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى مەيدانغا چىقىراتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئادۋوكاتلىرى شەرقىي ياۋروپا، چىلى ۋە ئارگېنتىنا قاتارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆلەتلەرنىڭ ئەندىزىلىرى توغرۇلۇق كۆپ تەرەپلىمە چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بولسىمۇ «ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش ۋە ئۇنتۇپ كېتىش ئوتتۇرىسىدىكى» ئۇسۇل ئىدى. لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىغا ئوخشىمايدىغىنى، ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتى شەخسنى كەچۈرىدىغان ئەدلىيە ھوقۇقىغا، چاقىرتىش ھوقۇقىغا، خەلقنى يىغىپ گۇۋاھلىق بەرگۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. بىراق، كەچۈرۈم ئىلتىماس قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۆز ئەينى بايان قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنىڭ توپلىغان ماتېرىياللىرى، ئۆلارنىڭ قاتىللار ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلىرى تارىختىكى ھەرقانداق تەكشۈرۈشتىن تېخىمۇ تەپسىلىي ۋە ئېنىق، تېخىمۇ ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىك ئىدى. ماندېلا باش ئېپىسكوپ تۇتۇنى ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. مېتودىست چېركاۋىنىڭ باستېرى ئالكىس بوررىنى ئۇنىڭ مۇئاۋىنى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ھال شۈبھىسىزكى ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىغا بىرئاز دىنىي تۈس بەردى. دى كلېرك دەسلەپتە ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللىغان بولسىمۇ، بىراق، كومىتېت ئەزالىرىنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشى توغرۇلۇق ماندېلا بىلەن كەسكىن ئىختىلاپلىشىپ قالدى. تۇتۇنىڭ دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشى كېيىنكى كۈنلەردىكى ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىنى ئافرىقىچە ئۇيپچە سوتلاشقا، پاش قىلىش ئىشخانىسى ۋە ئەخلاق بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا ئايلاندۇردى. «ئۇبەنتۇ» دېگەن بۇ سۆز جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قانۇنىغا: «چۈشىنىش، ئەمما ئۆچ ئالماسلىق، گۇناھنى يۇيۇش، ئەمما قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتمەسلىك، بىراۋغا ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئەمما كۈچىگە تايىنىپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلماسلىق» دەپ

يېزىلغانىدى.

1996 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتى كېيپتاۋن ئەنگلىيە دۆلەت دىنى چېركاۋىدا تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ۋىننى ماندېلا قاتارلىق ھەرقايسى ئىرقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇراسىمغا قاتناشتى. ئەدلىيە مىنىستىرى ئابدۇللا ئۇمەر بۇ كومىتېت ئۈچۈن: «مەن سىلەرنى ھەقىقىي ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىلىشقا تەكلىپ قىلىمەن. ھەقىقىي ئەھۋال ئايدىڭلاشسىلا ھەقىقىي يارىشىش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. يەھۇدىي دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىق ئوخشىمىغان دىندىكى روھانىيلار ۋە پوپلارنىڭ ھەربىرى تەبرىكلەش سۆپىتىدە ئۆز دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابىنى ئوقۇدى. ماندېلا سەۋرچانلىق بىلەن نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم «بىز كەچۈرسەك بولىدۇ، ئەمما ئۇنتۇپ قالمايمىز» دەپ تەكىتلىدى. شۇنداقلا ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنىڭ ھېچقانداق سىياسىي مۇداخىلىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. تۇتۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە ماندېلا بىلەن ئىنچىك ھالدا مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ كەلدى. بىراق، دى كلېرك ۋە كۆپ ساندىكى ئاق تەنلىكلەر بارغانسېرى ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئوڭ ۋە سول قانىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە نەزەرگە ئېلىنغان ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتى بىر قاتار ئىسپات ئاڭلاش ئارقىلىق ماندېلانى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ سانلىق سىياسىيونلار تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك دەرىجىدىكى ۋەھىمىلىك خەۋەرلەرنى ئاشكارىلىدى. قانلىق زىيانكەشلىك قىلىش ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش قىلمىشلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرى جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئاغزىدىن چىقتى. شۇنداقلا تېلېۋىزور، رادىيو ۋە گېزىت ـ ژۇرنال ئارقىلىق خەلققە

www.uyghurkitap.com

ئۇقتۇرۇلدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى سىياسىي جىنايەت ئۆتكۈزۈشتەك شەرمەندىلەرچە تارىخقا ئىگە ئىدى. ئاخىردا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىر پارچە دوكلات چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. دوكلاتتا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى 22 نەپەر ئەزانىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش، ساتقۇنلۇق قىلىش، باسقۇنچىلىق قىلىش ياكى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق جىنايەتلىرىگە چەت ئەلدىكى جازا لاگېرىدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. بىراق، كۆپ ساندىكى ئىسپاتلار ئىرقىي ئايرىمچى كۈچ ئۆتكۈزگەن جىنايەتلەرگە قارىتىلدى.

ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىشقا قارشى تۇرغان رەھبەرلەر ۋە سىياسىيونلارغا نىسبەتەن نورمال قانۇنىي تەرتىپلەر ئارقىلىق ئەرز سۇنۇشقا بولاتتى. سابىق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى گېنېرال ماگنۇس مارىننىڭ باشقا كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە كۋازۇلۇناتال رايونىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىق سەۋەبلىك ئەرز قىلىنىشى بىر مەھەل زىلزىلە پەيدا قىلدى. مارىن ئاخىر جىنايىتى يوق دەپ قويۇپ بېرىلدى. بۇ ھال ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئوڭۇشسىزلىققا دۇچار قىلدى. بىراق، ماندېلا تېزدىنلا سوتنىڭ نەتىجىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدە چوڭ ئىلگىرىلەش روياپقا چىقتى. ئىرقىي ئايرىمچى ھۆكۈمەتنىڭ مەخپىي قىسمىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى قەست قىلغۇچى شېرىكلىرىنى ئىقرار قىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، قاتىللىق گۇرۇپپىلىرىنى مەشىقلەندۇرۇش ۋە تەشكىللەش بىلەن سېسىق نامى پۇر كەتكەن فراكپاراس جازا لاگېرىنىڭ غوجايىنى، يۇرگېن دې كېك شۇنداق ئاشكارىلاندى. يۇرگېن دې كېك دى كلېركنى ئۆزىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى غوجايىنى دەپ ئىقرار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ساقچى ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار بەس - بەس بىلەن جىنايىتىنى بويىنىغا ئېلىشقا باشلىدى. ئۇلار بىر قاتار تەشكىللىك خورلاش ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش قىلمىشلىرىنى

ئىقرار قىلدى.

ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتى مەسىلىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلاشقا تىرىشتى، شۇنداقلا سىياسىيونلارنى ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا قايىل قىلدى. بىر قىسىم سابىق مىنىستىرلار ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا كەچۈرۈم سورىدى. پېك بوتا ئىچكى كابىنېتنىڭ بارلىق مىنىستىرلىرى ساقچىلارنىڭ قىرغىنچىلىق قىلىش ياكى دۈشمىنىنى خورلاش قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغانلىقىدىن گۇمانلانغانلىقىنى، بىراق دەل ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى توسۇمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. سابىق جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرى ئادرىئان فۇلوك دەسلەپتە پەقەتلا: «يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى بىزلەر ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلماستىنلا بەزى قارارلارنى چىقىرىپ، مەلۇم كۆزقاراشتا بولغان» دېدى. بىراق، كېيىن بۇلارنىڭ دى كلېركنىڭ يوليورۇقى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. دى كلېرك تېخىچە تۈرلۈك ئاماللار بىلەن مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ يۈرەتتى. ئۇ «مىللىي پارتىيە ئۆتمۈشتە ئۆتكۈزۈپ قويغان كۆپلىگەن خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويدى. بىز بەكمۇ پۇشايمان قىلىمىز» دېدى. بىراق، ئۇ (سابىق) ھۆكۈمەتنىڭ ئاتالمىش «بىنورمال» سىياسىتىنى «قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، قاتىللىق، خورلاش، باسقۇنچىلىق قىلىش، زەربە بېرىش قاتارلىق ھېچقانداق قىلمىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ» دېدى. تەكشۈرۈش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دى كلېرك يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ مەخپىي قىسمىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە يوليورۇق بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىدى. تۇتۇ ھاياجان ئىلكىدە «پولاتتەك پاكىت تۇرغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ دى كلېركنىڭ بۇنداق ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋېلىشىدىن ئۇنى ھەقىقەتەن چۈشەنگىلى بولمايدۇ» دېدى.

پىرېزىدېنت بوتا رەھبەرلىكىدىكى مەملىكەتلىك بىخەتەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

كومىتېتىنىڭ 1980 ـ يىللاردا يۈز بەرگەن كۆپلىگەن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىدە باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتى بوتانىڭ سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بىراق، بوتا ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنى هارامزادىلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنىڭ دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ھۇجۇم قىلىپ، سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلدى. بوتانىڭ دوستى ماندېلانى بوتانىڭ ئىززىنى باسماسلىققا، بوتا ئۆزىنى تۈرمىگە سولىغاندەك، ئەمدىلىكتە بوتانى تۈرمىگە سولىماسلىققا ئاگاھلاندۇردى. ماندېلا ۋە تۇتۇنىڭ ھەر ئىككىسى مەسىلە بىر باشقا چىققاندا تىغ كۆتۈرۈپ چىقىشنى خالىمايتتى. ماندېلا ھەتتا بوتاغا ھەمراھ بولۇپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش يىغىنىغا قاتنىشىشنى خالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سوت مەھكىمىسى بوتانىڭ ئۆز تەكلىپىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىنى ئېيىبلىدى. بىراق، بوتا يەنىلا سوتقا چىقىشنى رەت قىلدى. ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتى ئېلان قىلغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، بوتا رەھبەرلىكىدىكى مەملىكەتلىك بىخەتەرلىك كومىتېتى دۈشمەنلەرنى ئۇزۇل ـ كېسىل «نابۇت قىلىش» قا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىكەن، شۇنداقلا «ئامال قىلىپ قارشى تۇرىدىغان، ئەمما قاماپ قويمايدىغان» كىشىلەرنىڭ تېزىملىكىنى تۈزگەنىكەن. ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دوكلاتىدا بوتا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدىكى «كىشىلىك ھوقۇققا ئېغىر دەرىجىدە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشى» ئوتتۇرىغا چىقتى. دوكلاتتا يەنە «بوتانىڭ يۇقىرىقى كىشىلىك ھوقۇققا تاجاۋۇز قىلىش قىلمىشى يۈز بېرىدىغان كەيپىيات ۋە مۇھىتقا ياردەم بەرگەنلىكى ۋە ئىلگىرى سۈرگەنلىكى، شۇنداقلا بۇ خىلدىكى قىلمىشلارنىڭ ھەقىقەتەن يۈز بەرگەنلىكى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بوتانىڭ يۇقىرىقى تاجاۋۇز قىلمىشلىرىدا باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بارلىقى» كۆرسىتىلدى.

1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنىڭ دوكلاتى ئاخىر ئاياغلاشتى. ھەجمى بەش جىلد كېلىدىغان بۇ دوكلات تەپسىلىي مەلۇماتلارنى ۋە تەكشۈرۈش ئانالىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۈستىدىن قىلىنغان ئېغىر شىكايەتلەرمۇ بار ئىدى. دوكلات ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن مىللىي پارتىيە ئوتتۇرىسىدا جەڭگى ـ جېدەل پارتلىدى. دوكلاتتا بومباردىمان قىلىش ۋەقەسىنى قانات ئاستىغا ئالدى دەپ ئەيىبلەنگەن دى كلېرك كېيىپتاۋىن ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ، ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنىڭ خۆكمىنى باستۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. دى كلېركنىڭ ئەرزى ئاخىر كۈچىنى كۆرسىتىپ، ئەڭ ئاخىردا بېسىپ چىقىرىلغان دوكلاتتىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۆچۈرۈۋېتىلدى. بىراق، كىشىنى تېخىمۇ ئەنسىرىتىدىغىنى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى دوكلاتتىكى قىسمەن مەزمۇنلارنى كۆرۈپلا، دوكلاتنىڭ ئېلان قىلىنىشىدا ئالاھىدە گۇۋاھلىقنى ئاڭلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلدى. ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ بۇ ئىشقا نىسبەتەن ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. بىراق، تۇتۇ رەئىس ئىنكار قىلىش ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن دوكلاتنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ماندېلانىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماستىن سوتقا ئەرز سۇنۇشنى قارار قىلدى. بۇ سەۋەبلىك ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ باش سېكرېتارى بىلەن تېلېفوندا بىر سائەت مۇنازىرە قىلدى. بىراق، كۈتمىگەن يەردىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى دى كلېرك يەتكەن ئارزۇغا يېتەلمىدى: ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىلتىماسى رەت قىلىندى. تۇتۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ «ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلەتكىنىدىن» ناھايىتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

غەزەپلەندى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئاگاھلاندۇرۇپ «تۇنۇگۈنكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بىر ئۆرۈلۈپلا بۈگۈنكى زۇلۇم قىلغۇچىغا ئايلاندى... بۇ خىلدىكى دېلو دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى جەنۇبىي ئافرىقىدا مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەردى. بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك ھېچ يېرى يوق» دېدى. تۇتۇنىڭ ئىنكاسى بەلكىم بىر ئاز چەكتىن ئېشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھەقىقەتەن ئەجەللىك خاتالىقتىن بىرنى سادىر قىلغانىدى. بەش جىلد كېلىدىغان بۇ دوكلات ئاقىۋەتتە ئۆز قەرەلىدە ئېلان قىلىنغاندا، ھەرقايسى تاراتقۇلاردىن كەلگەن سادالار بۇ تەكشۈرۈشنى ئەڭ ئاۋۋال ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى قىلغانلىقىنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىپ، پۈتۈن دىققىتىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ دوكلات نەتىجىسىنى باستۇرۇپ قويۇشقا ئۇرۇنغانلىقىغا قاراتتى. «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى»: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىر پارچە ئەۋرەت لاتىسى بىلەن ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇشقا، يارىشىش تەرەققىياتىنى توسۇشقا ئۇرۇندى. بۇ قىلمىشتىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىغا سېلىشتۇرغاندا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۆزىگە تېخىمۇ بەك ئىشەنمەيدۇ» دېدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تابو مېبېكىنىڭ بۇ ئىشقا نىسبەتەن باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. رەئىس ئىشخانىسىمۇ يۈرەكلىك ھالدا بايانات ئېلان قىلىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ھەرقانداق «مىللىي ئازادلىق كۈرىشىگە جىنايەت ئارتىدىغان قەبىھ قىلمىشلار» غا قاتناشمايدىغانلىقى ھەم قوللىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھالبۇكى، ماندېلا پۈتۈنلەي باشقىچە پىكىردە ئىدى. ئۇ ئۆز غەرىزىنى يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمىدى: ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ

ئىلگىرى ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىبېكىنىڭ قىلمىشىنىڭ بەكلا يۈزەكى بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ماندېلا ئەگەر ئۇلار دوكلاتنى تولۇق ئوقۇپ چىقسا، «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىنكاسىدىمۇ تۈپتىن ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى» ئېيتتى. ماندېلا بۇ چاغدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولغان كىشى ئۇچۇن دۆلەتكە ساداقەت كۆرسىتىش تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. 1991 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ماندېلا ماڭا: «مەن بۇ دۆلەتنىڭ پرېزىدېنتى. ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنى مەن قۇرغان. ئۇلار ئۆز ۋەزىپىسىنى ئاجايىپ ياخشى ئورۇنلىدى، مەن ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشىنى تامامەن قوللايمەن» دېگەنىدى.

كېيىن ئىتتىپاقلىقتا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەرز ـ شىكايەت ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇش ئۈچۈن، كۆپچىلىك چوڭ كەچۈرۈم قىلىش ياكى قىلماسلىق توغرىسىدا كەسكىن مۇنازىرىلەشتى. 1994 ـ يىلى دى كلېرك تۈنجى نۆۋەت مەخپىي ساقچىلارغا چوڭ كەچۈرۈم ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ماندېلا بۇنىڭغا قارشى تۇردى. بۈگۈنكى كۈندە ماندېلا يەنىلا كەچۈرۈمنىڭ پەقەت يەككە شەخسكىلا قارىتىلىشى كېرەكلىكىدە چىڭ تۇردى: «مېنىڭ نەزىرىمدە، چوڭ كەچۈرۈمگە مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىشتا مۇزاكىرىلىشىشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇيمەن.»

ماندېلانىڭ بۇ مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى كۆپچىلىكنى ئەينى چاغدىكى ئۇنىڭدا نېمە ئۈچۈن قىسقا مۇددەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى بولغانلىقىدا تېخىمۇ ياخشى چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ دۆلەتنىڭ بىرلىكى مەسىلىسى نېمە ئۈچۈن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەپۇچانلىق ۋە ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىش ئاساسىدا قۇرۇلىدىغانلىقى توغرۇلۇق كۆپچىلىكنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىنىڭ قىلمىشى لايىقىدا بولمىغان بولسىمۇ، ماندېلانىڭ كۆزقارىشى كۆپچىلىك جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

ئۇنداقتا ماندېلانىڭ قەلبىدىكى كەڭ قورساقلىق زادى قانداق، ئافرىقىلىقلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرىدە زادى قانچىلىك دەرىجىدە كەڭ قورساقلىق مەۋجۇت؟ سامرا ماسىېرنىڭ تۇل خوتۇنى گراسانىڭ نەزىرىدە جەنۇبىي ئافرىقىلىقلارنىڭ قەلبىدە كەڭ قورساقلىق ۋە ئەپۇچانلىق چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى. بۇ هال پۇتكۇل ئافرىقىلىقلاردا بار بولغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەت ئىدى: «بۇ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە يىلتىز تارتقان ئامىل. بىز ھەر قېتىم مۇشۇنداق رىقابەتكە دۇچ كەلگەندە، قەلبىمىزنىڭ قات - قېتىغا سىڭىپ كەتكەن كەڭ قورساقلىق ۋە ئەپۇچانلىق بىزگە كۈچ ئاتا قىلىدۇ.» بىراق، ماندېلانىڭ يېتەكلىشى بولمىسا، كۆپچىلىكنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ ئىلمۇخىل بولۇپ كېتىدىغانلىقى گراساغىمۇ ئايان ئىدى: «ئۇنىڭ ۋەكىللىك قىلغىنى تېخىمۇ كەڭ مەنىدىكى كەڭ قورساقلىق، چۈشىنىش ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش. ئەگەر ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن تارقاتقىنى باشقا بىر تۈرلۈك خەۋەر بولغان بولسا، سىزگە شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ئۇ ھالدا بۇ دۆلەت بالا - قازاغا يولۇققان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ماندېلانىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئۇ ئۆزىگە كېرەكلىك چىقىش يولىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىپلا قالماي، ئەينى چاغدا ئۆزىنىڭ باشقىلارغا قانداق يول كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى، يول بويى كۆپچىلىككە قانداق قىلىپ خەلقنىڭ ھاياتىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا كېلىشىم ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقىنى ئايان ئىدى... بەزىلەر ئۇنى بەك يىراقلاپ كەتتى دەپ تەنقىدلىدى. بىراق، ئەگەر سىز بۇ دۆلەتنى ئېچىنىشلىق تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغان بولسىڭىز، مەيلى قانداقلا قىلماڭ، بەرىبىر ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايسىز.»

# 37. ئوگۇشلۇق پەيتتە خىزمەتتىن چېكىنىش

ماندېلا بىلەن دى كلېرك بىر ھۆكۈمەت ئىچىدە بىرلىكتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزمەكتە. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر تارىخىي تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ. ئىككىيلەننىڭ ئورتاق كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىش ئاساسىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرى كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىن كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماقتا. بىراق، بۇ ئىككى رەھبەر باشتىن ـ ئاخىر چىقىشالمىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، دى كلېرك ئۆزىنىڭ ئەمدىلىكتە پىرېزىدېنت ئەمەسلىكىدەك بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلمىقى ناھايىتى تەس ئىدى. ئۇ ماندېلا مېنى قەستەن نومۇستا قويىدۇ دەپ ئويلايدۇ. بىراق، ماندېلا بولسا دى كلېرك ئىچكى كابىنېتتا دائىم چاتاق تېرىپ، قەستەن ئىغۋاگەرچىلىك تۇغدۇرىدۇ؛ ئۇنىڭ پىك بوتا، لورېف مىر قاتارلىق مىللىي پارتىيەدىكى خىزمەتداشلىرىمۇ شۇنداق، دەپ قارايدۇ. ماندېلا بەزىدە توساتتىنلا قاتتىق غەزەپلىنىپ كېتىدۇ. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن سوغۇققانلىق بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. ئۇ دى كلېركنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىشىدا چىڭ تۇرۇۋېلا قالماي، ئۇنىڭ ئوينىغان رولىدىنمۇ مەمنۇن بولىدۇ.

1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ماندېلا يوھاننىسبۇرگتا نۇتۇق سۆزلەپ، مىللىي دېموكراتىك پارتىيەنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىدلىدى. بۇ ھال ئىككى تەرەپنىڭ جىددىي ھالەتتىكى مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. ماندېلانىڭ بۇ ئىشى دى كلېركنى بەكلا غەزەپلەندۈرۈۋەتتى. ئاخىردا، ئىككىيلەن چوڭ كۈچىدا قاتتىق جاڭجاللىشىپ كەتتى.

ئىككىيلەننىڭ بىر ـ بىرىگە ياۋۇزلارچە قول شىلتىشلىرىنىڭ ھەممىسى تاكى كېيىن بىر ماشىنا كېلىپ ماندېلانى ئەكەتكۈچە سىنغا ئېلىنىۋېلىنىدى. كېيىن ماندېلا دى كلېرككە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن چوڭ كوچىدا جاڭجاللاشقانلىقىدىن ناھايىتى پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق، ئۇ دى كلېركتىن ئەپۇ سورىمىدى. دى كلېرك ماندېلانىڭ ئىپادىسى ئۆزىنىڭكىدىنمۇ بەك رەھىمسىز بولدى، تۇرمە ھاياتى ئۇنىڭ قەلب يارىسىنى تاشقى كۆرۈنۈشىدىنمۇ بەك ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىپتۇ، دەپ قارىدى.

مىللىي پارتىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كادىرلار يىغىنىدا، دى كلېرك ئاۋارىچىلىككە يولۇقتى. مىللىي پارتىيە ئەزالىرى ئۇنى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۆز پارتىيەسىگە سەل قارىدى دەپ ئەيىبلىدى. 1996 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، نارازىلىق سادالىرى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە باشقا پارتىيەلەر ئورتاق ھالدا يېڭى ئاساسىي قانۇننى ماقۇللىدى. يېڭى قانۇننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مىللىي پارتىيە ئىلگىرى ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغاندىكىدەك ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن باشقۇرۇش ساھەسىدە ھوقۇقتىن تەڭ بەھرىمەن بولالمايتتى، ئۇلارنىڭ بىرلىكتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مۇددىتى 2004 ـ يىلىغىچە بولاتتى. يېڭى قانۇن ئېلان قىلىنىشى بىلەن، مىللىي دېموكراتىك پارتىيەنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى، بولۇپمۇ غەربىي كېيپتاۋىن ئۆلكىسىدىن كەلگەن ئەزالار قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دى كلېرك مىللىي پارتىيەنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلىپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ سۆز ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن، دى كلېركنىڭ ئىچكى كابىنېتتىكى ئالتە نەپەر خىزمەتدىشى قاتتىق ھەيرانلىققا چۆمدى. ئىچكى كابىنېتتا تۇرۇۋاتقىنىغا 19 يىل بولغان پىك بوتا بىردىنلا مىنىستىرلىق بىناسىنىڭ، ئىشخانىسىنىڭ ۋە خىزمىتىنىڭ يوق بولغىنىنى بايقىدى. لېئون

ۋېرىسىنىڭ مىنىستىرلىقتا تەيىنلەنگەنلىكىگە ئۇزاق بولمىغانىدى. ئۇ دى كلېركنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى چىقارمىدى دەپ قارىدى: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھۆكۈمىتى گەرچە ئۇنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن مەسلىھەت قىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولسىمۇ، بىراق ئۇ داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى داۋاملاشتۇرمىدى.» بىراق، تېخى 2 ـ ئايدا مىللىي دېموكراتىك پارتىيەنىڭ باش سېكرېتارلىقىغا سايلانغان لورېف مىر ئۆزىنىڭ ساتقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

دى كلېرك ھۆكۈمەتكە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلىقى توغرۇلۇق قەسەم بەردى. ئۇ ماڭا ئۆزىگە كېرەك بولغان نەرسىنىڭ «ھەقىقىي مەندىكى كۆپ پارتىيەلىك دېموكراتىيە ئىكەنلىكىنى، دېموكراتىيەنىڭ كاپالىتى بولمىسا، جەنۇبىي ئافرىقىدىمۇ باشقا ئافرىقا ئەللىرىدەك بىر پارتىيەلىك مۇستەبىت تۈزۈم ئورنىتىلىدىغانلىقىدەك خەتەرلىك ۋەزىيەتكە كېلىپ قالىدىغانلىقىنى» ئېيتتى. بىراق، قىسقىغىنا بىرنەچچە ئاي ئىچىدە، مىللىي پارتىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدا چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى: لورېف مىر خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۆز پارتىيەسىنى قۇرغىلى كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، دى كلېركمۇ سىياسىي سەھنىدىن چېكىنىپ چىقتى. كېيىن ئېنىقلىنىشىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستىنىڭ ئايالى ئېللىتا گوگىت بىلەن خۇپىيانە ئىشلارنى قىلغانىكەن. دى كلېرك ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئايالى مارىك بىلەن ئاجرىشىپ، ئېللىتا بىلەن توي قىلدى.

ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىغا نىسبەتەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى بەزى مىنىستىرلار ناھايىتى ئەپسۇسلاندى. بىر نەپەر ئىچكى كابىنېت ئەزاسىنىڭ ئېيتقىنىدەك: «كۆپچىلىك ئورتاق كۈرەش ئاساسىدا ئۆزئارا دوستلۇق رىشتىسى تۇرغۇزغانىدى. بىراق، ئىتتىپاقداشلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش دى كلېركنىڭ بۇ دۆلەتكە كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ زىيانكەشلىكىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.» ماندېلانىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇ ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ ئۇزاقراق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، ئۇ دى كلېركنىڭ ئىچكى كابىنېتتىكى تەسىر كۈچى تۆۋەنلىمەكتە، بۇ ھال «يېڭى بىر دەۋرنىڭ كەلگەنلىكى» دىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارىدى. ماندېلا دى كلېرك بىلەن بىللە ياشىغان كۈنلىرىنى ئەسلىمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، ئۇ دى كلېركنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە دۆلەتنىڭ بۆرىلىش جەريانىدىكى «قالتىس ئىپادىسى»گە يۇقىرى باھا بېرىدۇ. 1999 ـ يىلى ماندېلا مۇنداق دېدى: «بىز دى كلېركقا ۋە بىز بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، بۇ دۆلەتنى بىر مەيدان قانلىق ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلاپ قالغان بارلىق كىشىلەرگە چىن قەلبىمىزدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.»

مىللىي پارتىيەنىڭ چېكىنىشىدىن كېيىن، ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كېتەلىشىگە ناھايىتى ئىشىنىدىغانىدەك قىلاتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىلگىرىكى مىنىستىرلىرى داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىدى. چۈنكى، مىللىي پارتىيەنىڭ چېكىنىشى سەۋەبلىك بوش قالغان ئورۇنلارغا ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىنى سەپلىدى. تابو مبېكى ئەمەلىيەتتە بىردىنبىر مۇئاۋىن پرېزىدېنت بولۇپ قالدى. ماندېلانىڭ ھۆكۈمەتنىڭ كونكرېت ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشىنىڭ بارغانسېرى ئازىيىشىغا ئەگىشىپ، مبېكى تېخىمۇ يۇقىرى سىياسەت بەلگىلەش ھوقۇقىدىن بەھرىلەندى. مبېكى ئىزچىل ھالدا مىللىي پارتىيە بىلەن ئىتتىپاقلىشىش نەتىجىسىدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھەركىم ئۆز سەنئىگە دەسسىشىدىن ساقلىنىش ناھايىتى تەس، ھەم بەك پايدىلىق دەپ قارايتتى. مبېكى بۈگۈنكى كۈندىكى ئافرىقىلىقلار

مىللىي مەجلىسى ئاق تەنلىك مىنىستىرلار ئارقىلىق دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ قوللىنىشىغا ئېرىشىشكە ھاجەت ئەمەس؛ دۆلەت مەمۇرلىرى كىم پۇل بەرسە شۇنىڭغا ساداقەت كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەمدىلىكتە ئاق تەنلىكلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ئۇنچىۋالا ئەنسىرەپ كەتمەيدىغان بولدى. ۋولت سىسۇلۇ مۇنداق دېدى: «ئولۇڭ قانات كۈچلەر ھازىر ھېچقانداق تەھدىت شەكىللەندۈرەلمەيدۇ، ۋەزىيەت بىزنىڭ نىشانلىق تەرەققىياتىمىزغا پايدىلىق.»

دى كلېرك ئەسلىدىنلا بۇتىلىزىنىڭ ئىنكاتا لىبېرالىستلار پارتىيەسى بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەتتىن قول ئۈزۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ ھۆكۈمەتتىن چەك ئايرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بۇتىلىزىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن: «سىز قاچان چەك ئايرىماقچى؟» دەپ سورىدى. بىراق، بۇتىلىزى ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن ئۆز پارتىيەسىنىڭ ئۇنىڭدىن ھۆكۈمەتتىن چەك ئايرىشىنى تەلەپ قىلمىسىلا، ھۆكۈمەتتىن چەك ئايرىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇتىلىزى يەنىلا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتاتتى. بۇتىلىزى بىلەن ماندېلانىڭ مۇناسىۋىتىدە يېڭىچە ئۆزگىرىش يۈز بەرمىدى. كېيىن ماندېلا بىلەن مېبكى ئىككىيلەن بىرلىكتە قىسقا مۇددەتلىك چەت ئەل زىيارىتىگە چىقماقچى بولۇپ، ماندېلا بۇتىلىزىنى ئىجرائىيە پىرېزىدېنتلىقىغا تەيىنلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىغا ۋاقىتلىق مەسئۇل قىلدى. بۇ سەۋەبلىك ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتىدە بىر قەدەم ئىلگىرىلەش بولدى. بۇتىلىزى بۇ خىلدىكى ۋاقىتلىق رولدىن بەك رازى بولغاندەك قىلاتتى. ماندېلا بەزىدە بۇتىلىزىنى «ئىجرائىيە پىرېزىدېنت ئەپەندى» دەپ چاقىرىدىغان بولدى.

ناھايىتى ئېنىقكى، ئاللىقاچان 78 ياشقا كىرىپ قالغان ماندېلانىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى سورۇشتۇرۇشى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى. ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرسى:

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھۆكۈمىتى پارچىلانغاندىن كېيىن، ماندېلا ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان خىزمىتىدىن چېكىنىدى» دېدى. ماندېلا بۇ خىل غوجايىنلىقتىن چېكىنىش ھېسسىياتىدىن بەك ھۇزۇر ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساپ زىنىنەت بۇيۇمى ئىكەنلىكىنى ياكى سىمۋوللۇق دۆلەت مارشالى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە، ماندېلا مەمۇري مەنىدىكى پىرېزىدېنتقا ئەمەس، ئىش - ھەرىكىتىدىن ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم ئاستىدىكى پادىشاھقا ئوخشايتتى. ئۇ بارغانسېرى كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى مۇئاۋىن پىرېزىدېنت مبېكىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاشلاپ بەردى، ھەتتا دۇنيا بانكىسىنىڭ باش لىدىرىنى كۈتۈۋېلىشتەك مۇھىم سورۇنغىمۇ مبېكىنى ئەۋەتتى. مبېكى يەنە ماندېلاغا ۋاكالىتەن ئىچكى كابىنېت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بىراق، خىزمەتكە قويۇش ۋە ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن مۇھىم ھوقۇقلار يېخىچە ماندېلانىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ خىزمەتداشلىرىنىڭ ئارىسىدا ھەل قىلغۇچ بايانات ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئەگەر ئۇ خالىسىلا ئۆز خىزمەتداشلىرىنىڭ قىلمىشىغا ۋە پوزىتسىيەسىگە تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. چوڭقۇر كۆزەتكۈچىدىن بىرسى مۇنداق دېدى: «بۇ ھال ماڭا كىچىك چېغىمىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئۆي مۇشۇكىنى ئەسلىتىدۇ. قېرى مۇشۇك كۈنبويى كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ، كۆپچىلىككە قاراپمۇ قويمايدۇ. بىراق، ئۇ مىدىراپلا قالسا، كۆپچىلىك بەس - بەستە ئەس - ھوشىنى يوقىتىدۇ.»

گەرچە ماندېلانىڭ كونكرېت ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشى ئازىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، مەسىلىلەرنى يېخىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىش ئىرادىسىدە قىلچىمۇ تەۋرىنىش بولمىدى. 1996 - يىلى 7 - ئايدا دى كلېرك ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ماندېلا پرېتورىيە پارلامېنت سارىيىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە

ئۆزىنىڭ 78 ياشقا كىرگەن كۈنىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇ «كۈرەش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان كونا ئەسكەرلەرگە» زىياپەت بەردى. بۇ تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمىدا ماندېلا ئىككى تەرەپنىڭ مەسلىھەت ۋە سۆھبەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ بۇ مەيدان كۈرەشتە ئاتالمىش غەلىبە قىلغۇچى ۋە مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، بۇ ئاخىرقى ھېسابتا پۈتكۈل جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ غەلىبىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى: «بىز ئۆز پرىنسىپىمىزدا چىڭ تۇرۇشىمىز، بىراق رەقىبىمىزنى ھاقارەتلىمەسلىكىمىز كېرەك. ھاقارەتلىگۈچىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىش يوق.» ماندېلا دى كلېركنىڭ ھۆكۈمەتتىن چىقىپ كەتكەنلىكىدىن قىلچىمۇ ئەپسۇسلانمىدى. بىراق، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىنكاتا لىبېراللىستلار پارتىيەسى، پانئافرىقىلىقلار يىغىنى قاتارلىق كونا رەقىبلىرىنى ئۆزىگە تارتماقچىدى.

ئىككى يىل ئىلگىرى، ماندېلانىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ بىر قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇشتىن ئامان قالغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىسى يېپيېڭى ھالەتتە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ تىنچلىق بەرپا قىلغۇچىلىق سالاھىيىتىنى ۋە بۇرچىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە پېتىنالمايتتى. بىراق، ئۇ ھەردائىم شەخسكە چوقۇنۇش خاھىشىنىڭ كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن ھوشيار تۇراتتى. ئۇ ھەتتا بىر تەرەپتىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى سۆكۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنى ماختاۋاتقان كىشىلەرنى كۆپچىلىكنى پارچىلاش ۋە كۆپچىلىك ئارىسىغا ئىغۋاگەرچىلىك سېلىش غەرىزىدە دەپ گۇمان قىلاتتى. بەش ئاي ئىلگىرى ماندېلا مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ خىلدىكى قەھرىمانىغا چوقۇنۇش يۇزلىنىشىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى، مۇئاۋىن پىرېزىدېنت تابو مبېكى قاتارلىق ئافرىقا مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە چوڭ كۆلەملىك، تەشكىللىي شەكىللىك ھالدا

www.uyghurkitap.com

ھالاكەت ئەكېلىدۇ. بۇ ھالنى كىشى پەقەتلا قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇ خىل قىلمىش ھەرقانداق مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ گەپ ـ سۆز ئۆلچىمىگە خىلاپ، شۇنداقلا ھەرقانداق كىشى ئۆسەك سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى خالىمايدۇ.»

تاراتقۇلار ۋە كۆپچىلىك كىشىلەر ماندېلاغا خىزمەت مىقدارىنى ئازايتىشنى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن چېكىنىشنى نەسىھەت قىلدى. 7 ـ ئايدا تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن ماندېلا دەل ۋاقتىدا پاراستىنى ئىشلىتىپ، 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى قۇرۇلتىيىدىن ئىلگىرى ۋەزىپىدىن چۈشۈشنى قارار قىلدى. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ پرېزىدېنتلىق ئورنىغا نىسبەتەن، 1999 ـ يىلى ئۇنىڭ بىرىنچى بەش يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشاتتى. مەن ئۇنىڭدىن بۇنداق بولغاندا سىزنىڭ دۆلەت رەھبىرى بولۇش تەسىرىڭىز ئاجىزلىشىپ كەتمەمدۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇ ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن: «بىز بۇ دۆلەتكە خىزمەت ئورنىمىز ئارقىلىق ئەمەس، ئىدىيەنىڭ كۈچى ئارقىلىق رەھبەرلىك قىلىمىز» دېدى.

1997 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ماندېلا ئۆز قارارىنى سىرتقا ئېلان قىلدى. بۇ مۇقەررەر ھالدا سىياسىي جەھەتتىكى بوشلۇق ئېلىپ كېلەتتى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، تابو مىبېكى ماندېلانىڭ ئورنىغا كېلەر نۆۋەتلىك ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەئىسى بولاتتى. بىراق، بۇنداق بولغاندا مۇئاۋىن پرېزىدېنتنىڭ ئورنى بوش قالاتتى. ھەممىگە ئايانكى، مۇئاۋىن پرېزىدېنت پرېزىدېنتتىن پەقەتلا بىر قەدەم ئارقىدا تۇراتتى. بۇ ناھايىتى ھالقىلىق، شۇنداقلا سەزگۈر ئورۇن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قېتىملىق رەھبەرلىك كۈرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى.

مىبېكىنىڭ ھازىرقى ئورنىنى ناھايىتى ياخشى مۇستەھكەملەندى دېيىشكە بولاتتى. 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ ماندېلاغا ئۆزىنىڭ ئىزباسارىنىڭ مىبېكى بولىدىغانلىقى

ئايدىڭلىشىپ بولغانىدى. مىبېكىنىڭ كۆپلىگەن رىقابەتچىلىرى ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەنىدى. مىبېكىنىڭ رىقابەتچىلىرى ئارىسىدا باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ماندېلانىڭ ئارزۇلۇق بالىسى دەپ قارىلىدىغان نامزاتلار كۆپ ئىدى. شىلىر لامفۇسا يېڭى قانۇننىڭ ماقۇللىنىشىدىن كېيىن پارلامېنتتىن ئايرىلىپ، بىر ئۆرۈلۈپلا ئافرىقىدىكى ئەڭ چوڭ سودا گۇرۇھى ھېسابلانغان — ئافرىقا مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. لامفۇسا مىبېكى بىلەن ئۆزى ئارىسىدا ئېغىر ئىختىلاپ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ مۇنداق دېدى: «كۆپلىگەن مەسىلىلەردە بىزنىڭ پىكرىمىز بىر يەردىن چىقىدۇ. بىردىنبىر ئوخشىمايدىغان يېرىمىز ئاساسلىق ئوبيېكتىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ئىبارەت.» بىراق، ئۇ دوستلىرىغا ئون يىلدىن كېيىن سىياسىي سەھنىگە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. توكوۋ سىكسۋىل يوھاننىسبۇرگ تەۋەلىكىدىكى گاۋدىن ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە باشلىقى ئىدى. ئۇ ئىلگىرىمۇ مىبېكىنىڭ كۈچلۈك رەقىبلىرىدىن بىرسى ھېسابلىناتتى. توكوۋنىڭ چىھرىدىكى ئاق تەنلىكلەرچە تەبەسسۇم، شۇنداقلا قايىل قىلارلىق نۇتقى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تۈركۈم قوللىغۇچىلارنى جەلپ قىلغانىدى. ئۇ ئۇستىلىق قىلىمەن دەپ چاندۇرۇپ قويۇپ مىبېكىغا ھۇجۇم قىلدى. بىراق، مىبېكى قىلچە تەمتىرىمەستىنلا ئۇنى بىر تەرەپ قىلىۋەتتى. 1997 ـ يىلى 5 ـ ئايدا توكوۋمۇ سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ۋاز كەچتى.

ماندېلا ئىزباسار تاللاشتا تاللانغان ئىزباسارنىڭ چوقۇم ئۆزىگە ئوخشاش ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە سادىق بولۇشىنى شەرت قىلدى. ئۇنىڭ بەزى خىزمەتداشلىرى بۇنداق قىلىش بىرئاز چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىك بولىدۇ، دەپ قارىدى. ماندېلا بىر مەزگىل بانتۇ رومىساغا ناھايىتى دىققەت قىلدى. رومىسا ماندېلانىڭ ترانسكېيدىكى دوستى ئىدى. ئۇلار كۆپ يىللارنى بىللە ئۆتكۈزگەنىدى. ماندېلا رومىسانى مۇھىت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىدى. ماندېلانىڭ مىجەزى تۈز ئىدى، كىشىگە سەممىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ بەكمۇ ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ ۋىنىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى يېقىن ئىدى. بىراق، 1996 ـ يىلى 7 ـ ئايدا رومىسا ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىغا ئۆزىنىڭ مىنىستىر خىزمەتىدىكى، شۇنداقلا رەقىبى سىتىللا شىجكانىڭ قىمار ماگىناتى كرىچنېردىن پارا ئالغانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلا رومىسادىن كەچۈرۈم سوراشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ كەچۈرۈم سوراشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ماندېلا ئۇنى شۇ ھامان ھۆكۈمەتتىن قوغلاپ چىقاردى. رومىسا پۇتكۇل ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى كرىچنېرنىڭ پۇلى ئارقىلىق قۇرۇلغان، دېگەن گەپنى ئىنكار قىلدى. كرىچنېر ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە 2 مىليون راند ئىئانە قىلغانىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىنكاس قايتۇرۇپ، رومىسانىڭ «سېپى ئۆزىدىن ئالدامچى» ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. بىراق، ماندېلا كېيىن كرىچنېرنىڭ ئۆزىگە ئاستىرتىن راستلا شۇنچىلىك سومىدىكى پۇل بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە، كرىچنېر قولى ئوچۇق ساخاۋەتچىلەردىن ئىدى. ماندېلا ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغان ئىش، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا ناھايىتى قوپاللىق قىلدى. بىراق، ئۇ يەنىلا رومىسانىڭ ساتقۇنلۇق قىلىش قىلمىشىنى كەچۈرەلمەيتتى. رومىسا ھەتتا ماندېلا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشقىمۇ پېتىنالمىدى. ئاخىردا رومىسا ۋە مىللىي پارتىيەدىن كېلىپ چىققان سابىق مىنىستىر لورېف مىر بىرلىكتە «بىرلەشمە دېموكراتىيە ھەرىكىتى» دىن ئىبارەت يېڭى بىر پارتىيە قۇرۇپ چىقتى. بىرلەشمە دېموكراتىيە ھەرىكىتى جەنۇبىي ئافرىقىدا ھېچقانداق تەسىر پەيدا قىلالمىغان بولسىمۇ، بىراق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسگە ئاز بولمىغان ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بەردى.

مۇئاۋىن پىرېزىدېنتلىق نامزاتىنى سايلاش تېخىچە ئېنىق بولمىدى. بەزىلەر ماندېلانىڭ باش ئالاقە ئەمەلدارى جو نىچتىننى نامزاتلىققا كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق نىچتىننى ئەزەلدىن قوراللىق ماجىراغا قاتنىشىپ باقمىغانىدى. رەھبەرلىك قاتلىمى ئىچكى جەھەتتە ياكوب زۇمانى قوللايتتى. زۇما پارتىيەنىڭ رەھبىرى بولۇپ، كونا روببېن ئارىلى گۇرۇھىدىن ئىدى. شۇنداقلا كۋازۇلۇناتال رايونىدا تىنچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن تۆھپە كۆرسەتكەنىدى.

بىراق، كېيىن قورقۇنچلۇق چۇش كەبى نامزاتتىن بىرسى پەيدا بولدى. ئۇ بولسىمۇ ماندېلانىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى ئىدى. ھازىر ۋىننى مادگىزلا مادرا دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئايال سىياسىي سەھنىگە قايتىپ كەلگەنىدى. ئاشۇ شەرمەندىچىلىكلەرگە يولۇققاندىن كېيىن، ۋىننى تۆۋەن قاتلامدىكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە يەنىلا بىر قەھرىمان سۈپەت ئايال ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزگىچە كۆزقارىشىدىن، دەرىجىدىن تاشقىرى پاراسىتىدىن، بىشەملەرچە گەپ - سۆزىدىن ھۇزۇر ئالاتتى. ئارگېنتىنالىق بىللىن خانىمغا ياكى فىلىپپىنلىق مېردا ماكىسقا ئوخشاش، ۋىننىنىڭ ۋەكىللىك قىلغىنى قارا تەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى زېرىكىشلىك تۇرمۇشقا ۋە پاجىئەلىك كەچۈرمىشلەرگە بولغان ئېچىنىش ئىدى. ۋىننى يەنە بىر قېتىم ئىنقىلابنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىشىنى رەھىم قىلماستىن تەنقىدلىدى. 1997 - يىلى ۋىننى مۇنداق دېدى: «بىز ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ بۇ قەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. دېموكراتىيە تۆلىگەن بەدەل بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى.» 1997 - يىلى 4 - ئايدا ۋىننى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى. كېيىن ئاياللار بىرلەشمىسى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەجلىسى ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىنىدا، ۋىنىنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى تىنچ بولدى. ئەمما، ۋىننى 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى يوھاننىسبۇرگ «يۇلتۇز گېزىتى» دە خىزمەت قىلىدىغان دوستى نيوتتان كاخمانىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا بار كۈچى بىلەن ۋالاقشىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى قاتتىق سۆكۈپ، ھازىر «ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ ھەممىسى جىنايەتچىلەر» دەپ ئاغرىندى. ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنى «دېسموند تۇتۇ ۋە پىك بوتانىڭ تىل بىرىكتۈرۈشى ئاستىدىكى مۈلىكى» دەپ تەنقىدلىدى، شۇنداقلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى كەسكىن قارشى تۇرۇۋاتقان ئۆلۈم جازاسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مۇراجىئەت قىلدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بۇنىڭدىن بەكلا غەزەپلەندى. تەنتەربىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ستىف زىۋېيت: «ئاللىقاچان ئىنقىلاب سېپىدىن ئايرىلغان ئاشۇ كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇنداق يۇقىرى دەرىجىلىك ئادەمنىڭ ئىنقىلابقا بۇنداق گۇمان بىلەن قارىغانلىقىنى ئېسىمدە يوق» دېدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن زىۋېيت ۋىنىنىڭ «يۇلتۇز گېزىتى» دىكى زىيارىتىگە قارشى كۈچلۈك تەنقىد ماقالىسى يازدى. ئۇ ئاشۇ نارودنىكچىلارنىڭ تەكشۈرمەي تۇرۇپلا باشقىلارنى خالىغانچە باھالىشىنى تەنقىدلىدى. ئۇ ۋىنىنى «نەزىرىدە ھېچقانداق قائىدە ـ تەرتىپ يوق» ئايال، ئۇ «پىرېزىدېنتقا شۇنچىۋالا كۆپ دىشۋارچىلىق ئېلىپ كەلگەننى ئاز دەپ، ئەمدى يەنە پىرېزىدېنتنىڭ نامىنى بۇلغاشقا ئۇرۇنماقچى» دېدى. زىۋېيت ھۆكۈمەتنىڭ كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ: «بىز قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر يەنىلا كۆپلىگەن چەكلىمىلىك ۋە يېتەرسىزلىككە ئىگە» دېدى.

ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ۋىنىنىڭ

شاللاق ئۆتمۈشى يەنە ئوتتۇرىغا چىقتى. ۋىنىنىڭ سوۋېتولۇق دوختۇر ئابۇبېك ئاسۋاتنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش دېلوسى بىلەن چېتىشلىقى بولۇش مۇمكىنچىلىكىگە ئائىت يېڭى ئىسپات تېپىلدى. 1988 ـ يىلى ستومپېي سەففىي زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن ئىلگىرى ئاسۋات ئۇنى تەكشۈرگەنىدى. 1997 ـ يىلى 9 ـ ئايدا BBC ۋە SABC بىرلىكتە كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان تېلېۋىزىيە پىروگراممىسىنى تارقاتتى. پىروگراممىدا تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئەھۋاللار ئاشكارىلاندى. بۇ پىروگراممىنى مەيدانغا چىقىرىشنى دەسلەپتە ئەنگلىيەلىك ھەققانىيەتچى، رادىكال شەخس نىكىرلىن خانىم ئوتتۇرىغا قويغان، شۇنداقلا باشقىچە سىياسىي كۆزقاراشتىكى مۇخبىر بىردگلەند ئىشلەپ پۈتكۈزگەنىدى. پىروگراما بىلەن بىر قاتاردا ئوتتۇرىغا چىققىنى «كاددىسانىڭ سەپىرى»ناملىق كىتاب ئىدى. كىتابنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى كاددىسا چىبىخۇل بىلەن ئېلىپ بارغان زىيارەت ئىدى. كاددىسا چىبىخۇل دەسلەپتە ساقچى ئەترىتىدە خىزمەت قىلىپ، كېيىن ماندېلا بىرلەشمە پۇتبول كۇلۇبىغا كىرگەنىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، سەففىي زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن ئىلگىرى، ۋىنىنى پىچاق ياكى قايچىدەك بىر نەرسە بىلەن سەففىيگە ھۇجۇم قىلغانىكەن: «مەن ۋىنىنىنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ قولىدىكى ئەسۋابنى سەففىيگە ئىككى قېتىم تىققىنىنى كۆردۈم.» ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپاتسىز، شۇنداقلا نىكېرلىن خانىمنىڭ ئىجازىتىسىزلا، ماندېلا ئادەم ئەۋەتىپ كاددىسانى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى، كاددىسا لۇساكادىكى تۈرمىدە ئازاب چەكمەكتە دەپ ئېلان قىلدى. تېلېۋىزىيە پىروگراممىسى ۋە بۇ كىتاب ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا چوڭ زىلزىلە قوزغىدى. بىراق، بۇ پىروگراممىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەر ئىككىسى چەت ئەلدىكى ئوڭچى كۈچلەر ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن، ۋىنىنىنىڭ نامىغا ھېچقانداق تەسىر يەتمىدى، ئەكسىچە ئۇ تېخىمۇ قارشى ئېلىندى. ۋىنىنى كاددىسانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساراڭ، نىكىرلىنىنى «ئەسەبىيلەشكەن ئىنەك» دەپ قارايتتى.

پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزى ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىغا تىكىلدى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىردا، ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتى ستومپېينىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى ۋە باشقا قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دېلولىرى ھەققىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىشقا باشلىدى. ئىسپات ئېلىش ۋە ئىسپات ئاڭلاشنىڭ بارلىق جەريانى تېلېۋىزور ئېكرانى ۋە تاراتقۇلار ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى. ئون يىل ئىلگىرى سوۋېتودا يۈز بەرگەن قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يەنە بىر قېتىم قايتا تارتىپ چىقىرىلدى. گۇۋاھچىلار ئارقىلىق دېلو يۈز بەرگەن ئەينى چاغدىكى تۇتقۇن قىلىش، خورلاش ۋە ئۆلتۈرۈش قىلمىشلىرى ئەسلەندى ۋە تەسۋىرلەندى. قانلىق ھەقىقىي ئەھۋال يەنە بىر قېتىم ئاشكارا بولدى: گەرچە ھەرقايسى تەرەپنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى بەزىدە زىددىيەتلىك بولۇپ قالسىمۇ، بىراق بارلىق گۇۋاھلىق سۆزلىرى ئورتاق ھالدا مۇنداق بىر رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈردى: ناھايىتى ئېنىقكى، ۋىنىنى ۋە ئۇنىڭ قىزى زىنىز ۋەقەگە باشتىن ـ ئاياغ قاتناشقانىدى. بۇنچە كۆپ گۇۋاھلىق سۆزگە دۇچ كەلگەن ماندېلا بەكلا ئازابلىنىپ كەتتى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىش غەرىزى يوق ئىدى.

توققۇزىنچى كۈنى، يۈزى قېلىن ۋىنىنى خىجىل بولماستىن ئۆزىنىڭ ئىسپاتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋىنىنى «بۇ گۇۋاھچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يالغان سۆزلىدى» دەپ تۇرۇۋالدى. بىراق، ئۇ ئۆز ئىسپاتىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا گەپنى تېمىدىن ئەپقاچتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئۆزىنى جىنايەتتىن قاچۇرۇش ئىدى. ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنىڭ رەئىسى تۇتۇ ئاچچىقلانغان ھالدا، بىر گۇۋاھچىنىڭ ئاياللار مۇنچىخانىسىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئايالار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى تەرىپىدىن تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋىنىنى قاتىللىق ۋەقەسىدىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى، ئەمما ئۇنىڭدا ئۆكۈنۈش

كەيپىياتى يوق ئىدى.

بۇ چاغدا هاياجانلانغان تۇتۇ سۆز قىستۇرۇپ، ناهايىتى جىددىي هالەتتە تۇرغان سوراق جەريانىدىكى كەيپىياتنى ئۆزگەرتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ماندېلانىڭ ئايالى بىلەن بىر مەھەللىدە تۇرىدىغانلىقىنى، ۋىنىنىنىڭ ئۆزىنىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرسىنىڭ يېتەكچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. تۇتۇ يەنە ۋىننىنى «كۈرەشنىڭ مۇستەھكەم قوغدىغۇچىسى، ئازادلىق ئىشلىرىدىكى نۇقتىلىق شەخس... ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئىرقىي ئايرىمىچى هۆكۈمرانلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن» دېدى. تۇتۇ ۋىننىغا هېسسىيات ۋە ئەقىل بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇ ۋىنىنىنىڭ قىلغانلىرى ئۈچۈن ئەپۇ سورىشىنى ئۈمىد قىلاتتى: «سىز بىر قالتىس ئايال. ناۋادا سىز ئاددىي قىلىپ ‹كەچۈرۈڭلار، مەن خاتا ئىش قىلىپ قويۇپتىمەن. مېنى ئەپۇ قىلىڭلار› دەپ كەچۈرۈم سورىغان بولسىڭىز، تېخىمۇ قالتىسلىشىپ كەتكەن بولاتتىڭىز.» ۋىننى ئاتا سۈپەت تۇتۇغا رەھمىتىنى بىلدۈردى. ئۇ ستومپېينىڭ ئانىسىدىن ۋە ئاسۋات دوختۇرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن سەمىمىيلىك بىلەن كەچۈرۈم سورايدىغانلىقىنى ئېيتتى ــ «ھەقىقەتەن خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق بولدى» ــ بىراق، ۋىننى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا كەچۈرۈم سوراشنى رەت قىلدى. تۇتۇنىڭ ۋىننىغا بولغان هېسداشلىقى سەۋەبلىك كىشىلەر تۇتۇنىڭ ئوتتۇرا مەيداندىن گۇمانلاندى. بىراق، ۋىنىنىنىڭ هېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلماسلىق پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ مۇئاۋىن پىرېزىدېنتلىقىقا سايلىنىشىغا روشەن هالدا سەلبىي تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ 15 ـ قېتىملىق ئەزالار يىغىنى 1997 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا بوفۇتاتسۋاناغا قوشنا هېسابلانغان مافكىڭدا ئۆتكۈزۈلەتتى. يىغىندا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يېڭى رەھبەرلىرى سايلاپ چىقىلاتتى. ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبىرى سۈپىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەقىقىي ئەھۋال كومىتېتىنىڭ بۇ قېتىملىق گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بۇ قېتىملىق يىغىنىنىڭ ھەجۋىي باشلىنىش جېڭى دەپ ئاتاشقا بولاتتى. يىغىن باشلىنىشتىن ئىلگىرى ماندېلا ئۆزىنىڭ ۋەزىپىدىن چۈشۈپ كېتىشىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ توساتتىن ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ تېلېۋىزوردا: «تابو مبېكى بۇ دۆلەتنىڭ ھەقىقىي رەھبىرى. مەن بۇرۇنلا كۆپلىگەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا يۈكلەپ قويغان، سىياسىي ھوقۇقنىڭ ئالمىشىشى ناھايىتى تىنچ ھالەتتە بولىدۇ» دېدى. بىراق، ئەمەلىيەتتە ماندېلانىڭ ۋەزىپىدىن چۈشۈشى يەنىلا بىر مۇھىم بۇرىلىش ھېسابلىناتتى.

46 يىل ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ قېتىمقى يىغىن كۆلەم جەھەتتىن كۆپ زورايغانىدى. 46 يىل ئىلگىرى، ئافرىقىلىق ۋەكىللەر بلومفونتېيندىكى بىر زالغا يىغىلىپ پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. جەنۇبىي ئافرىقا ئىرقچىلىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشلانىدى. بۈگۈنگە كەلگەندە، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كەڭتاشا زالىغا سېرىق ئەتىرگۈللەر قويۇق تىزىلدى. زالنىڭ تۆت تېمىغا «بارلىق ھوقۇق خەلققە تەۋە» دېگەن لوزۇنكا ئېسىلغانىدى. 3500 نەپەر ئەزا بىر ئۆيگە يىغىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سېرىق رەڭلىك مايكىسى، بېشىدا يېشىل رەڭلىك كالتەك توپ شەپكىسى بار ئىدى. ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ناخشىسىغا غىڭشىيتتى. رەئىس سەھنىسىدىن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ قېرى، ئوتتۇرا ياش، ياش ئۈچ ئەۋلاد ئەزالىرى ئورۇن ئالدى. سەھنىدە ھايات ـ ماماتىغا قارىماي ماندېلا بىلەن بىللە بولغان، ئۇنىڭ بىلەن تۈرمە ھاياتىنى بىللە ئۆتكۈزگەن ئىنقىلابچى پېشقەدەملەردىن گوۋان

مىبكى، لېرموند ماخبا، ئاندرىۋ مىلانگىنىي قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. سۆسۆن رەڭلىك كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ رەئىس سەھنىسىدە ئولتۇرغان ۋىنىنى قارىماققا ناھايىتى ياش كۆرۈنەتتى. ئۇ ھەتتا مۇزىكىغا ماسلاشتۇرۇپ پىرقىراپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى.

بوي - بەستى يوغان مەدھىيە ناخشىچىسىدىن بىرسى قەبىلە كىيىمىنى كىيگەن ھالدا غادايغىنىچە زالغا كىرىپ كەلدى. ئۇ داغدۇغىلىق مەدھىيە تېكىستىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. تاۋۇشلار ئۇنىڭ ئاغزىدىن جۇشقۇنلۇق بىلەن دانىمۇدانە چىقتى، ئاخىرقى تاۋۇش بولسا نەي ئاۋازىدەك يېقىملىق چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن زال تىمتاسلىققا چۆمدى. ماندېلانىڭ ئورۇق بوي - بەستى كىشىلەر ئالدىدا زاھىر بولدى. سېرىق رەڭلىك مايكا كىيىۋالغان ماندېلا ئاستاغىنا رەئىس سەھنىسىگە چىقتى. ھەر خىل دىنىي ئېتىقادتىكى روھانىيلار بىر رەت بولۇپ تىزىلىپ، بەس - بەس بىلەن يىغىننى تەبرىكلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن رەئىس ياكوب زۇما ئاددىي ھالدىكى بەدەن قىزىتىشتىن كېيىن، پىرېزىدېنت ماندېلانى داغدۇغىلىق تونۇشتۇردى.

ماندېلانىڭ نۇتقى ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى. كىشىنى دىمىقتۇرۇپ قويىدىغان زالدا ئۇ تۆت سائەت ئۆرە تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلىدى. ئارىلىقتا چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن قىسقىغىنا ئارام ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كونا رەقىبى بۇتىلىزىدىن باشقا ھەممەيلەننى دېگۈدەك تەنقىدلىدى. ئۇ ئۆز پارتىيەسىنى ھەرقاچان چىرىكلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىكنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھ بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپ، گۇلدۇراس ئالقىش ساداسىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بەزى ئافرىقا دۆلەتلىرىدە «خەلقنىڭ قان تەرىنى شوراپ، مال - دۇنياسىنى شىلىۋالىدىغان نەپسانىيەتچى قەھرىمانلار» مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئەخلاقىي قايتا قۇرۇش ئارقىلىق ئافرىقىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ماندېلا كۆپچىلىكنى يەنە خىزمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ پۇل - مال توپلايدىغان «مەنپەئەتپەرەسلىك» تىن ئېھتىيات قىلىشقا ئاگاھلاندۇردى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتنى ۋە زېھنىنى ئاق تەنلىك پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا سەرپ قىلىش تەكلىپىنى بەردى. شۇنداقلا ئۇلارنى ئاق تەنلىكلەر پارتىيەسىگە قوش قوللاپ سۇنۇپ بەرمەسلىكنى ئۇقتۇردى. ئۇ تاراتقۇلارنىڭ ھە دېسىلا كونا تۈزۈم ۋە كونا قاراشلارغا ئېسىلىۋېلىپ، قارا تەنلىكلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشنى تەنقىدلىدى. «ئىنقىلاب مېۋىسىنى زىيانغا ئۇچراتقان» ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىمۇ تەنقىدلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماندېلا يەنە ئاساسلىقى ئاق تەنلىكلەر قوزغىغان ۋە شۇغۇللىنىۋاتقان «ئىنقىلابقا قارشى تۇرۇش تورى»نىڭ كۆپچىلىكنىڭ ئىشەنچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادقا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش قىلمىشلىرى ئارقىلىق جەنۇبىي ئافرىقىنى ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويماقچى ئىكەنلىكىدىن كۆپچىلىكنى ئاگاھلاندۇردى. شۇنداقلا مىللىي پارتىيە «بىزنىڭ پارتىيەمىزنى ئۇزۇل - كېسىل ئاغدۇرۇۋېتىشنى» ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنداقلا يېڭىدىن قۇرۇلغان بىرلەشمە دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ رەھبىرى مىر ۋە رومىسا «ئىككىسى ساۋاقداش، شۇنداقلا ئىككىلىسى ئىرقىي ئايرىمىچى ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە» دەپ كۆرسەتتى.

ماندېلانىڭ بۇ قېتىملىق نۇتقىنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى كەڭرى، چۈشىنىش قىيىن، بىر قارىماققىلا بۇ نۇتۇقنىڭ كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ھەمكارلىششى بىلەن روياپقا چىققانلىقىنى كۆرۈپ يەتكىلى بولاتتى. بۇنىڭ ئارىسىدا تابو مېبېكىنىڭ ئىزناسى ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىدى. بىراق، بۇ مەردانىلىك بىلەن تولغان گەپ سېتىش بولۇپلا قالماي، ماندېلا نۇتقىدا ئامېرىكىلىق كاتتىباش كاپىتالىست جورج سېروس ۋە داۋىد روكفېللىر قاتارلىقلارنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ،

يەرشارى ئىقتىسادى دۇچ كەلگەن خەتەرنى تەسۋىرلىدى. بىراق، ئۇنىڭ سۆزى ناھايىتى تېزلا ئاق تەنلىكلەر مېدىيا ۋاستىلىرى تەرىپىدىن ئاق تەنلىك دۈشمەنلىرىگە قىلغان ھۇجۇمى ۋە ئۇزاقتىن بېرى چىلىق تۇرۇپ كەلگەن مەۋقەسى، تەسەللى بېرىش پوزىتسىيەسىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ئاخىرلىششى دەپ چۈشەندۈرۈلدى. كونسېرۋاتىپلار گېزىتى ھېساپلانغان «پۈقرا گېزىتى» ماندېلانىڭ ھوقۇق تۇتقاندىن بۇيان قۇرۇپ چىققان ئاشۇ ھېسداشلىقىنى بۇ قېتىملىق نۇتقى ۋەيران قىلدى دەپ قارىدى. «سودا گېزىتى» مۇ ئاگاھلاندۇرۇش چىقىرىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر ماندېلا ئاق تەنلىكلەر ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق نامراتلارغا ياردەم بەرمەكچى دەپ قارىغان بولسا، بەك ئاق كۆڭۈللۈك قىلغان بولىدۇ.» جەنۇبىي ئافرىقا دېموكراتىيە پارتىيەسى بۇ ماندېلانىڭ ئەڭ تۆۋەن تەلىپىنى ئىپادىلەيدۇ، دېدى. ئەنگلىيەدە چىقىدىغان گېزىتلەرنىڭ تەنقىدى جاھاننى قاپلىدى. ئۇلار ماندېلانىڭ بۇ قېتىملىق نۇتقىنى «تىلى تەرسا، كىشىنىڭ ئىچىنى سىقىدۇ» («كۈندىلىك تېلېگىرامما گېزىتى»): «قىلچە مەنىسى يوق تەلىماتلار بىلەن تولغان»، «ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن قالايمىقان جۆيلۈشلەر بىلەن تولغان»، (مۇستەقىللىق گېزىتى) دېدى. ھەتتا ماندېلانىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئىتتىپاقدىشى «كۆزىتىش ئائىلە گېزىتى»مۇ بۇ قېتىملىق نۇتۇقنى «باشقىلارنى سۆكۈش بىلەن تولغان، كىشىنى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ» دەپ باھالىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، ماندېلانىڭ بۇ قېتىملىق نۇتقىدىكى ئىپادىسى ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى سىياسىيونلۇق ئوبرازىدىن بەك يىراقلاپ كەتكەندى. بىراق، ھېلىمۇ ياخشى بۇ ھەرگىزمۇ بىر قېتىملىق سىياسىي بايان ئەمەس ئىدى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇق تۇتۇپ ئۈچ يىلدىن بېرى دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرىنىڭ تەھلىلى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 16 ئايدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان سايلام ئۈچۈن چېلىنغان سىگنال ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ ئاخشىمى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ماندېلاغا بىر مەيدان مىللىي مەدەنىيەت نومۇرلىرىنى تەقدىم قىلدى. ماندېلا ئاخىر تاماشىبىنلار قاتارىدا نومۇر كۆرەلىگەنلىكىدىن راھەتلەندى. ئەسەبىيلەرچە دۇمباق چېلىشتىن كېيىن، خۇرۇم كۆڭلەك كىيگەن بىر توپ بويىغا يەتكەن قىزلار ئۇسسۇلغا چۈشتى. قولىدا پەي سۈپۈرگە تۇتقان، ئۇچىسىغا تېرە كىيىم كىيگەن بىر توپ زۇلۇ جەڭ ئۇسسۇلچىلىرىمۇ ئۇسسۇلغا چۈشتى، پارلامېنتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كۆپچىلىككە «زېمىنىمىزدا ھاياتلىق ياشنىسۇن» دېگەن ماۋزۇدا بىر شېئىرىنى تەقدىم قىلدى. مۇزىكانت ئابدۇللا ئىبراھىم قارا رەڭلىك كەڭتاشا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن ھالدا رويال بىلەن كىلاسسىك ناخشىلارنى ئورۇنلىدى. 50 - يىللاردىكى پېشقەدەم ئەسكەر، باش كانايچى جناس گېۋانۋامۇ ئەسەبىي جاز مۇزىكىسىغا چالدى. بارلىق ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سەھنىگە چىقىپ بىرلىكتە ئۇسسۇلغا چۈشتى. ياپونىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى بۇنىڭدىن بەكلا ھەيران قالدى.

ئىككىنچى كۈنىدىكى يىغىندا مېبېكى بىردەك ھالدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەئىسلىكىگە سايلاندى. 55 ياشلىق مېبېكىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد يادرولۇق ئورنى ئاخىر مۇقىملاشتى. مېبېكى قىسقىغىنا نۇتۇق سۆزلەپ، كۆپچىلىككە «ئىنقىلابنىڭ تېخى غەلىبە قىلمىغانلىقى»نى ئەسكەرتتى. بىراق، كىشىنىڭ قەلبىنى ھەقىقىي لەرزىگە سالىدىغىنى ئەمەلىيەتتە مۇئاۋىن پىرېزىدېنت سايلاشتىكى ماجىرا بولدى. ۋىنىنى نامزاتلىققا كۆرسىتىلدى. بىراق، ئۇ پەقەتلا 20 نەپەر ۋەكىلنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق بېلەت تاشلاشتا، ۋىنىنى پەقەت 3500 نەپەر ۋەكىل ئىچىدىكى 127 نەپەر ۋەكىلنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇ مېبېكىغا بۇ بېلەتلەرنى كىملەرنىڭ تاشلىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتتى. بىراق، مېبېكى بۇنى رەت قىلدى. تەلىپى رەت

قىلىنغان ۋىننى ناھايىتى غەزەپلىنىپ، ئىنغۋاگەرچىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى: «يولداش تابو، مەن بۇ يەردە زادى قانداق ئويۇن بارلىقىنى بىلمەكچى ئىدىم. مېنى نامزاتلىققا كۆرسەتكەن يولداشلارغا چوڭقۇر رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. مەن چېكىنگەنلىكىمنى جاكارلايمەن.» بىردىنلا تاماشىبىنلار ئارىسىدىن گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. ھەتتا بىرەيلەن ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى. ۋىننى كومىتېتتىكىلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ سۆيۈشكەندىن كېيىن، پېتىر موكابىبانىڭ ھەمراھلىقىدا رەئىس سەھنىسىدىن چۈشتى. موكابىبا مۇنداق دېدى: «ۋىننى چېكىنمىدى، ئۇ پولاتتەك جەڭچى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى چېكىنىپ چىقىشى ئۇنىڭ تەشكىلنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى چوڭقۇر سۆيگەنلىكىدىن بولدى.» ۋىننى كەتكەندىن كېيىن، بوم ئاۋازلىق ياكوب زۇما ئوڭۇشلۇق ھالدا مۇئاۋىن پىرېزىدېنت بولدى. ماندېلا تۈرمىدىكى چاغدا غەمخورلۇق قىلغان تېللا رېكتا زۇمانىڭ ئورنىغا پارتىيەنىڭ رەئىسى بولدى.

ھەقىقىي ھەيران قالارلىق خەۋەر يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى سايلىمىدا يۈز بەردى. ئىلگىرى كۆپلىگەن ئوبزورچىلار مىبېكى رەھبەرلىكىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تېخىمۇ بەك «پانئافرىقىزمچى» لىشىپ كېتىشىنى، ئاق تەنلىك ۋە ھىندىستانلىق ئىتتىپاقداشلىرىغا كەڭچىلىك قىلىش دەرىجىسىنىڭ تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى پەرەز قىلغانىدى. بىراق، ۋەكىللەرنىڭ كۆپىنچىسى ئافرىقىلىق ئىدى. ھازىرقى ۋەكىللەر تەشكىلىي جەھەتتە بەكلا كۆپ خىللىشىپ كەتكەنىدى. بۇ ھال ناھايىتى تېزلا پانئافرىقىزمچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئەدلىيە مىنىستىرى ئابدۇللا ئۇمەر، سۇ ئىشلىرى مىنىستىرى كادىر ئاسمار، مالىيە مىنىستىرى تېررىۋ مانيۇ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رونى كاسلىرس... قاتارلىق داڭلىق شەخسلەر ئوخشىمىغان ئىرقتىن كەلگەنىدى. ئۇلار ئارىسىدا

ھىندىلار، رەڭلىك ئىرقتىكىلەر ۋە ئاق تەنلىكلەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارشى ئېلىنمايدىغان قارارلارنى چىقىرىپ باققان، ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق مالىيە تۈزۈمىنى ۋە خۇسۇسىيلاشتۇرۇش قاتارلىق مۇتەئەسسىپ ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى قوللىغان، شۇ سەۋەبلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ماركسىزمچىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىدى. بىراق، يىغىننىڭ ئاخىرىدا ۋەكىللەرنىڭ بېلەت تاشلاش نەتىجىسى كۆپچىلىكنىڭ رەڭلىك ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بەردى. ئەڭ كۆپ بېلەتكە ئېرىشكىنى مبېكىنىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبى شىلىر لامفۇسا ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا كادىر، ئاسمار، ئۇمەر، كاسلىرس قاتارلىقلار ئىدى. ئەڭ كۆپ بېلەتكە ئېرىشكەن ئالدىنقى ئون نەپەر كىشىدىن پەقەت ئۇچەيلەنلا ئافرىقىلىق ئىدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرمۇ نارودنىكىزمچى يوق ئىدى، ئالدىنقى قېتىملىق سايلامدا بەشىنچى ئورۇنغا تىزىلغان ۋىننى بۇ قېتىم 15 - ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ۋەكىللەر سابىق ھۆكۈمەتكە تېخىمۇ بەك ئەمەل قىلاتتى. كوممۇنىزمچىلار ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان مۇتەئەسسىپ ئىقتىسادىي سىياسەت توغرىسىدىمۇ ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق ئىدى ئىلگىرى داغدۇغىلىق بىلەن كاپىتالىزمغا قارشى ھەرىكەت قىلغان ھاكىمىيەت ئەمدىلىكتە يەرشارى بازىرىنىڭ ئويۇنغا ئوخشايدىغان ئۆلچىمىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

يىغىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى كۆپ ساندىكى تاراتقۇلار يىغىن مەيدانىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ماندېلا كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېرىتىۋېتىدىغان نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆز پارتىيەسى بىلەن خوشلاشتى:

ۋاقىت ئادەمنى پىشۇرىدۇ. شەخسنىڭ تەقدىرى ھەرقاچان ئۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆسۈپ يېتىلگەن دەۋردىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشى دائىم مەلۇم بىر دەۋرنىڭ بەلگىسى ۋە سىمۋولىغا ئايلىنىدۇ. كۈچ ئۇلاش تاياقچىسىنى تاپشۇرۇپ بەرگىنىمدىن كېيىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە رەھمىتىمنى بىلدۈرىدىغان پەيت كەلدى، دەپ ئويلايمەن: ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ مېنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەنلىكىگە، مېنى بۇ پارتىيەنىڭ ۋەكىلى ۋە سىمۋولىغا ئايلاندۇرغانلىقىغا رەھمەت.

بۈگۈن بىز بۇ يەردە خوشلىشىۋاتىمىز. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا قابىلىيەتلىك ياش ئەۋلادلار — ئادۋوكاتلار، كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسلىرى، ئىقتىسادشۇناسلار، بانكىرلار، دوختۇرلار، سودىگەرلەر، ئىنژېنېرلار، ھەتتا ئادەتتىكى ئىشچىلار ۋە دېھقانلار — ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى يېتەكلەپ، يېڭى ئېراغا قەدەم قويۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇياشقا قاراپ ئويغىنىپ، كۈنۈنىڭ تاغ - دەريالىرى ئارىسىدا سەيلە قىلىشنى كۈتىمەن...

ماندېلا ئۆز ئىزباسارى مبېكىنى ماختىدى ۋە ئۇنىڭ تولۇق بېلەت بىلەن سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مبېكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

تولۇق بېلەت بىلەن رەھبەرلىككە سايلىنىشنىڭ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى ئېغىر. ئۇ ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە قارا چاپلىغان كىشىلەردىن ھېساب ئالسا، ئۇلارنى يالغۇز قويسا، ياتلارنى قىرىپ يوقاتسا، ئاندىن ئۆزى بىلەن ئوخشاش پىكىردىكىلەرنى ئەتراپىغا توپلىسا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى خىزمەتداشلىرىنىڭ ئەندىشىسىنى يوقىتىش. ئۇلار ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ كەينىگە تارتىشماستىن كەڭ - كۇشادە سۆزلىشەلەيدۇ.

ماندېلا چۈشەنچە بېرىپ، رەھبەر بولغۇچى «چوقۇم ھەرقايسى كۆچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى كېرەك. بىراق، پەقەت ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە ۋە قارشى تۇرۇش سادالىرىغا يول قويغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئىتتىپاقلىقنى روياپقا چىقارغىلى

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ... كىشىلەر قىلچە ئەندىشە قىلماستىن، ھېچقايسى تەرەپكە يان باسماستىن رەھبەرلەرگە باھا بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى تەنقىدلەيدۇ» دېدى. ئۇ كۆپچىلىككە ئەسكەرتىش بېرىپ مۇنداق دېدى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسنىڭ ئادەتتىكى ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن «مەن خاتالىقنى ئۆز ۋاقتىدا كۆرسىتىپ بېرىشكە، كەڭ - كۇشادە سۆز قىلىشقا تېخىمۇ ھەقلىقمەن.» بۇلارنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ماندېلا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «ئاكا - ئۇكا كارمازو» ۋە ناردىن گېدىمور ۋە ئۆز دوستى برام فېسمىرس پروتوتىپ قىلىنغان «بوگانىڭ قىزى» قاتارلىق كىتابلارنى ئېلىپ، كۇنۇغا روژدېستۋا بايرىمى ئۆتكۈزگىلى كەتتى.

ناھايىتى ئېنىقكى، مىبىكىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسلۇبى ماندېلاغا تۈپتىن ئوخشىمايتتى. مىبىكى ئىچ مىجەز، ئەپلاتونچى ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، كۈچلۈك خەلق ئاساسىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ ناھايىتى سۆزمەن، شېكىسپىر ۋە يېيتىزنىڭ ئەسەرلىرىنى قولىدىن چۈشۈرمەيتتى، سۆزلىسە باشقىلار ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلمەيتتى. بەزى ئافرىقىلىقلار بۇنىڭدىن ئاغرىنىپ، بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ ئەنگلىيەدە تۇرغان ۋاقتى بەك ئۇزاق بولغانلىقىدا، دېيىشەتتى. مىبىكى خەتەرلىك جايغا ھۇجۇم قىلىشقا تېخى كۆنۈپ بولالمىغانىدى، يەنى پەقەت ماندېلا بار مەيداندىلا شۇنداق قىلالايتتى. ئۇنىڭ جىسمىدا كۆپلىگەن پارتىزانلارچە رەھبەرلىك تامغىسى بار بولۇپ، ئۇ بەكلا ئېھتىياتچان ئىدى، باشقىلارغا ئاسانلىقچە ئىشەنمەيتتى، قارتا ئوينىغاندىمۇ قولىدىكى قارتىلارنى مەيدىسىگە چىڭ بېسىۋالاتتى. مىبىكى چەت ئەللەردە ئۇزاق ۋاقىت سەرگەردان بولۇپ يۈردى، ئۇنىڭدا كۆپلىگەن چەت ئەلچە ئارقا كۆرۈنۈش ۋە چەت ئەلچە قان بار ئىدى. شۇ سەۋەبلىك، ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ئۆز تېنىدە ئېقىۋاتقىنىنىڭ ساپ ئافرىقا قېنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش

كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئامالىنىڭ بارىچە ئاق تەنلىك سودىگەرلەر ۋە مۇخبىرلار بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلىدى، شۇنداقلا كۆپلىگەن قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئەزالىرىنى ئۆز مەسلىھەتچىسى بولۇشقا قىزىقتۇردى. قارا تەنلىكلەر ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى بەزىدە مىبىكىنىڭ «ئافرىقىنىڭ قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى»نى پەقەت ئافرىقىلىقلارلا قاتنىشىدىغان ھەرىكەت دەپ چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ ھىندى ۋە ئاق تەنلىك خىزمەتداشلىرى مىبىكىنىڭ مىللەتچىلىك قىلىشىدىن، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ باشقا ئافرىقا ئەللىرىگە ئوخشاش كۆپ مىللەتلىك ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ بارغانسېرى سۇسلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

مىبىكىنىڭ مىجەزى كۆپ جەھەتلەردىن قارىغاندا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەنئەنىسىگە ماندېلادىن يېقىنراق ئىدى. مىبىكى ئۆز يېتەكچىسى تامبونىڭ تەسىرىنى — ئۇنىڭ سۆزلەش ئۇسلۇبىنى، يول مېڭىش ھالىتىنى — كۆپ قوبۇل قىلغان، ھەتتا ئۇنىڭ خىزمەت قىلىش ئۇسلۇبىمۇ تامبونىڭكىگە ناھايىتى ئوخشايتتى. ئۇ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشتا سەۋرچان ھەم كەمتەر ئىدى. ئۇ پارتىيە ئىچىدىكى قارشى پىكىردىكىلەرگە دائىم بەكلا سەزگۈر ئىدى، شۇنداقلا ئۆزىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىشتەك خەتەرلىك كەيپىياتنى ۋە جىددىي ھالەتنى ئوڭشاشقا ماھىر ئىدى. بۇنى ئۇنىڭ ئەينى چاغدا بۇتېلېزىغا قول پۇلاڭلاتقىنىدىن كۆرۈۋپ يەتكىلى بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى توققۇز يىلدىكى ماندېلاغا ئوخشاش جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قەھرىمانى بولالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ماندېلا ئەينى چاغدىكى چېرچىلغا ئوخشاش خەتەرلىك پەيتلەردە بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پارتىيەسىگە ناھايىتى سادىق ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتى. ئەمەلىيەتتە، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى مىبىكى بىر قوللۇق قورۇپ چىققانىدى. بىراق، ئۇ

غەلىبە قازانغان قەھرىمانىنىڭ دەۋرىنىڭ ئاللىقاچان ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ غەزەپلىك ۋە ئۈمىدسىز سايلام خەلقىگە يۈزلىنىدىغانلىقىنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەتتى. مىبىكى ئامېرىكىلىق قارا تەنلىك شائىر لاڭستون خيۇسنىڭ شېئىرىنى نەقىل كەلتۈردى:

«گۈزەل چۈش كېچىكىپ كەلگەندە، ئىشلار قانداق بولىدۇ؟ نەتىجە شۇكى، گۈزەل چۈش پارتلاپ يوقىلىدۇ.»



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 38. گراسا

ماندېلا دۆلەت باشلىقى بولغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك غېرىبسىنىپ قالغاندەك، دوستلىرىمۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئازىيىپ كەتكەندەك تۇراتتى. فاتىمە مىل، ئامىنا كاجالىيە، بابالا ماسگارا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئايال دوستلىرى ئىدى. بىراق، ئۇلارمۇ بارا - بارا ماندېلانىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى سالاھىيىتىنىڭ ئۆتۈش قىيىن بولغان ھاڭ بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. فاتىمە ماندېلانىڭ خاگىسون ئۆيىدە ھېچكىم ئۇنىڭ ئىلگىرىكى دوستى ئەمەسلىكىنى بايقىدى. ماندېلا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن ئەمەس، تېلېۋىزىيە زىيارىتىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. نەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسى بار بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشقا ئاندا - ساندا چولىسى تېگەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ماكگاتو تېخىچە دۇرباندا قانۇن ئۆگىنىۋاتاتتى، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇنىڭ قىزى مىنگىنىڭ غەزىپى تولۇق يانمىغانىدى. مىنگى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆتمۈشتىكى خىلمۇخىل نارازىلىقلىرىنى سۆزلىۋېتىشتىن ئەنسىرەيتتى. ماندېلا ۋىنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىككى قىزى زىنىدىز بىلەن زامىي ئاتا - ئانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. بىراق، ئۇلار دادىسىغا بەكرەك يېقىن ئىدى. بىر قېتىم ماندېلانىڭ ئوماق نەۋرە قىزى روچىل مىترالا ماندېلانىڭ خاگىستوندىكى ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. بىراق، ئۇ ناھايىتى تېزلا بۇ يەردە كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆچۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ماندېلا مۇنداق دېدى: «كىشىلەر دائىم ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ مېنى ئىزدەيتتى، ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى تامامەن يوق بولغانىدى.»

ماندېلا گۈزەل ئاياللار بىلەن چېقىشىپ قويۇشنى ئۇنتۇمىغانىدى. ئۇ ۋىننى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، كېيپتاۋن ئايروپورتىدا ئىرېلاندىيە پىرېزىدېنتى مارىي روبىنسوننى كۈتۈۋالغاندا، نېكولا بوئېن ئىسىملىك ئىرېلاندىيەلىك بىر گۈزەل ئايال مۇخبىرنى كۆردى. ئۇ بوئېننى ئىلگىرىمۇ كۆرگەنىدى. ماندېلا بوئېندىن توي قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى سورىدى. بوئېن توي قىلمىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ماندېلا كۈلۈپ تۇرۇپ: «ناۋادا سىز ماڭا تېگىشنى تەلەپ قىلغان بولسىڭىز، بۇ تەلىپىڭىزنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئويلىشىپ باققان بولاتتىم» دېدى. بوئېن كېيىن مۇنداق دېدى: «ئۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى قەھرىمان ئىدى. مەن ئەتىسىلا ئۇنىڭغا تېگىشنى خالايتتىم.» بىراق، ماندېلا كېيىن ئاگېنتلىق ئالسىندرا سارۋېسنى بوئېن دەپ خاتا تونۇپ قالدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئاتالمىش «توي تەلىپى» چاقچىقىنى ئۇنچىۋالا قىزىقارلىقلىقتا ئىگە قىلالمىدى. ماندېلا تۈرمىدىن چىقىپ ئالتە ئايدىن كېيىن، 1990 ـ يىلى 7 ـ ئايدا موزامبىكقا زىيارەتكە بېرىپ، ئۇ يەردە موزامبىكنىڭ مەرھۇم پىرېزىدېنتى سامورا ماچېلنىڭ تۇل خوتۇنى گراسا ماچېلنى تۇنجى رەت كۆردى. 1986 ـ يىلى ماچېل بىر قېتىملىق سىرلىق ھاۋا ھادىسىسىدە ئۆلگەنىدى. ئەينى چاغدا ماندېلا ئايالى بىلەن بىرلىكتە گراساغا تەزىيە تېلېگراممىسى يوللىغانىدى. گراسا ماندېلاغا جاۋاب خەت يېزىپ: «سىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى تۈرمە ھاياتىڭىزدىن قۇتۇلۇشىڭىز، مۇشۇ پەيتتىكى قاراڭغۇلۇقۇمغا يورۇقلۇق ئەكەلدى» دېدى. گراسا ۋىننىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «يولدىشىڭىزنى تۈرمىگە قامىغان ئاشۇ كىشىلەر مېنىڭ يولدىشىمنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارغا ئوخشاش، ئۇلار ساددىلىق

بىلەن ئاسمانغا تاقاشقان بەھەيۋەت دەرەخنى كېسىپ تاشلىساقلا، پۈتكۈل ئورمانلىقنى ۋەيران قىلالايمىز دەپ ئويلايدۇ.» گىراسا بۇرۇندىنلا ماندېلانى قەھرىمان دەپ قارايتتى. شۇ سەۋەبلىك، ئۇ ماندېلانىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مېھمان كۈتۈش زالىدا ماندېلانى زىيارەت قىلغانىدى. تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈشتىلا گىراسا ماندېلادا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بىراق، گىراسا ئۇ چاغدا يولدىشىنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ ئازاب چېكىۋاتۋاتقاچقا، ئىككىيلەن بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇشمىغانىدى. ئۇلار ئىككى يىلدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم يۈز كۆرۈشتى بۇ ماندېلا ۋىنىنىدىن ئايرىلىپ ئۇزاق بولمىغان، گىراسا كېيپتاۋنغا پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغىلى كەلگەن چاغ ئىدى. گىراسا سەپكە تىزىلىپ تۇرغاندا، ماندېلا دەسلەپ ئۇنى تونۇيالمىدى. باشقىلار ئەسكەرتكەندىن كېيىن، ئۇ كەينىگە يېنىپ كېلىپ گىراساغا گەپ قىلدى. ماندېلا گىراسانىڭ سەزگۈرلۈكى ۋە مېھرىبانلىقىغا مەپتۇن بولدى. ئىككىيلەن ئاز مەزگىلدىن كېيىن يەنە يۈز كۆرۈشتى. ماندېلا گىراسانى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قالدى. شۇڭلاشقا، ماندېلا پۇرسەت تاپسىلا گىراسانى كۆرگۈسى كېلەتتى. ئولىۋېر تامبو ماچېلنىڭ ئالتە ئوغلىنىڭ ھامىيسى ئىدى. تامبو ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ۋەزىپىنى ماندېلا ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ گىراسانى كۆرۈش پۇرسىتى تېخىمۇ كۆپ بولاتتى.

ئەينى چاغدا گىراسا ئەمدىلا 46 ياشتا بولۇپ، ماندېلادىن 27 ياش كىچىك ئىدى. ئۇنىڭ مىجەزى ئوچۇق ـ يورۇق، كۈلكىسى جازىبىدار ئىدى. بىر جۈپ چىرايلىق يوغان كۆزىگە كۆزئەينەك تاقىۋالاتتى. گىراسانىڭ خاراكتېرىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ۋىنىنىغا ئوخشاش ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى كونترول قىلىۋالمايتتى. گىراسا نامرات دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئالتە ئاكا ـ سىڭىللىنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدى.

ئۇنىڭ دادىسى گىراسا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەنىدى. بىراق، ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى دادىسى گىراسانىڭ ئوقۇشىنى تاماملىشىنى ئاكا ـ ئاچىلىرىغا تاپشۇرغانىدى. گىراسا ئاخىر ۋېللى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىپ، لىسبون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. گىراسا ئۇنىۋېرسىتېتتا پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتكە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى. ئۇنىۋان ئالغاندىن كېيىن، ئارزۇسى بويىچە تانزانىيەنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتى «موزامبىك ئازادلىق فىرونتى» نىڭ ئەركىنلىك جەڭچىسى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئازادلىق فىرونتىنىڭ رەھبىرى، ۋاپات بولغان يولدىشى سامورا ماچېلغا يېقىنلاشتى. 1975 ـ يىلى موزامبىك پورتۇگالىيەنىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. موزامبىك ئازادلىق ھەرىكىتى ھۆكۈمىتى 29 ياشلىق گىراسانى مائارىپ مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، گىراسا پىرېزىدېنت ماچېلغا ياتلىق بولۇپ، ئالدىنقى يولدىشىدىن قالغان ئالتە بالىنىڭ ھالىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە خەۋەر ئالدى. گىراسا بىردىنلا ياش موزامبىك دۆلىتىنىڭ ھوقۇق مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. موزامبىك قارشىلىق تەشكىلاتلىرى تېخىچە قۇتراۋاتاتتى. ئاق تەنلىكلەر توپ ـ توپى بىلەن بۇ دۆلەتتىن چېكىنىدى. دۆلەت قىل ئۇستىدە قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىمۇ موزامبىكنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىۋاتاتتى. گىراسا ھەتتا ئۆز يولدىشىنىڭ ئۆلۈمىنى جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ گۇمانلىناتتى. گىراسا يولدىشىغا تۆت يىل قارىلىق تۇتتى. غېرىبچىلىقتا قالغان گىراسا يولدىشىنىڭ ئورۇنلاپ بولالمىغان ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. گىراسا دەسلەپتە بالىلار پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئاتىدى. كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئۇچۇن ئۇرۇشنىڭ بالىلارغا كەلتۈرگەن

تەسىرى ھەققىدە دوكلات يېزىپ بەردى. باللار پاراۋانلىقى گراسا باشتىن ـ ئاياغ كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئەڭ مۇھىم ساھە ئىدى. مۇشۇ سەۋەبلىك ماندېلانىڭ باللار فوند جەمئىيىتى ئۇنىڭ بىلەن ماندېلانى باغلىدى.

1995 ـ يىلى ۋىننى بىلەن ئاجرىشىش جېڭى قىلىنۋاتقان ماندېلا ئامىغا ئۆزىنىڭ يېڭى ھالىتىنى ئىشارەت قىلىشقا باشلىدى. بىرەيلەن ماندېلانىڭ گراسا بىلەن پارىژدىكى كەچلىك زىياپەتكە قاتناشقانلىقىنى، ئىككىيلەننىڭ كېيىن پىرېزىدېنت مۇگابىنىڭ زىمبابۋېدا ئۆتكۈزۈلگەن توي مۇراسىمىغا قاتناشقانلىقىنى، بۇ مۇراسىمدا بىرەيلەن ماندېلا بىلەن گراسانىڭ سۆيۈشكەنلىكىنى كۆرگەنىدى. ۋىننى بىلەن يارىشىپ قېلىشنى رەت قىلغان باش ئېپىسكوپ تۇتۇ مۇنداق دېدى: «ماددىبا بىراۋنىڭ ئۆزىدىن ھال ـ ئەھۋال سورىشىغا، ئۆزىگە كەشىنى سۇنۇپ بېرىشىگە، يىغلىغان چېغىدا يۆلەنچۈك بولۇپ بېرىدىغان مۇرىگە موھتاج.»

ناھايىتى ئېنىقكى، ماندېلا گراساغا پۈتۈنلەي مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى. ماندېلا ئۇنىڭ يېقىشلىقلىقىنى، لاتاپىتىنى ۋە باللارغا بولغان سۆيگۈسىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ گراساغا ھەر كۈنى تېلېفون قىلاتتى. ئۇ گراساغا داغدۇغىلىق توي تەكلىپى قويدى. بىراق، گراسانىڭ زىمبىسىدىكى ئائىلىگە ۋە ۋەتىنىگە بولغان مەسئۇلىيەت ئۇنى ئارىسالدى قىلىپ قويدى. گراسا: «مەن موزامبىكقا تەۋە. مەن مەڭگۈ سامورا ماچېلنىڭ ئايالى» دېدى. ماندېلا پەقەتلا يول قويالايتتى: «سامورا ئۆزىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا پىرېزىدېنتىغا تەگمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق قىلىپ ئىپادىلىدى. مەنمۇ ئۇنى قايىل قىلالمىدىم.» ئاخىردا ئىككىيلەن يۈرەكلىك ھالدا شۇنداق قارار چىقاردى: گراسا ھەر ئايدا ئىككى ھەپتە ۋاقىت ئاجرىتىپ يوھاننىسبۇرگتا ماندېلاغا ھەمراھ بولىدىغان بولدى.

ئەمدىلىكتە ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتى ئەل ـ جامائەتكە

www.uyghurkitap.com

ئاشكارىلاندى. بىر مەيدان مۇھەببەت ھېكايىسى مانا مۇشۇنداق قىزىقارلىق ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى. 1996 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، ماندېلا بىلەن گراسانىڭ خاگستوندىكى تۇرالغۇ ئەتراپىدا قول تۇتۇشقان ھالدا سەيلە قىلىۋاتقان ھالىتى رەسىمگە تارتىۋېلىندى. رەسىمدە ماندېلا ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. گراسا بىر رادىيو قانىلىدا: «بۇنداق ياشاش بەك بەختلىك ئىكەن. بىز ئاخىر بىر ـ بىرىمىز بىلەن تېپىشىپ، تۇرمۇشتىن ئورتاق بەھرىلىنەلەيدىغان بولدۇق» دېدى. ۋىننى ماندېلانىڭ «ئاشنىسى» نى مەسخىرە قىلدى ياكى ئۇنى ھېلىقى «پورتۇگالىيەلىك ئايال» دەپ ئاتىدى. ئۇ بۇنى بەك چوڭ يۇمۇر دېدى. ئافرىقىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ماندېلانىڭ ئايالى ئۆزى (يەنى ۋىننى) ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ماندېلا يەنە بىر قېتىم توي قىلسا بالىلىرىمىزنى ۋەيران قىلىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. بەزى پوپلار پىرېزىدېنتنىڭ بۇ خىل يېرىم بىللە تۇرۇش ھالىتىدىن بەكلا ئەنسىرەپ، ئۇنى تېزرەك ھەقىقىي رەسمىي توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە نەسىھەت قىلدى. ماندېلا ئوچۇق ھالدا: «باش ئېپىسكوپ تۇتۇ قاتارلىق كىشىلەر مېنىڭ كۈنلىرىمنى بەك مەنىسىزلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، مەن ياش ئەۋلادلارغا ياخشى ئۈلگە بولالمايدىكەنمەن.» بىراق، گراسا بۇ خىل تۇرمۇشقا رازىدەك تۇراتتى: «مەن بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزنى ناھايىتى ياخشى دەپ ئويلايمەن... بىز پەقەت بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى كۆرىدىغان قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرمىز.»

1997 ـ يىلىغا كەلگەندە گراسا پىرېزىدېنتنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا ھەمراھىغا ئايلاندى. گراسا ماندېلاغا ھەمراھ بولۇپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا زىيارەتكە باردى. ئۇ يەردە بىر ياش فىلىپپىنلىق مۇخبىر ماندېلادىن توي قىلىش خىيالىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. ماندېلا ئۆزى كۆنۈپ كەتكەن باھانىسى بىلەن: «مېنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشۈم مېنى نەۋرەمدىنمۇ

كىچىك بولغان بىرەيلەن سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرىشكە يول قويمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ماندېلا يەنە گىراسانىڭ سەپەر پىلانىغا كۆچىنىڭ يېتىشچە ماسلىشىپ، ئۆزىنىڭ سەپەر پىلانىنى گىراسانىڭكىگە تۇغرىلىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئەنگلىيەنىڭ ئېسسېكس ئۇنىۋېرسىتېتى گىراساغا پەخرىي ئۇنۋان بەرگەندىن كېيىن، ماندېلا ئوكسفوردقا جايلاشقان ئىسلام مەركىزىنىڭ تەكلىپىنى ناھايىتى تېز قوبۇل قىلىپ، ئەنگلىيەگە زىيارەتكە باردى. بۇنداق بولغاندا ئۇ گىراساغا ھەمراھ بولۇپ بىللە بارالايتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئىسلام مەركىزى بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتتى. ھالبۇكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ماندېلانى تەكلىپ قىلىپ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى ناھايىتى بىئارام بولدى.

گىراسا ماندېلاغا ھەمراھ بولۇپ چەت ئەلنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا، ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىسى ۋە ئەقلى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇ ماندېلانىڭ دوستلىرىغا ئېتىبار بەردى، ماندېلانىڭ تەن سالامەتلىكىگە ۋە ھېسسىياتىغا كۆڭۈل بۆلدى، ئۇ ئۆزى ئىلگىرى كۆرگەن كىشىلەرنى بىرمۇبىر ئېسىدە تۇتۇۋالغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ موزامبىكتا يەنىلا ناھايىتى مۇستەھكەم ئاممىۋى ئاساسى بار ئىدى. بەزىلەر ھەتتا ئۇنى كېيىنكى نۆۋەتلىك پىرېزىدېنت بولىدۇ دەيتتى، ھەتتا پىرېزىدېنت رۇئاگىن شىسانومۇ ئۇنىڭدىن ھەر چاغ ئېھتىيات قىلاتتى. ئۇنىڭ ماندېلا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە نىسبەتەن موزامبىك خەلقىنىڭ ھېسسىياتى ناھايىتى زىددىيەتلىك ئىدى. گىراسا پەرەز قىلىپ: «كىم سامورانىڭ ئورنىنى ئالالايدۇ دېگەندە، كۆپچىلىك پەقەتلا ماندېلانى نىسبەتەن تېزرەك قوبۇل قىلالىشى مۇمكىن. بىراق، بەزى كىشىلەر بەكلا غەم قىلىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇلار ئۆزىنىڭ بىرەر نەرسىسىنى ئوغرىلىنىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىشىدۇ.»

ماندېلانىڭ دوستلىرى ماندېلانىڭ ئۆيىدە تېخىمۇ ئازادە، غەم ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غۇسسىز بىر ئەرنى كۆردى. ماندېلانىڭ خىزمەتداشلىرىدىن بىرسى: «مانا بۇ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ھەقىقىي مۆجىزىسى» دېدى. بۇنداق لاياقەتلىك ئايالنىڭ نەزىرىگە ئېلىنغان ماندېلا ئېنىقلا بەكمۇ پەخىرلىنەتتى. ئۇ تېلېفوندا دائىم گىراسا بىلەن تاتلىق گەپلەرنى قىلىشاتتى، شۇنداقلا دوستلىرىنىڭ ئۇز گېپىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىشىغا پىسەنت قىلمايتتى. ئۇ دەسلەپتە مۇھەببەت دېڭىزىغا غەرق بولغان ياش يىگىتتەك، ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشنى ئوچۇق - ئاشكارا بايان قىلدى. 1998 - يىلى 2 - ئايدا، بىر قېتىملىق تېلېۋىزور زىيارىتىدە ماندېلا مۇنداق دېدى: «مېنىڭ چوڭقۇر سۆيىدىغىنىم ناھايىتى قالتىس ئايال. ئۆتمۈشتە مەن ئۇچرىغان كېلىشمەسلىكلەر ۋە بەختسىزلىكلەر ھېچقانچە گەپ ئەمەس. چۈنكى، مەن ئاخىرقى ئۆمرۈمدە گىراسانىڭ مۇھەببىتى ۋە يار - يۆلەك بولۇشى سەۋەبلىك بىر دەستە گۈلدەك پورەكلىدىم. ئۇ مېنىڭ بارلىقىم. ئۇ ماڭا ھەمراھ بولمىسا مەن ناھايىتى غېرىب ۋە بىچارە بولۇپ قالىمەن.»

بۇ ئىككىلەن ئاممىۋى سورۇنلاردا بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى قىلچىمۇ يوشۇرمايتتى، ۋە شۇ سەۋەبلىك ئوڭايسىزلانمايتتى. 1998 - يىلى 2 - ئايدا گىراسا يوھاننىسبۇرگتا مەلۇم خەلقئارا مۇكاپاتنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ مۇپاكاتنى تاپشۇرۇۋالغاندىكى تۇنجى سۆزى: «ماددىبا !» دېيىش بولدى. بۇنىڭغا نىسبەتەن كۆپچىلىكە ئۇزاق ۋاقىت قىزغىن چاۋاك چالدى. مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىنىڭ رەئىسى ئاندرۇ يان مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى بىز رەقىب ئىدۇق. بۈگۈنكى كۈندە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ كېتىشتى.»

گىراسا ماندېلانىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كەچتە بالدۇر ئۇخلاپ ئەتىسى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇشقا دېگەندەك كۆنەلمىدى: «بىر ئادەمنى سۆيۈش مەلۇم ئىشلاردىن ۋاز

كىچىشتىن دىرەك بېرىدۇ. مەن سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇشقا كۆنەلمەيتتىم، بىراق ھازىر ئاستا ـ ئاستا كۆنۈۋاتىمەن.» گىراسا ماندېلاغا كېچە ـ كۈندۈز دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي، قاچان تېلېفون قىلغۇسى كەلسە شۇ چاغدا تېلېفون قىلىپ باشقىلارنى ئۆيىدىن چاقىرىپ چىقماسلىقنى پۈتۈن كۈچى بىلەن نەسىھەت قىلدى. 1998 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گىراسا مۇنداق دېدى: «مەن ئىزچىل تىرىشىۋاتىمەن. مەن يوق چاغدا ئۇنىڭ بۇنداق قىلمايدىغانلىقىغا كاپالەت بېرەلەيمەن. بۇلتۇردىن باشلاپ ھەپتە ئاخىرىدىكى ئەھۋالدا كۆپ ياخشىلىنىش بولدى. ئۇ ھازىر ئاستىلاشقا تىرىشىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بىر ئاددىي ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن باشقىلار ئۇنىڭ قىلىشىنى تەلەپ قىلغان ئىشنى قىلىشقا ئەمەس، ئۇ ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى قىلىشقا تىرىشىۋاتىمەن.»

چۈنكى، گىراسانىڭ ئۆگەي ئانا بولۇش تەجرىبىسى بار ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ماندېلانىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قانداق تەڭشەشنى بىلەتتى: «مېنىڭ مەڭگۈ بىر ئائىلە قۇرۇشنىڭ، بالا تۇغۇشنىڭ تەمىنى تېتىش پۇرسىتىم يوق. مەن ئەمدىلا توي قىلىشىمغا، ئەلتە بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغانمەن.» ئۇنىڭ ئىككى ئۆز بالىسى كېيپتاۋىندا ئوقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ قىزى چوشىنانىڭ پىرېزىدېنت مەھكىمىسى گېنادېندالدا ماندېلاغا قوشنا بىر يۇرۇش داچىسى بار ئىدى. ئۇ بىكار ۋاقتى چىققاندا ماندېلاغا ھەمراھ بولۇپ زىيارەتكە چىقاتتى.

گىراسا ئاتا ياكى ئانا ھېسابلانغان ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ قانداق خاتالىقلارنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ ماندېلانىڭ بالىلىرىنىڭ كۆرگىلى، تۇتقىلى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتقىلى بولىدىغان دادىسىنىڭ بولۇشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ ئۆز ئاتىسىدىن پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئورتاق بەھرىمەن بولۇشىدىن قانچىلىك

www.uyghurkitap.com

بىزارلىقىنىمۇ بىلەتتى: «مەن ئۇلارنىڭمۇ تەڭشەش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئويلايمەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ماندېلا ئاتا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ۋاقىت ئاجرىتىپ بالىلىرىغا ھەمراھ بولىدۇ.» گىراسا ماندېلانى ۋە نەۋرىلىرىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. بالىلارنىڭ خاگستون داچىسىنىڭ تېشىدا قىيا - چىيا قىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان گىراسا خۇشاللىق بىلەن: «قاراڭ، مانا بۇ ھەقىقىي ئائىلە. بالىلار ھەر جايدا يۈگۈرۈپ يۈرۈشىدۇ، قىيا - چىيا قىلىشىدۇ» دېدى. ئۇ ئالتە ئوغلىنى مېھمانخانىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۇلارغا: «بۇ يەر ھازىر سىلەرنىڭ بولدى» دېدى. گىراسانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بالىلار خۇشاللىقتىن چۇرقىرىشىپ كەتتى: «بۇ يەر بىزنىڭ بولدى! دۇنيانىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بولدى!» بالىلارنىڭ گۆدەكلەرچە ساداسى گىراسانىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈردى.

گىراسا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ماندېلانىڭ تۈرمە ھاياتىدىن قالغان روھىي ھالىتىنى بارا - بارا ئۇنتۇۋاتقىنىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چىن ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشنى ئۆگىنىشكە باشلىدى: «ماندېلا ناھايىتى چوڭقۇر سۆيسە بولىدۇ. بىراق، ئۇ ئامىمنىڭ ئالدىدا ھېسسىياتىنى چامىنىڭ يېتىشىچە ئەڭ ياخشى ھالەتتە كونترول قىلالايدۇ. ئۇ مەخپىي ھالدا بىر ئاددىي ئىنساندەك يۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ناھايىتى خۇشال ئىكەنلىكىنى كۆپچىلىككە بىلدۈرگۈسى بار. ئۇ خۇشال ئەمەس چاغلىرىدىمۇ سىزگە ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئىللىق، ئاددىي بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەلەيدۇ... ئۇ بەك ئەمەلىيەتچىل. ئەگەر ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسىڭىز، بەزى ھاللاردا ھەتتا سىياسىي ئىشلاردىمۇ ئۇنىڭ ناھايىتى گۆدەك بىر يۈزىنى بايقىيالايسىز.»

گىراسا ئاخىر ماندېلانىڭ ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشىنى، مۇرەككەپ سىياسىي ئىشلارنىڭ ئالدىراشچىلىقىدىن ۋاقىت ئاجرىتىشنى

ئۆگىنىۋالغانلىقىنى، ئۆزى ئورۇنلاشقا ئامالسىز ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ئىلگىرىكىدەك زورۇقۇپ تۇرۇۋېلىشنى تاشلىغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈپ يەتتى: «كىشىلەر كۆپلىگەن ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزىنى تېخىمۇ بەك چۈشىنىدىغان، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئۆزىدە قانچىلىك بوشلۇق بارلىقىنى بىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. پۈتۈن كۈچى بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىدىغان بولۇپ، تېخىمۇ بىخەتەر ھېسسىياتقا ئىگە بولىدۇ، ئۆز ھېسسىي تۇرمۇشىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ.»

1998 ـ يىلى ئىككىيلەنىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى مۇقىملىشىپ بولغاندەك ھالەتكە كەلدى. ئۇلار تېخىمۇ ئېسىل، تېخىمۇ زامانىۋى بىر يۇرۇش ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. يېڭى ئۆي ماندېلانىڭ ئىلگىرىكى خاگستوندىكى ئۆيىدىن بىر كوچا نېرىغا توغرا كېلەتتى. ئۆيگە ماندېلانىڭ يوغان رەسىمى ئېسىلغان بولۇپ، رەسىمنىڭ ئاستىغا چۆرگۈلىمە پەلەمپەي ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. كەڭ ـ كۇشادە ئۆيلەر سىيرىلما ئەينەك ئىشىكلەر بىلەن توسۇلغانىدى. پۈتۈن بىر يۈرۈش ئۆينىڭ مۇمكىن بولغۇدەكلا جايلىرى ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئافرىقىلىق ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ئاقارتىلغانىدى. ماندېلانىڭ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ چۈشۈشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۆيگە يەنە لىفت ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

ماندېلانىڭ دوستلىرى يەنىلا ئۇنى توختىماستىن توي قىلىشقا ئالدىراتاتتى. بىراق، گراسا بۇنىڭغا كەسكىن قارشى تۇراتتى. 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ماندېلانىڭ 80 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنى بولغانلىقتىن تەييارلىق خىزمەتلىرى جىددىي ئىشلىنىۋاتاتتى. بىراق، تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمىدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، يەرلىك سوتچى ۋە بىرنەچچە پوپنىڭ ماندېلا بىلەن گراسانىڭ توي مۇراسىمىغا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەۋەر تارقالدى. بۇ خەۋەر تېزدىنلا ئىنكار قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ماندېلا ئىككى ئاي ئىلگىرىلا بۇ ھەقتە گراسا بىلەن پۈتۈشۈپ بولغان، شۇنداقلا توي مۇراسىمىنى ئالايىتەن ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

ئىككىيلەننىڭ توي مۇراسىمى ئۇلارنىڭ يېڭى ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلدى. ماندېلا ئۈچىسىغا ئالتۇندىن زىننەتلەنگەن ئالدى ئوچۇق كۆڭلەك كىيگەن، گراسا بولسا ئىلزابېت پاسونىدىكى ئاق رەڭلىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەنىدى. ماندېلا ۋە گراسا ئىككىيلەن مېتودىستچە ئەنئەنىدە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، توي مۇراسىمىغا روئۇندېر مۇۋىم داندارا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاللىقاچان پېنسىيەگە چىقىپ بولغان، شۇنداقلا ئەنگلىيە دىنىي جەمئىيىتى چېركاۋىنىڭ باش ئېپىسكوپلۇقىغا تەيىنلەنگەن دېسموند تۇتۇ مۇراسىمغا ياردەملەشتى. ماندېلانىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەھمەد كاترادا، سىسۇلۇ قاتارلىق 16 نەپەر دوستى توي مۇراسىمغا قاتناشتى. قارا تەنلىكلەر ژۇرنىلى «كارخانا» نىڭ ئوپېراتورى سېففىي سەيبوك رۇخسەت قىلىنغان بىردىنبىر ئوپېراتور سۈپىتىدە توي مۇراسىمىنى تولۇق سۈرەتكە ئالدى. كېيىن تۇتۇ مۇنداق دېدى: «گراسا ماندېلانى تېخىمۇ ياخشى بىر كىشىگە ئايلاندۇرغانىدى.» ماندېلا تۇتۇغا مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىم سىز ماڭا ۋارقىراپ ـ جارقىرىيالمايسىزغۇ دەيمەن.» مېھمانلار ئارىسىدا كرېستو براند ئىسىملىك بىرەيلەن بولۇپ، ئىلگىرى ئۇ روببېن ئارىلىدا ماندېلاغا مەسئۇل تۈرمە ساقچىسى ئىدى. ھازىر كېيىپتاۋىندا «روببېن ئارىلى خاتىرە بۇيۇملىرى ماگىزىنى» نى ئاچاتتى. بۇ براندنىڭ ھاياتىدا تۆنجى قېتىم ئايروپىلان بىلەن يوھاننېسبۇرگقا كېلىشى ئىدى. براند ماندېلاغا ماندېلا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «پېنتېن» ماركىلىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى ئالغاچ كەلگەنىدى. ماندېلا بولسىمۇ تۈرمىسىدىكى چاغدا براند ئۇنىڭغا مۇشۇ ماركىدىكى چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ئېلىپ بەرگەنىدى. بۇگۈنكى كۈندە براند بۇ چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى

مىڭ تەسلىكتە ماندېلا ئۈچۈن گېرمانىيەدىن كەلتۈردى، ئۇنىڭغا قوشۇپ بىر قەغەز تاختىدىن ياسالغان ناھايىتى چوڭ چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ قۇتىسىنى ماندېلاغا سوۋغا قىلدى.

ئىككىنچى كۈنى، يوھاننىسبۇرگ بىلەن پرېتورىيەنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان گاللىگار يىغىن مەركىزى مۇراسىم زالى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ماندېلانىڭ 80 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنى ۋە توي مۇراسىمى مۇشۇ زالدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا تەكلىپ بىلەن 2000 نەپەر مېھمان قاتناشتى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئىرقىي قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ مۇراسىمغا قاتناشتى دېيىشكە بولاتتى. ئەلۋەتتە، يەنە بىرنەچچە ئادەم مۇراسىمغا كەلمىگەنىدى. ئۇ بولسىمۇ دى كلېرك بىلەن ۋىننى ئىدى. تەكلىپ قىلىنغان چەت ئەللىك داڭدار شەخسلەردىن زامبىيە پرېزىدېنتى كاۋاندا، سەئۇدى ئەرەبىستان شاھزادىسى باندال، شۇنداقلا ئەمدىلا نىگېرىيەدە تۈرمە ھاياتىنى تاماملىغان گېنېرال ئاباسانجور قاتارلىقلار بار ئىدى. ئويۇن ـ تاماشا چولپانلىرىنىڭ نومۇر ئورۇنلىشى كەيپىياتنى جانلاندۇرۇۋەتتى. مايكول جېكسون، داننى گېرۇف، ستېف ۋاندا قاتارلىق ئامېرىكىلىق قارا تەنلىك چولپانلارنىڭ مۇراسىمغا ئىشتىراك قىلىشى جەنۇبىي ئافرىقىلىق چولپانلارنى چاندۇرۇپ قويدى. بىر ۋاخ تاماق ۋە بىر قېتىملىق مۇزىكا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ماندېلانىڭ نەۋرىسى قىسقىچە نۇتۇق سۆزلەپ ئۆز بوۋىسىنى مەدھىيەلىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تابو مېبىكى سۆز قىلدى. مېبىكى ئادەتتىكىگە ئوخشاش شېكسپىرنىڭ بىر پارچە شېئىرىنى نەقىل قىلىپ، ماندېلانىڭ پېنسىيەگە چىقىشىنى پادىشاھ لىئېرغا سېلىشتۇردى:

كونا ھېكايىنى سۆزلەيدۇ،
كېپىنەكتەك كۈلىدۇ، ئاشۇ بىچارە قۇرۇق گەپلەرنى ئاڭلايدۇ
ئوردا خەۋىرى؛ بىزمۇ ئۇلار بىلەن پاراڭغا چۈشىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىم غەلىبە قىلىدۇ، كىم يېڭىلىدۇ، كىم ھۆكۈمەت تەرەپتە، كىم ئاۋام تەرەپتە...

بەزى مېھمانلار مىبىكىنىڭ نېمە ئۈچۈن ماندېلانى بىر سارىڭ قېتىش پادىشاھقا ئوخشىتىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. بىراق، مىبىكىنىڭ بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى بولغىنى، پادىشاھ لىئېر ياراتقان تۆھپە ئىدى. بۇنىڭغا نىسبەتەن ھەممە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى.

ماندېلا ئەسلىدە رەسمىي يوسۇندىكى تۇغۇلغان كۈنى نۇتقى تەييارلىغان بولۇپ، جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنى «بۇ خىيالىي زېمىن ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى پىدا قىلىشقا» چاقىرماقچىدى. بىراق، تۇغۇلغان كۈنى يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ئەمدىلا «مېنىڭ ئايالىم ۋە مەن» دەپ سۆز باشلىشىغا، كۆپچىلىك قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئاندىن ماندېلا ئۇسسۇل مەيدانىغا چۈشۈپ كۆپچىلىككە ئۇسسۇل ئويناپ بەردى. ئۇلار قىسقىغىنا «ماددىباچە تولغىما ئۇسسۇل» ئوينىدى. ئاندىن قولاقنى يارغۇدەك مۇزىكا ئاۋازى ياڭراپ، مېھمانلار بەس - بەستە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى. ئىككىنچى كۈنى سەھەردە، بۇ يېڭى تويى بولغان بىر جۈپ ئەر - ئايال ئارگېنتىناغا ۋە برازىلىيەگە زىيارەتكە چىقتى. بەش كۈندىن كېيىن ئۇلار يوھاننېسبۇرگقا قايتىپ كېلىپ، ماندېلانىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن مۇزىكا كېچىلىكىگە قاتناشتى. ئاندىن شىرىن ئاي ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كۇنۇغا كەتتى.

ئىككىلەننىڭ توي مۇراسىمى پۈتۈنلەي ئافرىقىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلدى. داغدۇغىلىق توي مۇراسىمىغا مۇزىكا ۋە خۇشاللىق ئېلېمېنتلىرى جور بولدى. بەزى مۇتەئەسسىپ ئاق تەنلىكلەر بۇگۈنكىدەك ئىقتىسادى چېكىنگەن دەۋردە بۇنچە زور چىقىم بىلەن مۇراسىم ئۆتكۈزۈشنى تەنقىدلىدى. يەنە بەزى كىشىلەر ماندېلانىڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ

9000 مەھبۇسنى قويغۇزۇۋەتكىنىدىن بەكلا نارازى بولدى. ئۇلار بۇنداق قىلىش جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ، دېدى. يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر باشقا دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىشنى تىلغا ئالدى. بىراق، يىغىپ ئېيتقاندا بۇ ھوقۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغان، قورقۇنچنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان بىر مەيدان يىغىلىش بولدى. بۇ بىر دۆلەتنىڭ ئۆز ئوبرازىغا قايتىدىن تەبىر بېرىشىگىمۇ ئوخشايتتى.

گراسا ئاخىر بىر قانائەتلىنەرلىك ئاقىۋەتكە ئېرىشتى. گراسا ماندېلانىڭ دۆلەت ئوبرازىلىق ۋە ئاددىي ئىنسانلىق مۇناسىۋىتىنى بىر - بىرىگە باغلىغانىدى. گراسا تۇنجى ئېرى ماچېلىغا ئوخشاش، ئوخشىمىغان سالاھىيەتتىكى ماندېلانى كۆرۈش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. ئۇ ماندېلانىڭ كەمچىلىكى بارلىقىنى بىلىدۇ: «بەزى چاغدا ناھايىتى مۇھىم ئىش ھەققىدە سۆزلەشكەندە، ئۇ ئانچە سەۋرچان بولالمايدۇ... بىراق، ئۇ بىرەر ئىشنى قارار قىلسا، ناھايىتى جاھىللىشىپ كېتىدۇكى، كالىدىن توققۇزىمۇ ئۇنى ئارقىسىغا ياندۇرالمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ.» بىراق، گراسا ماندېلا ئاساس قىلغان قىممەت قارىشى ۋە ئۇ ئىپادە قىلغان ئىنسانىي قەدىر - قىممەتنىڭ بەكمۇ مۇھىملىقىنى، بۇلارنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەرگە قانچىلىك چوڭ تەسىرى بارلىقىنى بىلەتتى:

> بۈگۈنكى دۇنيا ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىنمۇ بەك نەمۇنىلىك. ماندېلا ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان بارلىق نەرسىنى، ئۆز قىممەت قارىشىنى قوغداشقا ماھىر. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىز ئۇنىڭ بىر ئاددىي ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭ جىسمىدا ئاددىي ئىنسانلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى بار. مەن ئۇنىڭ ئاددىي ئىنسان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. توغرا، ئۇ بىر چوقۇنۇلغۇچى، بىراق ئۇ غەلىتە ئادەم

www.uyghurkitap.com

ئەمەس. ئۇنىڭ جىسمىدا يۈز بەرگەن بارچە ئىش ئافرىقا خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىنىڭ كارتىنىسى. ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممەت بويىچە مۇئامىلە قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىشىدىكى سەۋەب، ئۆزىنىڭ نىمىگە ۋەكىللىك قىلىشىنى ناھايىتى ئېنىق بىلگەنلىكىدىن بولغان.

# 39. ماندېلانىڭ دۇنياسى

گەرچە دۆلەت ئىچىدە تۈرلۈك مەسىلىلەر چىقىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ماندېلا دۆلەتمۇدۆلەت كېزىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ نام ـ شۆھرىتى تۆۋەنلەپ كەتمىدى. ئىلگىرى دەۋردىكى دۇنياۋى رەھبەرلەردىن چېرچىل، ئېزىنخاۋېر قاتارلىقلارغا ئوخشاش، ماندېلانىڭ چەت ئەلدىكى تەسىرى دۆلەت ئىچىدىكى ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلى پەسىيىپ قالمىدى. باشقا دۆلەتلەردە ئىرقىي مەسىلە سەۋەبلىك مالىمانچىلىق بولۇۋاتاتتى. بىراق، ماندېلانىڭ تىنچلىق ئەلچىسىلىك نوپۇزى تەڭداشسىز ئىدى. ئۇنىڭ كىشىنىڭ ئېھتىيات قىلىشىنى تۈگىتىدىغان، دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى يوق قىلىدىغان كۈلۈمسىرىشى كۆڭۈل ئېچىش ژۇرناللىرىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. شېرتون مېھمانسارىيى ئېلانى، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىقلاردىمۇ ھەم شۇنداق. ئۇزاق يىل ھاكىمىيەت باشقۇرۇش جەريانىدا، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر باشتىن ـ ئاياغ بۇرۇنقىدەك، قىلچە خۇنۇكلەشمىگەن ھالەتتە داۋاملاشتى. ئۇ پرېزىدېنت مەخسۇس ئايروپىلانىدا ئولتۇرغاندا، ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، كۈچىنىڭ بارىچە ئۆزىنى ئاددىي ئادەمدەك كۆرسىتىشكە، ھەممەيلەننىڭ ئۆزىنى تونۇيالىشىغا تىرىشاتتى. ئالدامچىلىققا، مۇستەبىتلىككە، بىپەرۋالىققا تولغان بۇ دۇنيادا ماندېلا بىر تۈرلۈك ئاددىي قىممەت قارىشىغا سىمۋوللۇق قىلاتتى. نىگېرىيەلىك شائىر ۋول سويىنكا بۇنى «ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنىڭ ئاڭسىز ھالدا ئىپادىلىنىشى» دەپ ئاتىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ماندېلا شەخسىي ئالاقىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بەئەينى ئورگانلار ياكى باش ئەلچىخانا مەۋجۇت ئەمەستىكى دەك، پىرېزىدېنت ياكى باش ۋەزىرلەر بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلاتتى، ئۇلارغا تېلېفون قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا ئىلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەر دائىم ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سەۋەبلىك ئۈزۈپ قويۇلاتتى: «پىرېزىدېنت جانابلىرى، يېقىندىن بېرى قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز؟» ماندېلانىڭ جاۋابى دائىم باش ئەلچىلەرنى چۆچۈتۈۋېتەتتى: «سىز قانداقراق تۇردىڭىز، كاستېرو؟» ياكى «قانداق تۇرۇۋاتىسىز، بېل؟» ئۇ ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىغا خەت يېزىپ، ئۇنى «سۆيۈملۈك ئېلىزابېت» دەپ ئاتىدى. ئۇ بەئەينى بىر قەدىمكى دەۋردىكى پادىشاھتەك، چەت ئەللەرنىڭ خان - پادىشاھلىرى بىلەن ناھايىتى ئەركىن ئالاقە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى بىر سىياسىيونغا ئەمەس، كىشىلەر بىلەن ئاسان يېقىنلىشالايدىغان پادىشاھقا ئوخشايتتى. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بىر ئابرۇيلۇق، سالاپەتلىك، دۆلەتنىڭ قىممەت قارىشىنى ۋە سىياسىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان پىرېزىدېنتى بار. بۇ ھال كىشىنى راستلا خۇرسەن قىلىدۇ. بىراق، دىپلوماتىيە سىياسىتىدە ناھايىتى كۆپ قىلتاقلار بولىدۇ. ماندېلا دۆلەتنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى تەقدىم قىلىدى. ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىللىك ۋاقىتتا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى تۆۋەن، ئۇزاق مۇددەت ئېتىبارسىز ھالەتتە بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىلا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتكەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ماندېلانىڭ يېتەرلىك ئىقتىسادى بار. 1994 - يىلىدىن كېيىن، مەيلى سىز ئاق تەنلىك ياكى قارا تەنلىك بولۇڭ، سىز پەقەت «مەن جەنۇبىي ئافرىقىلىق» دېيىشكىلا موھتاج. مەيلى سىز قارا تەنلىك بولۇڭ ياكى ئاق تەنلىك بولۇڭ، دۇنيانىڭ ئىشىكى ھامان سىز ئۈچۈن ئوچۇق. بەزى چەت ئەللىكلەرگە ماندېلانىڭ ئىسمى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىسمىدىنمۇ بەكرەك تونۇشلۇق. بىر جەنۇبىي ئافرىقىلىق سودىگەر تايلاندنى زىيارەت قىلغاندا،

كىشىلەرنىڭ ماندېلانى بىلىدىغانلىقىنى، ھالبۇكى جەنۇبىي ئافرىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە بايقىغانىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن جەنۇبىي ئافرىقا «ماندېلا ئارىلى» دىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تاشقى سىياسىتىگىمۇ ئۆز تامغىسىنى باسقانىدى. ئۇ كۆپلىگەن دوستلىرىنى ۋە ئۇزاق يىللىق خىزمەتداشلىرىنى باش ئەلچى قىلىپ تەيىنلىگەن. 50 نەچچە ياشلىق ماندىي مۇسمان ئىلگىرى ماندېلانىڭ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىنىڭ خادىمى ئىدى. ئۇ لوندونغا ئەۋەتىلدى. ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىنىڭ كاتىپى لىئىن مىنپات شۋېيتسارىيەگە ئەۋەتىلدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى بابالا ماسگارا پارىژغا ئەۋەتىلدى. ماندېلانىڭ سايلامدىن ئىلگىرىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش ئەمەلدارى كارل نىخائۇس ھاگۇئېغا ئەۋەتىلدى. ماندېلا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ يارىشىش سىياسىتىنى چەت ئەللەرگە ئېلىپ بېرىپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دوستلىرىنى ئاۋۇتىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە رەقىبلەرنى ئۆزئارا سۆھبەتكە چاقىرىشنى ئېيتتى. ماندېلا دۆلەت ئىچىدىكى تەرتىپكە سېلىش بىلەن سىرتقى دۇنيادىكى يارىشىشنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق، دەپ قارايتتى. «كىشىلەر ئالاقە باغلاش بىلەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىدۇ.» ئۇ 1997 ـ يىلى ماڭا: «شۇڭا مەن چەت ئەلدە ئەپلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك ھېچقانداق قىيىنچىلىق يوق دەپ ھېس قىلىمەن» دېدى.

بىراق، ماندېلا ناھايىتى تېزلا كۆپ تەرەپلىك دىپلوماتىيە ۋە كېلىشىم چەكلىمىسىگە يولۇقتى. بىراق، بۇ چەكلىمىلەرگە سەۋەب بولۇۋاتقىنى ئۇنىڭ ئاق تەنلىك دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقا دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقتا ئىدىيەسى قاتمال مىنىستىرلىق ئىدى. مىنىستىرلىقتا يەنىلا ئاق تەنلىكلەر كۆپ ئىدى. ئۇلار ئۆزئارا جەنۇبىي ئافرىقىچە گوللاند

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تىلىدا ئالاقە قىلاتتى. مىنىستىرلىقنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن لۇستى ئەيۋېنس ئىدى. باش ئەلچىخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كونا دەۋردىكى ئاق تەنلىكلەر ئىدى. ئۇلار دىپلوماتىيەدە دوستلىشىش ۋە كېڭىشىش يولىنى ئەمەس، بېكىنمىچىلىك يولىنى تۇتقانىدى. جەنۇبىي ئافرىقىدا پەقەت تەجرىبىلىك ئاق تەنلىك دىپلوماتلاردىن ساناقلىقلا كىشى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلىرى ئەسلىدىكى بانتۇستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئادەملىرى ئىدى. بەزىلىرى خاتا كۆزقاراشتا ئىدى. 1998 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ماندېلا گېرىگ سەلبى ئىسىملىك بىر نەپەر ئافرىقىلىقنى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىلىكىگە قويدى. ماندېلا ئۇنىڭغا بەك ئىشىنەتتى.

قالايمىقانچىلىقنى بەزىدە ماندېلانىڭ ئۆزى چىقىراتتى. ئۇ باشقا پىرېزىدېنتلارغا تېلېفون قىلاتتى. بىراق، بەزى چاغدا ئۇلار بىلەن دېيىشكەن سۆھبەت مەزمۇنىدىن خىزمەتداشلىرىنى خەۋەردار قىلمايتتى. دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئالفېرد ئېنزو 50 ـ يىللاردا ماندېلا بىلەن بىر قاتاردىكى ئاكتىۋال ئەزالاردىن ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق ئىدى. بىراق، ئىشلارغا پەقەتلا ئارىلىشالمايتتى. ئۇنىڭ لەقىمى «Nzzzz» ئىدى. ھەقىقىي دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزگۈچى دائىم تابو مبېكى بولاتتى. ئۇ مۇئاۋىن پرېزىدېنت بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرقاچان پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ دىپلوماتىيە كېلىشىم سىياسىتىنى يۈرگۈزەتتى. ئوخشىمىغان ھەرىكەت ئۇسۇلىنى دائىم ماسلاشتۇرغىلى بولمايتتى. «بەزىدە ئۈچ خىل نۇسخىدىكى دىپلوماتىيە سىياسىتى ئوتتۇرىغا چىقاتتى.» بىر نەپەر باش ئەلچى مۇنداق دەپ ئاغرىندى: «مەن ئەڭ ئاخىرقى لايىھەگە ئېرىشمەكچى بولغىنىمدا مادىباغا تېلېفون قىلاتتىم.»

ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تاشقى سىياسىتى ئۈچۈن كونكرېت ۋە ئالىي نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئۆز غايىسىدە

ناھايىتى چىڭ تۇردى: «جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كەلگۈسىدىكى دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى مۇشۇنداق ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك. بىز كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنىڭ خەلقئارادىكى يادرولۇق مەسىلە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. بىز دۇنيا تىنچلىقى ۋە گۈللىنىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشقا تەييارلىق قىلىپ بولدۇق.» ماندېلا ھوقۇق تۇتۇشتىن سەل ئىلگىرى، ئامېرىكىنىڭ «دىپلوماتىيە» ژۇرنىلىدا مۇشۇنداق دېگەنىدى. ئۇ ئۆز خەلقىگە سادىق بولغاندەك، ئۆزى دوستلۇق ئورناتقان دۆلەتلەرگىمۇ ناھايىتى سادىق ئىدى. 1998 ـ يىلى ماندېلا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىمىز ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىمىز ئاساسىغا قۇرۇلغان. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بىر دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇ دۆلەتنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قىيىنچىلىق دەۋرىدە قانچىلىك كۈچ چىقارغانلىقىغا ئاساسلانغان.» بەزى چاغدا سادىقلىق بىلەن كىشىلىك ھوقۇق توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ھىندونېزىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، لىۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە شۇنداق. بىراق، ماندېلا دۇنياغا تىنچلىقنى تارتىشتا ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي بۇرچى بارلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ باشقا دۆلەتلەرنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىن تەجرىبە ـ ساۋاق قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ھازىرقى زاماندىكى سىياسىي جەھەتتە پۈت تېپىشىشكە قارشى ئىدى.

ئافرىقىدىكى نامراتلىق ۋە سىياسىي ۋەزىيەت سەۋەبلىك داۋالغۇپ تۇرغان ئاشۇ قوشنا دۆلەتلەرگە سەل قاراشقا بولمايتتى. بۇ ھال بۇ دۆلەتلەردىكى مىليونلىغان كۆچمەنلەرنى بۇ دۆلەتكە سىلجىتقانىدى. ماندېلا ئافرىقا خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئالالايدىغانلىقىغا بۇرۇندىن تارتىپلا شەكسىز ئىشىنەتتى. 1997 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ماندېلا زىمبابۋې پارلامېنتىغا: «ئافرىقىغا ئۆزىگە كەلگەن بالا ـ قازاغا ئۆزىنى مەسئۇل قىلدۇرىدىغان، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوزغىتىدىغان، «ئافرىقىنىڭ قايتا گۈللىنىشى، دەك ئۇلۇغ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ۋاقىت كەلدى» دېگەنىدى. تابو مبېكى ئالىلىقاچان «قايتا گۈللىنىش»نى تەشۋىق قىلىشنى باشلاپ بولغانىدى. ئۇ ئافرىقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى بەختسىزلىكلەرگە چوقۇم يۇزلىنىشىدە چىڭ تۇردى. 1997 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مبېكى مۇنداق دېدى: «مەن ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا يېڭى بىر ئەۋلادنىڭ مەيدانغا چىققانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۇلار ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە تەييارلىق قىلىپ بولدى.» بۇ ۋەزىپىنى كۆچلۈك قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇسى ۋە دېموكراتىك ئېتىقادى بىلەن ماندېلا ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇ پۈتكۈل ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى. ئۇ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ زۇلمىدىن ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشقا، مۇقىم ھۆكۈمەت سىستېمىسى قۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بۈگۈنكى كۈندە، جەنۇبىي ئافرىقا سەھرايى كەبىر چۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ باي دۆلەت ھېسابلىناتتى. چوڭ كۆلەملىك گۈللىنىشكە شەرتى ئەڭ توشاتتى. بىراق، غەرب سودىگەرلىرى تېخىچە گۇمانلىنىش پوزىتسىيەسىدە تۇردى. ئۇلار «ئافرىقا تىراگېدىزمى» غا كۆنۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقىنىڭمۇ ئافرىقا ئۇچرىغان چىرىكلىك ۋە قالايمىقانچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشىدىن قورقاتتى.

ماندېلانىڭ بېشىنى ئەڭ ئاغرىتىدىغان مەسىلە ئافرىقىدىكى نوپۇس سانى ئەڭ كۆپ بولغان نىگېرىيە ئىدى. نىگېرىيە ئالىلىقاچان چىرىك گېنېرال ئاباسانجورنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دېموكراتىك پارتىيەسىدە ئىلگىرى ۋەزىپە ئۆتىگەنلەرنى ۋە بىر قىسىم ئوبزورچىلارنى قولغا ئالغانىدى. ئۇ قولغا ئالغانلارنىڭ ئىچىدە قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكەن ئوت يۈرەك شائىر كېن سارو ۋېۋامۇ بار ئىدى. ماندېلا پەردە ئارقىسىدا زۇلۇمنىڭ دەھشەتلىكلىكىنى ھېس قىلىپ

يەتتى. خەلقئارالىق قانۇن بويىچە كىشىلىك ھوقۇقتا تاجاۋۇز قىلىدىغان بۇنداق قىلمىشلار توختىتىشى كېرەك ئىدى. 1995 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، يېڭى زېلاندىيەدە ئېچىلغان ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسى باشلىقلىرى يىغىنىدىكى باش تېما نىگېرىيە مەسىلىسى بولدى. بۇ ماندېلا پىرېزىدېنت بولغاندىن بۇيان بۇنداق يىغىنغا تۇنجى قېتىم قاتنىشىشى ئىدى. يىغىندا ئۇلار ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىغا بولغان ھۆرمىتىنى قايتا ـ قايتا ئىپادىلىدى. بەزى ئەزا دۆلەتلەر نىگېرىيەگە ئىمبارگو يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى. بىراق، ماندېلا يەنىلا «تىنچ دىپلوماتىيە سىياسىتى» گە مايىل ئىدى. ئاباسانجورنىڭ سىرتقى دۇنيانىڭ بېسىمىغا باش ئېگىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بىراق، يىغىن مەزگىلىدە كېن سارو ۋېۋاغا جازا بېرىلدى. ماندېلا بۇنىڭدىن ناھايىتى غەزەپلىنىپ، ئۆز ھېسسىياتىغا ساتقۇنلۇق قىلغاندەك ھېس قىلدى. بىراق، ئۇ تېزدىنلا ھەددىدىن زىيادە يۇمشاق بولۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك سىرتقى دۇنيانىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىدى. كېن سارو ۋېۋانىڭ ئادۋوكاتى ماندېلاغا: «ئەگەر جەنۇبىي ئافرىقىدا ‹تىنچ دىپلوماتىيە› ئورنىتىلسا، سىزنىڭ بۇگۈنگە قەدەر ياشىيالىشىڭىزدىن گۇمانلىنىمەن» دەپ خەت يازدى. ماندېلا يېڭى زېلاندىيەدە ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ نىگېرىيەگە ئىمبارگو يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى. بىراق، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى جون مىنگىنىڭ ئېھتىياتچانلىقى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈردى. ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىغا قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىزمەتتىكى بىپەرۋالىقىنى تەنقىدلىدى. ئىچكى دۇنياسى بەكمۇ قورقۇنچلۇق مۇستەبىتنىڭ قىلمىشىدىن «ئازار يېدى ۋە غەزەپلەندى»، «ئەگەر ئافرىقا نىگېرىيەگە كەسكىن ھەرىكەت قوللانمىسا، ئافرىقىنىڭ قايتا گۈللىنىشى قەغەز ئۈستىدىكىلا گەپ بولۇپ قالىدۇ.» ئۇ كۆپچىلىكنى ئاگاھلاندۇرۇپ «ئاباسانجور يانار تاغ ئۈستىدە ئولتۇرماقتا، مەن تېزدىن ئۇنىڭ تېگىدىكى تاغقا ئوت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇتاشتۇرۇۋېتىمەن» دېدى. ماندېلانى زىيارەت قىلغان مۇخبىر ماكېرون مۇنداق دېدى: «بۇ بىر ئافرىقىلىق رەھبەرنىڭ تۇنجى قېتىم سودىدىكى شېرىكىنىڭ پرىنسىپىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ، باشقا بىر ئىستىپاقداش دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانىغا ھۇجۇم قىلىشى ھېسابلىنىدۇ.»

ماندېلانىڭ سۆزى كىشىگە ئىلھام بېرەتتى. بىراق، ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئارقىلىق ئىمبارگو يولگوزۇش پىلانى ئەمەلگە ئاشمايتتى. ئۇ جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىشىشنى نىيەت قىلدى. جۇڭگو خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ ئەزاسى ئىدى. بىراق، ئەينى چاغدىكى پرېتورىيە دائىرىلىرى بېيجىڭنىڭ ئورنىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. ئەنگلىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ باشقا ئەزا دۆلەتلىرىنىڭ نىگېرىيەنىڭ نېفىتىغا بولغان قىزىقىشى ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئىمبارگو يولگوزۇشكە ئاسانلىقچە پېتىنالمايتتى. جەنۇبىي ئافرىقا تېزدىنلا ئۆزىنىڭ تەنھا قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. كېيىن نىگېرىيەنىڭ ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ئەزا دۆلەتلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بىراق، نىگېرىيەدىكى ئىمبارگو 1998 ـ يىلى ئاباسانجور ئۆلگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. نىگېرىيەنىڭ دېموكراتىيەگە قاراپ قەدەم تاشلىشىدا ئاخىر ئۈمىد تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماندېلا ئەخلاقىي نوپۇزنىڭ دىپلوماتىك قورال ـ ياراغ جەھەتتىكى چەكلىمىلىكىنى ھېس قىلدى.

ماندېلانىڭ ئافرىقىدا دائىم مۇناسىۋەت قىلىدىغىنى 11 دۆلەتتىن تەشكىل تاپقان ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي تەرەققىيات ئورتاق گەۋدىسى(SADC) ئىدى. بۇ دۆلەتلەر جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن بولغان سودىغا ۋە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا تايىناتتى. 1996 ـ يىلى ماندېلا SADC نىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. تەبرىكلەش سۆزىدە، ئۇ ھازىرقى ئورتاق گەۋدە

ئىچىدىكى ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش قىلمىشىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئەيىبلىدى، ھەتتا دېموكراتىيەگە قارشى تۇرىدىغان زامبىيە ۋە سۋېزىلاند قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئىمبارگو يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلدى. 1997 - يىلى 11 - ئايدا، ئۇ SADC رەھبەرلىرى يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىر قىسىم ئەزا دۆلەتلەرنىڭ قىلمىشى بىز چوڭ بىلىدىغان قىممەت قارىشى ۋە پرىنسىپلارغا ئوچۇق - ئاشكار زىت كەلسە، بىز بۇنداق دۆلەتكە يەنە غەمخورلۇق قىلىمىزمۇ؟» بىراق، ماندېلا بارغانسېرى نەپرەتلىنىشكە دۇچ كەلدى. زىمبابۋېدىكى روبېرت مۇگابى ماندېلادىن يىرگەندى. ماندېلانىڭ تىنچلىقنى قايتا گۈللەندۈرۈش ئارزۇسى كونگودىكى قالايمىقانچىلىق سەۋەبلىك زەربىگە ئۇچرىدى.

كونگونىڭ مۇستەبىت پىرېزىدېنتى مىنبوتو سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. بىراق، 1997 - يىلى ئۇ ئاسىي قوماندان لاۋرىن كابېرانىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى. لاۋرىن كابىرانى ئۇگاندا بىلەن راۋاندا يۆلەيتتى. ماندېلا مىنبوتو ۋە كابىرا بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ئورۇنغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەنە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بىر فىلوتىنى ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەت ئورنى قىلىپ بېكىتىپ، شۇ فىلوتنى كونگو دەرياسى ئېغىزىدا توختاتقان، ئۆزى بولسا پاراخوتتا سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاپ تۇرغانىدى. بىراق، ئىككىلا تەرەپ يول قويغىلى ئۇنىمىدى. كابېرا ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتكە قاتناشمىدى. ماندېلا مېنبوتونى كونگودىن ئايرىلىشقا كۆندۈرۈشكە ياردەم قىلدى. بۇ سەۋەبلىك كېيىنكى كۈنلەردىكى قانلىق توقۇنۇشنىڭ ئالدى ئېلىندى. بىراق، كابېرانىڭ ئۆز غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەشكە ياكى چېگراسىنى ساقلاشقا قۇربىتى يەتمىدى. كونگوغا كەلگەن دىشۋارچىلىق ئەتراپتىكى قوشنا دۆلەتلەرنى ئۆز ھەلەكچىلىكىگە سۆرەپ كىرگىلى تاس قالدى. ماندېلا يەنە بىر قېتىم ۋەزىيەتنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇقىملاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، ھەرقايسى پىرىزىدېنتلارنى ئەسكەر چىقارماسلىققا دەۋەت قىلدى. بىراق، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پارچىلىنىش ئالدىدا تۇرغان بۇ دۆلەتتە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەنپەئەت توقۇنۇشى بار ئىدى. كونگو يەنە بىر قېتىم «قاراڭغۇلۇق مەركىزى»گە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭدىكى مالىمانچىلىق ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىۋاتاتتى. شۇ سەۋەبتىن قوشنا دۆلەت ئانگولا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا قارشىلىق قىلغۇچىلار تەرىپىدىن چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئىچكى ئۇرۇش ھالىتىگە كېلىپ قالغانىدى.

ماندېلامۇ لېسوتو (جەنۇبىي ئافرىقا قورشاپ تۇرغان بىر تاغلىق دۆلەت) مەسىلىسىگە چېتىلىپ قالدى. 1998 ـ يىلى لېسوتونىڭ باش ۋەزىرى پاكرىتا موسىسلى پرېتورىيەدىن ياردەم سوراپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان بىر مەيدان قالايمىقانچىلىقنى توسۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلدى. بۇتېلېزى ئەينى دەۋردىكى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ۋاقىتلىق پىرېزىدېنتى ئىدى. ماندېلا بۇتېلېزىدىن مەسلىھەت سورىغاندىن كېيىن، لېسوتو ۋەزىيىتىگە قول تىقىشقا قوشۇلدى. بىراق، جەنۇبىي ئافرىقا ئاخبارات كەمچىلىكى سەۋەبلىك، پەقەت 600 كىشىلىك يېتەرسىز ئەسكەر ئەۋەتكەنىدى. جەنۇبىي ئافرىقا قىسمى بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ جەرياندا لېسوتونىڭ پايتەختى ماسېرو بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇلاڭچىلار ماگىزىنلارنى بۇلاپ ـ تالاپ قۇرۇقداپ قويىدى. خەلق غەزەپلىنىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. پارلامېنتنىڭ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا مىنىستىرلار ۋە ھەربىي قىسىم بىر قىسىم ئاساسلىق خاتا ھۆكۈملىرىنى سەممىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلدى. ماندېلا ئارىلىشىشنىڭ نىشانغا يەتكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ: «بىز ناھايىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلدۇق» دېدى. ئۇ 1999 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مۇنداق دېدى: «ھەربىي قىسىمنى

باشقۇرۇش جەھەتتە يېتەرسىزلىكلەر بولغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق بىز ئۇ دۆلەتكە تىنچلىق ئەكەلدۇق.» لېكىن، بۇ قېتىملىق ئوسال ھەرىكەت جەنۇبىي ئافرىقىنى بىر كالانپاي، كۆچىگە تاپىنىپ بىراۋنى بوزەك قىلىدىغان زومىگەرگە ئوخشىتىپ قويغانلىقتىن، ماندېلانىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى تىنچلىق ئەلچىسىلىك ئوبرازىغا بۇزغۇنچىلىق ئەكەلدى.

جەنۇبىي ئافرىقىدا ھېلى ئۇ دۆلەتتە، ھېلى بۇ دۆلەتتە ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرىپ تۇردى. بۇ ھال ئافرىقىنىڭ قايتا گۈللىنىشىدەك ئۇلۇغ نىشانغا بارغانسېرى سوغۇق سۇ سەپتى. بۇ ئارقىلىق جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئوبرازىغىمۇ داغ چۈشتى. 1998 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مىبېكى مۇنداق دېدى: «تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئاچلىق، نامراتلىق، قاقاسلىق، ياردەمگە تايىنىۋېلىش كۆزگە چېلىققاندا، كىشىلەر ھەرگىزمۇ بۇ ئىشلار پالانى جۇمھۇرىيەتتە يۈز بېرىپتۇ دېمەستىن، بۇ ئەھۋال ئافرىقىدا يۈز بېرىپتۇ دېيىشىدۇ.»

ماندېلانىڭ ئافرىقىدىكى كۆپ قىسىم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى ئابرۇيى تەڭداشسىز ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتىكى كۆۋرۈك ئىدى. 1998 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتى دۆرباندا 12 ـ قېتىملىق يىغىن چاقىردى. يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قاتناشقۇچىلار كەلدى. ماندېلا كاستېرو ۋە ياسىر ئارافاتنى دوستانىلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزىمۇ ناھايىتى رىقابەت خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. ماندېلا يەرشارى بازىرىنىڭ مالىيە قىزىل رەقىمى، كاپىتالنىڭ ئېقىشى ۋە جانلىق ئەمگەك كۈچى بازىرى جەھەتتە «باراۋەرلىكتە بىردەكلىك ھاسىل قىلىش»قا بولغان گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ كۆپچىلىكنى «باش ـ ئايىغىنى بۇنداق ئاسانلا ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىش، ۋاستىنى مەقسەت دەپ تونۇۋېلىش» تىن، شۇنداقلا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەرەققىياتىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنىڭ «ھەربىر پۇقرانىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاش» ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى ئاگاھلاندۇردى. ماندېلا كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقى ھەققىدە كاپالەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئىسرائىلىيە دائىرىلىرىنىڭ تار رامكىسى ۋە شوۋىنىزمىنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكى» ئوتتۇرا شەرقنىڭ مەڭگۈ تىنچ كېلەچىكىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىدى. ماندېلا ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق كەشمىر توقۇنۇشىنى ھەل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى تېزدىنلا ماندېلانىڭ سۆز قىلىشى كىشىنى بەك بىئارام قىلدۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ياردەم بېرىش خاھىشىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، دەپ نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. ھىندىستان باش مىنىستىرى ۋىدجىپايىمۇ ئۈچىنچى تەرەپنىڭ كەشمىر مەسىلىسىگە ئارىلاشماسلىقىنى ئاگاھلاندۇردى. ئىراق، پەلەستىن ۋە پاكىستان ماندېلانى ماختىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ياسىر ئارافات جەنۇبىي ئافرىقىدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى. بۇ چاغدىكى ئارافاتنىڭ تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، پاركىنسون يىغىندى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى جەكىي سەللىبى مۇنداق دېدى: «ماندېلا مەلۇم ئادەم ياكى مەلۇم ھۆكۈمەتنىڭ خاتا ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، پاي چېكى بازىرىنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك.»

ماندېلا يېڭى ھەمكارلاشقۇچى ئىزدەش ئارقىلىق جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ يەرشارىدىكى ئىقتىسادىي خەرىتىسىنى قايتا سىزىپ چىقىشقا باشلىغانىدى. دەسلەپتە، ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىش مۇمكىنچىلىكى ئەڭ زور بولغىنى ئىقتىسادى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئاسىيا ئىدى. ئاسىيا ئىلگىرى

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە سېخىيلىق قىلغانىدى. بىراق، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالى بەك مۇرەككەپ ئىدى. 1993 - يىلى تەيۋەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ياردەم قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماندېلا ھۆكۈمىتى جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىدىغان چاغدا، مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ماندېلا كونا دوستلىرىغا ساتقۇنلۇق قىلماسلىقتا چىڭ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، مىللىي پارتىيەدىكى تونى رىئون: «بىزنىڭ بارلىق دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىمىز ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سايلامدىكى قەرزىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان» دېدى. بىراق، ناھايىتى تېزلا پرېتورىيە دائىرىلىرى ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، جۇڭگونى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تەيۋەندىنمۇ ئۈزۈل - كېسىل يىراقلاپ كەتمىدى.

ماندېلا ئاسىيا بىلەن باردى - كەلدى قىلىشتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى «پارتىيە ۋە سىياسەت» سەۋەبلىكلا ئەمەس ئىدى. ئەينى چاغدا، پۈتۈن دۇنيادىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە بانكىرلار ئاسىيادىكى تۆت كىچىك ئەجدىھاغا نەزىرىنى تىككەنىدى. ماندېلا «ئاتلانتىك ئوكيان گۈللىنىش چەمبىرىكى»نى قايتا قۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دەسلەپكى تارىخىغا نىسبەتەن ھىندىستانلىقلار، مالايسىيالىقلار ۋە جۇڭگولۇقلار ئەمدى قەدەم ئېلىۋاتاتتى. «ئاتلانتىك ئوكيان گۈللىنىش چەمبىرىكى» بەلگىلىك تەسىر كۈچىنى جارى قىلدۇرغانىدى. 1997 - يىلى ماندېلا سىنگاپوردا سۆز قىلغاندا: «كۆپ يىللار ئىلگىرى، ئاسىيانىڭ جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن سودا مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۈگۈنگە كەلگەندىلا بىز بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئەمدى چۈشەندۇق» دېدى. ماندېلانىڭ ھىندىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ پىرېزىدېنت سۇخارتونى قابىلىيەتلىك، سەۋرچان، مەدەنىي رەھبەر دەپ ماختايتتى. ئۇ سۇخارتونىڭ كىشىلىك ھوقۇققا تاجاۋۇز قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىلمىشىنى ئاشكارا تەنقىدلەشنى رەت قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ بىلەن يەڭ ئىچىدە شەرقىي تىمور مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. 1975 ـ يىلى ھىندونېزىيە پۈتۈن دۇنيانىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا قارىماي شەرقىي تىمورغا تاجاۋۇز قىلغانىدى. 1997 ـ يىلى ماندېلا سۇخارتونى شەرقىي تىمورنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىنىڭ تۇرمىدىكى رەھبىرى شانانا گۇسمونى يوقلاشقا كۆندۈردى. ئۇنىڭ ئارزۇسى ماندېلانىڭكى بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە ئىدى. ماندېلا سۇخارتودىن گۇسمونى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بىراق، بۇ ئىش سۇخارتو تەختتىن چۈشكەندىلا ئاندىن ئەمەلىيلەشتى.

مالايسىيانىڭ جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى كۆنسېرى قويۇقلاشتى. 1990 ـ يىلى مالايسىيا باش مىنىستىرى مەھدى مۇھەممەد جەنۇبىي ئافرىقىنى زىيارەت قىلغاندا، ماندېلادا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. 1991 ـ يىلى ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسى يىغىنىدا، ماندېلا يەنە بىر قېتىم مالايسىيانىڭ ئۇقتىئىنەزەرى تەرىپىدىن جەلپ قىلىندى. مالايسىيا «يەرلىك ئاھالە» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ ئۇقۇم مالايسىيا خەلقى ئۇچۇن تېخىمۇ چوڭ بولغان سانائەت ئىگىدارلىقى ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، گۈللەنگەن مالايسىيا ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەسىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئاز سانلىق جۇڭگولۇقلار بىلەن رىقابەتلىشىشكە قارىتىلغان ئۇقۇم ئىدى. بۇ ئەھۋال جەنۇبىي ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەرنىڭ ئەھۋالىغا ناھايىتى ئوخشايتتى. 1996 ـ يىلى ماندېلا مالايسىيانى زىيارەت قىلغاندا مالايسىيانىڭ تەربىيەلەش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ھوقۇق بېرىش جەھەتتە باشقا دۆلەتلەر ئۈچۈن ئۈلگە بولۇۋاتقانلىقىنى ماختىدى. مەھدى مالايسىيالىق كارخانىچىلارنى ھىندى ئوكياندىن چىقىپ «جەنۇب ـ جەنۇب دىپلوماتىيەسى» گە يۈرۈش قىلىشقا ئىلھام بەردى. 1994 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقا چوڭ سايلامدىن كېيىن، مالايسىيا كارخانىلىرى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئورمانچىلىق، ئۆي ـ مۈلۈك

ۋە باشقا ساھەلىرىگە يۈرۈش قىلىپ، بىر قېتىمدىلا ئېنگىن ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسىم پاي چېكىنى ۋە تېلېگراف ماگناتى تەيكوننىڭ زور مىقداردىكى پاي چېكىنى سېتىۋالدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مالايسىيا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىستراتېگىيە خەرىتىسىدە كۆبانىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنىدى.

بىراق، 1997 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى تۆت كىچىك ئاسىيا ئىقتىسادىي كىرىزىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بانكىلار تاقىلىپ، شىركەتلەر ۋەيران بولدى. پىرىزىدېنت سۇخارتونىڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلدى. ئاسىيادا ئىقتىسادىي مۆجىزە يۈز بېرىشنى تەمە قىلىدىغان غەرب ئىقتىسادشۇناسلىرى سۆزىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنچىل ھالدا ئۇ يەرلەردىكى چىرىكلىك ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق كاپىتالىزمىنى نەزەرگە ئىلماي كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مۇقىم ۋە ساغلام بانكا سىستېمىسىغا ئىگە جەنۇبىي ئافرىقا دەماللىققا ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمىغاندەك قىلغان بولسىمۇ، بىراق كېيىن ھىندونېزىيە، مالايسىيا، تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىق كۆپلىگەن غەربلىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى قاچۇرۇۋەتتى. ئۇلارنى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىلەردىن چېكىندۇردى. مەبلەغ چېكىندۇرۇش شىددەت بىلەن راندىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ئەمدىلىكتە شەرق بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىشنىڭ ئىستىقبالى ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالدى. مەيلى مەبلەغ سېلىش جەھەتتە بولسۇن ياكى دىپلوماتىيە جەھەتتە بولسۇن، جەنۇبىي ئافرىقا غەربكە تايىنىشتىن قۇتۇلالمىدى.

ماندېلانىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زىددىيەتلىك ئىدى. ئۇ 1990 ـ يىلى ئامېرىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا زىيارەت قىلىپ، ھەر ياقتىن كەلگەن ئىلھاملاندۇرۇشلارغا ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئامېرىكىنىڭ كىنو

www.uyghurkitap.com

چولپانلىرىنى، مودا ناخشىچىلارنى ۋە دوستانە سىياسىيونلارنى زىيارەت قىلىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئامېرىكا پرېزىدېنتى كىلىنتون ۋە بۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئۆتمۈشتىكى گۇناھى ئاللىقاچان كەچۈرۈۋېتىلگەنىدى. ئامېرىكا دۆلەت كېڭىشىمۇ پرېتورىيەنىڭ ئافرىقىنىڭ كۈچىگە ۋەكىللىك قىلالىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، ماندېلا ئامېرىكىنىڭ تەكەببۇر پوزىتسىيەسىدىن بەكمۇ بىزار ئىدى، ئامېرىكىنىڭ ئافرىقىنىڭ ئابرۇيىغا تاجاۋۇز قىلىشىغا ياكى ئافرىقىغا ئافرىقىنىڭ دادىسىدەك مۇئامىلە قىلىشىغا بولغان ئىنكاسى ناھايىتى كەسكىن ئىدى. ماندېلا ۋاشىنگتوننى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىدلىگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئامان ـ ئېسەن قالغان كىشى ھېسابلىنىدۇ. بىر نەپەر باش ئەلچى: «ماندېلا ‹ئامېرىكىغا جەڭ ئېلان قىلغىلى بولماسلىق› ئىدىيەسىنى يوق قىلماقچى» دېدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماندېلا كۆپ ساندىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

1996 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ماندېلا كىلىنتونغا ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى تۇردى. چۈنكى، كىلىنتون بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كاتىپى بۇتروس غالىنىڭ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىشىنى رەت قىلغانىدى. بىراق، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى قوللاش بىلىنى تاشلىغانىدى. ماندېلا يەنە بىر باش كاتىپ نامزاتىنىڭ ئافرىقا يۇشتىمدىن بولغان كوففىي ئاناننى ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۆڭلى بىرئاز تىنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا ئامېرىكىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا بولغان ئۆكتەملەرچە پوزىتسىيەسىگە داۋاملىق قارشى تۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماندېلا ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قورال ـ ياراغ سېتىشىغا قول تىقىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى ئەيىبلىدى. بۇ مەسىلىدە ئۇنىڭ ئەخلاق مەيدانى

ئانچە مۇستەھكەم بولمىدى. ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمەت ناھايىتى گۈللەنگەن قورال ـ ياراغ سانائىتىنى بەرپا قىلغان بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئېھتىياجلىق جايلارغا قورال سېتىپ بېرىش بىلەن زور پايدىغا ئېرىشەتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن، مەملىكەتلىك قورال ـ ياراغ شىركىتى گۇمانلىق خېرىدارلار بىلەن سودا قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. 1997 ـ يىلى يىل بېشىدا، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشى پرېتورىيەنىڭ سۇرىيەگە 650 مىليون قىممىتىدىكى تانكا سېتىپ بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق غەزەپلەندى. سۇرىيە ئىسرائىلىيەنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ئىدى. ئامېرىكا بۇنىڭ «ناھايىتى ئېغىر قىلمىش» ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇردى. پارلامېنت ئەزالىرى بىردەك ھالدا جەنۇبىي ئافرىقىغا بولغان ياردەمنى ئازايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالدى. ماندېلامۇ قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ بايانات ئېلان قىلىپ: «بىز ئۆزىمىز سودىلاشماقچى بولغان دۆلەتنىڭ غەربنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدىغان ياكى ئېرىشمەيدىغانلىقىغا قارىماستىن ھەرقانداق دۆلەت بىلەن سودا قىلىمىز... غەرب دۇنياسىنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭمۇ دۈشمىنىمىز ھېسابلىنىۋەرمەيدۇ» دېدى.

بىراق، ماندېلانىڭ ۋاشىنگتونغا قاتتىق قارشى تۇرۇشى ئۇنىڭ كازافى ۋە كاستېرودىن ئىبارەت ئىككى چوڭ «قارا ئالۋاستى»نى ھىمايە قىلىشى سەۋەبلىك ئىدى. 1996 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئۇ نورۋېگىيە باش مىنىستىرى گېرو برۇنتراند بىلەن بىرلىكتە روببېن ئارىلىنى زىيارەت قىلغاندا، ئۆزىنىڭ كازافى ۋە كاستېرو بىلەن بولغان دوستلۇقىنى تەكىتلىدى. ئۇ ناھايىتى قالتىس پەيت ئىدى. ماندېلا ھاك مەيدانىدا ھاياجانلىق نۇتۇق سۆزلەپ، نورۋېگىيەنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئەڭ غېرىب ۋە تايانچىسىز ھالەتتە تۇرغاندا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ياردەم قولىنى سۇنغانلىقىنى مەدھىيەلىدى. ئۇ بۇ سۆزىدىن كېيىن، كاستېرو بىلەن كازافىنى چوقۇم جەنۇبىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئافرىقىنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنداقلا، پرېزىدېنت بۇشنىڭ ئۇنىڭغا ئۇلارنى قوللىماسلىق تەكلىپىنى بەرگەنلىكىنى ئەيىبلىدى. بىراق، ماندېلا ھەرگىزمۇ «قەدىناس دوستلىرى»غا ساتقۇنلۇق قىلمايتتى.

1998 ـ يىلى كاستېرو دۇرباندا ئۆتكۈزۈلگەن ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن، كومېدىيەلىك ھالدا جەنۇبىي ئافرىقىنى زىيارەت قىلدى. ئۇ «ساقلانغىلى بولمايدىغان ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىس يەرشارىنى قاپلاپ كەتتى» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. مىللىي دېموكراتىك پارتىيە كاستېروغا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى «دېموكراتىيەنىڭ دۈشمىنى» دېدى. بىراق، جەنۇبىي ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەر ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلار «كۇبا! كۇبا!» دەپ توۋلىدى.

كازافى ئەزەلدىن جەنۇبىي ئافرىقىنى زىيارەت قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، بىراق ماندېلا يەنىلا ئۇنى قەدىناس دوستۇم دەپ قارايتتى. چۈنكى، كازافى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان 60 ـ يىللاردا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە ياردەم قولىنى سۇنغانىدى. 1988 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ بىر ئايروپىلانى شوتلاندىيەنىڭ لوكېربى ھاۋا بوشلۇقىدا پارتلاپ كەتتى. بۇ لىۋىيەنىڭ قىلغان ئىشى دەپ قارىلىپ، كازافىنىڭ ئوبرازى غەربتە تېخىمۇ ياۋۇزلىشىپ كەتتى. بىراق، 1990 ـ يىلىدىن كېيىن ماندېلا لىۋىيەنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۈچۈن مەبلەغ توپلاش ئىدى. غەرب جەمئىيىتى لىۋىيەدىن جىنايەت گۇماندارىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ۋە سوتقا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ماندېلا پرېزىدېنت بۇش بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، جىنايەت گۇماندارىنى ب تەرەپ دۆلەتتىن بىرىدە سوتلاشتا چىڭ تۇردى. 1997 ـ يىلى ماندېلا لىۋىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇشقا تەييارلىق قىلدى. ئامېرىكىلىقلار بۇنىڭدىن غەزەپلەندى. ئامېرىكا دۆلەت

ئىشلىرى كېڭىشى ئەگەر ماندېلا لىۋىيەنى زىيارەت قىلىش پىكرىدە چىڭ تۇرسا، ئۇلار ناھايىتى ئۈمىدسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، دېدى. ماندېلا يوھاننىسبۇرگتىكى بىر قېتىملىق زىيارەتتە ناھايىتى قاتتىق پوزىتسىيەدە بولدى:

ئۇلار قانداقسىغا بىزنىڭ كىم بىلەن دوستلىشىشىمىزغا قوماندانلىق قىلغۇدەك بۇنچىۋالا ھاكاۋۇر؟ ئەگەر مەن بورىس يېلسىننى ئالبانىيەنى زىيارەت قىلماسلىقى كېرەك دېسەم، سىز ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ئۇلار مېنى ھاكاۋۇرلۇقتا ئۇچىغا چىققان بىئەدەپ زەڭگى دېيىشىدۇ... گەرچە دۇنيادا بىر ئاز ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، بىراق قارا تەنلىكلەرنى كەمسىتىش تېخىچە تومۇر - تومۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن.

ماندېلا لىۋىيەنى زىيارەت قىلىشتا چىڭ تۇردى. كازافى ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدى. دوستانىلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقاتتى. ئۇنىڭغا ئامېرىكا تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنغان پىرېزىدېنت مەھكىمىسىنى زىيارەت قىلدۇردى. ماندېلا دۇنيا ساقچىسىلىق رولىنى ئويناۋاتقان ئاشۇ دۆلەتلەرنى ئەيىبلەپ: «مېنىڭ لىۋىيەنى زىيارەت قىلىشىمغا قارشى تۇرغان ئاشۇ دۆلەتلەرگە ئەخلاقتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس... سىياسىيون ئۆز ئەخلاقىنى قولدىن بېرىپ قويسا بولمايدۇ. ئۇلار قۇربان بېرىشكە تەييارلىق قىلىپ قويۇشى كېرەك. مانا بۇ مېنىڭ نېمە ئۈچۈن 27 يىل تۈرمىدە ياتقانلىقىمنىڭ سەۋەبى» دېدى.

ماندېلا لىۋىيەدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تونى بلايېر ئۆتكۈزگەن ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئېدىنبۇرگقا قاراپ ئۇچتى. ماندېلا باشتىلا لىۋىيە مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىلىتىش گۇماندارىنىڭ ئوتتۇرا مەيداندا تۇرىدىغان بىر دۆلەتتە سوتلىنىشىنى تەكىتلىدى. ماندېلا «بۇ پەيتتە، ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ دەۋاگەر، تەپتىش ئەمەلدارى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوتچى بولۇۋېلىشى خاتا» دېدى. ماندېلا ئەنگلىيەلىك لوكېربى بەختسىزلىككە ئۇچرىغۇچىلار جەمەتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇلارمۇ ئامېرىكىنىڭ قاتتىق پوزىتسىيەسىگە قارشى ئىدى. ماندېلا قايتىش يولىدا يەنە لىۋىيەدە توختىدى. ئۇ كازافىغا «ئۈمىد ئوردېنى» بەردى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا «ئىللىق سۆھبەتلىشىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىش» تەكلىپىنى بەردى.

ماندېلانىڭ كازافىنى قوغدىشى كۆپلىگەن غەربلىكلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. «مۇھاپىزەت گېزىتى» روببېن ئارلىنىڭ دانىشمىنى بۈگۈنكى كۈندە رىبوريدىكى بىر ئىتقا ھەمراھ بولماقتا، دېدى. ماندېلانىڭ ئامېرىكىنىڭ ئەخلاق قارىشىغا قىلغان ھۇجۇمى ئامېرىكا كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنى غەزەپلەندۈرۈۋەتتى. «يېڭى جۇمھۇرىيەت گېزىتى» ماندېلانى كىشىنى يىرگەندۈرىدۇ، دېدى. بۇ مۇرالىزمچىلارنىڭ ئەڭ ئېغىر گېپى ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاق تەنلىكلەرمۇ ماندېلانىڭ ئامېرىكىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىدلىشىگە بەكلا نارازى بولدى. بىراق، ماندېلا بۇ تەنقىدلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسلىقى ئىرقىي كەمسىتىش سەۋەبلىك بولغان، دەپ قارىدى. ماندېلا مۇنداق دېدى: «بىرەرمۇ ئافرىقىلىق قارا تەنلىك، رەڭلىك ئىرق ياكى ھىندىستانلىق مېنىڭ لىۋىيە سەپىرىمدىن گۇمانلانمايدۇ. ئاق تەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى پۈتۈن دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى، ئامېرىكىغا جەڭ ئېلان قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش بۇ دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ دەپ قارايدۇ. بىراق، قارا تەنلىكلەر ھەرگىز بۇنداق قارىمايدۇ.»

ماندېلا ئۆزىنىڭ ئىچكى كابىنېت كاتىپى جېكىس گېۋېر ئارقىلىق كازافى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى داۋاملاشتۇردى. گېۋېرنىڭ ئىچكى ئېنېرگىيەسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ماندېلانىڭ ناھايىتى مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشىگە ياردەملەشكەنىدى. بىراق، ماندېلا بۇتېلىزى ۋە كېلىنتونغا بىۋاسىتە تېلېفون قىلاتتى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىنى بىرئاز نارازى قىلاتتى. ماندېلا كازافىغا تەسەللى بەرسە بولاتتى — كازافى ماندېلانىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن يىراق تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى — 1999 - يىلى 3 - ئايدا، ماندېلا رىبورىغا ئۇچۇپ، بىر سودىدا پۈتۈشتى: كازافى ئىككى نەپەر جىنايەت گۇماندارىنى تاپشۇرۇپ بەردى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى لىۋىيەگە قىلغان ئىمبارگونى بىكار قىلدى. كونسېرۋاتىپلارنىڭ تاراتقۇلىرى بۇ ماندېلانىڭ شەخسىي دىپلوماتىيە مۇناسىۋەت ئۇسۇلى، شۇنداقلا لىۋىيەگە بولغان شەخسىي دوستلۇقى ئۈچۈن دىپلوماتىيە جەھەتتە يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەنلىك، دەپ قارىدى.

ماندېلا لىۋىيەنى قوغداش بىلەن بىللە، پىرېزىدېنت كېلىنتون بىلەن كۈنسايىن دوستانىلىشىۋاتقان مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق ئۆز ئارا قايىل بولۇش ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى. كېلىنتون ئارگىنزاس ئىشتاتىدا ئايالى ھىلارى ۋە قىزى چېرشى بىلەن بىرلىكتە تېلېۋىزورنىڭ بىۋاستە تارقىتىش قانىلىدىن ماندېلا تۈرمىدىن چىققان ئاشۇ پەيتنى كۆرگەندىكى مەنزىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايتتى. ماندېلا كېلىنتون بىلەن تۇنجى رەت كۆرۈشۈپلا كېلىنتوننى ناھايىتى داڭلىق ۋە مۇنەۋۋەر شەخس دەپ باھالىدى. ناھايىتى تېزلا كېلىنتوننى ئۇنىغا يەتمىگەن دوستىنىڭ قاتارىدا كۆردى. ماندېلا ماڭا: «كېلىنتون ئامېرىكا تارىخىدا ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئۇ قارا تەنلىكلەرنىڭ، ئاياللارنىڭ، مېيىپلەرنىڭ ئورنىنى كۆتۈردى. ئۇ قارا تەنلىكلەرنىڭ كەسكىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى» دېدى. ماندېلا دائىم كېلىنتونغا تېلېفون قىلاتتى. كېلىنتونمۇ ماندېلانىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى ئورۇنلايتتى.

1998 - يىلى 3 - ئايدا، كېلىنتون ئافرىقا زىيارىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سۈپىتىدە جەنۇبىي ئافرىقىدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى. بۇنىڭدىن پرېتورىيەنىڭ مۇھىملىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئامېرىكا باش ئەلچىسى جامېس يوسېف مۇنداق دېدى: «جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. بىز ھەممىمىز تايانچ كۈچ ھېسابلىنىمىز.» كېلىنتون پارلامېنتقا بەرگەن دوكلاتىدا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ جاسارىتى ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ ئامېرىكا جەنۇبىي ئافرىقا ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيدۇ دېمەستىن، ئامېرىكا جەنۇبىي ئافرىقىدىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىدۇ، دېدى. ماندېلا بۇ كۆزقاراشقا ناھايىتى قىزىقتى. بىراق، تېزدىنلا ماندېلا ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مەدھىيەلەش كەيپىياتىنى بۇزۇپ قويدى. تېنخيۇس گۇللۇكىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، ماندېلا مائېرىكىنىڭ يۇقىرى بېسىملىق سىياسىتىنى تەنقىدلەپ، ئۆزىنىڭ لىۋىيە، ئىران ۋە كۇبا مەسىلىلىرىگە تۇتقان مۇستەقىل مەيدانىنى تەكىتلىدى. كېلىنتون ناھايىتى تىنچتەك تۇراتتى. ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقا ئوبزورچىلىرىنىڭ «كۆلگە سەكرەپ مېڭىشنى سەگىتىش»نىگە تۇرتكە بولىدىغان سۆزلىرىدىن ناھايىتى نەپ ئالدى. ماندېلانىڭ قىلمىشى كېلىنتوننىڭ خۇسۇسىي ياردەمچىسىنى بەكلا نارازى قىلدى. ئۇ كېلىنتون بىلەن مەخپىي پىكىر ئالماشتۇرۇشتا چىڭ تۇردى. باشتىلا ماندېلا پىرېزىدېنت بىلەن يالغۇز پاراڭلاشتى. كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ شاھزادىسى باندالنى سۆھبىتىگە قېتىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

ئالتە ئايدىن كېيىن، كېلىنتون ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەلگەن تەنقىدلەرگە ئۇچراپ، ئەرز قىلىنىش خەترىگە يولۇقتى. ماندېلا ئۇنىڭغا ئۇ ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ئەخلاقىي قوللاشنى ئاتا قىلدى. ئاقسارايدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق دىنىي رەھبەرلەرنى كۈتۈۋېلىش زىياپىتىدە، كېلىنتون ناھايىتى

ھېسسىياتلىق ھالدا مۇنداق دېدى: «نېلسون ماندېلا ھەر قېتىم بىر ئۆيگە كىرسە، بىز ئۆزىمىزنىڭ تېخىمۇ بەك ئالىيجانابلىشىپ كەتكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىپ، ھەممىمىزنىڭ ئورنىمىزدىن تۇرغۇسى، تەنتەنە قىلغۇسى كېلىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھاياتىمىزنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىدىكى ئۆگىنىش ئۈلگىمىز ھېسابلىنىدۇ.»

ماندېلا ئەرز مەسىلىسىگە ئەگىتمە گەپ ـ سۆزلەر ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇرۇپ: «بۇ ئىشقا قول تىقماسلىقىمىز كېرەك» دېدى. ئاندىن ئۇ كېلىنتوننى «جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ۋە پۈتكۈل ئافرىقىنىڭ دوستى» دېدى. ئۇ خۇددى كازافىغا ۋەدە قىلغاندەك كېلىنتونغا ئۆز سەممىيلىكىنى ۋەدە قىلدى. «بىز دائىم ئەخلاقىمىز بىزنى دوستلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈشىمىزگە يول قويمايدۇ دەيمىز. بۈگۈن كەچتە بىز چوقۇم ‹ھاياتىمىزدىكى قىيىنچىلىققا ۋە ئايرىسالدىلىققا تولغان مۇشۇنداق پەيتتە، بىز سىز بىلەن تەڭ بىللە بولىمىز› دېيىشىمىز كېرەك.»

ئاللىقاچان 80 گە كىرگەن ماندېلانىڭ چەت ئەللەرنى زىيارەت قىلىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكى تېخىچە سۇسلاپ قالغىنى يوق. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگەزگەن ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە ئايدا، ئايالى گراسا بىلەن بىرلىكتە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، دوستلىرى بىلەن خوشلاشتى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بىر قىسىم ئاق تەنلىكلەر بۇنىڭدىن ئاغرىنىدى ۋە بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ ئۇنى مازاق قىلدى. ئۇلار: «پىرېزىدېنت ماندېلا بۇ ھەپتە يەنە يوق ئىكەن. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىنى زىيارەت قىلغىلى كەتتى» دېيىشتى. ئۇلار بۇ كۈنلەردە ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق تۇتمايۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىشقانىدى. كۆپ يىل ھوقۇق تۇتقان ماندېلانىڭ خەلقئارادىكى نۇر ھالقىسى قىلچە زىيانغا ئۇچرىمىدى. ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىكى ھەرقانداق رەھبەر ئۆز ئىشەنچىنى ۋە ئابرۇيىنى قايتا قولغا ئالالايتتى. ئوڭچى ۋە سولچى رەھبەرلەرنىڭ ھەرقانداقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماندېلانىڭ يېنىدىن تەسەللىگە ئېرىشەتتى. ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى خان جەمەتىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا ئوت كەتكەندە، ماندېلا ئەنگلىيەگە زىيارەتكە باردى. بۇ ھالدىن ئايال پادىشاھ بەكلا مىننەتدار بولدى. تونى بلايېرمۇ 1999 - يىلى 1 - ئايدا ماندېلانى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئوڭچىلىق ئوبرازىنى ياخشىلىۋالدى.

ئۇنداقتا، دۇنيا ماندېلانىڭ قىزغىن ھېسسىياتىغا نىسبەتەن قانچىلىك ھەقىقىي ياردەمدە بولالىدى؟ ماندېلانىڭ سېھرىي كۈچى پۇلغا ئايلىنالامدۇ، يوق؟ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى باش ئەلچىلەر ئۆز پىرېزىدېنتلىرىنىڭ بۇ دۆلەتكە زىيارەتكە كېلىش ئارقىلىق مەبلەغ جەلپ قىلىشقا ياكى سودا كېلىشىملىرىنى ياخشىلاشقا تىرىشتى. بىراق، ماندېلانىڭ يۈكسەك ئوبرازى بازاردا چوڭ رول ئوينىيالمىدى. چۈنكى، بۇ ئۇنى پانىي دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتىنى سۈرمەيدىغان قىلىپ كۆرسەتكەندى. لوندون «تايمىس گېزىتى» كونسېرۋاتىپچى سىتون مۇخبىرى سىمون جەنكىنس ماندېلانىڭ 1996 - يىلىدىكى دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى دوكلات قىلغان بىر ماقالىسىدە، ماندېلانىڭ ھۆكۈمەت رەھبىرى بولۇش سالاھىيىتى ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدى، دېدى. ئۇ مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇردى: «دانىشمەن نېلسون ماندېلا بىزنىڭ پۇلىمىزغا موھتاج. دانىشمەن بىر دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئەمما، بىر دۆلەتنى باشقۇرالمايدۇ.»

ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ماندېلانى ئەخلاقىي جەھەتتە قوللىشى بىلەن ئىقتىساد جەھەتتە قوللىشى ئارىسىدىكى پەرقى ناھايىتى چوڭ ئىدى. 1994 - يىلى ماندېلا ئەمدىلا پىرېزىدېنت بولۇپ سايلانغاندا، ياۋروپا ئىتتىپاقى جەنۇبىي ئافرىقىغا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قاراپ، جەنۇبىي ئافرىقىنى گۈللەنگەن، مۇقىم دۆلەت بولىدۇ دەپ قارىغان، شۇنداقلا بىر ئەركىن سودا رايونى قۇرۇپ، ئۇنى ھازىرقى زاماندىكى تەرەققىياتنىڭ نەمۇنىسى قىلىشقا ۋەدە قىلغانىدى. بىراق، بىريۈسسېلدىكى سۆھبەتچىلەر

ھەش - پەش دېگۈچە نۇرغۇن مەسىلىلەرگە يولۇقتى. گېرمانىيەدىكى بەرەڭگى تېرىيدىغان دېھقانلار، ئىتالىيەدىكى هاراق سودىگەرلىرى، گوللاندىيەنىڭ گۈلچى دېھقانلار تۆت يىل داۋام قىلغان 40 قېتىملىق سۆھبەتتە ئەينى چاغدا ماندېلاغا قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتمىدى. ئەنگلىيە ئىقتىسادىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشى ئەڭ ئاز، شۇنداقلا جەنۇبىي ئافرىقىنى قوللىشى ئەڭ يۇقىرى بولدى. 1998 - يىلى تونى بلايېر ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۇنى كۆرۈپ خىجىل بولۇشىنى، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئۆز بازىرىنى ئاچقۇزۇش مەقسىتىدە ماندېلانى كاردىفتا ئۆتكۈزۈلگەن ياۋروپا ئىتتىپاقى يىغىنىغا تەكلىپ قىلدى. هېلمۇت شىراك باشچىلىقىدىكى ياۋروپالىق رەھبەرلەر ماندېلانى قىزغىن قارشى ئالدى. ياۋروپا ئىتتىپاقى شۇ يىلى كۈزدە ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلدە كۆرۈلۈشى يەنىلا كېچىكىپ كەتتى. ئاخىردا، 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ماندېلا پارلامېنت يىغىنىدا ۋەزىپىدىن چۈشۈش نۇتقى سۆزلەشتىن بىرنەچچە سائەت ئىلگىرى، ياۋروپا رەھبەرلىرى كېلىشىم هاسىل قىلدى. بۇ قارار ئۆزگە بولغان ئىشەنچنى چوڭ كۆلەمدە ئىپادىلىدى دەپ قارالدى ۋە جەنۇبىي ئافرىقا هۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

غەرب رەھبەرلىرى ماندېلانىڭ يىغىنغا ئىشتىراك قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىرقلار ئارا مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، بۇ تەمكىن، ئاقىل سۆھبەتچىلەر بۇ ياش دېموكراتىك دۆلەتكە ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ بەرمىگەنىدى. يەر شارى ئىقتىسادىدىكى بىر - بىرىگە ئورا كولاش ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بوشلۇق بېرىشكە يول قويمايتتى. ماندېلانى بۈيۈك ئەرباب دەپ بىلىش بىلەن ئۇ ۋەكىللىك قىلغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىش ئىككى خىل ئىش هېسابلىناتتى.

بىراق، ماندېلا يەنىلا ناهايىتى ئۈمىدۋار. ئۇ دۇنيادىكى

www.uyghurkitap.com

ئىرقىي مەسىلە ياخشىلانماقتا دەپ قارىدى. ئۇ ئىزچىل ھالدا ئەنگلىيەلىكلەرنى ئافرىقا مۇستەملىكىمىزدىكى ئەنگلىيە پۇشتىدىن بولغانلارغا سېلىشتۇرغاندا ئوبيېكتىپ ۋە باراۋەرلىك خاراكتېرىگە ئىگە دەپ قارىدى. ماندېلا بىر ئەركىنلىك جەڭچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇنداق دېگەنىدى: «ھەرقانداق بىر مۇستەملىكە زېمىنىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە ياردەمگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى لوندونغا بېرىش.» ئۇ ئامېرىكا كېلىنتوننىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بارا ـ بارا ئىرقچىلىق سايىسىدىن قۇتۇلماقتا، دەپ قارىدى. 1991 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ماندېلا «ئامېرىكىنىڭ مىسالى بۈگۈنكى كۈندىكى ۋەزىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى. ھەرقايسى دۆلەتتىكى سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر ئىرقچىلىقتىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئادا ـ جۇدا بولماقتا» دېدى.

كېلىنتون ماندېلانىڭ ئۆزىنى ماختىغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. 1998 ـ يىلى ماندېلا ۋاشىنگتوننى زىيارەت قىلغاندا، كېلىنتوننىڭ ماندېلا ھەققىدە ئېيتقان مەدھىيە سۆزلىرى كىشىنى بەكلا تەسىرلەندۈرەتتى:

دۇنيادا بەتبەشىرىلىك، قالايمىقانچىلىق، كېلىشمەسلىكنىڭ بولۇشى؛ كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى تەرىپىنى نامايان قىلالماسلىقى قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىرقىي كەمسىتىش بولغانلىقىدا. ئەگەر بىز بۇ كىشىنىڭ 27 يىللىق ئۈن ـ تىنسىز قۇربانلىقىنى قەدىرلىسەك، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بەخت پەيزىنى سۈرگەنلىكىدىن خۇشاللىنىپ سەكرەپ كېتىمىز، ئۇنى ئۈلگە قىلغان ئاساستا ئەقىل تاپىمىز. بىز بارلىق تىرىشچانلىقىمىز بىلەن ئۆز قەلبىمىز ۋە باشقىلار قەلبىدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىشقا يۈزلىنىشىمىز كېرەك.

# 40. ماندېلانىڭ دۆلىتى

ماندېلا ھوقۇق يۈرگۈزگەن بەش يىل ۋاقىت ئىچىدە، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى تىنچلىق قايسى ئاساسلىق ئۆتكۈنچى دەۋرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. 1999 - يىلى 2 - ئايدا، ماندېلا پارلامېنتقا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق دۆلەت ئەھۋالى دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. ئۇ ئون يىل ئىلگىرى بىر «ئەرزىمەس مەھبۇسنىڭ» پىرېزىدېنتقا خەت يېزىپ، تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق ئىككى تۈرلۈك مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئەسلىدى: ئۇنىڭ بىرى، بىر خىل تۈزۈمدىكى دۆلەتتە نوپۇس سانى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان قارا تەنلىكلەرنىڭ ھوقۇق تۇتۇشى؛ يەنە بىرى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىكلەرنىڭ ھوقۇق تۇتۇشىدىن غەم قىلىشنى تۈگىتىش. ئۇ ئۆزىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بىر - بىرىگە قارشى ئىككى لاگېرغا بۆلۈنۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى ئەسلەپ، ئۆزى پىرېزىدېنت بولغاندىن بۇيانقى بىر يۈرۈش چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى پەخىرلىنىش ئىلكىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئۇلار خەلق باراۋەرلىكى، ئەركىن، باراۋەر مۇھىتتا سايلام ئېلىپ بېرىش، شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈندىكى بىز بولۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان سۆز قىلىش ئەركىنلىكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

بىراق، ماندېلا قارا تەنلىكلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدا تېخىچە كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆردى. كاللىسىدا بىر - بىرىگە بولغان بىر تەرەپلىمە كۆزقاراش ۋە ئىشەنمەسلىك سەۋەبلىك كىشىلەر بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. سۆزلىرىدىن ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇرىدۇ.

ناۋادا ئىرقىي كەمسىتىش ئۇسۇلىنىڭ ۋە پوزىتسىيەسىنىڭ قالدۇقلىرى چىقىرىپ تاشلانمىسا، پارتىيىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكى ماندېلاغا ئايان ئىدى.

ئەلۋەتتە، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كۆپلىگەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ دۆلەتنى ئىسلاھ قىلىش پوزىتسىيەسى قارا تەنلىكلەردەك ئانچە ئۈمىدۋار ئەمەس. 1994 - يىلىدىكى چوڭ سايلامدىن كېيىنكى قىسقىغىنا خۇشاللىقنى تېزدىنلا نارازىلىق كەيپىياتلىرى يۇتۇپ كەتتى. ئاق تەنلىكلەر جەنۇبىي ئافرىقا جەمئىيىتىدىكى ئىقتىسادىي چېكىنىشنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىشى، چىرىكلىكنىڭ كۈچىيىشى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىنىڭ ئېشىشى قاتارلىقلاردىن ئاغرىندى. بۇ هال ئاق تەنلىكلەرنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىنى بارا - بارا يوققا چىقارغانىدى. ئەسلىدە كۆپچىلىك ئاق تەنلىكلەر 94 - يىلىدىكى ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى چوڭ تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ، دەپ قارايتتى. بىراق، ئۇلار خاتالاشقانىدى. ئۇلار ئەمدىلىكتە هەرگىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئالاهىدە هوقۇقى ۋە ئۆلچىمى بولغان، غەرب جەمئىيىتىنىڭ تارمىقى هېسابلانغان نىسپىي مۇستەقىللىق هالىتىدىكى بىر توپقا تەۋە بولمايتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلار تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇ دۆلەتنىڭ بىر بۆلىكى هېسابلىناتتى. ئەينى يىللاردىكى بىرازلىيە ۋە مېكسىكىغا ئوخشاش، زور كۆلەمدىكى نامرات كىشىلەرنىڭ توختىماستىن شەهەرلەرگە ئېقىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، كۆپلىگەن مەسىلىلەر كۆرۈلدى. ماندېلا هۆكۈمىتى هەرقايسى ساهەلەردە ئىرقىي مەسىلە، كۆچمەنلەر مەسىلىسى، ئىقتىسادىي مەسىلە، ساغلاملىق مەسىلىسى، مائارىپ مەسىلىسى قاتارلىق بىر قاتار كىرىزىسلارغا دۇچ كەلدى. بۇ مەسىلىلەر بارلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ هەممىسى دۇچ كېلىدىغان كىرىزىسلارنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ئىدى.

ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرگە هەددىدىن

زىيادە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىشى ماندېلانىڭ ئاق تەنلىك سىياسىيونلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتكە ماس بولمىغان ئاغرىنىشلىرىغا بولغان سەۋرچانلىقىنى يوقاتتى. ماندېلا ئاق تەنلىكلەرنىڭ پارتىيەلىرىنى بىر توپ كالۋالار دەپ ھۇجۇم قىلدى. دېموكراتىك پارتىيەنىڭ رەھبىرى تونى رىئان بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ماندېلا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھۆكۈمەتنى ساراڭ ھۆكۈمەت دېدى.

ئەلۋەتتە، تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان قارا تەنلىك ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەنىڭ نەزىرىدە كەلگۈسى ئۈمىدۋارلىققا تولغانىدى. ئەسلىدە قارا تەنلىكلەر ئولتۇراق رايونىدا تۇرىدىغان، كونىراپ كەتكەن جەڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان ئاشۇ ئەركىنلىك جەڭچىلىرى بۈگۈنكى كۈندە BMW ماركىلىق ماشىنىنى ھەيدەيدىغان، ئاق تەنلىكلەر ئولتۇراق رايونىدا تۇرىدىغان بولدى. قارا تەنلىك سودىگەرلەر بۈگۈنكى كۈندە چوڭ كارخانىچىلاردەك تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولدى.

كۆپ يىللىق قۇربان بېرىش ۋە قىيىنچىلىقتىن كېيىنكى بۇنداق تېز ئۆزگىرىش بىر قىسىم كۆزەتكۈچىلەرنى بەكلا ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. 1997 ـ يىلى جەمئىيەتشۇناس ئادام، سىپولىت ۋە مۇدىرى قاتارلىقلار بەس ـ مۇنازىرىگە تولغان «سودا ساھەسىدىكى خىزمەتداشلار» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازغانىدى: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆپلىگەن رەھبەرلىرى تۇرمۇش ئەخلاقى جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى رەھبەرلەرنىڭ ئىزىدىن ماڭدى. ئاق تەنلىكلەر ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەچىلىك كۈن كەچۈرەلمىسە، ئۇلارچە بۇ ئادىلسىزلىق ھېسابلىنىدىغاندەك تۇراتتى.» مۇئاۋىن سودا مىنىستىرى فەمچىر مۇرامبو نۆۋكا قارا تەنلىك سودىگەرلەرگە ئۇلارنىڭ «مەينەت سودىدا بېيىش» تىن نومۇس ھېس قىلىشقا ھاجىتى يوقلۇقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسىيونلارمۇ بارا ـ بارا ئۆز سايلام خەلقىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا باشلىدى. پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ مائاشى

www.uyghurkitap.com

ئاۋام خەلقنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 30 ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىنىڭ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ مائاشى نىسبەتەن نامرات ھېسابلانغان بۇ دۆلەتكە نىسبەتەن بەكلا يۇقىرى مائاش ھېسابلىناتتى.

قارا تەنلىكلەر ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەسى زور قىزغىنلىق بىلەن كاپىتالىزمنى ھىمايە قىلدى. بۇ ھالنى 20 يىل ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قارا تەنلىكلەرنىڭ تېز سۈرئەتتە سودا ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈمىدى بەربات بولدى. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەر بەك كۆپ ئىدى: ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارشىلىقى، تەربىيە كۆرگەن قارا تەنلىك دىرېكتور ۋە بوغالتىرلارنىڭ بەكلا كەمچىلىكى، شۇنداقلا بانتۇستان مائارىپى ئەكەلگەن سەلبىي تەسىر قاتارلىقلار شۇ سەۋەبلەر قاتارىدا ئىدى. ئاق تەنلىك لىبېرالىستلار پارتىيەسىدىكىلەر ئاق تەنلىكلەر بېشىدىن كەچۈرگەن شۇ قېتىملىق ئىسلاھاتقا ئوخشاش، بۇ قېتىملىق ئىسلاھاتقىمۇ ۋاقىت كېرەك دەپ قارايتتى. مالۇس سىككى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى قوللايدىغان ئاق تەنلىك بولۇپ، بانكا ئېچىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. مالۇس مۇنداق دېدى: «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ باج ھوقۇقى ۋە ھوقۇقتا باراۋەرلىك ھوقۇقى 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى باشلانغان. بىراق، 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگە كەلگەندىلا ئاق تەنلىكلەر جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىقتىسادىدا مەلۇم ئورۇنغا ئىگە بولدى. تېز سۈرئەتتە ھوسۇل ئېلىشنى ئارزۇ قىلىش ئەسەبىيلەرچە خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس.» بىراق، ئاز ساندىكى قارا تەنلىك كارخانىچىلار سودىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. مەسىلەن، نىسادور موترانا چوڭ تىپتىكى كارخانا گۇرۇھى NAIL نىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

كىشىلەرنىڭ سودىغا بولغان ھەددىدىن زىيادە قىزغىنلىقى ماندېلانى ئەنسىرىتەتتى. ئىستېمالچىلىق دۇنيانى قاپلىغاندا، ماندېلا يەنىلا تۈرمىدە ئىدى. ئۇ ياش ئەۋلادلارنىڭ بەتخەجلىك

قىلىپ بۇزۇپ ــ چېچىپ ئىستېمال قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بىراق، ئۇ كارخانىلارنىڭ ۋە چەت ئەل مەبلىغىنىڭ خىزمەت تېپىش ۋە ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشكە نىسبەتەن بەكلا مۇھىملىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، يەككە شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن مالىيە تارماقلىرى ۋە سانائەت تارماقلىرى بىلەن باشقا تارماقلارغا ئوخشاشلا شەخسىي ئالاقە ئورنىتىشقا بولاتتى. ئۇ دائىم سودا ساھەسىدىكى كاتتىباشلارغا تېلېفون قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى ئۆتۈنەتتى. ماندېلا ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بالىلار فوندى ئۈچۈن ناھايىتى ئوبيېكتىپ راسخوت توپلىدى. ماندېلا بۇ كارخانىچىلارنىڭ ئىنكاسىدىن ناھايىتى رازى بولدى: «سىز ئۇلارنىڭ ئىنكاسىغا قاراپ ئۇلارنىڭ ئىسلاھاتقا ھەقىقىي قاتناشقان ياكى قاتناشمىغانلىقىنى بىلىۋالالايسىز... مەن سودا ساھەسىدىن ھەر قېتىم ياردەم تەلەپ قىلغىنىمدا، ئاساسەن دېگۈدەك ناھايىتى ئاكتىپ خاراكتېرلىك قوللاشقا ئېرىشتىم.»

ئوڭچى ئوبزورچىلار ماندېلا سودا ساھەسىدىكى شەخسلەر بىلەن ھەددىدىن زىيادە دوستلىشىپ كەتتى، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تۆرگە مەردلىك بىلەن ئىئانە بېرىشى ئۈچۈن ئىدى. بىراق، ماندېلا شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنەتتىكى، ئىقتىسادىي گۈللىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم سودا ساھەسىدىكى ماگناتلار بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىنى ساقلاش كېرەك ئىدى.

بۇ بىر مەيدان ئۈشتۈمتۇت كۆتۈرۈلگەن جەنۇبىي ئافرىقا قارا تەنلىكلەر سودا ھەرىكىتىگە نىسبەتەن، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى چىرىكلىكنىڭ يامراپ كېتىشى ئىدى. بۇ كۆپلىگەن ئافرىقا دۆلەتلىرىدە يۈز بەرگەن ئىش ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئاق تەنلىك سودىگەرلەر ۋە قارا تەنلىك پايدا ئالغۇچىلار بىردەك ھالدا چىرىكلىشىش شامىلىنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆچىيىشىگە ياردەم بەردى. پايدىغىلا ئىنتىلىدىغان كارخانىچىلار توختاملىغا ئىرىشىشنى، تەرتىپ جەھەتتىكى مۇرەككەپلىكنى ئازايتىشنى خالايتتى. پارىخور مىنىستىرلار ياكى ئەمەلدارلار بۇ چىغىر يولغا ئايلاندى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بىر تۈركۈم سەتچىلىك سەۋەبلىك موللاق ئاتتى. ماندېلا ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. 1999 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ماندېلا مۇنداق دېدى: «بىز ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىشىشىنى يوقىتىش نىيىتىدە ھازىرقى ھۆكۈمەتنى قۇرغانىدۇق. ئەمدىلىكتە، بىزنىڭ چىرىكلىكنى يوقىتىشقا كۈچ چىقارغان شۇ كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆزى چىرىكلىكنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. بۇ ھال ھەقىقەتەن كىشىنى ھەسرەتلەندۈرىدۇ ۋە ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ.» ماندېلا مىبېكى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن كۈچى بىلەن چىرىكلىك مەسىلىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئىنقىلاپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ سوت ئەمەلدارى ۋىلىيام شىسنى ھۆكۈمەتتىكى بارلىق خىيانەتچىلىك ۋە چىرىكلىك قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە تەيىنلىدى: «بىز تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىغان شىكايەتلەر سەۋەبلىك ھەرىكەت قوللانمايمىز.» ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى ئىلگىرىكى ھۆكۈمەت بىلەن كۆپ جەھەتلەردە ئوخشىمايدۇ، دەپ قارايتتى. ئىلگىرىكى ھۆكۈمەت دائىم «مەسىلىنى باستۇرۇپ قويۇشقا ئۇرۇناتتى»، بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مەسىلىسى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

دەرۋەقە، ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىك دەرىجىسى خەلق ئاممىسىنىڭ كۆرۈپ تۇرغىنىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر ئىدى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىلگىرى سۈرگەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇش سىياسىتى ۋە تاراتقۇلارنىڭ ئەركىنلىك تۈزۈمى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ كۆپلىگەن مەسىلىلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان، ئۇنىڭ

ئۈستىگە خەلققە ئىجتىمائىي كەيپىيات بارغانسېرى ناچارلىشىۋاتقاندەك تەسىر بەرگەنىدى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى چىرىكلەشكەن مىنىستىرغا زىيادە مېھرىبانلىق قىلىپ كەتتى. پارىخورلۇقنى ۋە ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىشنى تۈگىتىش جەھەتتىكى ھەرىكەتلەر بەك ئاستا بولدى. بولۇپمۇ ئۆلكە دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدا تېخىمۇ شۇنداق بولدى. ماندېلا بۇنىڭ دېموكراتىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەجەللىك جايى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ چوڭ كارخانىلارغا تۇتقان قارشى ئېلىش پوزىتسىيەسى كۆپلىگەن ئوڭچى زاتلارنى ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن كاتولىك دىنىدىكى پېشقەدەم ئەسكەرلەرنى غەزەپلەندۈردى. بۇ كىشىلەر ئىزچىل ھالدا سىنىپ پەرقى بولمىغان، خىيانەتچىلىك يۈز بەرمەيدىغان بىر جەمئىيەت قۇرۇشقا ئىنتىلەتتى. ئاشۇ غايىچىلەر ۋە چەت ئەللىك ئىنقىلابچىلار ئەسلىدە جەنۇبىي ئافرىقىنى ئالاھىدە ئۇتوپىيەلىك جەمئىيەت دەپ قارايتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ بۇ غايىسى سۇغا چىلاشتى. 1998 - يىلى 4 - ئايدا، ئاۋستىرالىيەلىك ئاكتىپ مۇخبىر جون پىرىگ ئەنگلىيە بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىدا بىرلا ۋاقىتتا كۆرسىتىلگەن ھۆججەتلىك فىلىمدا كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى ۋە ئۈمىدسىز كەيپىياتىنى تولۇقى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. كېيىن، پېرىگ مۇنداق دەپ يازدى: «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار بىر قىسىم مەنپەئەتدار گۇرۇھلار بازار پۇرسىتىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. ھالبۇكى، كۆپ قىسىم كىشىلەر ئىشسىزلىق ۋە نامراتلىق پاتقىقىغا بارغانسېرى چوڭقۇر چۆكمەكتە.»

1997 - يىلى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» دا ئىقتىسادىي كىرىزىس يۈز بەردى. بۇ ئەسلىدە دۇنيا بازىرى جەھەتتە قىلىنى قىرىققا يارىدىغان ئوڭچى شەخسلەرنىڭ زەربە بېرىشىگە باھانە بولۇپ بەردى. كىرىزىسنىڭ دەسلەپكى

www.uyghurkitap.com

چاغلىرىدا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى چېكىنىپ، تېز سۈرئەتتە پۇل پاخاللاشتى. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىقتىسادى چوڭ تەسىرگە ئۇچرىمىغاندەك قىلاتتى. بىراق، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئالتۇن زاپىسى بەكلا تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1998 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، مەبلەغ سالغۇچىلار بىر قېتىملىق پۇل تىكىپ قىمار ئويناش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. قىسقىغىنا ئىككى ئاي ئىچىدە راندنىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا سېلىشتۇرۇلغاندىكى قىممىتى 25 پىرسەنت چۈشۈپ كەتتى. بۇ ھال ھۆكۈمەتنى مالىيە چىقىمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئازايتىشقا مەجبۇر قىلدى. نەتىجىدە چەت ئەل قەرزىگە زىيادە تايىنىۋالغان شىركەتلەرگە چوڭ ئاۋارىچىلىك ئەكەلدى. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى پۈتۈنلەي ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسكە ئارتىپ قويۇشقا بولمايتتى. «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى» بايانات ئېلان قىلىپ: «راندنى تاللىشىش — كۈچىگە تايىنىپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش قىلمىشى ھېسابلىنىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق جىنايىتى راندنىڭ ئاجىزلىشىشىدا» دېدى. 1998 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تابو مبېكى مۇنداق بايانات ئېلان قىلدى: بىر يىلدىن كېيىن ئەمگەك مىنىستىرى دىتو مۇبۋېنى كرېس ستارسىنىڭ ئورنىغا جەنۇبىي ئافرىقا زاپاس بانكىسىنىڭ باشلىقى بولاتتى. مۇبۋېنى ئىلگىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى ئىدى، شۇنداقلا مبېكىنىڭ قەدىناس دوستى ئىدى. بۇ قارارنىڭ ئېلان قىلىنىشى پۇلنىڭ مۇقىمسىزلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئاق تەنلىك سودىگەرلەر زاپاس بانكىنىڭ سىياسىيۋېلىشىپ كېتىشىدىن، بۇنداق بولغاندا تېخىمۇ ئاسان چىرىكلىك كېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرىدى. ئەمەلىيەتتە، زاپاس بانكا گۇمانلىنىش سەۋەبلىك جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ بارلىق تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىشىنى قوللىدى. چۈنكى، بۇ خىلدىكى كۆپ سانلىق بانكىلارنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلار جەمئىيىتى بىلەن

قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. شۇنداقلا مۇبۋېنى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك مۇستەقىللىقى بىلەن داڭلىق ئىدى. بۇ خەۋەر خەلقئارانىڭ ئورتاق قوللىشىغا ئېرىشتى.

يېقىندىن گۈللىنىۋاتقان ئىقتىسادىي بازارلارغا بارغانسېرى ئىشەنمەسلىك سەۋەبلىك، جەنۇبىي ئافرىقا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر بەدەل تۆلىدى. بىراق، بۇ ھال جەنۇبىي ئافرىقىنى بۇ قېتىملىق ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ئىقتىسادىي كىرىزىس پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشتىن ساقلاپ قالدى. 1999 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ماندېلا: «جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ باشقا دۆلەتلەر بېشىدىن كەچۈرگەن پاجىئەلەرگە يولۇقماسلىقىدىكى سەۋەب، بىزنىڭ بىر ئىشەنچلىك، داۋاملىشىشچان پۇل سىياستىمىزنىڭ بولغانلىقىدا» دېدى.

بىراق، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۇنيا كاپىتالىزمىدىن ئۈمىدسىزلىنىشىدە سەۋەب بار ئىدى. بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھۆكۈمەت يېڭى مەبلەغنى ئۆز دۆلىتىگە ئەكىرىپ، يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى يارىتالمايلا قالماي، ئىشسىزلىق نىسبىتى ئەكسىچە شىددەت بىلەن ئېشىپ كەتتى. كىشىلەر بۇ سىياسەتلەرنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان كوممۇنىستىك پارتىيەنى پايدىلىق پۇرسەت بىلەن تەمىنلىشىدىن ئەندىشە قىلدى. راندنىڭ قىممىتى توختىماستىن چۈشۈشكە باشلىدى، 1998 ـ يىي 6 ـ ئايدا كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ 10 ـ قۇرۇلتىيىغا توغرا كېلىپ قالغان ماندېلا تەبرىك سۆزى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى. ماندېلا سۆز قىلىشتىن ئىلگىرى، ئىزچىل ھالدا ناھايىتى ھاياجانلىق كەيپىياتتا تۇرۇپ كەلگەن ئورۇشخۇمارلار ھۆكۈمەتنىڭ «ئاشۇرۇش، خىزمەت تېپىش، قايتا تەقسىملەش»(GEAR) تىن ئىبارەت ئىقتىسادىي سىياستىگە ھۇجۇم قىلدى. ۋەكىللەر بىردەك ھالدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «بىزگە GEAR نىڭ كېرىكى يوق» دەپ توۋلىدى. ماندېلا: «مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆپچىلىككە كاپالەت بېرىمەنكى، ھۆكۈمەت خەلققە پايدىلىق دەپ قارالغانلىكى ھەرقانداق سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ» دېدى. ئۇ كوممۇنىستىك شەخسلەرنى ئەگەر ئۇلار ھازىر بار بولغان تەشكىلىي قۇرۇلمىدىن ئايرىلسا، بۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئېنىقلىۋېلىشقا ئاگاھلاندۇردى. ۋەكىللەر ماندېلانىڭ سۆزىنى ئالقىشلاپ بەكلا چۆچۈپ كېتىشتى. مۇدىنىسو ماندېلانىڭ سۆزى ھېچقانداق ئىجازەتسىز ھالدا سۆزلەنگەن دەپ ئاغرىندى. ئۇ ماندېلانىڭ 1940 ـ يىللاردىكى ئاشۇ قېتىمقىدەك كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ قۇرۇلتىيىنى ئۈزۈپ قويماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى. بىراق، ئىككىنچى كۈنى، تابو مبېكى ماندېلانىڭ سۆزىنى مۇتلەق قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ۋەكىللەرنى ئۇنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشىنى «بىر قېرىنىڭ قاۋشى» دەپ ئويلاپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇردى. كوممۇنىستلار ھۇجۇمىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن ئۆزۈل ـ كېسىل ئادا ـ جۇدا بولۇشنى خالىمايتتى. بۈگۈنكى كۈندە، كوممۇنىستىك پارتىيەمۇ بارا ـ بارا ئۆزلىرىنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە بېقىنغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ھوقۇققا ئېرىشىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

ئەمدىلىكتە يەنە بىر ئېغىر مەسىلە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا ئىدى: ھۆكۈمەت ئىلگىرى ۋەدە قىلغان مەبلەغ سېلىش، خىزمەت تېپىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلىيلەشمىدى. ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولمىغان ئاشۇ قارا تەنلىكلەر ئاقۇۋەتتە ئاق تەنلىكلەرگە قارشى تۇرۇش ۋۇبۇسكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە جەڭ ئېلان قىلدى. بىراق، پۈتكۈل سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۆرۈشى جەريانىدا ئىزچىل ھالدا ماندېلانىڭ بېشى ئۈستىدە ئەگىپ يۈرگەن كونىچە ئىنقىلابىي كوممۇنىزم روھى ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى يوقاتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، جىنايەتچىلەرنىڭ سىياسەتنىڭ ئورنىنى بېسىشى ماندېلانىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى جەنۇبىي ئافرىقىغا زور تەھدىت بولۇپ شەكىللەندى. ھەر قېتىملىق خەۋەرنىڭ بېشىدا تۈرلۈك قورقۇنچلۇق قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، باسقۇنچىلىق قىلىش، بانكا ۋە ماشىنا بۇلاش ۋەقەلىرى بولاتتى. يوھاننېسبۇرگ ئۇشتۇمتۇتلا «دۇنيانىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش پايتەختى»گە ئايلىنىپ قالدى. چەت ئەل مەبلىغى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. رۇسىيە، برازىلىيە قاتارلىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقتىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ چىققان دۆلەتلەردىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىمۇ ئىزچىل ھالدا ئاشتى. بۇ دۆلەتلەردىكى كەيپىيات ئەركىن بولۇپ، ھەربىي سەپتىن قايتقان قوراللىق ئەسكەرلەر ناھايىتى ئاسانلا جىنايەت يولىغا مېڭىپ قالاتتى. ھالبۇكى، جەنۇبىي ئافرىقا تولىمۇ ئاجىز ئىدى. 1990 - يىلى ماندېلا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇ ناھايىتى تېزلا بۇ تەھدىتنى ھېس قىلىپ يەتتى. 1991 - يىلى 2 - ئايدا، ئۇ ئاگاھلاندۇرۇش ئېلان قىلىپ: «بىز ھازىر چوڭ كۆلەملىك جىنايەت ئۆتكۈزۈش دولقۇنىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىمىز. ئەگەر بۇ ئەھۋالغا چەكلىمە قويۇلماستىن داۋاملىق ئېغىرلىشىۋەرسە، جەنۇبىي ئافرىقا بىر دۆۋە كۆلگە ئايلىنىپ قالىدۇ» دېدى. 1994 - يىلى يىل ئاخىرىدا، خەلقئارا مالىيە گۇرۇھى ۋە زەھەر تورى تەشكىللىك ھالدا جەنۇبىي ئافرىقا چېگراسىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كەڭرى سىياسىتىدىن ۋە مۇرەككەپ مالىيە سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ پۇل يۇدى. يوھاننېسبۇرگتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش قىلمىشلىرى ئاللىقاچان كۆزگە سىڭىپ قالدى. قارا تەنلىكلەر ئولتۇراق رايونىدا تۈرلۈك گۇرۇھلار شەكىللىنىپ، باسقۇنچىلىق قىلىش ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. 50 - يىللاردىكى سوۋېتو دۇنيادىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. يوھاننېسبۇرگ رايونىدا ھەر 30 قارا تەنلىكنىڭ ئارىسىدا بىرسى

www.uyghurkitap.com

قەستلەپ ئۆلتۈرۈلەتتى. بىراق، ساقچى تەرەپ كۆنبويى يول يۈرۈش كىنىشكىسى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان قارا تەنلىكلەرنى قولغا ئېلىش بىلەن بەند بولۇپ، ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن كۆپلىگەن كىشىلەرگە جىنايەت ئارتىشقا كارى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاق تەنلىكلەر مېدىيا ۋاستىلىرى قارا تەنلىكلەر ئارىسىدىكى قاتىللىق جىنايەتچىلىرى ۋە ئوغرىلىق دېلولىرىغا ئېتىبار بەرمەيتتى.

جىنايەت ئۆتكۈزۈش قىلمىشى بارغانسېرى كۆپچىيىپ كېتىپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈشكە باشلىغاندىلا، بۇ ئىشلارغا كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ئېتىبار بېرىشكە باشلىدى. جىنايى قىلمىشلارنىڭ بارا ـ بارا شەھەر ئەتراپى رايونلىرىغا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاق تەنلىك مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ ھۇجۇمغا ياكى قەستكە ئۇچراش دېلولىرى بىرنەچچە قېتىم سادىر بولدى. ھەرقايسى جايلاردا يۈز بەرگەن ماشىنا بۇلاش ۋە ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ ئوغرىلىق قىلىش قىلمىشلىرى كۆپچىلىككە ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى چالدى. ساياھەتچىلەرنىڭ ۋە سودىگەرلەرنىڭ بۇلاڭچىلىققا ئۇچراش ياكى ماشىنىسى ئوغرىلىنىش سەرگۈزەشتىلىرى بار ئىدى. بىر قىسىم يېزا رايونلىرىدا كىشىنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان ھالدىكى ئاق تەنلىك دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش جىنايى قىلمىشلىرى كۆرۈلدى. تۆت يىل ئىچىدە 400 ئاق تەنلىك ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

ماندېلا پىرېزىدېنت بولۇش سۈپىتى بىلەن، خېيۇستون رايونىدىكى ئۆيىنىڭ قوشنىلىرىنىڭ ئىنكاسى ئارقىلىق تېزدىنلا ئاق تەنلىكلەرنىڭ سۆدەك يامراپ كەتكەن جىنايى قىلمىشلاردىن ساراسىمىگە چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. بىراق، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بۇ قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇش رېتىمى ناھايىتى ئاستا بولدى. ئەدلىيە مىنىستىرى

ئابدۇللا ئۆمەر چۈشەنچە بېرىپ: «بىز كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئىزچىل ھالدا ئويلىشىۋاتىمىز. بىز قانۇن - تەرتىپنىمۇ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايمىز» دېدى. ماندېلا ئىزچىل ھالدا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرى سىننى مۇفاماتىنىڭ خىزمىتىگە ئارىلىشىشنى خالىمىدى. بىراق، ئۇ ئاخىر 1997 - يىلى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن داڭلىق سودىگەر مېيېر كائېن ساقچى مەنبەلىرىنى قايتا تەشكىللىدى. كائېن ماندېلانى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئىلگىرىلەشنىڭ «قېرى كالا كونا ھارۋىنى سۆرىگەندەك» ئاستا بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. كائېن 1998 - يىلى 9 - ئايغىچە «ۋەزىيەتتىكى ناچارلىشىش توختايدۇ» دەپ قارىغان، شۇنداقلا ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدە جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىنىڭ قوبۇل قىلغىلى بولغۇدەك دەرىجىدە تۆۋەنلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەندى. ئەمەلىيەتتە 1994 - يىلى ماندېلا ھۆكۈمىتى ھوقۇق تۇتقاندىن باشلاپ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى جىنايەتچىلەر ئارىسىدىلا يۈز بېرىپ قالماستىن، ساقچىلارمۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنالمىدى. ئۇلار چىرىك ۋە ئىقتىدارسىز بولغاچقا، تىڭتىڭچىلار ۋە قاتتىق جازالاش ۋاستىلىرى ئارقىلىق سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇشنىلا بىلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن جىنايەتچىلەرنىڭ ئىزىغا چۈشۈشنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى نامۇۋاپىق بولۇپ، چوڭ كوچىلاردا ئاساسەن دېگۈدەك ساقچىلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. ساقچىلارنىڭ مۇئامىلىسى ناچار، جەڭگىۋارلىقى تۆۋەن ئىدى. 1994 - يىلىدىن باشلاپ تۆت يىل ئىچىدە، جەمئىي 874 نەپەر ساقچى ئۆلتۈرۈلۈپ، 300 نەپەر ساقچى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. 1998 - يىلى 10 - ئايدا، لوندون ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى پائۇل كانتون جەنۇبىي ئافرىقىنى زىيارەت قىلغاندا ئوچۇق قىلىپ: «نۆۋەتتە، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا مىسلىسىز دەرىجىدە ساقچىلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋە زوراۋانلىق قىلىش دولقۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلدى» دېدى. تۆت يىل ئىچىدە 25 پىرسەنت ساقچى خىزمىتىدىن ئايرىلدى.

جىنايەتچىلەرنى خورلاش قىلمىشى ساقچى دائىرىلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىپلا قالماي، ماندېلانىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى ئاساس قىلغان ئەركىن سىياسىتىگىمۇ جەڭ ئېلان قىلدى. تېزدىنلا ئاق تەنلىك ۋە قارا تەنلىكلەر ئارىسىدا ئۆلۈم جازاسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ساداسى ياڭرىدى. ماندېلانىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى ۋىنىنمۇ بۇنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۆلۈم جازاسىغا نىسبەتەن ماندېلانىڭ چوڭقۇر ئازابلىق ئەسلىمىسى بار ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئۆلۈم جازاسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كەسكىن قارشى تۇرۇپ، بۇ تەشەببۇسنى «ئادەم شەكىللىك ھايۋاناتلارنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئەكس ئېتىشى» دەپ قارىدى. ماندېلا جىنايەتچىلەرنى قورقۇتىدىغىنىنىڭ ئۆلۈم جازاسى ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا «ئەگەر مەن جىنايەت ئۆتكۈزسەم تۈرمىدە بىر ئۆمۈر ياتىمەن» دېگەن ئاڭنى سىڭدۈرۈش ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. ماندېلانىڭ قارىشىچە، ئاز ساندىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ كاللىسىدا «ئۆلۈم جازاسى بىز ئاق تەنلىكلەرگە ئەمەس، قارا تەنلىكلەرگە قارىتىلغان» دېگەن ئاڭ مەۋجۇت ئىدى. 1999 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ماندېلا: «ھۆكۈمەتنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان ياكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنى يوقىتا چىقىرىشقا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق چاقىرىققا ئاۋاز قوشمايدىغانلىقىنى» قايتا تەكىتلىدى.

جىنايى قىلمىشلارنىڭ توختاۋسىز ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، بارغانسېرى كۆپلىگەن ئاق تەنلىكلەر جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئايرىلىشقا باشلىدى. 1998 ـ يىلىدىكى بىر تولۇق تەكشۈرۈشتىن ئايان بولۇشىچە، جىنايى خورلاش 96 پىرسەنت كۆچمەنىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئايرىلىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. كۆچۈپ چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ

سانىنى ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولمىدى. چۈنكى، كۆپچىلىك كىشىلەر ساياھەتچىلىك سالاھىيىتى بىلەن بۇ دۆلەتتىن ئايرىلىپ، ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمىگەنىدى. جەنۇبىي ئافرىقا ئىستاتىستىكا ئىدارىسى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1997 ـ يىلى پەقەت ئۇنىڭغا يېقىن كىشى جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئايرىلغان؛ ئەمەلىيەتتە، شۇ يىلدا جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئايرىلغانلارنىڭ سانى بۇ ساندىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ. ئايرىلغانلار ئىچىدە دوختۇرلار، بوغالتىرلار ۋە كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسلىرى قاتارلىقلار بار ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقا ئۇلارغا بەكمۇ موھتاج ئىدى.

ماندېلا ئىنچىل ھالدا ئاق تەنلىكلەرنى قېلىپ قېلىشقا ئۈندىدى. يوشۇرۇن كۆچمەنلەر ھەققىدىكى ئاغرىنىشلاردىن ماندېلا قاتتىق غەزەپلەندى. 1998 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ماندېلا ماۋرىتىئۇستا نۇتۇق سۆزلەپ، كۆچمەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قورقۇنچاقلىقىنى ئىشارەت قىلىپ: «قېلىپ قالغانلارنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار» دېدى. ماندېلا «جىنايەت ئۆتكۈزۈش قىلمىشلىرىغا بولغان قورقۇنچ ئاساسلىقى ئاق تەنلىكلەرنىڭ قەلبىدىكى بۇرۇنقى ئوي ـ پىكىرلىرى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان. بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاق تەنلىكلەر مېدىيا ۋاستىلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان» دېدى. كۆپلىگەن ئاق تەنلىكلەر بۇ سۆزدىن تەڭسىزلىك ھېس قىلدى. دېموكراتىيە پارتىيەسىدىن تونى رىئون ماندېلانى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى ۋە ماندېلادىن گېپىدىن يېنىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەركىن ھېكايىچى ئېلىن پېتۇننىڭ تۇل قالغان ئايالى چوڭ كۆلەملىك بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغانىدى. لوندوندا چىقىدىغان «يەكشەنبىلىك تايمىس گېزىتى» دە، ئۇ ئايال «سۆيۈملۈك دۆلىتىدىن ئايرىلىش» تېمىسىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەنگلىيەگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ماقالىدە: «پىرېزىدېنت ماندېلا

www.uyghurkitap.com

جەنۇبىي ئافرىقىدىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى «توخۇ يۈرەكلەر» دېدى. يەنە بىز بولمىساقمۇ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بوپتۇ، شۇنداق بولسۇن... بىزنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئايرىلىشىمىزدىكى سەۋەب، ئۇ دۆلەتتە جىنايەتنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىدىن بولغان» دېيىلگەنىدى. بىراق، پېتۇنىنىڭ ئوغلى داۋىد ئۆزىنىڭ بۇ ئۆگەي ئانىسىنىڭ «مەنىسىز ۋە كىشىگە خاتا چۈشەنچە بېرىدىغان» بۇ ماقالىسى سەۋەبلىك، ئۇنى ئاشكارا ئەيىبلىدى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنى ئەيىبلىدى. ئوكچىلار گېزىتىنىڭ جىنايى قىلمىشلارنى جېنىنىڭ بارىچە خەۋەر قىلىشىدىن ماندېلا سەۋر قىلىپ تۇرالمىدى. 1999 - يىلى 1 - ئايدا، ماندېلا: «ئۇلار ئېنىقلا مەبلەغ سالغۇچىلارنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتمەكچى، ئۇلار قەستەن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ» دېدى.

ئېنىقكى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ جىنايى قىلمىشلارغا بولغان قارشىلىقى ئىرقىي ئىختىلاپنى ئەكس ئەتكۈزۇپ بېرىدۇ. ئۇلار بۇ زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ناھايىتى كۆپ تىلغا ئالىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى قارا تەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ماندېلاغا ۋە ئافرىقا خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جىنايى قىلمىشنىڭ يامراپ كېتىشى ئەمەلىيەتتە بىر ئاساسىي مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك: ئۇ بولسىمۇ بۇ دۆلەتنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىشكە، ئورتاق نىشانغا ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە ساقچى قىسمىنى ۋە دۆلەت مۇداپىئە قىسمىنى قۇرۇپ چىقىشقا، بۇ ئارقىلىق بۇ دۆلەتتە قارا تەنلىكلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشىغا تۈرتۈش قىلىشىدۇر.

دۆلەتنىڭ ئاساسىي بىخەتەرلىكى يەنىلا قورال كۈچىگە باغلىق. ماندېلا ھەربىي قىسىمدىكى بەزى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ساداقىتىدىن بىر ئاز ئەنسىرەيتتى. ئالامەتلەر شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئىچكى قىسىمدا يۈز بەرگەن قورال - ياراغ

ئىسكىلاتىدىكى كۆپ قېتىملىق ئېغىر تىپتىكى قورال - ياراغلارنىڭ ۋە ئۇسكۇنىلەرنىڭ يوقاپ كېتىشى، پىلانلىق تەشكىللەنگەن ئۇدا بانكا بۇلاش ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى قاتارلىق ۋەقەلەردە ئارمىيە جاۋابكارلىقتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. 1998 - يىلى، ماندېلا ماڭا مۇنداق دېدى: «بىز خەتەردىن قۇتۇلغىنىمىز يوق. ئارمىيەدىكى بەزى گېنېراللار دەل بۇ جىنايەت گۇرۇھلىرىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى كاتتىبېشى ھېسابلىنىدۇ.» ماندېلا ئۆز سۆزلىرى ئۈچۈن مېدىيا ۋاستىلىرىنى پاكىت بىلەن تەمىنلەشكە ئامالسىز قالغان بولسىمۇ، بىر غەلىتە ئىش پەردە ئارقىسىدا ئاستا - ئاستا قانات يېيىشقا باشلىدى.

1998 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ماندېلا دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال مېرىنىدىن كەلگەن مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ مەلۇمات دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى جو مودىسىيدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ماندېلانىڭ قولىغا بىۋاسىتە تەگكەنىدى. دوكلاتتا بىر قىسىم قارا تەنلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ باشقۇرۇشقا بويسۇنمايۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مىللەت نەيزىسى جەڭچىسى، كېلەر قېتىمدا گېنېرال مېرىنىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى ئۈمىد قىلىنىغان سىفىفىي ياند قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى دوكلات قىلىنىدى. دوكلاتتا يەنە بانتۇ روممسا ۋە ۋىننى ماندېلانى ئۆز ئىچىگە ئالغان قارا تەنلىك رەھبەرلەر ئىنزچىل ھالدا روبېرت مىكبرايد بىلەن مەخپىي سۆيىقەست قىلغانلىقى، روبېرت مىكبرايدنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلمىشى بىلەن ئىرقىي ئايرىمچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى، بىراق كېيىن يەنە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىدا ۋەزىپە ئۆتىگەنلىكى مەلۇم قىلىندى. دوكلاتتا قەستلىگۈچىنىڭ قالايمىقانچىلىق چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى، بۇ ئارقىلىق 1999 - يىللىق كېيىنكى قېتىملىق سايلامدا ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالماقچى ئىكەنلىكى بايان قىلىندى. ماندېلا بۇ دوكلاتنىڭ راستلىقىغا، بولۇپمۇ تىغ ئۇچىنى ئازادلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەرىكىتىدىكى قارا تەنلىك جەڭچىگە قاراتقانلىقىدىن گۇمانلىنىش پوزىتسىيەسىدە بولدى. ئۇ بۇنىڭ مۇتەئەسسىپلەر سېپىدىكى ئەمەلدارلار ھازىرقى ئەھۋالنى ساقلاش، دىققەت ـ ئېتىبارنى بۇراش ئۈچۈن قەستەن ئويدۇرۇپ چىققان پەرەز دەپ گۇمان قىلدى. بىراق، ئۇ شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات ھالىتىدە بولۇپ، ھەرىكەت قوللىنىشقا پۇرسەت كۈتۈپ تۇردى.

روبېرت مىكبرايد ئالتە ئايدىن كېيىن موزامبىكتا قولغا ئېلىنىپ، قورال ـ ياراغ ئەتكەسچىلىكى جىنايىتى بىلەن ئەرز قىلىندى. دېلو خاتىرىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 18 ئاي ئىلگىرى ئۇ ۋىننى ماندېلانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسيانكارلار قاتارىدا بومبا، تاپانچا ۋە مىلتىق بىلەن تەمىنلىگەنىدى. دەسلەپتە ھۆكۈمەت باھا بېرىشنى رەت قىلىپ، بۇنداق يامان غەرەزلىك قىلمىشنى ۋە زەربىنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بىراق، ئەمەلىيەتتە ماندېلانىڭ ئىدىيەسىدە ئۆزگىرىش بولدى. دەسلەپتە ئۇ روبېرد مىكبرايدنىڭ قولغا ئېلىنىشى مېرىننىڭ مەلۇماتىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، دەپ قارىدى. بىراق، كېيىن ئۇ روبېرت مىكبرايدقا باشقىلار زىيانكەشلىك قىلغانمىدۇ، دېگەن گۇماندا بولۇپ قالدى.

شۇنىڭغا ئەگىشىپ، 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ماندېلا ئۆزىنىڭ يەتتە ھەپتە ئىلگىرى مەلۇمات تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى، مەلۇماتتا «بىر قىسىم تەشكىللىك ھەرىكەتلەر ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا» دېيىلگەنلىكىنى جاكارلىدى. ماندېلا باش سوتچى ئىسمىر مۇھەممەد باشچىلىقىدىكى ئۈچ نەپەر سوتچىنى مەلۇماتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ۋە راستلىق دەرىجىسىنى تەكشۈرۈشكە تەيىنلىدى. ئۈچ نەپەر سوتچى مەلۇماتنىڭ ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپاتقا تايانمىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. مەلۇماتنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى ھېسابلانغان بىر نەپەر جاسۇس ئاللىقاچان روبېرت مىكبرايد بىلەن بىللە قولغا ئېلىنغان، شۇ سەۋەبلىك مەلۇماتنىڭ راستلىق

دەرىجىسىگىمۇ ئەزەلدىن ئىسپات تېپىلمىغانىدى. گېنېرال مېرىن مۇددەتتىن ئىلگىرى پېنسىيەگە چىقىشنى ئىلتىماس قىلدى. ماندېلا ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلدى. ماندېلا بۇنداق قىلىشنى «مۇۋاپىق ۋە ئورۇنلۇق» دەپ قارىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، سىففىي ياند گېنېرال مېرىننىڭ ئورنىغا ئولتۇردى.

مېرىنغا ئىزچىل ھالدا ئىشەنمەي كەلگەن ماندېلانىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى خىزمەتداشلىرى ماندېلانى مېرىندىن باشتىلا چەك ـ چېگرانى ئايرىشى كېرەك ئىدى، دەپ قارىدى. بىراق، ماندېلا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ كىرىزىسنى ماھىرلىق بىلەن ھەل قىلدى. ئۇ مەسىلىنى قانۇننىڭ ھەل قىلىشىغا تاپشۇرۇش ئارقىلىق، ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدىكى مۇتەئەسسىپ كىشىلەر بىلەن سىياسىي جەھەتتە توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلاندى. بىراق، ئاق تەنلىك گېنېراللارنىڭ ئابرۇيى تۆكۈلۈشى قارا تەنلىك ۋەزىپە ئۆتكۈزۈۋالغۇچىلارنىڭ سەھنىگە چىقىشىغا ئاساس بولۇپ بەردى. بۇ بىر تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش ئىدى. سەككىز يىل ئىلگىرى، ياند يەنىلا مەخپىي ھەربىي كۈچلەر «ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى» نىڭ باشچىسى ئىدى. بىراق، بۈگۈنكى كۈندىكى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى.

باشقا ساھەلەردىمۇ ئېغىر دەرىجىدە ھەربىي تەھدىت مەۋجۇت ئىدى. سىياسىي قىرغىنچىلىق زور كۆلەمدە پەسىيىپ، 1993 ـ يىلىدىكى يۇقىرى باسقۇچتىكى 3794 ئادەمدىن 1997 ـ يىلىدىكى 470 ئادەمگە چۈشتى. بىراق، جىنايەت ئۆتكۈزۈش، سىياسىيونلار ۋە دىنىي توپ ئارىسىدا رەزىل ھالدىكى ئىتتىپاقداشلىق مەۋجۇت ئىدى. ماندېلا بەزى جايلاردا ئۇچىنچى خىل كۈچنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىدىن گۇمان قىلدى. ئۇلار يەرلىك قوراللىق مىلىتارىستلار ئارقىلىق دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جىنايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شايكىلىرى بىلەن ئىغىز - بۇرۇن يالىشىپ، جىنايەت شايكىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىنى قوبۇل قىلاتتى. كۋازۇلۇناتال رايونىنىڭ رىچموند بازىرىدا ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان گۇرۇھلار توقۇنۇشى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنىدى. 1998 - يىلى رىچموند بىر - بىرىگە دۈشمەن ھېسابلانغان ئىككى بۆلەك مىلىتارىستلارنىڭ جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى. 1999 - يىلى يەنە قالايمىقانچىلىق كۆتۈرۈلۈپ، سىپىسق نامى پۇر كەتكەن مىلىتارىست سىفىسو ئىنكابىند خەلقئالەم ئالدىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، قارشى تەرەپنىڭ 11 نەپەر ئادىمى قىساس ئېلىنىش يۈزىسىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ئىنكابىند بانتۇ رومىسا تەۋە بولغان سىياسىي پارتىيە بىرلەشمە دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ باش سېكرېتارى بولۇپ، دەسلەپكى چاغلاردا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە خىزمەت قىلغانىدى. گەرچە ئۇلار ئىنكابىندنىڭ ئۆلۈمىنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە دۆڭگەپ قويغان بولسىمۇ، بىراق ماندېلا بۇ قىلمىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇچىنچى خىل كۈچلەر سادىر قىلغان، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقستى شۇ يەرنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزۇش، دەپ پەرەز قىلدى. 1999 - يىلى 3 - ئايدا، غەربىي كېپتاۋن ئۆلكىسىدە يەنە بىر قېتىم ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە بىرلەشمە دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. بۇ ھال كىشىلەرگە ئىختىيارسىز ھالدا ئۇچىنچى خىل كۈچنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەتتى. ناھايىتى ئېنىقكى، ئالدىنقى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ «قارىنىڭ قارىنى يېيىشى»دەك زوراۋانلىق سىياسىتىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا، جىنايەتچىلەر ۋە سىياسىيونلار ئارىسىدا ئۇزۇپ تاشلاش قىيىن بولغان قورقۇنچلۇق ھەمكارلىق مەيدانغا چىققانىدى.

جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تىنچلىق يولى ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا دۆلەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى يىراق ئىدى.

ماندېلا بەش يىل ئىلگىرى ھەممە كىشىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بىر مەيدان قانلىق قۇربان بېرىشكە دۇچ كېلىشى توغرۇلۇق بېشارەت بېرىشىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. بۇنداق ھېسابلىغاندا، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ھاكىمىيەتتىن دېموكراتىيەگە بۇرۇلۇش ياسىشى يەنىلا نىسبەتەن تىنىچ ھالدا بولۇۋاتقانىدى.

گەرچە بەزى ھاللاردا كۆزقاراش ئوخشاش بولمايدىغان بولسىمۇ، كەسكىن مۇنازىرىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش تەس ئىدى. بىراق، جەنۇبىي ئافرىقا دېموكراتىيە ئاتىسى ھېسابلانغان ماندېلا مەسىلىلەرگە پارتىيەۋى مەيداندىن ئايرىلغان ھالدا ئوبيېكتىپ ھالدا قارىسا بولىدۇ ھېرەتتى. 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ماندېلا پارلامېنتتا ۋەزىپىدىن چۈشۈش نۇتقى سۆزلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن پارلامېنت يىغىنى توختىتىلىپ، 6 - ئاينىڭ 2 - كۈندىكى سايلامغا تەييارلىق قىلدى. ماندېلا نۇتقىدا ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا «دېموكراتىيەنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ چوڭ رىقابەت» ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ماندېلا يەنە جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ قانداق قىلىپ «ئاخىر چوڭقۇر مەنىگە ئىگە قانۇنىي يولنى تاللىغانلىقىنى ۋە ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشكەنلىكىنى» ئەسلەپ ئۆتتى. ماندېلا ئاخىردا «ئالدىمىزدا تېخى پايانسىز يول بار» دېدى. تابو مىبېكى ماندېلانى تەرىپلەپ ماندېلا «بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى ماياك ھېسابلانغان ئەڭ يېقىن، ئەڭ پارلاق چولپان» دېدى.

ماندېلانىڭ رەقىبلىرىمۇ مەدھىيەلىك سۆزلەرنى قىلىشتى. دى كلېركنىڭ ئىز باسارى، مىللىي پارتىيەنىڭ رەھبىرى مادىناس فەن سكارتىنىڭ ماندېلانى «ھەممە كىشىنىڭ پىرېزىدېنتى» دېدى. شۇنداقلا ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان پارتىيەنىڭ يېڭى دۆلەت قۇرۇشتا كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. جەنۇبىي ئافرىقا ئەركىنلىك فىرونتىدىكى كونىستانتىن ۋېرچىن «ماندېلا باشتىن - ئاخىر مېنىڭ غوجايىنىم» دېدى. ماندېلانى ئەڭ قاتتىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەنقىد قىلغۇچى، دېموكراتىك پارتىيەدىكى تونى رىئون ماندېلانى گەندىگە ئوخشايدىغان رەھبەر، دەپ قارىدى. تونى رىئون ئۇلار «تۇغما ھالدا بىر تۇرلۇك ئالاھىدە ئىسىل مىجەزگە ئىگە. بۇ ھالنى ئۇلار ئۆز دەۋرىدىكى سىياسەتتىن ھالقىپ ئۆتۈپ مەۋجۇتلۇققا ئىگە قىلغان» دېدى.

# 41. ئوبراز ۋە رېئاللىق

ماندېلانىڭ پارلاق ئوبرازىنىڭ ئارقىسىدا، ئۇنىڭ نەتىجىلىرى بىزگە زادى قانچىلىك چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ بۈگۈنكى دەۋردىكى تەرجىمىھال يازغۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن ئۇنىڭغا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك تارىخىي باھا بېرەلمەيمەن. مەن پەقەت ھازىر بار بولغان مەنبەلەردىن قولۇمدىن كېلىشىچە پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۇ تۇرۇۋاتقان دەۋرگە قويۇپ تۇرۇپ تەسۋىرلەشكىلا قادىرمەن. كىشىلەر زامانىمىزدىكى ماندېلاغا ئوخشاش سېھرىي كۈچكە تولغان قەھرىمانلارغا ئاسانلا يۇكسەك باھالارنى بېرىۋېتىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ نۇرى ھامان ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەنلا ئۆچۈپ قالىدۇ. ئافرىقىدا نۇرغۇن ئۆمرى قىسقا نىجاتكارلار بولغان. ئۇلارمۇ كېيىن بارا - بارا نىجاتكارلىق سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالغان. پۈتۈن دۇنيا ئىززەتلەشكە تېگىشلىك بىر رەھبەرگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان بۇ دەۋردە، ماندېلانىڭ تارىخىي ئورنىنىڭ توغرا باھالانمىقى تەس گەپ.

ماندېلا باشقا كۆپ ساندىكى ئۇلۇغ رەھبەرلەرگە ئوخشاش ـــ مەيلى «مەنىستەمەسلىك ھەرىكىتى» نىڭ ياكى «قارا رەڭلىك دېڭىز يېشىلى گۇلى» تەشەببۇسچىسى ۋە ياكى بىر پارتىزانلىق ئەترىتىنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بولسۇن ـــ ئۆز ئوبرازىنى قانداق تىكلەشنى چۈشەنگەن رەھبەردۇر. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بارلىق مۇھىم پەيتلەر ـــ مەيلى رىۋونىيە سوتىدىكى ئۆزۈن نۇتقىدا بولسۇن ياكى جەنۇبىي ئافرىقا پىرېزىدېنتلىقىغا تەيىنلەنگەندىكى نۇتقىدا بولسۇن ـــ دائىم ئۆز ھەيۋىتىنى نامايان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى كەمتەر خىزمەتداشلىرىغا رەھمەت ئېيتىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقىنىدەك، جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۇ تۈرمىدىكى چاغدا ئەمەلگە ئاشقان. ئۇنداقتا ماندېلانىڭ ئوبرازى بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلىي رەھبەرلىك كۈچى زادى قانچىلىك دەرىجىدە باغلىنىشچانلىققا ئىگە؟

ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمەتكە جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن ماندېلا ئۆزىنى بىر ئەپسانە ھالىتىدە روياپقا چىقىرىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دۈچ كەلگىنى بەكلا كۈچلۈك ئەپسانە ئىدى. بۇ ئەپسانە قارا تەنلىكلەرنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىنى، ئاق تەنلىكلەرنى يېڭىلمەسلىكىنى، شۇنداقلا قارا تەنلىكلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدا ياراشتۇرغىلى بولمايدىغان زىددىيەت بارلىقىنى تەكىتلەيتتى. ئۇ چوقۇم ئاشۇ ئۇزاق مۇددەت تەربىيەلىنىش سەۋەبلىك بويسۇنۇشقا كۆنۈپ كەتكەن كىشىلەرگە ئىشەنچ بېغىشلىشى، ئافرىقىلىقلارنىڭ ئىززەت ــ ئابرۇيىنى ۋە قەدىر ــ قىممىتىنى ئوبرازلاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ماندېلا ناھايىتى ياخشى ئۇسۇلدا بۇ نىشانىغا يەتتى. ئۇ پۈتۈنلەي ئاق تەنلىكلەردىن تەشكىل تاپقان سوتخانىغا چىققاندا، قانۇنىنىڭ سوئال ــ سورىقىغا تارتىلغاندا ئۈچىسىغا ئالايىتەن قەبىلە كىيىمىنى كىيدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق قىلىشىنى «كەلگۈسىدە بىز جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسىنى زىممىمىزگە ئالىدىغانلىقىمىز» ئۈچۈن بولغان، دېدى.

دەسلەپتە ماندېلا جەڭدىن كېيىنكى ئافرىقا مىللەتلىرىنىڭ كۋام نىكلۇما، جوم كىنياتا قاتارلىق رەھبەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبىنى تەقلىد قىلغاندەك كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپتە قامىلىپ، كېيىن ھوقۇقنى قولىغا ئېلىپ شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىدە مىللەتنىڭ نىجاتكارلىق ياكى خەلقنىڭ ئاتىسىلىق ئوبرازىنى

مۇجەسسەملىگەنىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى قارىغۇلارچە ئۇمىدۋارلىقتا ۋە خىيالىيلىقتا تولغان دەۋرلەردۇر. ئۇ دەۋردىكى جەنۇبىي ئافرىقا تېخى رەھىمسىز سىياسەتكە ۋە ئىقتىسادىي يۈزلىنىشكە دۇچ كېلىشكە موھتاج ئەمەس ئىدى. كۆپلىگەن چەت ئەللىك ئوبزورچىلار ۋە جەنۇبىي ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەر ئىرقىي ئايرىمچى ھۆكۈمەتنىڭ ئەخلاقىي ئەيىبلەشكە ئۇچرىشىنى، ياۋروپا ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر ـ بىرلەپ چېكىنىشىگە ئەگىشىپ تېز سۈرئەتتە يىمىرىلىشىنى كۈتەتتى.

ماندېلا ئۆز خىزمەتداشلىرىغا ئوخشاش، ئۆزى دۇچ كېلىدىغان كۈرەشنىڭ ئىلگىرىكىدىن كۆپ كەسكىن بولىدىغانلىقىنى، دۇچ كېلىدىغان رەقىبىنىڭمۇ شىمالدىكى دۆلەتلەر دۇچ كەلگەن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىدىنمۇ بەك رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى بىر مەزگىلدىن كېيىنلا تونۇپ يېتىشكە باشلىغانىدى. بۇ ئاق تەنلىك زۇلۇمكارلار چەت ئەلدىن ۋاقىتلىق كەلگەنلەر ئەمەس، بەلكى بۇ زېمىنغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان زېمىن ئىگىلىرى ئىدى. ئۇلار باشتىلا كۈچلۈك ئارمىيەسىنى ۋە مۇقىم ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن، ئۇلارنىڭ كەينىدە غەرب سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئۇنسۇرلىرىنىڭ قوللىشى بار، شۇنداقلا ئۇلار قارا تەنلىكلەرنىڭ قارشىلىقىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوق قىلىشقا نىيەت باغلىغانىدى. ئىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى نەزەر تاشلىشىمىزدا، ماندېلا ھەرگىزمۇ بىر ئارمىيەنىڭ قوماندانى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ سىياسىي ماقالىسىدە كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۇ دۈشمەنىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى بەكلا تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغانىدى. شۇنداقلا بۇ ھال بىۋاسىتە ھالدا ئۇلارنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە كىشەنلەنگەن ھالدا تۈرمىگە تاشلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى پىششىغان ئىپادىسىمۇ دەل ئەينى چاغدىكى قارىغۇلارچە ئۇمىدۋار بولۇپ كېتىشتەك ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

يېقىنقى زاماندىكى بىر قىسىم ئوبزورچىلارنىڭ ماندېلانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەسلەپكى چاغلىرىدىكى كەسپىي ھاياتىغا بولغان باھاسى بەكلا كەسكىن. 1998 - يىلى ئەنگلىيەلىك تېلېۋىزور ئوبزورچىسى بىلەيېن ۋودېن ماندېلانى دەسلەپتە كوممۇنىستلار تەرىپىدىن كولدۇرلىتىلغان، كوممۇنىستلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن، كېيىن «ھەددىدىن زىيادە ئىشتىن سىرتقى ۋە تايىنى يوق» ھەربىي ھەرىكەتلەرنى باشلاپ، «دۇنيادىكى ئەڭ ئىقتىدارسىز پارتىزانلىق ئەترىتى»گە رەھبەرلىك قىلغان، دەپ تەنقىدلىدى. ۋودېننىڭ قارىشىچە، چېرچىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ماندېلادا ئۇلۇغ رەھبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك رەھىمسىزلىك كەمچىل، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىرقىي ئايرىمىچى سىياسەتنىڭ ئاخىرلىشىشمۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەجرى بولماستىن، ئاق تەنلىك سودا ماگناتلىرىنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنىڭ ئۆز سودىسىغا پايدىلىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانلىقىدىن بولغانىدى.

ۋودېننىڭ ماندېلا ھەققىدىكى بۇ تەنقىدلىرى تارىخىي دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. كۆپلىگەن ئاقىل سىياسىيونلارغا ئوخشاش، ماندېلا قارىماققا تېخىمۇ بەك ئەمەلىيەتچان. ئەينى چاغدا، ئاق تەنلىك ئەركىنلىك تەشەببۇسچىلىرى ۋە غەرب ھۆكۈمەتلىرى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى قوللاشقا پېتىنالمىغان، سوتسىيالىزم ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئىشەنچلىك ئىتتىپاقدىشى بولغانىدى. ئەنگلىيەنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنى مەخپىي ھالدا ئەۋەتىشىدىن غەرب ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قانداق كولدۇرلىتىلىپ، ئۇلارنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە شۇنچە ئاسانلا داخىل بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىراق، كېيىنكى كۈنلەردە ماندېلا ئىلگىرى پەرەز قىلغىنىدەك، ئۇنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەدىن ئېرىشكىنى ئۆزىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئاتا قىلغىنىدىن كۆپ ئۈستۈن بولغانىدى.

ماندېلا باشقا بارلىق قارشىلىق ئۇسۇللىرىنىڭ ئاقمىغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، قارا تەنلىكلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا قورال كۆچىگە مۇراجىئەت قىلدى. بىراق، ئۇ پەقەت مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىقلا جەنۇبىي ئافرىقىنى ئازاد قىلىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باققان ئەمەس. شەھەر تېررورىزمىنىڭ رەھىمسىز ھەربىي كۆرەشلىرىنىڭ پۈتكۈل دۆلەتنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئىلگىرىكى ئالجىرىيە بۇنىڭ تىپىك مىسالى ھېسابلىنىدۇ. تۈرمىدە ياتقان ماندېلا دۆلەتنىڭ مالىمانچىلىقتا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جىددىي سالا قىلىش يولىنى ئىزدىدى، شۇنداقلا خەلقئارا بېسىم ۋە ئىمبارگو يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمەتكە زەربە بېرىشنى ئۈمىد قىلدى. بۇ خىل ئۇسۇل راست دېگەندەك مەلۇم دەرىجىدە ئۈنۈم بەردى. بىراق، ئاق تەنلىك سىياسىيون ۋە سودىگەرلەردىن كۆتۈلگەن قوراللىق تەھدىت سالمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى تۈگىتىش ئۈمىدى سۇغا چىلاشتى. ئۇلىۋېر تامبو ئاق تەنلىك سودىگەرلەرگە پەقەت زوراۋانلىق يولى ئارقىلىقلا تەھدىت سالغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. پەقەت «قورال كۈچىنى نامايان قىلىدىغان» قورال - ياراغلارنى بىر ئاز ئىشلىتىپ، ئارقىدىن ئىمبارگو يۈرگۈزگەندىلا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى، شۇنداقلا چوڭ كۆلەملىك قوراللىق توقۇنۇشتىن ساقلانغىلى بولاتتى. رادىكاللارنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالىمىز دەپ جار سېلىشلىرىنىمۇ ماندېلا توسۇپ قويدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ماندېلانىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى رەھىمدىللىكى سەۋەبلىك جەنۇبىي ئافرىقىغا تىنچلىقتىن دېموكراتىيەگە ئۆتۈش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلغان، شۇنداقلا بۇ دۆلەتتە چوڭ كۆلەملىك قانلىق ۋەقەلەرمۇ يۈز بەرمىگەنىدى.

1962 - يىلى تۈرمىگە كىرىشتىن ئىلگىرى، ماندېلانىڭ كۆرەش قىلىشقا بولغان پوزىتسىيەسى پۈتۈنلەي قارىغۇلارچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈمىدۋارلىق ھالىتىدە ئىدى. بىراق، تۈرمىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت ئۇنى تېخىمۇ پىشقان، تېخىمۇ تەسىرچانلىقتا ئىگە رەھبەرگە ئايلاندۇردى. بۇ ھالمۇ دەل مۇشۇ كىتابتا كۆچەپ چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان ئىشلاردىندۇر. شۇ يىللاردا ئۇ چىراغ ئاستىدا غايىب بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق قىلىندى. ھوقۇقنىڭ چەكلىشى بولمىغانلىقتىن، ئۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. ماندېلا كىشىلەرنىڭ مۇرەككەپ ۋە سەزگۈر كەيپىياتىنى چۈشىنىشكە باشلىدى، بارا ـ بارا باشقىلار ئۇنىڭغا قارايدىغان گۇندىپايمۇ شۇنىڭ ئىچىدە — قەلبىدىكى قورقۇنچ ۋە ئەنسىزلىكنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋالدى. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ۋە سىياسىي ھاياتىدا ئۆزىگە ياردەم قىلغان دوستلىرىنىڭ ئوڭايسىزلىنىشى ماندېلانى بارغانسېرى سەزگۈرلەشتۈرۈۋەتتى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئەنئەنىۋى مەنىدىكى قەھرىمانلارغا ئوخشاش بارغانسېرى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۆز تەقدىرىنىڭ غوجايىنى» ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. باشقا سىياسىيونلارغا ئوخشىمايدىغىنى، ئۆز كەسپىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ماندېلانىڭ تارىخى ۋە تەرجىمىھال ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇشقا يېتەرلىك ۋاقتى بار ئىدى. بۇ ھال ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش روھىغا تېخىمۇ باي قىلىۋەتتى. گەرچە قانۇن ئۇنى تۈرمىگە تاشلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قانۇنغا بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىققا ئېرىشىشتىكى ئەڭ تۈپكى ئامىلنىڭ قانۇن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بۇ دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ئۇرۇشقا ئەمەس قانۇنغا باغلىق ئىدى.

تۈرمىدىكى ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىدا يۈز بېرىۋاتقان بارچە ئىشلارغا پەرۋاسىز ھالدا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ تۈرمىدە يېزىپ ئېلان قىلمىغان يازمىلىرى ھاياتىنىڭ دەسلەپكى

باسقۇچلىرىدىكى مۇستەملىكىگە قارشى قۇرۇق گەپلىرىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ چوڭقۇرلۇقتا ۋە خاسلىقتا ئىگە ئىدى. ئۇ ھەقىقەتنىڭ بەزىدە گۈزەل بولماي قالىدىغانلىقىغا باقماستىن، ھەقىقەت ئىزدەشتە قەتئىيلىك بىلەن چىڭ تۇردى. ماندېلا ئۆز ئوبرازىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، تۈرمىدە ئۆز تەرجىمىھالىنى يېزىشقا چۈشتى. گەرچە بۇ تەرجىمىھال كېيىن ئۇنىڭ چەت ئەلدىكى خىزمەتداشلىرىنىڭ قامال قىلىنىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ — ئۇ ئۆز تەرجىمىھالى ئارقىلىق باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ ئۆز ئوبرازىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايىدا كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەتتا ھەقىقىي ئۆزىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشقا باشلىدى. بىراق، ئۇ بۇ سەۋەبلىك ئېسەنگىرەپ قالمىدى. چۈنكى، ئۇ شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ خەتىرىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. كۆپلىگەن ئافرىقا دۆلەتلىرى بۇنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغانىدى. ئۇ «مەن»نى ئىمكانقەدەر ئاز قوللىنىپ، دائىم «بىز» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمىدى. شۇنداقلا «ئادەتتىكى ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشتا» چىڭ تۇردى.

باش ئەگمەس، تىز پۈكمەس ئىرادە روبېبېن ئارىلىدىكى مەھبۇسلاردا ئورتاق بار بولغان قىممەتلىك بايلىق ئىدى. ئەگەر ماندېلانىڭ شۇ سەپداشلىرى بولمىغان بولسا، ماندېلا بەلكىم ئاخىرغىچە چىداشلىق بېرىشكە ئامالسىز قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ۋولتېر سىسۇلۇ، ئەھمەد كاترادا قاتارلىق جانجىگەر دوستلىرى ئۇنىڭ جاسارىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىنى مۇستەھكەملىگەنىدى. بىراق، ئاقىۋەتتە ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك رول ئوينىغىنى يەنىلا ماندېلانىڭ رەھبەرلىك قابىلىيىتى بولدى. بارلىق مۇھىم قارارلار — پىكىر - تەكلىپلەر ۋە ھۆكۈمەت بىلەن بولغان تىنچلىق سۆھبىتى — قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئۆزى يالغۇز ئورۇنلىدى. جوئى سلوۋ «ئەگەر ماندېلا بولمىغان بولسا، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارىخى ھازىرقىغا تۆپتىن ئوخشىمايدىغان يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلغان بولاتتى» دەپ ئويلايتتى. سىلوۋىنىڭ ئويى توغرا ئىدى. ماندىپلا شۇنىڭ ئۈچۈن يارىشىشنى تەشەببۇس قىلغانىدىكى، بۇ ھال ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى: ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشنى ياخشى كۆرۈشنى تىزگىنلەپ، «مېگىسى ئارقىلىق ئويلىنىشنى، ئەمما قېنى قىزىقلىق قىلماسلىقنى»، زېھنىي كۈچىنى سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئۇتۇق قازىنىشقا قارىتىشنى ئۆگىنىۋالدى. بۈگۈن ئۇ شەخسىي ھېسسىياتىنىڭ چوقۇم ئۆزى يەتمەكچى بولغان نىشانغا بېقىنىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندى. ئۇ تېخىمۇ كۈچلۈك سىياسىيونغا ئايلاندى. ھەتتا ئۇنىڭ خىزمەتدىشى كاترادامۇ ئۇنىڭ تېرەنلىكىنى ھېس قىلدى. مارك ماخراج «ئۇ پولاتتەك مۇستەھكەملىشىپ كەتتى» دەپ قارىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئىچكى ئېنېرگىيەسىنىڭ كۈچلۈكلىكى كېيىنكى سۆھبەتلەردە غەلىبىگە ئېرىشىشتىكى ئاساسلىق ئامىل بولۇپ قالدى.

ماندىپلادىكى چېكىنىش ئىلگىرى ئۇنى تونۇيدىغان ئادەملەرنى بەكلا چۆچۈتۈۋەتتى. كىشىنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغان ئۆزگىرىش ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى سەزگۈرلۈكى بولماستىن، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە ساددىلىقى ئىدى. ئۇ ئۆز قولىدىكى ھوقۇق سەۋەبلىك بارغانسېرى ئۆزگىچە ئىشىنىدىغان بولۇپ كەتتى. شۇنداقلا بارا - بارا ئېھتىياتچانلىقنى ۋە تەكەببۇرلۇقنى چۆرۈپ تاشلىدى. بارغانسېرى ئەركىن، ئىللىق ۋە يۇمۇرلۇقلىشىپ كەتكەن ماندىپلا تېزدىنلا باشقىلار بىلەن، بولۇپمۇ باللار بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كېتەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى ئۇلۇغۋار ئوبرازىنىڭ ئەكسىچە بولسىمۇ، بىراق بۇ ئۇنىڭ جەلپكارلىقىنى تېخىمۇ بەك ئاشۇرۇۋېتەتتى. بەزىدە ئۇ كۆڭلىدىكىنى باللار كەبى گۆدەكلەرچە ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىاتتى. كىشىلەر

ئۇنىڭ جىسمىدىن ھوقۇق ئەكەلگەن ئىغىش، چوڭچىلىق، تەكەببۇرلۇق ياكى تەرسالىقنى كۆرەلمەيتتى. بۇ ھال باشقا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئارىسىدا كۆپ كۆرۈلەتتى. ئۇنىڭ خاتالىقى دائىم قارشى يۆنىلىشتىن، يەنى ئۇنىڭ ئىشىنىشكە تېگىشلىك بولمىغان كىشىلەرگىمۇ بەك ئىشىنىپ كېتىشى، باشقىلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى كۆرۈشى سەۋەبلىكلا بولاتتى. بىراق، ئۇ كۆتمىگەن يەردىن بىراۋنىڭ ئەڭ ياخشى تەرىپىنى بايقىۋالالايتتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى دۈشمەنلىرىنى دوستقا ئايلاندۇرالايتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ يارىشىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

«مەن پەرىشتە ئەمەس» ماندېلا مېنى مۇشۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ماندېلانىڭ جىسمىدىن كەڭ قورساقلىق ۋە ئالىيجانابلىقنى چىقىرىۋەتكەن ھالدىمۇ ئۇ يەنىلا بىر سىياسىيون ئىدى. ئۇ بەئەينى تۇغۇلۇشىدىنلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قانداق جەلپ قىلىشنى بىلىدىغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ پۈرسەتنى تۇتۇۋېلىشىمۇ ناھايىتى ئۇنۇملۇك ئىدى. ماندېلا «بۆكەن كوماندىسى»نىڭ تەنھەرىكەت مايكىسىنى كىيىپ زەيتۇن توپ مەيدانىدا پەيدا بولغاندا، دى كلېرك بىلەن قىلغان تېلېۋىزور مۇنازىرىسىدە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەندە، ئۇنىڭ ئىپادىسى بىر كېيىنكى مودېرنىزم رەھبىرىگە ياكى بىر ئۇستا رولچىغا ناھايىتى ئوخشاپ كەتكەنىدى. ئۇ كەيپىياتقا قانداق باشلامچىلىق قىلىشتا، مۇخبىرلارنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئۇتۇشتا تۇغما قابىلىيەتكە ئىگە. ئۇ رەسمىگە چۈشۈشكە، زىيارەتنى قوبۇل قىلىشقا، قىزغىنلىق بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە، تەبەسسۇمى بىلەن باشقىلارنى مەپتۇن قىلىشقا ماھىر، سىياسىي بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى بىرلەشتۇرۇشكە ئۇستا. ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئۇ دۆلەت رەھبەرلىرىنى ئەمەس ئاچا - سىڭىللارنى ۋە مايكول جېكسوننى كۆرۈشنى بەكرەك خالايدۇ.

بىراق، ماندېلانىڭ ئەخلاقىي نوپۇزى بىلەن ھەقىقەتپەرۋەرلى-

كىگە ھېچ كىشى تەڭ كېلەلمەيدۇ. بۇ ھال چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن بۇ دۇنياغا نىسبەتەن بىر قىممەتلىك روھىي بايلىق. 30 يىلغا يېقىن تۈرمىدە ياتقان، تۈرلۈك بېسىم ۋە ئازدۇرۇشلارغا دۇچ كەلگەن ماندېلا باشتىن ـ ئاياغ ئۆز پرىنسىپى ۋە ئەقىدىسىگە سادىقلىق بىلەن ياشىدى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيادىكى باشقا سىياسىيونلار ئاللىقاچان تۇتۇرۇقسىز پۇرسەتپەرەسلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن، قەھرىمانلىق ۋە ئۇلۇغۋار ئىشلار بارا ـ بارا تارىخقا ئايلىنىپ كەتكەندى. بەزى ھاللاردا مەلۇم بىر مۇھىم مەسىلىدە بارلىق كىشىلەر خاتالاشقان پەيتتە، پەقەت ماندېلا ئۆزىنىڭ توغرا كۆزقارىشىدا چىڭ تۇردى. بىراق، ئۇنىڭ چىڭ تۇرۇشىمۇ نۇقسانلىق ئىدى. ئۇ ناھايىتى جاھىللىق بىلەن ئۆزىنى بارلىق ئىشلاردا توغرا قىلىمەن، دەپ ئويلايتتى، بەزىدە يەنە گۇمانلىق ئىتتىپاقداشلىرىغا سادىقلىق كۆرسىتىشتە چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن تەنقىدلىنەتتى. بىراق، ئۇنىڭ پرىنسىپقا ۋە دوستلۇققا بولغان چىڭ تۇرۇشى ئۇنى دائىم ئۆز مەيدانىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان رەھبەرلەر ئارىسىدا ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى.

ماندېلانىڭ رەھبەرلىك ئۇسلۇبى ھەرگىزمۇ زاماننىڭ كەينىدە قالغان ئەمەس. ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ئۆتمۈشكە تېخىمۇ چىڭ چاپلاشقان خالاس. ئۆسۈپ يېتىلىش ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ تەسىرىدە، ئۇ قەدىمكى قەبىلىۋى ئەنئەنىلەرگە يېقىنلىشىشقا، خەلققە يولباشچىلىق قىلىشقا، خەلققە يېقىنلىشىشقا تېخىمۇ ماھىر. ئۇ بالىلىق دەۋرىدە نائىب سەردارنىڭ قەدىمى ئاستىدا ئولتۇرغانلىقىنى، سەردارنىڭ ئۆز قوۋمىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغانلىقىنى، ئۇلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى ئەدەپ بىلەن بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزلىرىنىڭ بىر قەبىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى تېخىچە ئەسلىيەلەيدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىش ئارقا كۆرۈنۈشى ماندېلانىڭ خاراكتېرىنىڭ

يېتىلىشىدىكى مۇھىم ئامىل. سىز ئۇنىڭ يۇرتى ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەندە، قەلەم كۈچىنى ئەڭ قالتىس ھالەتتە جارى قىلدۇرالىغانلىقىنى بايقايسىز. ئۇ ئۆزىنى باشتىن ـ ئاخىر «دېھقان بالىسى» دەپ قارىغان. ئۇنىڭ جىسمىنى تەۋەلىك تۇيغۇسى، ئۇپچە بەھرە ئېلىش روھى ۋە يۇرت سۆيگۈسى قاپلىغان. بىراق، ماندېلا ھەرگىزمۇ سەھرالىق ئاددىي بالا ئەمەس. ئۇ قەبىلە باشلىقىنىڭ ئوغلى. ئۇنىڭ ئېسىل خىسلىتى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ۋە قارا تەنلىكلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ سالاھىيىتى يەنە ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىنىڭ تەشۋىشىنى يوق قىلغان. ماندېلانىڭ پادىشاھلارچە خاراكتېرى ئىقتىسادىي مەسىلىلەر بىر ئالغان، زامانىۋى باشقۇرۇشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان بۇ سانائەتلەشكەن دۆلەتنى باشقۇرۇشتا نۇرغۇن پايدىسىز ئامىللارغا دۇچ كەلدى. ئۇ ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئاياپ ئولتۇرماستىنلا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قوياتتى. بىراق، ئۆزگەرتىشكە ئالدىرىمايدىغاندەك تۇراتتى. ئۇ بيۇروكراتلىق يولىنى تۇتۇشتىن ۋە مۇرەككەپ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردىن بىزار ئىدى. ئۇ ئىقتىسادشۇناسلار بىلەنمۇ، باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسلىرى بىلەنمۇ يېقىنچىلىق قىلمايتتى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ماندېلانىڭ ئۇسلۇبى بەزىدە 21 ـ ئەسىرگە ئەمەس، 19 ـ ئەسىرگە ماس كېلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. بىراق، ئۇنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى رەھبەرلىك ئىقتىدارى زامان ۋە ماكاندىن ھالقىغانىدى. ئۇ ۋەكىللىك قىلغان دۆلەت كېلەچەككە قاراپ چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

ئەمەلىيەتتە ماندېلانىڭ دائىم ئېيتقىنىدەك، ئۇ پىرېزىدېنتلىقتا ئولتۇرغان ۋاقتىنىڭ كۆپچىلىكىدە ئۆزىگە مەمۇرىي ئەمەلدار ئەمەس، دۆلەت مۇراسىمى شەكلىدىكى رەھبەر سۈپىتىدە ئېنىقلىما بېرەتتى. ئۇ ئىچكى كابىنېت ياكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

رەھبەرلىكىدە پارتىيەنىڭ ھەرقايسى تۈرلۈك دېموكراتىك تۈزۈملىرىگە بويسۇنىدىغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمىدىكى پادىشاھقا تېخىمۇ بەك ئوخشايتتى. ئەمەلىيەتتە، ماندېلا ئۇنچىۋالا يۇمشاقباشمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ دائىم مەسىلىلەرگە قول تىقاتتى. بۇ سەۋەبلىك ئۇ ئېلىزابېت II دىن كۆرە ۋىكتورىيەگە بەكرەك ئوخشايتتى. دېموكراتىيە بىلەن دىكتاتۇرا ئارىسىدا بولۇشقا قارىماي، دائىم ئازابلىناتتى. بىراق، ئۇ دېموكراتىيەنى پۈتۈنلەي ھىمايە قىلاتتى. كۆپچىلىك ئافرىقىلىق ئەمەلدارلارغا ئوخشىمايدىغىنى، ئۇ دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلىغاندى. ئۇ چۈشەنچە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھېرىسلىقىنى ئاشكارىلىمىغان ئەھۋال ئاستىدا، پارتىيە رەھبەرلىرىنى، ئىتتىپاقداشلىرىنى تابو مىېىكىغا بېلەت تاشلاتقۇزدى. بىراق، ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تابو مىېكى ماندېلا پىرېزىدېنت بولۇپ تۇرغان كۆپلىگەن ۋاقىتتا دۆلەتنى ماھىرلىق بىلەن باشقۇرغانىدى. ماندېلا جىنايەت ئۆتكۈزۈش ۋە چىرىكلىك قاتارلىق سەزگۈر مەسىلىلەرگە كەسكىن قول تىقمىغانلىقتىن ئەيىبلەشكە ئۇچرىدى. بىراق، ماندېلا ئويناشقا تېگىشلىك بولغان رولدا، ئەسلىدىنلا زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى: كىشىلەر ئۇنىڭ نوپۇزىدىن تولۇق پايدىلىنىشىنىمۇ خالايتتى، شۇنداقلا دېموكراتىك ئەنئەنىنى رويابقا چىقىرىشىنىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. ھېچقانداق رەھبەرنىڭ بيۇروكراتلىق قىلىشىغا بولمايتتى.

ماندېلا دۆلەت رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، جەنۇبىي ئافرىقىنى كۆپ مىللەتلىك دېموكراتىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، پۈتۈن خەلقنى تىنچلىقتا بىللە ياشغۇزۇش ئىدى. ئۇ تىنچلىق بولمىسا دۆلەت ئاپپاراتىدىن ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن سۆز ئاچقىلى

بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. قوشنا دۆلەتلەردىن ئانگولا ۋە كونگودا يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈلگەن قورقۇنچلۇق ئىچكى ئۇرۇش ئۇنىڭغا ئىبرەت بولغانىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن دۆلەتنى كېزىپ چىقىشتەك ئالاھىدە سەرگۈزەشتىسى ئۇنى دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىشقا لايىق بىردىنبىر شەخس قىلغانىدى. ماندېلا 80 - يىللاردا ھاياتلىق سەپىرىدە ئوخشىمىغان ساھەدىن كەلگەن كۆپلىگەن كىشىلەر بىلەن يەنى مەيلى ئۇلار يېزىدىكى قەبىلە ئاھالىسى بولسۇن، كان ئىشچىسى بولسۇن، ياكى چېچەن ۋە مەيدانى يوق كىشى بولسۇن، ئافرىقا مىللەتچىسى بولسۇن، ياكى ئەركىنلىك جەڭچىسى بولسۇن، ھىندى بولسۇن ياكى ئاق تەنلىك بولسۇن، ئاق تەنلىك گۇندىپاي بولسۇن ياكى خەلقئارالىق سودىگەر بولسۇن ۋە ياكى دۆلەت رەھبىرى بولسۇن، ھەممىسى بىلەن ئومۇميۈزلۈك ئالاقە ئورناتتى.

ماندېلاغا يارىشىش يولىدىكى قىيىنچىلىقلار بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ قانلىق قۇربانلىق بېرىش يولىغا كىرىپ قالغىلى تاس قالغانلىقىنى بىلەتتى. ئوڭچى خىيالىزمچىلار بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، ئۇ ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئىزچىلدىن بېرى سادىق بولۇپ كەلگەن ئارزۇسىدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدىغانلىقىغا، رەڭ ۋە ئىرق ئايرىمايدىغان بۇنداق بىر جەمئىيەتنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇ دەسلەپكى چاغلاردىكى ئافرىقا مىللەتچىلىكىدە چىڭ تۇرۇۋالماستىن، ئاق تەنلىكلەر ۋە ھىندىلار بىلەن يېقىن ھەمكارلىق ئورناتتى، ئۇلارغا تولۇق ئىشەندى. ئۇ تۈرمىدە ئاق تەنلىكلەرنىڭمۇ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا 180 گىرادۇس ئۆزگىرىدىغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇ ئىلگىرى ھەتتا قارا تەنلىكلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشقىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ قارا تەنلىكلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەنلىكىنى ۋە ئەپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ مۇشۇ تۈردىكى شەخسىي سەرگۈزەشتىلىرى بولغانلىقى ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چۈن، ماندېلا دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان ھەقىقىي مەنىگە ئىگە كۆپ مىللەتلىك ھۆكۈمەتتە «ھەسەن ـ ھۈسەن ئىچكى كابىنېتى»نى قۇرۇپ چىقالايدىغان بىردىنبىر شەخس ئىدى. ماندېلا ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئىرقىي مايىللىقىنى سۆزلەپ باقمىغانىدى. قارىماققا ئۇ ئىرق تەۋەلىكىدىن ھالقىپ كەتكەندەك تۇراتتى.

ماندېلانىڭ ئەپسانىۋى سەرگۈزەشتىسى بۇ دۆلەت تارىخىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئۆز قەبىلىسىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ خورلانغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان — ئۇ چاغلاراد جەنۇبىي ئافرىقا تېخى قۇرۇلمىغانىدى. ماندېلا سەككىز ياشقا كىرگەندە جەنۇبىي ئافرىقا دۆلىتى قۇرۇلدى. ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىغانلار ئىتتىپاقداشلىق ئورناتتى. بىراق، قارا تەنلىكلەر دېموكراتىيە ئىشىكى سىرتىدا قالدۇرۇپ قويۇلدى. ماندېلا ئىرقىي ئايرىمىچى تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىۋاسىتە شاھىت بولدى. ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنىڭ كىشىلەرنىڭ پوزىتسىيەسىگە ۋە تۇرمۇشىغا قانداق چەكلىمە قويغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ماندېلا پرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن ئۇ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ئىدىيەسىنىڭ يۇقۇندىلىرىنى ھېس قىلدى: ئارمىيەدە، ئىقتىسادتا، مېدىيالاردا تېخىچە ئىرقىي ئايرىمىچىلىق مۇنارلىرى مەۋجۇت ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئۇنىڭغا يارىشىشنىڭ ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ بىر يېپيېڭى جەنۇبىي ئافرىقىنى قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر جەنۇبىي ئافرىقا ئۈچۈن چەتكە قېقىش ۋە بۆلۈش تامغىسىنى باسقانىدى. ماندېلانىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىرقىي كەڭچىلىك ۋە ھەمكارلىق ئىدىيەسى جەنۇبىي ئافرىقىدا بارا ـ بارا قەلبلەرگە سىڭىشقا باشلىدى.

ماندېلا ئۆزىدە ھەر خىل سىمۋوللۇق ئوبرازلارنى مۇجەسسەملىگەنىدى. ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىنىڭ سۇسلىشىپ، ئادەتتىكى بىر بوۋايغا ئايلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ بۇ ئوبرازى ئۇنىڭ

خاسلىققا ئىگە ئەپسانىۋى ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئاپىرىن ئوقۇشلارغا مۇيەسسەر بولۇشىنى تەمىن ئەتتى. ماندېلا ئەمدىلا تۈرمىدىن چىققاندا، ئۇنىڭ نام ـ ئابرۇيى ئىلگىرى دۇچ كەلمىگەن خىرىسقا دۇچ كەلدى: ئۇ بەئەينى پۈتكۈل دۇنيانىڭ چولپىنى قىلىپ قويۇلغاندەك تۇراتتى. بىراق، ئۇ بېسىملارغا باش ئەگمىدى. دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئاددىي ئادەملىكىنى، خاتالىق سادىر قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بىز بۇ تەرجىمىھالىمىزنىڭ ئاخىرىدا ماندېلاغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتكە يەنە بىر قېتىم قايتتۇق. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ماندېلانىڭ پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ مەدھىيەسىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى ھەشەمەتلىك نۇر ھالقىسىدا بولماستىن، بەلكى ئۆزىدە ئۇلۇغ شەخسلەرگە خاس سېھرىي كۈچ ھازىرلىيالىغانلىقىدا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خاتىمە

# ئۆچمەس رىۋايەت، ئۆلمەس داھىي

نېلسون ماندېلاغا نىسبەتەن پېنسىيەگە چىقىش ھەرگىزمۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ماندېلا پىرېزىدېنتلىق ئورنىدىن چېكىندى. شۇنىڭدىن كېيىنكى قىسقىغىنا مەزگىلدە، ئۇ مەقسەتلىك ھالدا ئائىلە تۇرمۇشىغا قايتىپ، ئېسىل ئايالى گراسا ماچېل ۋە ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ياشىدى. ئۇ چاغلاردا، ماندېلا دائىم يوھاننېسبۇرگنىڭ كۇنۇغا جايلاشقان يېزىدىكى تۇرالغۇسىغا قايتتى. گراسا بولسا موزامبىكتىكى ئۆيىگە قايتتى.

ماندېلا خىزمەتتىن چېكىنگەندىن كېيىنكى تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدىنى پەسەيتىشكە تىرىشتى. ئۇ ئۆزىنى «پېنسىيەگە چىققان ئاددىي ئىنسان» دەپ قارايتتى، ياكى ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ، پىرېزىدېنت بولمىسا قانداق ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئۇ ھەتتا ئاممىۋى سورۇنلاردا كۆپ قېتىم ئۆزىنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىدا تىلەمچىلىك قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىنى ئېيتقانىدى. ئۇ داڭلىق شەخسلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغاندا، ئۆزىدەك بىر «ئەبگار قېرى» نىڭ ئاز ـ تولا بولسىمۇ رولى بارلىقىدىن بەكلا ھەيران قالاتتى.

بىراق، ھېچبولمىغاندىمۇ ئۇنىڭ قولىدا يېتەرلىك ۋاقىت بار ئىدى. بۇ ماندېلا 1990 ـ يىلى تۈرمىدىن چىقىپ سىياسىي

ھاياتىغا قايتقاندىن باشلاپ ئەڭ ئارزۇ قىلىپ كەلگەن نەرسە ئىدى ـــ سىياسىي ھاياتنىڭ ۋاقىت ۋە زېھنىنى ئەڭ ئىسراپ قىلىدىغان بىر تۇرلۇك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك. تۇرمىدىكى تەرتىپلىك ھايات ۋە زۇلۇمكارلارنىڭ كاللىسىدىكى ئويىنى تەتقىق قىلىشتىن كەلگەن نەتىجە ماندېلانىڭ قىممەتلىك بايلىقىغا ئايلانغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئۇسلۇبىغا تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ماندېلا پىرېزىدېنتلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ توققۇز ئايدىن كېيىنكى بىر قېتىملىق زىيارىتىدە: «پىكىر يۇرگۇزۇش مەسىلە ھەل قىلىشتىكى مۇھىم قورال... بىراق، تۇرمە سىرتىدىكى بىز پىكىر يۇرگۇزمەيمىز» دېگەنىدى. بىراق، زىددىيەتلىك بولغىنى، ئۇ تەپەككۇر يۇرگۇزۇش ئۇچۇن ئەمدىلا ۋاقىتقا ئېرىشتى. شۇنىڭدەك ئويلىغانلىرىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ تۇنجى قېتىم ھېچقانداق سىياسىي ئورنى بولمىغان يەككە شەخسكە ئايلاندى. بىراق، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى ئەڭ ئادەتتىكى ھېسابلانمايدىغان «ئادەتتىكى» ئادەم ئىدى. ئۇ بۇ تەشكىلگە رەھبەرلىك قىلدى، شۇنداقلا تەشكىل ئۇچۇن باشتىن ـ ئاياغ ساداقەت كۆرسەتتى.

1998 ـ يىلى ماندېلا يەنە بىر پارچە تەرجىمىھالىنى يېزىشقا باشلىدى. ماندېلانىڭ تەلىپى بويىچە، بۇ كىتابقا «مېنىڭ پىرېزىدېنتلىق ھاياتىم» دەپ ئىسىم قويۇش پىلانلاندى. كىتابتا ئاساسلىقى ئۇ 1994 ـ يىلى پىرېزىدېنت بولغاندىن باشلاپ، پېنسىيەگە چىققۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلار يېزىلغانىدى. ماندېلا بۇ قېتىملىق تەرجىمىھالىنى ئۆز ئالدىغا پۇتكۇزۇشنى (ئۇ بىرىنچى قېتىملىق تەرجىمىھالىنى رىچارد ستانگارد بىلەن بىرلىشىپ يازغانىدى)، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ تەكشۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى قارار قىلدى. بۇ كىتابنىڭ خام ماتېرىياللىرى توپلىنىش باسقۇچىدا، مەن ماندېلانىڭ ياردەمچىسى سېسىلنىڭ تېلېفونىنى تاپشۇرۇۋالدىم. چۇنكى، ماندېلا بىر قىسىم

ئەمەلىيەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە مېنىڭ ياردىمىمگە موھتاج ئىكەن. بىراق، ماندېلا پىرېزىدېنتلىقتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ھەر تۈرلۈك ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىشقا كۈچ چىقارغانىدى. ئۇنىڭ خەير ـ ئېھسان پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشىنى تەكلىپ قىلىدىغانلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى، ئۇنى زىيارەت قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ زېھنىنى پۈتۈنلەي چېچىۋەتتى، تەرجىمىھال يېزىش خىزمىتىنى ئۈزۈپ قويىدى، شۇنداق قىلىپ بۇ كىتابنىڭ غەلىبىلىك ھالدا نەشر قىلىنىشىغا مۇمكىن بولمىدى.

ماندېلا تېزدىنلا ئىلگىرىكى ئىستىراھەت ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈش ئۇيىدىن يالتىيىپ، تېخىمۇ بەك رىقابەتچانلىققا ئىگە خىزمەتكە ئۆزىنى ئاتىدى. ئۇ يەنە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مەشھۇر ئەربابلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ جىسمىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى دۇنياۋى مەشھۇرلۇقى، ئىنسانپەرۋەر مىجەزى ۋە جەسۇرانە روھى كىشىلەرنى روھلاندۇردى. بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن جەنۇبىي ئافرىقىغا مەخسۇس كەلگەنىدى. بەزىلىرى بولسا ئۇ باشقا دۆلەتلەردە ساياھەت قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانلار ئىدى. 2003 ـ يىلى 85 ياشلىق تۇغۇلغان كۈندە، BBC تارقاتقان بىر ھۆججەتلىك فىلىمدا ماندېلا مۇنداق دېدى: «مەن ئالللىقاچان پېنسىيەگە چىقتىم. ئەگەر بىر ئىش مېنى ئۇمىدسىزلەندۈرىدۇ دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇ ئىش دەل بالدۇر ھوشۇمنى تېپىپ، ئۆزۈمنىڭ قىلغۇدەك ئىشى يوقلۇقىنى ھېس قىلغىنىمدۇر.» ھەر كۈنى بىر قاتار تەكلىپلەر ماندېلانىڭ تاللىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ماندېلا يوھاننېسبۇرگتىكى چېغىدا ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 لار ئەتراپىدا ماندېلا فوندىغا دوكلات بېرىش ئۈچۈن باراتتى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بارىدىغىنى كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان ئاق تەنلىك ياردەمچىسى سىدار سىگرانچى ئىدى. ماندېلا مۇنداق دېدى:

«مېنىڭ بىردىنبىر روھىي تۈۋرۈكۈم ئۆزۈمنىڭ تاماملاشقا تېگىشلىك ۋەزىپەمنىڭ بارلىقىنى بىلىشتۇر.» گراسا ئۇنى ئارام ئېلىشقا كۆندۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ، تېزدىنلا بۇ ئويىدىن ۋاز كەچتى: «ئۇ ۋاقىت رىتىمىنى ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇشقا موھتاج. ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېنىقكى، ناۋادا ئۇ توختاپلا قالسا، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالىدۇ. ئۆزىنىڭ كېرىكى قالمىغاندەك ھېس قىلىپ قالىدۇ.»

ماندېلا پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنلا گراسا بىلەن بىللە تۇرىدىغان ۋاقىتقا ئېرىشتى. ماندېلا ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۆزىنىڭ ئۇچىنچى خوتۇنىنى ناھايىتى ئاز تىلغا ئالسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ چېھرىدىكى تەبەسسۇم ۋە ئايالىنى بىر قاراپلا پەرقلەندۈرۈۋالغۇدەك ھالەتتە ھۆرمەتلىشى ھەممىنى چۈشەندۈرىدۇ. «ئۇ چەكسىز جەلپكار. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاش بەختىيارلىقنىڭ ئۆزى.» ماندېلا بۇ سۆزنى 2003 ـ يىلى ئېيتقان. يېقىنقى يىللاردا گراسا ئۆزى بىلەن ماندېلا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ناھايىتى ھېسسىياتلىق ۋە ئۇدۇل ھالدا ئىپادىلەپ كەلدى. ئۇ ئىككىلا تەرەپ ھاياتىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇشىنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. گراسا مۇنداق دېدى: «بىز ئۇچرىشىپ قالغاندا، ماددىبا تەنها ئىدى. مەن بولسام تۇرمۇشۇم ئازابقا تولغان، قايغۇ ئىچىدىكى ئايال ئىدىم. غېرىبلىق ھېسسىياتى ۋە ئۆزئارا يار ـ يۆلەك بولۇش ئارزۇسىنى ئىككىلىمىز باشتىن كەچۈردۇق... بۇ ھال بىزنىڭ بىللە ياششىمىزغا تۈرتكە بولغان ناھايىتى مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز ھەم ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، ھەم قەلبنىڭ سوقۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ.»

بۇ بىر جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ئورتاقلىقى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇلار مائارىپنىڭ ئىنسان ھاياتىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ. گراسا مۇنداق دېدى: «ماددىبا مائارىپنىڭ رولىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چەكسىز ئىشىنىدۇ. شۇنداقلا مائارىپنىڭ كىشىنىڭ ھاياتلىق يولىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.» گراسامۇ مۇشۇ خىل قاراشتا، ئەلۋەتتە. گراسا دائىم ئاممىۋى سورۇنلاردا مائارىپنىڭ ئۆز ھاياتىنى قانداق ئۆزگەرتكەنلىكىنى، قانداق قىلىپ نامرات يېزىدا تۇغۇلغان ئۆزىنى موزامبىك مائارىپ مىنىستىرىغا، شۇنداقلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئوقۇتۇش قوللانمىسى گۇرۇپپىسىنىڭ داڭدار باش ئەلچىلىكىگە ئايلاندۇرغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. 2007 ـ يىلى گراسا دوۋنىڭ كوچىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن، ئۇنىڭ نامىدا ئاتالغان، جەنۇبىي ئافرىقىلىق ياش قىز ـ ئاياللارغا قارىتىلغان ئوقۇش مۇكاپات فوندىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ماندېلا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئېلىپ بارغان تۇنجى قېتىملىق خەير ـ ساخاۋەتچىلىك ھەرىكىتى ماندېلا بالىلار فوندىنى قۇرۇش بولدى. بۇ فوند نامرات بالىلارغا قارىتىلغان كۆڭۈل بۆلۈشنى، ئۇلار ئۈچۈن مائارىپ تەربىيەسى ئېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشنى نىشان قىلغان. ئۇنىڭ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ھەرىكىتى نېلسون ماندېلا فوندىنى قۇرۇش بولدى. بۇ فوند ئەيدىز كېسىلى مەسىلىسىگە، يېزىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە مەكتەپ قۇرۇشقا قارىتىلغانىدى.

ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىش شۇكى، ماندېلا پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سىياسەت بەلگىلەشتىكى تەسىر كۈچى بارا ـ بارا تۆۋەنلىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئەخلاقىي نوپۇزى ۋە تەسىر كۈچى يەنىلا زور بولدى. بۇ جەھەتتىكى بىر يارقىن مىسال ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەيدىز كېسىلى توغرىسىدىكى سىياسىتىگە كەسكىنلىك بىلەن ئارىلىشىشىدۇر. ئۇ پرېزىدېنت تابو مبېكىنىڭ ئەيدىز كېسىلى مەسىلىسى ھەققىدىكى ئىككىلىنىشىگە نىسبەتەن ھەرىكەتكە ئۆتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ

ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرى رېتروۋىرۇس دورىسى بىلەن تەمىنلەندى. ئۇلارنى قوغداش ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىگە ئايلاندى. ماندېلا مىبېكىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىغا جەڭ ئېلان قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا ئۆزى ئىزباسارىنىڭ ئەيدىز كېسىلى رېتروۋىرۇس داۋالاش ئۇنۇمىگە قانداق نۇقتىئىنەزەردە قارىشىدىن قەتئىينەزەر، ھۆكۈمەتنىڭ چوقۇم ئېنىق سىياسىتى ۋە ھەرىكىتى بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى مىليونلىغان ئەيدىز ۋىرۇسىنى ئېلىپ يۈرگۈچىلەرنى ئەڭ ئەتراپلىق داۋالاش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. ماندېلا مۇنداق دېدى: «بۇ بىر مەيدان شەكىلسىز ئۇرۇش. ئۇ ئەكەلگەن ئۆلۈم ــ يېتىم ئىلگىرىكى بارلىق جەڭ ۋە ئاپەتلەردىنمۇ ئېغىر. بىزنىڭ خەلقىمىز ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. بىز ئەمدى تالاش ــ تارتىش قىلىشىۋېرەلمەيمىز.»

ماندېلانىڭ ئەيدىز كېسىلىنى كونترول قىلىش جەھەتتىكى ئىپادىسى ئۇ ئوچۇق ــ ئاشكارا يۈزلىنىشكە ئامالسىز قالغان يېتەرسىزلىك ئىدى. تەنقىدچىلەردىن بىرسى ماندېلا ھوقۇق يۈرگۈزگەن بەش يىل جەريانىدا، ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىشىغا سەل قاراپ، مىبېكى تەختكە چىققاندىن كېيىنلا بۇ جەھەتتە ئۇستاتلىق قىلىشقا باشلىدى، دەپ قارىدى. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسى، ئەيدىز كېسىلى پائالىيەتچىسى ئېدۋىن كامېرون مۇنداق دېدى: «ئافرىقىلىق ياشلارنىڭ قەلبىدە ماندېلانىڭ ئوبرازى ھەرقانداق كىشىنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇ قارا تەنلىك ياشلارنىڭ ئىدىيەسىگە ۋە ھەرىكىتىگە تامامەن تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بىراق، ئۇ ھېچ ئىش قىلمىدى، ئەيدىز كېسىلى مەسىلىسىگە ئېتىبار بېرىلمىدى، يۇقۇملىنىش ئەھۋالى ئۈزۈكسىز زورايدى.»

گەرچە ماندېلا جىنسقا ئائىت مەسىلىلەردە ناھايىتى تۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، بىراق ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئۇنى سايلامدىكى قولالاش بىلىتىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، قارا تەنلىكلەر جەمئىيىتىدىكى بۇ پەرھىزدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتمەسلىككە دەۋەت قىلدى. ئەيدىز كېسىلىنىڭ يۇقۇش ئەھۋالى ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە چىققانىدى. بىراق، ماندېلا ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە بۇ نۇقتا مېدىيا ۋاستىلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەركىزىي نۇقتا ھېسابلانمايتتى. ماندېلا ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە ئەيدىز كېسىلىنىڭ تەھدىتىگە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمىدى ۋە ئۆز ۋاقتىدا چارە قوللانمىدى دەيدىغان، تەنقىد سادالىرى بولدى. ماندېلا بۇنىڭغا ئاشكارا جاۋاب قايتۇرۇپ: «بۇ رېئاللىق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، پىرېزىدېنت بولۇش سۈپىتىم بىلەن نۇرغۇن بۇرۇچلىرىم بار. دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا تىخىمۇ بەك كۆڭۈل بۆلمىسەم بولمايتتى» دەپ جاۋاب بەردى.

2005 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ماندېلانىڭ ئوغلى ماكگاتو ئەيدىز كېسىلى سەۋەبلىك 54 يېشىدا ئۆلۈپ كەتتى. بۇ ھالدىن ماندېلا ئەيدىز كېسىلىنى قورشاپ تۇرغان چەكلىمىلەردىن بۆسۈپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇشقا باشلىدى. شۇ ئىش بولۇپ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن، ماندېلا مۇخبىرلارنى كۇتۇۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا ئۇ ماكگاتونىڭ ئەيدىز كېسىلىدە ئۆلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ماندېلا مۇنداق دېدى: «كۆپچىلىك ئەيدىز كېسىلىگە جىددىي قارايلى. ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرمايلى. بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ مەلۇم كىشىنىڭ ئەيدىز كېسىلىدە ئۆلگەنلىكىنى ئېيتساقلا، ئەيدىز كېسىلىگە ئۆپكە تۇبېركۇليوز، راك قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئادەتتىكى كېسەل قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ.» بۇ سۆز جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەيدىز كېسىلى سەۋەبلىك ئۆلگۈچىلەر ئۆپكە تۇبېركۇليوز ياكى ئۆپكە ياللۇغى بىلەن ئۆلدى دەپ يېزىلاتتى.

بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا، جەنۇبىي ئافرىقىدا 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم رېتروۋىرۇس داۋالىشىنى قوبۇل قىلدى. كۆپلىگەن ئالامەتلەر ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتىنىڭ كونترول قىلىنغانلىقى ۋە تۆۋەنلىگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. پرېزىدېنت ياكوب زۇما باشتىن - ئاخىر ئەيدىز كېسىلىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە داۋالاش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلدى. ياكوب زۇما 2009 - يىلى 5 - ئايدا پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە باشلىغاندىن بېرى، ئۇ ئەيدىز كېسىلىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە داۋالاش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. 2010 - يىلى، زۇمانىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى رېتروۋىرۇس دورىسى بىلەن تەمىنلىگەنلىكى كەڭ كۆلەملىك ئالقىشقا ئېرىشتى.

پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنكى ماندېلانىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى تەسىرى قىلچىمۇ پەسىيىپ قالمىدى. 2003 - يىلى ماندېلا ئامېرىكا باشچىلىقىدا، ئەنگلىيەنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىراققا تاجاۋۇز قىلىش ھەرىكىتىگە قارىتىلغان مۇنازىرىگە قاتناشتى. ماندېلا ئەنگلىيە باش ۋەزىرى تونى بلايېر ۋە ئامېرىكا پرېزىدېنتى جورجى بۇشنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر خەۋپسىزلىك كېڭىشى بىردەكلىك ھاسىل قىلمىغان ئەھۋالدا، يەككە ھالدا ئىراققا تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى قاتتىق تەنقىدلەپ، بۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نوپۇزىغا جەڭ ئېلان قىلىش قىلمىشى دېدى. ئۇ بۇشنىڭ قىلمىشىنى «بىر مەيدان بالا - قازا» دەپ تەسۋىرلىدى. ماندېلا مۇنداق دېدى: «مېنىڭ تەنقىدلەيدىغىنىم بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنىڭ پرېزىدېنتىنىڭ ئىراقنى كۆرەلمەسلىكى ۋە توغرا تەپەككۇر يۈرگۈزەلمەسلىكىدۇر. ئۇ بىزنى بىر مەيدان دۇنياۋى خاراكتېرلىك بالايىئاپەتكە باشلاپ كىردى.» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدىكى سەلبىي خاتىرىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىككىنچى دۇنيا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشى مەزگىلىدە ناگاساكى ۋە خىروسوما ئارىلىغا ئاتوم بومبىسى تاشلىغانلىقىنى ئەيىبلىدى. ماندېلا مۇنداق دېدى: «ناۋادا دۇنيادا بىر دۆلەتنى تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزدى دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇ دۆلەت دەل ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىدۇر. ھالبۇكى، ئۇلار بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمايدۇ.»

ماندېلانىڭ ئۆتكۈر سۆزلىرى خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ماندېلا «ھەپتىلىك ئاخبارات ژۇرنىلى»دا تام ماسراندىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: «ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئاپەت خاراكتېرلىك قىلمىشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مىڭبىر جاپادا بىردەكلىك ھاسىل قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش قارارىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىشىدۇر. ئەگەر سىز بۇ ۋەقەلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسىڭىز، ئامېرىكىنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىغا ئېغىر تەھدىت ئەكېلىۋاتقانلىقىنى بايقايسىز.» بىر دۆلەتنىڭ رەھبىرى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك ھېسابلانغان يەنە بىر دۆلەتنى مۇشۇنداق قاتتىق تەنقىدلىگەندىن كېيىنمۇ، يەنىلا ئۆزئارا ھۆرمەتلەش ئاساسىدا ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ساقلىيالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلمىقىڭىز ناھايىتى تەس. ئانتونى سامپسوننىڭ 2004 - يىلى يازغىنىدەك: «ماندېلانىڭ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنكى خەلقئارالىق مەسىلىلەرگە ئارىلىشىشىدىن بىز ئۇنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق چۈشىنىدىغان بىر پىشقان سىياسىيون ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ ھەربىر سۆز - ئىبارىلىرىدە ناھايىتى باش قاتۇرغان. ئۇ ھازىرقى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت رەھبەرلىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ بەك سۆزلەش بوشلۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئۇلارنىڭ قەلبىدە يۈزدەيۈز مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، ئەمما ئۆزلىرى ئاشكارا بايان

قىلىشقا ئامالسىز قالغان ئوي - پىكىرلەردۇر.» ماندېلا يەنە ئىراققا تاجاۋۇز قىلىش مەسىلىسىدە ئامېرىكىنى قارىغۇلارچە قوللىغانلىقى ئۈچۈن تونى بلايېرنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۇنى ئامېرىكىنىڭ «دىپلوماتىيە ۋەزىرى» دەپ ئاتىدى. ماندېلانىڭ بۇ تەنقىدىدىن تونى بلايېر ئولتۇرالمايلا قالدى. شۇنداقلا ماندېلا كېلەر قېتىم ئەنگلىيەنى زىيارەت قىلغاندا ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىۋېلىشنى ئويلىدى. بلايېر تېلېفون ئارقىلىق ماندېلا بىلەن سۆزلىشىشكە ئۇرۇندى. بىراق، ماندېلا ئەنگلىيەنىڭ بۇ باش ۋەزىرىگە نىسبەتەن ئانچە قىزغىن بولمىدى.

ماندېلا BBC نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: «مەن ئۇرۇشنىڭ جېدەل - ماجىرانى تۈگىتەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن. ئۇلار خەلق بىلەن سۆھبەتلىشىپ، كېسەلنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىشقا موھتاج.» ماندېلا ئىراق ئۇرۇشىنىڭ ئاخىر پارتلىشىغا نىسبەتەن، گەرچە ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ «دۇنيا ساقچىسى» لىق رولىنى ئوينىشىدىن ئەندىشە قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنى تېخىمۇ بەك تەنقىدلەشتىن قەستەن ئۆزىنى تارتتى. ئانتونى سامپۇرىن مۇنداق يازدى: «ماندېلا تېخىچە تىنچلىق كۈرەش تەجرىبىسىنى مىسال قىلىپ كۆرستىش ئارقىلىق، دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ پۈرستى ۋە مەجبۇرىيىتى بار دەپ قارايدۇ.» 2003 - يىلى 7 - ئايدا لوندوننىڭ داڭلىق ۋېستمىنىستىر مەركىزىي زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن ماندېلا - روتېر فوندىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، ماندېلا ئۆچمەنلىكنى نامايان قىلماستىن، بلايېر بىلەن كېلىشىۋالغىنىنى ئىپادىلىدى.

ماندېلا ئۆزىنىڭ كېلىشىم ۋە مۇرەسسە ھەققىدىكى ئىدىيەلىرىنى كەڭ دائىرىدە تارقاتماقچىدى. دەل مۇشۇ خىل ئىدىيە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئەڭ مۇشكۇل دەۋرلەردىن ھالقىپ ئۆتۈشىگە، شۇنداقلا چوڭ كۆلەملىك ئىرقىي توقۇنۇشتىن ساقلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇ ئۆزى ھوقۇق تۇتقان

www.uyghurkitap.com

دەۋرلەردىمۇ، مىسىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردىمۇ ھەر خىل توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىشتا بوشاشماي چىڭ تۇرۇپ، ئىرېلاندىيە، سىرى لاز، بىرما، ئىراق، چوڭ كۆل رايونى ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىدا توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىشقا قاتناشتى. سامپۇرىن مۇنداق دېدى: «ئۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە تەۋە بولمىغان باياناتچىغا ئايلاندى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىغا ۋەكىللىك قىلىپلا قالماي، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خەلقىگە تېخىمۇ بەك ۋەكىللىك قىلدى. ئۇلار ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دۇنيادا ئۆزلىرى ئۈچۈن سۆزلەيدىغان ئادەمگە ئىگە بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ غەرب دۆلەتلىرىدە ئەخلاقىي نوپۇزغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ئورنىدىن دەست تۇرۇپ زۇلۇمغا ۋە ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرىدىغان ئادەمدىن كېلىشىپ ياشاشتا ۋە كۆپ مىللەتلىك جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋەكىللىك شەخسكە ئايلاندى.»

ماندېلانىڭ ھەممىدىن بەك ئارىلاشقان ئىشى لىۋىيە مەسىلىسى ئۈستىدە بولدى. ئۇ خىزمەتدىشى جېكىس گېۋىر بىلەن بىرلىكتە پولكوۋنىك مۇئەممار كازافىنى 1988 - يىلى روكبى ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئامېرىكا ئايروپىلانىنى پارتلىتىش گۇماندارىنى گوللاندىيە خەلقئارالىق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە قايىل قىلدى. ماندېلا شۇ ئارقىلىق ئەگەر لىۋىيە راستىلا شۇنداق قىلسا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ لىۋىيەگە قاراتقان ئىمبارگوسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. جىنايەت گۇماندارى ئابدۇللا مېگراش ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. كېيىن شوتلاندىيە تۈرمىسىدە تاكى 2009 - يىلى داۋالىنىش ئۈچۈن كېپىللىككە ئېلىپ چىقىلغۇچە سەككىز يىل جازا ئۆتىدى. بۇ مەزگىلدە كازافى زور مىقداردا ئىقتىساد چىقىم قىلىش ئارقىلىق ئابدۇللا كېپىللىككە قويۇپ بېرىلگۈچە ۋائىزلىق قىلدى. 2003 - يىلىدىن باشلاپ ئامېرىكا لىۋىيەگە

بولغان ئىمبارگونى باسقۇچقا بۆلۈپ ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا باشلىدى. 2006 ـ يىلى لىۋىيەنى تېررورىزم دۆلىتى تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ماندېلانىڭ سۆھبەت ئارقىلىق يارىشىشقا ئىمكانىيەت يارىتىشىغا زىيادە يۇقىرى باھا بەردى. بىراق، ماندېلا گلاسگوۋدىكى بارنى تۈرمىسىگە ئابدۇللانى يوقلاپ بارغاندا، تۈرمىنىڭ مۇھىتىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ئۇلار بۇنداق ناچار مۇھىت ئارقىلىق ئابدۇللاغا «پىسخىكىلىق زىيانكەشلىك قىلماقتا» دېدى.

2004 ـ يىلى، لىۋىيە يادرو قورالى پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، تېررورچىلارغا بولغان قوللاشنى توختىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى تونى بلايېر كازافى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. بلايېر ترىپولىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە كازافىنى قۇچاقلىدى. ئىككى تەرەپ دەرھال تەبىئىي گاز ئېچىش ۋە قورال ئېلىپ ـ سېتىش توختامى ئىمزالىدى. بارلىق مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى مەسخىرىلىك بولغىنى، كازافى دۆلەت ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن يامان غەرەزدە ئۇرۇش قوزغىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 2011 ـ يىلى 3 ـ ئايدا لىۋىيە ئاسمىنىدا مەجبۇرىي ھالدا ئۇچۇشنى چەكلەش رايونى تەسىس قىلدى. ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە ئىلگىرى كازافىنى قورال بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن قاتتىق جاڭجاللاشتى. ئىتالىيە بىلەن ئامېرىكىمۇ كازافى 2004 ـ يىلى خاتالىقىنى تۈزىتىپ ئادەم بولغاندىن كېيىن لىۋىيەگە قىلغان ئىقتىسادىي ياردىمى سەۋەبلىك بەكلا خىجالەتتە قالدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جەنۇبىي ئافرىقىمۇ قوزغىلاڭدىن ئىلگىرىكى بىرنەچچە يىلدا كازافىنى قورال ـ ياراغ بىلەن قوللىغانىدى.

ماندېلانىڭ بەزى رەھبەرلەر بىلەن بەكلا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېتىشى دائىم غەرب دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ تەنقىدى ۋە بىزارلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ماندېلا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەتكەن بۇ رەھبەرلەر پەلەستىن رەھبىرى ياسىر ئارافات، كۇبا رەھبىرى فىدېل كاستېرو ۋە پولكوۋنىك كازافى قاتارلىقلار ئىدى. ماندېلانىڭ روبېرت مۇگابى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ مۇرەككەپ ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇگابى قانچە بەدەل تۆلىشىگە ۋە ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماستىن باسقۇنچى ھۆكۈمەت بولۇشتا چىڭ تۇردى. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوبرازى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەينى چاغدا ماندېلا پەقەت بىر نۆۋەتلا ھوقۇق تۇتىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغانىدى، ئۇ راستىلا ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى. ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەت 1990 ـ يىلى ئۇمىد تۇمشۇقىدا ئېچىلغان دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرىنىڭ بىر قېتىملىق رايون خاراكتېرلىك يىغىنىدا باشلانغان بولۇپ، بۇ چاغدا ئىككىيلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكەنىدى. 2011 ـ يىلى مەلۇم بىر مەيداندا ماندېلا مەلۇم بىر مۇستەبىتنى سۆكتى، بىراق مۇگابىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىدى. كېيىن مبېكى ۋە ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى تەرەققىيات ئورتاق گەۋدىسىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى تەنقىد قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ماندېلا مۇگابىغا بولغان نارازىلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئۆزىگە ئۆزى جاپا سېلىش بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ مۇگابىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئەيىبلەپ باقمىدى.

2002 ـ يىلى ماندېلا بىر قېتىملىق زىيارىتىدە ماڭا مۇنداق دېدى: «بىز ئۆزىمىز تاقابىل تۇرماقچى بولغان كىشىنى چوقۇم چۈشىنىشىمىز كېرەك. مەن ئىلگىرى پىرېزىدېنت مۇگابى بىلەن يېقىندىن خىزمەت قىلىپ باققان. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا ئوچۇق ھۇجۇم قىلسىڭىز، ئۇ سىزنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇنىڭغا نەسىھەت

قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇنى ھۆرمەت قىلىش... ئۇنىڭغا ئىچ - باغرىڭىزدىكىنى دېيىش ئارقىلىق مۇڭدىشىش.» ماندېلا ئەگەر ئۆزى يەنە تۈرمىدە بولغان بولسا، مۇگابېنى «ئافرىقا بىرلەشمە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كاتتا ئەرباب»نىڭ ئۈلگىلىك ۋەكىلى، دەپ قارايتتى. مۇگابىمۇ بۇنى بەكرەك قوبۇل قىلالىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ھوقۇقتا بۇنچە ھېرىسمەنلىكى ھېسسىياتىدىكى يېتەرسىزلىكتىن بولغانىدى. 2007 - يىلى، ماندېلا «بىر ئاز ھۆرمەت ۋە ئۆزىنى ھۆرمەتلەش» تەرزدە مۇگابېنى خىزمىتىدىن ئايرىلىشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ماندېلا ئۆزى باشلامچىلىق قىلغان دۆلەت ئەربابلىرى گۇرۇھىغا كېلىپ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق، زىمبابۋېنىڭ بۇ رەھبىرىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىن ئايرىلىشىغا نەسىھەت قىلدى. دۆلەت ئەربابلىرى گۇرۇھى ئاننانىنى ئالدىن بېرىپ تەييارلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. بىراق، مۇگابى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بۇ رەھبىرىگە ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى. دۆلەت ئەربابلىرى گۇرۇھىنىڭ كېيىنكى تۈرلۈك تىرىشچانلىقلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

2008 - يىلى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن ماندېلانىڭ 90 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنى خاتىرىسىدە، ئۇ ئاخىر مۇگابېغا بولغان سۈكۈتىنى بۇزۇپ، مۇگابېنىڭ باسقۇنچىلىقىنى «زىمبابۋې رەھبەرلىرىنىڭ تارىختىكى ئاپەت خاراكتېرلىك مەغلۇبىيىتى» دەپ ئاتىدى.

ئانتونى سامپسوننىڭ قولىغا چۈشكەن مەلۇماتلارغا ئاساسەن، 1999 - يىلى 6 - ئايدا تابو مبېكى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ پرېزىدېنتلىقىغا سايلانغاندىن باشلاپ، ماندېلانىڭ جەنۇبىي ئافرىقا ئۈچۈن قوشقان ئەڭ چوڭ تۆھپىسى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ كۆپچىلىكىگە ئۆز دۆلىتى جەنۇبىي ئافرىقىنى ياخشى يۈنىلىشتە كېتىۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېموكراتىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇردى. بۇ ھال بەش يىل ئىلگىرىكىدىن كۆپ پەرقلىنەتتى.

1999 ـ يىلىدىكى مىېبىكىنىڭ پىرېزىدېنتلىق تەختىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى كۈچلۈك ئافرىقىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. بۇ ھال مەيلى مۇراسىمغا قاتناشقان ئەزالار تەركىبى جەھەتتە بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە بولسۇن، ئىككىلا جەھەتتە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتتى. 2004 ـ يىلى مىېبىكىنىڭ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇراسىمىمۇ باشتىكى بىلەن ئوخشاش بولدى. 2009 ـ يىلى ياكوب زۇمانىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا يېشى چوڭىيىپ ئاجىزلىشىپ كەتكەن ماندېلا باشقىلارنىڭ يۆلىشى بىلەن قوشماق بىنانىڭ يۇمىلاق شەكىللىك رەئىس سەھنىسىگە چىقتى. بۇ چاغدىمۇ سىپى ئۆزىدىن ئافرىقىچە مەنزىرە نامايان بولدى. ماندېلا، زۇما ۋە تابو مىېبىكىدىن ئىبارەت ئۈچ پىرېزىدېنتنىڭ مۇنبىرى كۈچلۈك سىگنال تارقىتىپ، پۈتكۈل دۇنياغا جەنۇبىي ئافرىقا دېموكراتىيەسى ۋە سىياسىي تەرتىپىدىن گۇمانلىنىشقا كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بەردى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى 2008 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ شىمالدىكى شەھەر بورىكىۋانىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنىدا پاراكەندىچىلىك يۈز بەرگەندى. مىبېكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تەرىپىدىن «چاقىرتىۋېلىنىپ»، ئېغىر ئاقىۋەت يۈز بەردى. زۇما ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ماندېلا ۋەكىللىك قىلغان قىممەتلىك خىسلەتكە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، ئۇنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسلۇبىغىمۇ ۋارىسلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

مۇراسىم كۈنى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئاكتىپ ياش رەھبىرى جۇلىئوس مارىما ۋە ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ بىر توپ ئەگەشكۈچىلىرى رەئىس سەھنىسى ئۈستىدىكى تۈۋرۈكلۈك

كارىدورنىڭ بىر پىتىنغۇ ئۆيىنى ئىگىلىۋېلىپ، پۈتكۈل مۇراسىم جەريانىدا پۇرسەت تاپسىلا بىرياقتىن ناخشا ئېيتىپ، بىرياقتىن ئافرىقىنىڭ تەپمە ئۇسسۇلىنى ئوينىدى. مارىما زۇمادىن نارازى ئىدى. زۇما بەكلا يۇمشاق ئىدى. ئۇ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى سىياسىتىنىڭ رىتىمى ۋە يۆنىلىشى ئۈستىدە دائىم ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى باشقا رەھبەرلەر بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالاتتى. مارىمانىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى ھۆكۈمەتنىڭ قارا تەنلىكلەرنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ئىقتىسادىي سىياسەتكە، شۇنداقلا كانچىلىقنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتۈشكە تېخىمۇ ئارىلىشىشى ۋە تېخىمۇ مايىل بولۇشى ئىدى. ماندېلا يېڭىدىن تۈرمىدىن چىققاندا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى سىياسەتلىرىنى بەكمۇ قوللايتتى. بىراق، چوڭ كارخانىلارنىڭ ۋە خەلقئارا كاپىتالنىڭ نەسىھەتى ئاستىدا ئۇ تەدرىجىي ئىلگىرىلەش ۋە ئەركىنىزم ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كونسېرى خەلقئارالىشىۋاتقان دۇنيا ئىقتىسادىغا قوشۇلۇپ كىرىشىنى كاپالەتلەندۈردى.

تابو مىبېكى ئۈچۈن ماندېلادىن كېيىن پىرېزىدېنت بولۇش ھەقىقەتەن بىر تۈرلۈك جەڭ ئېلان قىلىش ئىدى. ئۇنى بىر ئاز غەزەپلەندۈرىدىغىنى، ھەرقانداق بىر سورۇندا ناۋادا ماندېلالا پەيدا بولۇپلا قالسا، ئاممىنىڭ بۇ سابىق پىرېزىدېنتقا بولغان قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئۆزى ئۈچۈن قىلىنغان ئالقىش سادالىرىدىن كۆپ تەنتەنىلىك بولۇشى ئىدى. 2003 ـ يىلى كېيپتاۋنغا قوشنا بولغان ستارىنبوستا ئۆتكۈزۈلگەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىدىغان يىغىنىدا مىبېكىنىڭ ئۇزۇن ھەجىملىك دوكلاتى باشلىنىپ يېرىم سائەت بولغاندا، يىغىن رىياسەتچىسى بىر قەغەزچە تاپشۇرۇۋالدى. قەغەزچىدە ئۆزلىرى ئىزچىل ساقلاۋاتقان ماندېلانىڭ شەرقىي كېيپتاۋندىن ئايروپىلان بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەردىكى مۇلازىمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىنى چارلاپ، ئۇنى كېيىنكى چۇشۇش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكى يېزىلغاندى. رىياسەتچى بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا پەقەت بىرلا خىل تاللاش بارلىقىنى، ئۇ بولسىمۇ مىبىكىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ، ماندېلانى يىغىن مەيدانىغا تەكلىپ قىلىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. يىغىن توختىتىلدى. پۇتكول مەيدانىنى قىزغىن ئالقىش سادالىرى ۋە ناخشا ساداسى قاپلىدى. مىبىكى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىغىنىچە ئامالسىزلىقتىن ئولتۇردى. ئاخىردا كىشىلەر توپى تىنچىغاندىلا بەش يىللىق دوكلاتىنى داۋاملاشتۇردى.

ئىككى رەھبەرنىڭ ياخشى ئۆتتۈۋاتقىنىغا ئۇزاق بولغانىدى. 1999 ـ يىلى ماندېلا پېنسىيەگە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ماندېلا ئۇچۇن ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ تىپتىكى كېچىلىكتە مىبىكى 45 مىنۇت كېچىكىپ قالدى. شۇ چاغدا ماندېلا سۆز قىلىۋاتاتتى. ئۇ كۆپچىلىككە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىردا ئالفېرد شۇما ئىسىملىك بىر رەئىسىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى، ئۇ ئۆزىنى دائىم «قارا تەنلىكلەرنىڭ باش ۋەزىرى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا ھەرقانداق يىغىندا كېچىكىش كېرەكلىكىنى، شۇنداق قىلغاندىلا بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇنى كۆرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى تىلغا ئالدى. مىبىكى ئەمدىلىكتە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا تورۇسقا قاراپ، كۆڭلىدە «يەنە باشلاندى» دەپ ئويلىدى. ماندېلا ئۆزىنىڭ ئاممىۋى نۇتۇقلىرىنىڭ BBC تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن خاتىرىلىۋېلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ماندېلا شۇ سۆزىدىن كېيىن مىبىكى تەرەپكە قاراپ: «مەن بۇ يەردىكى بۇ پىرېزىدېنتنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئاشۇ رەئىسىنى دوراۋاتامدىكىن دەپ ئويلايمەن» دېدى.

ناۋادا 1999 ـ يىلى ماندېلانىڭ مىبىكىغا ھوقۇق ئۆتكۈزۈپ

بېرىشنى ئوڭۇشلۇق بولدى دەپ ئېيتىشقا توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا مېبېكىنىڭ زۇماغا ھوقۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ھېچقانداق كەم - كوتىسىز دەپ ئېيتىشقا بولاتتى. بىرەيلەن مېبېكىنى زۇماغا قەست قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، سىياسىي سەھنىدىن چۈشۈشنى رەت قىلغان، دەپ ئەيىبلىدى. بۇ خىل غەزەپ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى قارىمۇقارشى ئىككى قۇتۇپقا ئايرىۋەتتى. پۈتۈن بىر جەمئىيەت تىنىچسىز كەيپىياتقا تولدى. ماندېلا ۋەكىللىك قىلغان ۋە كۈرەش قىلىۋاتقان يۈكسەك پەزىلەت پارتىيەسى ئىچىدىكى بىر - بىرىگە ۋەھشىيلىك بىلەن ئۇرا كولاش ۋە رەھىمسىزلىك سەۋەبلىك بارا - بارا چېكىنىپ كەتتى. گەرچە ماندېلا زۇمادىن بەك ئەنسىرەپ كەتمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئاقىللار ئۆمىكى ماندېلانىڭ تېنىنىڭ بارا - بارا ئاجىزلىشىشىغا ۋە قىسقا مەزگىللىك خاتىرىسىنىڭ بارا - بارا چېكىنىشىگە ئەگىشىپ، ماندېلا 2009 - يىلى مېبېكى بىلەن زۇما ئارىسىدىكى سايلام جېڭىدىكى سىياسىي پۈتبولغا ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ قارىدى. ماندېلا ئۆزىنى بەك تۇتۇۋېلىپ، زۇما پېتىپ قالغان ئالدامچىلىق ۋە باسقۇنچىلىق ئەيىبلەشلىرىگە بىۋاسىتە ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئالدامچىلىق ئەيىبلەشنامىسى 2009 - يىلى 4 - ئايدا قايتۇرۇۋېلىندى. باسقۇنچىلىق ئەيىبلىشىنىڭ تۆھمەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. گەرچە بۇ ئىشلار ئۇنى بەكلا غەزەپلەندۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ مەسىلىلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىگە قالايمىقانچىلىق تېرىپ بېرىشنى خالىمىدى.

2008 - يىلى 8 - ئايدا، مېبېكى بىلەن زۇمانىڭ ھوقۇق كۈرىشى ئەڭ ئەۋجگە چىققان پەيتتە، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ماندېلانىڭ 90 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىشىگە ئازلا ۋاقىت قالغانىدى. ئافرىقىلىقلار بۇ قېتىملىق تەبرىكلەش ئارقىلىق دەزنى ئېتىپ، پارتىيە ئىچىدىكى تىنچلىققا قايتىشنى ئويلىغانىدى. زۇما ماندېلانى شەخسىيەتسىز رەھبەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، شۇنداقلا پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ چوقۇنۇلغۇچىسى دەپ تەرىپلىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ھەر ساھەدىكى دوستلىرىمۇ بۇ قىتىملىق تەبرىكلەش پائالىيىتىگە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، بۇ چاغدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تارىختىكى ھەرقانداق پەيتكە ئوخشاشلا، ئىنتىزامچان ۋە تەربىيە كۆرگەن ساپالىق بىر رەھبەرگە موھتاجلىقىنى كۆرسەتتى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، مىبېكى ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئەمدىلا بىر ئاي بولغاندا، ماندېلا ئۆز نەۋرىسى، شۇنداقلا ماندېلا گۇرۇھىنىڭ رەئىسى مانىلا ماندېلانىڭ ھەمراھلىقىدا بىر سىياسىي يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن يوھاننىسبۇرگتىن كېيپتاۋنغا ئايروپىلان ئارقىلىق يېتىپ باردى. بۇ يىغىنغا زۇمامۇ قاتناشقانىدى. نېلسون ماندېلا فوندى بىرنەچچە سائەت ئىلگىرىلا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقانىدى. بۇ ئىجتىمائىي تەرتىپ پرىنسىپىغا خىلاپ ئىدى. شۇنداقلا ھاۋا كىلىماتى ئۈچۈشقا ماس كەلمەيتتى. ئايروپىلان ئۈچ قېتىملىق تىرىشچانلىقتىن كېيىنلا ئاران دېگەندە يەرگە قونالىدى. ماندېلا فوند جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى جېكىس گېۋېر، فوند جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ماندېلانىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇلار كېلەر يىلى 4 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سايلامدا زۇمانىڭ ئورنىنى ۋە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ماندېلانىڭ سالامەتلىكى تەھدىتكە ئۇچرىدى، دەپ قارىدى. گېۋېر «يەكشەنبىلىك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «بىز ئۇنىڭ بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىدىغانلىقىدىن ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇت قالغاندا خەۋەر تاپتۇق. بىز باشقا نۇرغۇنلىغان كىشىلەرگە ئوخشاش بەكلا ھەيرانلىقتا چۈمدۈق» دېدى.

ماندېلانىڭ تۇرمىدىكى بۇرادەرلىرى ۋە ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدىكى سەپداشلىرىنىڭ

كۆپىنچىسى ئۆلگەندى. ماندېلا ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە تەلەيلىكلەرنىڭ بىرسى ھېسابلىناتتى. ئۇلۇغۋېر تامبو، جوئى سىلوۋ قاتارلىقلار 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاپات بولدى. 2003 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ماندېلانىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، يېتەكچىسى ۋە سىياسىي مەشقاۋۇلى ۋولتېر سىسۇلۇ 91 يېشىدا ۋاپات بولدى. سىسۇلۇنىڭ ۋاپات بولۇشى ماندېلاغا ئۇنىڭ باشقا بارلىق سەپداشلىرىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىنمۇ ئېغىر زەربە بولدى. شۇنداقلا بۇ ھال ئۇنىڭغا ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. ماندېلا سىسۇلۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئەگىشىپ، ئۆز جېنىنىڭمۇ يېرىمى ۋاپات بولغانلىقىنى ئېيتتى.

گەرچە سىسۇلۇ كېسەل سەۋەبلىك ئۇزاق مۇددەت يېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دۇنيادىن كېتىشى تاسادىپىيلىق ھېسابلانمايتتى. ماندېلا مۇشۇ سەۋەبلىك ئۆز ھاياتى توغرۇلۇق ئويغا چۆكتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەن ۋولتېر تەرىپىدىن ئالدانغاندەك ھېس قىلىمەن. ئەگەر ئۆلۈمدىن كېيىن باشقا بىر دۇنيا بولسا، مەن شۇ يەرگە ئاۋۋال بېرىپ تۇرۇشنى خالايمەن. بۇنداق بولغاندا مەن ئۇنى قارشى ئالالايمەن.» ماندېلا ماڭا باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشتا سىسۇلۇغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، دېدى. «مەن ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى، باشقىلارنى سەھنىگە ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۆزى پەردە ئارقىسىدىكى قەھرىمان بولۇشنى ئۆگەندىم. خەتەرلىك پەيتلەر يەنە باش كۆتۈرۈپ چىقتى. خەتەرگە ئەڭ ئالدىنقى سەپتە تاقابىل تۇرۇش كېرەك.»

71 يېشىدىن 81 يېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىنى ئازاد قىلىش ۋە جەنۇبىي ئافرىقىنى يېتەكلەپ دېموكراتىك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشتەك يادرولۇق نىشانىغا يەتتى. كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ياشتىكى كىشىلەر كۈنلىرىنى كۈتۈنۈش ۋە ئۆتكەن ھاياتىنى ئەسلەش بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماندېلانىڭ سالامەتلىكى چوڭ كۆلەملىك تەھدىتكە دۇچ كەلدى. 1985 ـ يىللىق تەكشۈرۈشتە ئۇنىڭ مەزى بېزى راكىغا گىرىپتار بولغانلىقى گۇمان قىلىنغانىدى. 1988 ـ يىلى ئېغىر ئۆپكە تۇبېركۇلىيۇزغا گىرىپتار بولدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنى تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئەنسىرىدى. 2001 ـ يىلى، ئۇنىڭ مەزى بېزى راكىغا گىرىپتار بولغانلىقىغا دىياگنوز قويۇلدى. شۇنداقتىمۇ خىمىيەلىك داۋالاش نەتىجىسى ياخشى بولغانلىقتىن كېسەلى ساقايدى. بىراق، 2004 ـ يىلى ئۇ بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى. چاچلىرى ئاقاردى، ماڭغاندا ھاسىغا تاياندى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى پىرىزىدېنتلىقتىن ئايرىلغان چاغدىكىدىن ناچارلىشىپ كەتتى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا ماندېلا ئۆزىنىڭ «راستلا پېنسىيەگە چىقىشى كېرەكلىكى» نى جاكارلىدى. بىراق، ئۇ پۈتۈنلەي پېنسىيەگە چىقىشنى ئويلاشمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ «ماڭا ئۇتتۇرۇۋەتمە، مەن ساڭا ئۇتتۇرۇۋېتەي» دەيتتى.

گەرچە ماندېلا كۈنسېرى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ باشتىن ـ ئاياغ ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، يەنىلا ئاشۇنداق يۇمۇرىستىك ۋە چىقىشقاقلىقىنى ساقلاپ كەلدى. 2005 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ماندېلا رىسبون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، تارىخشۇناس دىم كارسىنىسنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. زىيارەتتە كارسىنىس: «سىز سۈرلۈك مۇھىتتا چوڭ بولۇپ، تۈرمىدە 30 يىلغا يېقىن يېتىپمۇ يۇمۇرىستىك خاراكتېرىڭىزنى قانداق ساقلىدىڭىز؟» دەپ سورىدى. ماندېلا جاۋابەن: «كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشتىكى ئازابلىق ئەسلىمىلىرىنى ئۇنتۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئۆتمۈشنى ئۇنتۇشتا ياردەملەشكەن بىرەيلەننى تاپالىغان تەقدىردىمۇ، پەقەت ئۆتمۈش توغرۇلۇقلا مۇڭدىشىشمۇ ياخشى ئىش. شۇڭلاشقا، بىز سەھرا خەلقىدىن يۇمۇر سۆزلەش ئارقىلىق

كىشىنى خۇشال قىلىپ، ئازابلىق ئۆتمۈشنى ئۇنتۇغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋالدۇق، بۇ بەك مۇھىم» دېدى.

ماندېلانىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ يېنىدا تۇرغان كىشىگە تامامەن ئارامبەخش ۋە ئەركىن تۇيغۇ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى كۆپلىگەن مەشھۇر كىشىلەر ۋە خان جەمەتى ئەزالىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن. مەسىلەن، ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابېت Ⅱ، ئىكۋاتور خانىشى دىئانىنا قاتارلىقلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. ماندېلا خانىش دىئانانىڭ مىنادا يارىلانغانلارغا قىلغان خەير ـ ئېھسانىغا قالتىس يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ ئايال پادىشاھ بىلەن ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتىشىدۇ. بۇ ھالنى قىلچىلىكمۇ يوشۇرمايدۇ. ئۇ پەقەت يەڭ ئىچىدىلا ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئاتىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بىراق، بىرنەچچە قېتىم دوستلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەندە، دوستلىرى تاماق ئۈستىلىدە ئۇنىڭ تېلېفوننى ئېلىپ «ھەي، ئېلىزابېت» دېگىنىدىن بەكلا ھەيران قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ماندېلا ئېلىزابېتتىن «بالىلار قانداقراق؟» دەپ سورايدۇ. بۇ يەردىكى «بالىلار» ئەنگلىيە شاھزادىسى ۋېلىيام ۋە ھاررىنى كۆرسىتىدۇ.

گەرچە ماندېلا پېنسىيەگە «ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشنى» ئاشكارا جاكارلىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا 2004 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ 2010 ـ يىللىق خەلقئارالىق پۇتبول بىرلەشمىسى (FIFA) دۇنيا لوڭقىسىنى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىنى ئېلىش خىزمىتىگە قىزغىنلىق بىلەن ئىشتىراك قىلدى. ماندېلا تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنىڭ غەلىبە پەيتىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنىڭ قارا تەنلىكلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتنى تەڭشەيدىغان، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بىرلىشىشىنى تېزلىتىدىغان مۇھىم ھالقا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ماندېلا مۇنداق دەيدۇ: «جەنۇبىي

ئافرىقىدا ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىغا ئون يىل بولغان پەيتتە، دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش هوقۇقى بىزگە تاپشۇرۇلسا، مېنىڭچە بۇنىڭدىنمۇ ياخشى سوۋغا يوق دەپ ئويلايمەن.» 1976 ـ يىلى، خەلقئارالىق پۇتبول بىرلەشمىسى ئەينى چاغدىكى سوۋېتو ئىرقىي ئايرىمىچى هۆكۈمىتىنىڭ سوۋېتو ئوقۇغۇچىلار قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغانلىقى سەۋەبلىك، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ نامزاتلىق هوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى. خەلقئارالىق پۇتبول بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى يوسېپ بىرات مۇنداق دەپ قارىدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ماندېلانىڭ شۆھرىتى ۋە قىزغىن ئىشتىراك قىلىشى جەنۇبىي ئافرىقىغا 2010 ـ يىللىق دۇنيا پۇتبول لوڭقىسىنى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ ساھىبخانى بولۇش هوقۇقىنى ئاتا قىلدى.» بىرات ماندېلاغا مۇنداق دېدى: «سىز 2010 ـ يىللىق دۇنيا پۇتبول لوڭقىسىنى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى. سىزنىڭ پەيدا بولۇشىڭىز ۋە تىرىشچانلىقىڭىز بۇ ئىشلارنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلدى.»

2007 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ماندېلا 89 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىدە كارخانىچى رىچارد برانلىن ۋە مۇزىكانت پېتىر گېۋېرىنىڭ تەكلىپى بىلەن، سابىق دۇنيا رەھبەرلىرىنى تەشكىل قىلغان مۇستەقىل كوللېكتىپ «دۆلەت ئەربابلىرى گۇرۇھى» نى قۇردى. دۆلەت ئەربابلىرى گۇرۇھى «12 نەپەر ئەقىلدار مويسىپىت» تىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇلار ئۆز ئالاھىدىلىكىنى بېغىشلاش ئارقىلىق يېتەكلەش خاراكتېرلىك مەسلىھەتلەرنى بېرىپ، دۇنياۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا، دۇنيانىڭ تىنچلىققا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە ئۆزىنى ئاتىغان. دېسموند تۇتۇ، ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى جىمى كات، ئىرېلاندىيە پرېزىدېنتى مارىي روبىنسون ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سابىق باش كاتىپى كوبى ئانان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئەربابلىرى گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرى

ھېسابلىنىدۇ. ماندېلا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ كۈچىمىز ھەرگىزمۇ ھەربىي ئىشلاردىن، سىياسىيدىن ياكى ئىقتىسادتىن كەلمەيدۇ، بەلكى بىز ۋەكىللىك قىلغان مۇستەقىل ۋە ھەققانىي ئېنېرگىيەدىن كېلىدۇ.» 12 ئەزانىڭ ھەممىسى ماندېلا ۋە گراسا ماچېل بىلەن بىرلىكتە 2007 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يوھاننېسبۇرگتا ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەت ئەربابلىرى گۇرۇھىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. بىرمىلىق ئەركىنلىك جەڭچىسى ئانسانسۇكىي 2010 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۈرمىدىن چىقىپ، كېيىن ماندېلا بىلەن بىرلىكتە دۆلەت ئەربابلىرى گۇرۇھىنىڭ پەخرىي مەسلىھەتچىسى بولدى. دۆلەت ئەربابلىرى گۇرۇھى قۇرۇلغاندىن بۇيان كۆپلىگەن خەلقئارالىق چوڭ مەسىلىلەر مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى، شۇنداقلا ۋەكىللەر ئۆمىكىنى زىمبابۋې، سىپرۇس، سۇدان، پىل چىشى قىرغىقى، پەلەستىن، بىرما قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا ئەۋەتىپ مۇئەييەن ئۈنۈم ياراتتى.

ماندېلانىڭ تەن سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ تۈرمىدىن چىققانلىقىغا 20 يىل بولۇش ئالدىدا ئۇنىڭ ھاياتىنى، ئىدىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن پائالىيەتلەر، سەنئەت ئەسەرلىرى، كىتابلار ۋە كىنولار زور كۆلەمدە مەيدانغا چىقىپ تۇردى. 2009 ـ يىلى ھوللىۋود «ئىش بېشى بىلەن» ناملىق كىنو ئىشلەپ، ماندېلانىڭ 1995 ـ يىللىق زەيتۇن توپ دۇنيا لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسىدە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن چىقارغان پەۋقۇلئاددە تۆھپىسىنى تەسۋىرلىدى. فىلىمدا مورگان فۇرمان ماندېلانىڭ رولىنى ئالدى. مارت دامېند ماندېلانىڭ قوللىشى نەتىجىسىدە ھاياتى ئۆزگەرگەن بۆكەن كوماندىسىنىڭ باشلىقى فىرانسوۋا پىنئانانىڭ رولىنى ئالدى. 2009 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مەجلىسى ماندېلانىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغان 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىنى «خەلقئارالىق نېلسون ماندېلا كۈنى» قىلىپ بېكىتىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بۇ سابىق پىرېزىدېنتىنىڭ تىنچلىق ۋە ئەركىنلىك ئىشلىرى ئۈچۈن چىقارغان تۆھپىسىنى تەقدىرلىدى.

گەرچە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىرقىي ئايرىمچىلىق تۈزۈمى ئاللىبۇرۇن ئاخىرلاشقان، جەنۇبىي ئافرىقا ئاللىقاچان دېموكراتىك دۆلەتلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئامېرىكا قانۇنى يەنىلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ چېگرادىن كىرىشىنى چەكلەپ كەلدى. 2009 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئوباما ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بولۇشتىن ئىلگىرى، ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بويىچە بۇ قانۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ قانۇن رىگان دەۋرىدە باشلانغان بولۇپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تېررورلۇق تەشكىلاتى دەپ ھېسابلانغان، ئۇنى تېررورىزم، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ياكى ساتقۇنلۇق جىنايەت گۇماندارلىرى قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئىبارەت قارشى ئېلىنمايدىغان زىيارەتچىلەرنى دۆلەت چېگراسىدىن كىرگۈزۈش چەكلەنگەنىدى. ئەگەر بۇنداق كىشىلەر ئامېرىكا چېگراسىغا كىرسىلا كۆچمەنلەر ئىدارىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلاتتى ياكى سوتلىناتتى. ئەمما، ئۇلار ئۆزى تەۋە بولغان دۆلەتتىن ۋاز كېچىشنى ئىلتىماس قىلسا بۇنداق بولمايتتى. بۇ قانۇنغا ئاساسەن، ماندېلا ۋە ئۇنىڭ كۆپلىگەن يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتداشلىرى بۇ تىزىملىكتە بار ئىدى. 2008 ـ يىلى 4 ـ ئايغا كەلگەندىلا، بورمان قانۇن لايىھەسى ماندېلا ۋە ئۇنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدىكى خىزمەتداشلىرىنى بۇ تىزىملىكتىن چىقاردى. بۇ چاغقا قەدەر، ماندېلا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قارا تەنلىك ئەمەلدارى بولۇپ 14 يىلدىن كېيىن، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئاخىر ۋاشىنگتوننىڭ ئىسپات بېرىشى بىلەن «ياخشى نىيەتلىك كىشى» بولالىدى.

ماندېلانىڭ تۈرمىدىن چىققانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى

خاتىرىلەش پائالىيىتىنىڭ يوپۇق ئېچىش پەيتىدە، ئاشكارا مەيدانلاردا كۆپ كۆرۈنمەي يۈرگەن مانديلا يەنە بىر قېتىم جامائەتنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقا پارلامېنتى يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، قەھرىمانلارچە قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشتى. 20 يىل ئىلگىرى مانديلا كېيپتاۋنغا يېقىن جايدىكى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەنىدى. قايتىدىن ئەركىنلىككە ئېرىشكەن مانديلا جەنۇبىي ئافرىقا پارلامېنتىغا ياردەملىشىپ ئۆزگىرىشنى تاماملىدى. 2010 ـ يىلى پارلامېنت يىغىنىنىڭ باش تېمىسى «مانديلانىڭ دۆلەتنى قۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تۆھپىسىنى خاتىرىلەش» ئىدى. بىراق، بۇ چاغدىكى رېئاللىق ۋە 1994 ـ يىلى دېموكراتىك پارلامېنت تۇنجى قېتىم باشلىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندىكى ئۈمىدكە ۋە تەشنالىققا تولغان ھالەت بىلەن ئوخشىمايتتى: ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېغىر ئىختىلاپ كۆرۈلۈپ، پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدىكى قارا تەنلىكلەر جەمئىيەتلىرى تۈشمۇتۈشتىن قارشىلىق كۆرسەتتى، ئىشسىزلىق نىسبىتى ئېشىپ كەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئىرقىي ئايرىمىچى تۈزۈمى ئاخىرلىشىپ، مىليونلىغان جەنۇبىي ئافرىقا خەلقى ئۈچۈن پاكىز ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلەنگەندە، توك ۋە تۈرلۈك ئۆي مەسىلىلىرىدە نەتىجە ھاسىل قىلىنغاندا يۈز بەردى.

20 يىللىقنى خاتىرىلەش مۇراسىمى سەۋەبلىك، جەنۇبىي ئافرىقىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ھالدا مانديلانىڭ تارىخىي نەتىجىلىرىگە ئېتىبار بېرىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ مانديلانىڭ جامائەتچىلىككە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈنۈشى دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن، جەنۇبىي ئافرىقا خەلقى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مانديلاغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى. پىرېزىدېنت زۇما دۆلەت ئەھۋالى نۇتقىدا مۇنداق دېدى: «مانديلا ئۈچۈن

ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش غايىمىزگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشايلى. ئۇ بولسىمۇ دېموكراتىك، ئەركىن جەمئىيەتتە بارلىق كىشىلەرنىڭ ئىناق ياشىشى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىنىڭ باراۋەر ھوقۇققا ئېرىشىشىدۇر.» ماندېلا بۇ سۆزىدىن كېيىن 1964 ـ يىلى رىۋونىيە سوتىدا سۆزلىگەن داڭلىق نۇتقىدىن نەقىل ئالدى. ماندېلا شۇ چاغدا: «مەن بۇ غايەم ئۈچۈن ھاياتىمنى تەقدىم قىلىشقا ھەرقاچان تەييار» دېگەنىدى.

ماندېلا ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، مىبېكى ھۆكۈمىتى ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن ماندېلا چىڭ تۇرغان دېموكراتىيەگە ئۆتۈش جەريانىدىكى يول كۆرسىتىش پرىنسىپى — بىرلىشىش ۋە كەڭ قورساقلىق قىلىشتەك يادرولۇق قىممەت قارىشى بارا ـ بارا ئاساسىي ئېقىمنىڭ سۆزلىرىدە ئۇچرىماس بولدى. ئۇنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا بولغان ئىرقىي مۇقام ئىگىلەپ، ئەمدىكى جىددىي ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ۋەزىپە ئاق تەنلىك دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ئورنىغا قارا تەنلىكلەرنى سەپلەش بولدى. كىشىلەرنىڭ بايلىق ۋە نوپۇزغا بولغان ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، ماندېلانىڭ رىۋونىيە سوتىدىكى ئۆگۈتلىرى بارا ـ بارا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، تېررىف مانيۇنىڭ بىر قېتىملىق تاسادىپىي ھەرىكىتى ماندېلانىڭ رىۋونىيە سوتىدىكى تەشەببۇسى بىلەن كۆتۈلمىگەندە بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ قالدى. مانيۇ ماندېلا ھۆكۈمىتىدە ۋە مىبېكى ھۆكۈمىتىدە مالىيە مىنىستىرلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنىدى. ئۇنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ماكرو ئىقتىسادىنى كونترول قىلىش ۋە ئۇنى دۇنيا ئىقتىسادى بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىكى تۆھپىسى خەلقئارادا ماختاشقا سازاۋەر بولغانىدى. ماندېلا ھوقۇق تۇتقان دەسلەپكى چاغلاردا، كۆپ مىللەتلىك ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ياش بىر ئەۋلاد رەھبىرى ھېسابلانغان مانيۇنى كەلگۈسى ئىزباسارى قىلىش ئۈچۈن

مەقسەتلىك تاللاپ چىققانىدى. مانىۋ ئىچكى كابىنېتىنىڭ بەش نەپەر مىنىستىرى ئارىسىدا مىبېكى دەۋرىدىن زۇما دەۋرىگىچە هوقۇق تۇتقان بىردىنبىر كىشى ئىدى. 2011 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، مانىۋ بىر نەپەر قارا تەنلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار جىممىي مانىينى قاتتىق تەنقىدلىدى. مانىينى زۇما ۋەزىپىگە قويغان بولۇپ، ئۇ هۆكۈمەتنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىگە مەسئۇل ئىدى، شۇنداقلا ئىچكى كابىنېتنىڭ ئاساسلىق باياناتچىسى ئىدى. مانىي قارا تەنلىكپەرەس سىياسەتنىڭ كۈچلۈك تەشۋىقاتچىسى ئىدى، هەر خىل ئىرقلىق كىشىلەرنى ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىلارنى كەڭ مەنىگە ئىگە هالدا «قارا تەنلىك» دەپ ئاتاشقا قوشۇلمايتتى. بىرنەچچە ئاي ئىلگىرىكى بىر قېتىملىق زىيارەتتە، مانىي شەرقىي كېيپتاۋن ئۆلكىسىدىكى «رەڭلىك ئىرقلارغا بولغان پاراۋانلىق چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكى»نى تىلغا ئالدى. بۇ سۆز مانىيۇغا ئاساس بولۇپ بەردى. غەربىي كېيپتاۋن ئۆلكىسى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى توققۇز ئۆلكىنىڭ ئىچىدىكى ئۆكتىچى دېموكراتىك پارتىيە سىياسەت يۈرگۈزىدىغان بىردىنبىر رايون ئىدى، ئۇ يەردىكى رەڭلىك ئىرقتىكىلەرنىڭ سايلام بېلىتى قارا تەنلىكلەرنىڭكىدىن بەكلا ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قاتتىق سۆكۈشكە ئۇچرىغانىدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى رەهبەرلىك قاتلىمىنىڭ پىكرى ئېلىنمىغان ئەهۋال ئاستىدا مانىي ماندېلانى ئىرقچى دەپ تەنقىدلەپ، ئۇنى ئاق تەنلىك ئىرق تەشەببۇسچىسى هوندېرىك ۋېۋۇر بىلەن بىر تاياقتا هەيدىدى. مانىۋ مانىيدىن ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قانچىلىك تۆهپە قوشقانلىقىنى سورىدى. ئاندىن ماندېلانىڭ رېۋونىيە سوتىدىكى مەشهۇر سۆزىنى نەقىل قىلدى. مانىۋ مادندېلانىڭ شۇ سۆزىدە قارا تەنلىك مۇستەبىتلەرگە قارشى تۇرۇشنى ئېيتقانلىقى، ئۇنىڭ دەۋاتقىنىنىڭ مانىيدەك كىشىلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مانىۋ دەسلەپدە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېتىم قالدۇرۇلدى. رەھبەرلىك قاتلىمىمۇ ئۆزلىرىنى بۇ ئىشتىن يىراق تۇتتى. كېيىن ئىنتايىن غەيرەتلىك باشلىقتىن بىرسى مانىۋۇنى تەنقىدلىدى، مانىۋ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مانىۋۇغا بولغان ھېسداشلىق سادالىرى كۆتۈرۈلدى. مانىۋ ۋەقەسى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. بۇ ۋەقە بۇ دۆلەتنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىپ بەردى: ئەگەر ئىرقىي ئايرىمىچىلىق يىللىرىدا ئىرق بارلىق نەرسىلەرنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇ ئىدىيەنىڭ سارقىندىلىرىنىڭ يېقىندىن بېرى يەنە قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. ئۇنداقتا، شۇنىڭدىن بېرى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كېلەچەكتىكى سىياسىي ئەندىشىسى قايتا تۇزۇلۇۋاتاتتى. بۇ پۈتۈنلەي يېپيېڭى ئەندىزىدە ماندېلا تەشەببۇس قىلغان يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ كۈچى بىخ سۈرمەكتە ئىدى، بۇ جەمئىيەت بۇ خىل قىممەت قارىشىنىڭ بەرپا قىلىنىش قورشاۋىدا تۇرماقتا ئىدى. 2001 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى شەھەر باشلىقى سايلىمىدا، ماندېلا يوھاننىسبۇرگتىكى ئۆيىدىن ئالايىتەن بىر بېلەت تاشلىدى. بۇ ھال جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ شۇ يۈنىلىشكە قاراپ بىر قەدەم تاشلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ھاكىمىيەت بېرىشىدىكى پارتىيە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ 60 پىرسەنت بېلەتكە ئېرىشىشكە قارىماي، ئۇنىڭ سايلامدىكى نومۇرغا ئېرىشىش سىغىمچانلىقى تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب، كىچىك پارتىيەلەر ئوتتۇرىغا چىققاندىن سىرت، دېموكراتىك بىرلەشمىدىكى خېللىن چىللىنى قوللاش نىسبىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك يۇقىرىلىشىمۇ مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى ئىدى. چىللى غەربىي كېيتاۋىن ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە باشلىقى بولۇپ، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ غەربىي كېيپتاۋىندىكى بىردىنبىر سىياسىي رەھبىرى ئىدى.

ماندېلاغا ئىزچىل ھالدا شۇنىسى ناھايىتى ئېنىق ئىدىكى، 1994 ـ يىلى ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىغا ئېلىپ كەلگەن چوڭ ئۆزگىرىشنى جەنۇبىي ئافرىقا تارىخىدىكى بۈيۈك بۇرۇلۇش دەپ ئېيتىشقا بولاتتى. بىراق، ئۆتمۈشتىن قالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇزاق مۇددەتلىك قۇرۇلۇش ئىدى. ماندېلا كېيىنكىلەر ئۈچۈن زادى نېمىلەرنى قالدۇردى؟ سىياسىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ناھايىتى ئوبيېكتىپ، يەنى ئۇنىڭ قالدۇرغىنى ئېنىق پىرىنسىپى بولۇش، ئۆز ئەقىدىسىگە سادىق بولۇش، روشەن ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى بولۇش، نىشانغا يېتىش ئۈچۈن يارىشىشنى ۋە كەڭ قورساقلىقنى خالاش ئارزۇسى بولۇش، كەڭ قورساقلىق، مەسئۇلىيەت ۋە سۆز ئەركىنلىكى قاتارلىقلار دېموكراتىيەنىڭ ئاساسىي مۇستەھكەم ئەقىدىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

2010 ـ يىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى جامائەت پىكرىنىڭ كۈچلۈك تەنقىدى ئاستىدا، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى دۆلەت كونتروللۇقىدىكى مېدىيا ۋاستىلىرى سوت مەھكىمىسى قۇرۇش، مېدىيا ۋاستىلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان تەنقىدى گەپ ـ سۆزلىرىنى نازارەت قىلىش قاتارلىق پىلانلىرىنى قويۇپ تۇردى. شۇ يىلى ئاڭلىماقچا ئومۇمغا زىيىنى يوق ھېسابلىنىدىغان «ئۇچۇر قانۇنى لايىھەسى»مۇ ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مېدىيا ۋاستىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن قايتا ئۆزگەرتىلىشكە، پارلامېنتنىڭ تەستىقلىشىغا قايتا سۇنۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. ناھايىتى ئېنىقكى، ناۋادا ماندېلا يەنىلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ رەھبىرى بولغان بولسا، جەزمەن بۇنداق قىلمايتتى. ماندېلا 2002 ـ يىلى مېنىڭ زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: «مېدىيا ۋاستىلىرى خەلقنىڭ ئۇل تېشى ۋە ئاساسىي قۇرۇلمىسى. بەزىدە مۇخبىرلار بىز ئاڭلاشنى ياقتۇرمايدىغان سۆزلەرنى قىلىشىدۇ. بىراق، مېنى جاراھەتلەندۈرىدىغىنى ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتنى ئويدۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىققانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مەن ۋە مېنىڭ دۆلىتىم توغرۇلۇق ئېيتقان بارلىق سۆزلىرىنىڭ راستلىقىدۇر.» ماندېلانىڭ سۆز ئەركىنلىكىنى قوللىشى ئۇنىڭ ئوخشاشلا مۇستەھكەم ھېسابلانغان يەنە بىر ئەقىدىسىدىن كەلگەن. ئۇ بولسىمۇ رەھبەر بولغۇچىنىڭ چوقۇم ئۆز تەشكىلىگە ۋە خەلققە مەسئۇل بولۇشىدۇر. ماندېلا ماڭا: «مەن مېنى تەنقىدلەشنى بىلىدىغان ئادەمگە موھتاج. بۇنداق بولغاندا بىز ئەڭ ئاخىرقى قارارىمىزنى چىقارغاندا، ھەرقايسى جەھەتتىن ئۆزىمىزگە دىققەت قىلىدىغان بولىمىز، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىمىز، ئاشۇ مۇتەئەسسىپ كىشىلەرنىڭ قوللىشىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. ئەگەر بىز مېدىيا ۋاستىلىرىنىڭ ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى چەكلىسەك، ئۇ ھالدا بىز دېموكراتىيەنى بوغۇپ قويغان ھېسابلىنىمىز.»

مېدىيا ۋاستىلىرىنىڭ ماندېلا ھەققىدىكى خەۋەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىجابىي ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ مەلۇم سۆزى تۈتۈۋېلىنىش ياكى ئۇنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنغان سىياسەت سەۋەبلىك ئاز بولمىغان ئەھۋال ئىگىلەش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانىدى. 2006 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ «يېڭى جۇمھۇرىيەت» ژۇرنىلى چوڭ ھەجىملىك دوكلات ئېلان قىلىپ، ماندېلانى ئالماس سانائىتى توغرىسىدىكى باھاسى مۇۋاپىق بولمىغان دەپ ئەيىبلەپ، ماندېلانى ئافرىقىدىكى ئىختىلاپىي رايونلاردىكى «قانلىق ئالماس» ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بەرگەن، دەپ قارىدى. ماندېلا «قانلىق ئالماس» ناملىق كىنونىڭ رېژىسسورى ئېدۋارد زىۋىكقا خەت يېزىپ، ئەگەر كۆپچىلىك بۇ كىنونى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئافرىقىدىن ئالماس سېتىۋالماسلىق دېگەن قاراشتا بولۇپ قالسا، بۇ بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ، دېدى. بۇ ژۇرنال ماندېلانىڭ بۇ سۆزلىرى «قانلىق ئالماس» نىڭ سەلبىي تەسىرىنى

چەكلەيدىغان بىر قاتار ھەرىكەتلەر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە، دەپ قارىدى. ماندېلانىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب ئۆلۈپ كەتكەن دوستى ھېنرى ئوبېنھامىنىڭ تار دائىرىدە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭلا مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىش تەسىرى سەۋەبلىك ئىدى.

2010 ـ يىلى ماندېلانىڭ باللار فوند جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى گىلىم بىنتكېرىق جىنايى ئىشلار دېلوسى سەۋەبلىك تەكشۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. تەكشۈرۈشتە بېنتكېرىق ئۆزىدە ئۈچ دانە ئالماس رودىسىنىڭ بارلىقىنى، بۇلارنى 13 يىل ئىلگىرى مىنمونام كانىبېرنىڭ بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. كېيىن جەنۇبىي ئافرىقا سوت مەھكىمىسىنىڭ بېنتكېرىقا قانۇنسىز ھالدا ئالماس رۇدىسىنى ئىگىلىۋالغان دەپ جىنايەت ئارتىشى بىكار قىلىنىپ، گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلدى. كانىبېر بۇ ئالماسلارنى 1997 ـ يىلى پىرېزىدېنت ماندېلانىڭ پرېتورىيەدىكى پىرېزىدېنت مەھكىمىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەير ـ ئېھسان زىياپىتىدە خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان لىۋىيە پىرېزىدېنتى چارس تاللېرنىڭ ئۆزىگە سوۋغا قىلغانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن مانبېرى گوللاندىيە ھەربىي ئىشلار سوتىغا چاقىرتىلىپ، پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكىپ تۇرغان چارس تاللېر سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۆزىنىڭ سېرراليئونىنى ئېلىپ ساتقاندا قىزىل ئالماسلارغا ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ماندېلانىڭ ھەرىكىتى، ماندېلانىڭ ئىسمىنى قوللىنىپ قۇرۇلۇۋاتقان فوند ۋە خەير ـ ساخاۋەت ئاپپاراتلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئادۋوكاتى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قۇتىرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ماندېلانىڭ ئابرۇيىنى كىرىزىسقا پاتۇرۇپ قويدى. تۇنجى قېتىملىق دەز 2005 ـ يىلى يۈز بەردى. بۇ يىلى ماندېلا ئۆزى تۇرمىدە ياتقان چاغدىكى ۋەكىللىك ئادۋوكات ئىسمىر ئايوبنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئايوب ماندېلانىڭ بارماق ئىزى بېسىلغان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىمزاسى قويۇلغان روبېن ئارىلى سۇ بوياق رەسىمىنى ئۆز ئالدىغا بېسىپ ساتقاندى. سوت مەھكىمىسى ئەيىبنامە ئېلان قىلىپ، بەزى رەسىملەرگە قويۇلغان ئىمزالار ئايوبنىڭ سودا شېرىكى تەرىپىدىن ئالىي دەرىجىلىك ئىمزا قويۇش ئەسۋابى ئارقىلىق قويۇلغان ئىمزا ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كىرگەن پۇلنىڭ مەلۇم بۆلىكىنىڭ خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى جاكارلىدى. قانۇنىي خەت ـ ئالاقىلەرنى ئالماشتۇرۇش ھالقىسىدا ئايوب ۋە ئۇنىڭ شېرىكى ئۆزلىرىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكىتىنى ۋە ماندېلانىڭ نەشر ھوقۇقىغا ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. ئايوب ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ئەسەرنى سېتىپ باقمىغانلىقىنى، شۇنداقلا ھېچقانداق بىرسى بىلەن ھەمكارلاشمىغانلىقىنى ئېيتتى، ھەمدە ئۆزىنى يامان غەرەزلىك سودىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى دەپ ئاتىدى. بۇ ئىش ئاخىردا سوت مەيدانى سىرتىدا ياراشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىندى.

بۇ ئىش يەنە ماندېلا فوندىنىڭ خاتىرە مەركىزىنىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بىر جەھەتتىن ئۇلار ماندېلا ماركىسىغا بولغان قوغداشنى كۈچەيتىشى ۋە بۇنىڭ بىردىنبىر كېسىم چىقارغۇچىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلار يەنە ماندېلا قالدۇرغان مىراسلارنىڭ باشقۇرغۇچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى ئىدى. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق ھەقىقىي خاسلىقىنى يارىتىش ئاسان ئەمەس ئىدى. پەقەت ئىقتىسادىي قىممەت ئۈچۈنلا ماندېلا ماركىسىنى قوللىنىۋېلىشىدىن ياكى باشقىلارنىڭ ماندېلانىڭ تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ مەلۇم رەھبەرلەرنىڭ ياكى ئاممىۋى شەخسلەرنىڭ شۆھرىتىنى ۋە ئاممىۋى ئىشەنچىنى كۈچەيتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن فوند جەمئىيىتى دائىم دېگۇدەك مەيدانغا چىقىپ ئارىلىشىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭغا

مۇناسىۋەتلىك بىر مىسال 2009 - يىلى ماندېلا فوند جەمئىيىتى ۋە كونگو پىرېزىدېنتى دون ساسسو ئېنگېسسو ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلدى. ساسسو ئېنگېسسو توغرۇلۇق يېزىلغان بىر كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە، ماندېلانىڭ بۇ پىرېزىدېنتقا يۇقىرى باھا بەرگەنلىكى تىلغا ئېلىنغانىدى. فوند جەمئىيىتى دەسلەپتە ماندېلانىڭ بۇ توغرۇلۇق بىرەر نەرسە يازغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. بىراق، كېيىن جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى پىرېزىدېنت ماندېلانىڭ 1996 - يىلىدىكى بىر قېتىملىق يىغىنىدا ساسسو ئېنگېسسونى «ئۇلۇغ ئافرىقىلىق رەھبەر» دېگەنلىكىنى، كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىگە نۇتۇقتىكى باھا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بىراق، فوند جەمئىيىتى بۇ نۇتۇقنىڭ ھېچقانداق ئارخىپى ساقلانمىغانلىقىدا چىڭ تۇردى.

ماندېلانىڭ تاقابىل تۇرمىقى ئەڭ قىيىن بولغىنى ئۇنىڭ ھەر خىل مىجەزلىك ئائىلە ئەزالىرى ئىدى. بۇ سەۋەبلىك ئۇ دائىم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتى. ماندېلانىڭ 2009 - يىللىق سايلام يىغىنىغا قاتنىشىش - قاتناشماسلىقى توغرۇلۇق گەرچە ماندېلا فوندى ئوچۇق ئىپادە بىلدۈرۈپ، سايلام ھارپىلىرىدا ئۆزىنى بەك ھەرىكەتچانلىشىپ كېتىشى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىغان بولسىمۇ، ماندېلانىڭ ئائىلە ئەزالىرى بۇ توغرۇلۇق ئۆز ئارا قاتتىق سوقۇشۇپ كەتتى. باشقا چاغلاردا، ماندېلانىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى ۋىننى بىلەن ئۇنىڭ تەرسا نەۋرىسى، قەبىلە باشلىقى مانلا ماندېلانىڭ نامىدا سۆز بايان قىلىشتا بىر - بىرى بىلەن بەسلىشەتتى. 2010 - يىلى يوھاننېسبۇرگتا ئۆتكۈزۈلىدىغان دۇنيا لوڭقىسىنى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسىگە ماندېلانىڭ بېرىش - بارماسلىقى توغرۇلۇق ماندېلا بىلەن ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى. ماندېلا ئاخىر مۇسابىقىگە قاتناشمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇ چاغدا ئۇنىڭ قىز نەۋرىسى زىنانى ۋاپات بولغانىدى. بىراق، ماندېلا يېپىلىش مۇراسىمىدا توكلۇق جەڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ مۇسابىقە

www.uyghurkitap.com

مەيداندا پەيدا بولۇپ، تاماشىبىنلارنى بەكلا ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. گراسا ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئۇنىڭ بىلىكىنى كۆتۈرۈپ كۆپچىلىككە ھۆرمەت بىلدۈردى. ھەممە ئىش 2008 - يىلىدىكى چاغلارغا قايتىپ قالغاندەك تۇراتتى. لوندون ھېيدېلبېرگ باغچىسى ماندېلانىڭ 90 ياشقا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن چوڭ كۆلەملىك مۇزىكا كېچىلىكىدىمۇ ئىش مۇشۇنداق بولغانىدى.

2011 - يىلى 2 - ئايدا، 92 ياشلىق ماندېلانىڭ نەپەس يولى سىستېمىسى يۇقۇملىنىپ ئېغىر كېسەل سەۋەبلىك كۆتۈنۈش مەزگىلىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقانلىقى دۇنيادىكى ھەرقايسى چوڭ تاراتقۇلارنىڭ باش بېتىدىن ئورۇن ئالدى. ماندېلا دوختۇرخانىغا كىرىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. بىراق، بۇ جەرياندا ئائىلىسىدە يەنە ئىختىلاپ كۆرۈلدى. ئائىلە ئەزالىرى ماندېلانىڭ پرېتورىيە مەملىكەتلىك ھەربىي ئىشلار دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىشى ياكى يوھاننېسبۇرگتىكى شەخسىي دوختۇرخانىدا داۋالىنىشى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشتى. زۇما ھۆكۈمىتى ماندېلانىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇلارنىڭ ماندېلانىڭ كېسەل ئەھۋالى توغرۇلۇق يېتەرلىك ئالاقە ئېلىپ بارمىغانلىقى توغرۇلۇق تەنقىد سادالىرى ياڭرىدى. ماندېلا فوند جەمئىيىتىمۇ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالدى. تاراتقۇلار ئۇلارنىڭ ماندېلا پەقەت دوختۇرخانىغا بىرىپ «ئادەتتىكى تەكشۈرتۈش» ئېلىپ بارىدۇ دېيىشتە چىڭ تۇرۇپ، كۆپچىلىكنى ئازدۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. فوندنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كاراما موتراندى ئاخىر مەيدانغا چىقىپ كۆپچىلىككە تەسەللى بېرىپ، ماندېلانىڭ بىر ئوبدانلا ئەسلىگە كېلىپ بولغانلىقىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.

گەرچە ماندېلا ئۆزىنىڭ تۇرمىدىن چىققانلىقىنىڭ 21 يىللىق خاتىرىسىگە، 2011 - يىلى 2 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن جەنۇبىي

ئافرىقا پارلامېنت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشالمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قىزى زىنىدىز ئۆزىنى ئاشكارىلاپ ماندېلانىڭ ئۆز يولىدىكى بىر تۈرلۈك ئالاھىدە ھەرىكەتنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماندېلا باشتىن - ئاياغ بوكس ھەۋەسكارى ئىدى. ئۇ فىلىپپىنلىق بوكس ماھىرى ماننى پاكئىو بىلەن ئامېرىكىلىق بوكس ماھىرى شوۋېن موسىرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. زىنىدىز بىر قېتىملىق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «مېنىڭ دادام ھازىرمۇ بوكسچىلارغا ناھايىتى ئېتىبار بېرىدۇ. ئۇ ئورنىدا ئولتۇرۇپ بوكس مۇسابىقىلىرىنى كۆرەلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەنھەرىكەتكە بولغان قىزغىنلىقى سۇسلاپ قالغىنى يوق.»

ماندېلانى چۈشىنىشتىكى مۇھىم ھالقا ماندېلانىڭ 30 يىلغا يېقىن تۈرمە ھاياتى ئۇنىڭغا قانداق ئۆزگىرىشلەرنى ئەكەلگەنلىكىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنى ئازاد قىلىشقا ئاتلىنىش ۋە رەھبەرلىك قىلىشتا ئوينىغان مۇھىم رولىنى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىرقىي زۇلۇم ئاستىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى رەھبەرلىك تالانتى ۋە مۇستەھكەم ئىنسانىي ئىززەت ئىرادىسىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ. ماندېلا تۈرمە ھاياتىنىڭ ئۆزىگە ھېس قىلدۇرغانلىرىنى سۆزلىگەندە: «ئەگەر تۈرمىدە ياتمىغان، شۇنچىۋالا كۆپ كىشىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان بولسام... بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەي قېلىشىم مۇمكىن ئىدى» دېدى. داڭلىق شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىدىكى شۇ داڭلىق شەخسلەرنىڭ ئۆز كەمچىلىكىگە قانداق قارشى تۇرغانلىقى ۋە ئاخىردا ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ماندېلانى قالتىس رىغبەتلەندۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭغا قارىماققا «ئادەتتىكى» بىلىنگەن ھەرقانداق كىشىدە غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ بولىدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

چۈشەندۈرگەنىدى. ماندېلا چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى: «بەزىدە سىز بەزى ئىنسانلارنى ئۇچرىتىپ قالىسىز. ئۇلار قارىماققا شۈنچىلىك ئاددىي، بىراق سىز ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۇلار شۇنداق ئېغىز ئاچسىلا ئۇلارنىڭ دەسلىپىدە كۆرگىنىڭىزدىكىگە تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. بۇ ھال كىشىنى بەكلا ھەيران قالدۇرىدۇ.»

ماندېلا ئۆزى ئۆگىنىۋالغان بىر تەجرىبە ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ئەگەر سىز ئۇلۇغلايدىغان بىر ئەخلاقىي غايە بولسا، ئۇنىڭغا يېتىشتىكى ئەڭ ياخشى چارە ئولتۇرۇپ كىشىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارغا ئۆزىڭىز چىڭ تۇرغان شۇ ئىشنىڭ توغرىلىقىغا كۆپچىلىكنى ئىشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ماندېلا مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىزنىڭ بىر ھاياتلىق نىشانىڭىز بولسا، ئۇ ھالدا پۈتۈن دىققىتىڭىزنى شۇ نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈڭ، دۈشمىنىڭىز بىلەن كۈرەش قىلىشتا زېھنىڭىزنى ئۇپرىتىۋەتمەڭ. ھەممە كىشىنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن ۋە ئۆزىڭىز مۇلازىمەت قىلىۋاتقان توپ ئۈچۈن بەلگىلەنگەن نىشانغا يېتىدىغان كەيپىيات ھازىرلاشقا سەپەرۋەر قىلىشقا تىرىشىڭ. شۇنىڭدىن كېيىن، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تۈرمىدە ياتقان بارلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن (تۈرمىدە يېتىشقا سەۋەب بولغانلارنى) كەچۈرۈش ئەڭ ياخشى يولدۇر. چۈنكى، سىزنىڭ قىساس ئېلىشقا ۋاقتىڭىز يوق... سىزنىڭ قىلىدىغىنىڭىز ھەممە كىشىنى ئۆزىڭىز قىلىۋاتقان ئىشنى، ئۆزىڭىز ئۈچۈن بەلگىلىگەن نىشانىڭىزنى قوللاش ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت.»

1999 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ماندېلا كېيپتاۋنىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن چوڭ دىنلارنىڭ رەھبەرلىرىگە نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئاممىۋى سورۇندا دىنغا بولغان كۆزقارىشىنى ئىپادىلىشى ئىدى. گەرچە ئۇ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولسىمۇ ـــ يەنىلا بىر مېتودىست بولسىمۇ،

ئۇ دىن ھەققىدە سۆز قىلىپ باقمىغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ دىنىي كۆزقارىشىنى بايان قىلىپ باقمىغانىدى. «مەن دىنىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىمەن. ئەگەر سىز ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىنىڭ پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتقان جەنۇبىي ئافرىقا تۈرمىسىدە يېتىپ باققان بولسىڭىز، يالىڭاچ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ياۋۇزلۇقىنى كۆرىسىز. بىراق، دەل دىن — مەيلى ھىندى دىنى، ئىسلام دىنى، يەھۇدىي دىنى ياكى خىرىستىيان دىنى بولسۇن — دىن بىزگە ئۈمىد بېغىشلايدۇ، بىزگە ھامان بىر كۈنى ئازادلىققا چىقىدىغانلىقىمىزنى ئىشەندۈرىدۇ. بىز يەنە كېلىمىز. ئۇنىڭدىن سىرت، تۈرمىگە سولانغان نەچچە مىليون باللار ئۇچۇن قىلىنىدىغان ئىئانىمۇ يەنىلا دىنىي تەشكىلاتلاردىن كېلىدۇ.»

ماندېلا يەنە ئۆزىگىزنىڭ مۇھىملىقىغا ئېتىبار بېرىشنى توختىماستىن تەكىتلەيدۇ. ماندېلا فوندى خاتىرە مەركىزىدىكى ۋېئېن ھارىس بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزدە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيەۋى ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئويلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ھارىس مۇنداق دېدى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى تېخىچە تۈرمىدە يېتىۋاتقان ماندېلانى ئافرىقا ئازادلىق كۈرىشىنىڭ سىمۋولى قىلىپ تىكلىمەكچى بولغان چاغدا، ماندېلا بۇنىڭدىن زور «مەسئۇلىيەت ۋە بېسىم» ھېس قىلغانىدى. چۈنكى، بۇ ھال بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر سۆز - ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمنىڭ ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىدىن، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن بەكلا خاتىرجەمسىزلەندى. ماندېلانىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئىللاھلاشتۇرۇلغۇچىنىڭ كۈچىنى چۈشەنگەنلىكىدە ئىدى. «ئۇ يەنە بۇنىڭغا بەدەل تۆلەش كېرەكلىكىنى، يەككە شەخس ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۆزىنىڭ بارا - بارا سۇسلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى.»

ماندېلا دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ئۆزىدە تۇرمۇش جەھەتتە، ئائىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتە، بىۋاستە

ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىك بارلىقىنى ھېس قىلدى. «دۇنيادىكى ئەڭ قىيىن ئىش جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئەمەس، ئۆزىنى ئۆزگەرتىشتۇر.» ماندېلا پىرىنسىپلىقتىن ئايرىلىش ھارپىسىدا مۇشۇنداق دېگەنىدى. 1981 ـ يىلى ۋىننى ئىرقىي ئايرىمىچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۇرمىگە سولانغاندىن كېيىن، ماندېلا ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە يەنىلا مۇشۇ مەزمۇندىكى تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ماندېلانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيىتى تۇرمە ھاياتى ئارقىلىق ئۆزىنى تامامەن ئۆزگەرتكەنلىكىدە، ئاندىن جەنۇبىي ئافرىقىنى ئۆزگەرتكەنلىكىدە، پۈتۈن دۇنيانىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشقا بىر ھالەتكە ئۆزگەرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

جون بېتسىبىر، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى.

بۇ كىتاب چاڭجياڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2013 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2013 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据长江文艺出版社2013年7月第1版，2013年7月第1次印刷本翻译出版。

# ماندېلانىڭ تەرجىمھالى

ئاپتورى: ئانتونى سامپسون (ئەنگلىيە)
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھەزرىتى ئەلى بارات، قۇدرەت بارات
مەسئۇل مۇھەررىرى: رەيھانگۈل قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۈل ئابلىمىت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991 - 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ ئۈمىد باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 35.875
قىستۇرما بېتى: 32
نەشرى: 2015 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2015 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 - 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 18339 - 5
باھاسى: 90.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)